# قۇرئان كەرىم تەپسىرى

## (تەپسىرى ئىبنى كەسىر)

ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر
(اللە رەھمەت قىلسۇن!)
سۈرە قافتىن ـ سۈرە ناسقىچە

# المصباح المنير
## في تهذيب
# تفسير ابن كثير

ȳĀɳRJ ŌيƷĀƧŬ بن Ʒڻر بن KǯŌ ȼحمø الله

# 6

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز
مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم
مۆمىنجان سىدىق

تەرجىمگە قاتناشقۇچىلار: ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللاھ
يۇسۇف قارىم
مۇھەممەت ئۆمەر
ئابلىمىت قارىھاجى

تەرجىمە تەھرىرلىرى: مۇنەۋۋەر نىياز
ئابدۇسالام مۇسا
سابىرجان

رىياسەتچى: ف. ئەل ئابدۇسسالام

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم
پروفېسسور. ئابدۇررەھىم قەشقىرى

كومپيوتېرغا ئالغۇچىلار: ئا. روزى توختى
مۇساجان ئابدۇقادىر (بايتاش)

المترجم:

ÂʌÂǨǁ ÆƓɜ Ɨ8ǁ ÆƓɜ

ɃøȦę الله ÆƓɜ ÆȸƮ

ĘʌÆȍ ȷȦDZ ٮȠǘȠ

المشاركون في الترجمة:

الله Ǧحمø ÂʌÂǨǁ ÆƓɜ

ɃøȦę Ȥȅɀʌ

ȶɜر ÆȸƮ

ɄDZȦحـ ɃøȦę ÆȸيȜǁ ÆƓɜ

التحرير:

ȁȦٻ ǨʎبـɃ ǥøɀʎȠ

ʔȅɀȠ السǷƳ ÆƓɜ

ȷȦDZبرȦȍ

الإشراف: .Ȣ السǷƳ ÆƓǨǁ

المراقب: ǁÎȠيȠ ÆƓɜ ǁŐيȜ ȁǻȦȍ ɃǻبـɇǁȦ

.ŮǻȦ الرحيم ǁŐÎŐرȜ ÆƓɜ

الحاسوب الآلي: .ţ ʔȁşø ǴȠȉɀǨ

(ȇȦǪȦبـ) øǻȦŐǁ ÆƓɜ ȷȦDZ ʔȅɀȠ

# ئومۇمىي مۇندەرىجە


51 ـ سۈرە زارىيات........................................1
52 ـ سۈرە تۇر ...........................................15
53 ـ سۈرە نەجم...........................................29
54 ـ سۈرە قەمەر ........................................51
55 ـ سۈرە رەھمان .......................................69
56 ـ سۈرە ۋاقىئە .......................................87
57 ـ سۈرە ھەدىد........................................111
58 ـ سۈرە مۇجادەلە....................................139
59 ـ سۈرە ھەشر .......................................157
60 ـ سۈرە مۇمتەھىنە .................................181
61 ـ سۈرە سەف .......................................189
62 ـ سۈرە جۇمۇئە.....................................211
63 ـ سۈرە مۇنافىقۇن.................................223
64 ـ سۈرە تەغابۇن ...................................231
65 ـ سۈرە تالاق ......................................241
66 ـ سۈرە تەھرىم....................................255
67 ـ سۈرە مۇلك.......................................269
68 ـ سۈرە قەلەم......................................281
69 ـ سۈرە ھاققە .....................................297
70 ـ سۈرە مەئارىج...................................309
71 ـ سۈرە نۇھ.........................................321
72 ـ سۈرە جىن........................................331
73 ـ سۈرە مۇززەممىل.................................345
74 ـ سۈرە مۇددەسسىر ..............................357
75 ـ سۈرە قىيامەت...................................369
76 ـ سۈرە ئىنسان ...................................381
77 ـ سۈرە مۇرسەلات................................393
78 ـ سۈرە نەبە ......................................403
79 ـ سۈرە نازىئات...................................413
80 ـ سۈرە ئەبەسە ..................................422
81 ـ سۈرە تەكۋىر...................................431
82 ـ سۈرە ئىنفىتار..................................441

83 ـ سوٚره مۆته‌ففیفین........................................................................................445
84 ـ سوٚره ئینشیقاق ........................................................................................453
85 ـ سوٚره بوٚروٚج........................................................................................459
86 ـ سوٚره تاریق........................................................................................467
87 ـ سوٚره ئه‌ئلا........................................................................................471
88 ـ سوٚره غاشیه‌........................................................................................479
89 ـ سوٚره فه‌جر........................................................................................485
90 ـ سوٚره به‌له‌د........................................................................................493
91 ـ سوٚره شه‌مس........................................................................................499
92 ـ سوٚره له‌یل ........................................................................................505
93 ـ سوٚره زوٚها ........................................................................................511
94 ـ سوٚره ئینشیراه........................................................................................515
95 ـ سوٚره تین........................................................................................517
96 ـ سوٚره ئه‌له‌ق........................................................................................521
97 ـ سوٚره قه‌در........................................................................................527
98 ـ سوٚره به‌ییینه ........................................................................................533
99 ـ زه‌لزه‌له........................................................................................537
100 ـ سوٚره ئادییات........................................................................................541
101 ـ سوٚره قاریئه ........................................................................................543
102 ـ سوٚره ته‌کاسوٚر........................................................................................545
103 ـ سوٚره ئه‌سر........................................................................................549
104 ـ سوٚره هوٚمه‌زه ........................................................................................551
105 ـ سوٚره فیل ........................................................................................553
106 ـ سوٚره قوٚره‌یش........................................................................................561
107 ـ سوٚره مائوٚن........................................................................................563
108 ـ سوٚره که‌وٚسه‌ر........................................................................................567
109 ـ سوٚره کافیروٚن........................................................................................571
110 ـ سوٚره نه‌سر........................................................................................575
111 ـ سوٚره مه‌سه‌د........................................................................................579
112 ـ سوٚره ئیخلاس........................................................................................583
113 ـ سوٚره فه‌له‌ق........................................................................................589
114 ـ سوٚره ناس ........................................................................................593
ته‌پسیردیکی به‌زی شه‌خسله‌رنیڭ قیسقیچه ته‌رجیمهالی........................................................................................597

دىنى ئاتالغۇلار ........................................................................................ 659
مۇندەرىجە........................................................................................................ 665

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە زارىيات | 60 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلذَّٰرِيَٰتِ ذَرْوًا ﴿١﴾ فَٱلْحَٰمِلَٰتِ وِقْرًا ﴿٢﴾ فَٱلْجَٰرِيَٰتِ يُسْرًا ﴿٣﴾ فَٱلْمُقَسِّمَٰتِ أَمْرًا ﴿٤﴾ إِنَّمَا
تُوعَدُونَ لَصَادِقٌ ﴿٥﴾ وَإِنَّ ٱلدِّينَ لَوَٰقِعٌ ﴿٦﴾ وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلْحُبُكِ ﴿٧﴾ إِنَّكُمْ لَفِى قَوْلٍ مُّخْتَلِفٍ ﴿٨﴾
يُؤْفَكُ عَنْهُ مَنْ أُفِكَ ﴿٩﴾ قُتِلَ ٱلْخَرَّٰصُونَ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ فِى غَمْرَةٍ سَاهُونَ ﴿١١﴾ يَسْـَٔلُونَ أَيَّانَ يَوْمُ
ٱلدِّينِ ﴿١٢﴾ يَوْمَ هُمْ عَلَى ٱلنَّارِ يُفْتَنُونَ ﴿١٣﴾ ذُوقُوا۟ فِتْنَتَكُمْ هَٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تَسْتَعْجِلُونَ ﴿١٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*(تۇپراقنى) سورىغۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى[1]. (يامغۇرلارنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن قەسەمكى[2]. (سۇ ئۈستىدە) يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن قەسەمكى[3]. ئىشنى (يەنى بەندىلەر ئارىسىدا رىزىقلارنى، يۇرتلار ئارىسىدا يامغۇرلارنى) تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى[4]. سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ساۋاب، ئازاب، قىيامەت قاتارلىق) لار ئەلۋەتتە راستتۇر[5]. ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكاپاتلاش، (يامان ئەمەللەرنى) جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر[6]. يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەمكى، (پەيغەمبەر ھەققىدە) سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ھەققەتەن خىلمۇخىلدۇر[8-7]. (اللەتائالانىڭ ئىلمىي ئەزەلىسىدە ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم (قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن) بۇرۇۋېتىلىدۇ[9]. كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار جاھالەتكە چۆمگەن بولۇپ (ئاخىرەت ئىشىدىن) غەپلەتتىدۇر[11 - 10]. ئۇلار رەسۇلۇللاھدىن: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ[12]. ئۇ بولسا ئۇلار دوزاختا ئازابلىنىدىغان كۈندۇر[13]. (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا) «سىلەرگە قىلىنغان ئازابنى تېتىڭلار، مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئالدىراتقان نەرسىدۇر» (دەيدۇ)[14].*

## قىيامەت ۋە ھېساب بېرىش ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكىتلەش توغرىسىدا

﴿(تۇپراقنى) سورىغۇچى شامالار بىلەن قەسەمكى، (يامغۇرلارنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن قەسەمكى. (سۇ ئۈستىدە) يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن قەسەمكى. ئىشنى (يەنى بەندىلەر ئارىسىدا رىزىقلارنى، يۇرتلار ئارىسىدا يامغۇرلارنى) تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴾.

www.munber.org

بەزى تەپسىرشۇناسلار ﴿(سۇ ئۇستىدە) يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: ئۈز پەلەكلىرىدە يەڭگىل ئۈزۈپ تۇرغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ ئايەتكە شۇنداق مەنا بېرىلگەندە بۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغا، يۇقىرىدىن ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىغا تەرەققىي قىلىش (يەنى ئۆرلەش) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەڭ تۆۋەندە شامال بولىدۇ، شامالنىڭ ئۈستىدە بۇلۇت بولىدۇ، يۇلتۇزلار بۇلۇتنىڭمۇ ئۈستىدە بولىدۇ. ئىشنى تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بولسا ئۇنىڭمۇ ئۈستىدە بولۇپ، اللّٰه تائالانىڭ شەرىئەت ۋە تەبىئەتكە دائىر ئەمر - پەرمانلىرىنى ئېلىپ چۈشىدۇ.

بۇ ئايەتلەردىكى قەسەملەر اللّٰه تائالا تەرىپىدىن قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا قىلىنغان قەسەمدۇر، شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ساۋاب، ئازاب، قىيامەت قاتارلىق) لار ئەلۋەتتە راستتۇر**﴾ يەنى ئەلۋەتتە راست خەۋەردۇر.

﴿**(ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكاپاتلاش، (يامان ئەمەللەرنى) جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر**﴾ يەنى شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشتۇر.

﴿**يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەمكى**﴾ بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: گۈزەل، كۆركەم، چىرايلىق ۋە تۈپتۈز قىلىپ بىنا قىلىنغان ئاسمان بىلەن بىلەن قەسەمكى دەپ تەپسىر قىلدى. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇ مالىك، ئەبۇ ساھىل، سۇددى، قەتادە، ئەتىييە ئەۋفى، رەبىيئى ئىبنى ئەنەس ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى. زەھھاك، مىنھال ئىبنى ئەمرى ۋە باشقىلار: ئاسماننىڭ يوللىرى سۇ، قۇم ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ يىغىندىسىنى شامال ئۇرۇپ يول - يول قىلىۋەتكەن يوللارغا ئوخشايدۇ، دېدى.

بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بىر نەرسىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە كۆركەملىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاسماننىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئېگىز، سۈپسۈزۈك، قاتمۇ - قات، ناھايىتى پۇختا، ئەتراپلىرى كەڭرى، تۇرغۇن ۋە ھەرىكەتچان يۇلتۇزلار بىلەن ئورالغان، كۈن، ئاي، نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئىنتىزاملىق ھالدا توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقىدۇر.

## مۇشرىكلارنىڭ خىلمۇ خىل سۆزلىرى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇشرىكلار! پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ﴿**سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ھەققەتەن خىلمۇ - خىلدۇر**﴾ يەنى سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ئەلۋەتتە خىلمۇ - خىل، تۇراقسىز بولۇپ بىر - بىرى بىلەن ماسلاشمايدۇ ۋە بىر يەردىن چىقمايدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ھەققەتەن قۇرئاننى تەستىق قىلىش بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلىش ئارىسىدا خىلمۇ - خىلدۇر دېگەنلىك بولىدۇ دەيدۇ.

﴿**(اللّٰه ئىلمىي ئەزەلىسىدە ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم (قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن) بۇرۇۋېتىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ يالغان سۆزى چوقۇم ئازغۇنلار ئارىسىدا تارايدۇ. چۈنكى، ئۇ باتىل سۆزدۇر. شەك - شۈبھىسىزكى قۇرئاننى چۈشەنمەيدىغان، غەپلەتتە قالغان، ھىدايەتتىن بۇرۇۋېتىلگەن، گۇمراھ ئادەملا ئۇ سۆزگە بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن گۇمراھ بولۇپ كېتىدۇ ۋە قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن بۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى كاپىرلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەر (اللّٰه) دوزاخقا كىرىشنى (پۈتۈۋەتكەن) كىشىدىن باشقا ھېچ ئەھەدىنى ئازدۇرالمايسىلەر، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارمۇ ئازدۇرالمايدۇ﴾[1].

[1] سۈرە سافقات 161 — 163 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿**كازززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى**﴾ مۇجاھىد: بۇ ئايەتتىكى كازززاپلار قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلمەيمىز
دەپ قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەردۇر، دېدى. ئەلىي ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئىبنى ئابباس
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: قىيامەتتىن شەكلەنگۈچىلەرگە لەنەت بولسۇنكى
دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خۇتبىسىدە:
قىيامەتتىن شەك قىلغۇچىلار ھالاك بولسۇن! دەيتتى. قەتادە: ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگۈچىلەر غەپلەتتە
قالغانلار ۋە گۇمانخورلاردۇر، دېدى.

﴿**ئۇلار جاھالەتكە**﴾ يەنى كۇفرىغا ۋە شەك - شۈبھىگە ﴿**چۆمگەن بولۇپ (ئاخىرەت ئىشىدىن)**
**غەپلەتتىدۇر. ئۇلار رەسۇلۇللاھدىن: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار پەقەت قىيامەتنى
ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا قارشى چىققان، ئۇنىڭدىن گۇمانلانغان ۋە ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق
سانىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق سوئالنى سورايدۇ.

﴿**ئۇ بولسا ئۇلار دوزاختا ئازابلىنىدىغان**﴾ يەنى كۆيدۈرۈلىدىغان ﴿**كۈندۇر**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت
ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار دوزاختا خۇددى ئالتۇن ئوتتا ئېرىتىلگەندەك ئېرىتىلىپ ئازابلىنىدۇ. تاپا -
تەنە ۋە مالامەت قىلىش، كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا: ﴿**سىلەرگە قىلىنغان ئازابنى**
**تېتىڭلار، مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئالدىراتقان نەرسىدۇر (دەيدۇ)**﴾ دېيىلىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٍ ﴿١٥﴾ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَبۡلَ ذَٰلِكَ مُحۡسِنِينَ
﴿١٦﴾ كَانُواْ قَلِيلٗا مِّنَ ٱلَّيۡلِ مَا يَهۡجَعُونَ ﴿١٧﴾ وَبِٱلۡأَسۡحَارِ هُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ ﴿١٨﴾ وَفِيٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ حَقّٞ لِّلسَّآئِلِ
وَٱلۡمَحۡرُومِ ﴿١٩﴾ وَفِي ٱلۡأَرۡضِ ءَايَٰتٞ لِّلۡمُوقِنِينَ ﴿٢٠﴾ وَفِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ﴿٢١﴾ وَفِي ٱلسَّمَآءِ رِزۡقُكُمۡ
وَمَا تُوعَدُونَ ﴿٢٢﴾ فَوَرَبِّ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ إِنَّهُۥ لَحَقّٞ مِّثۡلَ مَآ أَنَّكُمۡ تَنطِقُونَ ﴿٢٣﴾

*شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ﴿15﴾. ئۇلار*
*پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا)*
*ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى﴿16﴾. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى﴿17﴾. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن)*
*مەغپىرەت تىلەيتتى﴿18﴾. ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان)*
*موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)﴿19﴾. زېمىندا ۋە*
*ئۆزەڭلاردا اللەغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان)*
*نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر﴿20﴾. ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە*
*قىلىنغان ساۋاب بار﴿22﴾. ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان*
*نەرسە ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزەڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك)*
*ھەقتۇر﴿23﴾.*

www.munber.org

## تەقۋادارلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىگە تەقۋادارلىق قىلغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى بەدبەخت كاپىرلار چېكىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەت، كۆيدۈرگۈچى ئوت ۋە زەنجىر- كىشەنلەر ئازابىنىڭ دەل ئەكسىچە، جەننەتلەردە ۋە ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان**﴾ نازۇ - نېمەت، خۇشال - خۇراملىق ۋە بەخت - سائادەت قاتارلىق ﴿**نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى**﴾ بۇيۈك اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال -خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[1]

اللە تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە تەپسىرشۇناسلار ئىككى خىل قاراشتا بولدى. ئۇنىڭ بىرى: ئۇلار كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئۇخلىماي ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەر كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. قەتادە، مۇتەررىپ ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ اللە تائالاغا ناماز ئوقۇمايدىغان كېچىسى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇلار كېچىنىڭ باش تەرىپىدە ياكى ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇيتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ تاڭ ئاتقانغا قەدەر تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇماي ئۇخلىغان كېچىسى ناھايىتى ئازدۇر. قەتادە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئالىيە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ ئارىلىقىدا ناماز ئوقۇيتتى. ئىككىنچى خىل قاراش بولسا: ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلدى.

ھەسەن بەسرى: ﴿**ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئۇلار كېچىنى قىيام بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئىبادەتتە تىرىشچان بولۇپ، ئۇنى ھەتتا تاڭ سەھەرگە قەدەر سوزاتتى. تاڭ سەھەردە اللە تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلاتتى، دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ - تېنەپ كېلىشتى، مەنمۇ شۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ يالغانچى ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن ئۇنىڭدىن تۇنجى ئاڭلىغان سۆز ئۇنىڭ: «ئى ئىنسانلار! ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىڭلار، سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار، كېچىدە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان چاغدا ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە ئامان - ئېسەن كىرىسىلەر» دېگەن سۆزى بولدى.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتە ھەققەتەن ئىچىدىن تېشى، تېشىدىن ئىچى كۆرۈنىدىغان ئۆيلەر بار» ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئۆيلەر كىملەر ئۈچۈن تەييارلانغان؟ دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇلايىم سۆز قىلغان، ئاچ قالغانلارغا تائام بەرگەن ۋە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان چاغدا كېچىنى اللە تائالا ئۈچۈن قىيام بىلەن ئۆتكۈزگەن (يەنى كېچىدە ناماز ئوقۇغان) كىشىلەرگە تەييارلانغان» دېدى.

---

[1] سۈرە ھاققە 24 - ئايەت.

www.munber.org

﴿**ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى**﴾ مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار سەھەرلەردە ناماز ئوقۇيتتى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. باشقا تەپسىرشۇناسلار: ئۇلار كېچىنى قىيام بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزەتتى، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى سەھەرلەرگە كېچىكتۈرەتتى، دېدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر﴾[1] ئەگەر مەغپىرەت نامازنىڭ ئىچىدە تەلەپ قىلىنسا، ئۇ ئەڭ ياخشىدۇر.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە نەسائى قاتارلىقلار بىر تۈركۈم ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ھەقىقەتەن ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا (يەنى بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا) چۈشۈپ تاكى تاڭ يورۇغىچىلىك مۇنداق دەيدۇ: گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ تەۋبىنى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىمەن. مەندىن نەرسە سورىغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىمەن بېرىلىدۇ»

كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ ياقۇب ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ ياقۇبنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا: «پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن» دېگەنلىكى ھەققىدىكى ئايىتى توغرىسىدا توختىلىپ: ياقۇب ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى سەھەر ۋاقتىغا كېچىكتۈردى، دېگەن.

﴿**ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)**﴾ الله تائالا ئۇلارنى ناماز ئوقۇيدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىگەندىن كېيىن يەنە ئۇلارنى زاكات بېرىدىغانلىقى، ياخشىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە سىلە - رەھىم قىلىدىغانلىقى قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) مۇھتاجلار ھوقۇقى**﴾ يەنى مۇھتاجلار ئۈچۈن بۆلۈپ قويغان بىر ئۈلۈش نېسىۋىگە ﴿**ئىگە ئىدى**﴾ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان "سائىلغا" كەلسەك، ئۇنىڭ سائىللىقنى ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدىغان كىشىدۇر، ئۇ كىشىلەردىن نەرسە تىلەيدۇ، ئۇنىڭ تېگىشلىك ھەققى بار. "موھتاجلار" غا كەلسەك، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد: ئۇ ئۆز ئېھتىياجىنى قامداشقا تىرىشىدىغان، لېكىن ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىيالمايدىغان، ئىسلامدىمۇ نېسىۋىسى يوق كىشىدۇر، دېدى. يەنى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتى خەزىنىسىدىن تارقىتىپ بېرىدىغان نېسىۋە يوق، ئۇ ئۆزىنى بېقىش ئۈچۈن نە كەسپى، نە ھۈنىرىمۇ يوق كىشىدۇر. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: بۇ خىلدىكى موھتاجلار رىزق تەلەپ قىلىپ تىرىشىدىغان، لېكىن تىلىكىگە ئېرىشەلمەيدىغان ۋە كەسىپ قىلىش يولى قولايسىز بولغان كىشىلەردۇر، دېدى. قەتادە ۋە زۆھرى: بۇ ئايەتتىكى موھتاجلار ئىپپەتلىكىدىن كىشىلەردىن ھېچ نەرسە سورىمايدىغان كىشىلەردۇر، دېدى.

ئىمام نەسائى زۆھرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر توغرام ياكى ئىككى توغرام يېمەك بىلەن ۋە ياكى بىر ئىككى تال خورما بىلەن قايتىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، مىسكىن دېگەن قورسىقى تويغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمايدىغان، ئۇنىڭ ئىپپەتلىكىدىن ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ موھتاجلىقى مەلۇم بولمايدىغان كىشىدۇر» بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## الله تائالانىڭ زېمىندىكى ۋە ئىنساندىكى ئالامەتلىرى توغرىسىدا

﴿زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا اللەغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾ يەنى زېمىندا ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، چۈنكى، الله تائالا ئۇنىڭدا تۈرلۈك - تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، ھايۋانلارنى، تۈزلەڭلارنى، تاغلارنى، چۆللەرنى، دەريا - ئۆستەڭلارنى ۋە دېڭىزلارنى ياراتتى. ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنى، رەڭلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى خۇلۇق - مىجەز ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى خىلمۇ - خىل قىلىپ ياراتتى. ئۇلارنى ئەقىل، چۈشەنچە، مېڭىش - تۇرۇش، بەختلىك ۋە بەختسىز بولۇش قاتارلىق ئىشلاردا بىر - بىرىدىن پەرقلىق قىلدى. الله تائالانىڭ ئۇلارنى يۇختا ۋە ناھايىتى ھېكمەتلىك قىلىپ، ھەر بىر ئەزاسىنى ئۆز ئورنىغا، ئۇ موھتاج بولىدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يارىتىشىدىمۇ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.

﴿(بۇنى) كۆرمەمسىلەر﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: كىمكى ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدا پىكىر يۈرگۈزسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇگىلىرىنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن ئېگىلىدىغان قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى بايقىيالايدۇ، دېدى.

﴿ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار﴾ يەنى يامغۇر ﴿ بار. سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب﴾ يەنى جەننەت ﴿بار﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان.

﴿ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزەڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتى بىلەن قەسەم قىلىپ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان نەرسە - قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، مۇكاپات ۋە جازا ئىشلىرىنىڭ شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ھەقتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر. سىلەر سۆزلەۋاتقان چاغدا ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردىن شەك قىلمىغىنىڭلاردەك ۋەدە قىلىنغان ئۇ نەرسىلەردىنمۇ شەك قىلماڭلار. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر بىرەر نەرسە توغرىلىق سۆزلىسە، ئۇ ھەمراھىيغا: سېنىڭ بۇ يەردە بولغىنىڭ ھەقتەك بۇ سۆز چوقۇم ھەقتۇر، دەيتتى.

* * * * * * *

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ضَيۡفِ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلۡمُكۡرَمِينَ ﴿٢٤﴾ إِذۡ دَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَقَالُواْ سَلَٰمٗاۖ قَالَ سَلَٰمٞ
قَوۡمٞ مُّنكَرُونَ ﴿٢٥﴾ فَرَاغَ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ فَجَآءَ بِعِجۡلٖ سَمِينٖ ﴿٢٦﴾ فَقَرَّبَهُۥٓ إِلَيۡهِمۡ قَالَ أَلَا تَأۡكُلُونَ ﴿٢٧﴾
فَأَوۡجَسَ مِنۡهُمۡ خِيفَةٗۖ قَالُواْ لَا تَخَفۡۖ وَبَشَّرُوهُ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٖ ﴿٢٨﴾ فَأَقۡبَلَتِ ٱمۡرَأَتُهُۥ فِي صَرَّةٖ فَصَكَّتۡ
وَجۡهَهَا وَقَالَتۡ عَجُوزٌ عَقِيمٞ ﴿٢٩﴾ قَالُواْ كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٣٠﴾

*(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ﴿24﴾ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) «ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دېدى ﴿25﴾ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى*

www.munber.org

*ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر» دېدى*﴿27-26﴾*. (ئۇلارنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ) دىلىدا ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)» دېدى، ئۇلار ئىبراھىمغا بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى*﴿28﴾*. ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ (ئەجەبلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ) يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن تۇغماس موماي تۇرسام (قانداق تۇغىمەن؟)» دېدى*﴿29﴾*. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىڭ شۇنداق دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېدى*﴿30﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنى توغرىسىدا

بۇ قىسسە سۈرە ھۇد بىلەن سۈرە ھىجردىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك**﴾ يەنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىنغان ﴿**مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئېلىك ئالدى**﴾ بىرسى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئەۋزەلدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە بىركىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالام ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)﴾[1] شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تېخىمۇ ئەۋزەل سالام بىلەن جاۋاب قايتۇردى ۋە ئىچىدە: ئۇلار ﴿**ناتونۇش ئادەملەرغۇ**﴾ دېدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىللاردىن ئىبارەت پەرىشتىلەر بولۇپ ئىبراھىمنىڭ قېشىغا سۆلەتلىك، كېلىشكەن كاتتا يىگىتلەر سۈرىتىدە كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئىبراھىم: ئۇلار ﴿**ناتونۇش ئادەملەرغۇ**﴾ دېدى.

﴿**شۇنىڭ بىلەن ئۇ** ﴾ ئۇلارغا سەزدۈرمەي چاققانلىق بىلەن ﴿**ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ**﴾ مېلىنىڭ ئەڭ ئېسىلىدىن پىشۇرۇلغان﴿**بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ كىرىپ**﴾ يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى﴾[2] دېيىلگەن.

﴿**ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: « يېمەمسىلەر» دېدى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ سۆز - ئىبارىسىدە يۇمشاقلىق ۋە بىر نەرسىنى چىرايلىق تەڭلەش ئۇسلۇبى بار. بۇ ئايەت مېھمان كۈتۈشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىنى تەرتىپلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئۇلارغا سەزدۈرمەستىن ناھايىتى تېزلىكتە تائام كەلتۈردى، ئۇ بىرىنچىدىن سىلەرگە تائام ئېلىپ كېلەي دەپ ئۇلارغا مىننەت قىلماستىن بەلكى ناھايىتى تېزلىكتە ۋە سەزدۈرمەستىن تائام ئېلىپ كەلدى. ئىككىنچىدىن: ئۇ مېلىنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان كىچىك، سېمىز بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئۈچىنچىدىن: ئۇ موزاينى داستىخانغا قويۇپ ئۇلارنى يېقىن كېلىڭلار، دېمەستىن بەلكى موزاينى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېقىن قويدى. تۆتىنچىدىن: ئۇلارغا سۆزنىڭ قۇلاققا قوپال ئاڭلىنىدىغان بۇيرۇق شەكلىنى ئىشلىتىپ بۇيرۇق بەرمەستىن يۇمشاق ۋە تەكلىپ سۆزىنى ئىشلىتىپ «يېمەمسىلەر» دېدى. بۇ سۆز ئۇسلۇبى گويا بۇگۈنكى كۈندە بىرسىنىڭ ئەگەر پەزىلەتلىك بولۇشنى، ياخشىلىق قىلىشنى، سەدىقە بېرىشنى خالىساڭ شۇنداق قىلغىن، دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

﴿**(ئۇلارنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ) دىلىدا ئۇلاردىن قورقتى**﴾ اللہ تائالا بۇ ھەقتە يەنە بىر سۈرىدىكى قىسسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى

---

[1] سۈرە نىسا 86 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 69 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق» دېدى. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى﴾[1] يەنى ئۇنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى بىلەن بېرىلگەن خەۋەردىن خۇشال بولدى. شۇ چاغدا پەرىشتىلەر سارەگە ئىسھاق ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى. ﴿ئۇ (يەنى سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى. ئۇلار: «الله نىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ الله نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. الله ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى﴾[2].

﴿**ئۇلار ئىبراھىمغا بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى**﴾ ئىبراھىمغا بېرىلگەن خۇش خەۋەر سارەگىمۇ خۇش خەۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئوغۇل ئۇ ئىككىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ، شۇڭا بۇ ئوغۇل بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە خۇش خەۋەر بېرىلدى.

﴿**ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەبۇسالىھ، زەھھاك، زەيد ئىبنى ئەسلەم، سەۋرى ۋە سۇددى قاتارلىقلار: سارە ﴿**ۋىيەي!**﴾ دېگىنىچە قاتتىق ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا سۈرەن سېلىپ كەلدى، دېدى.

﴿**(ئەجەپلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ) يۈزىنى كاچاتلاپ**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: سارە ئاياللار غەلىتە ئىشتىن ئەجەبلەنگەندەك ئەجەبلىنىپ يۈزىگە كاچاتلىدى، دېدى. مۇجاھىد ۋە ئىبنى سابىت: سارە قولى بىلەن پېشانىسىگە ئۇردى، دېدى.

﴿**«مەن تۇغماس موماي تۇرسام (قانداق تۇغىمەن؟)» دېدى**﴾ يەنى سارە: مەن موماي تۇرسام، قانداقمۇ تۇغىمەن؟ ھالبۇكى، ياش ۋاقتىمدا تۇغماس ئىدىم، ھامىلدارمۇ بولمايتتىم، دېدى.

﴿**ئۇلار(يەنى پەرىشتىلەر): «پەرۋەردىگارىڭ شۇنداق دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېدى**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرگە تېگىشلىك بولغان كارامەتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

* * * * * *

۞ قَالَ فَمَا خَطۡبُكُمۡ أَيُّهَا ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٣١﴾ قَالُوٓاْ إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمٖ مُّجۡرِمِينَ ﴿٣٢﴾ لِنُرۡسِلَ
عَلَيۡهِمۡ حِجَارَةٗ مِّن طِينٖ ﴿٣٣﴾ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَ لِلۡمُسۡرِفِينَ ﴿٣٤﴾ فَأَخۡرَجۡنَا مَن كَانَ فِيهَا مِنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٣٥﴾ فَمَا وَجَدۡنَا فِيهَا غَيۡرَ بَيۡتٖ مِّنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٣٦﴾ وَتَرَكۡنَا فِيهَآ ءَايَةٗ لِّلَّذِينَ يَخَافُونَ
ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٣٧﴾

---

[1] سۈرە ھۇد 70 — 71 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھۇد 72 — 73 - ئايەتلەر.

www.munber.org

*ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! سىلەر نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار» دېدى[31]. ئۇلار: «بىز ھەقىقەتەن بىر گۇناھكار قەۋمنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق (يەنى لۇت قەۋمىنىڭ ئۈستىگە لايدىن پىشۇرۇلغان تاش ياغدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق)[32]. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا (گۇناھى) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان (يەنى ھالاك قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان)، لايدىن پىشۇرۇلغان تاش ياغدۇرىمىز»[33 - 34]. (ھالاك بولمىسۇن دەپ لۇدنىڭ) شەھىرىدىكى مۆمىنلەرنى (سىرتقا) چىقىرىۋەتتۇق[35]. بىز ئۇ شەھەردىن مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق[36]. ئۇ شەھەردە قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن نىشان قالدۇردۇق[37].*

## پەرىشتىلەرنىڭ لۇتنىڭ قەۋمنى ھالاك قىلىش ئىشى بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) اللّٰه غا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر. (پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ»﴾[1].

﴿**ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! سىلەر نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار»**﴾ يەنى نېمە ئىشىڭلار بار، نېمىشقا كەلدىڭلار ﴿دېدى. ئۇلار: «**بىز ھەقىقەتەن بىر گۇناھكار قەۋمنى**﴾ يەنى لۇتنىڭ قەۋمنى ﴿**(ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا (گۇناھى) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان**﴾ يەنى ھەر بىر تاشقا شۇ تاش سوقىدىغان گۇناھكارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ﴿**لايدىن پىشۇرۇلغان تاش ياغدۇرىمىز» دېدى**﴾ اللّٰه تائالا سۈرە ئەنكەبۇتتا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم: «ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ (يەنى لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟)» دېدى. پەرىشتىلەر ئېيتتى: «بۇ شەھەردە بار كىشىلەرنى بىز (يەنى لۇتنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى) ئوبدان بىلىمىز، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا كىشىلىرىنى ئەلۋەتتە قۇتۇلدۇرىمىز، پەقەت ئايالى (كۇفرىدا قەۋمىگە ھەمنەپەس بولغانلىقى ئۈچۈن) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ»﴾[2].

﴿**(ھالاك بولمىسۇن دەپ لۇدنىڭ) شەھىرىدىكى مۆمىنلەرنى (سىرتقا) چىقىرىۋەتتۇق**﴾ بۇ مۆمىنلەر لۇت ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا ئائىلىسىدىكى كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى بولسا ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىللە قالدۇرۇلدى. قالدۇرۇلۇپ قويۇلدى.

﴿**بىز ئۇ شەھەردىن مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق. ئۇ شەھەردە قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن نىشان قالدۇردۇق**﴾ يەنى ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ساپال تاشلار بىلەن خارابىلىقتا ئايلانغان شەھەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنىڭ جايىنى سېسىق كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتۇق، ئۇنىڭدا ﴿**قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغان**﴾ مۆمىنلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار.

---

[1] سۈرە ھۇد 74 ــ 76 ـ ئايەتكىچە
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 32 ـ ئايەت.

www.munber.org

* * * * * * *

وَفِي مُوسَىٰٓ إِذۡ أَرۡسَلۡنَٰهُ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٖ ﴿٣٨﴾ فَتَوَلَّىٰ بِرُكۡنِهِۦ وَقَالَ سَٰحِرٌ أَوۡ مَجۡنُونٞ
﴿٣٩﴾ فَأَخَذۡنَٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡيَمِّ وَهُوَ مُلِيمٞ ﴿٤٠﴾ وَفِي عَادٍ إِذۡ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلرِّيحَ ٱلۡعَقِيمَ ﴿٤١﴾
مَا تَذَرُ مِن شَيۡءٍ أَتَتۡ عَلَيۡهِ إِلَّا جَعَلَتۡهُ كَٱلرَّمِيمِ ﴿٤٢﴾ وَفِي ثَمُودَ إِذۡ قِيلَ لَهُمۡ تَمَتَّعُواْ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿٤٣﴾
فَعَتَوۡاْ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهِمۡ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَهُمۡ يَنظُرُونَ ﴿٤٤﴾ فَمَا ٱسۡتَطَٰعُواْ مِن قِيَامٖ وَمَا كَانُواْ
مُنتَصِرِينَ ﴿٤٥﴾ وَقَوۡمَ نُوحٖ مِّن قَبۡلُۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ ﴿٤٦﴾

*مۇسانىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۇرلۇك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى بىز پىرئەۋنگە روشەن دەلىل بىلەن ئەۋەتتۇق﴿38﴾. پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىماندىن) يۈز ئۆرىدى، ئۇ: «(مۇسا) سېھىرگەردۇر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى﴿39﴾. پىرئەۋنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق، پىرئەۋن ئەيىبلەنگۈچىدۇر﴿40﴾. ئادنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۇرلۇك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا يامان بوراننى ئەۋەتتۇق﴿41﴾. ئۇ (يەنى بوران) ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما ـ تالاڭ) قىلىۋېتەتتى﴿42﴾. سەمۇدنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۇرلۇك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا: «سىلەر ۋاقتىلىق پايدىلىنىڭلار» دېدۇق﴿43﴾. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى، ئۇلارنى چاقماق ھالاك قىلدى، ھالبۇكى، ئۇلار (ئازابنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى) كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇراتتى﴿44﴾. ئۇلار (ئازاب چۈشكەن ۋاقىتتا) ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىمۇ، ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمىدى﴿45﴾. ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى﴿46﴾.*

## پىرئەۋن، ئاد، سەمۇد ۋە نۇھ قەۋمىنىڭ قىسسىلىرىدىكى ئىبرەتلەر توغرىسىدا

﴿**مۇسانىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۇرلۇك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى بىز پىرئەۋنگە روشەن دەلىل بىلەن ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىماندىن) يۈز ئۆرىدى**﴾ يەنى پىرئەۋن چوڭچىلىق قىلىپ ۋە مۇسا ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن روشەن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغان ئاساستا يۈز ئۆرىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن مەغرۇرانە يۈز ئۆرىدۇ﴾[1] يەنى ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە چوڭچىلىق قىلىدۇ.

﴿**ئۇ: «(مۇسا) سېھىرگەردۇر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى**﴾ يەنى ئى مۇسا! سېنىڭ ماڭا ئېلىپ كەلگەن ئىشىڭدىن يەنى دىنىڭدىن ئېنىقكى، سەن سېھىرگەر ياكى مەجنۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق**﴾ يەنى ئۇلارنى سۇغا غەرق قىلدۇق. ﴿**پىرئەۋن ئەيىبلەنگۈچىدۇر**﴾ يەنى مالامەتكە ئۇچرىغۇچى كاپىردۇر، ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە قارشى چىققۇچى گۇناھكاردۇر.

﴿**ئادنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۇرلۇك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا يامان**﴾ يەنى ھېچ نەرسىگە پايدىسىز بولغان، ۋەيران قىلغۇچى ﴿**بوراننى ئەۋەتتۇق. ئۇ (يەنى بوران) ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن**

---

[1] سۈرە ھەج 9 ـ ئايەت.

www.munber.org

**ئۆتسە﴿** يەنى ۋەيران قىلىدىغان بوران ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە **﴿ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما ـ تالاڭ) قىلىۋېتەتتى﴾** سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە باشقىلار اللّٰه تائالانىڭ: **﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا يامان بوراننى ئەۋەتتۇق﴾** دېگەن ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ: ئۇ جەنۇبتىن چىققان بوراندۇر، دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن شەرق شامىلى بىلەن ياردەم بېرىلدىم. ئاد قەۋمى غەرب شامىلى بىلەن ھالاك قىلىندى».

**﴿سەمۇدنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا: «سىلەر ۋاقىتلىق پايدىلىنىڭلار» دېدۇق﴾** اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾[1] شۇنداقلا اللّٰه تائالا بۇ يەردىمۇ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەمۇدنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا: «سىلەر ۋاقىتلىق پايدىلىنىڭلار» دېدۇق. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى، ئۇلارنى چاقماق ھالاك قىلدى، ھالبۇكى، ئۇلار (ئازابنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى) كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇراتتى﴾** ئۇ مۇنداق يۈز بەردى: ئۇلار ئازابنىڭ چۈشۈشىنى ئۈچ كۈن كۈتتى، ئازاب ئۇلارغا تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە، تاڭ يورىغان مەزگىلدە كەلدى.

**﴿ئۇلار (ئازاب چۈشكەن ۋاقىتتا) ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىمۇ، ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمىدى﴾** يەنى ئۆزلىرىگە چۈشكەن ئازابتىن قوغدىنىشقىمۇ ۋە قېچىپ قۇتۇلۇشقىمۇ قادىر بولالمىدى. غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ئۇلاردىن **﴿ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى﴾** بۇ قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىدىكى نۇرغۇن سۈرىلەردە كۆپ قېتىم تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

* * * * * * *

وَٱلسَّمَآءَ بَنَيۡنَٰهَا بِأَيۡيْدٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ ﴿٤٧﴾ وَٱلۡأَرۡضَ فَرَشۡنَٰهَا فَنِعۡمَ ٱلۡمَٰهِدُونَ ﴿٤٨﴾ وَمِن
كُلِّ شَيۡءٍ خَلَقۡنَا زَوۡجَيۡنِ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿٤٩﴾ فَفِرُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِۖ إِنِّي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ﴿٥٠﴾ وَلَا
تَجۡعَلُواْ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَۖ إِنِّي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ﴿٥١﴾

*ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز﴿47﴾. زېمىننى بايىدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى بايىغۇچىمىز؟﴿48﴾. سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴿49﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «اللّٰه تەرەپكە قېچىڭلار (يەنى اللّٰهغا ئىلتىجا قىلىڭلار)، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە اللّٰه تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴿50﴾. سىلەر باشقا مەبۇدنى اللّٰهغا شېرىك قىلماڭلار، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»﴿51﴾.*

[1] سۈرە فۇسسىلەت 17 - ئايەت.

www.munber.org

## ﷲ تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى يارىتىشى ۋە ھەر نەرسىنى جۈپ يارىتىشى ﷲ تائالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ﷲ تائالا ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى ئالەمنى يارىتىشقانلىقىغا ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى بۇراپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسماننى قۇدرەت بىلەن**﴾ ئېگىز، بىختەر ئۆگزە قىلىپ ﴿**بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز**﴾ يەنى قۇدرىتىمىز بىلەن ئۇنى خۇددى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىدەك تۇۋرۇكسىز، ئېگىز ۋە كەڭرى قىلىپ ياراتتۇق. ﴿**زېمىننى يايدۇق**﴾ يەنى ئۇنى مەخلۇقاتلار ئۈچۈن بىپايان قىلدۇق.

﴿**بىز نېمىدېگەن ياخشى يايغۇچىمىز؟**﴾ يەنى بىز زېمىننى زېمىن ئەھلى ئۈچۈن بىپايان يېيىپ نېمىدېگەن ياخشى قىلدۇق؟ ﴿**سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق**﴾ يەنى بارلىق مەخلۇقات جۈپ - جۈپى بىلەندۇر، ئاسمان زېمىن بىلەن، كېچە كۈندۈز بىلەن، كۈن ئاي بىلەن، قۇرۇقلۇق دېڭىز بىلەن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن، ئىمان كۇفرى بىلەن، ئۆلۈم ھاياتلىق بىلەن، بەختسىزلىك بەخت سائادەت بىلەن، جەننەت دوزاخ بىلەن جۈپتۇر. ھەتتاكى بارلىق ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرمۇ بىر بىرى بىلەن جۈپتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقلۇقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، اللە تەرەپكە قېچىڭلار (يەنى اللەغا ئىلتىجا قىلىڭلار)**﴾ ھەممە ئىشلىرىڭلاردا ﷲ تائالاغا تايىنىڭلار، ﴿**مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە اللە تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. سىلەر باشقا مەبۇدنى اللەغا شېرىك قىلماڭلار**﴾ يەنى ﷲ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار. ﴿**مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن**﴾.

* * * * * * *

كَذَٰلِكَ مَآ أَتَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا قَالُواْ سَاحِرٌ أَوْ مَجْنُونٌ ﴿٥٢﴾ أَتَوَاصَوْاْ بِهِۦ ۚ بَلْ هُمْ
قَوْمٌ طَاغُونَ ﴿٥٣﴾ فَتَوَلَّ عَنْهُمْ فَمَآ أَنتَ بِمَلُومٍ ﴿٥٤﴾ وَذَكِّرْ فَإِنَّ ٱلذِّكْرَىٰ تَنفَعُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥٥﴾ وَمَا
خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴿٥٦﴾ مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ ﴿٥٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ
هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلْقُوَّةِ ٱلْمَتِينُ ﴿٥٨﴾ فَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذَنُوبًا مِّثْلَ ذَنُوبِ أَصْحَٰبِهِمْ فَلَا يَسْتَعْجِلُونِ ﴿٥٩﴾
فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن يَوْمِهِمُ ٱلَّذِى يُوعَدُونَ ﴿٦٠﴾

*ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھرىگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى[52]. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر - بىرىگەئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر[53]. ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، سەن مالامەت قىلىنغۇچى ئەمەسسەن[54]. ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، ۋەز - نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق[55]. جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم[56]. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن[57]. اللە ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر،*

www.munber.org

*(اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴿58﴾. (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ (ئازابتىن) ئۆتكەنكى (ھالاك بولغان) دوستلىرىنىڭ نېسىۋىسىدەك نېسىۋىسى بولىدۇ، ئۇلار (ئازابىمغا) ئالدىراتمىسۇن﴿59﴾. كاپىرلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندىن كاپىرلارغا ۋاي!﴿60﴾.*

## ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش يولىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللہ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ مۇشرىكلار ساڭا ئېيتقان سۆزلەرنى ئىلگىرىكىلەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ ئېيتقان ئىدى. **﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھىرگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى﴾.**

**﴿ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟﴾** يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە بۇ سۆزنى تەۋسىيە قىلغانمۇ؟

**﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر - بىرىگەئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾** يەنى ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر، ئۇلارنىڭ دىللىرى ھەقنى ئىنكار قىلىشتا بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكىلىرى گويا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئېيتقاندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ، اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! **﴿ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، سەن مالامەت قىلىنغۇچى ئەمەسسەن﴾** يەنى بۇنداق قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى ئەيىبلىمەيمىز.

**﴿ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، ۋەز - نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق﴾** يەنى چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقانلار ۋەز - نەسىھەتتىن چوقۇم پايدىلىنىدۇ.

## ئىنسان بىلەن جىننىڭ پەقەت اللہ تائالا غىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

**﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾** يەنى مەن ئۇلارنى ئۇلارغا موھتاج بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس بەلكى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش ئۈچۈن ياراتتىم. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ **﴿پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى: ئىنسانلار ۋە جىنلار پەقەت ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ھالدا ماڭا ئىبادەت قىلىشنى ئېتىراپ قىلىشلىرى ئۈچۈن ياراتتىم دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

**﴿ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. اللہ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداقتۇر: اللہ تائالا بەندىلىرىنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. كىمكى اللہ تائالاغا ئىتائەت قىلسا، اللہ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا موھتاج ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىدا اللہ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. اللہ تائالا ئۇلارنى ياراتقۇچىدۇر ۋە رىزىق بەرگۈچىدۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم ئەۋلادى ماڭا ئىبادەت قىلىشقا بېرىلگىن، مەن سېنىڭ دىلىڭنى بايلىق بىلەن تولدۇرىمەن، سېنىڭ پېقىر بولۇپ قېلىشىڭنىڭ ئالدىنى

www.munber.org

ئالىمەن، سەن ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە سېنىڭ دىلىڭنى ئاۋارىچىلىق بىلەن تولدۇرىمەن، پېقىر بولۇپ قېلىشىڭنىڭ ئالدىنى ئالمايمەن» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ (ئازابتىن) ئۆتكەنكى (ھالاك بولغان) دوستلىرىنىڭ نېسىۋىسىدەك نېسىۋىسى بولىدۇ، ئۇلار (ئازابىمغا) ئالدىراتمىسۇن**﴾ يەنى ئۇلار بۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمىسۇن، ئۇ شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. ﴿**كاپىرلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندىن**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدىن ﴿**كاپىرلارغا ۋاي!**﴾

شۇنىڭ بىلەن سۈرە زارىياتنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانالار ۋە مەدھىيە اللہ تائالاغا مەنسۇپتۇر.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە تۇر 49 ئايەت

### سۈرە تۇرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام مالىك، جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ياكى قىرائىتىدىن چىرايلىق ھېچ كىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن تىنىمنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتىم، ئۇ: «سىز ئۇلاغقا مىنىپ كىشىلەرنىڭ ئارقىدىن تاۋاپ قىلىڭ»[1] دېدى. مەن شۇنداق تاۋاپ قىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلطُّورِ ﴿١﴾ وَكِتَٰبٍ مَّسْطُورٍ ﴿٢﴾ فِى رَقٍّ مَّنشُورٍ ﴿٣﴾ وَٱلْبَيْتِ ٱلْمَعْمُورِ ﴿٤﴾ وَٱلسَّقْفِ ٱلْمَرْفُوعِ
﴿٥﴾ وَٱلْبَحْرِ ٱلْمَسْجُورِ ﴿٦﴾ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَٰقِعٌ ﴿٧﴾ مَّا لَهُۥ مِن دَافِعٍ ﴿٨﴾ يَوْمَ تَمُورُ ٱلسَّمَآءُ مَوْرًا
﴿٩﴾ وَتَسِيرُ ٱلْجِبَالُ سَيْرًا ﴿١٠﴾ فَوَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿١١﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ فِى خَوْضٍ يَلْعَبُونَ ﴿١٢﴾ يَوْمَ
يُدَعُّونَ إِلَىٰ نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا ﴿١٣﴾ هَٰذِهِ ٱلنَّارُ ٱلَّتِى كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٤﴾ أَفَسِحْرٌ هَٰذَآ أَمْ أَنتُمْ لَا
تُبْصِرُونَ ﴿١٥﴾ ٱصْلَوْهَا فَٱصْبِرُوٓا۟ أَوْ لَا تَصْبِرُوا۟ سَوَآءٌ عَلَيْكُمْ ۖ إِنَّمَا تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٦﴾

***ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن***

*تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى﴿1﴾. ئوچۇق قەغەزگە يېزىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى﴿2-3﴾. بەيتۇلمەئمۇر بىلەن قەسەمكى﴿4﴾. ئاسمان بىلەن قەسەمكى﴿5﴾. (قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى﴿6﴾. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر﴿7﴾. ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ﴿8﴾. ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرىنىدۇ﴿9﴾. تاغلار قاتتىق سەير قىلىدۇ (يەنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن تۈزۈپ يوقىلىپ كېتىدۇ)﴿10﴾. ئۇ كۈندە (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارغا ۋاي!﴿11﴾. ئۇلار*

---

(1) بۇ ۋەدالششش تاۋپىنى كۆرستىدۇ.

www.munber.org

***(دۇنيادا) غەپلەتكە چۆمگەنلەردۇر﴿12﴾. ئۇ كۈنىدە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ﴿13﴾. (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ)﴿14﴾. (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر﴿15﴾. دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴿16﴾.***

## الله نىڭ ئازابىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ قەسەم قىلىشى توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان مەخلۇقاتلىرى بىلەن قەسەم قىلىپ دۈشمەنلىرىنى چوقۇم ئازابلايدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئۇ ئازابنى ھېچ دەپئى قىلغۇچىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۇر تېغى الله تائالا ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇساغا سۆزلىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسانى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن تاغقا ئوخشاش ئۈستى دەل ـ دەرەخ بىلەن قاپلانغان تاغدۇر، دەل ـ دەرەخ بولمىغان تاغ تۇر تېغى دەپ ئاتالمايدۇ. ئۇ پەقەت تاغ دەپ ئاددىيلا ئاتىلىدۇ.

﴿**ئوچۇق قەغەزگە يېزىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى**﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ كىتابنى لەۋھۇلمەھپۇزدۇر، دەپ تەپسىر قىلدى. يەنە بەزىلەر يېزىلىپ نازىل قىلىنغان، كىشىلەرگە ئوچۇق ئاشكارا ئوقۇپ بېرىلىدىغان كىتابلاردۇر، دەپمۇ تەپسىر قىلدى.

﴿**بەيتۇلمەئمۇر بىلەن قەسەمكى**﴾ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا ھەققىدىكى ھەدىستە ئۆزىنىڭ يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاندىن مەن بەيتۇلمەئمۇرغا ئۆرلىتىلدىم. ئۇ يەرگە ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە (ئىبادەت قىلغىلى) كىرىدىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارغا ئۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كىرىشكە نۆۋەت تەگمەيدىكەن» يەنى پەرىشتىلەر بەيتۇلمەئمۇردا ئىبادەت قىلىدۇ. گويا ئەھلى زېمىن كەئبىنى تاۋاپ قىلغاندەك ئۇلارمۇ بەيتۇلمەئمۇرنى تاۋاپ قىلىدۇ. بەيتۇلمەئمۇر يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندىكىلەرنىڭ كەئبىسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەندە الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىنى بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، چۈنكى ئۇ زېمىننىڭ كەئبىسىنى بىنا قىلغۇچىدۇر. مۇكاپات ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ. بەيتۇلمەئمۇر كەئبىنىڭ دەل ئۈدۈلىغا توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر ئاسماندا بىردىن ئۆي بولۇپ، شۇ ئاسماندىكىلەر ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىدۇ. الله غا ناماز ئوقۇيدۇ. دۇنيا ئاسمىنىدىكى (يەنى بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىكى) ئۆي بەيتۇلئىززەت دەپ ئاتىلىدۇ.

﴿**ئاسمان بىلەن قەسەمكى**﴾ سۇفيان سەۋرى ئەلىينىڭ بۇ ئايەتنى ﴿ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش اللەنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بىلەن چۈشەندۈرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مۇجاھىد، قەتادە، سۇددى، ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان.

﴿**(قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى**﴾ كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار: ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان دېڭىز دۇنيادىكى دېڭىزدىن ئىبارەت بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ ئوت بولۇپ ياندۇرۇلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ

[1] سۈرە ئەنبىيا 32- ئايەت.

www.munber.org

ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى﴾[1] يەنى لاۋۇلداپ گۈركىرەپ ئوت دېڭىزغا ئايلىنىپ قىيامەت مەيدانىدىكىلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇنى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەلىي ئىبنى ئەبۇتالىبتىن رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابباسنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان.

قەتادە بۇ ئايەتنى "سۇ بىلەن توشقۇزۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى" دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ قاراشقا ئىبنى جەرىرمۇ قوشۇلغان ۋە: بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ دېڭىزى ئوت بولۇپ يانغان ئەمەس، بەلكى سۇ بىلەن توشقۇزۇلغاندۇر، دېگەن.

﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر﴾ مانا بۇ يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابى بولۇپ كاپىرلارغا بولىدىغان ئازابنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. اللە تائالا كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ﴾ يەنى ئەگەر اللە ئۇ ئازابنى ئۇلارغا ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ ئۇلاردىن ئۇ ئازابنى توسىدىغان ھېچ ئادەم يوق. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇدۇنيا، جەفەر ئىبنى زەيد ئەبەدىيدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كېچىسى ئۆمەر مەدىنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئۇ بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىغا توغرا كېلىپ قالدى ـ دە، توختاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سالدى. ئۇ: ﴿تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن يەردىن ئوقۇپ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ﴾ دېگەن يەرگە يەتكەندە، ئۆمەر: كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، بۇ بىر ھەق قەسەمدۇر، دېدى. ئاندىن ئېشىكىدىن چۈشۈپ تامغا يۆلەنگىنىچە بىر ئاز تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئاي ئاغرىپ يېتىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى يوقلاپ تۇردى، بىراق ئۇنىڭ نېمە كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمايتتى.

## ئازاب كۈنى بولغان قىيامەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

﴿ئۇ كۈندە ئاسمان﴾ اللە نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئايلانغان ھالەتتە بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ ﴿قاتتىق تەۋرەيدۇ. تاغلار قاتتىق سەير قىلىدۇ﴾ يەنى تاغلار زېمىن ئۈستىدىن يوقىلىپ، تىتىلىپ، پارچىلىنىپ، چاڭ ـ توزاڭدەك توزۇپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

﴿ئۇ كۈندە (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارغا ۋاي!﴾ يەنى شۇ كۈندە اللە نىڭ ئۇلارنى ئازابلايدىغانلىقى ۋە قاتتىق جازالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!﴿ئۇلار (دۇنيادا) غەپلەتكە چۆمگەنلەردۇر﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا باتىلغا چۆمۈپ، دىنىنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالغانلاردۇر.

﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ﴾ دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ﴿مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر﴾ دەيدۇ. ئۇلارغا يەنە ﴿(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان) بۇ ئازاب سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر دوزاخقا كىرىڭلار﴾ يەنى ھەممە ئەتراپىدىن ئوت ئوراپ تۇرغان دوزاخقا كىرىڭلار.

﴿(ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش﴾ يەنى سىلەر دوزاخ ئازابىغا مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، ئۇ سىلەر ئۈچۈن بەرىبىردۇر، سىلەرگە ئۇنىڭدىن ھەرگىز قېچىش ۋە قۇتۇلۇش يوقتۇر.

---

[1] سۈرە تەكۋىر 6 ـ ئايەت.

﴿**سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر**﴾ يەنى اللە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بەلكى، ھەر بىر ئادەمگە قىلمىشىغا قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٍ وَنَعِيمٍ ﴿١٧﴾ فَٰكِهِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمْ رَبُّهُمْ وَوَقَىٰهُمْ رَبُّهُمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ﴿١٨﴾ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔۢا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ ۖ وَزَوَّجْنَٰهُم بِحُورٍ عِينٍ ﴿٢٠﴾

***تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ﴿17﴾. ئۇلار پەرۋەردىگارى بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ﴿18﴾. (ئۇلارغا) «قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ (مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴿19﴾. ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز﴿20﴾.***

## بەخت - سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا

اللە تائالا بەخت - سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ**﴾ مانا بۇ ئەنە شۇ ئازاب ئوقۇبەت ئىچىدە بولۇۋاتقان بەتبەختلەرنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدىغان ئىشتۇر.

﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارى بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالا ئۇلارغا بەرگەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، ئات - ئۇلاغلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ**﴾ يەنى اللە ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ، ئەنە شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلارغا يېتەرلىك نېمەتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا يەنە جەننەتكە كىرىش، جەننەتتىكى كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان تۈرلۈك نازۇ - نېمەت ۋە خۇشال - خۇراملىق قوشۇپ بېرىلىدۇ.

﴿**(ئۇلارغا) «قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ (مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ)**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال - خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[1] يەنى مانا بۇ مۇكاپات اللە تائالانىڭ ئۇلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا ئارتۇق ئاتا قىلغان مەرھەمىتى ۋە ياخشىلىقىدۇر.

﴿**ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە**﴾ يەنى ئەتراپى پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن، بىر - بىرىگە قارىتىپ قاتار قويۇلغان تەختلەر ئۈستىدە ﴿**يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ﴿ئۇلار نازۇ - نېمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ﴾[2].

---

(1) سۈرە ھاققە 24- ئايەت.
(2) سۈرە سافقات 43- ئايەت.

www.munber.org

**﴿شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز﴾** يەنى ئۇلارغا شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن قەدىناس، ياخشى، چىرايلىق ئاياللارنى نىكاھلاپ بېرىمىز، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنىڭ سۈپەتلىرى يۇقىرىدا بىر قانچە ئورۇنلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىزدۇر.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱتَّبَعَتۡهُمۡ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَٰنٍ أَلۡحَقۡنَا بِهِمۡ ذُرِّيَّتَهُمۡ وَمَآ أَلَتۡنَٰهُم مِّنۡ عَمَلِهِم مِّن شَيۡءٖۚ
كُلُّ ٱمۡرِيِٕۭ بِمَا كَسَبَ رَهِينٞ ﴿٢١﴾ وَأَمۡدَدۡنَٰهُم بِفَٰكِهَةٖ وَلَحۡمٖ مِّمَّا يَشۡتَهُونَ ﴿٢٢﴾ يَتَنَٰزَعُونَ فِيهَا كَأۡسٗا
لَّا لَغۡوٞ فِيهَا وَلَا تَأۡثِيمٞ ﴿٢٣﴾ ۞ وَيَطُوفُ عَلَيۡهِمۡ غِلۡمَانٞ لَّهُمۡ كَأَنَّهُمۡ لُؤۡلُؤٞ مَّكۡنُونٞ ﴿٢٤﴾ وَأَقۡبَلَ بَعۡضُهُمۡ
عَلَىٰ بَعۡضٖ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٥﴾ قَالُوٓاْ إِنَّا كُنَّا قَبۡلُ فِيٓ أَهۡلِنَا مُشۡفِقِينَ ﴿٢٦﴾ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡنَا وَوَقَىٰنَا
عَذَابَ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾ إِنَّا كُنَّا مِن قَبۡلُ نَدۡعُوهُۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡبَرُّ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٨﴾

***ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر[21]. ئۇلار كۆرۈۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە يەنە (ئۇلارنى) كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە كۆڭلى تارتقان گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز[22]. ئۇلار جەننەتتە ئۆزئارا (مەي قاچىلانغان) جاملارنى تۇتۇشىدۇ، (مەي ئىچىش بىلەن) ئۇلاردىن (بۇ دۇنيادىكىدەك) بىھۇدە سۆز ۋە گۇناھ سادىر بولمايدۇ[23]. گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك (چىرايلىق) غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ (ئۇلارنىڭ) خىزمىتىنى قىلىدۇ[24]. ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ[25]. ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق[26]. اللە بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى[27]. بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى اللەغا ئىبادەت قىلاتتۇق، اللە ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[28].***

## مۆمىنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەرىجىدە ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان مەرھەمىتى، ئىكرامى، ياخشىلىقى مېھرى ـ شەپقىتى ۋە ئېھسانى يۈزىسىدىن مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىماندا ئۇلارغا ئەگەشسە، اللە ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەرىجىسىگە يەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆز ھۇزۇرلىرىدا ئۆز دەرىجىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولۇشى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللىرى كەم بولۇپ قالغانلارنىڭ دەرىجىسىنى ئەمەلى كامالەتكە يەتكەنلەرنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە جەم قىلىدۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوخشاش قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. شۇڭا اللە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز﴾**.

www.munber.org

سەۋرى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك - شۈبھىسىزكى، مۆمىنىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەرىجىسىنى گەرچە ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ياخشى ئەمەل قىلىشتا ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرسىمۇ ئەۋلادلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ خۇرسەن بولۇشى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىنىڭ دەرىجىسىنىمۇ ئەلۋەتتە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز**﴾ بۇنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ سۇپيان سەۋرىنىڭ ھەدىسىدىن رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباسنىڭ اللّٰه تائالا نىڭ: ﴿**ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز**﴾ دېگەن ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار مۆمىنىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئىمان ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ. گەرچە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ دەرىجىلىرى ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىدىن يۇقىرى بولسىمۇ ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن بولسا ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن (يەنى بۇرۇنقى يولدىشىدىن بولغان) ئىككى بالىسى توغرۇلۇق سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار دوزاختا بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ئاندىن خەدىچەنىڭ يۈزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئەگەر سىز ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى كۆرگەن بولسىڭىز ئۇلارغا ئەلۋەتتە غەزەپلەنگەن بولاتتىڭىز» دېدى. خەدىچە: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! سىنىڭدىن بولغان بالامچۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتە بولىدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك - شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى جەننەتتە بولىدۇ، مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دوزاختا بولىدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مانا بۇ اللّٰه تائالا نىڭ پەرزەنتلەرگە، ئاتا - ئانىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بەرىكىتى ئۈچۈن ئاتا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. ئاتا - ئانىلارغا كەلسەك، اللّٰه تائالا ئۇلارغا پەرزەنتلەرنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەرھەمەت ئاتا قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه جەننەتتە ياخشى بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ دەرىجە ماڭا نەدىن كەلدى؟ دەيدۇ. ئاندىن اللّٰه: سېنىڭ پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا تىلىگەن مەغپىرىتىدىن كەلدى، دەيدۇ».

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئادەم ئەۋلادى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ: بىرى، ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان سەدىقە (يەنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەسچىت، كۆۋرۈك، يول ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئىشلارغا سەرپ قىلغان پۇل - مال)، ئىككىنچىسى، كىشىلەرگە قالدۇرغان پايدىلىق ئىلىم، ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قويۇش».

www.munber.org

## ﷲ نىڭ گۇناھكارلارغا بولغان ئادالىتى توغرىسىدا

ﷲ تائالا ئۆز مەرھەمىتى ۋە پەزلى بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئاتا - ئانىلارنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇ دەرىجىگە يېتىشىكە ھېچقانداق ياخشى ئەمەل تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن بىراۋنى يەنە بىراۋنىڭ گۇناھى بىلەن ھەرگىز جازالىمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر**﴾ يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ئۆزى مەسئۇلدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر ئىنساننىڭ گۇناھى، خاھى ئۇ ئاتىسى بولسۇن ياكى ئوغلى بولسۇن، ھەرگىز يۈكلەنمەيدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ﴾[1].

## جەننەتنىڭ شارابىنىڭ ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار كۆرىۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە يەنە (ئۇلارنى) كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە كۆڭلى تارتقان گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز**﴾ يەنى ئۇلارنى ئۇلار ئىشتىھا قىلغان ۋە كۆڭلى تارتقان ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر ۋە گۆشلەر بىلەن بەھرىمەن قىلىمىز.

﴿**ئۇلار جەننەتتە ئۆزئارا (مەي قاچىلانغان) جاملارنى تۇتۇشىدۇ، (مەي ئىچىش بىلەن) ئۇلاردىن (بۇ دۇنيادىكىدەك) بىھۇدە سۆز ۋە گۇناھ سادىر بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە بۇ دۇنيادىكى مەي ئىچكەن كىشىلەر سۆزلىگەندەك بىھۇدە ۋە گۇناھ بولىدىغان سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە: ئۇلار باتىل ۋە يالغان سۆزلەرنى قىلمايدۇ، دېدى. مۇجاھىد: ئۇلار ئۆزئارا تىللاشمايدۇ ۋە گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ، دېدى. قەتادە: ئەنە شۇ ئىشلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن دۇنيادا سادىر بولاتتى. ﷲ ئاخىرەتنىڭ شارابىنى دۇنيانىڭ شارابىنىڭ مەينەتلىرىدىن ۋە زەرەرلىرىدىن پاك قىلدى، دېدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ﷲ جەننەتنىڭ شارابىدىن باشنى قايدۇرۇش، قورساقنى ئاغرىتىش ۋە ئەقىلنى تامامەن يوقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوق قىلدى. ئۇ شارابنىڭ ئۇلارنى قىلچە پايدىسى بولمىغان، بىھۇدە ۋە قەبىھ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يامان سۆزلەرنى قىلىشىغا سەۋەب بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى ۋە ئۇ شارابنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى ياخشى ۋە پۇرىقىدىن خۇش پۇراق كېلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ﴾[2] ﴿ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ﴾[3].

﴿**گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك (چىرايلىق) غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ (ئۇلارنىڭ) خىزمىتىنى قىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە خاس كۈتكۈچىلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ خىزمەتچىلەر ۋە كۈتكۈچىلەر چىرايلىق، يېقىملىق، پاكىز ۋە كىيىم - كېچەكلىرى يارىشىملىق بولۇپ،

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر 38 — 42 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ساففات 45 — 47 - ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ۋاقىئە 19- ئايەت.

www.munber.org

گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۆھەرگە ئوخشايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قىرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ﴾[1].

﴿ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر - بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ﴾ يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ دۇنيادىكى چاغلىرىدىكى ئىش - ئەمەللىرى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ، ئەھۋاللىرى توغرىسىدا پاراڭ قىلىشىدۇ. بۇ خۇددى ھاراق ئىچكۈچىلەرنىڭ ھاراق سورۇنىدا ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى مەست بولغان چاغدا، ئۆز ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىشقىنىغا ئوخشايدۇ.

﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە﴾ يەنى ئائىلىمىز ئىچىدىكىلەر ئارىسىدا پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئازابىدىن ۋە جازالىشىدىن ﴿قورقاتتۇق. اللە بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى﴾ يەنى اللە بىزگە ياخشىلىق قىلىپ بىزنى بىز قورققان نەرسىدىن قۇتقۇزدى.

﴿بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى اللەغا ئىبادەت قىلاتتۇق﴾ يەنى اللە غا زارلىنىپ يالۋۇراتتۇق. اللە دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىپ بىزگە تىلىگىنىمىزنى بەردى ﴿اللە ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

* * * * * * *

فَذَكِّرْ فَمَآ أَنتَ بِنِعْمَتِ رَبِّكَ بِكَاهِنٍ وَلَا مَجْنُونٍ ﴿٢٩﴾ أَمْ يَقُولُونَ شَاعِرٌ نَّتَرَبَّصُ بِهِۦ رَيْبَ
ٱلْمَنُونِ ﴿٣٠﴾ قُلْ تَرَبَّصُوا۟ فَإِنِّى مَعَكُم مِّنَ ٱلْمُتَرَبِّصِينَ ﴿٣١﴾ أَمْ تَأْمُرُهُمْ أَحْلَـٰمُهُم بِهَـٰذَآ ۚ أَمْ هُمْ قَوْمٌ
طَاغُونَ ﴿٣٢﴾ أَمْ يَقُولُونَ تَقَوَّلَهُۥ ۚ بَل لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾ فَلْيَأْتُوا۟ بِحَدِيثٍ مِّثْلِهِۦٓ إِن كَانُوا۟ صَـٰدِقِينَ ﴿٣٤﴾

*(ئى مۇھەممەد! سەن قۇرئان بىلەن قەۋمىڭگە) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەسسەن ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن*[29]*. ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە (يولۇقۇشىنى) كۈتىمىز». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر بىلەن بىرگە كۈتكۈچىلەردىنمەن (يەنى سىلەر مېنىڭ ھالاك بولۇشۇمنى كۈتسەڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى كۈتىمەن)»*[30–31]*. ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆز قىلىشقا) بۇيرۇمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر*[32]*. ياكى ئۇلار: «(مۇھەممەد قۇرئاننى ئۆزى توقۇدى دېيىشەمدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ*[33]*. ئەگەر (مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، بايانda) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار*[34]*.*

## پەيغەمبەرنى مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ئاقلاش، ئۇلارغا تەھدىد سېلىش ۋە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىش توغرىسىدا

[1] سۈرە ۋاقىئە 17– 18- ئايەتلەر.

www.munber.org

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى اللە نىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى اللە نىڭ بەندىلىرىگە يەتكۈزۈشكە، اللە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇپ ۋە ئۇنى بوھتانچىلارنىڭ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭغا چاپلىغان بوھتانلىرىدىن ئاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد! سەن قۇرئان بىلەن ھەۋمىڭگە) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەسسەن ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن**﴾ يەنى اللە غا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇنكى، سەن قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ جاھىللىرى ئېتىقادىدەك ئاسمان خەۋىرىدىن بىرەر سۆزگە ئېرىشكەن جىننىڭ خائىشى بويىچە سۆزلەيدىغان كاھىنمۇ ئەمەسسەن ۋە جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭدەك ﴿**مەجنۇنمۇ**﴾ ئەمەسسەن.

اللە تائالا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتىدۇ: «ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە**﴾ يەنى ئۆلۈمگە ﴿**(يولۇقۇشىنى) كۈتىمىز»**﴾ يەنى ئۇلار: بىز سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر كۈتىمىز، ئۇ ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىدىن قۇتۇلۇپ بىراقلا راھەتكە چىقىمىز، دېيىشىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر بىلەن بىرگە كۈتكۈچىلەردىنمەن**﴾ يەنى سىلەر كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە كۈتكۈچىدۇرمەن، سىلەر كەلگۈسىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبىنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، مۇجاھىدتىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئۆزلىرىنىڭ يىغىن زالىغا توپلانغان چاغدا ئۇلاردىن بىرى: ئۇنى باغلاپ سولاپ قويۇڭلار، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شائىرلاردىن زۇھەير ۋە نابىغەلەر ھالاك بولغاندەك، ئۇ ئۆلۈپ ھالاك بولغانغا قەدەر ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئۇ پەقەت ئاشۇ شائىرلاردىن بىرىگە ئوخشايدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىدۇ: ﴿**ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە (يولۇقۇشىنى) كۈتىمىز»**﴾.

﴿**ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆز) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى ئۇلارنى سەن توغرۇلۇق قىلىشقان ئاشۇ سۆزلىرىنىڭ يالغان ـ ياۋداق سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ سۆزلەرنى قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟

﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر**﴾ يەنى ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى، ئازغۇن ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچى قەۋمدۇر. مانا بۇ قىلمىشلىرى ئۇلارنى سەن توغرۇلۇق ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

﴿**ياكى ئۇلار: «(مۇھەممەد قۇرئاننى ئۆزى توقۇدى**﴾ يەنى ئۆزى ئويدۇرۇپ يالغاندىن توقۇپ چىقتى ﴿**دېيىشەمدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ئۇلارنى مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ﴿**ئەگەر (مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، باياندا) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار مۇھەممەد ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ يالغاندىن توقۇپ چىقتى دېگەن سۆزلىرىدە راستچىل بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر نەرسە كەلتۈرۈپ باقسۇن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرەيشلەر ۋە جىنلار بىلەن ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان پۈتۈن ئەھلى زېمىن بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئون سۈرە ھەتتا بىر سۈرە چاغلىق نەرسىنىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.

www.munber.org

* * * * * * *

أَمۡ خُلِقُواْ مِنۡ غَيۡرِ شَيۡءٍ أَمۡ هُمُ ٱلۡخَٰلِقُونَ ﴿٣٥﴾ أَمۡ خَلَقُواْ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۚ بَل لَّا
يُوقِنُونَ ﴿٣٦﴾ أَمۡ عِندَهُمۡ خَزَآئِنُ رَبِّكَ أَمۡ هُمُ ٱلۡمُصَيۡطِرُونَ ﴿٣٧﴾ أَمۡ لَهُمۡ سُلَّمٞ يَسۡتَمِعُونَ فِيهِۖ فَلۡيَأۡتِ
مُسۡتَمِعُهُم بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾ أَمۡ لَهُ ٱلۡبَنَٰتُ وَلَكُمُ ٱلۡبَنُونَ ﴿٣٩﴾ أَمۡ تَسۡـَٔلُهُمۡ أَجۡرٗا فَهُم مِّن مَّغۡرَمٖ
مُّثۡقَلُونَ ﴿٤٠﴾ أَمۡ عِندَهُمُ ٱلۡغَيۡبُ فَهُمۡ يَكۡتُبُونَ ﴿٤١﴾ أَمۡ يُرِيدُونَ كَيۡدٗاۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ هُمُ ٱلۡمَكِيدُونَ
﴿٤٢﴾ أَمۡ لَهُمۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ ٱللَّهِۚ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٤٣﴾

*ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ﴿35﴾. ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللەنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ﴿36﴾. ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟ ﴿37﴾. ياكى ئۇلارنىڭ (ئاسمانغا چىقىپ) سۆز تىڭشايدىغان شوتىسى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز ئاڭلىغۇچىسى ئوچۇق بىر پاكىتنى كەلتۈرسۇن﴿38﴾. ياكى اللەنىڭ قىزلىرى، سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلار بارمۇ؟ ﴿39﴾. ياكى سەن ئۇلاردىن (دەۋىتىڭ ئۈچۈن) ھەق سوراپ، شۇ زىياندىن (ئۇلارغا) ئېغىر يۈك ئارتىلىپ قېلىپ (ئىمان ئېيتمامدۇ؟) ﴿40﴾. ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىلمى غەيب بولۇپ (ئۇنىڭدىن غەيب نەرسىلەرنى) يېزىۋالامدۇ؟ ﴿41﴾. ياكى ئۇلار ساڭا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتەمدۇ؟ كاپىرلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ﴿42﴾. ياكى ئۇلارنىڭ اللەدىن باشقا مەبۇدى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن (بۇتلىرىدىن) الله پاكتۇر﴿43﴾.*

## الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى يوققا چىقىرىدىغان سوئاللار توغرىسىدا

بۇ، الله تائالانىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىردىنبىر مەبۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سوئاللاردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟﴾** يەنى ئۇلار بىر ئىجاتكارسىز ۋۇجۇتقا كەلگەنمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنمۇ؟ ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى پەقەت الله ياراتتى. ئۇلار تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ ھالدىن كېيىن الله ئۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

ئىمام بۇخارى، جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ: **﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللەنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟﴾** دېگەن يەرگە كەلگەندە، قورققانلىقىمدىن يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم بولسا بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغانلاردىن فىدىيە ئېلىنىدىغانلارنىڭ

www.munber.org

ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ مۇشرىك ئىدى. ئۇنىڭ سۈرە تۇرنىڭ بۇ ئايەتلىرىنى ئاڭلىغانلىقى كېيىن ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

**﴿ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللەنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ﴾** يەنى اللہ ئۇلارنىڭ اللہ غا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئەيىبلەپ: ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار اللہ نىڭ ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشەنچ قىلالماسلىقى ئۇلارنى اللہ غا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟﴾** يەنى خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى ئۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ پادىشاھلىقنى ئۇلار تەسەررۇپ قىلامدۇ؟ ياكى ئۇلار مەخلۇقاتلاردىن ھېساب ئالغۇچىلارمۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەقەت غالىب ۋە بۈيۈك اللہ لا ھەممىگە پادىشاھدۇر، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

**﴿ياكى ئۇلارنىڭ (ئاسمانغا چىقىپ) سۆز تىڭشايدىغان شوتىسى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز ئاڭلىغۇچىسى ئوچۇق بىر پاكىتنى كەلتۈرسۇن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ سۆز ئاڭلىغۇچىسى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ، ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئوچۇق دەلىل كەلتۈرسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول يوق، ئۇلار ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىدەك دەلىل - پاكىتىمۇ يوق.

اللہ ئۇلارنىڭ قىزلارنى اللہ غا نىسبەت بەرگەنلىكىنى، پەرىشتىلەرنى قىز دەپ قارىغانلىقىنى (يەنى پەرىشتىلەرنى اللہ نىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە تۇغۇلغان بالىسىنىڭ قىز ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلسە، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىغى كەلگەنلىكتىن يۈزى قارىداپ كېتىدىغان تۇرۇپ ئۆزلىرىگە (قىزلارنى قويۇپ) ئوغۇللارنى تاللايدىغانلىقىنى، پەرىشتىلەرنى اللہ نىڭ قىزلىرى قىلىپ ئۇلارنى اللہ غا شېرىك كەلتۈرۈپ چوقۇنغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ياكى اللەنىڭ قىزلىرى، سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلار بارمۇ؟﴾** بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىغا قىلىنغان قاتتىق تەھدىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**﴿ياكى سەن ئۇلاردىن (دەۋىتىڭ ئۈچۈن) ھەق سوراپ﴾** يەنى اللہ نىڭ ئەمر - پەرمانىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىپ. **﴿شۇ زىياندىن (ئۇلارغا) ئېغىر يۈك ئارتىلىپ قېلىپ (ئىمان ئېيتالمىدۇ؟)﴾** يەنى ئۇلار مۇشۇنچىلىك كىچىككىنە زىياندىن زېرىككەنلىكى، بۇ زىيان ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرەمدۇ؟ سېنىڭ تەبلىغ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھېچ نەرسە سورىغىنىڭ يوق **﴿ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىلمى غەيب بولۇپ (ئۇنىڭدىن غەيب نەرسىلەرنى) يېزىۋالامدۇ؟﴾** يەنى ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، غەيبنى پەقەت اللہ دىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

**﴿ياكى ئۇلار ساڭا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتەمدۇ؟ كاپىرلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ﴾** يەنى اللہ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ياكى ئۇلار پەيغەمبەر ۋە دىن ھەققىدە ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ھىيلە - مىكىر قىلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنىڭ يامان ئاقىۋىتى پەقەت ئۆزلىرىگە قايتىدۇ. كاپىرلارنىڭ ھىيلە - مىكرى مەغلۇپ بولىدۇ.

**﴿ياكى ئۇلارنىڭ اللەدىن باشقا مەبۇدى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن (بۇتلىرىدىن) اللە پاكتۇر﴾** اللہ بۇ ئايەتتە مۇشرىكلەرنىڭ بۇتقا چوقۇنغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىنى ئۇلارنىڭ

www.munber.org

ئېيتقانلىرىدىن بوھتانلىرىدىن ۋە شېرىكلىرىدىن پاكلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن (بۇتلىرىدىن) اللە پاكتۇر﴾.

* * * * * * *

وَإِن يَرَوۡاْ كِسۡفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ سَاقِطٗا يَقُولُواْ سَحَابٞ مَّرۡكُومٞ ﴿٤٤﴾ فَذَرۡهُمۡ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ
ٱلَّذِي فِيهِ يُصۡعَقُونَ ﴿٤٥﴾ يَوۡمَ لَا يُغۡنِي عَنۡهُمۡ كَيۡدُهُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤٦﴾ وَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ
عَذَابٗا دُونَ ذَٰلِكَ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٧﴾ وَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ فَإِنَّكَ بِأَعۡيُنِنَاۖ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ
رَبِّكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٤٨﴾ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡهُ وَإِدۡبَٰرَ ٱلنُّجُومِ ﴿٤٩﴾

*ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ[44]. ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان كۈنگىچە تەرك ئەتكىن[45]. ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ[46]. ئۇلار ئۈنىڭدىن (يەنى ئاخىرەتتىكى ئازابتىن) بۇرۇن (دۇنيادىمۇ بىر تۈرلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ)، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ[47]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى تەخىر قىلىش) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن، (ئۇيقۇدىن) تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن[48]. كېچىدىمۇ، يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن[49].*

## مۇشرىكلارنىڭ ھەققە قارشى چىققانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلىقىنىڭ بايانى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ھەق بىلەن قارشىلىشىپ، كىبىرلىك يۈزىسىدىن كۆرۈپ تۇرغان نەرسىنىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىپ، ﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى﴾ ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ﴿چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە﴾ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈۋاتقان بۇ ئازابقا چىن پۈتمەي ۋە ئىشەنمەي، بەلكى بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.
اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمى ئەرۋاھنى، پەرىشتىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ). ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك» دېيىشىدۇ﴾[1].
اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ﴿ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان كۈنگىچە﴾ يەنى قىيامەت كۈنىگىچە ﴿تەرك ئەتكىن. ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكرى ئۇلارغا ھېچ مەنپەئەت قىلمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ.
﴿ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ. ئۇلار ئۈنىڭدىن (يەنى ئاخىرەتتىكى ئازابتىن) بۇرۇن (دۇنيادىمۇ بىر تۈرلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ)﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز

(1) سۈرە ھىجر 14 — 15- ئايەتلەر.

www.munber.org

ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى) نى تېتىتىمىز﴾[1].

﴿لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾ يەنى بىز ئۇلارنى دۇنيادا ئازابلايمىز ۋە ئۇلارنىڭ الله تەرىپىگە قايتىشىنى، گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرلۇك مۇسىبەتلەر بىلەن سىنايمىز، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىدىن كۆتۈلگەن بۇ مەقسەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىلسە، ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ ئىشلارنى قىلىدۇ. بىر ئىلاھىي ئەسەردە[2] مۇنداق دېيىلگەن: ئى ئىلاھىم! مەن ساڭا نۇرغۇن قېتىم ئاسىيلىق قىلىمەن، سەن مېنى جازالىمايسەنغۇ؟ الله تائالا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندەم! سېنى مەن نۇرغۇن قېتىم ئەپۇ قىلىمەن، سەن بۇنى بىلمەيسەنغۇ؟

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا ۋە تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى تەخىر قىلىش) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارنى جازالاشتىن ئىبارەت ھۆكمى كەلگىچە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدادۇرسەن، بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدادۇر سەن، الله سېنى كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلايدۇ.

**﴿(ئۇيقۇدىن) تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾** زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: نامازغا تۇرغان ۋاقتىڭدا: ئى الله! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمەن، سېنىڭ ئىسمىڭ بەرىكەتلىكتۇر، سېنىڭ ئەزىمىتىڭ كاتتىدۇر، سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

ئىمام مۇسلىم، ئۆمەرنىڭ نامازنىڭ بېشىدا مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەمۇ ئەبۇسەئىد ۋە باشقىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇنداق دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇجەۋزا بۇ ئايەتنى: ئۇيقۇڭدىن ئويغىنىپ كۆرپەڭدىن **﴿تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾** دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. بۇنىڭغا ئىبنى جەرىرمۇ قوشۇلدى. بۇ قاراشنى ئىمام ئەھمەد، ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس تەكىتلەيدۇ. ئۇبادە ئىبنى سامىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى سەھەردە ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ تەنھادۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ سانالار الله غا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، الله نى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن، جىمى ھەمدۇ سانالار الله غا خاستۇر، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، الله ئەڭ بۈيۈكتۇر، كۈچ قۇۋۋەت پەقەت الله غىلا مەنسۇپتۇر، دېسە، ئاندىن: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، دېسە ياكى دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، ئەگەردە ئۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل قىلىنىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇنەجىيھ، مۇجاھىدنىڭ بۇ ئايەتنى: ھەر قانداق سورۇندىن **﴿تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾** دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. سەۋرى،

---

[1] سۈرە سەجدە 21- ئايەت.

[2] ئىلاھىي ئەسەر دېگىنىمىز: الله مەدھىيلىنىدىغان شېئىر ياكى الله بىلەن بولغان مۇناجاتقا ئوخشاش نەرسىلەرگە قارىتىلىدۇ.

www.munber.org

ئەبۇئىسھاقدىن، ئەبۇئەھۋەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن**﴾ دېگەن بۇ ئايەت ھەر بىر ئادەم ئۆز ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا: ئى الله! سېنى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، دېيىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام تىرمىزى، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر سورۇندا ئولتۇرسا، ئۇ سورۇندا بىھۇدە سۆزلەر كۆپ بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ شۇ سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى: ئى الله! سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ بەرھەق يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، سېنىڭدىن گۇناھىم ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن، دېسە، الله ئۇنىڭ شۇ سورۇندىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئى ۋە ھاكىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**كېچىدىمۇ، يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن**﴾ يەنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، كېچىدە ناماز ئوقۇش بىلەن الله نى ياد ئەتكىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر﴾[1].

﴿**يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن**﴾ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنىشىچە: كېچىدە ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىن الله غا تەسبىھ ئېيتىش دېگەنلىك، بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىن ئوقۇلۇشقا يول قويۇلغاندۇر. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نەپلە نامازلاردىن ھېچ بىرىگە، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندەك قاتتىق ئەھمىيەت بەرمەيتتى. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىنمۇ ياخشىدۇر».

شۇنىڭ بىلەن سۈرە تۇرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله غا مەنسۇپتۇر.

[1] سۈرە ئىسرا 79- ئايەت.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە نەجم — 62 ئايەت

### بۇ سۈرىنىڭ، سەجدە ئايىتى نازىل بولغان تۇنجى سۈرە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى، ئابدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سۈرە نەجم سەجدە ئايىتى نازىل بولغان تۇنجى سۈرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىدە سەجدە قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىكى پەقەت بىر ئادەمدىن باشقا كىشىلەرمۇ سەجدە قىلدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ بىر سىقىم توپا ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كاپىر ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَٱلنَّجْمِ إِذَا هَوَىٰ ﴿١﴾ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَىٰ ﴿٢﴾ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَىٰ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى[1]. سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى[2]. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ[3]. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىلا سۆزلەيدۇ[4].***

### اللہ تائالانىڭ پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ پەقەت ۋەھىينىلا سۆزلەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلىشى توغرىسىدا

شەئبىي ۋە باشقىلار: ياراتقۇچى اللہ مەخلۇقاتلاردىن نېمىنى خالىسا شۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلىدۇ. يارىتىلغۇچى پەقەت ياراتقۇچى بىلەن قەسەم قىلىشى كېرەك، دەيدۇ. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

﴿**ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى**﴾ ئىبنى ئەبۇنەجىھ، مۇجاھىدنىڭ بۇ ئايەتنى: تاڭ يورۇش بىلەن ساقىيدىغان ئۈركەر يۇلتۇزلىرى بىلەن قەسەمكى، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

زەھھاك بۇ ئايەتنى: شەيتانلار ئېتىلغان چاغدا ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم، دەپ تەپسىر قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى اللہ تائالا نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اللەنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى

www.munber.org

كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1].

﴿**سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى**﴾ مانا بۇ قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. بۇ قەسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە، ھەققە ئەگەشكەنلىكىگە، نادانلىق بىلەن خاتا يولغا ماڭغان نادان گۇمراھلاردىن ۋە ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئاداشقانلاردىن ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. اللە پەيغەمبىرىنى ۋە دىنىنى خرىستىئانلارغا ئوخشاش گۇمراھلارنىڭ، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدىغان ئازغۇن يەھۇدىي پىرقىلىرىنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكلىدى. مانا بۇ، اللە نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان رەھمىتى ۋە سالامى بولۇپ، بۇ اللە نىڭ ئۇنى غايەت زور دەرىجىدە داغدام، توغرا ۋە دۇرۇس بولغان كاتتا دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ**﴾ يەنى بىر ئىغىز سۆزنىمۇ ئۆز خاھىشى ۋە غەرىزى بىلەن قىلمايدۇ. ﴿**پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ**﴾ يەنى ئۇ پەقەت كىشىلەرگە اللە تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇغان نەرسىنى قىلچە قوشۇپ قويماستىن ۋە كېمەيتىۋەتمەستىن ئەينەن ۋە تولۇق يەتكۈزىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمامىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەمەس بىر ئادەمنىڭ شاپائىتى بىلەن ئىككى قەبىلە- رەبىئە ۋە مۇزەر قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرىدەك ياكى ئۇ ئىككى قەبىلىنىڭ بىرىنىڭ ئادەملىرىدەك كىشىلەر جەننەتكە چوقۇم كىرىدۇ» بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! رەبىئە قەبىلىسى، مۇزەر قەبىلىسى بىلەن بىر ئەمەسمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن پەقەت دېمەكچى بولغان سۆزنىلا دەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەر قانداق نەرسىنى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن يېزىۋالاتتىم. قۇرەيش مۇسۇلمانلىرى ماڭا: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەر قانداق نەرسىنى يېزىۋالىدىكەنسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا بىر ئىنساندۇر. ئۇ ئاچچىقى كەلگەن چاغدىمۇ سۆزلەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن يېزىشتىن توختاپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتىم. ئۇ: «يازغىن، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەقەت ھەقنى سۆزلەيمەن» دېدى. بۇنى ئىمام ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

[1] سۈرە ۋاقىئە 75— 80- ئايەتلەر.

www.munber.org

عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ ٱلۡقُوَىٰ ﴿٥﴾ ذُو مِرَّةٖ فَٱسۡتَوَىٰ ﴿٦﴾ وَهُوَ بِٱلۡأُفُقِ ٱلۡأَعۡلَىٰ ﴿٧﴾ ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّىٰ ﴿٨﴾
فَكَانَ قَابَ قَوۡسَيۡنِ أَوۡ أَدۡنَىٰ ﴿٩﴾ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَىٰ عَبۡدِهِۦ مَآ أَوۡحَىٰ ﴿١٠﴾ مَا كَذَبَ ٱلۡفُؤَادُ مَا رَأَىٰٓ ﴿١١﴾
أَفَتُمَٰرُونَهُۥ عَلَىٰ مَا يَرَىٰ ﴿١٢﴾ وَلَقَدۡ رَءَاهُ نَزۡلَةً أُخۡرَىٰ ﴿١٣﴾ عِندَ سِدۡرَةِ ٱلۡمُنتَهَىٰ ﴿١٤﴾ عِندَهَا جَنَّةُ
ٱلۡمَأۡوَىٰٓ ﴿١٥﴾ إِذۡ يَغۡشَى ٱلسِّدۡرَةَ مَا يَغۡشَىٰ ﴿١٦﴾ مَا زَاغَ ٱلۡبَصَرُ وَمَا طَغَىٰ ﴿١٧﴾ لَقَدۡ رَأَىٰ مِنۡ ءَايَٰتِ رَبِّهِ
ٱلۡكُبۡرَىٰٓ ﴿١٨﴾

*ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى﴿5﴾. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى﴿7-6﴾. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى﴿8﴾. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى﴿9﴾. الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى﴿10﴾. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى)﴿11﴾. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟﴿12﴾. ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى﴿14-13﴾. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر﴿15﴾. (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴿16﴾. (پەيغەمبەر)نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلىگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى﴿17﴾. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى﴿18﴾.*

## پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ تەلىم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى ئۇنىڭغا ﴿**كۈچلۈك پەرىشتە**﴾ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قۇرئان ھەقىقەتەن (اللەنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر﴾[1].

﴿**ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ**﴾ مۇجاھىد، ھەسەن ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى: ئۇ كۈچلۈك پەرىشتە بولۇپ، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەدىقە باي، كۈچلۈك ۋە ساغلام تەن ئىگىسىگە ھالال بولمايدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام داۋۇد رىۋايەت قىلغان[2].

---

[1] سۈرە تەكۋىر 19ــ 21- ئايەتكىچە.
[2] يۇقىرىدىكى تەپسىر بىلەن بۇ ھەدىسنىڭ مۇناسىۋىتى تەپسىردىكى كۈچلۈك دېگەن سۆز - ئىبارىسىنى تەكىتلەشتۇر.

www.munber.org

**﴿يۇقىرى ئۇپۇقتا﴾** يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سۈبھى يورۇيدىغان، تاڭ ئاتىدىغان، كۈن چىقىدىغان تەرەپتە ئۆز شەكلىدە **﴿تۇردى﴾** ھەسەن، مۇجاھىد، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ئىكرىمە، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە كۆرگەن، جىبرىئىلنىڭ 600 قانىتى بولۇپ ھەر بىر قانىتى ئۇپۇقنى توسۇۋالاتتى، ئۇنىڭ قانىتىدىن رەڭگا ـ رەڭ نۇر جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مەرۋايىت ۋە ياقۇتتەك نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى الله بىلگۈچىدۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. جىبرىئىل: ئۇنداقتا پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلغان. ئاندىن شەرق تەرەپتىن بىر قاراڭغۇلۇق چىقىپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ۋە ئەتراپنى قاپلاشقا باشلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن جىبرىئىل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن چىققان كۆپۈكنى سۈرتكەن.

## ﴿ئۇ ئىككى ياچاق مىقدارى يېقىنلاشتى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

**﴿ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى﴾** يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا زېمىنغا چۈشكەن چاغدا ئۇنىڭغا شۇ قەدەر يېقىنلاشتىكى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچىسە (ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى) ئارانلا ئىككى ياچاق مىقدارى كېلەتتى. مۇجاھىد ۋە قەتادە شۇنداق تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەتتىن ئوقيانىڭ كىرىچى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى بېشىنى باغلايدىغان ئارىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپمۇ تەپسىر قىلىنغان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇ قەدەر يېقىنلاشقۇچى ھەقىقەتەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇزەر ۋە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ سۆزىدۇر.

ئىبنى جەرىر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ **﴿ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى﴾** دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جىبرىئىلنى كۆردۈم، ئۇنىڭ 600 قانىتى بار ئىكەن».

ئىمام بۇخارى شەيبانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن زەررىدىن[1] الله نىڭ **﴿ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى﴾** دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق سورىدىم، ئۇ: بىزگە ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ 600 قانىتى بارلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، دېدى.

**﴿الله بەندىسىگە﴾** يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك **﴿ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى﴾**. سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ الله تائالانىڭ **﴿الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە: الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئۇ سېنى

[1] بۇ كىشى ئەبۇزەر ئەمەس.

www.munber.org

يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟﴾[1] ﴿سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق﴾[2] دېگەن ئايەتلەرنى ۋەھيي قىلدى، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. باشقا تەپسىرشۇناسلار: اللہ ئۇنىڭغا: جەننەتكە سەن كىرمىگىچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى، سېنىڭ ئۈممىتىڭ كىرمىگىچە باشقا ئۈممەتلەرنىڭ كىرىشى هارامدۇر دەپ ۋەھيي قىلدى، دەيدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا كېچىسى پەرۋەردىگارىنى كۆرگەنمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

﴿**ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى). (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟**﴾ ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلدۇكى، ئۇ ﴿**ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى**﴾ ۋە ﴿**ئۇ ئۇنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم كۆردى**﴾ دېگەن ئايەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى دىلى بىلەن ئىككى قېتىم كۆردى، دەيدۇ. سەمماكمۇ ئىبنى ئابباستىن ئىمام مۇسلىمغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان. ئەبۇسالىھ، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى ھەقىقەتەن دىلى بىلەن ئىككى قېتىم كۆردى، دەيدۇ.

مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆرگەنمۇ؟ دېدىم. ئۇ: سەن ھەقىقەتەن شۇنداق بىر نەرسىنى سورىدىڭكى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكىمدىن چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى، دېدى. مەن ئۇزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ دەپ، ئاندىن: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆردى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم، دېدىم. ئۇ: ئەقلىڭ نەگە كەتتى؟ ئۇ ھەقىقەتەن جىبرىئىلنى كۆردى، ساڭا كىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆردى ياكى ئۇ پەرۋەردىگارى بۇيرۇغان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى يوشۇردى ياكى ئۇ اللہ تائالا ئېيتقان بەش ئىشنى، يەنى: ﴿**قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللە يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ...**﴾[3] دېگەنلەرنى بىلىدۇ، دەپ خەۋەر قىلغان بولسا، بۇ اللہ غا ئەڭ چوڭ يالغاننى چاپلىغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ جىبرىئىلنى كۆردى، ئۇنى ئۆز شەكلىدە پەقەت ئىككى قېتىم كۆردى. بىر قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىنىڭ يېنىدا، يەنە بىر قېتىم ئەجيادتا[4] كۆردى، جىبرىئىلنىڭ **600** قانىتى بولۇپ، ئۇپۇقنى يۆگىگەن ئىدى دېدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇزەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەرۋەردىگارىڭنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم نۇردۇر، نۇرنى قانداقمۇ كۆرىمەن؟» يەنە بىر رىۋايەتتە: «نۇرنى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿**ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر**﴾ مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىلنى اللہ ياراتقان ئۆز شەكلىدە ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشى بولۇپ، ئۇ ئىسرا كېچىسى ئىدى. بىز ئىسرا توغرۇلۇق

---

[1] سۈرە زۇھا 6- ئايەت.
[2] سۈرە ئىنشىراھ 4- ئايەت.
[3] سۈرە لۇقمان 34- ئايەت.
[4] مەككىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

www.munber.org

رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى سۈرە ئىسرانىڭ بېشىدا بايان قىلغان ئىدۇق، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مەسئۇدتىن ﴿**ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى**﴾ دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جىبرىئىلنى كۆردۈم، ئۇنىڭ 600 قانىتى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيلىرىدىن رەڭگا - رەڭ نۇر جۇلالىنىپ، مەرۋايىت ۋە ياقۇتتەك نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى» ئىمام ئەھمەد يەنە ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە كۆردى، ئۇنىڭ 600 قانىتى بولۇپ، ھەر بىر قانىتى ئۇپۇقنى توسۇۋالاتتى، ئۇنىڭ قانىتىدىن رەڭگا - رەڭ نۇر ۋە ياقۇتتەك نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى اللە ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ئىمام ئەھمەد يەنە ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جىبرىئىلنى سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدا كۆردۈم. ئۇنىڭ 600 قانىتى بار ئىدى» بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاسىمدىن جىبرىئىلنىڭ قاناتلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى توغرۇلۇق سورىدىم. ئۇ ماڭا دەرھال جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىدى، كېيىنرەك ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرىنىڭ ماڭا خەۋەر قىلىشىچە ئۇنىڭ بىر قانىتىنىڭ چوڭلۇقى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدىكەن.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان مۇئەللەق يېشىل تون ئىچىدە كەلدى».

ئىمام ئەھمەد، ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەسرۇق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆرگەنمۇ؟ دېگەن ئىدى. ئائىشە: اللە نى پاك دەپ بىلىمەن! ئېيتقانلىرىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكىمدىن چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى، سەن ئۈچ ئىشنى بىلمەمسەن؟ كىم ساڭا ئۇلارنى سۆزلىسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلەيدۇ.

بىرىنچىسى، كىم ساڭا مۇھەممەد پەرۋەردىگارىنى كۆردى دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، دېدى. ئاندىن ئائىشە: ﴿كۆزلەر اللە نى كۆرمەيدۇ، اللە كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾[1] ﴿اللە ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان﴾[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقىدى.

ئىككىنچىسى، كىم ساڭا مۇھەممەد ئەتىسى بولىدىغان ئىشلارنى بىلىدۇ دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، دېدى. ئاندىن ﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللە يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) اللە بىلىدۇ﴾[3].

[1] سۈرە ئەنئام 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇرا 51- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە لۇقمان 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۈچىنچىسى، كىم ساڭا مۇھەممەد ھەقنى يوشۇردى دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، دېدى. ئاندىن ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملار نىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقىدى ۋە مۇنداق دېدى: لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە ئىككى قېتىم كۆردى.

ئىمام ئەھمەد يەنە مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشەنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇنىڭغا: اللە ﴿ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى﴾[2] ﴿ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى﴾ دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ دېسەم، ئائىشە: مەن بۇ ھەقتە بۇ ئۈممەتتىن تۇنجى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ سوئالنى سورىغان ئىدىم. ئۇ: «مېنىڭ كۆرگىنىم ھەقىقەتەن جىبرىئىلدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇ جىبرىئىلنى اللە ياراتقان ئۆز شەكلىدە پەقەت ئىككى قېتىم كۆردى. بىر قېتىم ئۇنى ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ جىسمى ئۇپۇقنى توسقان ھالەتتە كۆردى. ئۇنىڭ جىسمى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدىنمۇ چوڭ ئىدى، دېدى. بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

## پەرىشتىلەرنىڭ، نۇرنىڭ ۋە ھەر خىل رەڭلەرنىڭ سىدرە دەرىخىنى ئورىۋالغانلىقى توغرىسىدا

﴿(ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى﴾ پەرىشتىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل رەڭلەر ﴿قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴾ ئىسرا ھەققىدىكى ھەدىسلەردە سىدرەتۇلمۇنتەھانى پەرىشتىلەر گويا قاغىلاردەك ئورىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئورىۋالغانلىقى ۋە يەنە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل رەڭلەر ئورىۋالغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ھەقتە سورالغاندا: «ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مەن بىلەيمەن» دېگەنلىكى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى جاي سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىغا يېتىپ باردى، ئۇ يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندا بولۇپ زېمىندىن ئۆرلىتىلگەن ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ يېنىدا توختىتىلاتتى. ئاندىن ئۇ يەردىن ئۈستىگە ئېلىپ كېتىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەر قانداق نەرسە يەنە ئۇنىڭ يېنىدا توختىتىلاتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن ئېلىپ چۈشۈرۈلەتتى.

﴿(ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴾ يەنى ئۇنى ئالتۇن پۈپۈكلار قاپلىغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەش ۋاخلىق ناماز، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى زامان ئۈممىتىدىن كىمكى اللە غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسە، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق ئۈچ نەرسە بېرىلدى. بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿(پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ - سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ كۆزى ئوڭ - سولغا كېتىپ قالمىدى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

---

[1] سۈرە مائىدە 76- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەكۋىر 23- ئايەت.

﴿(كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى﴾ يەنى الله بۇيرۇغان نەرسىدىن ئۆتۈپ كەتمىدى. مانا بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلاشتا مۇستەھكەم تۇرۇشتىكى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئىتائەت قىلىشتىكى كاتتا سۈپەتتۇر. چۈنكى، ئۇ پەقەت الله بۇيرۇغاننى قىلدى. الله بەرگەن نەرسىدىن ئارتۇق سورىمىدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن﴾[1] سۈننى ئەقدىسىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ئىسرا كېچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانى كۆرۈشى سادىر بولمىغان دېگەن قاراشتا بولغانلار بۇ ئىككى ئايەتنى ئۆز سۆزلىرىگە دەلىل قىلىدۇ، ئۇلار: چۈنكى، الله ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ **(قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆردى﴾** دېدى، ئەگەر ئۇ پەرۋەردىگارىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ بۇ خەۋەرنى كىشىلەرگە چوقۇم دەپ بېرەتتى، دەپ قارايدۇ.

* * * * * * *

أَفَرَءَيۡتُمُ ٱللَّٰتَ وَٱلۡعُزَّىٰ ﴿١٩﴾ وَمَنَوٰةَ ٱلثَّالِثَةَ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ ﴿٢٠﴾ أَلَكُمُ ٱلذَّكَرُ وَلَهُ ٱلۡأُنثَىٰ ﴿٢١﴾ تِلۡكَ إِذٗا
قِسۡمَةٞ ضِيزَىٰٓ ﴿٢٢﴾ إِنۡ هِيَ إِلَّآ أَسۡمَآءٞ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٍۚ إِن
يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَمَا تَهۡوَى ٱلۡأَنفُسُۖ وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّن رَّبِّهِمُ ٱلۡهُدَىٰٓ ﴿٢٣﴾ أَمۡ لِلۡإِنسَٰنِ مَا تَمَنَّىٰ
﴿٢٤﴾ فَلِلَّهِ ٱلۡأٓخِرَةُ وَٱلۡأُولَىٰ ﴿٢٥﴾ ۞ وَكَم مِّن مَّلَكٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ لَا تُغۡنِي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـًٔا إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ
أَن يَأۡذَنَ ٱللَّهُ لِمَن يَشَآءُ وَيَرۡضَىٰٓ ﴿٢٦﴾

*ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (اللەتائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)﴿19 - 20﴾. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا اللەغا خاسمۇ؟﴿21﴾. ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴿22﴾. بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، الله بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىر دەلىل - پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك - شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ﴿23﴾. ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ﴿24﴾. ئاخىرەت ۋە دۇنيا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ)﴿25﴾. ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴿26﴾.*

[1] سۈرە ئىسرا 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ۋە لات، ئۇززا، مانات بۇتلىرى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا ۋە شېرىكلەرگە چوقۇنغانلىقى، ئۇ بۇتلىرىغا ۋە شېرىكلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك اللّٰه نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان كەبىگە ئوخشىتىپ ئۆيلەرنى سېلىپ بەرگەنلىكىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (اللّٰەتائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)**﴾.

لات نەقىشلەنگەن ئاق تاش بولۇپ تائىبتا[1] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان يوپۇقلىرى ۋە خىزمىتىنى قىلىدىغان خىزمەتچىلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپى ھويلۇلۇق ئىدى. سەقىف قەبىلىسى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن بولغان تائىفلىقلار ئۇنى ئۇلۇغلايتتى، ئۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەردىن باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە كۆز - كۆز قىلاتتى. ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار لاتنىڭ ئىسمىنى اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىدىن تۇرلەپ چىقىرىپ "لات" دېيىشكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى چىشى ئىلاھ دېمەكچى بولغان، اللّٰه ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇلار لاتنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: لات بىر ئەر كىشى بولۇپ جاھىلىيەت دەۋرىدە ھاجىلارغا تالقان قورۇپ بېرەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئادەملەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇندى.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لات بىر ئەر كىشىنىڭ ئىسمى بولۇپ ئۇ كىشى ھايات چېغىدا ھاجىلارغا تالقان قورۇپ بېرەتتى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇززا دېگەن ئىسىممۇ اللّٰه تائالا نىڭ ئەزىز دېگەن ئىسمىدىن ئېلىنغان. ئۇ بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان ۋە يوپۇقلار يېپىلغان. ئۇ مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىسىدىكى نەخلە دېگەن جايغا جايلاشقان بولۇپ قۇرەيشلەر ئۇنى ئۇلۇغلايتتى. مەسىلەن: ئەبۇسۇفيان ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇسۇلمانلارغا: بىزنىڭ ئۇززايىمىز بار، سىلەرنىڭ ئۇززايىڭلار يوق، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «اللّٰه بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر، سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار يوق دەڭلار» دېگەن.

ماناتقا كەلسەك، ئۇ مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى قەدىد دېگەن جاينىڭ مۇشەللەل دېگەن يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە خۇزائە، ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرى ئۇنى ئۇلۇغلايتتى، كەئبىگە بېرىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىن تەلبىيە ئېيتىپ ماڭاتتى. ئىمام بۇخارى، ئائىشەدىن شۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان. اللّٰه نىڭ ئەزىز كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى بۇ ئۈچ بۇتتىن باشقا يەنە نۇرغۇن بۇتلار بولۇپ ئەرەبلەر ئۇ بۇتلارنى گويا كەبىنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلايتتى. اللّٰه پەقەت بۇ ئۈچ بۇتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى چۈنكى، ئۇلار باشقىلىرىغا قارىغاندا ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىدى.

ئىمام نەسەئى، ئەبۇتۇفەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىدنى نەخلە دېگەن جايغا ئەۋەتتى. ئۇ جايدا ئۇززا ناملىق بۇت بار ئىدى. خالىد ئۇ يەرگە كەلدى. ئۇززا ئۈچ تۈپ سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئىدى. خالىد سەمۇرە دەرەخلىرىنى كېسىپ، ئۇززا ئوراپ سېلىنغان ئۆينى ئۆرۈۋېتىپ تاشلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ قىلغان ئىشلىرىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] جاي ئىسمى.

www.munber.org

«ئۇ يەرگە قايتا بارغىن، سەن ھەققەتەن ھېچ ئىش قىلماپسەن» دېدى. خالىد ئۇ يەرگەن قايتا باردى. خالىدنى كۆرگەن ئۇززانىڭ خىزمەتچىلىرى يەنى دەرۋازىۋەنلىرى ھىيلە ئىشلىتىپ: ئى ئۇززا! ئى ئۇززا! ئۇززا! دەپ توۋلاشقىلى تۇردى. خالىد ئۇززانىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ يەردە قىپ يالىڭاچ، چېچى چۇۋۇق، بېشىغا توپا چېچىپ تۇرغان بىر ئايال تۇراتتى. خالىد ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ قىلغان ئىشىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ ئۇززادۇر» دېدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: لات، سەقىف قەبىلىسىنىڭ بۇتى بولۇپ تائىفقا جايلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە دەرۋازىۋەنلىرى بەنىي مۇئەتەب قەبىلىسىدىن ئىدى. مەن (يەنى ئاپتور) مۇنداق دەپ قارايمەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بۇتنى چېقىشقا مۇغىيرە ئىبنى شۆبە بىلەن ئەبۇسۇفيان سەخر ئىبنى ھەربنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۇ بۇتنى چېقىپ ئۇنىڭ ئورنىنى تائىفلىقلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدىغان مەسجىت قىلىپ بەردى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مانات بولسا ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ ۋە مەدىنە ئاھالىسىدىن ئۇلار بىلەن دىنداش بولغانلارنىڭ بۇتى بولۇپ، قەدىد دېگەن جاينىڭ مۇشەللەل دېگەن يېرىگە ئۇدۇل كېلىدىغان دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چېقىشقا ئەبۇسۇفيان سەخر ئىبنى ھەربنى ئەۋەتتى، ئۇ ئۇنى چېقىپ تاشلىدى. ئۇنى چېقىشقا ئەلىي ئىبنى ئەبۇتالىب ئەۋەتىلگەن دېگەن قاراشلارمۇ بار.

زۇلخەلەسە بولسا دەۋس، خەسئەم، بەجىيلە قەبىلىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتى تەبالە رايونىدىكى ئەرەبلەرنىڭ بۇتخانىسى ئىدى. مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئۇ بۇتخانا يەمەن كەبىسى، مەككىدىكى كەبە بولسا شام كەبىسى دەپ ئاتىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بۇتخانىغا جەرىر ئىبنى ئابدۇللا بەجەلىنى ئەۋەتتى، ئۇ بېرىپ ئۇ بۇتخانىنى چېقىپ تاشلىدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: فەلس بولسا تەي قەبىلىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاشقان، تەي تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى سەلما ۋە ئەجا قەبىلىلىرىنىڭ بۇتى ئىدى. ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: بەزى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چېقىشقا ئەلىي ئىبنى ئەبۇتالىبنى ئەۋەتكەن، ئۇ بېرىپ ئۇنى چېقىپ تاشلىغان ۋە ئۇ يەردىن غەنىمەت ئېلىنغان نەرسىلەردىن رۇسۇپ ۋە مىخزەم ناملىق ئىككى قىلىچنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى قىلىچنى ئەلىيگە بېرىۋەتكەن. مانا بۇ، ئەلىنىڭ ئىككى قىلىچى دەپ ئاتالغان قىلىچلاردۇر.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ھەمىر قەبىلىسىنىڭ ۋە يەمەنلىكلەرنىڭ سەنئادا بىر بۇتخانىسى بولۇپ، ئۇ بۇتخانا ”رەييام“ دەپ ئاتىلاتتى. ئېيتىلىشىچە بۇتخانىدا بىر قارا ئىت بار ئىكەن. پادىشاھ تۇببە بىلەن بىللە يەمەنگە بارغان ئىككى يەھۇدىي ئالىم بۇ ئىتنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە بۇتخانىنى چېقىۋەتكەن. مانات ئىبنى تەمىم جەمەتىدىن بولغان بەنىي رەبىئە ئىبنى كەئب قەبىلىسىنىڭ رىزا ناملىق بۇتخانىسى بار ئىدى.

ئىسلام دەۋرىدە مۇستەۋغىر ئىبنى رەبىئە ئۇنى چاققان چاغدا مۇنداق دېگەن:

ھەققەتەن مەن بەردىم رىزاغا بىر خاتىمە،
تاشلاپ كەتتىم ئۇ يەرنى قىلىپ قاقاس خارابە.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ۋائىلنىڭ ئىككى ئوغلىدىن كېلىپ چىققان بەكر بىلەن تەغلىپ قەبىلىلىرىنىڭ ۋە ئىياد قەبىلىسىنىڭ سەنداد دېگەن يەردە بۇتخانىلىرى بار ئىدى.

www.munber.org

## مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلەرنى ئەركەك، پەرىشتىلەرنى چىشى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

**﴿ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (اللهتائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟). (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا اللهغا خاسمۇ؟﴾** يەنى اللهغا بالا چاپلاپ ۋە اللهنىڭ بالىسىنى قىز دەپ ئۆزەڭلارغا ئوغۇللارنى تاللامسىلەر؟ ئەگەر سىلەر تەقسىماتنى مۇشۇنداق قىلساڭلار باشقا مەخلۇقاتلارمۇ سىلەردەك بولسا، ئۇنداقتا بۇ تەقسىمات چوقۇم **﴿ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾** يەنى بۇ تەقسىمات زومىگەرلەرچە قىلىنغان باتىل تەقسىماتتۇر. ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا ئارىسىدىكى بۇ تەقسىمات ناۋادا ھەقىقىي تەقسىمات بولغىنىدا ئەخمەقلەرچە قىلىنغان بۇ تەقسىماتنى پەرۋەردىگارىڭلارغا قانداقمۇ مۇناسىپ كۆرۈۋسىلەر؟

الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇپ، بۇتلارنى ئىلاھ دەپ ئاتاپ، بۇ ھەقتە پەيدا قىلغان يالغان ۋە بوھتان سۆزلىرى ئۈچۈن ۋە كۇفرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا - بوۋاڭلار﴾** ئۆز تەرىپىڭلاردىن **﴿ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، الله بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىر دەلىل - پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك - شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى مۇشۇ يولنى تۇتۇپ ماڭغان ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىتا بولغان ياخشى گۇماندىن باشقا ھېچبىر تايانغىدەك نەرسىسى يوق، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى رىياسەتچىلىك قىلىش، بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۇلۇغلاش بىلەنلا ئۆزلىرىنى خۇش قىلىشىدۇ.

الله ئۇلارغا نۇرلۇق ھەقىقەت، كەسكىن دەلىل - پاكىت بىلەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشمىدى ۋە بويسۇنمىدى.

## ياخشىلىقنىڭ ئارزۇ قىلىش بىلەنلا قولغا كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ﴾** يەنى ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلغان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. **﴿( الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ﴾**[1]. ئۆزىنى ھىدايەت تاپقۇچى دەپ ئويلىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولمايدۇ، بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەر قانداق كىشىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەردىن بىرەرسى بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە قاراپ باقسۇن، ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىدىن ئۆزىگە نېمىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ».

---

[1] سۈرە نىسا 123- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿**ئاخىرەت ۋە دۇنيا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، ھەر قانداق ئىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسى بولغان الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەممە ئىشنى الله ئىدارە قىلغۇچىدۇر، الله خالىغان نەرسىلا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، خالىمىغان نەرسە ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ.

## ھېچبىر شاپائەتنىڭ الله نىڭ رۇخسىتىسىز قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1] ﴿الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللەنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴾[2] الله غا يېقىن پەرىشتىلەرنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، ئى نادانلار! الله نىڭ دەرگاھىدا بۇ بۇتلىرىڭلارنىڭ ۋە شېرىكلىرىڭلارنىڭ شاپائىتىنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلىسىلەر؟ الله تائالا بۇتلارغا چوقۇنۇشنى يولغا قويمىدى. ئۇنىڭغا رۇخسەتمۇ قىلمىدى. بەلكى، بارلىق پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ۋە نازىل قىلغان بارلىق كىتابلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسمىدىمۇ؟

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ لَيُسَمُّونَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ تَسۡمِيَةَ ٱلۡأُنثَىٰ ﴿٢٧﴾ وَمَا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٍۖ
إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّۖ وَإِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغۡنِي مِنَ ٱلۡحَقِّ شَيۡـٔٗا ﴿٢٨﴾ فَأَعۡرِضۡ عَن مَّن تَوَلَّىٰ عَن ذِكۡرِنَا وَلَمۡ
يُرِدۡ إِلَّا ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ﴿٢٩﴾ ذَٰلِكَ مَبۡلَغُهُم مِّنَ ٱلۡعِلۡمِۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ
أَعۡلَمُ بِمَنِ ٱهۡتَدَىٰ ﴿٣٠﴾

*شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلار پەرىشتىلەرنى (اللەنىڭ قىزلىرى دەپ) چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ﴿27﴾. ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ﴿28﴾. بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان)دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن﴿29﴾. ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴿30﴾.*

## پەرىشتىلەرنى الله نىڭ قىزلىرى دەۋالغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارغا ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرنى ”الله نىڭ قىزلىرى“ دەپ، ئۇلارنى چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. الله بالا تۇتۇشتىن پاكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار مەرھەمەتلىك اللەنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى، اللە پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۇستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز

[1] سۈرە بەقەرە 255- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەبە 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىدۇ؟) ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە - ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ﴾[1] .

﴿**ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس**﴾ يەنى ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق توغرا ئىلىم يوق. بەلكى، ئۇ يالغان بوھتان، توقۇلما ۋە يىرگىنچلىك كۇفرى سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر.

﴿**ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ**﴾ يەنى گۇمان ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ھەرگىز ھەقنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن گۇمان ئەڭ يالغان سۆزدۇر».

## باتىل يولدىكىلەردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان) دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن**﴾ يەنى ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىن سەنمۇ يۈز ئۆرۈگىن، ئۇنى تاشلىغىن، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ۋە ئىلمىدىن ئېرىشمەكچى بولغىنى دۇنيادىنلا ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر غايىسىدۇر. ئۇنىڭدا ھېچ بىر ياخشىلىق بولمايدۇ، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ ئىلمىدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ**﴾ يەنى دۇنيا تەلەپ قىلىش ۋە دۇنيا ئۈچۈن تىرىشىش ئۇلارنىڭ يېتىشكە تېگىشلىك بىردىنبىر غايىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر دۇئاسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئى الله! دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە ئىلمىدىن يېتىدىغان يېرىمىز قىلمىغىن» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

﴿**شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر، بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ قۇدرىتى، ئىلمى ۋە ھېكمىتى ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدۇ، ئۇ ئادىل بولۇپ شەرىئىتىدىمۇ ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدىمۇ ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ.

* * * * * * *

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى ﴿٣١﴾ ٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ إِلَّا ٱللَّمَمَۚ إِنَّ رَبَّكَ وَٰسِعُ ٱلۡمَغۡفِرَةِۚ هُوَ أَعۡلَمُ بِكُمۡ إِذۡ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ وَإِذۡ أَنتُمۡ أَجِنَّةٞ فِي بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمۡۖ فَلَا تُزَكُّوٓاْ أَنفُسَكُمۡۖ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَنِ ٱتَّقَىٰٓ ﴿٣٢﴾

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ مۈلكىدۇر، (اللە) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴿31﴾. ئۇلار***

[1] سۈرە زۇخرۇف 19- ئايەت.

www.munber.org

*چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر، اللە سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، اللە تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ*﴿32﴾.

## اللە نىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقى، ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار ئىچىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە ئىنسانلارنى ھەق بىلەن ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

**﴿(اللە) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾** يەنى اللە ھەر بىر كىشىگە قىلمىشىغا قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئەمەلى ياخشىلىق بولسا ياخشىلىققا، يامانلىق بولسا يامانلىققا ئېرىشىدۇ.

## ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتى ۋە چوڭ گۇناھلاردىن باشقا كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە بۇ ئايەتتە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ئىزاھلاپ: ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ، يەنى ھارام قىلىنغان چوڭ گۇناھلارنى قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بەزى كىچىك گۇناھلار سادىر بولغان بولسا، اللە ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرىدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىممىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾[1].

**﴿ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾**

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتقان نەرسىلەردەك كىچىك گۇناھلارغا ئوخشايدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ئادەم ئەۋلادىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسىنى پۈتتۈۋەتكەن. ئۇ ئەنە شۇ نېسىۋىسىنى چوقۇم تاپىدۇ. كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر، كۆڭۈل بولسا تارتىدۇ ۋە ئىشتىھا قىلىدۇ. جىنسىي ئەزا ئۇنى راستقا چىقىرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ » بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر، ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، ئىككى كالپۇكنىڭ زىناسى سۆيۈشتۇر، ئىككى قولنىڭ زىناسى تۇتۇشتۇر، ئىككى پۇتنىڭ زىناسى مېڭىشتۇر، جىنسىي ئەزا ئۇنى راستقا چىقىرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ، ئەگەر ئۇ جىنسى ئەزاسى بىلەن زىنا سادىر قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ زىناخور بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى كىچىك گۇناھلاردۇر. مەسرۇق بىلەن شەئبىمۇ بۇنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

---

[1] سۈرە نىسا 31- ئايەت.

www.munber.org

ئىبنى لۇبابە تائىفى دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئابدۇراھمان ئىبنى نافىئى دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ : ئەبۇھۇرەيرىدىن الله نىڭ ﴿**كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىسام، ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ئۇ سۆيۈش، كۆز قىسىش، قاراش ۋە قۇچاقلاش قاتارلىق گۇناھلاردىن ئىبارەتتۇر، ئەگەر خەتنىگا خەتنىگاغا تەگسە، غۇسلى ۋاجىب بولىدۇ، مانا بۇ زىنادۇر.

## تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە ئۆزىنى پاك ھېسابلاشتىن توسۇش توغرىسىدا

﴿**ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر**﴾ يەنى الله نىڭ رەھمىتى ھەممە نەرسىگە ئورتاقتۇر، ئۇنىڭ مەغپىرىتى گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ ھەممە گۇناھلىرىغا ئومۇمىيدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللە ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

﴿**الله سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى الله سىلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىندىن ياراتقان، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى زەررىلەرگە ئوخشاش چىقارغان، ئاندىن ئۇلارنى ئىككى پىرقىگە ئايرىپ: بىر پىرقىنى جەننەتكە، يەنە بىر پىرقىنى دوزاخقا بۆلگەندىن تارتىپ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى، سىلەردىن سادىر بولىدىغان ئىشلىرىڭلارنى ۋە سىلەردىن يۈز بېرىدىغان سۆزلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداقلا ﴿**ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ**﴾ ئوبدان بىلىدۇ. قورساقتىكى بالىغا مەسئۇل پەرىشتە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمەلىنىڭ ياخشى - يامان بولىدىغانلىقىنى، بەتبەخت ياكى بەختلىك بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار**﴾ يەنى ئۆزەڭلارنى ماختىماڭلار، ئۆزەڭلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەڭلار ۋە ياخشى ئىشلىرىڭلاردىن مىننەت قىلماڭلار.

﴿**الله تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلار (يەنى ئۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن مەدھىيىلەيدىغانلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، الله خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[2].

ئىمام مۇسلىم، مۇھەممەد ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن قىزىمغا ”بەررە“[3] دەپ ئىسىم قويدۇم. ئەبۇسەلىمەنىڭ قىزى زەينەب ماڭا، شۈبھىسىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئىسىم قويۇشتىن توسقان، ئۆز ۋاقتىدا ماڭا بەرا دەپ ئىسىم قويۇلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزەڭلارنى پاك دەپ ھېسابلىماڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ياخشى كىشىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن. ساھابىلار: ئۇنداقتا ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئىسىم قويىمىز؟ دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا زەينەب دەپ ئىسىم قويۇڭلار» دەپتىكەن، دېدى.

(1) سۈرە زۇمەر 53- ئايەت.
(2) سۈرە نىسا 49- ئايەت.
(3) مەنىسى ياخشى ئايال دېگەنلىك بولىدۇ.

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ، ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا يەنە بىر ئادەمنى ماختايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ۋاي! ھەمراھىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزدۈڭ» دېگەن سۆزنى تەكرارلايدۇ ۋە «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەمراھىنى ھەقىقىي ماختىماقچى بولسا، ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بىلىدىغان بولسا: "پالانىنى ياخشى دەپ ھېسابلايمەن، اللە ئۇنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر، بىراۋنى اللە غا پاك دەپ ئېيتالمايمەن، ئۇنى مۇنداق، مۇنداق ياخشى دەپ ھېسابلايمەن" دېسۇن» دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ھەممام ئىبنى ھارىسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئوسماننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى ماختىغىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ئۇنىڭ يۈزىگە توپا چاچتى ۋە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى، ئەگەر بىز ئادەم ماختىغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىشقا بۇيرۇغان، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

أَفَرَءَيْتَ ٱلَّذِى تَوَلَّىٰ ﴿٣٣﴾ وَأَعْطَىٰ قَلِيلاً وَأَكْدَىٰٓ ﴿٣٤﴾ أَعِندَهُۥ عِلْمُ ٱلْغَيْبِ فَهُوَ يَرَىٰٓ ﴿٣٥﴾ أَمْ
لَمْ يُنَبَّأْ بِمَا فِى صُحُفِ مُوسَىٰ ﴿٣٦﴾ وَإِبْرَٰهِيمَ ٱلَّذِى وَفَّىٰٓ ﴿٣٧﴾ أَلَّا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ﴿٣٨﴾ وَأَن
لَّيْسَ لِلْإِنسَـٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ ﴿٣٩﴾ وَأَنَّ سَعْيَهُۥ سَوْفَ يُرَىٰ ﴿٤٠﴾ ثُمَّ يُجْزَىٰهُ ٱلْجَزَآءَ ٱلْأَوْفَىٰ ﴿٤١﴾

***(ئى مۇھەممەد!) ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىن خەۋەر بەرگىن***﴿33﴾. ***ئۇ (شەرت قىلىنغان مالدىن) ئازغىنا بەردى، قالغىنىنى بەرمىدى***﴿34﴾. ***ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئىلمى غەيب بولۇپ، ئۇ غەيبنى بىلەمدۇ؟***﴿35﴾. ***ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەۋەردار بولمىدىمۇ؟***﴿36﴾. ***ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ)***﴿37 - 38﴾. ***ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ***﴿39﴾. ***ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ)***﴿40﴾. ***ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ***﴿41﴾.

## ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە پۇل - مالغا ئاچكۆزلۈك قىلغان كىشىنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش توغرىسىدا

اللە تائالا ئۆزىگە بويسۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كاپىر قۇرئانغا)ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى﴾[1].

﴿ئۇ (شەرت قىلىنغان مالدىن) ئازغىنا بەردى، قالغىنىنى بەرمىدى﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى: ئۇ ئادەم شەرت قىلىنغان مالدىن ئازغىنا بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئۈزۈپ قويدى، دەپ تەپسىر قىلدى. مۇجاھىد،

[1] سۈرە قىيامەت 31 —— 32- ئايەتلەر.

www.munber.org

سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، قەتادە ۋە بىر قانچە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ئىكرىمە ۋە سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئادەم بىر قەۋمگە ئوخشايدۇكى، ئەگەر ئۇ قەۋم بىر قۇدۇق كولاۋاتقان بولسا، ئۇنى كولاش جەريانىدا بىر تاش چىقىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشنى تاماملىشىغا توسالغۇ بولسا، ئۇلار: ”بىزگە كولاش قاتتىق تەس بولۇپ قالدى“ دېيىشىدۇ-دە، ئىشنى تاشلايدۇ.

**﴿ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئىلمىي غەيب بولۇپ، ئۇ (غەيبنى) بىلەمدۇ؟﴾** يەنى پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن قورقۇپ بېخىللىق قىلغان، ياخشىلىق قىلىشنى ئۈزۈپ قويغان بۇ كىشىدە غەيب بىلىملىرى بولۇپ، كەلگۈسىدە قولىدىكى پۇل - مالنىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ ياكى ئۇ پۇل - مالنىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇپ شۇڭا ياخشىلىق قىلىشتىن بېخىللىق قىلامدۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ پەقەت بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە پەسكەشلىك قىلىش يۈزىسىدىنلا سەدىقە بېرىش، ياخشىلىق قىلىش، خەير - ئېھسان ۋە سىلە - رەھىم قىلىشقان بېخىللىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى بىلال! ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلغىن، ئەرش ئىگىسى - اللە نىڭ پۇل - مېلىڭنى ئازايتىۋېتىشىدىن قورقمىغىن». اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(اللەنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى اللە تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر»﴾[1].

## مۇسا ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا

**﴿ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەۋەردار بولمىدىمۇ؟ ئىبراھىم﴾** اللە غا ئىتائەت قىلىشتا ۋە اللە نىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتە **﴿ۋاپادار كىشى ئىدى﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. اللە (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى﴾[2] ئىبراھىم اللە نىڭ بارلىق ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇندىدى. توسقان بارلىق ئىشلىرىنى تاشلىدى، پەيغەمبەرلىكنى پۈتۈن ۋە كامىل يوسۇندا يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرگە دىندا بارلىق ئىشلىرىغا ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىدىغان پېشۋا بولۇشقا لاياقەتلىك بولدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[3] ئىمام تىرمىزى، ئەبۇدەردا بىلەن ئەبۇزەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئى ئادەم ئەۋلادى! ماڭا كۈندۈزنىڭ باش تەرىپىدە (يەنى سەھەردە) تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، ئاخشام تەرىپىدە ساڭا كاپالەتلىك قىلىمەن».

## قىيامەت كۈنى بىراۋنىڭ گۇناھىنى يەنە بىراۋنىڭ ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا ئىبراھىمنىڭ ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدە ۋەھيى قىلغان نەرسىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾** يەنى كاپىر بولۇش ياكى گۇناھ قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم

---

(1) سۈرە سەبە 39- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 124- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە نەھل 123- ئايەت.

www.munber.org

قىلغان ھەر قانداق ئىنسان چوقۇم ئۆز گۇناھىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ھېچ كىم ئۈستىگە ئالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ﴾[1].

﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ يەنى ئۇ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمىغىنىدەك، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ياخشى ئىشىنىڭ ئەجرىگە ئۆزىلا ئېرىشىدۇ.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئىنسان ۋاپات بولسا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، بىرىنچىسى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتنى تەربىيلەپ قويۇش، ئىككىنچىسى، كىشىلەرگە قالدۇرغان پايدىلىق ئىلىم، ئۈچىنچىسى، ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان سەدىقە (يەنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان مەسجىت، كۆۋرۈك، يول ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئىشلارغا سەرپ قىلغان پۇل)».

مانا بۇ ئۈچ ئىش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق مېھنىتى ۋە ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم ئۆز ئەمگىكىدىن كەلگەن رىزقىنى يېيىشى، ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئۆز ئەمگىكىدىن كەلگەن رىزقىنى يېيىشى كېرەك. مانا بۇ، ئەڭ پاك رىزىقتۇر».

الله يولىدا ۋەقفە قىلغان نەرسىلەر ۋە ۋەقفىگە ئوخشاش نەرسىلەر ساۋابى ئۈزۈلمەيدىغان سەدىقە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ قالدۇرغان ئەمەلى ۋە سەدىقىسى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز﴾[2] ئۇ كىشىلەرگە تارقاتقان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئەگەشكەن ئىلىممۇ ھەم ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى كىشىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرسا، ھىدايەتكە ئەگەشكەن كىشىلەر ئېرىشكەن ئەجىردەك ئەجىر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ».

﴿ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ)﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى الله، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (الله) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ»﴾[3] يەنى قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭغا قارىتا سىلەرگە تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، ئەگەر ئەمەلىڭلار ياخشى بولسا ياخشىلىققا، يامان بولسا يامانلىققا ئېرىشىسىلەر. بۇ يەردىمۇ الله شۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ﴾.

* * * * * * *

---

(1) سۈرە فاتىر 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ياسىن 12- ئايەتنىڭ بىر قىبمى.
(3) سۈرە تەۋبە 105- ئايەت.

www.munber.org

وَأَنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلْمُنتَهَىٰ ﴿٤٢﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَىٰ ﴿٤٣﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا ﴿٤٤﴾ وَأَنَّهُۥ
خَلَقَ ٱلزَّوْجَيْنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰ ﴿٤٥﴾ مِن نُّطْفَةٍ إِذَا تُمْنَىٰ ﴿٤٦﴾ وَأَنَّ عَلَيْهِ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْأُخْرَىٰ ﴿٤٧﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ
أَغْنَىٰ وَأَقْنَىٰ ﴿٤٨﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ رَبُّ ٱلشِّعْرَىٰ ﴿٤٩﴾ وَأَنَّهُۥٓ أَهْلَكَ عَادًا ٱلْأُولَىٰ ﴿٥٠﴾ وَثَمُودَا۟ فَمَآ أَبْقَىٰ ﴿٥١﴾
وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ هُمْ أَظْلَمَ وَأَطْغَىٰ ﴿٥٢﴾ وَٱلْمُؤْتَفِكَةَ أَهْوَىٰ ﴿٥٣﴾ فَغَشَّىٰهَا مَا غَشَّىٰ ﴿٥٤﴾
فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكَ تَتَمَارَىٰ ﴿٥٥﴾

*ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴿42﴾. اللە ئىنسانىنى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ﴿43﴾. اللە ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر﴿44﴾. اللە بىر جۈپنى ـ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى﴿45﴾. ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى)﴿46﴾. (ھېساب ئۈچۈن ئىنسانلارنى) ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنى ئۈستىگە ئالدى﴿47﴾. اللە ئىنساننى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ﴿48﴾. اللە شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴿49﴾. ئۇ (يەنى اللە) قەدىمكى ئادنى ھالاك قىلدى﴿50﴾. سەمۇدنىمۇ (ھالاك قىلدى، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ) قويمىدى﴿51﴾. ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلغان ئىدى)، شۈبھىسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ سەركەش ئىدى﴿52﴾. لۇت قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرۋەتتى، ئۇنى (دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى﴿53 - 54﴾. (ئى ئىنسان!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟﴿55﴾.*

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىنساننى دەسلەپتە يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگىنىدەك، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بەزى سۈپەتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بەندىلەردە ياراتقان بەزى نەرسىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدىكى ئورنى ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەمرى ئىبنى مەيمۇن ئەۋدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى مۇئاز ئىبنى جەبەل ئارىمىزدا تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى بەنى ئەۋد قەبىلىسىدىكىلەر! مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن، بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاخىر بارىدىغان جاي اللە نىڭ دەرگاھى بولغان جەننەتتۇر ياكى دوزاختۇر.

﴿**اللە ئىنساننى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ**﴾ يەنى اللە بەندىلىرىدە كۈلكىنى، يىغىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ ياراتتى.

﴿**اللە ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اللە ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى﴾[1].

﴿**اللە بىر جۈپنى ـ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى)**﴾ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ

---

[1] سۈرە مۇلك 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنىي) ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن اللہ ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇ مەنىيدىن ئەر - ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى.ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان اللہ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾[1].

﴿(ھېساب ئۈچۈن ئىنسانلارنى) ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنى ئۈستىگە ئالدى﴾ يەنى اللہ ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگىنىدەك قايتا تىرىلدۈرۈشكە قىيامەت - كۈنى ئىككىنچى قېتىم يارىتىشقا قادىردۇر.

﴿اللہ ئىنساننى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ﴾ يەنى اللہ بەندىلىرىنى مال - مۈلۈككە ئىگە قىلىدۇ ۋە ئۇ مال - مۈلۈكنى ئۇلارغا خالىس قىلىپ، ئۇلاردا داۋاملىق قالدىغان، ئۇنى سېتىشقا موھتاج بولمايدىغان بايلىق قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئۇلارغا ئىنئام قىلىنغان تولۇق نېمەتتۇر. تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قاراشلارنى ئوتتۇرغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇسالىھ، ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلارمۇ بار.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنى: اللہ ئىنساننى مالدار قىلالايدۇ ۋە خىزمەتچىلەرگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. قەتادىمۇ شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد يەنە بىر رىۋايەتتە: اللہ ئىنساننى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

﴿اللہ شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار: ئۇ مىرزەم ناملىق بىر يورۇق يۇلتۇز بولۇپ، بىر تۈركۈم ئەرەبلەر ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، دەيدۇ.

﴿ئۇ (يەنى اللہ) قەدىمكى ئادنى ھالاك قىلدى﴾ ئۇلار ھۇدنىڭ قەۋمى بولۇپ، ئاد ئىبنى ئىرەم دەپ ئاتىلاتتى، ئىرەم بولسا سام ئىبنى نوھنىڭ ئوغلىدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد - كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾[2] (بۇ ئايەت پەقەت ئاد قەۋمىنىڭ ئىرەم جەمەتى ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىنغان) ئۇلار ئەڭ قاۋۇل، ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر بولۇپ، اللہ تائالا غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەڭ سەركەشلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن اللہ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. اللہ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى﴾[3].

﴿سەمۇدنىمۇ (ھالاك قىلدى، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ) قويمىدى. ئىلگىرى﴾ يەنى سەمۇد قەۋمىدىن ئىلگىرى ﴿نۇھنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلغان ئىدى)، شۈبھىسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ سەركەش ئىدى﴾ يەنى ئۇلار كېيىنكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك ھەددىدىن ئاشقان ئىدى.

﴿لۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۇم كۆمتۈرىۋەتتى﴾ يەنى لۇتنىڭ شەھەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردى. شۇڭا اللہ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى﴾ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇلغان ﴿(دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى﴾. ﴿ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق،

---

[1] سۈرە قىيامەت 36ـــ 40- ئايەتكىچە.

[2] سۈرە فەجر 6- 8- ئايەتكىچە.

[3] سۈرە ھاققە 6-7- ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!﴾[1] ﴿(ئى ئىنسان!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ﴾ ساڭا ئىنئام قىلغان.

﴿قايسىبىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟﴾ يەنى شەكلىنىسەن؟ بۇنى قەتادە شۇنداق تەپسىر قىلغان. ئىبنى جۇرەيج: ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭنىڭ قايسى بىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟ دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادىنىڭ قىلغان تەپسىرى ياخشىراقتۇر. ئىبنى جەرىرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان.

* * * * * * *

هَـٰذَا نَذِيرٌ مِّنَ ٱلنُّذُرِ ٱلْأُولَىٰٓ ﴿٥٦﴾ أَزِفَتِ ٱلْـَٔازِفَةُ ﴿٥٧﴾ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ كَاشِفَةٌ ﴿٥٨﴾

أَفَمِنْ هَـٰذَا ٱلْحَدِيثِ تَعْجَبُونَ ﴿٥٩﴾ وَتَضْحَكُونَ وَلَا تَبْكُونَ ﴿٦٠﴾ وَأَنتُمْ سَـٰمِدُونَ ﴿٦١﴾ فَٱسْجُدُوا۟ لِلَّهِ

وَٱعْبُدُوا۟ ۩ ﴿٦٢﴾

*بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴿56﴾. قىيامەت يېقىنلاشتى﴿57﴾. ئۇنىڭغا اللەدىن باشقا كەشىپ قىلغۇچى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلگۈچى ياكى ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلغۇچى) يوقتۇر﴿58﴾. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) مەسخىرە قىلىپ بۇ قۇرئاندىن ئەجەپلىنەمسىلەر؟﴿59﴾. (ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) كۈلەمسىلەر؟ يىغلىمامسىلەر؟﴿60﴾. سىلەر غاپىلدۇرسىلەر﴿61﴾. اللەغا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار﴿62﴾.*

## ئاگاھلاندۇرۇش، تەنبىھ بېرىش ۋە سەجدە قىلىشقا، باش ئېگىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان﴾** يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، خۇددى ئۇلار پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندەك ئۇمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. **﴿بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «مەن (اللە ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن﴾[2].

**﴿قىيامەت يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا اللەدىن باشقا كەشىپ قىلغۇچى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلگۈچى ياكى ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلغۇچى) يوقتۇر﴾** يەنى ئۇنىڭ ئازابىنى الله دىن باشقا ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنىمۇ الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا كىشىلەرنى ئۇلارغا كېلىدىغان مۇئەييەن يامانلىقتىن قورقۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾[3] ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن قىيپيالاڭاچ ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»، يەنى ئۇ كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان يامانلىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئالدىراپ ئۈچىسىغا كىيىم كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، بەلكى ۋاقتىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپ

---

[1] سۈرە شۇئەرا 173- ئايەت.

[2] سۈرە ئەھقاف 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە سەبەئ 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلىشىدىن قورقۇپ، كېيىم كېيىشتىن ئىلگىرى قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ناھايىتى تېز يېتىپ كەلگەن بىر يالىڭاچ كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى الله نىڭ ﴿**قىيامەت يېقىنلاشتى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئىنتايىن ئويغۇن كېلىدۇ. الله بۇ سۈرىدىن كېيىنكى سۈرە قەمەرنىڭ بېشىدىمۇ ﴿**قىيامەت يېقىنلاشتى**﴾ دەپ تەكىتلىگەن.

ئىمام ئەھمەد، سەھل ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، شۈبھىسىزكى، كىچىك گۇناھلارنىڭ مىسالى بىر ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن، ئاندىن ئۇمۇ بىر تال، بۇمۇ ئوتۇن تېرىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن نانلىرىنى پىشۇرۇپ يېگەن بىر قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. قاچانكى كىچىك گۇناھلارنى قىلغان كىشى ئۇ گۇناھلارنىڭ سەۋەبى بىلەن جازالىنىپ قالسا، ئۇ گۇناھلار ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ». الله تائالا قۇرئاننى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇنى ئۇنتۇتقان مۇشرىكلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) مەسخىرە قىلىپ بۇ قۇرئاندىن ئەجەپلىنەمسىلەر؟**﴾ يەنى قۇرئاننىڭ توغرا بولغانلىقىدىن ئەجەپلىنەمسىلەر؟ ئۇنى مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىپ ﴿**كۈلەمسىلەر؟**﴾ قۇرئانغا ئىشەنگۈچىلەر يىغلىغاندەك ﴿**يىغلىماسىلەر؟**﴾ الله قۇرئانغا ئىشەنگۈچىلەر ھەققىدە مۇنداق خەۋەر قىلغان ئىدى: ﴿ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ، (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار اللهغا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ﴾[1].

﴿**سىلەر غاپىلدۇرسىلەر**﴾ يەنى غەپلەتتە قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيسىلەر، الله تائالا بەندىلىرىنى الله غا سەجدە قىلىشقا، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ الله غا ئىبادەت قىلىشقا، الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە ۋە الله غا ئىخلاس قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللهغا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار**﴾ يەنى الله غا باش ئېگىڭلار، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىڭلار ۋە ئۇنى بار ۋە بىر دەپ بىلىڭلار. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە نەجمنى ئوقۇپ سەجدە قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار، جىنلار ۋە ئىنسانلارمۇ سەجدە قىلدى.

ئىمام ئەھمەد، مۇتەللىب ئىبنى ئەبۇۋەدائەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە سۈرە نەجمنى ئوقۇدى، ئاندىن سەجدە قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغانلارمۇ سەجدە قىلدى، مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە سەجدە قىلىشتىن ۋاز كەچتىم. ئۇ ۋاقىتتا مۇتەللىب مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇتەللىب بىرەر كىشىنىڭ ئۇ سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىسىلا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەجدە قىلاتتى. بۇنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە نەجمنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله غا خاستۇر.

---

[1] سۈرە ئىسرا 109- ئايەت.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە قەمەر 55 ئايەت

يۇقىرىدا ئەبۇۋاقىدنىڭ ھەدىسىدە ئېيتىلغانىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە قاف بىلەن سۈرە قەمەرنى قۇربان ھېيتلىرىدا ۋە روزى ھېيتلىرىدا ئوقۇيتتى، ئۇ سۈرىلەر مۆمىنلەرگە تەييارلانغان جەننەتتىن ئىبارەت ۋەدە، دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇش، مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە يارىتىش ۋە ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈش، الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كاتتا مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۈرىلەرنى چوڭ ـ چوڭ يىغىلىشلاردا ئوقۇيتتى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱقْتَرَبَتِ ٱلسَّاعَةُ وَٱنشَقَّ ٱلْقَمَرُ ﴿١﴾ وَإِن يَرَوْا۟ ءَايَةً يُعْرِضُوا۟ وَيَقُولُوا۟ سِحْرٌ مُّسْتَمِرٌّ ﴿٢﴾
وَكَذَّبُوا۟ وَٱتَّبَعُوٓا۟ أَهْوَآءَهُمْ ۚ وَكُلُّ أَمْرٍ مُّسْتَقِرٌّ ﴿٣﴾ وَلَقَدْ جَآءَهُم مِّنَ ٱلْأَنۢبَآءِ مَا فِيهِ مُزْدَجَرٌ ﴿٤﴾
حِكْمَةٌۢ بَٰلِغَةٌ ۖ فَمَا تُغْنِ ٱلنُّذُرُ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى[1]. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ[2]. ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشىلىقتىن، يا يامانلىقتىن بولسۇن) ھەر ئىش (شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە يا دوزاخقا) ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر[3]. ئۇلارغا ھەقىقەتەن (قۇرئان) خەۋەرلىرىدىن ئىبرەت ئېلىنىدىغان مىقداردا نەرسە كەلدى[4]. مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى، (الله ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ[5].***

## قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىشى ۋە ئاينىڭ يېرىلىشى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن، دۇنيانىڭ تۈگەپ ئاخىرلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ اللهنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾[1] ﴿كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق

[1] سۈرە نەھل 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر﴾[1] بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ھافىز ئەبۇبەكرى بەززار، ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە نۇتۇق سۆزلىدى، شۇ چاغدا قۇياش پېتىپ كېتىشكە ئازلا قالغان بولۇپ، كۈننىڭ پەقەت ئازغىنا بىر قىسمى قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، دۇنيانىڭ قالغان قىسمىنى ئۆتكەن قىسمىغا سېلىشتۇرغاندا قىيامەت بولۇشقا پەقەت بۇ كۈنىڭلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئۆتكەن قىسمىغا سېلىشتۇرغانچىلىكلا ئاز ۋاقىت قالدى، قاراڭلار بىز قۇياشنىڭ پېتىپ كېتىشىگە پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز».

تۆۋەندىكىسى يۇقىرىدىكى ھەدىسنى تەكىتلەيدىغان ۋە ئۇنى ئوچۇق بايان قىلىدىغان ھەدىس بولۇپ، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، بۇ ناماز دىگەر ۋاقتىدىن كېيىنكى ۋاقىت بولۇپ قۇياش قۇئەيقان تېغىغا پېتىشقا ئاز قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلارنى ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆمرىگە سېلىشتۇرغاندا (يەنى دۇنيانىڭ قىيامەتكىچە قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن قىسمىغا سېلىشتۇرغاندا) قىيامەت بولۇشقا پەقەت بۈگۈنكى كۈننىڭ قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن قىسمىغا سېلىشتۇرغانچىلىكلا ئاز ۋاقىت قالدى».

ئىمام ئەھمەد، سەھل ئىبنى سەئدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ قىيامەتنىڭ بۇ ئىككى بارماقنىڭ تەڭ بولۇشىغا قالغانچىلىكلا ئاز مۇساپە قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قىيامەت بولۇشقا مۇشۇنچىلىك ۋاقىت قالغاندىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ۋەھب سەۋائىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«مەن قىيامەت بولۇشقا كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق تەڭ بولۇشقا مۇشۇنچىلىك قالغاندىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم، قىيامەت مېنىڭ ئالدىمدا (يەنى مەن پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى) قايىم بولغىلى تاس قالدى» ئەئمەش بۇ ھەدىسنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى.

ئىمام ئەھمەد، ئىسمائىل ئىبنى ئۇبەيدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك، ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قېشىغا كەلگەندە ۋەلىد ئۇنىڭدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭ؟ دەپ سورىدى. ئەنەس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىسى بۇ ئىككى بارماقنىڭ تەڭ بولۇشىغا قالغان ئارىلىقچىلىك قالدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەپ جاۋاب بەردى. يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنى ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە: ئۇ يىغقۇچىدۇر، الله تائالا كىشىلەرنى ئۇنىڭ قەدەملىرىنىڭ ئىزىدىن يىغىدۇ (يەنى ئۇ ۋاپات بولۇپلا ئۇزاق ئۆتمەي قىيامەت قايىم بولىدۇ) دەپ رىۋايەت قىلغان ھەدىس تەكىتلەيدۇ.

﴿ئاي يېرىلدى﴾ شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ ئەھۋال نۇرغۇنلىغان مۇتەۋاتىر ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان، ئاينىڭ يېرىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ

[1] سۈرە ئەنبىيا 1 - ئايەت.

www.munber.org

ئىشنىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يۈز بەرگەنلىكىگە ئۆلىمالار بىردەك بىرلىككە كەلگەن، ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنىڭ بىرىدۇر.

## بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى مەككە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىش ئۈچۈن مۆجىزە تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاي مەككىدە ئىككى پارچە بولۇپ يېرىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى**﴾ بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى مەككە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە بىر مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئىككى پارچە ئاينىڭ ئارىسىدا ھىرا تېغىنى كۆرىدۇ. بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ، بىر پارچىسى ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى بۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار: مۇھەممەد بىزگە سېھىر قىلدى، دېيىشتى، ئۇلار يەنە: ئەگەر بۇ بىزگە سېھىر قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى سېھىر قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، دېيىشتى. بۇنى ئىمام بەيھەقىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلدى. بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿**قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە: بۇ ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكتۇر، ئاي ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى يېرىلغان بولۇپ ئۇنىڭ ئىككى پارچە بولغانلىقىنى مۇشرىكلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھافىز ئەبۇبەكرى بەيھەقى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ الله تائالانىڭ ﴿**قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن. ئاي ئىككى پارچىغا يېرىلىپ بىر پارچىسى تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە، يەنە بىر پارچىسى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! سەن گۇۋاھ بولغىن» دېگەن. ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىككى پارچىغا يېرىلدى، مەككىلىكلەر ئۇنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەھلى مەككە! بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار» دېدى. ئۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر، ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھەقىقەتەن ئاي يېرىلغان چاغدا ئۇنىڭ يېرىلغان ئارىلىقىدىن تاغنى كۆردۈم. ئىمام ئەھمەدمۇ ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلدى، ھەتتا مەن ئاينىڭ ئىككى پارچىسىنىڭ ئارىسىدىن تاغنى كۆردۈم.

www.munber.org

## مۇشرىكلارنىڭ سەركەشلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسال پوزىتسىيىسى توغرىسىدا

﴿**(قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى**﴾ يەنى بىرەر دەلىل - ئىسپات ۋە بىرەر پاكىتنى ﴿**كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا بويسۇنماي، بەلكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ۋە ئۇنى ئارقىلىرىغا چۆرۈپ تاشلاپ ﴿**بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار: بىز كۆرگەن بۇ دەلىل - پاكىتلار سېھىردۇر، بىز بۇ سېھىر بىلەن سېھىرلەندۇق، دېيىشىدۇ.

مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار، بۇ ئاستا - ئاستا يوقىلىدىغان، داۋامى يوق باتىل سېھىردۇر دېيىشىدۇ. ﴿**ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى**﴾ يەنى ئۇلار نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى. ئۆز كۆز قاراشلىرى ۋە نەپسى خاھىشلىرى چىرايلىق كۆرسەتكەن نەرسىلەرگە ئەگەشتى.

﴿**(ياخشىلىقتىن، يا يامانلىقتىن بولسۇن) ھەر ئىش (شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە يا دوزاخقا) ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر**﴾ قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ياخشىلىق ياخشى كىشىلەر تەرىپىدىن، يامانلىق يامان كىشىلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ. ئىبنى جۇرەيج: ھەر ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى مۇناسىپ ئۇرۇنغا ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ. مۇجاھىد: ھەر ئىش قىيامەت كۈنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ.

﴿**ئۇلارغا ھەقىقەتەن (قۇرئان) خەۋەرلىرىدىن ئىبرەت ئېلىنىدىغان مىقداردا نەرسە كەلدى**﴾ يەنى بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىلگەن ئايەتلەردىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئازاب - ئوقۇبەت چۈشكەن ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى، ئۇ خەۋەرلەردە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ھەقنى ئىنكار قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان كىشىلەرگە يەتكۈدەك ۋەز - نەسىھەت بار.

﴿**مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى**﴾ يەنى ئۇنىڭدا الله تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلىشىدا، گۇمراھ قىلغان كىشىنى الله تائالانىڭ گۇمراھ قىلىشىدا يېتەرلىك ھېكمەت بار. الله تائالا ئۇلارغا شەقىلىكنى پۈتۈۋەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۆھۈر بېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ﴿**(الله ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ**﴾ الله تائالا ھىدايەت قىلمىغاندىن كېيىن ئۇلارنى كىممۇ ھىدايەت قىلسۇن؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى»﴾[1] ﴿مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾[2].

* * * * * * *

فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡۘ يَوۡمَ يَدۡعُ ٱلدَّاعِ إِلَىٰ شَيۡءٖ نُّكُرٍ ﴿٦﴾ خُشَّعًا أَبۡصَٰرُهُمۡ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ
كَأَنَّهُمۡ جَرَادٞ مُّنتَشِرٞ ﴿٧﴾ مُّهۡطِعِينَ إِلَى ٱلدَّاعِۖ يَقُولُ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَسِرٞ ﴿٨﴾

---

[1] سۈرە ئەنئام 149 - ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 101 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

*ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇ كۈندە چاقىرغۇچى (يەنى ئىسرافىل) قىيىن ئىشقا (يەنى ھېسابقا) چاقىرىدۇ (يەنى سۇر چالىدۇ)﴿6﴾. ئۇلار (قورقۇنۇچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان ھالدا گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ﴿7﴾. ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگرەيدۇ، كاپىرلار: «بۇ قىيىن كۈندۇر» دەيدۇ﴿8﴾.*

## ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى يامان ئەھۋالى توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر بىرەر مۆجىزىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ يوقالغۇچى سېھىردۇر، دېيىشىدىغان ئەنە شۇ كاپىرلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا ئارقاڭنى قىلىپ، ئۇلارغا نېمىلەر بولىدىغانلىقىنى كۈتكىن.

﴿**ئۇ كۈندە چاقىرغۇچى (يەنى ئىسراپىل) قىيىن ئىشقا**﴾ يەنى بالايى - ئاپەت بولىدىغان، بەلكى تەۋرىنىشلەر ۋە قورقۇنچلار بىلەن تولغان ھېساب مەيدانىدىن ئىبارەت قاتتىق قىيىن ئىشقا ﴿**چاقىرىدۇ (يەنى سۇر چالىدۇ). ئۇلار (قورقۇنۇچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان ھالدا گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىسرافىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قەبرىلەردىن چىقىپ، ئەتراپقا تارىلىپ قىيامەت مەيدانىغا قاراپ ئىلگىرىلىشى گويا ئالەمگە تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىلەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار**﴾ ھېچ قارشىلىق بىلدۈرمەستىن ۋە كېچىكمەستىن ﴿**چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگرەيدۇ، كاپىرلار: «بۇ قىيىن كۈندۇر» دەيدۇ**﴾ يەنى كاپىرلار بۇ قاتتىق قورقۇنچلۇق ۋە قاتتىق ئېغىر كۈندۇر دېيىشىدۇ. ﴿ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر﴾[1].

* * * * * * *

۞ كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ فَكَذَّبُواْ عَبۡدَنَا وَقَالُواْ مَجۡنُونٞ وَٱزۡدُجِرَ ﴿٩﴾ فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَغۡلُوبٞ
فَٱنتَصِرۡ ﴿١٠﴾ فَفَتَحۡنَآ أَبۡوَٰبَ ٱلسَّمَآءِ بِمَآءٖ مُّنۡهَمِرٖ ﴿١١﴾ وَفَجَّرۡنَا ٱلۡأَرۡضَ عُيُونٗا فَٱلۡتَقَى ٱلۡمَآءُ عَلَىٰٓ أَمۡرٖ قَدۡ
قُدِرَ ﴿١٢﴾ وَحَمَلۡنَٰهُ عَلَىٰ ذَاتِ أَلۡوَٰحٖ وَدُسُرٖ ﴿١٣﴾ تَجۡرِي بِأَعۡيُنِنَا جَزَآءٗ لِّمَن كَانَ كُفِرَ ﴿١٤﴾ وَلَقَد تَّرَكۡنَٰهَآ
ءَايَةٗ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿١٥﴾ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿١٦﴾ وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿١٧﴾

*ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى ئىنكار قىلدى، ئۇلار بەندىمىزنى (يەنى نۇھنى) ئىنكار قىلىپ، مەجنۇن دېدى. ئۇ (دىنغا دەۋەت قىلىشتىن) ھەيۋە بىلەن مەنئى قىلىندى﴿9﴾. ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى﴿10﴾. ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق﴿11﴾. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (اللہ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر - بىرىگە قوشۇلدى)﴿12﴾. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق﴿13﴾. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)﴿14﴾. ئۇنى (يەنى توپان بالاسىنى) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴿15﴾.*

[1] سۈرە مۇددەسسىر 9 — 10 - ئايەتلەر.

www.munber.org

***مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن! ﴿16﴾. ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھېيزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ ﴿17﴾.***

## نۇھنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى، بۇ قىسسىدىن ۋە باشقا قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ﴿**ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى ئىنكار قىلدى، ئۇلار بەندىمىزنى (يەنى نۇھنى) ئىنكار قىلىپ، مەجنۇن دېدى**﴾ يەنى ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكار بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا مەجنۇنلۇقنى تۆھمەت قىلىپ چاپلىدى. ﴿**ئۇ (دىنغا دەۋەت قىلىشتىن) ھەيۋە بىلەن مەنئى قىلىندى**﴾ يەنى ئۇلار ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ ئۇنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن توستى ۋە ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿«ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋىتىڭدىن ) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن»﴾[1].

﴿**ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى**﴾ يەنى ئۇ: مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا تەڭ كېلىشتىن ۋە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كەلدىم، دىنىڭغا سەن ئۆزەڭ ياردەم قىلغىن، دېدى. ﴿**ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق**﴾ يەنى زېمىننىڭ ھەممە ئەتراپىدىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى. ھەتتا ئوتنىڭ ئورنى بولغان تونۇرلاردىنمۇ بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى. ﴿**(الله تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە) قوشۇلدى**﴾.

ئىبنى جۇرەيج، ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿**ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كۈندىن ئىلگىرى ۋە ئۇ كۈندىن كېيىن يامغۇر ئاسماندىن ئەمەس، پەقەت بۇلۇتتىن ياغقان ئىدى. ئۇ كۈندە ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىۋېتىلىپ، يامغۇر بۇلۇتتىن ئەمەس، ئاسماندىن ياغدى، الله تائالا تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى بىر ـ بىرىگە قوشۇلدى.

﴿**نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز**﴾ يەنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن بىزنىڭ كۆزىمىز ئالدىدا، ھىمايىمىز ۋە قوغدىشىمىز ﴿**ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)**﴾ يەنى كاپىرلارنى الله تائالاغا كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن جازالاش ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سۇغا غەرق قىلدۇق.

﴿**ئۇنى (يەنى توپان بالاسىنى) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە: الله تائالا نۇھنىڭ كېمىسىنى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردى، ئۇ كېمىنى ھەتتا بۇ ئۈممەتنىڭ دەسلەپكى كىشىلەرمۇ كۆرگەن، دەيدۇ. ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىگە قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ھەر قانداق كېمە كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى چىقىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە ـ كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى

[1] سۈرە شۇئەرا 116 ـ ئايەت.

www.munber.org

ياراتتۇق﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)﴾[2] شۇڭا الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ يەنى ئىبرەت ئالىدىغان، ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟

﴿مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن!﴾ يەنى ماڭا كاپىر بولغان، مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلىرىم ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن ۋەز - نەسىھەت ئالمىغان كىشىلەرگە مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن! مەن پەيغەمبەرلىرىمگە قانداق ياردەم بېرىدىكەنمەن ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىدىن قانداق ئىنتىقام ئالىدىكەنمەن!

﴿ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھىپزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق﴾ يەنى كىشىلەر ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن ئۈچۈن قۇرئاننى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشنى خالىغان كىشىگە ئاسان قىلدۇق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾[3] ﴿(ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[4].

﴿ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ يەنى الله تائالا يادا ئېلىش ۋە چۈشىنىشنى ئاسان قىلغان بۇ قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟ مۇھەممەد ئىبنى كەئىب قۇرەزى بۇ ئايەتنى: گۇناھلاردىن يانغۇچى بارمۇ؟ دەپ تەپسىر قىلغان.

* * * * * * *

كَذَّبَتۡ عَادٞ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿١٨﴾ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا صَرۡصَرٗا فِي يَوۡمِ نَحۡسٖ
مُّسۡتَمِرّٖ ﴿١٩﴾ تَنزِعُ ٱلنَّاسَ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٖ مُّنقَعِرٖ ﴿٢٠﴾ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿٢١﴾ وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا
ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿٢٢﴾

*ئاد قەۋمى (پەيغەمبىرى ھۇدنى) ئىنكار قىلدى، مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن!﴿18﴾. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى بىز شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان شۇم كۈندە سوغۇق بوران ئەۋەتىپ (ھالاك قىلدۇق)، بوران كىشىلەرنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى﴿19، 20﴾. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن!﴿21﴾. بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ھىپزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴿22﴾.*

## ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھۇدنىڭ قەۋمى بولغان ئادتىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار خۇددى نۇھنىڭ قەۋمى نۇھنى ئىنكار قىلغاندەك ئۆز پەيغەمبىرى ھۇدنى ئىنكار قىلغانلار ئىدى، الله تائالا ئۇلارغا ﴿شۇملۇقى

[1] سۈرە ياسىن 41 – 42 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھاققە 11 - 12 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە ساد 29 - ئايەت.
[4] سۈرە مەريەم 97 - ئايەت.

www.munber.org

**ئۈزۈلمەيدىغان شۇم كۈندە﴾** يەنى شۇملۇقى ۋە ھالاكىتى ئۈزۈلمەيدىغان، بەلكى ئۇلارغا دۇنيادا نازىل بولغان ئازاب ئاخىرەتتىكى ئازاب بىلەن تۇتىشىدىغان كەتكەن كۈندە **﴿قاتتىق سوغۇق بوران﴾** نى ئەۋەتتى.

**﴿بوران كىشىلەرنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى﴾** بۇ ئازاب مۇنداق يۈز بەردى: بوران ئۇلارنىڭ بىرىگە كېلەتتى ـ دە، ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈپ كۆزلەردىن غايىب قىلاتتى، ئاندىن ئۇنى ئارقىغا ياندۇرۇپ بېشىچە تاشلايتتى، ئۇ يەرگە چۈشۈپ بېشى ئېزىلىپ كېتەتتى ـ دە، باشسىز جەسەت قالاتتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن! بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ھېيزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾**

* * * * * * *

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ بِٱلنُّذُرِ ٢٣ فَقَالُوٓاْ أَبَشَرًا مِّنَّا وَٰحِدًا نَّتَّبِعُهُۥٓ إِنَّآ إِذًا لَّفِي ضَلَٰلٖ وَسُعُرٍ ٢٤
أَءُلۡقِيَ ٱلذِّكۡرُ عَلَيۡهِ مِنۢ بَيۡنِنَا بَلۡ هُوَ كَذَّابٌ أَشِرٞ ٢٥ سَيَعۡلَمُونَ غَدٗا مَّنِ ٱلۡكَذَّابُ ٱلۡأَشِرُ ٢٦ إِنَّا
مُرۡسِلُواْ ٱلنَّاقَةِ فِتۡنَةٗ لَّهُمۡ فَٱرۡتَقِبۡهُمۡ وَٱصۡطَبِرۡ ٢٧ وَنَبِّئۡهُمۡ أَنَّ ٱلۡمَآءَ قِسۡمَةُۢ بَيۡنَهُمۡۖ كُلُّ شِرۡبٖ مُّحۡتَضَرٞ
٢٨ فَنَادَوۡاْ صَاحِبَهُمۡ فَتَعَاطَىٰ فَعَقَرَ ٢٩ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ٣٠ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ صَيۡحَةٗ
وَٰحِدَةٗ فَكَانُواْ كَهَشِيمِ ٱلۡمُحۡتَظِرِ ٣١ وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ٣٢

*سەمۇد ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنى (يەنى پەيغەمبەرلەرنى) يالغانغا چىقاردى[23]. ئۇلار ئېيتتى: «ئارىمىزدىكى (بىزگە ئوخشاش) بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ (ئۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن گۇمراھلىقتا ۋە ساراڭلىقتا مۇپتىلا بولىمىز[24]. ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىندىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر» [25]. ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ[26]. بىز ھەقىقەتەن سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز، (ئى سالىھ) ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ نېمە قىلارىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن[27]. سۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن[28]. ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى. ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى[29]. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن! [30]. شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئەۋەتىپ (ھالاك قىلىش بىلەن) ئۇلارنى قوتان ياسىغۇچىنىڭ تاشلاندۇق شاخ ـ شۇمبىلىرىدەك قىلىۋەتتۇق[31]. بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ھېيزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [32]*

## سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

بۇ ئايەت سەمۇد قەۋمى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار الله نىڭ پەيغەمبىرى سالىھنى ئىنكار قىلدى، **﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئارىمىزدىكى (بىزگە ئوخشاش) بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ (ئۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن گۇمراھلىقتا ۋە ساراڭلىقتا مۇپتىلا بولىمىز﴾** يەنى ئۇلار: ئەگەر بىز ھەممىمىز رەھبەرلىكىمىزنى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان بىرىگە تاپشۇرساق، ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن زىيان تارتقان

www.munber.org

بولمىز، دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار ۋەھيىنىڭ ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنماستىن شۇ بىر ئادەمگىلا خاس نازىل قىلىنغانلىقىدىن ئەجەبلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنى يالغانچى دەپ قارىلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر**﴾ يەنى ئۇ يالغانچىلىقتا چەكتىن ئېشىپ كەتكۈچىدۇر.

﴿**ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ**﴾ مانا بۇ ئۇلارغا قىلىنغان قاتتىق تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز**﴾ يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىلىرىنى تەستىقلاشتا، الله تائالانىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن مۆجىزىسى بولۇشى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن قاتتىق بىر تاشتىن قورسىقىدىكى بوتىلىقى ئون ئايلىق بولغان چوڭ بىر تۆگىنى ئۇلارغا چىقىرىپ بەردى.

الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى سالىھنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى سالىھ) ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ نېمە قىلارىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن**﴾ يەنى ئۇلارغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى كۈتكىن، ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، ياخشى ئاقىۋەت، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى غەلىبە چوقۇم ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.

﴿**سۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن**﴾ يەنى سۇ ئىچىش بىر كۈن ئۇلارنىڭ، بىر كۈن تۆگىنىڭ نۆۋىتىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿سالىھ ئېيتتى: «بۇ چىشى تۆگە (سۇيۇقلاردىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر﴾(1).

﴿**قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر تۆگە سۇ ئىچكىلى كەلمىسە، ئۇلار سۇغا ھازىر بولاتتى. ئەگەر تۆگە كەلسە، ئۇلار تۆگىنىڭ سۈتىنى ئىچەتتى.

﴿**ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى. ئۇ قىلىچنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى**﴾ تەپسىرشۇناسلار: تۆگىنى بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئىسمى قىدار ئىبنى سالىف بولۇپ، ئۇ قەۋمى ئىچىدىكى ئەڭ بەتبەخت كىشى ئىدى، دەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى﴾(2).

﴿**ئۇ قىلىچنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن!**﴾ يەنى ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارنىڭ ماڭا كاپىر بولغانلىقى ۋە پەيغەمبىرىمنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن!

﴿**شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئەۋەتىپ (ھالاك قىلىش بىلەن) ئۇلارنى قوتان ياسىغۇچىنىڭ تاشلاندۇق شاخ - شۇمبىلىرىدەك قىلىۋەتتۇق**﴾ تەپسىرشۇناسلاردىن بىر قانچە ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلاردىن ھېچ نەرسە قالدۇرۇلماستىن تەلتۆكۈس يوقىتىلدى، ئۇلار گويا زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ تۈگىگەندەك چىرىپ تۈگىدى. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سەھرادىكى يايلاقنىڭ قۇرۇغان، ئاپتاپتا كۆيگەن ۋە شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن چاغدىكى تاشلاندۇق ئوت - چۆپلىرىدەك قىلىۋېتىلدى. ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەر تۆگە ۋە قوي - كالا قوتانلىرىنى قۇرۇپ قالغان تىكەنلىك

(1) سۈرە شۇئەرا 155 - ئايەت.
(2) سۈرە شەمس 12 - ئايەت.

www.munber.org

شاخ - شۇمبىلاردىن ياسايتتى، الله تائالانىڭ ﴿**قوتان ياسىغۇچىنىڭ تاشلاندۇق شاخ - شۇمبىلىرىدەك قىلىۋەتتۇق**﴾ دېگەن ئايىتىدىن ئەنە شۇ مەنا كۆزدە تۇتۇلغان.

* * * * * * *

كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍۭ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٣﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ حَاصِبًا إِلَّآ ءَالَ لُوطٍ ۖ نَّجَّيْنَـٰهُم بِسَحَرٍ ﴿٣٤﴾
نِّعْمَةً مِّنْ عِندِنَا ۚ كَذَٰلِكَ نَجْزِى مَن شَكَرَ ﴿٣٥﴾ وَلَقَدْ أَنذَرَهُم بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْا۟ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٦﴾ وَلَقَدْ
رَٰوَدُوهُ عَن ضَيْفِهِۦ فَطَمَسْنَآ أَعْيُنَهُمْ فَذُوقُوا۟ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٧﴾ وَلَقَدْ صَبَّحَهُم بُكْرَةً عَذَابٌ مُّسْتَقِرٌّ
﴿٣٨﴾ فَذُوقُوا۟ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٩﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٤٠﴾

***لۇتنىڭ قەۋمى ئاگاھلاندۇرۇشلارغا چىنپۇتمىدى﴿33﴾. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى تاش ياغدۇرۇپ (ھالاك قىلدۇق)، پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر. ئۇلارنى نېمىتىمىز يۈزىسىدىن سەھەردە قۇتۇلدۇردۇق، شۈكۈر قىلغۇچىنى بىز مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴿34﴾. شۈبھىسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى﴿36﴾. ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، (ئۇلارغا) «ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق)﴿37﴾. ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەندە دائىمىي (يەنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئۇلىنىپ كېتىدىغان) ئازاب نازىل بولدى﴿38﴾. (ئۇلارغا): «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» دېيىلدى﴿39﴾. بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ھېيزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴿40﴾.***

## لۇت قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىنى قانداق ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا قانداق قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە ئەرلەر بىلەن ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلاردىن ئىلگىرى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىم قىلمىغان، قەبىھ يامانلىقنى قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ھېچ بىر ئۈممەتنى جازالىمىغان جازا بىلەن جازالىدى، الله تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇق قىلدى، ئۇ ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاسماننىڭ قەئرىگە ئېلىپ چىقتى، ئاندىن شەھەرلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ تاشلىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارقىدىنلا ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇرىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى تاش ياغدۇرۇپ (ھالاك قىلدۇق)، پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر. ئۇلارنى نېمىتىمىز يۈزىسىدىن سەھەردە قۇتۇلدۇردۇق**﴾ يەنى ئۇلار كېچىنىڭ ئاخىرىدا شەھەردىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەۋمىگە نازىل بولغان ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالدى. لۇتقا ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىرمۇ كىشى يەنى بىرمۇ ئەر كىشى ئىمان كەلتۈرمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئىمان كەلتۈرمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئايالىغا قەۋمىگە نازىل بولغان ئازاب نازىل بولدى، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى لۇت ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سالامەت چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ھېچ بىر يامانلىق يەتمىدى.

www.munber.org

﴿شۈكۈر قىلغۇچىنى بىز مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. شۈبھىسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى﴾ يەنى ئۇلارغا ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى لۇت ئۇلارنى ھەقىقەتەن اللّٰه تائالانىڭ جازاسى ۋە ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار بولسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىدى، بەلكى ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى ۋە گۇماندا بولدى.

﴿ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى﴾ ئۇ كىچە جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل قاتارلىق پەرىشتىلەر لۇتنىڭ قېشىغا ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان، چىرايلىق يىگىتلەر سۈرىتىگە كىرىپ، اللّٰه تائالانىڭ ئازابىنى ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن كېچىسى ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرنى مېھمان قىلدى. لۇتنىڭ خوتۇنى پەسكەش موماي قەۋمىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارغا لۇتنىڭ مېھمانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لۇتنىڭ ئۆيىگە ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى، لۇت ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ دەرۋازىنى تاقىۋالدى، ئۇلار دەرۋازىنى چېقىشقا ئۇرۇندى، ئۇ ئاخشام ۋاقتى ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام مېھمانلىرىنى قوغداپ، قەۋمىنى ئۇلارغا چېقىلىشتىن توسۇپ ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿لۇت: «بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم (يەنى قەۋمىمنىڭ قىزلىرى) دۇر، ئەگەر (قازائى شەھۋەت) قىلماقچى بولساڭلار (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى﴾[1] ﴿ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن﴾ يەنى بىز ئۇلارغا قىزىقمايمىز ﴿شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن»﴾[2].

شۇنداق قىلىپ دە ـ تالاش قىلىش كەسكىنلەشتى. ئۇلار ھەممە ياخشى سۆزلەرنى رەت قىلىپ، پەقەت ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ قاتتىق تۇرۇۋالغان چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قانىتىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور قىلىندى. ئاندىن ئۇلار تاملارنى ياقىلاپ ئارقىلىرىغا قايتىشتى ۋە: لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئەتە ئەتىگەندە جازالايمىز، دەپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشتى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەندە دائىمىي﴾ يەنى ئۇلار ھېچ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋە ھېچ ئاجرىيالمايدىغان ﴿(ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئۇلىنىپ كېتىدىغان) ئازاب نازىل بولدى﴾. ﴿(ئۇلارغا): «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېيىلدى) بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ھېپزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾.

* * * * * * *

وَلَقَدْ جَآءَ ءَالَ فِرْعَوْنَ ٱلنُّذُرُ ﴿٤١﴾ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا كُلِّهَا فَأَخَذْنَـٰهُمْ أَخْذَ عَزِيزٍ مُّقْتَدِرٍ ﴿٤٢﴾
أَكُفَّارُكُمْ خَيْرٌ مِّنْ أُو۟لَـٰٓئِكُمْ أَمْ لَكُم بَرَآءَةٌ فِى ٱلزُّبُرِ ﴿٤٣﴾ أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُّنتَصِرٌ ﴿٤٤﴾ سَيُهْزَمُ
ٱلْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ ﴿٤٥﴾ بَلِ ٱلسَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَٱلسَّاعَةُ أَدْهَىٰ وَأَمَرُّ ﴿٤٦﴾

*شەك ـ شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن جامائەسىگە ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلدى﴿41﴾. ئۇلار بىزنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى، ئۇلارنى غالىب، قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ ھالاك قىلدۇق﴿42﴾. (ئى ئەرەب جامائەسى!) ئۇلار (يەنى مەن ھالاك قىلغان ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)دىن سىلەرنىڭ كۇففارلىرىڭلار*

---

(1) سۈرە ھىجر 71 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ھۇد 79 ـ ئايەت.

www.munber.org

*ئارتۇقمۇ؟ ياكى سىلەرگە ساماۋى كىتابلاردا (اللەنىڭ ئازابىدىن) كەچۈرۈم قىلىنىش بارمۇ؟ ﴿43﴾. ياكى ئۇلار*
*«بىز (مۇھەممەد ئۈستىدىن) غالىب قەۋممىز» دەمدۇ؟ ﴿44﴾ (مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ،*
*ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ ﴿45﴾. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)،*
*قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ*
*جاپالىقتۇر ﴿46﴾.*

## پىرئەۋن جامائەسىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن خەۋەر بېرىدۇ، الله تائالانىڭ ئەلچىسى مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئۇلارغا ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرگىنىدە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر، ئەگەر ئۇلار كاپىر بولغىنىدا دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ئېلىپ كەلدى. الله تائالا ئۇ ئىككىسىنى كاتتا مۆجىزىلەر ۋە نۇرغۇن ئالامەتلەر بىلەن كۈچلەندۈردى، بىراق كاپىرلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارنى غالىب، قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ ھالاك قىلدى، يەنى الله تائالا ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، ئۇلاردىن بىرەر كىشىنىڭ نە ئۆزى نە ئىزى قالمىدى.

## قۇرەيشلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە تەھدىت سېلىش توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن ئىبارەت مۇشرىكلار! ﴿**ئۇلار (يەنى مەن ھالاك قىلغان ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)دىن سىلەرنىڭ كۇففارلىرىڭلار ئارتۇقمۇ؟**﴾ يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش، ساماۋى كىتابلارغا كاپىر بولۇش سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان ئەنە شۇ كىشىلەردىن سىلەر ئارتۇقمۇ؟ ﴿**ياكى سىلەرگە ساماۋى كىتابلاردا (اللەنىڭ ئازابىدىن) كەچۈرۈم قىلىنىش بارمۇ؟**﴾ يەنى سىلەردە الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئازابقا ۋە جازاغا مۇپتىلا بولمايسىلەر دېگەن كەچۈرۈمنامە بارمۇ؟

الله تائالا ئۇلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ياكى ئۇلار «بىز (مۇھەممەد ئۈستىدىن) غالىب قەۋممىز» دەمدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ توپى ئۆزلىرىنى يامانلىق قىلماقچى بولغان كىشىلەردىن قوغدايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كۈچى پارچىلىنىدۇ، ئۇلار مەغلۇب قىلىنىدۇ.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن كىچىك چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى الله! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ياردەم بېرىش ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن، ئى الله! ئەگەر خالىساڭ بۈگۈندىن كېيىن يەر يۈزىدە ھەرگىز ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى بىزگە بۈگۈن ياردەم بەرمىسەڭ، ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئىنسان قالمايدۇ)» شۇ چاغدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بولدى قىلغىن، پەرۋەردىگارىڭغا دۇئادا بەك ئاشۇرۋەتتىڭ، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتلىرىنى كىيگەن ھالدا چېدىردىن چىقىپ كەلدى، ھالبۇكى ئۇ مۇنداق دەۋاتاتتى: ﴿**(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر**﴾

www.munber.org

ئىمام بۇخارى، يۇسۇپ ئىبنى ماھىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەنىڭ قېشىدا ئىدىم، ئۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر**﴾ دېگەن ئايەت مەككىدە نازىل بولغان، ئۇ چاغدا مەن تېخى ئويناپ يۈرىدىغان كىچىك بىر قىز ئىدىم، دېدى.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلۡمُجۡرِمِينَ فِي ضَلَٰلٖ وَسُعُرٖ ﴿٤٧﴾ يَوۡمَ يُسۡحَبُونَ فِي ٱلنَّارِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ ذُوقُواْ مَسَّ سَقَرَ
﴿٤٨﴾ إِنَّا كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقۡنَٰهُ بِقَدَرٖ ﴿٤٩﴾ وَمَآ أَمۡرُنَآ إِلَّا وَٰحِدَةٞ كَلَمۡحِۭ بِٱلۡبَصَرِ ﴿٥٠﴾ وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَآ
أَشۡيَاعَكُمۡ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿٥١﴾ وَكُلُّ شَيۡءٖ فَعَلُوهُ فِي ٱلزُّبُرِ ﴿٥٢﴾ وَكُلُّ صَغِيرٖ وَكَبِيرٖ مُّسۡتَطَرٌ ﴿٥٣﴾ إِنَّ
ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَنَهَرٖ ﴿٥٤﴾ فِي مَقۡعَدِ صِدۡقٍ عِندَ مَلِيكٖ مُّقۡتَدِرِۭ ﴿٥٥﴾

***گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) گۇمراھلىقتىدۇر، (ئاخىرەتتە) دوزاختىدۇر ﴿47﴾. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ) ﴿48﴾. بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق ﴿49﴾. (بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ) ﴿50﴾. بىز ھەقىقەتەن ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن كۇفرىدا) سىلەرگە ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ ﴿51﴾. ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى ۋە يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە ـ ئەماللىرىدا مەۋجۇتتۇر ﴿52﴾. كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ ھەممىسى (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر ﴿53﴾. شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ﴿54﴾. (ئۇلار) قۇدرەتلىك اللەنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈللىكىدەك جايدا بولىدۇ ﴿55﴾.***

## گۇناھكارلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بىزگە گۇناھكارلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن توغرا چۈشەنچىلەردىن شەكلەنگەنلىكى ۋە شۈبھىلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ھەقتىن ئازغان ۋە ساراڭلىقتا مۇپتىلا بولغان كىشىلەردۇر. بۇ ئايەت باشقا پىرقىلەردىن بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەر قانداق كاپىر ۋە گۇمراھ كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادا ساراڭلىقتا، ھەقتىن شەكلىنىشكە ۋە گۇمانلىنىشقا مۇپتىلا بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاخنى مىراس قالدۇرىدۇ. ئۇلار دۇنيادا توغرا يولدىن ئازغىنىدەك ئاخىرەتتە دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارغا تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ﴿**«دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)**﴾.

www.munber.org

## ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىنئالا ئۆلچەملىك قىلىپ يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿**بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق**﴾ اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اﷲ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾[1] ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بىجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى﴾[2] يەنى اﷲ تائالا ھەممە نەرسىنى ئالدىنئالا ئۆلچەملىك قىلىپ بەلگىلىدى ۋە مەخلۇقاتقا ئۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى. سۈننىي ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ ئايەت كەرىمنى اﷲ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل قىلىدۇ. ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش اﷲ تائالانىڭ شەيئىلەرنى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى بىلىدىغانلىقى ۋە شەيئىلەرنى يارىتىشتىن ئىلگىرى بەلگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. ئۆلىمالار بۇ ئايەت بىلەن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر بىلەن، شۇنداقلا شۇ مەنىدە رىۋايەت قىلىنغان توغرا ھەدىسلەر بىلەن ساھابىلەر زامانىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان قەدىرىيە پىرقىسىگە رەددىيە بېرىدۇ. بىز بۇ ماۋزۇدا ۋە بۇ مازۇۋ ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ئۈستىدە سەھىھ بۇخارىنىڭ ئىمان بابىنىڭ شەرھىسىدە تەپسىلىي توختالغان ئىدۇق. بۇ يەردىمۇ بۇ ئايىتى كەرىمگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى بايان قىلىمىز.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا تەقدىر (يەنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش) توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿**ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق**﴾ ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ماجە، تىرمىزى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بەززار، ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) گۇمراھلىقتىدۇر، (ئاخىرەتتە) دوزاختىدۇر. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق**﴾ دېگەن بۇ ئايەتلەر پەقەت قەدىرىيە پىرقىسى ھەققىدە نازىل بولغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، زۇرارەنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**(ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق**﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئاخىر زاماندا كېلىدىغان، اﷲ تائالانىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يالغانغا چىقىرىدىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى.

ئەتا ئىبنى ئەبۇرەباھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ تارتىۋېتىپتىكەن، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ پەش - پۇشقاقلىرى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا: تەقدىر توغرىسىدا سۆزلىنىپتۇ، دېدىم، ئۇ ھەيران قالغان ھالدا: ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىپتىمۇ؟ دېدى، مەن: ھەئە، دېدىم. ئۇ: اﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ﴿**(ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق**﴾ دېگەن بۇ ئايەت پەقەت شۇلار ھەققىدە

---

[1] سۈرە فۇرقان 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئلا 1 — 3 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

نازىل بولغان، ئۇلار بۇ ئۇممەتنىڭ يامان كىشىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى يوقلىماڭلار، مېيىتلىرىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇماڭلار، ئەگەر مەن ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرۈپ قالسام بۇ ئىككى بارمىقىم بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى قويۇۋېتەتتىم، دېدى.

ئىمام ئەھمەد، نافىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەرنىڭ خەت يېزىشىپ تۇرىدىغان شاملىق بىر دوستى بار ئىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دوستىغا مۇنداق خەت يازدى: ماڭا خەۋەر قىلىنىشىچە سەن تەقدىر توغرىسىدا بەزى نەرسىلەرنى سۆزلەپسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا خەت يېزىشتىن توختاپ قال، مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كەلگۈسىدە مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلار تەقدىرنى يالغانغا چىقىرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنى ئىمام ئەبۇداۋۇدمۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەممە نەرسە ھەتتاكى ئاجىزلىق بىلەن كۈچ - قۇۋۋەتمۇ ئۆلچەملىك قىلىپ يارىتىلدى» ئىمام مۇسلىممۇ ئۇنى مالىكنىڭ ھەدىسىدىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «الله تائالادىن ياردەم تەلەپ قىلغىن، ھاماقەتلىك قىلمىغىن، ئەگەر ساڭا بىرەر ئىش بولسا: الله تائالا تەقدىر قىلغان ئىش بولىدۇ، ئۇ خالىغان ئىشنى قىلىدۇ، دېگىن. ئەگەر مەن ئۇنى مۇنداق قىلغان بولسام، بۇ ئىش ئەلۋەتتە مۇنداق بۇلار ئىدى، دېمىگىن. ئەگەر سەن بۇيرۇلغاندەك قىلمىساڭ، شۈبھىسىزكى، سەن شەيتاننىڭ ئىشىغا ئىشىك ئاچقان بولىسەن».

ئىبنى ئابباس ئۆزىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلگىنكى، ئەگەر الله تائالا سېنىڭ پايداڭ ئۈچۈن تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسە بىلەن ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن ئۇممەت توپلانغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ساڭا ھېچبىر پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر، الله تائالا سېنىڭ زىيىنىڭغا تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسە بىلەن ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن ئۇممەت توپلانغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ساڭا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەرنىڭ رەڭگى قۇرىدى، سەھىپىلەر قاتلاندى».

ئىمام ئەھمەد، ئۇبادە ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئاتام ئۇبادە[1] نىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ كېسەل ئىدى، مەن ئۇنى بۇ كېسىلىدە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا: ئى ئاتا! ماڭا ۋەسىيەت قالدۇرغىن ۋە توغرا يول كۆرسەتكىن، دېدىم. ئۇ : مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار، دېدى. ئۇ ئولتۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ماڭا: ئى ئوغۇلچىقىم! سەن ھەقىقەتەن تەقدىرگە، - ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگىچە ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالمايسەن ۋە الله تائالانى ھەقىقي بىلىش دەرىجىسىگە يېتەلمەيسەن، دېدى. مەن: ئى ئاتا! ياخشىلىقنىڭ ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مەن قانداقمۇ بىلەلەيمەن؟ دېسەم. ئۇ: بىلگىنكى، سېنىڭ بىرەر خاتالىقىڭ ساڭا ھېچ بىر زىيان كەلتۈرگۈچى ئەمەستۇر. شۇنداقلا ساڭا كەلگەن زىيان سېنىڭ خاتالىقىڭ سەۋەبىدىن بولغانمۇ ئەمەستۇر، ئى ئوغۇلچىقىم! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شۈبھىسىزكى، الله تائالا تۇنجى قىلىپ قەلەمنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا يازغىن، دېدى. قەلەم شۇ سائەتتىلا قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان نەرسىلەرنى

[1] بۇ ئۇبادە بىرىنجى ئۇبادىنىڭ بوۋىسىدۇر.

www.munber.org

يازدى »  ئى ئوغۇلچىقىم! ئەگەر سەن ئۆنىڭغا ئىشەنمەي تۇرۇپ ئۆلسەڭ، دوزاخقا كىرىپ كېتىسەن، دېدى. بۇنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « شۈبھىسىزكى، اللە تائالا مەخلۇقاتنىڭ تەقدىرلىرىنى ئاسمانلار بىلەن زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى پۈتۈۋەتكەن » دېدى. ئىبنى ۋەھب ئۇنىڭغا ﴿اللە نىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى﴾[1] دېگەن ئايەتنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى. ئۇنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

## اللە تائالانىڭ ئۇلار توغرىسىدىكى ئەمر - پەرمانىنى ئىجرا قىلىش بىلەن قورقىتىشى توغرىسىدا

﴿**(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)**﴾ اللە تائالانىڭ تەقدىرى ئىنسانلار ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىنغىنىدەك، بۇ ئايەتمۇ اللە تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۇلار ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن خەۋەردۇر، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر**﴾ يەنى بىز بىر ئىشقا پەقەت بىر قېتىملا ئەمىر قىلىمىز، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تەكىتلەشكە موھتاج بولمايمىز، بىز ئەمىر قىلغان ئۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ئارىلىقتا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، بىر سىكونتمۇ كېچىكىپ قالمايدۇ.

﴿**بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن**﴾ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا ﴿**سىلەرگە ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟**﴾ يەنى اللە تائالا ئەنە شۇ كاپىرلارنى گىرىپتار قىلغان خارلىقتىن ۋە ئۇلارغا تەقدىر قىلىنغان ئازابتىن ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى (يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە جەننەتكە كىرىش) ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىندى. ئۇلارغا ئىلگىرى ئۇلارغا ئوخشاشلارغا قىلىنغاندەك قىلىندى﴾[2]

﴿**ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى ۋە يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە - ئەماللىرىدا مەۋجۇتتۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ قوللىرىدىكى دەپتەرلەردە يېزىقلىقتۇر.

﴿**كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ ھەممىسى (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك گۇناھلىرىنىڭ بىرىمۇ قالدۇرۇلماستىن ئۇلارنىڭ نامە - ئەمەل دەپتەرلىرىدە يېزىلغاندۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئى ئائىشە! كىچىك گۇناھلاردىنمۇ ساقلىنىڭ، شۈبھىسىزكى، كىچىك گۇناھلاردىنمۇ اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېساب ئېلىنىدۇ ». بۇنى ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

## تەقۋادارلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا

﴿**شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئازغۇنلۇق، قايمۇقۇش ئىچىدە قالغان، تاپا - تەنە، مالامەت، قورقۇتۇشقا ئۇچراش بىلەن بىرگە دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان بەتبەخت كىشىلەرنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلار) قۇدرەتلىك اللەنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى ئېسىل يۇرتتا، اللە تائالانىڭ رازىلىقى، پەزلى، ئېھسانى، ساخاۋىتى ۋە ياخشىلىقى

---

[1] سۈرە ھۇد 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسى.
[2] سۈرە سەبەئ 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئىچىدە، بۈيۈك پادىشاھنىڭ، پۈتۈن شەيئىلەرنى ئۆلچەملىك ياراتقۇچى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا بولىدۇ، الله تائالا ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋە ئىرادە قىلغان نەرسىلەردىن ئۆزى خالىغاننى يارىتىشقا قۇدرەتلىكتۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە تەبلىغ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھۆكۈملىرىدە، تەۋەلىرىدە ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغان نەرسىلەردە ئادىللىق بىلەن ئادالەت يۈرگۈزگەنلەر الله تائالانىڭ دەرگاھىدا، الله تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. الله تائالانىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئوڭدۇر» بۇنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە قەمەرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا خاستۇر، الله مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر ۋە خاتالىقتىن ساقلىغۇچىدۇر.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە رەھمان — 78 ئايەت

## سۈرە رەھمان توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، زىررەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئۇنىڭغا: قۇرئاندا كېلىدىغان تۆۋەندىكى ”ا سن“ دېگەن سۆزنى ”ئاسىنىن“ دەپ ئوقۇمسەن ياكى ”ئەسىنىن“ دەپ ئوقۇمسەن؟ دېدى. ئۇ: مەن ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ ھەممىنى ئوقۇدۇم، مەن ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ مۇفەسسەل بولۇمىنى بىر رەكئەت نامازدا ئوقۇيالايمەن، دېدى. ئۇ ئادەم: ئىت قوغلىغاندەك تېز ئوقۇمسەن؟ مەن سىنىڭ قانداق ئوقۇشۇڭ بىلەن كارىم يوق، مەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننىڭ مۇفەسسەل بۆلۈمىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىككىدىن - ئىككىدىن قىلىپ نامازدا ئوقۇغانلىقىنى بىلىمەن. ئىبنى مەسئۇدنىڭ قارىشىچە قۇرئاننىڭ مۇفەسسەل بۆلۈمى سۈرە رەھماندىن باشلىناتتى، دېدى.

ئىمام ئەبۇئىسا تىرمىزى، جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارغا سۈرە رەھماننىڭ بېشىدىن ئاخىرغىچىلىك ئوقۇپ بەردى، ئۇلار جىم تۇرۇپ تىڭشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «شۇبھىسىزكى، مەن بۇ سۈرىنى جىنلارغا كېچىسىدە ئوقۇپ بەردىم، ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا ياخشى جاۋاب قايتۇرغان ئىدى، مەن ھەر قېتىم الله تائالا نىڭ **﴿ئى ئىنسانلار! جىنلار! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾** دېگەن ئايىتىگە كەلگەن چېغىمدا، ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئىنكار قىلمايمىز، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا مەنسۇپتۇر، دەپ جاۋاب قايتۇردى» دېدى. بۇنى ئەبۇبەكرى بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە رەھماننى ئوقۇپ ئاندىن: «نېمە ئۈچۈندۇركى، مەن جىنلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا سىلەرگە قارىغاندا ياخشى جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار نېمە دېدى؟ دېيىشتى. ئۇ: «مەن ئوقۇپ الله تائالانىڭ **﴿ئى ئىنسانلار! جىنلار! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾** دېگەن سۆزىگە كەلسەملا: ئىنكار قىلمايمىز، دەپ جاۋاب قايتۇردى» دېدى. ئۇنى ئىمام بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

ٱلرَّحْمَٰنُ ﴿١﴾ عَلَّمَ ٱلْقُرْءَانَ ﴿٢﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ ﴿٣﴾ عَلَّمَهُ ٱلْبَيَانَ ﴿٤﴾ ٱلشَّمْسُ وَٱلْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ
﴿٥﴾ وَٱلنَّجْمُ وَٱلشَّجَرُ يَسْجُدَانِ ﴿٦﴾ وَٱلسَّمَآءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ ٱلْمِيزَانَ ﴿٧﴾ أَلَّا تَطْغَوْا۟ فِى ٱلْمِيزَانِ

www.munber.org

﴿٨﴾ وَأَقِيمُوا۟ ٱلْوَزْنَ بِٱلْقِسْطِ وَلَا تُخْسِرُوا۟ ٱلْمِيزَانَ ﴿٩﴾ وَٱلْأَرْضَ وَضَعَهَا لِلْأَنَامِ ﴿١٠﴾ فِيهَا فَٰكِهَةٌ
وَٱلنَّخْلُ ذَاتُ ٱلْأَكْمَامِ ﴿١١﴾ وَٱلْحَبُّ ذُو ٱلْعَصْفِ وَٱلرَّيْحَانُ ﴿١٢﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*مېھرىبان اللہ[1]. قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى[2]. ئىنساننى ياراتتى[3]. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى[4]. كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ[5]. ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى اللہنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ)[6]. اللہ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، اللہ تارازىنى بېكىتتى[8-7]. ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار[9]. زېمىننى كىشىلەرنىڭ (پايدىلىنىشى) ئۈچۈن (ياياپاك) قىلدى[10]. زېمىندا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورمىلار بار[11]. سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇش بۇي ئۆسۈملۈكلەر بار[12]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[13].*

## مېھرىبان اللہ تائالانىڭ قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم بەرگەنلىكى توغرىسىدا

اللہ تائالا ئىنسانلارغا ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىنى ۋە اللہ تائالا مەرھەمەت قىلغان كىشىگە قۇرئاننى يادا ئېلىشنى ۋە ئۇنى چۈشىنىشنى ئاسان قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مېھرىبان اللہ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى**﴾ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا بەندىلىرىگە سۆزلەشنى ئۆگەتتى. چۈنكى، اللہ تائالانىڭ قۇرئاننى تەلىم بېرىشى ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئاننى ئۆگىتىش ئىنسانلارغا قىرائەت قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش، ھەرپلەرنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدىن چىقىرىلىشى، كېكىردەك قىسمىدىن، ئېغىز بوشلۇقىدىن، ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى لەۋلەردىن خىلمۇ خىل ۋە تۈرلۈك ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلىدا چىقىرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز - ئىچىگە ئالىدۇ.

## اللہ تائالانىڭ كۈن، ئاي، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئالامەتلىرى توغرىسىدا

﴿**كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ**﴾ يەنى قارىمۇ قارشى كېلىپ قالمايدىغان، بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتمەيدىغان ئىنچىكە ۋە پۇختا ھېساب بىلەن بىر - بىرىگە ئەگىشىپ توختىماستىن سەير قىلىدۇ. ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1] ﴿اللہ سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللہ كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى. بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللہ نىڭ ئادىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە ياسىن 40 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 96 - ئايەت.

www.munber.org

**﴿ئوت ـ چۆپلەر، دەل ـ دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى اللەنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ)﴾** ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى "دەل ـ دەرەخلەر" دەپ ئېلىنغان سۆزنىڭ غوللۇق دەرەخلەر دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. لېكىن ئايەتتىكى اللە تائالانىڭ " **ئوت ـ چۆپلەر**" دەپ ئېلىنغان سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى "يۇلتۇزلار" دېگەن مەنىدىمۇ ۋە "ئوت ـ چۆپلەر" دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سۆزنىڭ بۇ يەردە زادى قايسى مەنىنى بىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇ سۆزنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى يەر يۈزىدىكى ئوت ـ چۆپلەر دېگەن مەنىدە، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى ۋە سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. بۇنىڭغا ئىبنى جەرىرمۇ قوشۇلغان.

مۇجاھىد: ئۇ سۆزنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دېدى. ھەسەن ۋە قەتادىمۇ شۇنداق دېدى. ئەڭ توغرىسىنى اللە بىلگۈچىدۇر. اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئاساسلانغان مۇجاھىد قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرى كۈچلۈك مەنىگە ئىگىدۇر: ﴿بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار (اللەغا بويسۇنۇپ، اللەنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر اللەغا سەجدە قىلىدۇ﴾[1].

**﴿اللە ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، اللە تارازىنى﴾** يەنى ئادالەتنى **﴿بېكىتتى﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق﴾[2] اللە تائالا بۇ يەردىمۇ مۇشۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن﴾** يەنى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ھەق ۋە ئادالەت بىلەن بولۇشى ئۈچۈن اللە تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ياراتتى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾** يەنى ئۆلچەمدە كەم بەرمەڭلار، بەلكى ھەق ۋە ئادىللىق بىلەن ئۆلچەپ بېرىڭلار. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نەرسىلەرنى توغرا تارازىدا تارتىڭلار﴾[3].

**﴿زېمىننى كىشىلەرنىڭ (پايدىلىنىشى) ئۈچۈن (ياپپاك) قىلدى﴾** يەنى ئاسماننى ئېگىز ياراتقىنىدەك زېمىننىمۇ كەڭرى قىلىپ ياراتتى. زېمىننىڭ پۈتۈن قىتئەلىرى ۋە ھەممە جايلىرىدا ھەر تۈرلۈك، ھەر خىل شەكىللىك، ھەر خىل رەڭلىك ۋە ھەر خىل تىلدىكى ئىنسانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، زېمىننى ئۇلار بىلەن تەۋرەپ كەتمەي چىڭ تۇرسۇن دەپ ئۇنى ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار بىلەن مەھكەم تۇرىدىغان قىلدى.

**﴿زېمىندا مېۋىلەر﴾** يەنى رەڭلىرى، تەملىرى ۋە پۇراقلىرى خىلمۇخىل بولغان مېۋىلەر **﴿بوغۇنلۇق خورمىلار بار﴾** اللە تائالا بۇ ئايەتتە خورمىنى ئۇنىڭ ھۆل ۋە قۇرۇق ھالىتىدە داڭلىق ۋە پايدىلىق مېۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

**﴿سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر﴾** يەنى بۇغداي، ئارپا ۋە شۇلارغا ئوخشىغان، غوللىرىنى ياپراقلار ئوراپ تۇرىدىغان، سامىنى بار باشاقلىق زىرائەتلەر **﴿خۇش بۇي ئۆسۈملۈكلەر بار﴾**.

[1] سۈرە ھەج 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە شۇئەرا 182 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## ئىنساننىڭ ﷲ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾ يەنى ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەر ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر، سىلەر ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىۋاتىسىلەر، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن تېنىشقا قادىر بولالمايسىلەر.**

**مۆمىن جىنلار ئېيتقاندەك، بىزمۇ: ئى الله! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئىنكار قىلمايمىز، جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇر، دەيمىز. ئىبنى ئابباس: ئى پەرۋەردىگارىم! نېمەتلەرىڭنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىنكار قىلمايمىز، دەيتتى.**

* * * * * * *

خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ كَٱلۡفَخَّارِ ﴿١٤﴾ وَخَلَقَ ٱلۡجَآنَّ مِن مَّارِجٖ مِّن نَّارٖ ﴿١٥﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٦﴾ رَبُّ ٱلۡمَشۡرِقَيۡنِ وَرَبُّ ٱلۡمَغۡرِبَيۡنِ ﴿١٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٨﴾ مَرَجَ
ٱلۡبَحۡرَيۡنِ يَلۡتَقِيَانِ ﴿١٩﴾ بَيۡنَهُمَا بَرۡزَخٞ لَّا يَبۡغِيَانِ ﴿٢٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢١﴾ يَخۡرُجُ مِنۡهُمَا
ٱللُّؤۡلُؤُ وَٱلۡمَرۡجَانُ ﴿٢٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٣﴾ وَلَهُ ٱلۡجَوَارِ ٱلۡمُنشَـَٔاتُ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَٰمِ
﴿٢٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٥﴾

***(الله) ئىنساننى (يەنى ئاتائلار ئادەمنى) (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتى﴿14﴾. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى﴿15﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿16﴾. ئۇ ئىككى مەشرىق (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ چىقىدىغان ئىككى جايى)نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ۋە ئىككى مەغرىب (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ پاتىدىغان ئىككى جاي)نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴿17﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿18﴾. ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ﴿19﴾. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ﴿20﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿21﴾. ئۇلاردىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ﴿23﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿23﴾. دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر﴿24﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿25﴾.***

## ئادەم بىلەن جىننىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنساننى چەكسە جىرىڭلايدىغان ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتقانلىقىنى، جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىمام ئەھمەد، ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم سىلەرگە سۈپەتلەنگەن نەرسىدىن (يەنى چەكسە جىرىڭلايدىغان ساپالدەك قۇرۇق لايدىن) يارىتىلدى» بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

## اللہ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى مەشرىق بىلەن ئىككى مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇ ئىككى مەشرىقنىڭ**﴾ يەنى كۈننىڭ ياز بىلەن قىشتا چىقىدىغان ئىككى ئورنىنىڭ ﴿**پەرۋەردىگارىدۇر ۋە ئىككى مەغرىبنىڭ**﴾ يەنى كۈننىڭ ياز بىلەن قىشتا پاتىدىغان ئىككى ئورنىنىڭ ﴿**پەرۋەردىگارىدۇر**﴾ اللہ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى﴾[1] بۇ ئايەتتىكى مەشرىقلەر بىلەن مەغرىبلەر ھەر كۈنى كۈننىڭ ئالدىنقى كۈندىكىدىن ئوخشىمايدىغان جايدىن چىقىشى، ئوخشىمايدىغان جايدا سەير قىلىشى ۋە كىشىلەرگە ھەر كۈنى ئالدىنقى كۈنگە قارىغاندا پەرقلىق كۆرۈنۈشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ. اللہ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[2] بۇ ئايەتتە مۇتلەق مەشرىق بىلەن مەغرىب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەشرىق بىلەن مەغرىبلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىدا جىنلار بىلەن ئىنسانلاردىن ئىبارەت مەخلۇقاتلارغا پايدا ـ مەنپەئەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾

## اللہ تائالانىڭ ئىككى خىل دېڭىزنى ۋە كېمىلەرنى ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ**﴾ ئىبنى زەيد اللہنىڭ ﴿**ئۇلار ئۇچرىشىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى: اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پەردە ۋە توسمىلارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇچرىشىشىنى توسۇپ تۇرىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. اللہ تائالانىڭ: ﴿**ئىككى دېڭىزنى**﴾ دېگەن ئايىتىدىن بىرى تۇزلۇق، يەنە بىرى سۈيى تاتلىق دەريا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، تاتلىق ئىنسانلار ئارىسىدا ئېقىپ تۇرىۋاتقان دەريالاردىن ئىبارەتتۇر. بىز بۇ ھەقتە سۈرە فۇرقاندىكى اللہ تائالانىڭ ﴿اللہ (قۇدرىتى بىلەن) بىرى تاتلىق بولغان دەريانى، بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان ھالدا) قويۇۋەتتى، (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە، توسما بەرپا قىلدى﴾[3] دېگەن ئايىتى ئۈستىدە تەپسىلى توختالدۇق.

﴿**ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ**﴾ يەنى دەريا دېڭىزغا، دېڭىز دەرياغا قوشۇلۇپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ سۈيىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسەت قىلىنغان سۈپىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زېمىندىن ئىبارەت توسما بەرپا قىلدى.

﴿**ئۇلاردىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ**﴾ دېڭىزدىن چىقىدىغان مەرۋايىت بولسا ھەممىگە تونۇشلۇقتۇر. مارجانغا كەلسەك مۇجاھىد، قەتادە، ئەبۇرزىين، زەھھاك ۋە ئەلىي قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەرۋايىتنىڭ ئۇششاقلىرى مارجان دېيىلىدىكەن. ئىبنى جەرىرنىڭ بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىشىچە، مەرۋايىتنىڭ چوڭلىرى ۋە ياخشىلىرى مارجان دېيىلىدىكەن.

---

[1] سۈرە مەئارىج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇززەممىل 9 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فۇرقان 53 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئاسماندىن يامغۇر ياغسا، دېڭىزدىكى قۇلۇلىلەر ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرى مەرۋايىت بولىدۇ. مەرۋايىت بىلەن مارجاننى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىش اللہ تائالا تەرىپىدىن ئەھلى زېمىنغا بېرىلگەن نېمەت بولغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا ئۇنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾

﴿**دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ھەر تۈرلۈك بۇيۇملارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىجارەتچىلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ يۈك - تاقلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ قىتئەدىن قىتئەگە، دۆلەتتىن دۆلەتكە قاتناۋاتقان كېمىلەرنىڭ چوڭلۇقى تاغلارغا ئوخشايدۇ. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾

* * * * * * *

كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ ﴿٢٦﴾ وَيَبْقَىٰ وَجْهُ رَبِّكَ ذُو ٱلْجَلَـٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٢٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٢٨﴾ يَسْـَٔلُهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِى شَأْنٍ ﴿٢٩﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٣٠﴾

***زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ***﴿26﴾. ***ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ***﴿27﴾. ***(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟***﴿28﴾. ***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە اللەدىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە اللەغا موھتاجدۇر)، اللە ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى اللە ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)***﴿29﴾. ***(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟***﴿30﴾.

## اللہ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس ھالىتى، ئۇنىڭ زاتىنىڭ مەڭگۈ قېلىشى ۋە ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئەھلى زېمىننىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاسمانلاردىكىلەرنىڭمۇ اللہ تائالا خالىغان كىشىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كەرەملىك زاتىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەممىدىن يۈكسەك، ھەممە نوقسانلاردىن پاك بولغان پەرۋەردىگار ئۆلمەيدۇ. بەلكى، ئۇ ھەمىشە ھاياتتۇر، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا ئۆزى ياراتقان بارلىق نەرسىلەردىن خەۋەر قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى ھەمىشە تىرىك اللہ! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى اللہ! ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى گۈزەل قىلىپ ياراتقۇچى اللہ! ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك اللہ! سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سېنىڭ مەرھەمىتىڭ بىلەن مەدەت تىلەيمىز، بىزگە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ

www.munber.org

ھەممىسىنى ياخشى قىلىپ بەرگەن، بىزنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ۋاقىتتىمۇ، ئۆزىمىزگە ياكى سەن ياراتقان ئىنسانلاردىن بىرىگە تاشلاپ قويمىغىن».

شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇساڭ، ﴿ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىغىچە توختىمىغىن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿الله زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە الله تائالا ئۆزىنىڭ ئېسىل زاتىنى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك دەپ سۈپەتلىدى، الله تائالا ئەزىزلىنىشكە، ئاسىيلىق قىلىنماسلىققا، ئىتائەت قىلىنىشقا، قارشىلىق قىلىنماسلىققا تېگىشلىكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن﴾[2] الله تائالا سەدىقە بەرگۈچىلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە بىز اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز﴾[3] ئىبنى ئابباس: ﴿ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك﴾ دېگەن ئايەتنى: بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ، دەپ تەپسىر قىلغان. الله تائالا پۈتۈن ئەھلى زېمىننىڭ ئۆلۈمدە باراۋەر بولىدىغانلىقى، ئاخىرەت يۇرتىغا بېرىشتا باراۋەر بارىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك الله تائالا ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾.

﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە اللەدىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە اللەغا موھتاجدۇر). الله ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى الله ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)﴾ بۇ ئايەت الله تائالانىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ بارلىق ھالەتلىرىدە الله تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۇلار الله تائالادىن ناھايىتى ئاجىزانە ھالەتتە تۇرۇپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى تىلەيدىغانلىقىنى ۋە الله تائالانىڭ ھەر كۈنى بىر ھالەتتە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەئمەش، مۇجاھىدتىن ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرنىڭ: ﴿الله ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ شۇ ھالىتى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش ياكى ھاجىتىنى تىلىگۈچىگە تىلىگىنىنى بېرىش ياكى پالاكەت باسقان كىشىنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ياكى كېسەل كىشىگە شىپالىق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

* * * * * * *

سَنَفْرُغُ لَكُمْ أَيُّهَ ٱلثَّقَلَانِ ﴿٣١﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٢﴾ يَـٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ إِنِ
ٱسْتَطَعْتُمْ أَن تَنفُذُوا۟ مِنْ أَقْطَارِ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ فَٱنفُذُوا۟ ۚ لَا تَنفُذُونَ إِلَّا بِسُلْطَـٰنٍ ﴿٣٣﴾

---

[1] سۈرە قەسەس 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە كەھف 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىنسان 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٤﴾ يُرۡسَلُ عَلَيۡكُمَا شُوَاظٞ مِّن نَّارٖ وَنُحَاسٞ فَلَا تَنتَصِرَانِ ﴿٣٥﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٦﴾

*ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەردىن (يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز﴿31﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿32﴾. ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن)﴿33﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿34﴾. (قىيامەت كۈنى) سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر ئۆزەڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر﴿35﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿36﴾.*

## ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسىنى قورقۇتۇش ۋە ئۇلار دۇچ كېلىدىغان قورقۇنۇچلۇق ئازاب توغرىسىدا

﴿**ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەردىن (يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز**﴾ ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنى: ئاراڭلاردا ئادىل ھۆكۈم قىلىمىز دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. ﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾.

﴿**ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن)**﴾ يەنى سىلەر اللە تائالانىڭ تەقدىر قىلىپ بېكىتكەن قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا قادىر بولالمايسىلەر. اللە تائالا بولسا سىلەرنى ھەممە ئەتراپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. سىلەر اللە تائالانىڭ ھۆكمىدىن قۇتۇلۇشقا، ئۇنىڭ سىلەرگە قىلغان ھۆكمىگە يولۇقماي ئۆتۈپ كېتىشكە قادىر ئەمەسسىلەر. سىلەر نەگە بارساڭلار، اللە تائالا سىلەرنى قورشاپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەھشەرگاھ مەيداندا يۈز بېرىدۇ. پەرىشتىلەر يەتتە سەپ بولۇپ خالايىقنى پۈتۈن ئەتراپتىن قورشاپ تۇرىدۇ. ھېچكىم بۇ قورشاۋدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىشكە قادىر بولالمايدۇ. لېكىن، ئۇ ﴿**پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ**﴾ كېتەلەيدۇ. بىراق ئۇنىڭغا بۇ قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن! ﴿ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ. ياق، (اللە نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر﴾[1].

﴿(دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار، (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە قىيامەت 10 ـــ 12 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە يۇنۇس 27 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿(قىيامەت كۈنى) سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر ئۆزەڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتتىكى "تۈتۈنى" دېگەن سۆزنى ئەسلى مەنىسىگە ئاساسەن: ئۇ ئېرىتىلگەن سېرىق قوغۇشۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قۇيۇلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. قەتادە ۋە زەھھاكمۇ شۇنداق تەپسىر قىلدى. ئايەتنىڭ خۇلاسە مەنىسى: ئەگەر سىلەر قىيامەت كۈنى قورشاۋدىن قېچىپ ماڭساڭلار، پەرىشتىلەر ۋە زەبانىيلار سىلەرنىڭ ئارقاڭلارغا يېنىشىڭلار ئۈچۈن ئوت يالقۇنىنى ۋە ئېرىتىلگەن قوغۇشۇننى سىلەرگە ئېتىش ئارقىلىق سىلەرنى ئەلۋەتتە توسىدۇ. ﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾.

* * * * * * *

فَإِذَا ٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتۡ وَرۡدَةً كَٱلدِّهَانِ ﴿٣٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٨﴾
فَيَوۡمَئِذٍ لَّا يُسۡـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ إِنسٌ وَلَا جَآنٌّ ﴿٣٩﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٠﴾ يُعۡرَفُ
ٱلۡمُجۡرِمُونَ بِسِيمَٰهُمۡ فَيُؤۡخَذُ بِٱلنَّوَٰصِي وَٱلۡأَقۡدَامِ ﴿٤١﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٢﴾ هَٰذِهِۦ
جَهَنَّمُ ٱلَّتِي يُكَذِّبُ بِهَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٤٣﴾ يَطُوفُونَ بَيۡنَهَا وَبَيۡنَ حَمِيمٍ ءَانٖ ﴿٤٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٤٥﴾

*(قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن) ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان (دوزاخنىڭ قىزىتىلىقىدىن) قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ[37]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[38]. بۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن سورالمايدۇ (يەنى گۇناھكارلارنىڭ ئالاھىدە ئالامىتى بولغانلىقتىن مۇنداق سوراشقا ھاجەت بولمايدۇ[39]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[40]. گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ (يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولۇشتىن ئىبارەت) بەلگىلىرىدىن تونۇلىدۇ، ئۇلار كوكۇلىلىرىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ (دوزاخقا تاشلىنىدۇ)[41]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[42]. بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر[43]. ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ[44]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[45].*

## قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىرى ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ﴿**ئاسمان يېرىلغان چاغدا**﴾ بۇ ئايەتلەر ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان، بۇنىڭ بىلەن مەنىداش ئايەتلەر قىيامەت كۈنى ئاسماننىڭ يېرىلىشىنى ئىسپاتلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ

www.munber.org

كېتىدۇ﴾[1] ﴿شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئېلىپ) ئارقىمۇ ئارقا چۈشىدۇ﴾[2] ﴿ئاسمان يېرىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان،پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا﴾[3].

**﴿(قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن) ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان (دوزاخنىڭ قىزىتقىلىقىدىن) قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ﴾** يەنى ئاسمان خۇددى ياغ دۇرى ۋە كۈمۈش، مىتال ئېرىتىش قازىنىدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ كېتىدۇ، مايلانغان چەملەردەك رەڭگا ـ رەڭ بولۇپ كېتىدۇ. بىردە قىزارسا، بىردە سارغىيىپ قالىدۇ ۋە بىردە كۆكىرىپ كەتسە، يەنە بىردە يېشىل بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ھالەتلەر قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىدىندۇر. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈنى ئاسمان قىزىل قىچىرنىڭ رەڭگىدەك ۋە ئېرىتىلگەن ياغنىڭ دۇردەك بولۇپ كېتىدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ”قىزىل چەمدەك“ يەنى قىزىل چەمنىڭ رەڭگىدەك بولۇپ كېتىدۇ.

**﴿بۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن سورالمايدۇ (يەنى گۇناھكارلارنىڭ ئالاھىدە ئالامىتى بولغانلىقتىن مۇنداق سوراشقا ھاجەت بولمايدۇ)﴾** اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ﴾[4] مانا بۇ بىر قېتىملىق ئەھۋالدا بولىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىملىق ئەھۋالدا پۈتۈن ئىنسانلار جىمى قىلمىشلىرىدىن سورۇلىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾[5].

شۇڭا قەتادە ﴿**بۇ كۈندە ھېچ بىر ئىنسان ۋە جىن ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن سورالمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: دەسلەپتە ئۇلار سوراق قىلىنىدۇ، ئاندىن اللہ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرى ۋە پۇتلىرى بارلىق قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

**﴿گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ (يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولۇشتىن ئىبارەت) بەلگىلىرىدىن تونۇلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىدە ئاشكارا بولىدىغان قەبىھ ئالامەتلەردىن تونۇلىدۇ.

ھەسەن ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يۈزلىرىنىڭ قارىداپ كېتىشى ۋە كۆزلىرىنىڭ كۆك بولۇشىدىن تونۇلىدۇ. مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مانا بۇ ئەھۋال مۆمىنلەرنىڭ تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن پېشانىسى ۋە پۇتلىرىنىڭ ئاق بولۇپ تونۇلىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

**﴿ئۇلار كوكۇلىلىرىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ (دوزاخقا تاشلىنىدۇ)﴾** يەنى دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ كوكۇلىلىرى بىلەن پۇتلىرىنى يىغىپ ئەنە شۇ ھالدا دوزاخقا تاشلايدۇ. ئەئمەش، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: گۇناھكارلارنىڭ كوكۇلىسى بىلەن ئىككى پۇتى يىغىپ تۇتۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېلى تونۇردىكى ئوتۇن كۆيۈپ سۇنغاندەك سۇنىدۇ.

**﴿بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر﴾** يەنى سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرغان مانا بۇ دوزاخ دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ سۆز ئۇلارغا تاپا ـ تەنە، مالامەت، كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار گاھىدا ئوت بىلەن،

[1] سۈرە ھاققە 16 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇرقان 25 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىنشىقاق 1 ــــ 2 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە مۇرسەلات 35 ــــ 36 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە ھىجر 92 ــــ 93 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

گاھىدا ئۇچەيلىرىنى ئېرىتىپ تاشلايدىغان ئېرىتىلگەن قوغۇشۇندەك قىزىق قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللّٰه تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾[1] اللّٰه تائالا نىڭ ﴿قايناقسۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: بۇ ھارارىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان قايناقسۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن قىزىق ئىكەنلىكىدىن ئىنسان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۇ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ۋە قاتتىق قايىنىغان سۇ، دەيدۇ. مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك، ھەسەن، سەۋرى ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ سۇ اللّٰه تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ قايناپ تۇرغان سۇدۇر. مۇھەممەد ئىبنى كەئىب قۇرەزى مۇنداق دەيدۇ: ئازاب پەرىشتىسى گۇناھكار بەندىنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ شۇ قايناقسۇدا تاكى گۆشلىرى ئېرىپ تۆگەپ، سۆڭەك ۋە باشتىكى ئىككى كۆزى قالغۇچە مىدىرلىتىپ تۇرىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾[2].

اللّٰه تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئاسىي گۇناھكارلارنى ئازابلايدىغانلىقىنى، تەقۋادارلارنى ئۆز پەزلى، مەرھەمىتى، ئادالىتى ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مېھرىبانلىقى بىلەن نازۇنېمەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى شېرىك كەلتۈرۈشتىن، گۇناھ ۋە باشقا يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ئۆزىنىڭ ئازابلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەنە شۇ ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾

* * * * * * *

وَلِمَنۡ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ جَنَّتَانِ ﴿٤٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٧﴾ ذَوَاتَآ أَفۡنَانٖ ﴿٤٨﴾ فَبِأَيِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٩﴾ فِيهِمَا عَيۡنَانِ تَجۡرِيَانِ ﴿٥٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥١﴾ فِيهِمَا مِن كُلِّ
فَٰكِهَةٖ زَوۡجَانِ ﴿٥٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٣﴾

***پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار[46]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[47]. ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار[48]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[49]. ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار[50]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[51]. ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار[52]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟[53].***

---

[1] سۈرە غافىر 71 ـــ 72 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە غافىر 71 ـــ 72 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

## تەقۋادارلارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى ۋە نازۇنېمەتلىرى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە**﴾ ۋە ﴿ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە﴾[1] يەنى گۇناھتا چىڭ تۇرماي، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرمىگەن، ئاخىرەتنى، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈدۇر دەپ بىلگەن، اللە تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلغان، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يانغان ئادەمگە قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئىككى جەننەت بار.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى، ئابدۇللاھ ئىبنى قەيستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قاچىلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرى كۆمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت بار، قاچىلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرى ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار، ئەدنى ناملىق جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشىنى پەقەت اللە تائالانىڭ يۈزىدىكى ئۇلۇغلۇق رىداسىلا توسۇپ تۇرىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇ ئايەت ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەت جىنلارنىڭمۇ، ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتسا ۋە تەقۋادارلىق قىلسا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. شۇڭا اللە تائالا بۇ نېمەتنى ئىنسانلار ۋە جىنلارغا ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾ ئاندىن اللە تائالا بۇ ئىككى جەننەتنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار**﴾ يەنى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلىرى بار، چىرايلىق شاخلىق دەرەخلەر بار.

﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾ ئەتا خۇراسانى ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە: شاخلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرىدىغان بۈك ـ باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەر بار، دېدى.

﴿**ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار**﴾ يەنى ئۇ ئىككى بۇلاق ئەنە شۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى سۇغىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرەخلەر تۈرلۈك ـ تۈرلۈك رەڭدىكى مېۋىلەرنى بېرىدۇ.

﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾ ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككى بۇلاقنىڭ بىرى تەسنىم، يەنە بىرى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككى بۇلاقنىڭ بىرىدىن رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇ چىقىدۇ. يەنە بىرىدىن ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەي چىقىدۇ.

شۇڭا اللە تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار**﴾ يەنى ئۇنىڭدا ئۇلار بىلىدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرىدىن ئىككى خىلدىن بار. ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەردىن ياخشى نەرسىلەر بار، ۋە يەنە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنساننىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان ئېسىل نەرسىلەرمۇ بار.

﴿**(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟**﴾ ئىبراھىم ئىبنى ھەكەم ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دۇنيادىكى

---

[1] سۈرە نازىئات 40 ـ ئايەت.

www.munber.org

ھەر قانداق تاتلىق ۋە ئاچچىق مېۋە جەننەتتە بار، ھەتتا لاۋزا مېۋىلەرمۇ بار. ئىبنى ئاببباس مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادا ئاخىرەتتىكى نەرسىلەرنىڭ پەقەت ئىسىملىرىلا بار، دۇنيادىكى نەرسىلەر بىلەن ئاخىرەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا پەرق ئىنتايىن چوڭدۇر.

* * * * * * *

مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ فُرُشٍۭ بَطَآئِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍۚ وَجَنَى ٱلْجَنَّتَيْنِ دَانٍ ﴿٥٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥٥﴾ فِيهِنَّ قَـٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَآنٌّ ﴿٥٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥٧﴾ كَأَنَّهُنَّ ٱلْيَاقُوتُ وَٱلْمَرْجَانُ ﴿٥٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٩﴾ هَلْ جَزَآءُ ٱلْإِحْسَـٰنِ
إِلَّا ٱلْإِحْسَـٰنُ ﴿٦٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦١﴾

*ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر﴿54﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ﴿55﴾. ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار﴿56﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ﴿57﴾. گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر﴿58﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ﴿59﴾. ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴿60﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ﴿61﴾.*

﴿ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ﴾ بۇ ئايەتتىكى يۆلىنىش دېگەنلىكتىن يانپاشلاپ يېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىراق بۇنىڭدىن بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار. يەنى جەننەت ئەھلى ئەستەرلىرى قېلىن يىپەكتىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئىكرىمە، زەھھاك، قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.

ئەبۇئىمران جۇۋەنى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن قېلىن يىپەكتۇر، اللّٰه تائالا ئۇ تۆشەكنىڭ ئەستىرىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن ئۇنىڭ تېشىنىڭ ئېسىللىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ، قىممىتى تۆۋەن نەرسە بىلەن قىممەت باھالىق نەرسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسلۇبىدۇر. ئەبۇئىسھاق، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مانا بۇ تۆشەكلەرنىڭ ئەستەرلىرىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تېشىنى كۆرسەك، ئۇ قانچىلىك ئېسىلدۇر - ھە!

﴿ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى﴾ ئۇلار قايسى ھالەتتە بولسۇن، يەنى خالىغان چاغدا ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە ﴿يېقىندۇر﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ﴾[1] ﴿جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ﴾[2]

---

(1) سۈرە ھاققە 23 - ئايەت.
(2) سۈرە ئىنسان 14 - ئايەت.

www.munber.org

يەنى ئۇ مېۋىلەرنى ئۈزۈش قىلچىلىكمۇ تەس بولماستىن بەلكى مېۋىلەر، شۇ مېۋىلەرنى خالىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا شاخلىرىدىن ئۆزلىگىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ **﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾**.

الله تائالا تۆشەكلەرنىڭ كاتتىلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: شۇ تۆشەكلەردە **﴿ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان﴾** خوتۇنلار بار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، قەتادە، ئەتا خۇراسانى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدۇ. يەنە جەننەتتە ئۇلارغا ھېچ نەرسە ئەرلىرىدەك چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇلارنىڭ بىرى ئېرىگە: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن جەننەتتە سەندىن چىرايلىق ھېچ نەرسە كۆرمىدىم. جەننەتتە ماڭا سەندىن باشقا يېقىملىق نەرسە يوق، سېنى ماڭا بەرگەن، مېنى ساڭا بەرگەن زات الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! دەيدۇ.

**﴿ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭتۇش قىزلار بولۇپ ئەرلىرىگە بېرىلىشتىن ئىلگىرى ھېچ ئىنسان ۋە جىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلمىغان. مانا بۇ ئايەتمۇ مۆمىن جىنلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەرتاتە ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم زەمرە ئىبنى ھەبىبتىن: جىنلارمۇ جەننەتكە كىرەمدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ھەئە، تېخى ئۇلار خوتۇن ئالىدۇ، ئەركەك جىنلارغا جىنلاردىن، ئەركەك ئىنسانلارغا ئىنسانلاردىن خوتۇنلار باردۇر، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مانا بۇ الله تائالانىڭ: **﴿ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر، ئاندىن الله تائالا ئۇ خوتۇنلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر﴾**

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن: سىلەر مەيلى پەخىرلەنگەن ياكى بىر ـ بىرىڭلار بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغان ھالدا ئېيتىڭلار، جەننەتتە ئەرلەر كۆپمۇ ياكى ئاياللار كۆپمۇ؟ دېگەندە، ئەبۇھۇرەيرە: سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شۈبھىسىزكى، جەننەتكە بىرىنچى تۈركۈمدە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى، ئاسماندىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر ئادەمگە پاچاقلىرىدىن يىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككى خوتۇن بېرىلىدۇ، جەننەتتە بويتاق ئەر بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا يولىدا ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا چىقىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىنمۇ ياخشىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئوقياسىنىڭ كىرىچىنىڭ ياكى قامچىسىنىڭ جەننەتتىكى ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىنمۇ ياخشىدۇر، جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئەگەر يەر ـ يۈزىگە چىقىرىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىنى خۇش پۇراقلارغا تولدۇرۇۋەتكەن ۋە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەر ئەلۋەتتە خۇش پۇراق چاچقان بولاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن لېچەكى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

**﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾** يەنى دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغان كىشى ئۇچۇن ئاخىرەتتە پەقەت ياخشىلىقلا بار. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللّٰه نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴾**[1] اللّٰه تائالا يۇقىرىدا ئەمەل بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئەكسىچە اللّٰه تائالانىڭ بەندىسىگە مەرھەممەت ۋە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىنلا بېرىدىغان كاتتا نېمەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾.**

* * * * * * *

وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ ﴿٦٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٣﴾ مُدْهَآمَّتَانِ ﴿٦٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٥﴾ فِيهِمَا عَيْنَانِ نَضَّاخَتَانِ ﴿٦٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٧﴾ فِيهِمَا فَٰكِهَةٌ
وَنَخْلٌ وَرُمَّانٌ ﴿٦٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٩﴾ فِيهِنَّ خَيْرَٰتٌ حِسَانٌ ﴿٧٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٧١﴾ حُورٌ مَّقْصُورَٰتٌ فِي ٱلْخِيَامِ ﴿٧٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٣﴾ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ
قَبْلَهُمْ وَلَا جَآنٌّ ﴿٧٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٥﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ رَفْرَفٍ خُضْرٍ وَعَبْقَرِيٍّ حِسَانٍ
﴿٧٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٧﴾ تَبَٰرَكَ ٱسْمُ رَبِّكَ ذِي ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٧٨﴾

***ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت بار﴿62﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿63﴾. ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر﴿64﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿65﴾. ئۇ ئىككى جەننەتتە قايناپ چىقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار﴿66﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿67﴾. ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار﴿68﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿69﴾. ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار﴿70﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿71﴾. ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر﴿72﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿73﴾. ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋەجىن يېقىنچىلىق قىلمىغان﴿74﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿75﴾. ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ﴿76﴾. (ئى ئىنسانلار! جىنلار) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿77﴾. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر﴿78﴾.***

اللّٰه تائالا مانا بۇ ئىككى جەننەتنىڭ ئىلگىرى سۈپەتلەنگەن ئىككى جەننەتتىن پەزىلەت ۋە دەرىجىدە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى قۇرئاندا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت**

[1] سۈرە يۇنۇس 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**بار﴾** يۇقىرىدا «قاچىلىرى ۋە بارلىق نەرسىلىرى ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار، قاچىلىرى ۋە بارلىق نەرسىلىرى كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت. ئىلگىرىكى ئىككى جەننەت الله تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىگە، كېيىنكى ئىككى جەننەت سائادەتمەن بەندىلىرىگە بېرىلىدۇ» دېگەن ھەدىس بايان قىلىنغان ئىدى. ئەبۇمۇسا: ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت الله تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىگە، كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت سائادەتمەن بەندىلىرىگە بېرىلىدۇ، دېدى.

ئىلگىرىكى ئىككى جەننەتنىڭ كېيىنكى ئىككى جەننەتتىن ئېسىل ئىكەنلىكىنىڭ بىر قانچە دەلىلى بار. بىرىنچىدىن: الله تائالا ئىلگىرىكى ئىككى جەننەتنى كېيىنكى ئىككى جەننەتتىن بۇرۇن سۈپەتلىدى. دەسلەپتە تىلغا ئېلىش ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت بار﴾** بۇ بۇرۇن سۈپەتلەنگەن جەننەتنىڭ كېيىن سۈپەتلەنگەن جەننەتكە قارىغاندا ئېسىل ۋە ئالىي ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. الله تائالا يۇقىرىدا ئىككى جەننەتنى سۈپەتلەپ **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار﴾** دەيدۇ. يەنى بۇ ئىككى جەننەتتىكى دەل - دەرەخلەر سۇغا بەك قانغانلىقتىن ياپ - يېشىللىقتا پۈركۈنۈپ قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. ئىبنى ئابباسمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى كەئىب **﴿ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر﴾** دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە: بۇ ئىككى جەننەت يېشىلچىلىقتا پۈركەلگەن دەيدۇ. شاخلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتمىگەن دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن دەرەخلەرگە قارىغاندا چىرايلىق ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر.

ئىككىنچىدىن: الله تائالا يۇقىرىقى ئىككى جەننەتنى سۈپەتلىگەندە **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار﴾** دەيدۇ. بۇ يەردىكى ئىككى جەننەتنى سۈپەتلىگەندە **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە قايناپ چىقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار﴾** دەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئىككى بۇلاقتىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدۇ. سۇ ئېقىپ تۇرۇش بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغاندىن ياخشىدۇر. زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە قايناپ چىقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار﴾** يەنى ئۇ ئىككى بۇلاقنىڭ سۈيى ئازلاپ قالماي سۇغا لىق تولۇپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن: الله تائالا يۇقىرىقى ئىككى جەننەتنى سۈپەتلىگەندە **﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار﴾** دەيدۇ. بۇ يەردە بولسا **﴿ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار﴾** دەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنىڭ بۇ ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىلىرىگە قارىغاندا كۆپ ۋە خىلمۇ - خىل ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادە: جەننەتتە نۇرغۇن چىرايلىق نەرسىلەر بار، دەيدۇ. كۆپلىگەن تەپسىرشۇناسلار: جەننەتتە ياخشى، چىرايلىق، ئەخلاقلىق ۋە گۈزەل يۈزلۈك خوتۇنلار بار، دەيدۇ. بىر ھەدىستە شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنىڭ: «بىز چىرايلىق خوتۇنلارمىز، بىز ھۆرمەتلىك ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلدۇق» دەپ ناخشا ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن: الله تائالا يۇقىرىدىكى ئىككى جەننەتنى سۈپەتلىگەندە **﴿ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان**

www.munber.org

**خوتۇنلار بار﴾** دەيدۇ، بۇ يەردە بولسا ﴿**ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر﴾** دەيدۇ. يەنى گەرچە جەننەتتىكى ھۆرلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى چېدىرلاردا بولسىمۇ ئۆزلىرى باشقىلارغا قارىمايدىغان ھۆرلەر، باشقىلارغا قارىماسلىقتا بۇيرۇلغان ھۆرلەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر.

﴿**ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر﴾** ئىمام بۇخارى، ئابدۇللا ئىبنى قەيستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، جەننەتتە كاۋاك مەرۋايىتتىن تىكىلگەن بىر چېدىر بار، ئۇنىڭ كەڭلىكى 60 مىل[1] كېلىدۇ. چېدىرنىڭ ھەر بۇلۇڭىدا مۆمىنلەرگە بېرىلگەن خوتۇنلار بار، ئۇلار باشقىلارنى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنى مۆمىنلەر زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ».

ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: چېدىرنىڭ كەڭلىكى 30 مىل كېلىدۇ. دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «شەك - شۈبھىسىزكى، جەننەتتە ھەر بىر مۆمىن ئۈچۈن بىر كاۋاك مەرۋايىتتىن تىكىلگەن چېدىر بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 مىل كېلىدۇ، شۇ چېدىردا مۆمىنگە بېرىلگەن خوتۇنلار بار، ئۇ ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈپ قالمايدۇ».

﴿**ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان﴾** بۇ ئايەتكە ئوخشاش مەنىدىكى ئايەت يۇقىرىدا بايان قىلىندى، پەقەت يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى جەننەتنىڭ سۈپىتىدە اللّٰه تائالانىڭ ﴿**گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾** دېگەن ئايەتلىرى ئارتۇق بايان قىلىندى.

﴿**ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنى: ئۇلار ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. ئەلا ئىبنى بەدرى: ئۇلار تەختلەرگە يېپىلغان يۇپۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿**ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر﴾** يەنى اللّٰه تائالا ئۇلۇغلىنىشقا، ئاسىيلىق قىلىنماسلىققا، ھۆرمەتلىنىپ ئىبادەت قىلىنىشقا، شۈكۈر قىلىنىشقا، ئىنكار قىلىنماسلىققا، ئەسلىنىپ تۇرۇشقا، ئۇنتۇلۇپ قېلىنماسلىققا تېگىشلىكتۇر. ئىبنى ئابباس ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك دېگەن ئايەتنى بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ دەپ تەپسىر قىلدى. ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، چاچ ساقاللىرى ئاقارغان مۇسۇلماننى، مۇسۇلمان پادىشاھنى، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ۋە نۇقسان يەتكۈزمىگەن ئاساستا يادا ئالغان ئادەمنى ھۆرمەتلەش اللّٰه تائالانى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر».

ئىمام ئەھمەد، رەبىيئ ئىبنى ئامىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك اللّٰه نى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار». بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

[1] مىل قۇرۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر مىل 1609 مېترغا تەڭ.

www.munber.org

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بېرىپ نامازنى تۈگىتىپ بولۇپ «ئى اللە! سەن سالامدۇرسەن، سالامەتلىك سەن تەرەپتىندۇر. ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك اللە! سېنىڭ نامىڭ مۇبارەكتۇر» دەپ بولغىدەك مىقداردا ئولتۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە رەھماننىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە تائالاغا مەنسۇپتۇر.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ۋاقىئە 78 ئايەت

### سۈرە ۋاقىئەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇئىسھاق، ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن چاچلىرىڭ ئاقىرىپ كېتىپتۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« مېنى ھود، ۋاقىئە، مۇرسالات، نەبە ۋە تەكۋىر قاتارلىق سۈرىلەر قېرىتىۋەتتى » دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، جابىر، ئىبنى سەمۇرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازلارنى بۈگۈنكى كۈندە سىلەر ئۆتەۋاتقان نامازغا ئوخشاش ئۆتەيتتى، لېكىن ئۇ يەڭگىل ئۆتەيتتى، ئۇنىڭ نامىزى سىلەرنىڭ نامىزىڭلاردىن يەڭگىل ئىدى، ئۇ بامدات نامىزىدا سۈرە ۋاقىئەنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا وَقَعَتِ ٱلْوَاقِعَةُ ﴿١﴾ لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ ﴿٢﴾ خَافِضَةٌ رَّافِعَةٌ ﴿٣﴾ إِذَا رُجَّتِ ٱلْأَرْضُ رَجًّا ﴿٤﴾
وَبُسَّتِ ٱلْجِبَالُ بَسًّا ﴿٥﴾ فَكَانَتْ هَبَآءً مُّنۢبَثًّا ﴿٦﴾ وَكُنتُمْ أَزْوَٰجًا ثَلَٰثَةً ﴿٧﴾ فَأَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ مَآ
أَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿٨﴾ وَأَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ مَآ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ ﴿٩﴾ وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلسَّٰبِقُونَ ﴿١٠﴾
أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلْمُقَرَّبُونَ ﴿١١﴾ فِى جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿١٢﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*قىيامەت قايىم بولغان چاغدا﴿1﴾. ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ﴿2﴾. زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ﴿3 ـ 4 ـ 5 ـ 6﴾. سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر﴿7﴾. (بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر﴿8﴾. (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر)﴿9﴾. (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار*

www.munber.org

*جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر*﴾[10]. *ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە اللەغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر*﴾[11-12]﴿.

## قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

ۋاقىئە[1] قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋە ۋۇجۇتقا كېلىدىغان كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ﴾[2].

﴿**ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ**﴾ يەنى ئەگەر اللہ تائالا ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ ۋە توسۇپمۇ قالالمايدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اللہ تەرىپىدىن كەلگەن، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈن كېلىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار﴾[3] ﴿بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبن ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى. ئۇ (ئازاب)نى ھېچ ئادەم قايتۇرالمايدۇ﴾[4] ﴿اللہ (بىرەر شەيئىگە) «ۋۇجۇدقا كەل» دېسە (دەرھال) كېلىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈندىكى) ئازابتىن قورقۇڭلار. اللہ نىڭ سۆزى ھەقتۇر،سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈندىكى) پادىشاھلىق اللہ غا خاستۇر. اللہ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، اللہ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن) خەۋەرداردۇر﴾[5] مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇنى توسۇش ۋە قايتۇرۇۋېتىش ھېچ مۇمكىن ئەمەستۇر.

﴿**زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ**﴾ يەنى گەرچە بەزى كىشىلەر دۇنيادا ئابرۇيلۇق بولسىمۇ قىيامەت ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ ئەڭ تېگىگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ، بەزى كىشىلەر دۇنيادا ئاجىزلاردىن سانالسىمۇ قىيامەت ئۇلارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت ئىللىيۇنغا، تۈگىمەيدىغان نازۇنېمەت مەرتىۋىسىگە كۆتۈرىدۇ. ھەسەن، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان. ئەۋفى، ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿**قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت يىراق - يېقىن ھەممىگە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنى ئاڭلىتىدۇ. ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت تۆۋەنلەپ ئەڭ تۆۋەندىكىلەرگە يۇقىرى ئۆرلەپ ئەڭ يۇقىرىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنى ئاڭلىتىدۇ. زەھھاك ۋە قەتادەمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلغان.

﴿**زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن**﴾ يەنى ئۇ چاغدا زېمىن قاتتىق ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇزۇندىن توغرىسىغا تەۋرىتىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە ۋە بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەتنى: زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، دەپ تەپسىر قىلدى. رەبىئى ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: زېمىن ئۆزىدىكى نەرسىلەر بىلەن خۇددى غەلۋىر

[1] مەنىسى يۈز بەرگۈچى دېگەن بولىدۇ.
[2] سۈرە ھاققە 15 - ئايەت.
[3] سۈرە شۇرا 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مەئارىج 1 - 2 - ئايەتلەر.
[5] سۈرە ئەنئام 73 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

تاسقالغاندەك تاسقىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە﴾[1] ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر﴾[2]

﴿**تاغلار پارچىلىنىپ**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە ۋە باشقىلار: بۇ چاغدا تاغلار پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ، دېدى. ئىبنى زەيد : بۇ كۈندە تاغلار خۇددى الله تائالا ﴿بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ﴾[3] دېگەندەك بولۇپ كېتىدۇ، دېدى.

﴿**توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا**﴾ ئەبۇئىسھاق ھارىستىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تاغلار توپا - چاڭلارغا ئايلىنىپ ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە قالماي توزۇپ يوقاپ كېتىدۇ.. ئەۋفى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تاغلار ئوتتىن ئۇچقۇنداپ چىققان ئۇچقۇنلارغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئوت ئۆلگەندە، ئۇنىڭدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ چىقىدۇ. يەرگە چۈشكەندە بولسا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: تاغلار شامال سورۇۋەتكەن توزاندەك بولۇپ كېتىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: تاغلار شامال سۆرىۋەتكەن قۇرۇق چاۋا - چاتقالغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ئايەت بۇ مەزمۇندىكى باشقا ئايەتلەرگە ئوخشاش قىيامەت كۈنى تاغلارنىڭ ئۆز ئورنىدىن يوقىلىدىغانلىقىنى، توزۇپ ئېتىلغان يۇڭغا ئوخشاش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەرشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىققانلاردۇر، ئۇلارنىڭ نامە - ئەمال دەپتەرلىرى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ، ئۇلار ئەرشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يەنە بىر قىسمى ئەرشنىڭ سول تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدىن چىققانلاردۇر، ئۇلارنىڭ نامە - ئەمەل دەپتەرلىرى سول تەرىپىدىن بېرىلىدۇ، ئۇلار ئەرشنىڭ سول تەرىپىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك دوزاخ ئەھلىدۇر. بىز اللهغا سېغىنىپ ئۇلاردىن بولۇپ قېلىشتىن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز.

ئۈچىنچى قىسىمدىكىلەر ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، غالىب ۋە بۈيۈك اللهنىڭ ئالدىدا تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلار ئەرشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغانلارغا قارىغاندا الله تائالاغا خاس ۋە يېقىن كىشىلەر بولۇپ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئېسىل مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە الله يولىدا شېھىت بولغانلار بار. ئۇلار ئەرشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالغانلارنىڭ سانىغا قارىغاندا ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(**بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە - ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر. (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە - ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر). (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى**

---

[1] سۈرە زەلزەلە 1 - ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 1 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇززەممىل 14 - ئايەت.

www.munber.org

**ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر﴾** اللە تائالا بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئىنسانلارنىڭ سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ. اللە تائالا يەنە ئۇلارنىڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللەنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر﴾[1].

مۇھەممەد ئىبنى كەئىب ۋە ئەبۇھەززە ياقۇب ئىبنى مۇجاھىد قاتارلىقلار ﴿**(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملاردۇر، دېدى. سۇددى: ئۇلار ”ئىللىييۇن“ دەپ ئاتىلىدىغان جەننەت ئەھلىدۇر، دېدى.

بۇ ئايەت بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾[2] ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار﴾[3] كىمكى بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىسا ۋە ئۇنى ئەڭ ئالدىدا قىلسا، ئاخىرەتتىمۇ ئەڭ ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، چۈنكى مۇكاپات ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ. بۇ، باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ، سەنمۇ شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە اللەغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر**﴾.

* * * * * * *

ثُلَّةٌ مِّنَ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾ وَقَلِيلٌ مِّنَ ٱلْـَٔاخِرِينَ ﴿١٤﴾ عَلَىٰ سُرُرٍ مَّوْضُونَةٍ ﴿١٥﴾ مُّتَّكِـِٔينَ عَلَيْهَا
مُتَقَٰبِلِينَ ﴿١٦﴾ يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَٰنٌ مُّخَلَّدُونَ ﴿١٧﴾ بِأَكْوَابٍ وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ ﴿١٨﴾ لَّا
يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ ﴿١٩﴾ وَفَٰكِهَةٍ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَحْمِ طَيْرٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٢١﴾ وَحُورٌ
عِينٌ ﴿٢٢﴾ كَأَمْثَٰلِ ٱللُّؤْلُؤِ ٱلْمَكْنُونِ ﴿٢٣﴾ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٢٤﴾ لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا
تَأْثِيمًا ﴿٢٥﴾ إِلَّا قِيلًا سَلَٰمًا سَلَٰمًا ﴿٢٦﴾

***بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر﴿14-13﴾. ئۇلار (ئالتۇندىن توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە يۆلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ﴿16-15﴾. (قېرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى***

---

[1] سۈرە فاتىر 32 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھەدىد 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

*ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ﴿18،17﴾. ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ﴿19﴾. ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ﴿20 - 21﴾. ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ﴿22 - 23﴾. بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴿24﴾. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ﴿25﴾. پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ﴿26﴾.*

## ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئەنە شۇ ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار ۋە ﷲ تائالاغا يېقىن بولغۇچىلاردىن مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر**﴾. تەپسىرشۇناسلار ﷲ تائالانىڭ ﴿**ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە**﴾ ۋە ﴿**كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، مۇجاھىد ۋە ھەسەنبەسرى قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە**﴾ دېگەن سۆزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر، ﴿**كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە**﴾ دېگەن سۆزدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشتا بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىز دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىمىز» دېگەن سۆزى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلدى. ئىبنى جەرىر بۇ قاراشتىن باشقىنى رىۋايەت قىلمىدى ۋە بۇ قاراشنى ھېچكىمگە نىسبەتەن بەرمىدى.

بۇ قاراشقا يەنە ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ: ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئېغىر تۇيۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ﴿**بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر**﴾ دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ سىلەردىن بولۇشىنى، جەننەت ئەھلىدىن ئۈچتىن بىرىنىڭ سىلەردىن بولۇشىنى بەلكى جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمىنىڭ سىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، سىلەر ئۇلارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنى تەشكىل قىلىسىلەر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ قارىشىنىڭ ئاساسى كۈچلۈك ئەمەس ئەكسىچە ئۇنى ئاساسى ئاجىز بولغان بىر قاراش دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ﷲ تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ بۇ ئۈممەتكە قارىغاندا باشقا ئۈممەتلەردە كۆپ بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. بەلكى دەلىللەرگە ئاساسلانغاندىمۇ، ﷲ تائالاغا يېقىن بەندىلەر باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا بۇ ئۈممەتتىن كۆپ بولىدۇ.

ئىككىنچى قاراش، ﷲ تائالانىڭ ﴿**بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر**﴾ دېگەن ئايىتىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن دەسلەپتە ئۆتكەن ئۈممەتلىرى، ﴿**كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن كېيىن كېلىدىغان ئۈممەتلىرى كۆزدە تۇتۇلۇشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

www.munber.org

ئىبنى ئەبۇھاتەم، سەرى ئىبنى يەھيانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەسەن: ﴿**(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە اللەغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر. بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بۇرۇنقىلار ئىچىدە كۆپتۇر، دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىين ﴿**بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر**﴾ دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە: ساھابىلار بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۈممەتتىن بولىدۇ، دەيتتى ياكى شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، دېدى. ھەسەن بىلەن ئىبنى سىرىيننىڭ سۆزلىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇشۇ ئۈممەتتىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەر بىر ئۈممەتتىن دەسلەپتە ئۆتكەنلەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەنلەردىن ياخشى بولىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر. بۇ ئايەت پۈتۈن ئۈممەتلەرنى، ھەر بىر ئۈممەتنى ئۆزىگە يارىشا پۈتۈن ئۈممەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

ھەر بىر ئۈممەتنىڭ دەسلەپىدە ئۆتكەنلەردىن الله تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام بۇخارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدا ئۆتكەنلەردۇر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلاردۇر، ئاندىن ئۇلاردىنمۇ كېيىن كېلىدىغانلاردۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن تاكى قىيامەت قايىم بولغىچىلىك داۋاملىق ھەق ئۈستىدە ماڭىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلارغا ياردەم قىلمىغان ۋە دۈشمەنلىك قىلغان كىشىلەر ئۇلارغا ھېچ قانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «تاكى قىيامەتتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ئەمرى يېتىپ كەلگىچىلىك ئۇلار شۇ ھەق ئۈستىدە بولىدۇ» دېيىلگەن.

مەقسەت بۇ ئۈممەت باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا شەرەپلىك ئۈممەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله تائالاغا يېقىن بەندىلەر باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ دىنى شەرەپلىك، پەيغەمبىرى كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈممەتنىڭ شان - شەرىپىدىن خەۋەر بېرىپ، بۇ ئۈممەتتىن 70 مىڭ كىشىنىڭ ھېسابقا تارتىلماستىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر مىڭ ئادەمنىڭ شاپائىتى بىلەن 70 مىڭ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر ئادەمنىڭ شاپائىتى بىلەن 70 مىڭ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ».

﴿**ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە**﴾ ئىبنى جەرىر: جەننەتنىڭ تەختلىرى ئالتۇن ۋە مەرۋايىتتىن توقۇلغاندۇر، دېدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ﴿**يۆلەنگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ**﴾ يەنى ھېچكىم ھېچكىمگە ئارقىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ قالمايدۇ. ﴿**(قېرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى جەننەتنىڭ خىزمەتچىلىرى ھەمىشە بىر خىل سۈپەتتە تۇرىدۇ، ئۆزگىرىپ چوڭ بولۇپ كەتمەيدۇ. چاچلىرى ئاقارمايدۇ ۋە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. پىيالە، چەينەك، جام قاتارلىق قاچىلاردىكى شارابلار تۈگەپ قالىدىغان شارابلاردىن ئەمەس بولۇپ، ئۇلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلاردىن تولدۇرۇلىدۇ. ئۇلار شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان بۇ قاچىلارنى جەننەت ئەھلىگە ئايلاندۇرۇپ سۇنۇپ تۇرىدۇ.

www.munber.org

﴿ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ﴾ يەنى بۇ شاراب قاتتىق هاياجانلاندۇرىدىغان، ئاجايىپ شېرىن لەززەت بېغىشلايدىغان بولسىمۇ ئۇلار خۇددى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ ۋە مەست بولۇپ قالمايدۇ. زەھھاك، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: هاراقتا تۆت خىل ئىللەت بار. ئۇلار: مەست قىلىش، باشنى ئاغرىتىش، قۇستۇرۇش ۋە سىيدۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا جەننەتنىڭ شارابلىرىنى بۇ ئىللەتلەردىن پاك قىلدى.

﴿ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا كۆڭۈللىرى تارتقان مېۋىلەر سۇنۇپ تۇرىلىدۇ، بۇ ئايەت مېۋە ـ چېۋىلەرنى تاللاپ يېيىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پاكىت بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، سابىتتىن ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈلگەن چۈشلەرگە قىزىقاتتى. بىرەر ئادەم چۈش كۆرۈپ قالسا، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى. ئۇنىڭ چۈشىگە ياخشى تەبىر بېرىلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ چۈشىگە تېخىمۇ قىزىقىپ قالاتتى. بىر كۈنى بىر ئايال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە مەدىنىدىن چىقىرىلىپ جەننەتكە ئېلىپ كىرىلدىم، ئاندىن جەننەت تىترەپ كەتكەندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، قارىسام پالانى ـ پالانى ئادەملەر تۇرۇپتۇ ـ دەپ، 12 ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇرۇشقا بىر قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئايال چۈشىنى داۋام قىلىپ: ئۇ ئادەملەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تويىغا مىلەنگەن، تومۇرلىرىدىن قان چاچراپ چىقىۋاتقان هالەتتە ئېلىپ كېلىندى، پەرىشتىلەرگە: بۇ ئادەملەرنى بەيدەق دېگەن ئۆستەڭگە ئېلىپ بېرىڭلار، دېيىلدى. ئۇلار ئۇ ئۆستەڭدە چۆمۈلۈپ چىقتى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تولۇن ئايدەك نۇرلۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارغا بىر ئالتۇن پەتنۇستا تۇڭ خورمىلاردىن ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە ئېلىپ يېدى، ئۇلار پەتنۇسنى ئۇياق ـ بۇياقلارغا ئۆرىسە ھەر يۈزىدىن ئۇلار خالىغان مېۋىلەر چىقاتتى، ئۇلار ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە يەيتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ مېۋىلەردىن يېدىم، دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن قوشۇندىن خەۋەرچى كېلىپ: ئۇرۇشتا مۇنداق، مۇنداق ئىشلار بولۇپ ـ ئۆتتى، پالانى ـ پالانىلار شېھىت بولدى دەپ، 12 ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى چۈش كۆرگەن ئايالنى چاقىرتىپ كېلىپ: «چۈشىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ» دېدى. ئۇ ئايال چۈشنى قايتا سۆزلەپ بېرىپ، خەۋەرچى دېگەن ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ بەردى.

﴿ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ﴾ ئىمام ئەھمەد، ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ قۇشلىرى تۆگىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، جەننەتنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى ئارىسىدا ئوتلايدۇ». ئەبۇبەكرى: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇ قۇشلارنى ناھايىتى سېمىزمىكىن دەپ، ئويلايمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇشتىن يېگەن كىشى ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدۇ» دەپ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى ۋە «مەن سىنىڭ ئۇ قۇشنىڭ گۆشىدىن يەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشىڭنى ئەلۋەتتە ئارزۇ قىلىمەن» دېدى.

﴿ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ﴾ يەنى شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر ئاقلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە ھۆل مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ، بۇ ھەقتە سۈرە سافقاتتىمۇ ﴿ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت بايان قىلىندى. سۈرە رەھماندىمۇ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[1] سۈرە سافقات 49 ـ ئايەت.

www.munber.org

**﴿بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴾** يەنى بىز ئۇلارغا بەرگەن بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.

**﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ﴾** يەنى ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆزلەرنى ياكى كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ﴾[1] يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە قەبىھ سۆزلەرنى قىلمايدۇ، ئۇلار پەقەت بىر ـ بىرى بىلەن چىرايلىقچە سالاملىشىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴾[2] ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ بىھۇدە ۋە گۇناھ بولىدىغان سۆزلەردىن خالىيدۇر.

* * * * * * *

وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡيَمِينِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلۡيَمِينِ ﴿٢٧﴾ فِي سِدۡرٖ مَّخۡضُودٖ ﴿٢٨﴾ وَطَلۡحٖ مَّنضُودٖ ﴿٢٩﴾ وَظِلّٖ
مَّمۡدُودٖ ﴿٣٠﴾ وَمَآءٖ مَّسۡكُوبٖ ﴿٣١﴾ وَفَٰكِهَةٖ كَثِيرَةٖ ﴿٣٢﴾ لَّا مَقۡطُوعَةٖ وَلَا مَمۡنُوعَةٖ ﴿٣٣﴾ وَفُرُشٖ مَّرۡفُوعَةٍ
﴿٣٤﴾ إِنَّآ أَنشَأۡنَٰهُنَّ إِنشَآءٗ ﴿٣٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهُنَّ أَبۡكَارًا ﴿٣٦﴾ عُرُبًا أَتۡرَابٗا ﴿٣٧﴾ لِّأَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٣٨﴾ ثُلَّةٞ
مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٩﴾ وَثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٤٠﴾

*سائادەتمەنلەرنىڭ (يەنى نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەرنىڭ) ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ ﴿27﴾ ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ ﴿28 - 34﴾. شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق ﴿35 - 37﴾. (بۇ ھۆرلەر) سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر ﴿38﴾. بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر ﴿39﴾. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر ﴿40﴾.*

## سائادەتمەنلەر ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار توغرىسىدا

اللّٰه تائالا ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلىدىغان، اللّٰه تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا نامە ـ ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە مەيمۇن ئىبنى مەھران مۇنداق دەيدۇ: نامە ـ ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغانلارنىڭ مەرتىۋىسى اللّٰه تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ مەرتىۋىسىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سائادەتمەنلەرنىڭ (يەنى نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن

[1] سۈرە غاشىيە 11 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 10 ـ ئايەت.

www.munber.org

**بىرلىگەنلەرنىڭ) ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟﴾** يەنى نامە ـ ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغانلار كىملەر؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىچۇ؟ ئاندىن الله تائالا ئۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن**﴾ ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، مۇجاھىد، ئەبۇلئەھۋەس، قۇسامە ئىبنى زۇھەير، سەفەر ئىبنى نۇسەير، ھەسەن، قەتادە، ئابدۇللا ئىبنى كەسىر، سۇددى، ئەبۇھەرزە ۋە باشقىلار: سىدرى دەرەخلىرىنىڭ تىكىنى بولمايدۇ، دېدى. ئىبنى ئابباس ئىكرىمە ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلاردىن: ئۇ، مېۋىلىرى سانجاق ـ سانجاق بولغانلىقتىن شاخلىرى ئېگىلىپ تۇرىدىغان سىدرى دەرەخلىرىدۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. قەتادىمۇ: بىز ئۇنى مېۋىسى بەك بولغان، ھېچ تىكىنى بولمىغان سىدرى دەرەخلىرىدۇر دەپ سۆزلىشەتتۇق، دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ ئاشكار مەنىسى شۇكى، جەننەتنىڭ سىدرە دەرەخلىرى ھەم تىكەنسىز، ھەم مېۋىلىكتۇر. دۇنيانىڭ سىدرە دەرەخلىرىنىڭ تىكىنى كۆپ ، مېۋىسى ئازدۇر. ئاخىرەتنىڭ سىدر دەرەخلىرى بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرگىز تىكەن يوق. مېۋىسى غولى كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە كۆپتۇر.

ئۇتبە ئىبنى ئابدۇ سەلەمى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. بىر ئەئرابى كېلىپ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! جەننەتتە تەلھە ناملىق دەرەخنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇ دەرەختىن كۆپ تىكەنلىك بىر دەرەخنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئۇ دەرەخنىڭ ھەر بىر تىكىنىنىڭ ئورنىغا تىكىنىنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان مېۋىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ مېۋىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان 70 خىل رەڭ بولىدۇ» دېدى.

﴿**سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز**[1] **دەرەخلىرىدىن**﴾ تەلھە دەرىخى تىكەنلىك دەرەخ ئائىسىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ھىجاز زېمىنلىرىدا تېپىلىدۇ، ئۇنىڭ تىكەنلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. مۇجاھىد ﴿**سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ مېۋىسى بەك بولىدىغان دەرەختۇر. الله تائالا بۇ دەرەخلەرنى قۇرەيشلەرگە ئەسلەتتى. چۈنكى، ئۇلار تەلھە ۋە سىدرە دەرەخلىرىنىڭ يۇپۇرماقلىرى ۋە سايىلىرىدىن ھەيران قالاتتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەبۇسەئىدنىڭ: ئۇ دەرەخ مەۋز دەرىخىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئىبنى ئابباس، ئەبۇھۇرەيرە، ھەسەن، ئىكرىمە، قۇسامە ئىبنى زۇھەير، قەتادە ۋە ئەبۇھەزەرە قاتارلىقلارنىڭمۇ: ئۇ مەۋز دەرىخىدۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇجاھىدمۇ ئۇ مەۋز دەرىخىدۇر، دېدى. ئىبنى زەيدمۇ: ئۇ مەۋز دەرىخىدۇر، يەمەنلىكلەر مەۋز دەرىخىنى تەلھە دەرىخى دەپ ئاتايتتى، دېدى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشتىن باشقىنى رىۋايەت قىلمىدى.

﴿**ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن**﴾ ئىمام بۇخارى، ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە بىر دەرەخ بار، ئۇلاغقا مىنگەن كىشى ئۇنىڭ سايىسىدە 100 يىل يۈرسىمۇ ئۇنىڭ سايىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بولالمايدۇ، ئەگەر خالىساڭلار ﴿**ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە بىر دەرەخ بولۇپ، ئۇلاغقا مىنگەن كىشى ئۇنىڭ سايىسىدا 100 يىل

---

[1] بۇ ئايەتتىكى ”تەلھە“ دېگەن سۆزنى مۇھەممەد سالىھ ھاجىم باشقا تەپسىرلەردىن پايدىلىنىپ مەۋز (يەنى بانان دەرىخى) دەپ ئالغان. ئەمما ئاپتۇر ئايەتتىكى بويىچە تەلھە دەرىخى دەپ ئالغان.

www.munber.org

يۈرىدۇ، خالىساڭلار ﴿**ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار » بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، بۇخارى ۋە ئابدۇررازاق قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**تۆگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن**﴾ يەنى ئۇلار كۆز كۆرۈپ باقمىغان قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان، ھەر تۈرلۈك ۋە رەڭگا ـ رەڭ مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا:« بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق » دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ﴾[1] يەنى جەننەت مېۋىلىرىنىڭ شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. لېكىن، تەمى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىدرەتۇل مۇنتەھا ھەققىدە (سۆزلىگەندە) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك، مېۋىلىرى ھەجەر[2] نىڭ كوزىلىرىدەك بار ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى كۈن تۇتۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن ناماز ئوقۇدى. ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نامازنى قانداق ئوقۇغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى. نامازدىن كېيىن ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىنىڭ نامازدا تۇرۇپ بىر نەرسە ئالغاندەك قىلغانلىقىڭنى ئاندىن ئارقاڭغا يانغانلىقىڭنى كۆردۇق ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن جەننەتنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن يەنى جەننەتتىن بىر ساپ مېۋە ئالماقچى بولدۇم. ئەگەر ئۇنى ئالغان بولسام، ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە قىيامەت بولغىچە يەيتتىڭلار » دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسەلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھەۋز كەۋسەر توغرۇلۇق سورىدى ۋە جەننەتنى تىلغا ئالدى، ئاندىن: جەننەتتە مېۋىلەر بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ھەئە، جەننەتتە تۇبا دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ بار » دېدى. ئۇ ئادەم: بۇ دەرەخ زېمىننىڭ قايسى دەرىخىگە ئوخشايدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « زېمىننىڭ دەرەخلىرىدىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان دەرەخ يوق » دېدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « شامغا باردىڭمۇ؟ » دېدى، ئۇ ئادەم ياق، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇ شامدىكى جەۋزە دەيدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇ دەرەخ بىر غوللۇق ئۆسۈپ ئۈستىدىن شاخلايدۇ » دېدى. ئۇ ئادەم: بۇ دەرەخنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئەگەر سىنىڭ 4 ياشلىق بولغان تۆگەڭ ئۇ دەرەخنىڭ غولىنى ئايلىنىشقا باشلىسا، ئۇنى ئايلىنىپ بولغىچە تۆگە قېرىپ بوينى سۇنۇپ ئۆلىدۇ » دېدى. ئۇ ئادەم: جەننەتتە ئۈزۈم بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ھەئە » دېدى. ئۇ ئادەم: ئۈزۈمنىڭ سىپىنىڭ چوڭلىقى قانچىلىك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « توختىماي ئۇچىدىغان چىپار قاغا ئۇچۇپ بىر ئايلىق يولدۇر » دېدى. ئۇ ئادەم: جەننەتتىكى بىر تال دانىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئاتاڭ ئۆچكىلىرىدىن چوڭ بىر تېكە بوغۇزلىمىدىمۇ؟ » دېدى، ئۇ ئادەم ھەئە، بوغۇزلىدى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئاتاڭ ئۇ تېكىنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويۇپ، تېرىنى ئاناڭغا بېرىپ، بۇ تېرىنى بىزگە سۇ ساقلايدىغان تۇلۇم قىلىڭ دېمىدىمۇ؟ » دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە، شۇنداق قىلدى، دېدى. ئۇ يەنە: ئۇ بىر تال دان مېنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىمنى تويغۇزالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ھەئە، ئۇ پۈتۈن توغقانلىرىڭنى تويغۇزىدۇ » دېدى.

[1] سۈرە بەقەرە 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ھەجەر مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

www.munber.org

**﴿تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن﴾** يەنى قىشمۇ ياز تۈگەپ قالمايدىغان، بەلكى ئۈنى مەڭگۈ يېگىلى بولىدىغان، جەننەت ئەھلى قانچىلىك تەلەپ قىلسا، شۇنچىلىك تېپىلىدىغان، الله تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇلار يېيىشتىن ھەرگىز چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ئەھلىنىڭ ئۇ مېۋىنى ئېلىشىغا شاخ، تىكەن ۋە قولدىن يىراق بولۇش قاتارلىق نەرسىلەر توسالغۇ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا ئەگەر بىر ئادەم جەننەتنىڭ مېۋىسىنى ئالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر مېۋە كېلىپ تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، دېگەن ھەدىس بايان قىلىندى.

**﴿ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾** يەنى ئۇ ئېگىز، يۇمشاق ۋە تەنگە راھەت بېغىشلايدىغان تۆشەكلەردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق. (بۇ ھۆرلەر) سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر﴾** يەنى ئاياللار قېرىپ، كۆزلىرىنى چاپاق باسقان مومايغا ئايلانغاندىن كېيىن بىز ئۇلارنى يېڭىدىن يارىتىمىز. ئۇلار چوكان بولغاندىن كېيىن قىزلىق ھالىتىگە قايتىدۇ، نازاكىتى، چىرايلىقلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن ئەرلىرىگە ئامراق قىزلارغا ئايلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇداۋۇد تەيالىسى، ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆمىنگە جەننەتتە كۆپ ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولالايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىلىدۇ» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ شۇنىڭغا تاقەت قىلالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا يۈز ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان. ئەبۇقاسىم تەبەرانى، ئەبۇھۇرەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! جەننەتتە ئاياللىرىمىزغا يېتىشەلەمدۇق؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم بىر كۈندە ئەلۋەتتە 100 قىزغا ھەمراھ بولالايدۇ» دېدى.

**﴿ئەرلىرىگە ئامراق﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئەرلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. قىسىر تۆگىنىڭ ئەركەك تۆگىگە قانداق ئامراقلىقىغا قارىمامسەن؟

زەھھاكمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئەرلىرىگە ئاشىق، ئەرلىرى ئۇلارغا ئاشىقتۇر. ئابدۇللا ئىبنى سەرجىس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەبۇئالىيە، يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىر، ئەتىييە، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

**﴿تەڭتۇش﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە زەھھاك، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش 33 ياشتا بولىدۇ.

**﴿(بۇ ھۆرلەر) سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر﴾** يەنى ئۇلار سائادەتمەنلەر ئۈچۈن يارىتىلدى ياكى ئۇلار ئۈچۈن ھازىرلاپ قويۇلدى ۋە ياكى ئۇلار ئۈچۈن جۈپ قىلىپ بېرىلدى. ئىبنى جەرىرمۇ ئۇ ئايەتنى: بىز ھۆرلەرنى سائادەتمەنلەر ئۈچۈن ياراتتۇق، دەپ تەپسىر قىلدى. مەن يەنى ئىبنى كەسىر بۇ ئايەنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ، ھۆرلەرنى سائادەتمەنلەر بىلەن ئوخشاش ياشتا قىلىپ ياراتتۇق دېگەنلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر، دەپ قارايمەن.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇلار جەننەتتە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، مىشقىرمايدۇ، ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى

www.munber.org

ئالتۇندۇر، تەرلىرى ئىپاردۇر، ئىسرىق دانلىرىغا سېلىنغان نەرسىلەردىن ئىسىل پۇراقلار چىقىدۇ. ئاياللىرى شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردۇر، ئەدەپ - ئەخلاقلىرى بىر ئادەمنىڭ ئەدەپ ئەخلاقىدەك، سۈرىتى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 گەز بولىدۇ».

﴿بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر﴾

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كېچىسى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇق. تاڭ ئاتقاندا ئۇ مۇنداق دېدى: «ماڭا پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىدىن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر توغۇرلاندى، ئالدىمدىن پەيغەمبەرلەر بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بەزى پەيغەمبەر جامائەت ئىچىدە، بەزى پەيغەمبەر ئۈچ ئادەم ئىچىدە ۋە بەزى پەيغەمبەر بىرمۇ ئەگەشكۈچىسى يوق ھالدا ئۆتتى» قەتادە بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. ﴿ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟﴾[1].

مۇسا ئىبنى ئىمران ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىستاق - قىستاق بىر جامائەتى ئىچىدە مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتتى. مەن: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ كىم؟ دېدىم. پەرۋەردىگارىم: بۇ قېرىندىشىڭ مۇسا ئىبنى ئىمران ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىسرائىل ئەۋلادىدۇر، دېدى. مەن: ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ئۈممىتىم قەيەردە؟ دېدىم. پەرۋەردىگارىم: ئوڭ تەرىپىڭدىكى تۆپىلىككە قارىغىن! دېدى. ئۇ تەرەپكە قارىسام نۇرغۇن ئادەملەر تۇرۇپتۇ، پەرۋەردىگارىم: رازى بولدۇڭمۇ؟ دېدى. مەن: ھەقىقەتەن رازى بولدۇم، پەرۋەردىگارىم! دېدىم. ئۇ: سول تەرىپىڭدىكى ئۇپۇققا قارىغىن دېدى. ئۇ تەرەپكە قارىسام نۇرغۇن ئادەملەر تۇرۇپتۇ. ئۇ: رازى بولدۇڭمۇ؟ دېدى. مەن ھەقىقەتەن رازى بولدۇم. ئى پەرۋەردىگارىم! دېدىم. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلاردىن 70 مىڭ ئادەم ھېسابقا تارتىلماستىن جەننەتكە كىرىدۇ» بەنۇ ئەسەد قەبىلىسىدىن ئۇككاشە ئىبنى مىھسەن دېگەن ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله غا مېنى شۇلاردىن قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلساڭ، دېدى. ئۇ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! ئۇنى شۇلاردىن قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. يەنە بىر ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىمۇ شۇلاردىن قىلىشىنى تىلەپ الله غا دۇئا قىلساڭ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇككاشە سەندىن چاققان كېلىپ قالدى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا - ئانام سىلەرگە پىدا بولسۇنكى، ئەگەر ئەنە شۇ 70 مىڭ كىشىلەردىن بولۇشقا قادىر بولالىساڭلار، شۇنداق بولۇشقا تىرىشىڭلار. ئۇنداق قىلالمىساڭلار، تۆپىلىكلەردىكى ئادەملەردىن بولۇشقا تىرىشىڭلار، ئۇنىمۇ قىلالمىساڭلار، ئۇپۇق تەرەپتىكى ئادەملەردىن بولۇشقا تىرىشىڭلار. مەن ھەقىقەتەن ئۇپۇق ئەتراپىدا توپلانغان نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈم. مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز ھاياجانلىنىپ تەكبىر ئېيتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز يەنە تەكبىر ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز يەنە تەكبىر ئېيتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. بىز ئۆزئارا: شۇ 70 مىڭ ئادەم كىملەردۇر - ھە؟ دېيىشتۇق. ئاندىن بىز يەنە: ئۇلار چوقۇم ئىسلامدا تۇغۇلغان، الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن مۆمىنلەر بولۇشى مۇمكىن، دېيىشتۇق. بۇ سۆزىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

[1] سۈرە ھۇد 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يېتىپـتۇ، شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ: «بـەلكى ئـۇلار بـەدەنلىرىنى داغلىمىغـان، سـۈپ ـ كـۆش قىلمىغـان، پـال سـالدۇرمىغان، بـارلىق ئىشـلىرىدا پەرۋەردىگـارىغىلا تـەۋەككۇل قىلىدىغـان مۆمىنلـەردۇر» دېـدى. بـۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار ئوخشىمىغان رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَأَصۡحَٰبُ ٱلشِّمَالِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلشِّمَالِ ﴿٤١﴾ فِي سَمُومٖ وَحَمِيمٖ ﴿٤٢﴾ وَظِلّٖ مِّن يَحۡمُومٖ ﴿٤٣﴾ لَّا
بَارِدٖ وَلَا كَرِيمٍ ﴿٤٤﴾ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَبۡلَ ذَٰلِكَ مُتۡرَفِينَ ﴿٤٥﴾ وَكَانُواْ يُصِرُّونَ عَلَى ٱلۡحِنثِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٤٦﴾
وَكَانُواْ يَقُولُونَ أَئِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿٤٧﴾ أَوَءَابَآؤُنَا ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿٤٨﴾ قُلۡ
إِنَّ ٱلۡأَوَّلِينَ وَٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٤٩﴾ لَمَجۡمُوعُونَ إِلَىٰ مِيقَٰتِ يَوۡمٖ مَّعۡلُومٖ ﴿٥٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمۡ أَيُّهَا ٱلضَّآلُّونَ
ٱلۡمُكَذِّبُونَ ﴿٥١﴾ لَأٓكِلُونَ مِن شَجَرٖ مِّن زَقُّومٖ ﴿٥٢﴾ فَمَالِـُٔونَ مِنۡهَا ٱلۡبُطُونَ ﴿٥٣﴾ فَشَٰرِبُونَ عَلَيۡهِ مِنَ
ٱلۡحَمِيمِ ﴿٥٤﴾ فَشَٰرِبُونَ شُرۡبَ ٱلۡهِيمِ ﴿٥٥﴾ هَٰذَا نُزُلُهُمۡ يَوۡمَ ٱلدِّينِ ﴿٥٦﴾

*بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر) (دوزىخىلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟ [41]. ئۇلار (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ[42 - 44]. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادا) شەھۋەتكە چۆمگەن ئىدى[45]. ئۇلار چوڭ گۇناھتا (يەنى كۇفرىدا) چىڭ تۇرغان ئىدى[46]. ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى[47 - 48]. ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ[49 - 50]. ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! [51]. چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر[52]. ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر[53]. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى بولغان قايناقسۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر[54]. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر[56].*

## بەختسىزلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدا

اللّٰه تائالا سائادەتمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بەختسىزلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر) (دوزىخىلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟**﴾ يەنى ئۇلار قايسى جەھەتتە بەختسىز؟ ئاندىن اللّٰه تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى) «سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار»

www.munber.org

(دەيدۇ). ئۇ سايە (جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بولۇپ كىشىنى) سەگىدەتمەيدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ياللۇنىنىمۇ توسمايدۇ. ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا ـ سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾[1] يەنى ئۇلار چىقىشى يېقىملىق بولمىغان، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ۋە كۆركەم بولمىغان قارا تۈتۈننىڭ سايىسىدا بولىدۇ. ئاندىن اللە تائالا ئۇلارنىڭ بۇ جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادا) شەھۋەتكە چۆمگەن ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا نازۇ ـ نېمەتلەرگە ۋە كۆڭۈللىرىنىڭ خاھىشلىرىغا بېرىلگەن بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە پەرۋا قىلمايتتى.

﴿**ئۇلار چوڭ گۇناھتا (يەنى كۇفرىدا) چىڭ تۇرغان ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالاغا كۇفرىلىق قىلىش، اللە نى قويۇپ بۇتلارنى، شېرىكلەرنى چوقۇنىدىغان ئىلاھلار قىلىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەۋبە قىلىشنى ئويلاپ قويمىغانلار ئىدى.

﴿**ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى**﴾ يەنى ئۇلار قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى يىراق ساناپ شۇنداق دەيتتى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا كەلگۈسىدە ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىرى ۋە كېيىن ئۆتكەنلىرىدىن بىرىمۇ ئادەم قالماي ھەممىسىنىڭ قىيامەت مەيدانىغا يىغىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈننى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت اللە دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[2] شۇڭا اللە تائالا بۇ ئورۇندىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىت بولۇپ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدىغان، كېچىكتۈرۈلمەيدىغان، قوشۇپ قويۇلمايدىغان ۋە كېمەيتىلمەيدىغان بىر ۋاقىتتۇر، ئۇلار مانا مۇشۇ ۋاقىتتا توپلىنىدۇ.

﴿ **ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر. ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر**﴾ يەنى ئۇلار زەققۇم دەرىخىدىن يېيىشكە ۋە ئۇنىڭدىن قورساقلىرىنى تولدۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ ۋە سۆرەپ تارتىلىدۇ.

﴿**ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى بولغان قايناقسۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر**﴾ يەنى سۇغا قاتتىق تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئىكرىمە قاتارلىقلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سۇغا قاتتىق تەشنا بولۇپ چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە دېيىلگەن تەشنالىق تۆگىگە يۇقىدىغان بىر خىل سۇغا تەشنالىق كېسىلى بولۇپ، ئۇ سۇغا قانماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا جەھەننەم ئەھلىمۇ ھارارىتى يۇقىرى بولغان بۇ قايناقسۇغا مەڭگۈ قانمايدۇ.

﴿**مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر**﴾ يەنى بىز سۈپەتلىگەن بۇ نەرسە ئۇلارغا، ئۇلار ھېسابقا تارتىلغان كۈنى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان زىياپەتتۇر. اللە تائالا مۆمىنلەرگە بېرىلىدىغان زىياپەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى

---

[1] سۈرە مۇرسەلات 29 ـــ 34 ـ ئايەتكىچە
[2] سۈرە ھۇد 104 ـــ 105 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ﴾[1] يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن زىياپەت ۋە ئىكرام شۇنىڭدىن ئىبارەت بولىدۇ.

* * * * * * *

نَحْنُ خَلَقْنَٰكُمْ فَلَوْلَا تُصَدِّقُونَ ﴿٥٧﴾ أَفَرَءَيْتُم مَّا تُمْنُونَ ﴿٥٨﴾ ءَأَنتُمْ تَخْلُقُونَهُۥٓ أَمْ نَحْنُ
ٱلْخَٰلِقُونَ ﴿٥٩﴾ نَحْنُ قَدَّرْنَا بَيْنَكُمُ ٱلْمَوْتَ وَمَا نَحْنُ بِمَسْبُوقِينَ ﴿٦٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ أَمْثَٰلَكُمْ وَنُنشِئَكُمْ
فِى مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦١﴾ وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْأُولَىٰ فَلَوْلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٦٢﴾

***(ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتتۇق، سىلەر قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەمسىلەر؟﴿57﴾. سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا تۆكۈلگەن مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ﴿58﴾. ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق﴿59﴾. بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق)، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز﴿60 ـ 61﴾. شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار (يەنى دەسلەپتە اللەنىڭ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغانلىقىنى تونۇدۇڭلار). سىلەر (اللەنىڭ سىلەرنى دەسلەپ ياراتقانىدەك قايتا يارىتىشىنى) ئويلىمامسىلەر؟﴿62﴾.***

## قىيامەتنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە ھەقىقەتتىن تانغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ: ئۇلار ﴿**بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟**﴾ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنى يىراق سانىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتتۇق**﴾ يەنى سىلەر تىلغا ئېلىنغىدەك بىر نەرسە ئەمەس ئىدىڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن بىز سىلەرنى دەسلەپتە يوق يەردىن ياراتتۇق. دەسلەپتە يوق يەردىن يارىتىشقا قادىر بولغان زات اللہ سىلەرنى ئەڭ قولاي ۋە ئەڭ ئاسان يول بىلەن قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئەمەسمۇ؟ شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەمسىلەر؟**﴾.

ئاندىن اللہ تائالا ئۇلارغا دەلىل كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا تۆكۈلگەن مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق**﴾ يەنى مەنىنى بەچچىدانلارغا سىلەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۇنىڭدا سىلەر ئىنسان قىلىپ يارىتىۋاتامسىلەر؟ ياكى ئۇنى ياراتقۇچى اللہ مۇ؟

﴿**بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق)**﴾ زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا ئاسمان ئەھلى بىلەن زېمىن ئەھلى ئارىسىدا ئۆلۈمنى ئورتاق قىلىپ بېكىتتى. ﴿**سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە شەكلىڭلارنى ئۆزگەرتىشتىن ﴿**ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە**﴾ يەنى باشقا سۈپەتلەر ۋە باشقا قىياپەتلەردە ﴿**يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز**﴾.

[1] سۈرە كەھف 107 ـ ئايەت.

﴿شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار (يەنى دەسلەپتە اللەنىڭ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغانلىقىنى تونۇدۇڭلار). سىلەر (اللەنىڭ سىلەرنى دەسلەپ ياراتقاندەك قايتا يارىتىشىنى) ئويلىمامسىلەر؟﴾ يەنى الله تائالا ھەقىقەتەن سىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى بەردى. سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان الله تائالا سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاسان ۋە قولاي يول بىلەن قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەسلىمەمسىلەر ۋە تونۇپ يەتمەمسىلەر؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1] ﴿ئىنسان بىز ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئەسلىمەمدۇ؟﴾[2].

﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴾[3] ﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟. ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن الله ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇ مەنىدىن ئەر ـ ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى. ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان الله) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾[4].

* * * * * * *

أَفَرَءَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ ﴿٦٣﴾ ءَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُۥٓ أَمْ نَحْنُ ٱلزَّٰرِعُونَ ﴿٦٤﴾ لَوْ نَشَآءُ لَجَعَلْنَٰهُ حُطَٰمًا
فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ ﴿٦٥﴾ إِنَّا لَمُغْرَمُونَ ﴿٦٦﴾ بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ ﴿٦٧﴾ أَفَرَءَيْتُمُ ٱلْمَآءَ ٱلَّذِى تَشْرَبُونَ ﴿٦٨﴾
ءَأَنتُمْ أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ ٱلْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ ٱلْمُنزِلُونَ ﴿٦٩﴾ لَوْ نَشَآءُ جَعَلْنَٰهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ ﴿٧٠﴾
أَفَرَءَيْتُمُ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى تُورُونَ ﴿٧١﴾ ءَأَنتُمْ أَنشَأْتُمْ شَجَرَتَهَآ أَمْ نَحْنُ ٱلْمُنشِـُٔونَ ﴿٧٢﴾ نَحْنُ جَعَلْنَٰهَا
تَذْكِرَةً وَمَتَٰعًا لِّلْمُقْوِينَ ﴿٧٣﴾ فَسَبِّحْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

*سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ﴿63﴾. ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟)﴿65﴾. ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەپلىنىپ قايغۇراتتىڭلار﴿65﴾. سىلەر: «بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق» (دەيتتىڭلار)﴿66 ـ 67﴾. سىلەر*

[1] سۈرە رۇم 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مەريەم 67 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ياسىن 77 ـــ 79 ـ ئايەتكىچە.
[4] سۈرە قىيامەت 36 ـــ 40 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

*ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ ﴿68﴾. ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ﴿69﴾.*
*ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا*
*شۈكۈر قىلمايسىلەر؟ ﴿70﴾ سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ ﴿71﴾. ئۇنىڭ دەرىخىنى (يەنى مۇرخۇ،*
*ئۇبار ناملىق بىرىنىڭ شېخىنى بىرىگە سۈركىسە ھۆل تۇرۇپلا ئوت ئالىدىغان دەرەخنى) سىلەر*
*ئۆستۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۆستۈردۇقمۇ؟ ﴿72﴾. ئۇنى بىز ئىبرەت ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە*
*قىلدۇق ﴿73﴾. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئىپتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن ﴿74﴾.*

## زىرائەت ئۆستۈرۈش، يامغۇر ياغدۇرۇش، ئوت پەيدا قىلىش قاتارلىق ئىنسان ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى پەقەت يالغۇز الله نىڭلا قىلغانلىقىغا دىققەتنى بۇراش توغرىسىدا

**﴿سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟﴾** يەنى سىلەر يەرنى ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇرۇق چاچىسىلەر. **﴿ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟﴾** يەنى بەلكى ئۇنى يەر قاتلىمىغا بىز يەرلەشتۈرۈپ ۋە يەردىن بىز ئۈندۈرىمىز.

ئىبنى جەرىر ئەبۇھۈرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرگىز زىرائەتنى ”مەن ئۈندۈردىم“ دېمە. بەلكى ”زىرائەت تېرىدىم“ دېگىن». ئەبۇھۈرەيرە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ **﴿ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟﴾** دېگەن ئايىتىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

**﴿ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق - دە، سىلەر ئەجەپلىنىپ قايغۇراتتىڭلار﴾** يەنى ئۇنى بىز ئۆز لۇتپىمىز ۋە رەھمىتىمىز بىلەن ئۈندۈردۇق ۋە ئۇنى سىلەرگە مەرھەمەت قىلىپ قالدۇردۇق. ئەگەر خالىساق ئۇنى غوللىشىدىن ۋە ھوسۇل بېرىشىدىن ئىلگىرى چوقۇم قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرىۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن **﴿سىلەر ئەجەپلىنىپ قايغۇراتتىڭلار﴾** ئاندىن الله تائالا ئىنسانلارنىڭ قايغۇسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر: «بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق» (دەيتتىڭلار)﴾** يەنى ئەگەر بىز ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرىۋەتسەك، سىلەر بۇنىڭغا قايغۇرۇپ ھەر تۈرلۈك سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار. بىردە: **﴿سىلەر: بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق﴾** يەنى ئاپەتكە يولۇقتۇق، قولىمىزدا بارنى كەتكۈزۈپ قويدۇق، ئازابقا دۇچار بولدۇق، دېسەڭلار، يەنە بىردە: **﴿بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق﴾** دەيتتىڭلار.

ئىكرىمە **﴿سىلەر ئەجەپلىنىپ قايغۇراتتىڭلار﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر بىر - بىرىڭلارغا مالامەت قىلاتتىڭلار. ھەسەن، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: پۇشايمان قىلاتتىڭلار. بۇ ئايەتنىڭ خۇلاسە مەنىسى، سەرپ قىلغان ئۇرۇق ۋە باشقا چىقىمىڭلارغا ئېچىنىسىلەر، ياكى بولمىسا ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىڭلارغا پۇشايمان قىلىسىلەر، دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟﴾** بەلكى ئۇ سۇنى بىز چۈشۈردۇق. **﴿ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق﴾** يەنى ئىچكىلى بولمايدىغان، زىرائەتمۇ تېرىغىلى بولمايدىغان ئاچچىق ۋە قىرتاق قىلىپ قوياتتۇق. **﴿(پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟﴾** الله تائالانىڭ سىلەرگە تاتلىق سۇدىن ئىبارەت يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلساڭلار بولمامدۇ؟ ﴿الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر بىلەن

www.munber.org

چارۋىلارنى باقىسىلەر. الله سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴾[1].

﴿سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ﴾ يەنى سىلەر چاقماق تېشىنى سۈركەپ ئۇنىڭدىن چىقارغان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ﴿ئۇنىڭ دەرىخىنى (يەنى مۇرخۇ، ئۇپار ناملىق بىرىنىڭ شىخىنى بىرىگە سۈركىسە ھۆل تۇرۇپلا ئوت ئالىدىغان دەرەخنى) سىلەر ئۆستۈردۇڭلارمۇ ياكى بىز ئۆستۈردۇقمۇ؟﴾ يەنى بەلكى ئۇنى ئۆز ئورنىدا بىز ساقلىدۇق. ئەرەبلەردە مەرىخ ۋە ئەفار نامىلىق ئىككى خىل دەرەخ بولۇپ، بۇ ئىككى دەرەختىن ئىككى تال ھۆل شاخنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە سۈركىسە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقىدۇ.

﴿ئۇنى بىز ئىبرەت ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق﴾ مۇجاھىد قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئوتنى چوڭ ئوت دوزاخ ئوتىنى ئەسلىتىدىغان قىلدۇق. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئاڭلىشىمىزچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى قەۋمىم! سىلەر ياندۇرۇۋاتقان بۇ ئوتنىڭ ھارارىتى جەھەننەم ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ» دېگەن. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دوزاختا شۇ بىر پارچىسى بولغان بولسىمۇ ئەلۋەتتە يېتەركەن، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئىسسىنىشى ۋە مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن بۇ ئوتنىڭ قىزىقلىق دەرىجىسى سۇ بىلەن ئىككى ھەسسە سۇۋۇتۇلدى» دېگەن.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بۇ ئوتۇڭلار دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىش پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر، بۇ ئوت دېڭىز سۈيى بىلەن ئىككى ھەسسە سۇۋۇتۇلدى. ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، الله بۇ ئوتتا ھېچكىمگە پايدا مەنپەئەت بەرمەيدىغان قىلغان بولاتتى».

ئىمام مالىك، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم ئەۋلادى ياندۇرۇۋاتقان بۇ ئوت، دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىش پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر» ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دوزاختا شۇ بىر پارچىسى بولغان بولسىمۇ ئەلۋەتتە يېتەركەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، شۇ بىر پارچە ئوت دوزاختا ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئارتۇق قىلىنىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئوتنى ئاچ قالغان كىشىلەر يېمەك پىشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق. لەيس ئىبنى ئەبۇسۇلەيم مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئوتنى مۇقىم تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ ئورتاق پايدىلىنىدىغان نەرسىسى قىلدۇق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تاماقنى پەقەت ئوت بىلەنلا پىشۇرىدۇ. ئىبنى ئەبۇنەجىيھ، مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئوتنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق.

ئىكرىمەنىڭمۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ تەپسىر باشقا تەپسىرگە قارىغاندا ئامىمباپتۇر، چۈنكى شەھەردە ۋە سەھرادا ياشايدىغان ھەر قانداق باي ۋە كەمبەغەل پۈتۈن ئىنسانلار يېمەك پىشۇرۇش ئىسسىنىش، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇش ۋە باشقا مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ئوتقا موھتاجدۇر.

[1] سۈرە نەھل 10 ـــ 11 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

اللە تائالا ئۆز مېھرى - شەپقىتى بىلەن ئۇتنى تاشلارنىڭ ئارىسىدا ۋە ساپ تۆمۈردىن ئىبارەت چاقماقنىڭ ئىچىدە ساقلىدى. بۇنىڭ بىلەن يولۇچىلار چاقماق ۋە كۆككۆرتكە ئوخشىغان ئوت ياندۇرۇش ئەسۋابلىرىنى يۈك - تاقلىرىنىڭ ئىچىدە ۋە يانچۇقلىرىدا ئېلىپ يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار چۈشكۈن قىلغان جايلىرىدا ئوتقا موھتاج بولسا چاقماقنى چىقىرىدۇ - دە، ئوت ياندۇرىدۇ. شۇ ئوت بىلەن تاماق پىشۇرىدۇ، سوغاقتا، ئىسسىندۇ كاۋاپ سالىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدۇ ۋە باشقا مەنپەئەتلەرگە ئىشلىتىدۇ. گەرچە ئوتقا پۈتۈن ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان بولسىمۇ، اللە تائالا بۇ ئايەتتە يولۇچىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

﴿**ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئېيتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن**﴾ يەنى اللە تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى، ھەر خىل شەيئىلەرنى ياراتتى. زۇمرەتتەك سۈزۈك، تاتلىق ۋە سوغۇق سۇنى ياراتتى، ئەگەر اللە خالىسا ئۇ سۇنى دېڭىز سۈيىگە ئوخشاش ئاچچىق ۋە تۇزلۇق قىلىۋېرەتتى. اللە تائالا كۆيدۈرگۈچى ئوتنى ياراتتى ۋە ئۇنى بەندىلەرگە پايدىلىق قىلدى. اللە تائالا بۇ ئوتنى بەندىلەرنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن پايدىلىق، ئاخىرەتنىڭ ئوتىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ياراتتى.

* * * * * * *

۞ فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ ﴿٧٥﴾ وَإِنَّهُۥ لَقَسَمٌ لَّوۡ تَعۡلَمُونَ عَظِيمٌ ﴿٧٦﴾ إِنَّهُۥ لَقُرۡءَانٌ كَرِيمٌ
﴿٧٧﴾ فِي كِتَٰبٍ مَّكۡنُونٍ ﴿٧٨﴾ لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ ﴿٧٩﴾ تَنزِيلٌ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾ أَفَبِهَٰذَا
ٱلۡحَدِيثِ أَنتُم مُّدۡهِنُونَ ﴿٨١﴾ وَتَجۡعَلُونَ رِزۡقَكُمۡ أَنَّكُمۡ تُكَذِّبُونَ ﴿٨٢﴾

*يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿75﴾. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اللەنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر﴿76﴾. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر﴿77﴾. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر﴿78﴾. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴿79﴾. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴿80﴾. (ئى كۇففارلار جامائەسى!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلامسىلەر؟﴿81﴾. (سىلەر اللەنىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكۈر قىلىشىڭ ئورنىغا،( رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟﴿82﴾.*

## قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى ئۈچۈن اللە تائالانىڭ قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئى مۇشرىكلار! سىلەر گۇمان قىلغاندەك قۇرئان سېھىر ياكى پالخورلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. ﴿**يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندىكى ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن، بۇ ئايەت يۇلتۇزلارنىڭ چىقىدىغان جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن دېمەك تەپسىر قىلىنغان.

﴿**شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اللەنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر**﴾ يەنى مەن قىلغان بۇ قەسەم ئەلۋەتتە كاتتا بىر قەسەمدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى بىلسەڭلار قۇرئاننى ئەلۋەتتە ئۇلۇغلايتتىڭلار. ﴿**شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر**﴾

www.munber.org

يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ئۇلۇغ بىر كىتابتۇر. ﴿**كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر**﴾ يەنى بۇ ئۇلۇغ كىتاب لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان كىتابتۇر.

﴿**ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاسماندىكى لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن كىتابنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. ئەۋفىمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كىتابنى پەقەت پەرىشتىلەرلا تۇتىدۇ. ئەنەس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك، ئەبۇشەئسا، جابىر ئىبنى زەيد، ئەبۇنەھىك، سۇددى، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان.

ئىبنى جەرىر، قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنى پەقەت پاك بولغانلار تۇتىدۇ، بىراق دۇنيادا ئۇنى نىجىس مەجۇسىلار ۋە مۇناپىقلارمۇ تۇتىدۇ.

ئەبۇئالىيە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ**﴾ يەنى سىلەر ئۇلارنى تۇتمايسىلەر، چۈنكى سىلەر گۇناھكارسىلەر.

ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيش كاپىرلىرى بۇ قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشىدۇ دەپ جۆيلۈشتى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق. بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس. ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) (ئوغرىلىقچە) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغاندۇر﴾[1] ئىبنى زەيدنىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئۇ ئىلگىرىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿**ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر**﴾ يەنى بۇ قۇرئان ئەھلى جاھاننىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر، ئۇ، كاپىرلار ئېيتقاندەك سېھىر ياكى پالخورلۇق ۋە ياكى شېئىر ئەمەس، بەلكى ئۇ ھېچ قانداق شەك يوق بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا پايدىلىق ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس.

﴿**(ئى كۇففارلار جامائەسى!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾ ئەۋفى بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر ئۇنى تەستىق قىلماستىن ئىنكار قىلامسىلەر؟ زەھھاك، ئەبۇھەزرە ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش تەپسىر قىلدى، مۇجاھىد: سىلەر بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ماسلاشماقچىمۇ ۋە ئۇلارغا مايىل بولماقچىمۇ؟ دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

﴿**(سىلەر اللهنىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾ ئىبنى جەرىر، سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئىبنى ئابباسنىڭ: بىرەر قەۋمگە يامغۇر ياغسا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى الله تائالانىڭ بۇ نېمىتىنى ئىنكار قىلغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ: پالانى يۇلتۇزنىڭ شەرقتىن چىقىشى ۋە پالانى يۇلتۇزنىڭ غەربكە ئېقىپ چۈشۈشى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدى دەيدۇ دېگەنلىكىنى ۋە ﴿**(سىلەر اللهنىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام مالىك، سالىھ ئىبنى كەيساندىن زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ھۇدەيبىيە دېگەن يەردە ئىدۇق، شۇ كېچىدە يامغۇر ياغقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] سۈرە شۇئەرا 210 ـــ 212 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن كېيىن ئادەملەرگە قاراپ: «سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ساھابىلار: اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللّٰه تائالا: مېنىڭ بەندىلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە بەزىلىرى مېنى ئىنكار قىلغان هالدا تاڭ ئاتقۇزدى. اللّٰه نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدى دېگەنلەر ... (ئەنە شۇلار) ماڭا ئىمان ئېيتىپ يۇلتۇزنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر. پالانى يۇلتۇزنىڭ شەرقتىن چىقىشى ۋە پالانى يۇلتۇزنىڭ غەربكە ئېقىپ چۈشۈشى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدى دېگەنلەر، (ئەنە شۇلار) مېنى ئىنكار قىلىپ يۇلتۇزغا ئىمان ئېيتقۇچىلاردۇر، دېدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن: قۇرئاننى ئىنكار قىلىشنى بىزگە اللّٰه تائالانىڭ كىتابىدىن رىزىق قىلىپ بېرىلدى دەپ ئۆزلىرىگە بۇ ھۆكۈمنى ئالغانلار نېمە دېگەن يامان ھۆكۈم ئالغان ھە؟ دەيتتى. ھەسەننىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى: بىزنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىمىز بىزنىڭ اللّٰه تائالانىڭ كىتابىدىكى نېسىۋىمىزدۇر دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇنداق دېدى: ﴿(ئى كۇففارلار **جامائەسى!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلامسىلەر؟ (سىلەر اللّٰهنىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾

* * * * * * *

فَلَوۡلَآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلۡحُلۡقُومَ ﴿٨٣﴾ وَأَنتُمۡ حِينَئِذٖ تَنظُرُونَ ﴿٨٤﴾ وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ مِنكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُبۡصِرُونَ ﴿٨٥﴾ فَلَوۡلَآ إِن كُنتُمۡ غَيۡرَ مَدِينِينَ ﴿٨٦﴾ تَرۡجِعُونَهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٨٧﴾

***جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر﴿83 - 84﴾. بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر)﴿85﴾. ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴿86 - 87﴾.***

## جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ بولماسلىقى (بولمايدىغانلىقى) ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر**﴾ يەنى ئۆلگۈچى سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا ۋە ئۇ سەكراتتا تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتكە قاراپ تۇرىسىلەر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿راستلا جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، «(بۇ كېسەلگە) كىم ئىلاج قىلالايدۇ» دېيىلىدۇ. (سەكراتتا ياتقان ئادەم) بۇ (دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ. (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴾[1].

﴿**بىز**﴾ پەرىشتىلىرىمىز بىلەن ﴿**ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر)**﴾ اللّٰه تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى اللّٰه بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان

[1] سۈرە قىيامەت 26 ــ 30 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ،بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز الله غىلا خاستۇر، الله ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[1].

﴿ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى﴾ يەنى ھەلقۇمغا يەتكەن بۇ جاننى ئىلگىرىكى ئورنىغا، بەدەندىكى جايىغا ﴿قايتۇرمايسىلەر؟﴾.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنى ئەگەر سىلەر قىيامەت كۈنىگە، قايتا تىرىلىشكە، مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشەنمەيدىغان بولساڭلار، بۇ جاننى بەدەنگە قايتۇرۇپ بېقىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

* * * * * * *

فَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٨٨﴾ فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّتُ نَعِيمٍ ﴿٨٩﴾ وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنْ أَصْحَٰبِ
ٱلْيَمِينِ ﴿٩٠﴾ فَسَلَٰمٌ لَّكَ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلْيَمِينِ ﴿٩١﴾ وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلْمُكَذِّبِينَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٩٢﴾ فَنُزُلٌ مِّنْ
حَمِيمٍ ﴿٩٣﴾ وَتَصْلِيَةُ جَحِيمٍ ﴿٩٤﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ حَقُّ ٱلْيَقِينِ ﴿٩٥﴾ فَسَبِّحْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٩٦﴾

*ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ﴾88 - 89﴿. ئەگەر ئۇ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغان بولسا، (ئۇلار راھەت ـ پاراغەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد!) ئۇلاردىن ساڭا سالام!﴾90﴿. ئەگەر ئۇ تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلاردىن بولىدىغان بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ﴾92 - 93﴿. جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ﴾94﴿. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر﴾95﴿. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئىپتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن﴾96﴿.*

## ئىنسانلارنىڭ سەكراتتىكى ئەھۋاللىرى ۋە ئۇلاردىن ھەر بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

بۇ ئۈچ خىل ئەھۋال ئىنسانلارنىڭ سەكراتتىكى ئەھۋالىدۇر. ئۇلار ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلىدىغان، الله تائالاغا يېقىن بەندىلەردىن بولىدۇ، ياكى ئۇلاردىن مەرتىۋىسى تۆۋەنرەك، نامە ـ ئەمەللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان بەختلىك كىشىلەردىن بولىدۇ ۋە ياكى ھەقنى ئىنكار قىلىدىغان، توغرا يولدىن ئازغان، الله تائالانىڭ ئەمرى پەرمانىغا نادانلارچە قارايدىغان كىشىلەردىن بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ مېيىت﴾ يەنى سەكراتقا چۈشكۈچى ﴿مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا﴾ يەنى ئۇلار پەرزلەرنى، سۈننەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئادا قىلىدىغان، ھارام قىلىنغان ۋە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدىغان ھەتتا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى قىلسا گۇناھ بولمايدۇ دەپ، رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىمۇ قىلمايدىغان مۆمىنلەردۇر.

---

[1] سۈرە ئەنئام 61 ــــ 62 - ئايەتلەر.

www.munber.org

**﴿(ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار راھەت ـ پاراغەت ۋە ياخشى رىزىققا ئېرىشىدۇ. ئۇلار سەكراتقا چۈشكەندە، پەرىشتىلەر ئۇلارغا ئەنە شۇ مۇكاپات بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدۇ. يۇقىرىدا بەرانىڭ ھەدىسىدىمۇ رەھمەت پەرىشتىلىرىنىڭ: ئى پاك جان! سىز ئاۋاتلاشتۇرغان پاك تەندىن راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە غەزەپلەنمەيدىغان پەرۋەردىگار تەرەپكە چىقىڭ، دەيدىغانلىقى بايان قىلىندى.

بۇ ئايەت ھەققىدە ئەبۇھەرە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ دۇنيادىن قۇتۇلغانلىقى راھەت ـ پاراغەتتۇر. سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: راھەت ـ پاراغەت خۇشال خۇراملىقتىن ئىبارەتتۇر. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ﴿**راھەت ـ پاراغەت ۋە ياخشى رىزىق**﴾ دېمەك جەننەت ۋە پاراۋانلىق دېمەكتۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**راھەت ـ پاراغەت**﴾ دېمەك رەھمەتكە ئېرىشمەك دېمەكتۇر.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن ۋە توغرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم الله تائالاغا يېقىن بەندە بولغان ھالەتتە ۋاپات بولسا، ئۇ رەھمەت، راھەت ـ پاراغەت، خۇشال ـ خۇراملىق ۋە ياخشى رىزىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدۇ.

ئەبۇئالىيە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ بىرى دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ رەيھان دەرىخىدىن بىر تال شاخ كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ جېنى شۇ شاخقا قەبزى روھ قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى كەئىب مۇنداق دەيدۇ: ھەر ئىنسان (ئۇنىڭ) جەننەت ئەھلىدىن ياكى دوزاخ ئەھلىدىن ئىكەنلىكى بىلىنمىگىچە ئۆلمەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، شېھىتلارنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولۇپ، جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا خالىغان جايغا ئۇچۇپ بارىدۇ، ئاندىن ئەرشكە ئېسىلغان چىراقلارغا قونىدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ئەتا ئىبنى سائىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا بىلەن تۇنجى تونۇشقان كۈنۈمدە ئۇنى چاچ ـ ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەن مويسىپىت ھالەتتە بىر ئېشەكنىڭ ئۈستىدە كۆرگەن ئىدىم. ئۇ بىر جىنازا تاۋۇتىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىم الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە الله تائالامۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىم الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، الله تائالامۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار يىغلاپ كېتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «نېمىشقا يىغلايسىلەر؟» دەپتۇ. ئۇلار: بىز ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىز، دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپتۇ : «ئۇ، ئۇنداق دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن ئۆلۈمنى سەكراتقا چۈشكەندە يامان كۆرسە شۇنداق بولىدۇ. ﴿**ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ**﴾ ئەگەر الله تائالاغا يېقىن بۇ بەندىگە ئۆلۈم بىلەن خۇش ـ خەۋەر بېرىلسە غالىب ۋە بۈيۈك الله بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، غالىب ۋە بۈيۈك اللهمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇ تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلاردىن بولىدىغان بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ**﴾ ئەگەر بۇ بەندىگە ئۆلۈمدىن خۇش خەۋەر بېرىلسە ئۇ الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ، الله تائالامۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ».

www.munber.org

﴿**ئەگەر ئۇ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغان بولسا، (ئۇلار راھەت - پاراغەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد!) ئۇلاردىن ساڭا سالام!**﴾ يەنى ئەگەر سەكراتقا چۈشكۈچى نامە - ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان، بەختلىك مۆمىنلەردىن بولىدىغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇلارغا ئەنە شۇنداق خۇش خەۋەر بېرىدۇ. پەرىشتىلەردىن بىرى سەكراتقا چۈشكۈچىگە: ساڭا ئامانلىق بولسۇن، ھېچقىسى يوق، سەن ئامانلىق تەرەپكە كېتىۋاتىسەن، سەن نامە - ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان بەختلىك كىشىسەن، دەيدۇ.

ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سالام بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامە - ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان بەختلىك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىدۇ. ئىكرىمەنىڭ بۇ تەپسىرى ناھايىتى ياخشى قىلىنغان تەپسىردۇر. ئۇ اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇندۇر: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللەدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (اللە) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ساڭا سالام**﴾ يەنى سېنىڭ نامە - ئەماللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان كىشىلەردىن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا سالام بېرىلىدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇ تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلاردىن بولىدىغان بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ**﴾ يەنى ئەگەر سەكراتقا چۈشكۈچى ھەقنى ئىنكار قىلىدىغان، توغرا يولدىن ئازغان كىشىلەردىن بولسا، قورساقلىرىدىكى ئۈچەي - باغرىنى ۋە تېرىلىرىنى ئېرىتىپ تاشلايدىغان ئەڭ يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. ﴿**جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى دوزاخقا چۆكتۈرۈلىدۇ.

﴿**شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر**﴾ يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ خەۋەر ھېچقانداق شەك بولمىغان، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ﴿**ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئېتىرازلىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن**﴾ ئىمام تىرمىزى ۋە نەسەئى، جابىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم بۈيۈك اللە نى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ ياد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن دېسە، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى، ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تىلغا يەڭگىل، تارازىغا ئېغىر، مېھرىبان اللە تائالاغا سۆيۈملۈك بولغان ئىككى سۆز بار، ئۇلار: ”اللە نى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ بىلىپ اللە غا ھەمدۇسانا ئېيتىش“ ۋە ”بۈيۈك اللە نى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ ياد ئېتىش“ تىن ئىبارەتتۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ۋاقىئەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى، جىمى ھەمدۇسانالار ۋە مەدھىيىلەر اللە تائالاغا مەنسۇپتۇر.

[1] سۈرە فۇسسىلەت 30 ــــ 32 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە ھەدىد | 29 ئايەت

## سۈرەھەدىدنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئىرباز ئىبنى سارىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاشتىن ئىلگىرى تەسبىھ ئايەتلىرىنى ئوقۇيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تەسبىھ ئايەتلىرىنىڭ ئىچىدە پەزىلىتى مىڭ ئايەتتىن ئارتۇق بىر ئايەت بار». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ئايەت سۈرە ھەدىدنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدۇر: اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (اللە) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر**﴾. اللە تائالا خالىسا ئۇنى ئالدىمىزدا تەپسىلي بايان قىلىمىز. بۇنىڭدا اللە غا ئىشىنىمىز ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىمىز. اللە بىزگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر، اللە نېمىدېگەن ياخشى ھىمايە قىلغۇچ ـ ھە!

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١﴾ لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ
يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢﴾ هُوَ ٱلْأَوَّلُ وَٱلْءَاخِرُ وَٱلظَّٰهِرُ وَٱلْبَاطِنُ ۖ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ
عَلِيمٌ ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللە غا تەسبىھ ئېيتتى، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿1﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر، اللە ئۆلتۈرەلەيدۇ، تىرىلدۈرەلەيدۇ، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿2﴾. اللە نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (اللە ) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿3﴾.***

www.munber.org

## بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىشى ۋە ﷲ نىڭ بەزى سۈپەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ﷲ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ﷲ نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ﷲ نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ﷲ نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر. ﷲ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

﴿ﷲ غالىبتۇر﴾ يەنى ھەر نەرسە ﷲ غا ھەقىقەتەن باش ئېگىدۇ. ﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى نەرسىلەرنى يارىتىشتا، بۇيرۇش ۋە توسۇشلىرىدا ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ﷲ غا خاستۇر، ﷲ ئۆلتۈرەلەيدۇ، تىرىلدۈرەلەيدۇ﴾ يەنى ﷲ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە خالىغانچە تەسەررۇپ يۈرگۈزىدىغان پادىشاھتۇر. ئۇ جانلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ، خالىغان كىشىگە ئۆزىنىڭ خالىغان نەرسىنى ئاتا قىلىدۇ. ﴿ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ يەنى ﷲ خالىغان نەرسە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. خالىمىغان نەرسە ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. ﴿ﷲ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر: (ﷲ) ئاشكاردۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)﴾ مانا بۇ ئايەت ئىرباز ئىبنى سارىيەنىڭ ھەدىسىدا كۆرسىتىلگەن، پەزىلىتى مىڭ ئايەتتىن ئارتۇق بولغان ئايەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ئەبۇداۋۇد، ئەبۇزۇمەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباستىن: دىلىمدا بىر نەرسە بار. قانداق قىلسام بولار؟ دەپ سورىدىم. ئىبنى ئابباس: ئۇ نېمە؟ دېدى. مەن: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى دەپ بېرەلمەيمەن، دېدىم. ئۇ: ئۇ نەرسە شەكمۇ؟ دېدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ: ئۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ، ھەتتا ﷲ تائالا: ﴿مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ھەق (قۇرئان) كەلدى﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى دېدى ۋە يەنە ماڭا: ئەگەر كۆڭلۈڭدە شەكتەك بىرەر نەرسە بارلىقىنى ھېس قىلساڭ ﴿ﷲ نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (ﷲ) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، ﷲ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغىن، دېدى.

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى ھەر خىل تەپسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ئىمام بۇخارى يەھيانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ ئاشكارىدۇر، بۇ بارلىق ئاشكارا نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ﷲ مەخپىيدۇر، ئۇ بارلىق يوشۇرۇن نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئىمام مىززى مۇنداق دەيدۇ: يەھيا دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئىبنى زەيياد پەررا بولۇپ، ئۇنىڭ «قۇرئاننىڭ مەنىلىرى» ناملىق كىتابى بار.

---

[1] سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ئايەت ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ، ئەبۇھۆرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇلاردىن بىرىدۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاشتىن بۇرۇن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «يەتتە ئاسمانىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئى الله ! سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەر نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچىسەن: سەن دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخلاندۇرغۇچىسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، ساڭا سېغىنىپ ھەر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ھەر نەرسىنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتقۇچىسەن، سېنىڭ باشلىنىشىڭ يوقتۇر ھەم ئاخىرلىشىشىڭ يوقتۇر، سەندىن ئىلگىرى ۋە سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئاشكارا ھېچ نەرسە يوق، سەن مەخپىيسەن، سەندىن يوشۇرۇن ھېچ نەرسە يوق، بىزنىڭ قەرزىمىزگە خاتىمە بەرگىن، بىزنى كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلغىن».

ئىمام مۇسلىم سەھلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىرەرىمىز ئۇخلىماقچى بولساق ئەبۇسالىھ بىزنى ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىشقا، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى: «يەتتە ئاسمانىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئى الله ! سەن بىزنىڭ پەرۋەدىگارىمىزسەن، ھەر نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، سەن دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخلاندۇرغۇچىسەن، تەۋراتنى ئىنجىلنى ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچىسەن، ساڭا سېغىنىپ ھەر قانداق يامان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ھەر نەرسىنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتقۇچىسەن، سېنىڭ باشلىنىشىڭ يوقتۇر ھەم ئاخىرلىشىشىڭ يوقتۇر، سەندىن ئىلگىرى ۋە سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئاشكارا ھېچ نەرسە يوق، سەن مەخپىي سەن، سەندىن مەخپىي ھېچ نەرسە يوق، بىزنىڭ قەرزىمىزگە خاتىمە بەرگىن، بىزنى كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلغىن. » ئەبۇسالىھ بۇ دۇئانى ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

* * * * * * *

هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۚ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِى
ٱلْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا ۖ وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا
تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٤﴾ لَّهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٥﴾ يُولِجُ ٱلَّيْلَ فِى ٱلنَّهَارِ
وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيْلِ ۚ وَهُوَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٦﴾

*الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە، الله قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر*[4]. *ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر، ھەممە ئىش اللهغا قايتۇرۇلىدۇ*[5]. *الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، الله دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر*[6].

www.munber.org

## ﷲ تائالانىڭ بىلىشى، قۇدرىتى ۋە پادشاھلىقىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن ﷲ تائالا بۇ نەرسىلەرنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئايەت ۋە بۇ ئايەت بىلەن مەنىداش ئايەتلەر ھەققىدە سۈرە ئەئرافتا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق. شۇڭا بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز.

﴿ﷲ زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى﴾ يەنى زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان ئۇرۇق، سۇ تامچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ سانىنى ﴿زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى﴾ يەنى زېمىندىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى، زىرائەتلەرنى ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ﷲ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى،دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ﷲ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ﷲ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (ﷲ غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1].

﴿ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى﴾ يەنى يامغۇر، قار، سوغۇق، رىزىق قاتارلىقلارنى، ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشىدىغان ھۆكۈملەرنى ﴿ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى﴾ يەنى پەرىشتىلەرنى ۋە (ﷲ نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغان) ئەمەللەرنى ﴿بىلىپ تۇرىدۇ﴾ بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىدە قىلىنغان ئەمەللەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، كۈندۈزدە قىلىنغان ئەمەللەر كېچە كىرىشتىن بۇرۇن ﷲ نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ».

﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ﷲ سىلەر بىلەن بىرگە ﷲ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرۇغۇچىدۇر﴾ يەنى ﷲ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سىلەر مەيلى قەيەردە بولۇڭلار، مەيلى قۇرۇقلۇقتا ياكى دېڭىزدا مەيلى كېچىدە ياكى كۈندۈزدە مەيلى ئۆيلەردە ياكى چۆللەردە بولۇڭلار، بارلىق ئەھۋالىڭلار ﷲ نىڭ تەڭ تولۇق بىلىشى، كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى ئىچىدىدۇر، ﷲ ھەممە سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئورنۇڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سىرلىرىڭلارنى ۋە يوشۇرۇن پىچىرلاشلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿راستىنلا ئۇلار (يەنى كاپىرلار) (رەسۇلۇللا، قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىرىدە) ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن يۈز ئۆرۈيدۇ، راستلا ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا، ﷲ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ﷲ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر﴾[2].

﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (ﷲ ئۈچۈن ئېنىقتاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى ﷲ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[3] ﷲ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوق.

---

[1] سۈرە ئەنئام 59 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 5 ـ ئايەت.
[3] سۈرە رەئد 10 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېھسان (يەنى ياخشىلىق قىلىش) دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «اللہ غا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ ئېھساندۇر، گەرچە سەن اللہ نى كۆرمىسەڭمۇ، اللہ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ».

﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللہ غا خاستۇر، ھەممە ئىش اللہ غا قايتۇرۇلىدۇ**﴾ يەنى اللہ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھىدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك ـ شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر﴾[1] بۇنىڭ ئۈچۈن اللہ مەدھىيىلەنگۈچىدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ اللہ دۇر، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا اللہ غا مەنسۇپتۇر﴾[2].

﴿جىمى ھەمدۇسانا اللہ غا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللہ نىڭ مۈلكىدۇر، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانامۇ اللہ غا خاستۇر، اللہ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[3].

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللہ نىڭ مۈلكىدۇر، ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى اللہ نىڭ ئالدىدا باش ئەگكۈچى قۇللاردۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اللہ غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[4].

﴿**ھەممە ئىش اللہ غا قايتۇرىلىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى بارار جايى اللہ نىڭ دەرگاھىدۇر، ئاندىن اللہ مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ئۆزى خالىغىنىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. اللہ ئادىلدۇر. ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇ ھېچكىمگە زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر ياخشى ئەمەلىگە ئون ھەسسە مۇكاپات بېرىدۇ. ﴿اللہ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، اللہ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[5].

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[6].

﴿**اللہ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ**﴾ يەنى اللہ مەخلۇقاتلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككىسىنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە ھېكمەت بىلەن بەلگىلەيدۇ، بەزىدە كېچىنى ئۇزۇن كۈندۈزنى قىسقا قىلىپ بەلگىلىسە، يەنە بەزىدە كۈندۈزنى ئۇزۇن كېچىنى قىسقا قىلىپ بەلگىلەيدۇ ۋە يەنە بەزىدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئوخشاش ھالەتتە قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق قىش،ئەتىياز، ياز ۋە كۈزدىن ئىبارەت پەسىللەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭ ھېكمىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، اللہ مەخلۇقاتلىرىغا

---

(1) سۈرە لەيل 13 ـ ئايەت.
(2) سۈرە قەسەس 70 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە سەبەئ 1 ـ ئايەت.
(4) سۈرە مەريەم 93 ـــ 95 ـ ئايەت.
(5) سۈرە نىسا 40 ـ ئايەت.
(6) سۈرە ئەنبىيا 47 ـ ئايەت.

www.munber.org

خالىغان رەۋىشتە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ﴿الله دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى سىرلار قانچىلىك نازۇك ۋە يوشۇرۇن بولغان تەقدىردىمۇ الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.

* * * * * * *

ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَأَنفِقُواْ مِمَّا جَعَلَكُم مُّسۡتَخۡلَفِينَ فِيهِۖ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَأَنفَقُواْ
لَهُمۡ أَجۡرٞ كَبِيرٞ (٧) وَمَا لَكُمۡ لَا تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلرَّسُولُ يَدۡعُوكُمۡ لِتُؤۡمِنُواْ بِرَبِّكُمۡ وَقَدۡ أَخَذَ مِيثَٰقَكُمۡ
إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ (٨) هُوَ ٱلَّذِي يُنَزِّلُ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦٓ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖ لِّيُخۡرِجَكُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ
وَإِنَّ ٱللَّهَ بِكُمۡ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ (٩) وَمَا لَكُمۡ أَلَّا تُنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ لَا
يَسۡتَوِي مِنكُم مَّنۡ أَنفَقَ مِن قَبۡلِ ٱلۡفَتۡحِ وَقَٰتَلَۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعۡظَمُ دَرَجَةٗ مِّنَ ٱلَّذِينَ أَنفَقُواْ مِنۢ بَعۡدُ
وَقَٰتَلُواْۚ وَكُلّٗا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ (١٠) مَّن ذَا ٱلَّذِي يُقۡرِضُ ٱللَّهَ قَرۡضًا
حَسَنٗا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥ وَلَهُۥٓ أَجۡرٞ كَرِيمٞ (١١)

***الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، الله سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە سەدىقە قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ[7]. (ئى كۇففارلار!) سىلەر نېمىشقا الله غا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ، الله سىلەردىن چىن ئەھدە ئالدى، ئەگەر ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلساڭلار (ئىمانغا ئالدىراڭلار)[8]. سىلەرنى(كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىمانىنىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، الله بەندىسىگە رۇشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى، الله شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[9]. نېمىشقا سىلەر الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلمايسىلەر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ مىراسى الله غا خاستۇر، سىلەردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر[10]. كىمكى الله غا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ[11].***

## ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇش ۋە پۇل ـ مالنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله بەندىلىرىنى الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە كامىل ئىمان ئېيتىشقا، شۇ ئىمان ئۈستىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ۋە الله بەرگەن پۇل ـ مالدىن ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ﴿**الله سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار**﴾ يەنى الله سىلەرنى

www.munber.org

ئىگە قىلىنغان بۇ مال ـ مۈلۈك خۇددى سىلەر ئارىيەتكە ئالغان نەرسىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ قوللىرىدا ئىدى. كېيىن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا كەلدى. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلەرگە ئۇلارنى اللّٰه ئىگە قىلغان مال ـ مۈلۈكلەرنى اللّٰه غا ئىتائەت قىلىش يولىدا ئىشلىتىشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇلار پەرزلەرنى ئادا قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئېلىپ، تېگىشلىك جازا بېرىدۇ.

﴿**اللّٰه سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار**﴾ يەنە ئى ئىنسان! بىلسەڭ، بۇ ئايەت سېنىڭ مىلىكڭغا سەندىن كېيىن بىرسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. سېنىڭ ۋارىسىڭ بۇ مالنى اللّٰه غا ئىتائەت قىلىش يولىدا ئىشلىتىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، اللّٰه سېنى ئىگە قىلغان مالدىن ئۇ تولۇق پايدىلىنىپ ساڭا قارىغاندا ئەڭ بەختلىك بولۇشى ئېنىقتۇر ياكى سېنىڭ ۋارىسىڭ بۇ مالنى اللّٰه غا ئاسىيلىق قىلىش يولىدا ئىشلىتىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، سەن ئۇنىڭ گۇناھ ۋە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشكەن تىرىشقان بولۇپ قالىسەن.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى شەخخىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارسام ئۇ مۇنداق دەۋېتىپتىكەن: ﴿(پۇل ـ مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنىمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى﴾[1] «ئادەم ئەۋلادى مېلىم، مېلىم دەيدۇ. مېلىڭدىن پەقەت يەپ تۈگەتكىنىڭ ياكى كىيىپ كونىراتقىنىڭ ۋە ياكى سەدىقە بېرىپ اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرغىنىڭ سېنىڭدۇر».

ئىمام مۇسلىممۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ ئاخىرىدا «ئۇنىڭدىن باشقىسى سېنىڭ قولۇڭدىن چىقىپ، باشقا ئىنسانلارغا قالىدۇ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

﴿**سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە سەدىقە قىلغانلار چوڭ ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ**﴾ بۇ ئايەت بەندىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە اللّٰه يولىدا سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئاندىن اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى كۇففارلار!) سىلەر نېمىشقا اللّٰه غا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىڭلارغا نېمە توسالغۇ بولىدۇ؟

ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئاراڭلاردا تۇرۇپ ئىمانغا چاقىرىدۇ ۋە سىلەرگە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىتلارنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «قايسى مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى سىلەرنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدۇ» دېدى. ساھابىلار: پەرىشتىلەرنىڭ ئىمانى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا ئىمان ئېيتمىسۇن؟» دېدى. ئۇلار: ئۇنداقتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمانى، دېدى. ئۇ «پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى نازىل بولۇپ تۇرىدىغان تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا ئىمان ئېيتمىسۇن؟» دېدى. ئۇلار: ئەمىسە بىزنىڭ ئىمانىمىز، دېدى. ئۇ: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرسام. سىلەر نېمىشقا ئىمان ئېيتمىغۇدەكسىلەر؟ لېكىن ئىمانى ئەڭ ھەيران قالارلىق مۆمىنلەر شۇنداق كىشىلەركى: ئۇلار سىلەردىن كېيىن كېلىپ، قۇرئاننى تاپىدۇ ۋە قۇرئاندىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرىدۇ». بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسمىنى سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدىكى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلدۇق.

﴿**اللّٰه سىلەردىن چىن ئەھدە ئالدى**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) اللّٰه نىڭ سىلەرگە بەرگەن (ئۇلۇغ) نېمىتىنى ۋە سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا

[1] سۈرە تەكاسۇر 1 ـ ئايەت.

www.munber.org

سىلەر: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېگەن ئىدىڭلار﴾[1] بۇ يەردە دېيىلگەن ئەھدىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بەيئەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى جەرىر بۇ ئەھدىدىن الله تائالا رۇزا مىساق كۈنىدە[2] يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، الله ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ پۇشتىدىن تۆرىلىدىغان ئىنسانلاردىن ۋەدە ئېلىۋالغان كۈندە، ئادەم باللىرىدىن ئالغان ئەھدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مۇجاھىدمۇ بۇ قاراشنى توغرا تاپتى.

﴿سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن﴾ يەنى نادانلىق، كۇفرى ۋە قارىمۇ قارشى بولغان پىكىر ئېقىملىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ﴿(ئىمانىڭ) نۇرىغا﴾ ھىدايەت، ئىشەنچ ۋە ئىمانىنىڭ نۇرىغا ﴿چىقىرىش ئۈچۈن الله بەندىسىگە رۇشەن ئايەتلەرنى﴾ يەنى ئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلارنى، كەسكىن ئىسپاتلارنى ﴿نازىل قىلدى. الله شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى الله ئىنسانلارغا مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئارىسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تازىلاش ۋە دىللىرىكى شەك ـ شۈبھىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن كىتابلارنى نازىل قىلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

الله تائالا بەندىلەرنى ئالدى بىلەن ئىمان ئېيتىشقا ۋە سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى يوق قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنداقلا ئۇلارنى الله يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿نېمىشقا سىلەر الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلمايسىلەر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى الله غا خاستۇر﴾ يەنى پۇل ـ مېلىڭلارنى الله يولىداسەرپ قىلىڭلار، پېقىر بولۇپ قېلىشىڭلاردىن، پۇل مېلىڭلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن قورقماڭلار. چۈنكى، سىلەر الله يولىدا سەرپ قىلغان پۇل ـ مال الله نىڭدۇر. الله ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھىدۇر، ئاسمان ـ زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۇ پۈتۈن ئاسمانلاردىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئېچىگە ئالغان كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(الله نىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر﴾[3].

﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر﴾[4] كىم الله غا تەۋەككۈل قىلىدىكەن، پۇل ـ مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدۇ، پۇل ـ مېلىنى ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان الله نىڭ كېمەيتىۋېتىشىدىن قورقمايدۇ. شۇنداقلا، الله يولىدا سەرپ قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ئورنىنى الله نىڭ تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ.

## مەككە پەتھى بولۇشتىن ئىلگىرى الله يولىدا سەرپ قىلغان پۇل- مالنىڭ، جىھادنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**﴿سىلەردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس﴾ چۈنكى مەككە پەتھى قىلىنىشتىن**

[1] سۈرە مائىدە7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇ كۈندە اللە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭ قىيامەتكىچە كېلىدىغان باللىرىنىڭ نۇرىنى چىقىرىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ اللە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەھدە ئالغان.
[3] سۈرە سەبەئ 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئىلگىرى ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، شۇ چاغلاردا پەقەت راستچىل كىشىلەرلا ئىسلامغا كىرگەن ئىدى. ئەمما مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. ئادەملەر اللە نىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ **﴿ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر. (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى﴾** كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى پەتھىنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى دەپ قارايدۇ. شەئبى ۋە باشقىلار: بۇ پەتھىدىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ ۋە بۇ قارىشىغا ئىمام ئەھمەد ئەنەستىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. خالىد ئابدۇراھمانغا: سىلەر بىزدىن ئىلگىرى ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىسىلەر، دېدى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ تالاش ـ تارتىش ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ساھابىلىرىمغا تىل تەككۈزمەڭلار، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر اللە يولىدا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەرپ قىلساڭلارمۇ ئەمەللىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزەلمەيسىلەر» دېگەن ئىكەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ سۆزنىڭ دېيىلىشىگە سەۋەبچى بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بىلەن مەككە پەتھى قىلىنىشىنىڭ ئارىلىقىدا ئىسلامغا كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇراھماننىڭ ئارىسىدىكى بۇ تالاش ـ تارتىش بولسا يەنى جۇزەيمە قەبىلىسىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، ۋەقە مۇنداق بولغان: مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇزەيمە قەبىلىسىگە خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. قوشۇن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلار ئىسلامغا كىردۇق دېيەلمەي، دىنىغا يۆتكەلدۇق، دېيىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئۇلاردىن ئەسىر ئېلىنغانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئابدۇراھمان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلار قارشى چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خالىد ئابدۇراھمان بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزگە يەنە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسمۇ دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار! مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار اللە يولىدا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئەمەلنى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ بىر مۇد ياكى يېرىم مۇد سەرپ قىلغان نەرسىسىنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزەلمەيدۇ».

**﴿(ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى﴾** يەنى پەتھىدىن ئىلگىرىي ۋە پەتھىدىن كېيىن اللە يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلارنىڭ ھەر بىرىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇكاپاتلاردا يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشتەك پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇلار قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار، اللە يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. اللە ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اللە جىھاد

www.munber.org

قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى﴾[1].

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىنگە قارىغاندا اﷲ غا سۆيۈملۈكرەكتۇر، لېكىن ھەر ئىككىلى مۆمىندە ياخشىلىق باردۇر».

اﷲ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق پەقەت كىشىلەرنى بىرىنچى تۈردىكى ئادەملەرنى ماختاپ، ئىككىنچى تۈردىكى ئادەملەرنىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىكى، بىرەر ئەقلى كەم ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇردى. شۇڭا اﷲ بىرىنچى تۈردىكى ئادەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئىككىنچى تۈردىكى ئادەملەرنى ماختاپ مەدھىيىلىدى.

﴿اﷲ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾ يەنى اﷲ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن مەككە پەتھى بولۇشتىن ئىلگىرى اﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغان ۋە جىھاد قىلغانلارنىڭ ساۋابىنى ئۇنىڭدىن كېيىن پۇل ـ مال سەرپ قىلغان ۋە جىھاد قىلغانلارنىڭ ساۋابىدىن يۇقىرى قىلدى. بۇ پەقەت اﷲ نىڭ بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ نىيەت ـ مەقسەتلىرىنىڭ پاك، اﷲ غا بولغان ئىخلاسىنىڭ سەممىي بولغانلىقىنى، ئېغىر ۋە قىيىن كۈنلەردە، كەمبەغەل چاغلاردا، اﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئىمام نەسەئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىلگىرى اﷲ يولىدا سەرپ قىلىنغان بىر دەرھەمنىڭ ساۋابى كېيىن سەرپ قىلىنغان 100 مىڭ دەرھەمنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇقتۇر». ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيە اﷲ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتتىن تولۇق نېسىۋى بار ئىماندارلاردىن ئىكەنلىكىگە ھېچكىمدە شەك يوقتۇر. چۈنكى ئۇ باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە قارىغاندا بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى اﷲ يولىدا سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى اﷲ دىن باشقا ھېچكىم بىرەلمەيدۇ.

## اﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

**﴿كىمكى اﷲ غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اﷲ نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)﴾** بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: اﷲ غا قەرزى ھەسەنە بېرىش، اﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، دېدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ، ئائىلە ـ تاۋاباتىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەشتىن ئىبارەتتۇر، دېدى. توغرىسى بۇ ئايەت ياخشىلىققا سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خالىس نىيەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن اﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغان ھەر قانداق ئادەم بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىچىگە كىرىدۇ.

**﴿كىمكى اﷲ غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اﷲ نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، اﷲ ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ﴾** اﷲ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى اﷲ غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اﷲ نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ

[1] سۈرە نىسا 95 ـ ئايەت

www.munber.org

قىلىدىكەن)، اللّٰه ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[1] يەنى ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى كاتتا مۇكاپات ۋە مول رىزىقتىن ئىبارەت جەننەتنى بېرىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**كىمكى اللّٰه غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، اللّٰه ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ**﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولغاندا ئەبۇدەھداھ ئەنسارى: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! اللّٰه ھەقىقەتەن بىزدىن قەرز ئېلىشنى خالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. ئى ئەبۇدەھدا!» دېدى. ئەبۇدەھداھ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! قولۇڭنى ماڭا كۆرسەتكىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى، ئۇ مەن ھەقىقەتەن خورمىلىق بېغىمنى پەرۋەردىگارىمغا قەرز بېرىۋەتتىم، دېدى، ئۇنىڭ بېغىدا 600 تۈپ خورما بار ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇدەھدا ۋە بالا ـ باللىرى باغدا ئىدى. ئەبۇدەھداھ باغقا كېلىپ: ئى ئۇممۇ دەھداھ! دەپ توۋلىدى، ئايالى: مانا مەن، دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەبۇدەھداھ ئايالىغا: باغدىن چىقىڭ، مەن ئۇنى غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىمغا قەرز بېرىۋەتتىم، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئايالى ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇدەھداھ! سوداڭ بەك پايدىلىق سودا بولۇپتۇ، دېدى ۋە باغدىن يۈك ـ تاقلىرىنى ۋە باللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جەننەتتە ئەبۇدەھداھقا نۇرغۇن خورما باغلىرى بېرىلىدۇ» يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېدى: «جەننەتتە ئەبۇدەھداھقا تۇپلىرى مەرۋايىت ۋە ياقۇتتىن بولغان، نۇرغۇن بولاق خورما باغلىرى بېرىلىدۇ».

* * * * * * *

يَوْمَ تَرَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ يَسْعَىٰ نُورُهُم بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَبِأَيْمَٰنِهِم بُشْرَىٰكُمُ ٱلْيَوْمَ جَنَّٰتٌ
تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٢﴾ يَوْمَ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ
وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱنظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِن نُّورِكُمْ قِيلَ ٱرْجِعُوا۟ وَرَآءَكُمْ فَٱلْتَمِسُوا۟ نُورًا
فَضُرِبَ بَيْنَهُم بِسُورٍ لَّهُۥ بَابٌۢ بَاطِنُهُۥ فِيهِ ٱلرَّحْمَةُ وَظَٰهِرُهُۥ مِن قِبَلِهِ ٱلْعَذَابُ ﴿١٣﴾ يُنَادُونَهُمْ أَلَمْ نَكُن
مَّعَكُمْ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَلَٰكِنَّكُمْ فَتَنتُمْ أَنفُسَكُمْ وَتَرَبَّصْتُمْ وَٱرْتَبْتُمْ وَغَرَّتْكُمُ ٱلْأَمَانِىُّ حَتَّىٰ جَآءَ أَمْرُ ٱللَّهِ
وَغَرَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿١٤﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا يُؤْخَذُ مِنكُمْ فِدْيَةٌ وَلَا مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ مَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ ۖ هِىَ
مَوْلَىٰكُمْ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾

***ئۇ كۈندە مۆمىن ئەرلەرنى، مۆمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىداۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ)﴿12﴾. ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار،***

---

[1] سۈرە بەقەر،245 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

***سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ***[13]***. ئۇلار مۆمىنلەرنى: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۆمىنلەر: «شۇنداق، لېكىن سىلەر ئۆزەڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (يەنى كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن ئۆزەڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆمىنلەرگە بالايى ـ ئاپەتلەر كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن) شەكلەندىڭلار، (اللە نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قۇرۇق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى، تاكى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى، شەيتان سىلەرنى اللە نىڭ (ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ***[14]***. بۈگۈن سىلەردىن ۋە كاپىرلاردىن فىدىيە ئېلىنمايدۇ، جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!*** [15].

## قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا نۇر بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە سەدىقە قىلغۇچى مۆمىنلەردىن خەۋەر بېرىپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا قىيامەت مەيدانىدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئەمەللىرىگە قارىتا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نۇرى تاغدەك چوڭ بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ نۇرى خورمىدەك بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ نۇرى ئۆرە تۇرغان ئادەمدەك بولىدۇ. ئۇلاردىن نۇرى ئەڭ ئاز بولغانلارنىڭ نۇرى قولىنىڭ باش بارماقىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، بىر يېنىپ بىر ئۆچۈپ تۇرىدۇ. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەمگە نۇر بېرىلىدۇ، ئۇلار پىلسىرات كۆۋرۈكىگە يېتىپ بارغاندا مۇناپىقلارنىڭ نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ، بۇنى كۆرگەن مۆمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ نۇرلىرىنىڭ مۇناپىقلارنىڭ نۇرى ئۆچۈپ قالغىنىدەك ئۆچۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى تولۇق بەرگىن، دەپ تىلەيدۇ.

﴿**ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە**﴾ زەھھاك بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەماللىرى ماڭىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[1].

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋاپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ)**﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

﴿**ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ**﴾ مانا بۇ اللە تائالا تەرىپىدىن قىيامەت كۈنى قىيامەت مەيدانىدا يۈز بېرىدىغان قاتتىق قورقۇنچ، كاتتا زىلزىلە ۋە دەھشەتلىك ئىشلاردىن بېرىلگەن خەۋەردۇر. بۇ كۈندە اللە غا

---

(1) سۈرە ئىسرا71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، الله بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلغان ۋە الله توسقان ئىشلاردىن يانغان كىشىلەرلا نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

ئەۋفىي، زەھھاك ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەملەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان بىر ۋاقىتتا الله بىر نۇر ئەۋەتىدۇ. مۆمىنلەر بۇ نۇرنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ. بۇ نۇر الله نىڭ مۆمىنلەرنى جەننەتكە باشلايدىغان يولىدۇر. مۇناپىقلار مۆمىنلەرنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ. ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، شۇنىڭ بىلەن الله مۇناپىقلارغا قاراڭغۇلۇقنى ئەۋەتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار: ﴿**«بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى»**﴾ بىز ھەقىقەتەن دۇنيادا سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق، دەيدۇ. مۆمىنلەر: ﴿**ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار**﴾ سىلەر كەلگەن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قايتىپ بېرىپ شۇ يەردىن نۇر تىلەڭلار، دەيدۇ.

﴿**شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ**﴾ ھەسەن ۋە قەتادە: ئۇ سېپىل جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىغا سوقۇلغان سېپىلدۇر، دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد: ئۇ الله تائالانىڭ ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدىكى توسمىنىڭ دەل ئۆزىدۇر، دېدى.

مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. قەتادە، ئىبنى ۋە باشقىلار ﴿**دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت**﴾ يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ ـ نېمەتلەر ﴿**تېشىدا ئازاب بولىدۇ**﴾ يەنى دوزاخ بولىدۇ، دەيدۇ.

﴿**ئۇلار مۆمىنلەرنى: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ**﴾ يەنى مۇناپىقلار مۆمىنلەرنى: بىز دۇنيادا سورۇنلارغا سىلەر بىلەن بىللە قاتناشقان، سىلەر بىلەن بىرگە جامائەتلىشىپ ناماز ئوقۇغان، ھەج قىلمىز دەپ ئەرەفاتتا سىلەر بىلەن بىللە تۇرغان، سىلەر بىلەن غازاتلارغا چىققان ۋە باشقا پەرزلەرنىمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە قىلغان ئەمەسمىدۇق؟ دەپ توۋلايدۇ ﴿**مۆمىنلەر: شۇنداق**﴾ يەنى مۆمىنلەر مۇناپىقلارغا جاۋاب بېرىپ: شۇنداق، سىلەر ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە ئىدىڭلار، ﴿**لېكىن سىلەر ئۆزەڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (يەنى كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن ئۆزەڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆمىنلەرگە بالايى ـ ئاپەتلەر كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن) شەكلەندىڭلار، (الله نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قۇرۇق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى**﴾ دەيدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: سىلەر ئىسلام دىنىغا ۋە مۆمىنلەرگە بالايى ـ ئاپەتلەر كېلىشىنى ﴿**كۈتتۈڭلار**﴾ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشتىن ﴿**شەكلەندىڭلار، (الله نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قۇرۇق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى**﴾ يەنى سىلەر بىزگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ، دېدىڭلار ۋە ھاياتقا مۇشۇنداق داۋام قىلدىڭلار ﴿**تاكى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى، شەيتان سىلەرنى الله نىڭ (ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ**﴾ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار شەيتانغا ئالدانغان ئىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار شەيتاننىڭ ئالدىشىغا گوللىنىپ كېتىۋېرىپ، ھەتتاكى، الله نىڭ ئۇلارنى دوزاخقا تاشلاشتىن ئىبارەت جازالىشىغا ئېرىشتى.

مۆمىنلەرنىڭ مۇناپىقلارغا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى: سىلەر دۇنيادىكى چاغدا بىز بىلەن بىرگە نىيىتىڭلار ۋە دىلىڭلار بىلەن ئەمەس، بەلكى جىسمىڭلار بىلەن بىللە بولدۇڭلار. سىلەر بىز ماڭغان يولغا گۇمان ۋە شەك بىلەن قارايتتىڭلار. ئىبادەتلىرىڭلارنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن رىيا بىلەن قىلاتتىڭلار، الله نى ئاز ياد ئېتەتتىڭلار دېگەنلىكتۇر.

---

[1] سۈرە ئەئراف 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار مۆمىنلەر بىلەن دۇنيا ئىشلىرىدا تىرىك ئىدى، ئۇلار بىلەن نىكاھلىشاتتى، سورۇنلاردا بىللە بولاتتى ۋە يېقىن ئارىلىشاتتى، ئۇلار ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئۆلۈك ئىدى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە نۇر بېرىلىدۇ. مۇناپىقلار شۇ سېپىلغا يېتىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدا مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسى ئايرىلىدۇ.

﴿**جايىڭلار دوزاختۇر**﴾ يەنى دوزاخ سىلەرنىڭ بارار جايىڭلاردۇر، سىلەر شۇ جايغا قايتىسىلەر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر**﴾ يەنى سىلەر كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە شەكتە بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن دوزاخ سىلەرگە باشقا ھەرقانداق جايغا قارىغاندا ئەڭ لايىقتۇر ﴿**دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾.

* * * * * * *

۞ أَلَمۡ يَأۡنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن تَخۡشَعَ قُلُوبُهُمۡ لِذِكۡرِ ٱللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ ٱلۡحَقِّ وَلَا يَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ
أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلُ فَطَالَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَمَدُ فَقَسَتۡ قُلُوبُهُمۡۖ وَكَثِيرٞ مِّنۡهُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿١٦﴾ ٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ
ٱللَّهَ يُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ قَدۡ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿١٧﴾

***مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴿16﴾. بىلىڭلاركى، الله زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ سىلەرگە (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق﴿17﴾.***

## مۆمىنلەرنى الله دىن قورقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئەھلى كىتابلاردەك بولۇپ قېلىشتىن توسۇش توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر الله نى ياد ئەتكەن، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ۋە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، مۇناپىقلارنىڭ دىللىرى الله دىن قورقۇپ الله نىڭ ئايەتلىرىنى چۈشىنىشكە، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا، ئۇنى بېرىلىپ ئاڭلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا يېتەرلىك بولمىدىمۇ؟!

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيە الله ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئىسلامغا كىشىمىز بىلەن الله نىڭ بىزنى ﴿**مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟**﴾ دېگەن بۇ ئايەت بىلەن ئەيىبلىشىنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت 4 يىل ئۆتكەن ئىدى، بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسئىمۇ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى ئۇلاردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن

www.munber.org

توسىدۇ. ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلار قولىلىرىدىكى اللە نىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنى ئاز پۇلغا ساتتى. اللە نىڭ كىتابىنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋېتىپ ھەر خىل قاراشلارغا، بىر ـ بىرىگە زىت بولغان پىكىرلەرگە يۈزلەندى. ئادەملەرنى اللە نىڭ دىنىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان قىلىپ قويدى. ئۇلار اللە نى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىبلىرىنى مەبۇد قىلىۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغان، جەننەت بىلەن بېرىلگەن ۋەدىگە ئىشەنمەيدىغان. دوزاخ بىلەن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن قورقمايدىغان دەرىجىدە قېتىپ كەتتى. ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتا ﴿**ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر**﴾ شۇڭا ئۇلارنىڭ دىللىرى بۇزۇق، ئەمەللىرى باتىلدۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى﴾[1] يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرى ئەقىدىلىرى بۇزۇق بولغانلىقى ئۈچۈن قېتىپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە اللە نىڭ ئايەتلىرىنى بۇرمىلاش خاھىشلىرى سىڭىپ كەتتى. ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلماي ئەكسىچە چەكلەنگەن. گۇناھ ئىشلارنى، قىلدى. شۇڭا اللە مۆمىنلەرنى چوڭ ياكى ئۇششاق ئىشلارنىڭ ھېچبىرىدە ئۇلارغا ئوخشاپ قالماسلىققا بۇيرۇدى.

﴿**بىلىڭلاركى، اللە زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ سىلەرگە (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق**﴾ بۇ ئايەت اللە تائالانىڭ دىللار قېتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى يۇمشىتىدىغانلىقىنى، ئازغۇنلار گۇمراھ يولغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى، ئېغىرچىلىقلار كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئاسانلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. اللە قۇرغاق، قاقاس، چۆلدەرەپ كەتكەن زېمىننى شارقىراپ ياغقان يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرگىنىدەك، قۇرئاننىڭ روشەن دەلىل ـ پاكىتلىرى بىلەن قېتىپ كەتكەن دىللارنى ھىدايەت قىلىدۇ. ھېچ نەرسە قوبۇل قىلمىغىدەك دەرىجىدە ئېتىلىپ قالغان دىللارنى ھىدايەت نۇرى بىلەن داۋالايدۇ. بارلىق نۇقسانلاردىن پاك بولغان اللە خالىغان كىشىنى ئۇ گۇمراھ بولغاندى كېيىن ھىدايەت قىلغۇچىدۇر. خالىغان كىشىنى ئۇ كامىل مۆمىن بولغاندىن كېيىن گۇمراھ قىلغۇچىدۇر.

اللە خالىغان ئىشنى قىلغۇچىدۇر. بارلىق ئىشلارنى ھېكمەت ۋە ئادىللىق بىلەن قىلغۇچىدۇر. اللە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلۡمُصَّدِّقِينَ وَٱلۡمُصَّدِّقَٰتِ وَأَقۡرَضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا يُضَٰعَفُ لَهُمۡ وَلَهُمۡ أَجۡرٞ كَرِيمٞ ﴿١٨﴾
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصِّدِّيقُونَۖ وَٱلشُّهَدَآءُ عِندَ رَبِّهِمۡ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ وَنُورُهُمۡۖ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٩﴾

[1] سۈرە مائىدە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

***سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە اللە غا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە (يەنى اللە نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بەرگۈچىلەر، ياخشىلىق يوللىرىغا خۇشاللىق بىلەن پۇل - مال سەرپ قىلغۇچىلارغا) ھەسسىلەپ (ساۋاب) بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زور مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىلىدۇ[18]. اللە غا ۋ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـ ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سىددىقلاردۇر، شېھىتلەردۇر، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ساۋابقا ۋە نۇرغا ئىگە بولىدۇ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ۋە يالغانغا چىقارغانلار ـ ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر[19].***

## سەدىقە بەرگۈچىلەرگە، راستچىل ۋە شېھىتلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە كاپىرلارنىڭ بارار جايى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پۇل ـ ماللىرىنى موھتاجلارغا، كەمبەغەللەرگە ۋە مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلغۇچى ئەر ـ ئاياللارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتتىن خەۋەر بېرىدۇ ﴿**ۋە اللە غا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە**﴾ يەنى ئۇلار اللە نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، خالىس نىيەت بىلەن سەدىقە بېرىدۇ، بەرگەن سەدىقىسىنىڭ بەدىلىگە سەدىقە ئالغۇچىلاردىن ھېچقانداق مۇكاپات ۋە رەھمەت تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەسسىلەپ (ساۋاب) بېرىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بىر ياخشىلىقىغا **10** ھەسسىدىن **700** ھەسسىگىچە ساۋاب بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ﴿**ئۇلارغا زور مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىلىدۇ**﴾ يەنى كاتتا ساۋاب، ياخشى جاي ۋە ئېسىل قارارگاھ بولغان جەننەت بېرىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـ ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سىددىقلاردۇر**﴾ بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتنىڭ تولۇقلانمىسىدۇر. اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارنى «ئەڭ راستچىللار» دەپ سۈپەتلىدى.

ئەئمەش، ئەبۇزۇھادىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿**ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سىددىقلاردۇر، شېھىتلەردۇر**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىنلەر ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ: اللە يولىدا سەدىقە بەرگۈچىلەر، راستچىلار ۋە اللە يولىدا شېھىت بولغۇچىلاردىن ئىبارەتتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿كىملەركى اللە غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللە نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ﴾[1].

اللە راستچىللار بىلەن شېھىتلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بايان قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تۈردىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. راستچىل ئادەمنىڭ دەرىجىسى شېھىتنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىدە ھېچ بىر شەك يوقتۇر. ئىمام مالىك «مۇۋەتتە» دېگەن كىتابىدا ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى، بەزىلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدىكى قەسىر ئىگىلىرىنى خۇددى شەرق ياكى غەرب ئۇپۇقىدىكى ئاقار يورۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك ئوچۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ». ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بەلكىم ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسى بولۇپ باشقىلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىسە كېرەك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم

[1] سۈرە نىسا 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

www.munber.org

قىلىمەنكى، ئۇ مەرتىۋىگە اللّٰه غا ئىمان ئېيتقان پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغان كىشىلەر ئېرىشىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا شېھىتلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار نازۇ ـ نېمەتلىك خەننەتلەردىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، شېھىتلەرنىڭ جايلىرى جەننەتتە يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا خالىغان جايغا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئاندىن ئەنە شۇ نۇرلۇق پانۇسلارنىڭ ئۈستىگە قونىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇلارغا قاراپ: نېمىنى خالايسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: بىزنى دۇنيا يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتكىنى، ئۇ يەردە سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىشىمىزنى، ئاندىن خۇددى بىرىنچى قېتىم شېھىت قىلىنغىنىمىزدەك شېھىت قىلىنىشىمىزنى خالايمىز، دەيدۇ. پەرۋەردىگار: مەن ھەقىقەتەن ئىنسانلار دۇنياغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتتىم، دەيدۇ».

﴿ئۇلار (ئاخىرەتتە) ساۋابقا ۋە نۇرغا ئىگە بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋابقا ۋە ئالدىلىرىدا ماڭىدىغان كاتتا نۇرغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېھىتلەر تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئىمانى ياخشى مۆمىن ئادەم بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا، اللّٰه يولىدا تاكى شېھىت قىلىنغۇچە ئۇرۇشىدۇ، شېھىت بولىدۇ. ئەنە شۇ شېھىتقا ئادەملەر مانا مۇشۇنداق قارايدۇ» دەپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بېشىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈۋېدى ئۇنىڭ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۆكى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. «ئىككىنچىسى، نورمال مۆمىن بولۇپ، ئۇ دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە خۇددى تىكەنلىك دەرەخنىڭ شاخچىسى سانچىلغاندەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن ئېتىلغان ئوق كېلىپ تېگىدۇ ـ دە، ئۇ شېھىت بولىدۇ. ئەنە شۇ شېھىت ئىككىنچى دەرىجىلىك شېھىتتۇر. ئۈچىنچىسى، ياخشى ئەمەلنى يامان ئەمەلگە ئارىلاشتۇرۇپ قويغان مۆمىن بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا، ئۇمۇ اللّٰه يولىدا شېھىت بولغىچە ئۇرۇشۇپ شېھىت بولۇپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ شېھىت ئۈچىنچى دەرىجىلىك شېھىتتۇر. تۆتىنچىسى نۇرغۇن گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان مۆمىن بولۇپ دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا اللّٰه يولىدا شېھىت بولغىچە ئۇرۇشۇپ شېھىت بولۇپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ شېھىت تۆتىنچى دەرىجىلىك شېھىتتۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ۋە يالغانغا چىقارغانلار ـ ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر﴾ اللّٰه تائالا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قارارگاھىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بەختسىزلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى.

* * * * * * *

ٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا لَعِبٞ وَلَهۡوٞ وَزِينَةٞ وَتَفَاخُرُۢ بَيۡنَكُمۡ وَتَكَاثُرٞ فِي ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَوۡلَٰدِۖ
كَمَثَلِ غَيۡثٍ أَعۡجَبَ ٱلۡكُفَّارَ نَبَاتُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصۡفَرّٗا ثُمَّ يَكُونُ حُطَٰمٗاۖ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٞ
شَدِيدٞ وَمَغۡفِرَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٞۚ وَمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلۡغُرُورِ ﴿٢٠﴾ سَابِقُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن

www.munber.org

رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا كَعَرۡضِ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ أُعِدَّتۡ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ ذَٰلِكَ فَضۡلُ
ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٢١﴾

*بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىن بىلەن ئۈستۈرگەن) ئۈسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۈسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) اللّٰه نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴿20﴾. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، (ئۇ) جەننەت اللّٰه غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، بۇ اللّٰه نىڭ پەزلىدۇر، (اللّٰه) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، اللّٰه ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴿21﴾.*

## دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئويۇن ـ تاماشا، ئەرزىمەس مەشغۇلات ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا دۇنيا تىرىكچىلىكى ئىشىنىڭ ئەرزىمەس، كىچىككىنە نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر**﴾ يەنى دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلارنىڭ مەقسىتى پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىشتۇر ـ خالاس. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك﴾[1].

ئاندىن اللّٰه تائالا دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ مىسالىنى تۇزۇپ كېتىدىغان گۈل ـ چېچەككە، يوقىلىپ كېتىدىغان نېمەتنىڭ مىسالىغا ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بىرەر يېغىش بىلەن ئۈستۈرگەن) ئۈسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ**﴾ يەنى كىشىلەر يېغىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) اللّٰه يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾[2].

﴿**ئۈسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان**﴾ يەنى شۇ يامغۇر بىلەن ئۈستۈرۈلگەن ـ ئەنە شۇ زىرائەتنىڭ ئۈسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئۈسۈملۈك دېھقاننى خۇرسەن قىلغىنىغا ئوخشاش، دۇنيا تىرىكچىلىكىمۇ كاپىرلارنى خۇرسەن قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئەڭ ھېرىسمەن ۋە ئەڭ ئامراق كىشىلەردۇر.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 14 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ﴾** يەنى ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇيدۇ، سەن ئۇنىڭ ياپ ـ يېشىل، گۈزەل تۇس ئالغىنىدىن كېيىن سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قۇرۇپ يەنچىلىپ كەتكەن چۆپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، دۇنيا تىرىكچىلىكمۇ دەسلەپتە ئۆسمۈرلەر ياشلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاندىن قېرىغان، ئاندىن چىرايلىرى پۈرۈشۈپ بوۋاي ـ مومايلارغا ئايلىنىپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئىنسان ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ياشلىق باھارىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەستلىك كېلىشكەن ۋە گۈزەل قىياپەتتە بولىدۇ، ئاندىن قېرىشقا باشلايدۇ. مىجەز خاراكتېرى ئۆزگىرىدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ، ئاندىن يېشى تېخىمۇ چوڭىيىپ بوۋايغا، كۈچسىز، ھەرىكىتى ئاستا ھەم ئازراق نەرسىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان بىر قېرى بوۋايغا ئايلىنىپ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **﴿الله سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾**[1].

الله تائالا بۇ مىسال ئارقىلىق دۇنيانىڭ چوقۇم تۈگەپ يوق بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتنىڭ چوقۇم ۋۇجۇتقا چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاخىرە تنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئاخىرەتتىكى تۈگىمەس ـ پۈتمەس ياخشىلىقلارغا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) الله نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾** يەنى يېقىن كېلىۋاتقان ئاخىرەتتە پەقەت قاتتىق ئازاب ياكى الله نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار.

**﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾** يەنى دۇنيا تىرىكچىلىكگە بېرىلىپ كەتكەن ئادەمگە، ئۇ، ئۇنى ئالدايدىغان، ئاخىرى بولمىغان، قىسقا مەزگىللىك بىر بەھرىمەن بولۇشلا، باردۇر. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كېتىدۇ، ئۇ ئۇنىڭغا قاتتىق بېرىلگەنلىكتىن ئۇ ھاياتلىقتىن باشقا ھاياتلىق يوق، ئۇ ھاياتلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە بىر ھاياتلىق بولمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەت ھەقىقەتەن سىلەردىن بىرىڭلارغا ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ شوتىيىسىدىنمۇ) يېقىندۇر. دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس ياخشىلىقنىڭمۇ، يامانلىقنىڭمۇ ئىنسانغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا الله تائالا بەندىلەرنى تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، ھارام ئىشلاردىن يېنىش قاتارلىق گۇناھ ۋە خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان. ساۋاب ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار﴾** الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: **﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾**[2] يەنى الله بۇ ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئۇ) جەننەت الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، بۇ الله نىڭ پەزلىدۇر، (الله) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾** يەنى الله

[1] سۈرە رۇم، 54 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۇلارنى ئېرىشتۈرگەن مانا بۇ نەرسىلەر اللە نىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى ياخشىلىقى ۋە ئېھسانىدۇر. بىز يوقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىمام مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: كەمبەغەل مۇھاجىرلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بايلار ئەجىرگە، ئالىي دەرىجىلەرگە ۋە دائىملىق نازۇ ـ نېمەتكە ئېرىشىپ كەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداق قىلىپ؟» دېدى. ئۇلار: ئۇلار بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ. بىز روزا تۇتقاندەك روز تۇتىدۇ. بىراق ئۇلار سەدىقە بېرىدۇ، بىز سەدىقە بېرەلمەيمىز. ئۇلار قۇل ئازاد قىلىدۇ. بىز قۇل ئازاد قىلالمايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنى بىر ئىشقا باشلاپ قوياي، ئەگەر سىلەر ئۇنى قىلساڭلار. ياخشى ئىش قىلىشتا سىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىسىلەر، سىلەر قىلغان ئىشقا ئوخشاش ئىش قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم سىلەردىن ئارتۇق مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. سىلەر ھەر نامازنىڭ ئارقىدىن 33 قېتىمدىن تەسبىھ، تەكبىر ۋە ھەمدى ئېيتىڭلار» دېدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار يەنە كېلىپ: بىزنىڭ باي قېرىنداشلىرىمىز بىز قىلغان ئىشنى ئاڭلىۋېلىپ، ئۇلارمۇ بىز قىلغاندەك قىلدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ اللە نىڭ پەزلىدۇر. اللە ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ» دېدى.

* * * * * * *

مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِى كِتَـٰبٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٢٢﴾ لِّكَيْلَا تَأْسَوْا۟ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا۟ بِمَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴿٢٣﴾ ٱلَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلْبُخْلِ ۗ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٤﴾

*يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللە غا ئاساندۇر﴿22﴾. (اللە تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە اللە بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، اللە مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴿23﴾. ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر، كىمكى (اللە نىڭ يولىدا نەپىقە قىلىشتىن) باش تارتىدىكەن (اللە غا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، چۈنكى اللە بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴿24﴾.*

## ئىنسانغا يېتىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر**﴾ يەنى ئەتراپىڭلاردىكى ۋە ئۆزەڭلاردىكى مۇسىبەتلەر ﴿**بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان**﴾ يەنى بىز مەخلۇقاتلارنى يارىتىش ۋە ئۇلارغا جان كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى يېزىلىپ بولغان.

www.munber.org

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسلەر**﴾ يەنى قەھەتچىلىك ﴿**ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر**﴾ يەنى كېسەل ۋە ئاغرىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بىزگە خەۋەر قىلىنىشىچە، بىرەر ئادەمگە يەتكەن ياغاچ جىجىۋىتىش، پۇت قاناش، بىرەر جايىنىڭ كۆيۈپ قىلىشى قاتارلىق مۇسىبەتلەر پەقەت ئۇنىڭ قىلىپ قالغان بىرەر گۇناھىنىڭ سەۋەبى بىلەنلا بولىدىكەن. اللە ئۇنى (گۇناھ ئۇچۇن) بىرەر مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلماستىن ئۇنىڭ نۇرغۇن گۇناھىنى كەچۈرىدىكەن.

بۇ ئۇلۇغ ئايەت كەرىم اللە تائالانىڭ شەيئىلەرنى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن بىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى ئىنكار قىلغۇچى ”قەدىرىيە“ پىرقىسىگە رەددىيە بېرىدىغان ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن بەلگىلىگەن» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان ۋە ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «اللە نىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى» دېگەنلىكىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنى يەنە ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللە غا ئاساندۇر**﴾ يەنى شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالانىڭ شەيئىلەرنى ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى بىلىش ۋە ئۇنى ۋۇجۇتقا كېلىدىغان چاغدىكى ھالىتىگە تامامەن ئۇيغۇن قىلىپ يېزىشى غالىب ۋە بۈيۈك اللە غا ئاساندۇر. چۈنكى اللە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ۋۇجۇتقا كېلىدىغان نەرسىلەرنى، ۋۇجۇتقا كەلمىگەن، ئەگەر ۋۇجۇتقا كەلگەن تەقدىردە قانداق ھالەتتە ۋۇجۇتقا كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ.

## سەۋر ۋە شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**(اللە تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە اللە بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى بىز سىلەرگە شەيئى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى بىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇنى بۇرۇنلا پۈتۈۋېتىدىغانلىقىمىزنى ۋۇجۇتقا كېلىدىغان شەيئىلەرنى ئالدىنئالا بەلگىلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز ـ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىلەرنىڭ سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەتلەرنىڭ ھەرگىزمۇ يېڭىلىشىپ يېتىپ قالمىغانلىقى ۋە سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلار سەۋەبىدىن يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار، قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە اللە بەرگەن نەرسىگە خۇش بولۇپ كەتەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، چۈنكى بىرەر نەرسە تەقدىر قىلىنسا، ئۇ چوقۇم ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. يەنى اللە سىلەرگە نېمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلماڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ نېمەتلەر سىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلاردىن ياكى ئەقىل پاراسىتىڭلاردىن كەلگەن ئەمەس. ئۇ پەقەت اللە نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇنى سىلەرگە رىزقى قىلىپ بېرىشىدىن كەلگەن.

اللە نىڭ نېمەتلىرىنى كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىپ پەخىرلىنىدىغان، چوڭچىلىق قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالماڭلار. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**﴾ يەنى اللە ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان، باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: خۇشال بولمايدىغان، قايغۇرمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. لېكىن سىلەر خۇشاللىقنى شۈكرى قىلىشقا، قايغۇنى سەۋر قىلىشقا ئايلاندۇرۇڭلار.

www.munber.org

## بېخىلنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

﴿**ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى يامان ئىشنى قىلىدىغان، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان كىشىلەردۇر﴿**كىمكى**﴾ الله نىڭ ئەمرى ـ پەرمانىدىن ۋە الله غا بويسۇنۇشتىن ﴿**باش تارتىدىكەن (الله غا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، چۈنكى الله بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر**﴾. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سىلەر ۋە يۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى الله ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر﴾[1].

* * * * * * *

لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلَنَا بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَنزَلۡنَا مَعَهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡمِيزَانَ لِيَقُومَ ٱلنَّاسُ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَأَنزَلۡنَا ٱلۡحَدِيدَ فِيهِ بَأۡسٞ شَدِيدٞ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٞ ﴿٢٥﴾

*بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، الله نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) الله غا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر*﴿25﴾.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلەر، ئادالەت ۋە ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا

﴿**بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر**﴾ ۋە كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار ﴿**بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق**﴾ بۇ قانۇن بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە بۇزۇق قاراشتىكىلەرگە قارشى تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىل (يەنى قۇرئان) غا ئاساسلانغان ئادەم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئۇنىڭغا الله تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ﴾[2] ﴿الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنىكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان﴾[3] ﴿الله ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله تارازىنى بېكىتتى﴾[4].

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە رۇم 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە راھمان 7 ـــ 8 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿**ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ**﴾ يەنى ئادالەت بىلەن ھەقنى يۈرگۈزسۇن دەپ كىتاب بىلەن قانۇننى چۈشۈردۇق. پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن نەرسىگە ئاساسان ئۇلارغا ئەگىشىش ۋە ئۇلار بۇيرىغان نەرسىلەرگە ئىتائەت قىلىش. ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىز، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتىن باشقا ھېچ بىر ھەقىقەت يوقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[1] يەنى الله تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەر ناھايىتى راستتۇر. الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە توسقان ئىشلىرى ھەققىدە چىقارغان ھۆكمى ناھايىتى ئادىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر جەننەتلەردىكى قەسىرلەرگە، ئالىي قارارگاھلارغا ۋە قاتار قويۇلغان تەختلەرگە ئورۇنلاشقان چاغدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى) ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن الله غا بولسۇنكى، الله بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى﴾[2].

## تۆمۈرنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا

﴿**تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان**﴾ يەنى تۆمۈرنى دەلىل ـ پاكىت كۆرسىتىلگەندىن كېيىن ھەقنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان كىشىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغان قورال قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن، مەككىدىكى 13 يىللىق ھاياتىدا ۋەھىي قىلىنغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشرىكلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشى، ئۇلارغا تەۋھىدنى روشەن بايان قىلىشى، ئوچۇق ـ ئاشكارا پاكىتلارنى كۆرسىتىشى ھەققىدە نازىل بولغان ئىدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققان كىشىلەرگە دەلىل پاكىت تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىجرەت قىلىشنى يولغا قويدى ۋە مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا قارشى قىلىچ بىلەن جىھاد قىلىشقا، قۇرئانغا قارشى چىققان، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىگە ۋە باشلىرىغا قىلىچ بىلەن چېپىشقا بۇيرۇدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله غىلا ئىبادەت قىلىنىشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى. خارلىق ۋە كەمسىتىلىش مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغانلارغا خاس قىلىندى. كىمكى، مۇسۇلمان بولمىغان بىرەر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ».

﴿**تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان**﴾ يەنى تۆمۈردىن قىلىچ، نەيزە، تىغ، ساۋۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدۇ[3]. ﴿**تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار**﴾ يەنى ئىنسانلار تۇرمۇشلىرىدا تۆمۈردىن پىچاق، پالتا، كەكە، ھەرە، بولقا، گۈرجەك قاتارلىق سايمانلارنى، دېھقانچىلىق قىلىش، يىمەك پىشۇرۇش، نان يېقىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىدىغان ۋە باشقا ھەر خىل سايمانلارنى ياسايدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى تۆمۈردىن ئايرىلالمايدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنئام 115 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن ئۇرۇش قوراللىرىمۇ تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

www.munber.org

﴿اللە نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللە غا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)﴾ يەنى اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قورال كۆتەرگەنلەرنىڭ نىيىتىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن تۆمۈرنى ياراتتى. ﴿اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾ يەنى اللە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. اللە تائالاغا ياردەم قىلغان كىشىلەرگە، اللە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولماستىن ياردەم قىلىدۇ. اللە جىھادنى پەقەت بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن يولغا قويدى.

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا وَإِبْرَاهِيمَ وَجَعَلْنَا فِي ذُرِّيَّتِهِمَا ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلْكِتَابَ فَمِنْهُم مُّهْتَدٍ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَارِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ وَءَاتَيْنَاهُ ٱلْإِنجِيلَ وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ٱبْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ رِضْوَانِ ٱللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَـَٔاتَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ ﴿٢٧﴾

*بىز ھەقىقەتەن نۇھنى، ئىبراھىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا (ئاتا) قىلدۇق، ئۇلاردىن ھىدايەت تاپقانلىرى بار، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴿26﴾. ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللە نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴿27﴾.*

## ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن كۆپۈنچىسىنىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئۇنىڭ باللىرىدىنلا ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا مېھرىبان اللە نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئەۋەتكەنلىكىنى، ئاسماندىن نازىل قىلىنغان كىتابلىرىنىمۇ پەقەت ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. اللە تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق﴾[1]. ھەتتا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلاردىن كېيىن

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق﴾** يەنى ئىنجىل بولسا الله تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلغان كىتابتۇر.

﴿**ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ﴾** يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۆمىن قەۋمىنىڭ ﴿**دىللىرىغا شەپقەت﴾** يەنى الله دىن قورقۇنچ ۋە ئىنسانلارغا ﴿**مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى﴾** يەنى ئۇنى خرىستىئانلارنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلدى ﴿**ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق﴾** يەنى ئۇنى ئۇلارغا بىز يولغا قويۇپ بەرمىدۇق. ئۇنى پەقەت ئۆزلىرى پەيدا قىلىپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ۋاجىب قىلىۋالدى.

﴿**ئۇلار ئۇنى پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. ئۇنىڭ بىرى، ئۇلار رەھبانىيەت بىلەن الله نىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلغان. بۇنى سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قەتادە ئوتتۇرىغا قويغان. ئىككىنچىسى بولسا، ئۇلارغا رەھبانىيەتنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلارغا بىز پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەشنى بېكىتتۇق، دېگەن قاراشتۇر.

﴿**لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى﴾** يەنى ئۇلار ئەمەل قىلىشنى ئۆزلىرىگە ۋاجىب قىلىۋالغان رەھبانىيەتكە ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلمىدى. بۇ ئايەت ئۇلارنى ئىككى سەۋەب بىلەن ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئۇلار الله نىڭ دىنىدا الله بۇيرۇمىغان نەرسىنى پەيدا قىلدى. يەنە بىرى، ئۇلار: بىزنى غالىب ۋە بۈيۈك الله غا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دەپ قىلغان گۇمان بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆزلىرىگە ۋاجىب قىلىۋالغان نەرسىگە لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى. ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە نەسەئى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆتكەن پادىشاھلار تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن بىر گۇرۇھ مۆمىنلەر تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئوقۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەقتىن ئازغان خرىستىئانلار پادىشاھلارغا: ئەنە شۇ مۆمىنلەر بىزنى ناھايىتى قاتتىق تىللاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئوقۇغان ئايەتلەردە بىزنى بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكى بىلەن ئەيىبلەپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە: ﴿كىملەركى، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئىنجىلنى بىز ئوقۇغاندەك ئوقۇشقا ۋە ئۇ ئىككى كىتابقا بىز ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغىن، دېدى. دەپ شىكايەت قىلىشتى پادىشاھلار ئۇلارنى چاقىرىپ بىر يەرگە توپلىدى ۋە ئۇلارغا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتكەن بويىچە ئوقۇشقا مەجبۇرلىدى. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا، ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى بىلەن ئۇلارغا تەھدىت سالدى مۆمىنلەر: سىلەر راستىلا شۇنداق قىلماقچىمۇ؟ بىزگە چېقىلماڭلار، دېدى. ئۇلاردىن بىر بۆلۈك ئادەملەر: بىزگە بىر مۇنار سېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن بىزنى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىرىڭلار، ئاندىن بىزگە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىزنى تارتىپ ئالىدىغان بىرەر نەرسە بېرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار بىز سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا چۈشمەيمىز، دېيىشتى. يەنە بىر بۆلۈك ئادەملەر: بىزگە چېقىلماڭلار، بىز يىراقلارغا يەنى بېشىمىز قايغان تەرەپلەرگە كېتەيلى، جاڭگاللاردا ياۋايى ھايۋانلاردەك ياشاپ يۈرەيلى. ئەگەر سىلەر بىزنى ئۆز زېمىنىڭلاردا تۇتۇۋالساڭلار ئاندىن بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، دېيىشتى. يەنە باشقا بىر بۆلۈك ئادەملەر: بىزگە چۆللەردە ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ بېرىڭلار، بىز ئۇ يەردە قۇدۇقلارنى قېزىپ، يەرلەرنى تېرىپ ياشايلى. سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلمەيلى ۋە سىلەرنىڭ جايىڭلاردىن ئۆتمەيلى، ھەر بىر قەبىلىدە بىردىن دوست بولسۇن، دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ﴿**رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا**

---

[1] سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللہ نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى﴾.**

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدى: «ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىخلاس بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ قىلىدىغان ئىبادىتى بولىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاپ قىلىدىغان ئىبادىتى غالىب ۋە بۈيۈك اللہ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» بۇ ھەدىسنى ئەبۇيەئلا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاپ قىلىدىغان ئىبادىتى بولىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاپ قىلىدىغان ئىبادىتى اللہ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بىر ئادەم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: ماڭا قىلىدىغان بىرەر ياخشى ئىشنى كۆرسىتىپ قويغىن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم، سەن مەندىن ئىلگىرى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان بىر ئىشنى سورىدىڭ. ئۇ ماڭا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ساڭا اللہ غا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن شەك ـ شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلىق ھەممە ئىشنىڭ بېشىدۇر. سەن جىھاد قىلىشتىن ئايرىلىپ قالمىغىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىھاد قىلىش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆزىنى خالىس بېغىشلاپ قىلىدىغان ئىبادىتىدۇر، اللہ نى داۋاملىق ياد ئەتكىن، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغىن، قۇرئان ھەقىقەتەن ساڭا ئاسماندىن بېرىلگەن بىر رەھمەتتۇر، يەر يۈزىدە اللہ نى ياد ئەتكەنلىكىڭدۇر».

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَءَامِنُواْ بِرَسُولِهِۦ يُؤۡتِكُمۡ كِفۡلَيۡنِ مِن رَّحۡمَتِهِۦ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ
نُورٗا تَمۡشُونَ بِهِۦ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٨﴾ لِّئَلَّا يَعۡلَمَ أَهۡلُ ٱلۡكِتَٰبِ أَلَّا يَقۡدِرُونَ عَلَىٰ
شَيۡءٖ مِّن فَضۡلِ ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلۡفَضۡلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٢٩﴾

***ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! اللہ دىن قورقۇڭلار، اللہ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، اللہ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پۇلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، اللہ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[28]. ئەھلى كىتابنىڭ اللہ نىڭ پەزلىدىن ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەسلىكلىرىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭ قولىدا بولۇپ، (اللہ نىڭ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى، اللہ نىڭ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن (اللہ شۇ سۆزنى قىلدى)[29].***

## ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلارغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلارغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۈرە قەسەستە بىر ئايەت كەلگەن. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە ئۇلارنىڭ ساۋابى ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ماڭا ئىمان ئېيتقان ئەھلى كىتاب بولارغا شۇ ئەمەلى ئۈچۈن ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۇ اللہ نىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى

www.munber.org

تولۇق ئادا قىلغان قۇل. بۇنداق ئادەمگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، قول ئاستىدىكى دېدېكىنى ياخشى تەربىيىلىگەن، ئاندىن ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز نىكاھىغا ئالغان ئادەم بولۇپ بۇنداق ئادەمگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتىكىلەردىن ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلار كۆزدە تۇتۇلغان. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ قارىشىغا زەھھاك، ئۇتبە ئىبنى ئەبۇھەكىم ۋە باشقىلارمۇ قېتىلغان. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قارىشنى توغرا دەپ قارىغان.

الله تائالا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر الله دىن قورقساڭلار، الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. الله كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر﴾[1].

ئىبنى جەرىر، سەئىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەزىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ بىرىدىن: سىلەرگە ھەسسىلەپ بېرىلگەن ياخشىلىق قانچىلىك ئارتۇقتۇر؟ دەپ سورىدى، ئۇ يەھۇدىي: بىر ھەسسە ياخشىلىق 350 ياخشىلىققا باراۋەردۇر، دېدى. ئۆمەر: بىزگە ئىككى ھەسسە ياخشىلىق (يەنى 700 ياخشىلىققا باراۋەر ياخشىلىق) بەرگەن الله غا ھەمدۇسانالار بولسۇن دېدى. سەئىد بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ **﴿الله سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى ۋە جۈمە: نامىزىنى ئوقۇغان ئادەمگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ دېدى.

بۇ سۆزنى ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بىلەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ مىسالى ئىشچىلار ئىشلەتكەن بىر ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەم: كىم ماڭا بىر قىراتقا[2] ناماز بامدات ۋاقتىدىن تاكى چۈشكىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. بىلىڭلاركى، بۇنىڭغا يەھۇدىيلار ئىشلەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم: كىم ماڭا بىر قىراتقا ناماز پېشىن ۋاقتىدىن ناماز دىگەر ۋاقتىغىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. بىلىڭلاركى بۇنىڭغا خرىستىئانلار ئىشلەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم: كىم ماڭا ئىككى قىراتقا ناماز دىگەر ۋاقتىدىن كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچىلىك ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. بىلىڭلاركى، بۇنىڭغا سىلەر ئىشلىدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلار غەزەپلىنىپ: بىز كۆپ ئىشلەپ ئاز ئەجىرگە ئېرىشتۇق دېيىشىدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سىلەرنىڭ ئەجرىڭلاردىن بىرەر نەرسىنى ئاز بېرىپ سىلەرگە زۇلۇم قىلدىممۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: ياق دېيىشىدۇ. ئۇ ئادەم: ئارتۇق بېرىشى پەقەت مېنىڭ مەرھەمىتىمدۇر. مەن ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئارتۇق بېرىمەن، دەيدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەبۇمۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ مىسالى مۇنداق بىر ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ: ئۇ ئادەم بىر قەۋمنى ئەتىگەندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە مۇئەييەن مىقداردىكى ئىش ھەققىگە ئىشلەپ بېرىشكە ئىشچىلىققا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشكىچە ئىشلەيدۇ. ئاندىن ئۇلار: سېنىڭ بىزگە بىر كۈننى شەرت قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن ئىش ھەققىگە بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق. ئىشلىگىنىمىز بىكارغا بولسۇن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇلارغا: ئۇنداق قىلماڭلار. قالغان ئىشىڭلارنى تولۇق پۈتتۈرۈپ، ئىش ھەققىڭلارنى تولۇق ئېلىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىماي ئىشنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم

[1] سۈرە ئەنفال 29 ـ ئايەت.
[2] مۇئەييەن ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

www.munber.org

ئۇلاردىن كېيىن باشقا ئادەملەرنى ئىشلىتىپ ئۇلارغا كۈنىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئىشلەپ تۈگىتىڭلار، مەن ئىشنى تاشلاپ كەتكەنلەرگە شەرت قىلغان بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى سىلەرگە بېرەي، دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىشلەيدۇ. دىگەر نامىزىنى ئوقۇيدىغان ۋاقىت بولغاندا، ئۇلار ئۇ ئادەمگە: ئىشلىگىنىمىز بىكارغا بولسۇن. بىزگە بەرمەكچى بولغان ئىش ھەققىنى ساڭا قالسۇن، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: قالغان ئىشىڭلارنى تولۇق پۈتتۈرۈۋېتىڭلار. كۈنىنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمى قالدى، دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم باشقا بىر كىشىلەرنى كۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا ئىشلەپ بېرىشكە ئالىدۇ. ئۇلار كۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا ئۇ ئادەمگە كۈن ئولتۇرغۇچە ئىشلەپ بېرىدۇ، ئىككى ئىشنى پۈتتۈرمەي كېتىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق ئالىدۇ. مانا بۇ ئەھلى كىتاب بىلەن ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ نۇرنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ مىسالىدۇر».

﴿ئەھلى كىتابنىڭ اللّٰه نىڭ پەزلىدىن ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەسلىكلىرىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى اللّٰه نىڭ قولىدا بولۇپ، (اللّٰه نىڭ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى، اللّٰه نىڭ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن (اللّٰه شۇ سۆزنى قىلدى)﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ اللّٰه بەرگەن نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قېلىشقا، اللّٰه توسقان نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى بېرىشكە قادىر ئەمەسلىكلىرىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ھەدىدنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه تائالاغا خاستۇر.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە مۇجادەلە | 22 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّتِى تُجَٰدِلُكَ فِى زَوْجِهَا وَتَشْتَكِىٓ إِلَى ٱللَّهِ وَٱللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَآ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ﴿١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***اﷲ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اﷲ غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اﷲ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر***﴿1﴾.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بارلىق ئاۋازلارنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىغۇچى بولغان اﷲ غا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، مۇنازىرىلەشكۈچى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتتى، مەن بولسام ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپمۇ ئۇ ئايالنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدىم. ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ ﴿**اﷲ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اﷲ غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اﷲ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇنى ئىمام بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەر نەرسىنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىغۇچى اﷲ بۈيۈكتۇركى، مەن ھەقىقەتەن سۆئلەبەنىڭ قىزى خەۋلەنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى ئاڭلاپ، بەزىلىرىنى ئاڭلىيالماي تۇراتتىم، ئۇ ئېرى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەۋاتاتتى: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى؟ ئېرىم مال - مۈلكۈمنى يېدى. ياشلىق باھارىمنى تۈگەتتى. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن پەرزەنتلەرنى تۇغۇپ بەردىم. مانا ئەمدى مەن ياشىنىپ قالغاندا ۋە تۇغۇتتىن توختىغان چېغىمدا ئۇ مېنى زىھار؟ قىلدى. ئى اﷲ! مەن بۇ ھەقتە ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ﴿**اﷲ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اﷲ غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اﷲ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. اﷲ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئېلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئېرى ئەۋس ئىبنى سامىت دېگەن كىشى ئىدى.

* * * * * * *

www.munber.org

ٱلَّذِينَ يُظَـٰهِرُونَ مِنكُم مِّن نِّسَآئِهِم مَّا هُنَّ أُمَّهَـٰتِهِمْ ۖ إِنْ أُمَّهَـٰتُهُمْ إِلَّا ٱلَّـٰٓـِٔى وَلَدْنَهُمْ ۚ
وَإِنَّهُمْ لَيَقُولُونَ مُنكَرًا مِّنَ ٱلْقَوْلِ وَزُورًا ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٌ ﴿٢﴾ وَٱلَّذِينَ يُظَـٰهِرُونَ مِن نِّسَآئِهِمْ
ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا قَالُوا۟ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مِّن قَبْلِ أَن يَتَمَآسَّا ۚ ذَٰلِكُمْ تُوعَظُونَ بِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ
خَبِيرٌ ﴿٣﴾ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ مِن قَبْلِ أَن يَتَمَآسَّا ۖ فَمَن لَّمْ يَسْتَطِعْ فَإِطْعَامُ
سِتِّينَ مِسْكِينًا ۚ ذَٰلِكَ لِتُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ وَتِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ ۗ وَلِلْكَـٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٤﴾

***سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، اللە ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[2]. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر[3]. (ئازاد قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)، بۇ (ئەھكام) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار اللە نىڭ قانۇنىدۇر، (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[4].***

## زىھار ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان كەففارەت توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، خەۋلە بىنتى سەئلەبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللە سۈرە مۇجادىلەنىڭ باش تەرىپىنى مەن بىلەن ئېرىم ئەۋس ئىبنى سامىت ئىككىمىزنىڭ ھەققىدە نازىل قىلدى. مەن ئەۋسنىڭ نىكاھىدا ئىدىم. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولۇپ مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئۇساللىشىپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كىردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازراق گەپ تالىشىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىغلىنىپ: سېنىڭ ئۇچاڭ ماڭا نىسبەتەن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش، دېدى. ئاندىن ئۇ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يېنىمغا قايتىپ كىردى ۋە مەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا: ياق، خەۋلەنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئېيتقان سۆز توغرۇلۇق اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارمىغىچە سەن ماڭا يېقىنلاشمايسەن، دېدىم. ئۇ ماڭا ئېتىلىپ كېلىپ مېنى بېسىۋالدى. مەن خوتۇن كىشى ياشىنىپ قالغان ئاجىز ئادەمنى يېڭىۋالىدىغان ھىيلىنى ئىشلىتىپ ئۇنى يېڭىۋالدىم ـ دە، ئۈستۈمدىن چۈشۈرۈۋەتتىم. ئاندىن قىزلىرىمدىن بىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇنىڭدىن كىيىم ئارىيەت ئېلىپ كىيدىم. ئاندىن چىقىپ ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم ـ دە، ئېرىم بىلەن ئارىمىزدا بولغان

www.munber.org

ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۇنىڭغا ئېرىمنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىشىپ كەتكەنلىكىدىن يولۇققان يامان ئىشلار ھەققىدە شىكايەت قىلىشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى خەۋلە! ئېرىڭىز ياشىنىپ قالغان ئادەم، ئۇنىڭ ھەققىدە اﷲ دىن قورقۇڭ» دېدى.

اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن تېخى تۇرغان يېرىمدىن مىدىرلىماستىنلا مېنىڭ ھەققىمدە ئايەت نازىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان نازىل بولغاندا ئورىۋالىدىغان ۋەھىمە ئورىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ۋەھىمە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ: «ئى خەۋلە! سىز ۋە ئېرىڭىز ھەققىدە اﷲ تائالا ھەقىقەتەن ئايەت نازىل قىلدى» دېدى ۋە ماڭا: **﴿اﷲ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اﷲ غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اﷲ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، اﷲ ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، اﷲ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازاد قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)، بۇ (ئەھكام) اﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمىر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار اﷲ نىڭ قانۇنىدۇر، (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئېرىڭىزنى بۇيرۇڭ، ئۇ گۇناھىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلسۇن» دېدى. مەن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ قۇل ئازاد قىلالىغۇدەك پۇلى يوق، دېدىم. ئۇ: ئۇنداقتا ئېرىڭىز ئۇدا ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتسۇن» دېدى. مەن اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ئۇ ھەقىقەتەن ياشىنىپ قالغان ئادەم. ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېدىم. ئۇ «ئۇنداقتا ئۇ 60 مىسكىنگە بىر ۋەسەق خورما تارقىتىپ بەرسۇن» دېدى. مەن: اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك خورما يوق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز ئۇنىڭغا بىر ئەرق خورما بىلەن ياردەم قىلىمىز» دېدى. مەن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر ئەرەق خورما ياردەم قىلاي، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن توغرا ۋە ياخشى ئىش قىلدىڭىز، بېرىپ ئېرىڭىز ئۈچۈن ياردەم قىلماقچى بولغان خورمىنى سەدىقە قىلىڭ، ئاندىن ئېرىڭىزنى ياخشى ئىش قىلىشقا تەۋسىيە قىلىڭ» دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. مانا بۇ قىسسە بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ۋەقەلىكتۇر.

**﴿سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر﴾** جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردىن بىرى ئايالنى زىھار قىلماقچى بولسا ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئۇچىڭىز ماڭا نىسبەتەن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دەيتتى، زىھار جاھىلىيەت دەۋرىدە تالاق ھېسابلىناتتى. اﷲ تائالا بۇ ئۈممەتكە زىھارنىڭ تالاق بولۇشىنى ئەمما

www.munber.org

تالاقتا ھۆكۈم قىلىنغاندەك ھۆكۈمگە ئىگە قىلمىدى ھەم زىھار قىلىپ قالغاندا ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىشنى بەلگىلىدى.

﴿**پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر**﴾ يەنى ئەر كىشىنىڭ سىزنىڭ ئۇچىڭىز ماڭا نىسبەتەن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش، دېگەن سۆزى بىلەن خوتۇن كىشى ئۇنىڭ ئانىسى بولۇپ قالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغقان ئايالدىنلا ئىبارەتتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ ﴿**ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ**﴾ يەنى قەبىھ، باتىل سۆزنى قىلىدۇ. ﴿**الله ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله جاھىلىيەتتىكى قىلمىشلىرىڭلاردىن تەۋبە قىلغۇچىنى، شۇنداقلا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزلەردىن تەۋبە قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئەگەر سۆز قىلغۇچى ھەقىقەتەن زىھارنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ھارام بولىدۇ. چۈنكى توغرا سۆزگە ئاساسلانغاندا، ئايالىنىڭ ئۇچىسىنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش بىلەن ھەدە ـ سىڭلىسىنىڭ، ھامما ئاچىسىنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نىكاھىغا ئېلىش ھارام بولغان باشقا ئاياللارنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىشنىڭ ئارىلىقىدا ھېچ پەرق يوق. بۇ، ھۆكۈم ھەممىسىگە ئورتاق بولىدۇ.

﴿**ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: ئەر ئايالىنى زىھار قىلغاندىن كېيىن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلسا مەلۇم زامانغىچە ئايالىنى ئۆيىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئايالىنى تالاق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى تالاق قىلمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: ئەر ئايالىنى زىھار قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ قالسا، ئۇ بەلگىلەنگەن كەففارەتنى بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالال بولمايدۇ.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئەر ئايالىنى زىھار قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى تۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئەرلەر ئاياللىرىنى زىھار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئاياللىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھارام قىلغاندىن كېيىن يەنىلا ئۇلار بىلەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئەر ئايالىنى زىھار قىلسا، كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئايالىنىڭ ئۇياتلىق يېرىدىن باشقا ئەزالىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى گۇناھ دەپ قارىمايتتى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿**(ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى**﴾ دېگەن ئايەتنى: ئۇ ئىككىسى يېڭىدىن نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەتا زۆھرى ، قەتادە ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلارمۇ شۇنداق، دەپ تەپسىر قىلغان. زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئەرنىڭ ئايالىنى سۆيۈشىگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشىغا بولمايدۇ.

ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئايالىمنى زىھار قىلدىم، ئاندىن كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۈم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ساڭا رەھىم قىلسۇن! شۇنداق قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دېدى. ئۇ ئادەم: مەن ئاي يورۇقىدا ئايالىمنىڭ پۇتىغا سالغان ھالقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىدىم، دېدى

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غالىب ۋە بۈيۈك الله سىنى بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىغىچە ئايالىڭغا يېقىن كەلمىگىن» دېدى.

﴿بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم﴾ يەنى ئەر ـ ئايال ئىككىسى يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى تولۇق ئازاد قىلىشى لازىم. بۇ ئايەتتە ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ ئىمان ئېيتقان قۇل بولۇشى شەرت قىلىنماستىن، مۇتلەق قۇل ئازاد قىلىش دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاننىڭ كەففارىتى بايان قىلىنغان ئايەتتە بولسا، ئازاد قىلىنىدىغان قۇل مۆمىن بولۇش كېرەك دەپ ئىمان ئېيتقان قۇل بولۇشى شەرت قىلىنغان.

﴿بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ﴾ يەنى بۇنىڭ بىلەن سىلەر شۇنداق ئىشنى قىلىشتىن چەكلىنىسىلەر ﴿الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ يەنى الله سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەرداردۇر. ئەھۋالىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

﴿(ئازاد قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)﴾ يۇقىرىدا بۇ ئىشنى تەرتىپ بويىچە قىلىشقا بۇيرۇغان ھەدىسلەر بايان قىلىندى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، رامىزاندا ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ قىسسىسىدىمۇ بايان قىلىنغان.

﴿بۇ (ئەھكام) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى)﴾ يەنى بۇنى ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن يولغا قويدۇق ﴿بۇلار الله نىڭ قانۇنىدۇر﴾ يەنى الله چەكلىگەن ئىشلاردۇر، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلماڭلار.

﴿(بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى بۇ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىمان ئېيتمىغان ۋە ئۇنى ئىجرا قىلمىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇق دەپ ئېتىقاد قىلمىسۇن. ئىش ھەرگىز ئۇلار ئۇيلىغاندەك ئەمەس بەلكى ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ كُبِتُواْ كَمَا كُبِتَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ وَقَدۡ أَنزَلۡنَآ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۚ
وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٥﴾ يَوۡمَ يَبۡعَثُهُمُ ٱللَّهُ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ أَحۡصَىٰهُ ٱللَّهُ وَنَسُوهُۚ وَٱللَّهُ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ﴿٦﴾ أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ مَا يَكُونُ مِن
نَّجۡوَىٰ ثَلَٰثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمۡ وَلَا خَمۡسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمۡ وَلَآ أَدۡنَىٰ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمۡ
أَيۡنَ مَا كَانُواْۖ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ﴿٧﴾

*شۈبھىسىزكى، الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلار ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ، بىز ھەقىقەتەن (ھالال، ھارام، پەرز ۋە ئەھكاملارنى ئېچىپ بەرگەن) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، كاپىرلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ[5]. ئۇ كۈندە الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا قىلغان) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە ـ ئەمالىغا) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان، الله ھەممە*

www.munber.org

***نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴿6﴾. اللہ نىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، اللہ ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، اللہ ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، اللہ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى اللہ ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴿7﴾.***

## دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلار ۋە اللہ نىڭ دىنىغا قارشى ھەددىدىن ئاشقانلار ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار ﴿**ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدىكى قىلمىشلىرى ئۇلارغا ئوخشاپ كەتكەنلەر ئاھانەتكە، لەنەتكە ۋە رەسۋالىققا ئۇچرىغاندەك ئۇلارمۇ ئاھانەتكە، لەنەتكە ۋە رەسۋالىققا دۇچار بولۇپ، ھالاك بولىدۇ ﴿**بىز ھەقىقەتەن (ھالال، ھارام، پەرز ۋە ئەھكاملارنى ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق**﴾ بۇ ئايەتلەرگە پەقەت كاپىر، گۇناھكار ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلغانلارلا قارشى چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىدۇ. ﴿**كاپىرلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللہ بەلگىلەپ بەرگەن دىنىغا ئەگىشىشتىن، اللہ غا بويسۇنۇشتىن ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

﴿**ئۇ كۈندە اللہ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى اللہ ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ۋە كېيىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈپ بىر مەيدانغا توپلايدۇ. ﴿**ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا قىلغان) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ﴿**اللہ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە - ئەماللىرىغا) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان**﴾ يەنى اللہ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پۇختا ساقلاپ قويغان. ئۇلار بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ﴿**اللہ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللہ دىن ھېچنەرسە يوشۇرۇن ۋە مەخپىي قالمايدۇ. اللہ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

## اللہ نىڭ بىلىشىنىڭ ھەممە مەخلۇقلارنى ئوراپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، نەدە ۋە قەيەردە بولمىسۇن، ئورنىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللہ نىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم**﴾ يوشۇرۇن سىرلىرى ھەققىدە ﴿**پىچىرلىشىدىكەن، اللہ ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، اللہ ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، اللہ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر**﴾ يەنى اللہ ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەرداردۇر، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى، يوشۇرۇن سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. اللہ ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغان ۋە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان تۇرۇقلۇق اللہ نىڭ پەرىشتىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اللہ نىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆز ئارا قىلىشقان)

www.munber.org

يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾[1].

﴿ئۇلار گۇمان قىلامدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايمىز، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمىز)، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلىرىمىز) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ﴾[2].

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ھەممە نەرسىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەممە نەرسىنىڭ سۆز ۋە ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ ۋە ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. پاك ۋە يۈكسەك الله پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. الله غا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسە يوشۇرۇن قالمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر**﴾ ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بۇ ئايەتنى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن باشلاپ، ئاخىرلاشتۇرۇشنىمۇ ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نُهُواْ عَنِ ٱلنَّجْوَىٰ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا نُهُواْ عَنْهُ وَيَتَنَٰجَوْنَ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ
وَمَعْصِيَتِ ٱلرَّسُولِ وَإِذَا جَآءُوكَ حَيَّوْكَ بِمَا لَمْ يُحَيِّكَ بِهِ ٱللَّهُ وَيَقُولُونَ فِىٓ أَنفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا ٱللَّهُ
بِمَا نَقُولُ ۚ حَسْبُهُمْ جَهَنَّمُ يَصْلَوْنَهَا ۖ فَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَنَٰجَيْتُمْ فَلَا
تَتَنَٰجَوْاْ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَمَعْصِيَتِ ٱلرَّسُولِ وَتَنَٰجَوْاْ بِٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ
تُحْشَرُونَ ﴿٩﴾ إِنَّمَا ٱلنَّجْوَىٰ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ لِيَحْزُنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيْسَ بِضَآرِّهِمْ شَيْـًٔا إِلَّا بِإِذْنِ
ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٠﴾

***پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئاندىن مەنئى قىلىنغان نەرسىگە قايتقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار گۇناھ بىلەن، زۇلۇم بىلەن ۋە پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن پىچىرلىشىدۇ، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، الله ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «الله نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا كۇپايىدۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ﴿8﴾. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پىچىرلاشساڭلار گۇناھ، زۇلۇم ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق توغرىسىدا پىچىرلىشىڭلار، سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر ﴿9﴾. گۇناھ توغرىسىدا پىچىرلىشىش مۆمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن شەيتان تەرىپىدىن بولغاندۇر، (بۇنداق پىچىرلىشىش)***

---

[1] سۈرە تەۋبە 78 ـ ئايەت
[2] سۈرە زۇخرۇف 80 ـ ئايەت.

www.munber.org

***اللّٰه نىڭ ئىرادىسى بولمىسىلا مۆمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مۆمىنلەر اللّٰه غا تەۋەككۇل قىلسۇن***﴿10﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ پەسكەشلىكىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئەبۇنەجىھ مۇجاھىدنىڭ ﴿**پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئاندىن مەنئى قىلىنغان نەرسىگە قايتقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە: ئۇلار يەھۇدىيلاردۇر. دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مۇقاتىل ئىبنى ھەييانمۇ شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا سۈلھى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئولتۇرۇپ ئۆزئارا پىچىرلاشقىلى تۇراتتى شۇنىڭ بىلەن ھېلقى مۆمىن ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ياكى مەن يامان كۆرىدىغان بىرەر نەرسە ئۈچۈن مەسلىھەتلىشىپ پىچىرلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالاتتى. مۆمىن مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆرسە ئۇلاردىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان يولدىن ماڭمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇشۇنداق پىچىرلىشىشتىن توستى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن يانماي پىچىرلىشىدىغان ئادىتىنى داۋام قىلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا ﴿**پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئاندىن مەنئى قىلىنغان نەرسىگە قايتقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿**ئۇلار گۇناھ بىلەن، زۇلۇم بىلەن ۋە پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن پىچىرلىشىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزئارا ئۆزلىرىگە خاس بولغان ﴿**گۇناھ بىلەن**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىش ئۇنىڭغا قارشى چىقىش. بۇ قىلمىشلىرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە بىر ـ بىرلىرىگە شۇنداق تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق باشقىلارغا ئالاقىدار ﴿**زۇلۇم بىلەن**﴾ پىچىرلىشىدۇ.

﴿**ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، اللّٰه ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ ئى ئەبۇلقاسىم[1]! ساڭا سام[2]، بولسۇن! دېيىشتى. مەن سام سىلەرگە بولسۇن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللّٰه قەبىھ ۋە يامان سۆزلەرنى ياقتۇرمايدۇ» دېدى. مەن: ئۇلارنىڭ ساڭا سام بولسۇن دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۇلارغا سام ئۆزەڭلارگە بولسۇن دېگەنلىكىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا ﴿**ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، اللّٰه ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە ئائىشە يەھۇدىيلارغا: سام، ئەيىب نۇقسان ۋە لەنەت سىلەرگە بولسۇن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنىڭ ئۇلارغا قىلغان بەددۇئالىرىمىز ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان بەددۇئالىرى ئىجابەت قىلىنمايدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. بىر يەھۇدىي ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام قىلدى. ساھابىلارمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ سالام قايتۇردى.

---

[1] ئەبا قاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۇنىيەت ئىسمىدۇر.
[2] سام ئۆلۈم دېگەن مەنىدە بولۇپ يەھۇدىيلار سالام قىلغان بولۇۋېلىپ، تەلەپپۇز جەھەتتە سالام دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىكى شۇ سۆزنى ئىشلەتكەن.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ بىزگە سالام قىلدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇ سىلەرگە سام بولسۇن، دېدى» دېدى. (يەنى دىنىڭلاردىن ۋاز كېچىڭلار دېمەكچى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار» دېدى. ساھابىلار ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيغا: «سام سىلەرگە بولسۇن دېدىڭمۇ؟» دېدى. يەھۇدىي: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «ئەگەر سىلەرگە ئەھلى كىتابتىن بىرى سالام قىلسا، سىلەرمۇ ئۆزەڭگىمۇ بولسۇن دەڭلار» يەنى دېگەن سۆزۈڭنىڭ ئۆزەڭگە بولسۇن دەڭلار، دېدى.

﴿**ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «الله نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار مۇشۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلاتتى. سۆزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنى سالام قىلغاندەك كۆرسىتىپ، تەلەپپۇزى سالامغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا تىللاشتا ئىشلىتىدىغان يامان سۆزلەر بىلەن سالام قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئۆز ئىچىدە: ئەگەر بۇ ئادەم پەيغەمبەر بولسا، الله بىزنىڭ ئۆز ئىچىمىزدە يامان نىيەتتە ئېيتقان سۆزىمىز ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بىزنى ئازابلىغان بولاتتى، چۈنكى الله بىز يوشۇرغان نەرسىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئادەم ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسا، الله پات يېقىندا بىزگە بولىدىغان ئازابنى تېزلىتىپ دۇنيادىلا بەرگەن بولاتتى - دېيىشىدۇ.

﴿**دوزاخ ئۇلارغا كۇپايىدۇر**﴾ يەنى ئۇلارغا ئاخىرەتتە جەھەننەم كۇپايىدۇر ﴿**ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾ ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك - شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ساڭا سام بولسۇن! دەپ سالام بېرەتتى. ئاندىن ئۆز ئىچىلىرىدە: الله نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ! دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ﴿**ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، الله ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «الله نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا كۇپايىدۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

## پىچىرلىشىشنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ئەدەب - ئەخلاقتا كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا ئوخشاش بولماسلىقنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر پىچىرلاشساڭلار**﴾ ئەھلى كىتابنىڭ ئۇچىغا چىققان نادان كاپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ھەمنەپەس بولغان مۇناپىقلار پىچىرلاشقاندەك ﴿**گۇناھ، زۇلۇم ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار. ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق توغرىسىدا پىچىرلىشىڭلار، سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر**﴾ ئاندىن الله سىلەرگە بىر - بىرلەپ ساناپ قويغان پۈتۈن قىلمىشلىرىڭلارنى، سۆزلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا سىلەرگە مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

﴿**گۇناھ توغرىسىدا پىچىرلىشىش مۆمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن شەيتان تەرىپىدىن بولغاندۇر، (بۇنداق پىچىرلىشىش) الله نىڭ ئىرادىسى بولمىسىلا مۆمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مۆمىنلەر الله غا تەۋەككۇل قىلسۇن**﴾ يەنى پىچىرلىشىشنى ھەقىقەتەن مۆمىننى گۇمانغا سېلىپ قويىدۇ. مۆمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن شەيتان پىچىرلىشىشنى پىچىرلاشقۇچىلارغا چىرايلىق كۆرسىتىدۇ ۋە زىننەتلەيدۇ. بۇنداق پىچىرلىشىش الله نىڭ ئىرادىسى بولمىسىلا مۆمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. كىمكى مۇشۇنداق پىچىرلىشىشتىن بىرەر نەرسىنى ھېس قىلسا، الله غا سىغىنىپ ئۇنىڭ

www.munber.org

يامانلىقدىن پاناھ تىلىسۇن ۋە اللە غا تەۋەككۇل قىلسۇن، شۇنداق قىلغاندا اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. پىچىرلىشىش مۆمىنگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقان.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەردىن ئۈچ كىشى بىر يەردە بولساڭلار، بىر كىشىنى قاتماي ئىككى كىشى ئۆزئارا پىچىرلاشمىسۇن، ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئۈچىنچى كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇررازاق، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەردىن ئۈچ كىشى بولسا، ئىككى كىشى ئۈچىنچى كىشىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ئۆزئارا پىچىرلاشمىسۇن. ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئۈچىنچى كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَكُمۡ تَفَسَّحُواْ فِي ٱلۡمَجَٰلِسِ فَٱفۡسَحُواْ يَفۡسَحِ ٱللَّهُ لَكُمۡۖ وَإِذَا قِيلَ ٱنشُزُواْ فَٱنشُزُواْ يَرۡفَعِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ دَرَجَٰتٖۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١١﴾

*ئى مۆمىنلەر! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، اللە سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كەڭ قىلىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، اللە سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار*﴿11﴾

## يىغىلىشنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى توغرىسىدا

اللە تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە سورۇنلارنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىنى تەلىم بېرىپ ۋە ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، اللە سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كەڭ قىلىپ بېرىدۇ﴾** بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مۇكاپات ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. «كىم اللە رازىلىقى ئۈچۈن مەسچىت سالسا، اللە ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر قەسىر سالىدۇ».

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم قىيىنچىلىقتا قالغان ئادەمنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، اللە ئۇنىڭ ئىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بەندە قېرىندىشىغا ياردەمچى بولىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا ياردەمچى بولىدۇ». بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

**﴿ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار. اللە سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كەڭ قىلىپ بېرىدۇ﴾** قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت اللە نى ياد ئېتىش سورۇنلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندا بىرەر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە،

www.munber.org

ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاپمۇ قويمايتتى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە شافىئىي ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئۆزى ئولتۇرۇشى ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپۇرىۋەتمىسۇن، كەلگۈچىگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، قىستاپ قويماڭلار» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئۆزى ئولتۇرشى ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپۇرىۋەتمىسۇن. بەلكى ئۇنىڭغا ئورۇن چىقىرىپ بەرسۇن. الله سىلەرگە رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى كېڭەيتىپ بېرىدۇ».

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەدىسنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ئورنىدىن قوپۇپ بەرمىسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا ئورۇن چىقىرىپ بەرسۇن. الله سىلەرگە رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى كېڭەيتىپ بېرىدۇ.

﴿**ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار. الله سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئاببास ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلارنىڭ: بۇ ئايەت جەڭ مەيدانىدىكى سورۇنلاردا ئورۇن چىقىرىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلار يەنە ﴿**ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار»**﴾ دېگەن ئايەتنى: ئۇرۇش قىلىشقا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، دېيىلسە. ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار دېگەنلىكتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان.

قەتادە: ﴿**ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار»**﴾ دېگەن ئايەتنى: ئەگەر سىلەر ياخشى ئىش قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇڭلار، دەپ تەپسىر قىلغان.

## بىلىم ۋە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا

﴿**الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار**﴾ يەنى سىلەردىن بىرەر ئادەم سورۇنغا كەلگەن قېرىندىشىغا ئورۇن چىقىرىپ بەرسە ياكى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىلغاندا چىقسا، بۇ ئۇنىڭ ھەققىگە نۇقسان يەتكۈزگەنلىك دەپ ئېتىقاد قىلىپ قالماڭلار، بەلكى ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋە ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ ئەمەلى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپات بېرىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كىم الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىكەن، الله ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ياخشى نامىنى كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار**﴾ يەنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ھەقلىق ئەمەسلىكىنى الله ئوبدان بىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇتۇفەيل ئامىر ئىبنى ۋاسىلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نافىئ ئىبنى ئابدۇھارىس ئەسپان دېگەن يەردە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۆمەر نافىئنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: مەككە ئاھالىسىگە كىمنى ئورۇن باسار قىلىپ

www.munber.org

قويىدۇق؟ دېدى. ئۇ: ئۇلارغا ئازاد قىلىنغان قۇللىرىمىزدىن ئىبنى ئەبزا دېگەن ئادەمنى ئورۇنباسار قىلىپ قويدۇم دېدى. ئۆمەر: ئۇلارغا قۇلنى ئورۇنباسار قىلىپ قويدۇڭمۇ؟ دېدى. ئۇ ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئۇ الله نىڭ كىتاۋى قۇرئان كەرىمنى يادا بىلىدىغان، مىراس ئىلىملىرىنى پۇختا بىلىدىغان ۋە قازىلىق قىلىدىغان ئادەمدۇر، دېدى. ئۆمەر رەزىيەالله ئەنھۇ: سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بۇ كىتاب ـ قۇرئان كەرىم بىلەن بەزى قەۋملەرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرسە، يەنە بەزى قەۋملەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ؟ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَـٰجَيۡتُمُ ٱلرَّسُولَ فَقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَةٗۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ
وَأَطۡهَرُۚ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾ ءَأَشۡفَقۡتُمۡ أَن تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَٰتٖۚ
فَإِذۡ لَمۡ تَفۡعَلُواْ وَتَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ
بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٣﴾

***ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ، ئاندىن سۆزلىشىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىراقتۇر ۋە پاكراقتۇر، ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە) تاپالمىساڭلار (سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿12﴾. (سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، الله سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن الله تولۇق خەۋەرداردۇر﴿13﴾.***

## پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىنى ئەگەر ئۇلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولسا سەدىقە ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلىنىش، مالللىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىراقتۇر ۋە پاكراقتۇر. ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە) تاپالمىساڭلار**﴾ يەنى كىمكى كەمبەغەل بولغانلىقتىن سەدىقە بېرەلمىسە ﴿**(سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ شۇڭا سەدىقە بېرىشكە قادىر بولالايدىغان ئادەمنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇدى.

﴿**(سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟**﴾ يەنى پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمنىڭ سىلەرگە داۋاملىق پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇڭلارمۇ؟ ﴿**سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، الله سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن الله تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾ بۇ ئايەت بىلەن مەخپىي

www.munber.org

سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىش ھۆكمى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىكار قىلىندى. ئېيتىلىشىچە بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ھېچكىم بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغان.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ﷲ تائالانىڭ ﴿**ئالدى بىلەن (پەيغەمبەر بىلەن يوشۇرۇن) سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بەرمىدىڭلار**﴾ ...

**(يۇقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ ئاندىن سۆزلىشىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تولا سوئال سوراپ ئۇنى بىئارام قىلدى. شۇڭا ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇلغاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار سوئال سوراشتىن توختاپ سەۋر قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ﷲ تائالا ﴿**(سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، ﷲ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇلارغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بەردى. ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرمىدى.

ئىكرىمە ۋە ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالانىڭ ﴿**ئالدى بىلەن (يۇقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ، ئاندىن سۆزلىشىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمىنى ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان: ﴿**(سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، ﷲ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ﷲ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن ﷲ تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇردى.

سەئىد ئىبنى ئەبۇئەرۇبە قەتادە ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈزۈلدۈرمەي سوئال سورىدى شۇنىڭ بىلەن ﷲ تائالا بۇ ئايەت بىلەن ئۇلارنى سوئال سوراشتىن توختاتتى. بىرەر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، ئالدى بىلەن يوقسۇللارغا سەدىقە بەرمىگىچە، ئۆزىنىڭ ھاجىتى ھەققىدە ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ﷲ تائالا ﴿**ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە) تاپالمىساڭلار (سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى ﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، سەدىقە بېرىشكە نەرسە تاپالمىغان تەقدىردە سەدىقە بەرمەستىن ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

مەئمەر قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ، ئاندىن سۆزلىشىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندۇر، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى پەقەت بىر كۈنگە يەتمىگەن ئازلا ۋاقىت ئىچىدە كۈچكە ئىگە بولغان . ئابدۇررازاقمۇ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە مەندىن باشقا ھېچكىم ئەمەل قىلماستىن ئۇنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھۆكمى ئازلا ۋاقىت كۈچكە ئىگە بولغان ئىدى، دېدى.

* * * * * * *

www.munber.org

۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ تَوَلَّوْا۟ قَوْمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مَّا هُم مِّنكُمْ وَلَا مِنْهُمْ وَيَحْلِفُونَ عَلَى
ٱلْكَذِبِ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿14﴾ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا ۖ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿15﴾ ٱتَّخَذُوٓا۟
أَيْمَـٰنَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّوا۟ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿16﴾ لَّن تُغْنِىَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَـٰدُهُم
مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿17﴾ يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ جَمِيعًا فَيَحْلِفُونَ لَهُۥ كَمَا
يَحْلِفُونَ لَكُمْ ۖ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ عَلَىٰ شَىْءٍ ۚ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلْكَـٰذِبُونَ ﴿18﴾ ٱسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ ٱلشَّيْطَـٰنُ
فَأَنسَىٰهُمْ ذِكْرَ ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ حِزْبُ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ أَلَآ إِنَّ حِزْبَ ٱلشَّيْطَـٰنِ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿19﴾

*الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ ۋە ئۇ قەۋمگىمۇ (يەنى يەھۇدىيلارغىمۇ) مەنسۇپ ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ﴿14﴾. ئۇلارغا الله قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴿15﴾. ئۇلار (يالغان) قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن توستى، ئۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿16﴾. ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە باللىرى (ئۇلارغا ئاخىرەتتە بولىدىغان) الله نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۇ قالغۇچىلاردۇر﴿17﴾. ئۇ كۈنده الله ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك الله غا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴿18﴾. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلدى، (شەيتان) ئۇلارغا الله نىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇردى، ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿19﴾.*

## مۇناپىقلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنى يوشۇرۇن ھالدا دوست تۇتقان مۇناپىقلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا مۇناپىقلار كاپىرلار بىلەن بىرگە ئەمەس، مۆمىنلەر بىلەنمۇ بىرگە ئەمەس. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس (يەنى مۆمىنلەرگىمۇ كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)، كىمنى الله گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن﴾[1].

﴿الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ يەنى مۇناپىقلار الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنى يوشۇرۇن ھالدا دوست تۇتاتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلاردا كېلىشىم تۈزۈشۋالاتتى

﴿ئۇلار سىلەرگىمۇ ۋە ئۇ قەۋمگىمۇ (يەنى يەھۇدىلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەنە شۇ مۇناپىقلار ئەمەلىيەتتە سىلەردىن ئەمەس ۋە ئۆزلىرى دوست تۇتقان يەھۇدىيلەردىنمۇ ئەمەس.

---

[1] سۈرە نىسا 143 ـ ئايەت.

www.munber.org

**﴿ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ﴾** يەنى مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم قىلىدۇ. مانا بۇ يالغان قەسەمنىڭ دەل ئۆزىدۇر. خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا قەسەم قىلىشلىرى ھەقىقەتەن لەنەتكە لايىقتۇر. بىز اللّٰه غا سېغىنىپ مۇنداق قەسەمدىن پاناھ تىلەيمىز. شەك - شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا: ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار قىلغان قەسەملىرىدە ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى راست دەپ ئېتىقاد قىلمايدۇ. شۇڭا اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ يالغان قەسەم قىلغانلىقىغا ۋە يالغان شاھادەت ئېيتقانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

**﴿ئۇلارغا اللّٰه قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾** يەنى مۇناپىقلارنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلە ھەمسۆھبەت بولغانلىقى، مۆمىنلەرنى دۈشمەن تۇتقانلىقى ۋە ئۇلارنى ئالدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قەبىھ قىلمىشلىرى ئۈچۈن اللّٰه تائالا ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى، شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يالغان) قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، كىشىلەرنى اللّٰه نىڭ يولىدىن توستى﴾** يەنى ئۇلار تاشقى كۆرۈنۈشتە ئىماننى ئىزھار قىلىپ دىللىرىدا كۇپرىنى يوشۇرىدۇ، ئۆزلىرىگە يالغان قەسەمنى قالقان قىلىدى. ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان خېلى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنى راستچىل دەپ ئويلاپ بەزى كىشىلەرنى اللّٰه نىڭ يولىدىن توسىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى **﴿ئۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار يالغان قەسەم قىلىپ كاتتا اللّٰه نىڭ ئىسمىنى كەمسىتكەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭماللىرى ۋە بالىلىرى (ئۇلارغا ئاخىرەتتە بولىدىغان) اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ نەرسىلىرى ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايدۇ **﴿ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾**.

**﴿ئۇ كۈندە اللّٰه ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى اللّٰه ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرماي ھەممىنى ھېساب ئېلىش مەيدانىغا توپلايدۇ. **﴿ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك اللّٰه غا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ﴾** يەنى ئۇلار دۇنيادا كىشىلەرگە بىز مۇسۇلمانمىز دەپ قەسەم ئىچكىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه غا بىز توغرا يول ئۈستىدە ئىدۇق دەپ قەسەم ئىچىدۇ. چۈنكى كىم نېمە ئۈستىدە ياشىسا، شۇ نەرسە ئۈستىدە ئۆلىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە ئۈستىدە تىرىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە دۇنيادىكى چاغدا كىشىلەر ئالدىدا قىلغان قەسەملىرى مەنپەئەت يەتكۈزگەندەك قىلغان قەسەملىرىنى اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىمۇ ئۆزلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاشكارا ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدۇرماقچى بولىدۇ. اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ﴾** يەنى ئۇلار غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىغا قىلغان قەسىمنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ قارايدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە: **﴿ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴾** دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئاندىن اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلدى، (شەيتان) ئۇلارغا اللّٰه نىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇردى﴾** يەنى

www.munber.org

شەيتان ئۇلارنىڭ دىللىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارغا غالىب ۋە بۈيۈك الله نى ئەسلەشنى ئۇنتۇلدۇردى. شەيتان كىمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا ئۇ كىشى ئەنە شۇنداق قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇداۋۇد، ئەبۇدەردادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قانداق بىر شەھەر ياكى سەھرادا ناماز ئوقۇمايدىغان ئۈچ ئادەم بولسا، شەيتان ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولىدۇ. سەن نامازنى جامائەتتىن ئايرىلماي ئوقۇغىن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، چەتتە قالغان قوينى بۆرە يەپ كېتىدۇ».

﴿**ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر**﴾ يەنى شەيتانغا ئەگەشكەن ۋە الله نى ئەسلەشنى ئۇنتۇلغان كىشىلەر شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر. ﴿**بىلىڭلاركى شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ أُوْلَـٰٓئِكَ فِى ٱلْأَذَلِّينَ ﴿٢٠﴾ كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغْلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِىٓ ۚ
إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٢١﴾ لَّا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ يُوَآدُّونَ مَنْ حَآدَّ ٱللَّهَ
وَرَسُولَهُۥ وَلَوْ كَانُوٓا۟ ءَابَآءَهُمْ أَوْ أَبْنَآءَهُمْ أَوْ إِخْوَٰنَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ كَتَبَ فِى قُلُوبِهِمُ
ٱلْإِيمَـٰنَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ ۖ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا ۚ رَضِىَ ٱللَّهُ
عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ حِزْبُ ٱللَّهِ ۚ أَلَآ إِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٢٢﴾

*شۈبھىسىزكى، الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىدۇر﴿20﴾. الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴿21﴾. الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله دىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿22﴾.*

## الله بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى، غەلىبىنىڭ الله تائالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشقۇچى كاپىرلاردىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلار ھەقتىن داۋاملىق قاچقۇچىلاردۇر ۋە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقۇچىلاردۇر. ھىدايەت يولى بىر ياندا بولسا، ئۇلار داۋاملىق باشقا بىر ياندا بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ﴿**ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار توغرا يولدىن قوغلىنىپ يىراقلاشتۇرۇلغان بەتبەختلەر بولۇپ، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ناچار كىشىلەردۇر.

﴿**الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى**﴾ يەنى خىلاپلىق قىلىنمايدىغان، توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان ۋە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ئەڭ دەسلەپكى كىتاب لەۋھۇلمەھپۇزدا الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى غەلىبە الله تائالاغا، ئۇنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىگە ۋە

www.munber.org

مۆمىن بەندىلىرىگە مەنسۇپتۇر، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر، دەپ يازدى ۋە شۇنداق ھۆكۈم قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

**﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾** يەنى كۈچلۈك ۋە غالىب الله لەۋھۇلمەھپۇزغا ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى يازدى، بۇ ئۆزگەرتىلمەس، پۈختا ھۆكۈمدۇر ۋە مۇستەھكەم بەلگىلەنگەن ئىشتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبە چوقۇم مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.

## مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)﴾** يەنى ئەگەر قارشىلاشقۇچىلار مۆمىنلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ مۆمىنلەر ئۇلارنى دوست تۇتمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن. ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلاربۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾[2] ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله دىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھە قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»﴾[3].

سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله دىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە**

[1] سۈرە غافىر 51 ــ 52 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئال ئىمران 28 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئەبۇئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە نازىل بولدى. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەاللە ئەنھۇ ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنى سايلاشنى ئۆزى بەلگىلەپ قويغان (ئەنە شۇ) ئالتە كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر ئەزالىرىغا تاپشۇرغان چاغدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئەبۇئوبەيدە ھايات بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنى خەلىپە سايلاپ قالدۇرغان بولاتتىم».

بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى﴾ دېگەن ئايەت بەدىر ئۇرۇشىدا ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەبۇئۇبەيدە ھەققىدە نازىل بولدى. ﴿ئوغۇللىرى﴾ دېگەن ئايەت شۇ كۈنى ئوغلى ئابدۇرەھماننى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئەبۇبەكرى سىددىق ھەققىدە نازىل بولدى. ﴿يا قېرىنداشلىرى﴾ دېگەن ئايەت شۇ كۈنى قېرىندىشى ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ھەققىدە نازىل بولدى.

﴿يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى﴾ دېگەن ئايەت شۇ كۈنى بىر تۇغقىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئۆمەر ھەققىدە نازىل بولدى ۋە يەنە شۇ كۈنى ئۇتبە، شەيبە ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمزە ئەلى ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ نازىل بولدى.

مەن (يەنى ئاپتور) مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ ئايەت تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن كاپىرلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا مەسلىھەت سالىدۇ. ئەبۇبەكرى سىددىق ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىلىشىنى، ئۇلاردىن ئېلىنغان پۇل - مالنىڭ مۇسۇلمانلارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىنى مەسلىھەت بېرىپ: ئەسىرگە ئېلىنغانلار تاغىلىرىمىزنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. اللە تائالا ئۇلارنى ھىدايەت قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۆمەر: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلمايمەن. دىللىرىمىزدا مۇشرىكلارغا قارىتا دوستلۇقنىڭ يوقلۇقىنى اللە تائالانىڭ بىلىشى ئۈچۈن ماڭا پالانى تۇغقىنىمنى ئۆلتۈرۈشكە ئەلىگە ئەقىلنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە پالانىغا پالانىنى ئۆلتۈرۈشكە، رۇخسەت قىلغىن، دەيدۇ.

﴿ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا اللە ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى﴾ يەنى كىمكى اللە بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ ئاتىسى ياكى قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتمايدۇ. دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنسە، ئەنە شۇ ئادەم اللە دىلىدا ئىماننى مەھكەم قىلغان ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە ئىماننىڭ نۇرى بېرىلگەن ئادەمدۇر.

﴿اللە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، اللە دىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ﴾ بۇ ئاجايىپ بىر سىردۇر. ئۇلار اللە تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئۇرۇق - تۇغقانلارنى دۈشمەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن اللە ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن رازى بولدى ۋە ئۇلارغا مۇقىم تۇرىدىغان نازۇ - نېمەتلىك جەننەتنى، كاتتا بەخت - سائادەتنى ۋە ھەممىگە ئورتاق مەرھەمەتنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدى.

﴿ئەنە شۇلار اللە نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، اللە نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ يەنى ئەنە شۇلار اللە نىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. اللە تائالا يۇقىرىدا كاپىرلاردىن ئىبارەت شەيتان قوشۇنىنى تىلغا ئېلىپ بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر، دەپ جاكارلىغان بولسا، بۇ ئايەتتە ﴿بىلىڭلاركى، اللە نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ دەپ مۆمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسەتكە يەتكۈچىلەر، بەخت - سائادەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشكۈچىلەر ئىكەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلايدۇ.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇجادەلەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. بۈيۈك الله ھەقىقەتەن پەزل ۋە مەرھەمەت ئىگىسىدۇر.

www.munber.org

## مەدىنىدە نازىل بولغان — سۈرە ھەشر — 24 ئايەت

ئىبنى ئاببـاس بـۇ سۈرىنى سۈرە ”بـەنى نـەزىر“ دەپ ئاتـايتتى. سـەئىد ئىبـنى مەنسۇر، سـەئىد ئىبـنى جۇبـەيرنىڭ مۇنـداق دېگـەنلىكىنى رىۋايـەت قىلـدۇ: مـەن ئىبـنى ئاببـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇغا: ”بـۇ سـۈرە ھەشىردۇر“ دېسەم، ئۇ: بۇ سۈرە بەنى بەزىر قەبىلىسى ھەققىدە نازىل بولغان، دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇئەۋانەدىن سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن ئىبنى ئاباسقا: بۇ سۈرە ھەشىر سۈرىسىمۇ؟ دېسەم، ئۇ: بۇ سۈرە بەنى نەزىردۇر، دېدى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ مِن دِيَٰرِهِمۡ لِأَوَّلِ ٱلۡحَشۡرِۚ مَا ظَنَنتُمۡ أَن يَخۡرُجُواْۖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مَّانِعَتُهُمۡ
حُصُونُهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَأَتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِنۡ حَيۡثُ لَمۡ يَحۡتَسِبُواْۖ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَۚ يُخۡرِبُونَ بُيُوتَهُم
بِأَيۡدِيهِمۡ وَأَيۡدِي ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فَٱعۡتَبِرُواْ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿٢﴾ وَلَوۡلَآ أَن كَتَبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡجَلَآءَ لَعَذَّبَهُمۡ
فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابُ ٱلنَّارِ ﴿٣﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ شَآقُّواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۖ وَمَن يُشَآقِّ ٱللَّهَ فَإِنَّ
ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٤﴾ مَا قَطَعۡتُم مِّن لِّينَةٍ أَوۡ تَرَكۡتُمُوهَا قَآئِمَةً عَلَىٰٓ أُصُولِهَا فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ
وَلِيُخۡزِيَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللەغا تەسبىھ ئېيتتى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]. الله ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى، سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى ئۆزلىرىنى اللەنىڭ (ئازابىدىن) توسيالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا اللەنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار[2]. ئەگەر الله ئۇلارنى سۈرگۈن بولۇشقا ھۆكۈم قىلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى دۇنيادا (ئۆلتۈرۈلۈش) بىلەن ئازابلايتتى، ئۇلار*

www.munber.org

*ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ*﴿3﴾*. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللە بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشتى، كىمكى اللە بىلەن قارشىلىشىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اللە ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ*﴿4﴾*. (ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە اللە رۇخسەت قىلىدۇ، (اللەنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللەنىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر*﴿5﴾.

## ھەر نەرسىنىڭ ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى، بارلىق نۇقسانلاردىن پاكلايدىغانلىقىنى، ﷲ غا ئىلتىجا قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى بار ۋە بىر دەپ بىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللەنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللەنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1] ﴿**ﷲ غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى ﷲ ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر. ئاندىن ﷲ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مالامەتلەرنى بايان قىلىش توغرىسىدا

﴿**ﷲ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى**﴾ ئۇلار بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يەھۇدىيلىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماسلىققا ۋە ئۇلارنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلماسلىققا كېلىشىپ ۋە ئۇلارغا بۇ سۈلھىگە ئەمەل قىلىدىغانلىققا كاپالەتلىك قىلىپ ۋەدە بەردى. بىراق يەھۇدىيلار ئۆزلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ۋەدىنى بۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ﷲ تائالا ئۇلارغا ھېچ توسقىلى بولمايدىغان ئازابنى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. مۇسۇلمانلار بۇ قورغانلارغا ئېرىشەرمىز دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. يەھۇدىيلار بۇ قورغانلىرىنى ﷲ نىڭ ئازابىدىن ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قورغانلىرى ﷲ نىڭ ئازابىدىن بولغان ھېچقانداق نەرسىنى توسۇپ قالالمىدى. ﷲ ئازابى ئۇلارغا ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىپ مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى شام زېمىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئەزرىئات دېگەن يەرگە كەتتى. ئۇ جاي قىيامەت كۈنى كىشىلەر توپلىنىدىغان مەھشەرگاھدۇر. قالغان بىر تۈركۈمى خەيبەرگە كەتتى. ئۇلارغا تۆگىلىرى كۆتۈرەلىگۈدەك يۈك ـ تاقلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنىپ قورغانلىرىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئۇلار ئۆيلىرىدىكى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كېتەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بۇزۇپ چېقىۋەتتى.

---

[1] سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴾ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار﴿** يەنى اللە نىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققان، ئۇنىڭ كىتابىنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، دۇنيادا ئۇلارغا اللە نىڭ خار قىلغۇچى ئازابىنىڭ قانداق چۈشىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە ئۇنى قاتتىق ئازاب كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىڭلار ۋە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار.

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئابدۇراھمان ئىبنى كەئىبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيش كاپىرلىرى ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىققا ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان بۇت پەرەسلەرگە خەت يازىدۇ. شۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئىدى. بۇ ۋەقە بەدىر ئۇرۇشى بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىدى. قۇرەيش كاپىرلىرى خېتىدە: سىلەر ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئادىمىمىزگە جاي بەردىڭلار، بىز اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، سىلەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىز پۈتۈن قوشۇنىمىزنى ئېلىپ سىلەرگە جازا يۈرۈش قىلىمىز، ھەتتا ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىڭلارنى ئولجا ئالىمىز، دېيىلگەنىدى. بۇ خەت ئابدۇللاھ ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى بۇتپەرەسلەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ توپلىنىدۇ. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېزلا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرەيشلەرنىڭ سىلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇتقانلىقى ماڭا يېتىپ كەلدى. ئۇلار سىلەرنى سىلەر ئۆزەڭلارنى ئالدىماقچى بولغاندىن ئارتۇق ئالدىغان ئەمەس. سىلەر ئوغۇللىرىڭلارغا ۋە قېرىنداشلىرىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپسىلەر» ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەر قۇرەيش كاپىرلىرىغا يېتىپ بارىدۇ.

بەدىر ئۇرۇشى بولغاندىن كېيىن قۇرەيش كاپىرلىرى يەھۇدىيلارغا مۇنداق خەت يازىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر سىپىل ۋە قورغانلارغا ئىگە، سىلەر بىزنىڭ ئارىمىزغا مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىز سىلەرگە قارشى قوشۇن تارتىپ بارىمىز، بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا چېقىلىشىمىزغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ خېتىنىڭ خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كەلگەندە، بەنى نەزىر قەبىلىسى يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىيانەت قىلىشنى قارار قىلدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ: سەن ساھابىلىرىڭدىن 30 ئادەمنى ئېلىپ بىز تەرەپكە چىققىن، بىزدىنمۇ 30 يەھۇدىي ئالىمى چىقىدۇ. بىز مۇناسىپ بىر ئورۇندا ئۇچرىشايلى، بۇ يەھۇدىي ئالىملىرى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ باقسۇن. ئەگەر ئۇلار سېنىڭكىنى راست قىلسا ۋە ساڭا ئىمان ئېيتسا، بىزمۇ ساڭا ئىمان ئېيتايلى، دەيدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى قوشۇن تارتىپ بارىدۇ ۋە ئۇلارنى قورشايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ھەقىقەتەن مەن بىلەن قىلىشقان سۈلھىگە ئىشەنمەي، مەن بىلەن باشقىدىن سۈلھى قىلىشقا ئۇرۇندۇڭلارمۇ؟» دەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن سۈلھىلىشىشنى رەت قىلىدۇ. ئاندىن ئەتىسى بەنى نەزىر قەبىلىسىنى تاشلاپ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىكى يەھۇدىيلارغا قارشى قوشۇن تارتىپ بارىدۇ ۋە ئۇلارنى سۈلھ قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى قىلىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ،

www.munber.org

ئەتتىگەندە بەنى نەزىر قەبىلىسىگە يەنە قوشۇن تارتىپ باردى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇلار يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە رازى بولدى. شۇنداق قىلىپ بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكىلەر سۈرگۈن قىلىندى. ئۇلار يۆك ـ تاقلىرىنى ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە كېشەكلىرىنى تۆگىلىرىگە ئاران كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئارتىپ ئېلىپ كېتىدى. بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن قالغان خورما ـ زارلىقلارنى اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس ئولجا قىلىپ بېرىدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس**﴾ يەنى بۇ غەنىمەتلەرنى ئۇرۇشسىز قولغا كەلتۈردىڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەنىمەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئەنسارىلاردىن پەقەت ئىككى ئادەمگە بۇ غەنىمەتتىن بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار موھتاج كىشىلەر ئىدى. ئۇ ئىككىسىدىن باشقا ئەنسارىلارغا بۇ غەنىمەتلەردىن تەقسىم قىلىپ بەرمەيدۇ. غەنىمەتنىڭ قالغان قىسمىنى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمەنىڭ باللىرىنىڭ قولىغا سەدىقە قىلىپ قالدۇرىدۇ. تۆۋەندە بەنى نەزىر غازىتىنى قىسقا بىر شەكىلدە خۇلاسىلاپ بايان قىلىمىز:

## بەنى نەزىر غازىتىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى يازغۇچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ غازاتنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولغان بىئىرى مەئۇنە ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن 70 ئادەم شېھىت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە زەمەرى تىرىك قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كېلىش يولىدا بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئىككى ئادەم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم بار ئىدى ۋە ئۇلارغا ئامانلىق بېرىلگەن ئىدى. بۇنى ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە بىلمەيتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن، مەن ئۇ ئىككىسىگە دىيەت تۆلەيمەن» دېدى.

بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى ئادەمگە تۆلىنىدىغان دىيەتنى توپلاش ئۈچۈن بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ياردەم سوراپ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقتى. بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى مەدىنىنىڭ شەرقىدىكى مەدىنىگە بىر قانچە مىل كېلىدىغان جايدا ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە زەمەرى ئۆلتۈرۈپ قويغان بەنى ئامىر قەبىلىسىگە تەۋە ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەش ئۈچۈن بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ياردەم سوراپ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا تېنچلىق كېلىشىمى بار ئىدى. بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدىمۇ تېنچلىق كېلىشىمى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى ئىككى ئادەمگە دىيەت توپلاش ئۈچۈن بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ياردەم سوراپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلار: ئى مۇھەممەد! سەن بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كېلىپسەن. بىز ساڭا سېنىڭ تەلىۋىڭ بويىچە ياردەم قىلايلى، دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا يوشۇرۇن بىر جايغا كېلىپ: سىلەر ھەرگىز بۇ ئادەمنى مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇچرىتالمايسىلەر، بۇ

ئۆيىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنىڭ بېشىغا يوغان تاش تاشلاپ، بىزنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم بارمۇ؟ دېيىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەمر ئىبنى جىھاش دېيدىغان بىرى: مەن شۇنداق قىلاي، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تاش تاشلىماقچى بولۇپ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، ساھابىلىرىدىن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق بىر قانچە نەپەر ساھابىلەر بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىيلارنىڭ قىلماقچى بولغان سۇيقەستى ھەققىدە ئاسماندىن خەۋەر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ مەدىنىگە قايتىپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كىرمىگەندىن كېيىن ساھابىلىرى ئۇرنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇلار مەدىنە تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سورايدۇ. ئۇ ئادەم: مەن ئۇنى مەدىنىنىڭ ئىچىدە كۆردۇم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى مەدىنىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىگە سۇيقەست قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىشقا ۋە ئۇلارغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى باشلاپ كەلگەندە، ئۇلار قورغان ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى قورغان ئەتراپىدىكى خورمىلارنى كېسىپ تاشلاپ ئوت قويۇۋېتىشقا بۇيرۇيدۇ. يەھۇدىيلار: ئى مۇھەممەد! سەن كىشىلەرنى يەر - يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسايتتىڭغۇ ۋە بۇنداق قىلغان كىشىنى ئەيىبلەيتتىڭغۇ؟ ئەمدى خورمىلارنى نېمە دەپ كېسىسەن ۋە ئوت قويىسەن؟ دەپ توۋلايدۇ.

ئەۋف ئىبنى خەزەج جەمەتىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، ۋەدىئە، مالىك ئىبنى ئەبۇقەۋقەل، سۇۋەيد ۋە دائىس قاتارلىق بىر گۇرۇھ كىشىلەر بەنى نەزىر قەبىلىسىگە: چىڭ تۇرۇڭلار! يۇرتۇڭلارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىڭلار! بىز سىلەرنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايمىز، ئەگەر سىلەر مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇش قىلساڭلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ سېپىڭلاردا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز، ئەگەر يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، دەپ ئادەم ئەۋەتىدۇ.

يەھۇدىيلار ئۇلارغا ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىنى كۈتتى. لېكىن ئۇلار سۆزىگە ئەمەل قىلمىدى. الله يەھۇدىيلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى .ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنى سۈرگۈن قىلىشنى، جانلىرىغا زامىن بولماسلىقنى، قورال - ياراقتىن باشقا مال - مۈلۈكلىرىدىن تۆگىلىرى كۆتۈرەلىگىدەك مىقداردا ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار مال - مۈلۈكلىرىدىن تۆگىلىرى كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئېلىپ كېتىشتى. ھەتتا ئۇلار ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، ئىشىكلىرىنى كېشەكلىرى بىلەن قومۇرۇپ تۆگىلىرىگە ئارتىپ يولغا راۋان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خەيبەرگە، قالغان قىسمى شامغا كەتتى.

ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېتەلمىگەن مال - مۈلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قالدى. بۇ غەنىمەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىغان يەرگە ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خاس قىلىپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىلگىرى ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا بۆلۈپ بەردى. ئەنسارىلاردىن پەقەت سەھل ئىبنى ھۇنەفنى ۋە ئەبۇدۇجانەگىلا بۇ غەنىمەتتىن بەردى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ

www.munber.org

يوقسۇل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىسىگە بۇ غەنىمەتتىن بەردى. بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن پەقەت يامىن ئىبنى ئۇمەير ۋە ئەبۇسەئىد ئىبنى ۋەھب قاتارلىق ئىككى كىشىلا مۇسۇلمان بولۇپ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: يامىن جەمەتىدىن بەزىلەرنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامىنغا: «تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكىگە ۋە سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقىغا قارىمامسەن؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامىن تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەمر ئىبنى جىھاشنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئادەمگە ھەق بېرىدۇ، ئۇ ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: سۈرە ھەشرنىڭ ھەممە ئايەتلىرى بەنى نەزىر قەبىلىسى ھەققىدە نازىل بولدى.

﴿**الله ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى، سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار**﴾ يەنى سىلەر ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشىغان قىسقىغىنە مۇددەت ئىچىدە مۇنداق ئاسان چىقىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىڭلار. ئۇلارنىڭ قورغانلىرى شۇنداق پۇختا ۋە مۇستەھكەم بولۇشقا قارىماي، ئۇلار بۇ قورشاۋغا پەقەت ئالتە كۈنلا بەرداشلىق بېرەلىدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى ئۆزلىرىنى اللەنىڭ (ئازابىدىن) توسىيالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا اللەنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى**﴾ يەنى الله نىڭ ئازابى ئۇلار ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى) دىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلار (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتىپ (اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى). الله ئۇلارنىڭ (ھىيلە ـ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (بۇ بىنانىڭ) ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلدى﴾[1].

﴿**الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى**﴾ يەنى ئۇلارنى بىر ئايلىق يىراق مۇساپىدىن دۈشمىنىگە سېلىش قورقۇنچ بىلەن ياردەم بېرىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورشىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قانداقمۇ قورقۇنچ چۈشمىسۇن؟! ﴿**ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ تورۇسلىرىنى، كۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى بۇزۇپ، ئىشىكلىرىنى قومۇرۇپ تۆگىلىرىگە ئارتىپ كېتىشتى. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە يۇقىرىقىدەك دەيدۇ: ﴿**ئەگەر الله ئۇلارنى سۈرگۈن بولۇشقا ھۆكۈم قىلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى دۇنيادا (ئۆلتۈرۈلۈش) بىلەن ئازابلايتتى**﴾ زۆھرى بۇ ئايەت ھەققىدە ئۇرۋە، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر الله ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن بولۇشقا، مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىشقا ھۆكۈم قىلمىغان بولسا ئىدى. الله نىڭ دەرگاھىدىن ئۇلارغا ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىر ئېلىنىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا بىر ئازاب كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، الله ئۇلارغا ئاخىرەت يۇرتىدا جەھەننەم ئوتىدىن ئىبارەت قاتتىق ئازابنى تەييارلىغاندىن سىرت بۇ دۇنيادىمۇ چوقۇم ئازابقا دۇچار بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەن ئىدى. ﴿**ئۇلار ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار بۇ ئازابقا چوقۇم دۇچار بولىدۇ.

﴿**بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشتى**﴾ يەنى الله تائالا پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىن بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىپ، ئۇلارنى مۇشۇنداق جازالىدى. چۈنكى، ئۇلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقتى.

---

[1] سۈرە نەھل 26 ـ ئايەت .

www.munber.org

اللّٰه نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىغانلىقى ھەققىدە ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان خۇش خەۋەرنى ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ خۇش خەۋەردە كۆزدە تۇتۇلغان، خۇش بىشارەتچى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئوغۇللىرىنى بىلگەندەك بىلىدۇ. ﴿كىمكى اللە بىلەن قارشىلىشىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اللە ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ﴾.

## خورما دەرەخلىرىنىڭ كېسىلىشىنىڭ اللّٰه نىڭ رۇخستى بىلەن بولغانلىقى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە اللە رۇخسەت قىلىدۇ، (اللەنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر﴾ ۋەقە مۇنداق بولغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ئۇلارغا ئاھانەت قىلىش، ئۇلارنى چۆچۈتۈش ۋە دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئۈچۈن ساھابىلارنى ئۇلارنىڭ خورمىلىرىنى كېسىشكە بۇيرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە يەزىد ئىبنى رۇمان، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ: سەن ھەققەتەن كىشىلەرنى بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسايتتىڭ، ئەمدى ساڭا نىمە بولدى؟ دەرەخلەرنى كېسىشكە بۇيرۇپسەنغۇ؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا بۇ ئايەت كەرىمنى نازىل قىلدۇ. يەنى، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خورمىلىرىنى كېسىپ تاشلىشىڭلار ياكى كەسمەسلىكىڭلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه نىڭ رۇخستى، ئۇنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە رازىلىقى بىلەن بولىدۇ. بۇنداق قىلىش پەقەت دۈشمەننى ئازابلاش، رەسۋا قىلىش ۋە خارلاش ئۈچۈندۇر.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىرلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى خورمىنى كېسىشتىن توسۇپ بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىمىتىدۇر، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خورمىنى كېسىشتىن توسقانلارنى تەستىقلاپ ۋە خورمىنى كەسكەنلەرنى گۇناھتىن ئاقلاپ قۇرئاندا ئايەت نازىل بولدى. ئۇنى كېسىش ياكى كەسمەسلىك پەقەت اللّٰه نىڭ رۇخستى بىلەن بولغاندۇر.

ئىمام نەسەئى بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى قورغانلىرىدىن چۈشۈشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن خورمىنى كېسىشكە بۇيرۇلدى. بۇ ئىش يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. مۇسۇلمانلار: بىز خورمىنىڭ بەزىسىنى كېسىپ تاشلىدۇق، بەزىسىنى كەسمىدۇق. خورمىنى كېسىپ تاشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە ئەجىر، كەسمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن گۇناھ بولامدۇ - يوق؟ بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن چوقۇم سورىشىمىز كېرەك، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە اللە رۇخسەت قىلىدۇ، (اللەنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خورمىلىرىنى كېسىپ تاشلاپ ئوت قويۇۋەتتى. بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نەزىر قەبىلىسىنى ۋە قۇرەيزە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر

www.munber.org

قەبىلىسىنى سۈرگۈن قىلدى. قۇرەيزە قەبىلىسى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ يۇرتلىرىدا قالدۇردى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلدى. لېكىن، ئۇلارمۇ كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقتى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ماللىرى ئولجا ئېلىندى. ئاياللىرى، باللىرى ۋە مال - مۈلكى مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. پەقەت ئۇلاردىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئامانلىق بەردى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ قەبىلىسى بولغان بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ ۋە بەنى ھارىسە قەبىلىسىنىڭ يەھۇدىيلىرى ۋە مەدىنىدىكى پۈتۈن يەھۇدىيلارنى سۈرگۈن قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خورمىلىرىنى كېسىپ تاشلاپ ئوت قويدى، شۇنىڭ بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك الله بۇ ھەقتە: **﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆز ھالىچە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (اللەنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش ئوھۇد ئۇرۇشى ۋە بىئرمە ئۇنە ئۇرۇشىدىن كېيىن يۈز بەرگەن.

* * * * * * *

وَمَآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنۡهُمۡ فَمَآ أَوۡجَفۡتُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ خَيۡلٖ وَلَا رِكَابٖ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يُسَلِّطُ
رُسُلَهُۥ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٦﴾ مَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰ فَلِلَّهِ
وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ كَيۡ لَا يَكُونَ دُولَةَۢ بَيۡنَ ٱلۡأَغۡنِيَآءِ مِنكُمۡۚ
وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٧﴾

***الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات - تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا - مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿6﴾. الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴿7﴾.***

## ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەر ۋە ئۇنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەر خۇددى بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ئېلىنغان

www.munber.org

غەنىمەتلەرگە ئوخشاش، ئات ۋە تۆگىلەرنى چاپتۇرماي يەنى ئەجىر سىڭدۈرمەي قولغا كەلتۈرۈلگەن غەنىمەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى، ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرماستىن يەنى دۈشمەنلەر بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشىپ، ئۇرۇش قىلماستىن غەنىمەت ئالدى. بەلكى، ئۇلار اللە تائالا دىللىرىغا سالغان قورقۇنچ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قورقۇپ، قورغانلىرىنى ئۆزلىكىدىن بىكار قىلدى. اللە تائالا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەنىمەت قىلىپ بەردى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەنىمەتنى ئۆزى خالىغان بويىچە ئىشلەتتى. ئۇ بۇ غەنىمەتلەرنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە تۆۋەندىكى ئايەتلەردە كۆرسەتكەن بويىچە ئېھتىياجلىق بولغان مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بەردى.

**﴿اللە پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾** يەنى اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر ۋە يېڭىلمەستۇر، اللە تائالاغا ھېچ نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بەلكى اللە ھەر نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر.

**﴿اللە پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى﴾** يەنى پەتھى قىلىنغان پۈتۈن شەھەرلەردىن ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمى بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ ۋە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەر بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ئېلىنغان غەنىمەتلەر مۇسۇلمانلار ئات ـ تۆگىلىرىنى چاپتۇرماستىن قولغا كەلتۈرگەن غەنىمەتلەر بولۇپ، اللە تائالا بۇ غەنىمەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ شۇ يىللىق چىقىمىنى بۇ غەنىمەتتىن سەرپ قىلىشقا قالدۇردى. قالغان قىسمىنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات ـ ئۇلاغ ۋە قورال ـ ياراق سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇداۋۇد مالىك ئىبنى ئەۋسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى كۈن ئۆرلىگەن چاغدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلسەم ئۇ كارىۋات ئۈستىدە خورما قوۋزىقىدىن توقۇلغان، ئۈستى قاپلانمىغان كارىۋاتنىڭ يۆلىنىپ يۆلۈنۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇ: ئى مالىك! سېنىڭ قەۋمىڭگە تەۋە بىر قىسىم ئائىلىلەر ئاستا ـ ئاستا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كۆچۈپ كېلىشۋالدى. مەن ئۇلارغا نەرسە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدىم. ئۇ نەرسىنى ئۇلارغا سەن تەقسىم قىلىپ بەرگىن، دېدى. مەن: ئۇنى تەقسىم قىلىپ بېرىشكە مەندىن باشقا ئادەمنى بۇيرىغان بولساڭ، دېدىم. ئۇ: ئۇ نەرسىنى قولۇڭغا ئالغىن، دېدى. شۇ چاغدا ئۆمەرنىڭ قېشىغا يەرفا كىرىپ كەلدى ۋە: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس قاتارلىقلار قېشىڭغا كىرسە بولامدۇ؟ دېدى.

www.munber.org

ئۆمەر: ھەئە، كىرسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇلار كىردى. ئاندىن ئۆمەرنىڭ قېشىغا يەرفا يەنە كىرىپ ئۇ: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئاbbاس بىلەن ئەلى قېشىڭغا كىرسە بولامدۇ؟ دېدى. ئۆمەر: ھەئە، كىرسۇن، دەپ ئۇ ئىككىسىنىڭ كىرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلدى. ئۇ ئىككىسىمۇ كىردى. ئاbbاس: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! مەن بىلەن ئەلى ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ھۆكۈم چىقىرىپ قويغىن، دېدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىسى: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! شۇنداق قىلغىن. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئۇلارنى راھەتكە چىقىرىپ قويغىن، دېدى.

مالىك ئىبنى ئەۋس سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاbbاس بىلەن ئەلى سورۇندا ئولتۇرغان ھېلىقى بىر قانچە ئادەمنىڭ ئالدىغىراق چىققاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىككىسىگە: سىلەر توختاپ تۇرۇڭلار، دېدى. ئاندىن ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەملەرگە قاراپ: ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن مۇئەللەق تۇرغۇزغان اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ سىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مىراس قالدۇرمايمىز. بىز قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك سەدىقىدۇر» دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ھەئە، بىلىمىز، دېدى. ئاندىن ئۆمەر ئەلى بىلەن ئاbbاسقا قاراپ: ئاسمان زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن مۇئەللەق تۇرغۇزغان اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ سىلەر ئىككىڭلاردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مىراس قالدۇرمايمىز بىز قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك سەدىقىدۇر» دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئۇ ئىككىسى: ھەئە بىلىمىز، دېدى. ئۆمەر شەك شۈبھىسىزكى اللّٰه تائالا ئىنسانلاردىن ھېچ ئادەمگە خاس قىلمىغان نەرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىپ بەردى. اللّٰه تائالا: ﴿**اللّٰه پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن اللّٰه پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾ دېدى. اللّٰه تائالا بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ئېلىنغان غەنىمەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىپ بەردى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەنىمەتلەرنى سىلەرگە بەرمەستىن پەقەت ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىنى يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەنىمەتتىن ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر يىللىق چىقىمىنى ئېلىپ، قالغىنىنى دۆلەت خەزىنىسىگە قېتىۋەتتى، دېدى.

ئاندىن ئۆمەر ئولتۇرغانلارغا قاراپ: ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن مۇئەللەق تۇرغۇزغان اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ سىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، سىلەر بۇ ئەھۋالنى بىلەمسىلەر؟ دېدى ئۇلار: ھەئە، بىلىمىز، دېدى. ئاندىن ئۆمەر ئەلى بىلەن ئاbbاسقا قاراپ: ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن مۇئەللەق تۇرغۇزغان اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ سىلەر ئىككىڭلاردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، سىلەر بۇ ئەھۋالنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئۇ ئىككىسى: ھەئە، بىلىمىز، دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەبۇبەكرى ئۆزىنى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارى دەپ جاكارلىدى. سىلەر ئىككىڭلار ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: سەن ئى ئاbbاس! سەن قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىدىن تېگىدىغان مىراسىڭنى تەلەپ قىلدىڭ. ئەلى ئايالىنىڭ ئاتىسىدىن تېگىدىغان مىراسىنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىراس قالدۇرمايمىز. بىز قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك سەدىقەدۇر» دېگەن، دېدى. اللّٰه ئۇنىڭ راستچىل، ياخشى، توغرا يول تاپقۇچى ۋە ھەققە ئەگەشكۈچى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۈستىگە

www.munber.org

ئالدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەن ئۆزەمنى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ ئورۇنباسارى دەپ جاكارلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان مال - مۈلۈكنى الله خالىغان ۋاقىتقىچە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. كېيىن سەن ۋە ئەلى مېنىڭ يېنىمغا كەلدىڭلار. ھەر ئىككىڭلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى بىر گەپتۇر. سىلەر مەندىن شۇ مالنى تەلەپ قىلىپ كەلدىڭلار. مەن سىلەرگە: ئەگەر سىلەر خالىساڭلار، مەن ئۇ مال - مۈلۈكنى سىلەرگە بېرىمەن. لېكىن، سىلەر ئۇ مال - مۈلۈكنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقۇرغاندەك باشقۇرۇشقا الله نىڭ نامى بىلەن ۋەدە بېرىشىڭلار كېرەك، دېدىم. سىلەر شۇ ۋەدىگە ئاساسەن ئۇ مالنى مەندىن ئالدىڭلار ئاندىن كېيىن سىلەر قېشىمغا ئۇ مال - مۈلۈكنى ئاراڭلاردا باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىپ يەنە كەپسىلەر. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى مەن ئۇ مالنى ئاراڭلاردا قىيامەت قايىم بولغىچە باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلمايمەن. ئەگەر سىلەر ئۇ مالنى باشقۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلساڭلار، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار.

﴿ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن﴾ يەنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئىچىدىكى بايلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشى بويىچە ئىشلىتىپ پېقىرلارغا ئىشلىتىشنى توسمىسۇن ئۈچۈن. 

﴿ئېلىنغان غەنىمەتلەرنى بايلار ئېگەللىۋېلىپ كەمبەغەللەرگە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە بەرمەي، ئۆزلىرى خالىغانچە نەپسى - خائىشلىرىغا ئىشلىتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنى بىز بەلگىلەپ بەردۇق.

## پەيغەمبەر بۇيرۇغان ۋە توسقان ھەر قانداق ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾ يەنى پەيغەمبەر سىلەرنى نېمىگە بۇيرىسا، شۇنى قىلىڭلار. نېمىدىن توسىدۇ، شۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. يامان ئىشنى قىلىشتىن توسىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ الله تائالا خال (مەڭ) چەككۈچى ئاياللارغا، خال چەكتۈرگۈچى ئاياللارغا، يۈزنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ئاياللارغا، غالىب، بۈيۈك الله نىڭ يارىتىشىنى ئۆزگەرتىپ، گۈزەللىك ئۈچۈن چىشلىرىنى ياساتقان ئاياللارغا لەنەت قىلىدۇ.

بۇ سۆز بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بەيتۇللاھتا تۇرىدىغان ئۇممۇ ياقۇپ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئايالغا يېتىپ باردى. ئۇ ئايال ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئاڭلىشىمچە سەن مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپسەن، دېدى. ئىبنى مەسئۇد: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت ئېيتقان ۋە الله تائالا نىڭ كىتابىدا لەنەت ئېيتىلغان كىشىلەرگە مەن نېمە دەپ لەنەت ئېيتمىغۇدەكمەن، دېدى. ئۇ ئايال: مەن قۇرئاننى باشتىن ئاياق ئوقۇپ چىقتىم، ئۇنىڭدا سەن دېگەن سۆزلەرنى تاپالمىدىم، دېدى. ئىبنى مەسئۇد ئەگەر قۇرئاننى تولۇق ئوقۇغان بولسىڭىز ئۇنى تاپقان بولاتتىڭىز ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭىزمۇ؟ دېدى. ئۇ ئايال: ھەئە، ئوقۇدۇم،دېدى. ئىبنى مەسئۇد: شەك - شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن توستى، دېدى. ئۇ ئايال ئۇنداق ئىشلارنى سىنىڭ خوتۇن بالىلىرىڭمۇ قىلىدىغۇ، دەپ ئويلايمەن، دېدى. ئىبنى مەسئۇد: ئەمىسە سىز بېرىپ قاراپ بېقىڭ، دېدى. ئۇ ئايال ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇ ئىشلاردىن بىرىنىمۇ كۆرمىدى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ: مەن ئۇلاردا بۇ ئىشلاردىن بىرىنىمۇ كۆرمىدىم، دېدى. ئىبنى مەسئۇد: ئەگەر ئۇلاردا مۇنداق ئىشلاردىن بىرى تېپىلىپ قالسا، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە ياشىيالمايدۇ، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇسام، سىلەر ئۇ ئىشنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار، سىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشتىن توسسام، ئۇ ئىشتىن يىراق تۇرۇڭلار».

﴿**الله دىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر**﴾ يەنى الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشتا الله دىن قورقۇڭلار، چۈنكى، الله غا ئاسىيلىق قىلغان، الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۇنى ئورۇندىمىغان، الله توسقان ۋە چەكلىگەن ئىشلارنى قىلغان ئادەمگە الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

* * * * * * *

لِلْفُقَرَآءِ ٱلْمُهَـٰجِرِينَ ٱلَّذِينَ أُخْرِجُواْ مِن دِيَـٰرِهِمْ وَأَمْوَٰلِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلاً مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا
وَيَنصُرُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّـٰدِقُونَ ﴿٨﴾ وَٱلَّذِينَ تَبَوَّءُو ٱلدَّارَ وَٱلْإِيمَـٰنَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ
مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِى صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّآ أُوتُواْ وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ
خَصَاصَةٌ ۚ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِۦ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٩﴾ وَٱلَّذِينَ جَآءُو مِنۢ بَعْدِهِمْ
يَقُولُونَ رَبَّنَا ٱغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلْإِيمَـٰنِ وَلَا تَجْعَلْ فِى قُلُوبِنَا غِلاًّ لِّلَّذِينَ
ءَامَنُواْ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٠﴾

*(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر*[8]. *ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر*[9]. *ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ*[10].

## ئۆرۈشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرگە تېگىشلىك بولغان باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋە مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆرۈشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرگە ئېرىشىشكە تېگىشلىك پېقىرلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدۇ: ﴿(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ

www.munber.org

**مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر﴾** يەنى ئۇلار اللّٰه نىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقىنى تىلىگەنلىكى، ئۆز قەۋمىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان پېقىر مۇھاجىرلاردۇر.

**﴿اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر﴾** يەنى ئەنە شۇلار سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار مۇھاجىرلارنىڭ كاتتىلىرىدۇر.

ئاندىن اللّٰه تائالا ئەنسارىلارنى مەدھىيىلەپ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، شان ـ شەرىپىنى ۋە ھۆرمىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەسەت قىلماسلىق، ئۆزى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈستۈن كۆرۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار(يەنى ئەنسارىلار)﴾** يەنى مۇھاجىرلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ ساندىكى مۇھاجىرلاردىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان ئەنسارىلاردۇر.

**﴿يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ﴾** يەنى ئەنسارىلار سېخى ۋە ئېسىل ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھاجىرلانى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنى مال ـ مۈلۈكلىرىگە شېرىك قىلىدۇ. ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىرلارنىڭ ھەققىنىڭ تونۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن مەندىن كېيىن خەلىپىلىكنى دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇھاجىلارغا ۋەسىيەت قىلىپ تاپشۇرىمەن. مۇھاجىرلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلەشكەن ۋە ئىمانى كۈچلۈك بولغان ئەنسارىلار ھەققىدە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىش، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىمەن. بۇنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مۇھاجىرلار: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز قېشىغا كەلگەن قەۋمدەك ياخشى قەۋمنى كۆرمىدۇق. ئۇلار ئازنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە يەتكۈزىدۇ، كۆپنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ھەققەتەن بىزنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلىدى. يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە شېرىك قىلدى. ھەتتا بىز ئۇلار بىزنىڭ ئەجرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ قورقتۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇلارنى ماختىشىڭلار ۋە ئۇلار ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا دۇئا قىلىشىڭلار يېتەرلىكتۇر» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارغا بەھرەيننى بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىردى. ئۇلار: بىز ئالمايمىز، لېكىن، مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جاي بۆلۈپ بەرسەڭ، ئاندىن ئۇنى قوبۇل قىلىمىز، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ئۇنى سىلەرگە بۆلۈپ بەرمەيمەن، سىلەر ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار، مەندىن كېيىن سىلەرگە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتا تەڭسىزلىك بولىدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلار: خورمىزالىقنى بىز بىلەن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇلار: ئۇنداقتا مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز خورمىزارلىقنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بەرسۇن، بىز ئۇلارنى باغدىن چىققان مەھسۇلاتقا شېرىك قىلايلى، دېدى. مۇھاجىرلار: بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، دېدى.

www.munber.org

## ئەنسارىلارنىڭ مۇھاجىرلارغا ھەسەت قىلمىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ﴾ يەنى ئەنسارىلار الله تائالا مۇھاجىرلارغا بەرگەن يۇقىرى مەرتىۋە، شان - شەرەپ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا قارىتا ئۇلارغا ئىچلىرىدە ھەسەت قىلمايدۇ.**

## ئەنسارىلارنىڭ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلگەنلىكى توغرىسىدا

**﴿ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرى قاتتىق ئېھتىياجلىق تۇرۇقلۇق باشقا موھتاج كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەشتىن بۇرۇن تەمىنلەيدۇ.

ئىمام ئەبۇداۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تەر تۆكۈپ ئاز پۇلغا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ قىلغان سەدىقىسى ئەڭ ئەۋزەل سەدىقىدۇر».

مۇنداق ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسى الله تائالا: ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾[1] ۋە ﴿اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش﴾[2] دەپ سۈپەتلىگەن ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئادەملەر (سەدىقە) بەرگەن نەرسىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ سەدىقە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرگە زۆرۈر ئېھتىياجى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما يۇقىرىدىكى ئايەت ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار سەرپ قىلغان نەرسىگە ئۆزلىرى قاتتىق موھتاج تۇرۇقلۇق يەنىلا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ.

بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەردىن بىرى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئۇ بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خوتۇن - بالىلىرىڭنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن نېمە ئېلىپ قالدىڭ؟» دېگەندە، ئەبۇبەكرى: ئۇلارغا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئېلىپ قالدىم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

يەرمۇك ئۇرۇشىدا يارىلانغان ئىكرىمە ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىغا تەڭلەنگەن سۇمۇ بۇ مەرتىۋىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەمەلىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى قاتتىق يارىلانغان، سۇغا ئىنتايىن موھتاج تۇرۇقلۇق ئۆزىگە تەڭلەنگەن سۇنى يېنىدىكى ھەمراھىغا بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇمۇ يېنىدىكى ھەمراھىغا بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ سۇ ئۈچىنچى ئادەمگە يېتىپ بارماستىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن بىرىمۇ بۇ سۇنى ئىچەلمەيدۇ. الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلسۇن!

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاچ قالدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاردا ئۇنىڭغا بەرگىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىن

---

[1] سۈرە ئىنسان8 - ئايەت.
[2] سۈرە بەقەر 177 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كېيىن: «بۇ كېچە بۇ ئادەمنى مېھمان قىلىدىغان بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ اللە ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدۇ» دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم ئۆرنىدىن تۇرۇپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى مەن مېھمان قىلاي، دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا: بۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماڭ، دېدى. ئايالى: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆيدە بالىلارغا بېرىدىغان يېمەكلىكلەردىن باشقا نەرسە يوق، دېدى. ئۇ ئادەم: باللار كەچلىك تاماق يەيدىغان ۋاقىت بولغاندا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ، ئاندىن تاماقنى داستىخانغا ئېلىپ كېلىڭ. ئاندىن مېھماننىڭ تاماقنى تارتىنماي يېيىشى ئۈچۈن چىراقنى پۈۋلىگەن بولۇپ ئۇچۇرىۋېتىڭ. بۇ كېچە بىز تاماق يېمەي قورساقلىرىمىزنى پۈكۈپ ئۆتكۈزەيلى، دېدى. ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

ھېلىقى ئادەم ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «غالىب ۋە بۈيۈك اللە ھەقىقەتەن پالانى ئەر بىلەن پالانى ئايالنىڭ قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولدى» دېدى. ۋە اللە تائالا: ﴿**ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە بۇ ھەدىستىكى ئۇ ئەنسارىنىڭ ئىسمى ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەپ كۆرسىتىلگەن.

﴿**ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾ يەنى كىم بېخىللىقتىن ساقلانسا، ئۇ ھەقىقەتەن مەقسەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

ئىمام ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار. چۈنكى، زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلمەت كەلتۈرىدۇ. بېخىللىقتىن قورقۇڭلار، چۈنكى، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر بېخىللىقى بىلەن ھالاك قىلىندى. بېخىللىق ئۇلارنى قان تۆكۈشكە ۋە ھارام نەرسىلەرنى ھالال قىلىشقا ئېلىپ باردۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەسۋەد ئىبنى ھىلالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئابدۇللاھ! مەن ئۆزەمنى ھەقىقەتەن ھالاك بولدۇممىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، دېدى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا: نېمىشقا؟ دېدى. ئۇ: مەن اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن بىر بېخىل ئادەممەن، قولۇمدىن ھېچ نەرسە چىقارمىغىلى تاس قالىمەن، دېدى. ئابدۇللاھ: بۇ اللە تائالا قۇرئاندا تىلغا ئالغان بېخىللىق ئەمەس، اللە تائالا قۇرئاندا تىلغا ئالغان بېخىللىق بولسا قېرىندىشىڭنىڭ مېلىنى زۇلۇم بىلەن يەۋالغانلىقىڭدىن ئىبارەتتۇر. لېكىن، سېنىڭ بۇ بېخىللىقىڭغا كەلسەك، بۇ بىر يامان ئىللەت، دېدى.

﴿**ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ**﴾ بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەنلەر ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتتىن ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئۈچىنچى قىسىم پېقىر كىشىلەردۇر. ئۇلار مۇھاجىرلاردۇر. ئاندىن كېيىنكى دەرىجىدە ئەنسارىلار، ئاندىن ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر تۇرىدۇ.

اللە تائالا سۈرە تەۋبىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ

www.munber.org

يولىدا ماڭغانلار) دىن اللە رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللە دىن مەمنۇن بولدى﴾[1] يەنى ياخشى ئىش قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىگە ئەگەشكەن، ئۇلارغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دۇئا قىلغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەگەشكۈچىلىرىدۇر.

شۇڭا اللە تائالا بۇ ئايەت كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ**﴾.

ئىمام مالىك بۇ ئايەت كەرىمدە ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزىدىغان رافىزەنىڭ[2] ئۈرۈشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن نېسىۋىسى يوق دەپ ناھايىتى ياخشى ھۆكۈم چىقاردى. چۈنكى، ئۇلار اللە تائالا: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن**﴾ دەيدۇ، دەپ مەدھىيىلىگەن ئەنە شۇ كىشىلەرنى رافىزە سۆكىدۇ.

ئىمام ئەبۇھاتەم ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رافىزىلەر ساھابىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇلدى. لېكىن ئۇلار ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزدى. ئاندىن ئائىشە ﴿**ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى.

* * * * * * *

۞ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نَافَقُواْ يَقُولُونَ لِإِخۡوَٰنِهِمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَئِنۡ
أُخۡرِجۡتُمۡ لَنَخۡرُجَنَّ مَعَكُمۡ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمۡ أَحَدًا أَبَدٗا وَإِن قُوتِلۡتُمۡ لَنَنصُرَنَّكُمۡ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّهُمۡ
لَكَٰذِبُونَ ١١ لَئِنۡ أُخۡرِجُواْ لَا يَخۡرُجُونَ مَعَهُمۡ وَلَئِن قُوتِلُواْ لَا يَنصُرُونَهُمۡ وَلَئِن نَّصَرُوهُمۡ لَيُوَلُّنَّ
ٱلۡأَدۡبَٰرَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ١٢ لَأَنتُمۡ أَشَدُّ رَهۡبَةٗ فِي صُدُورِهِم مِّنَ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا
يَفۡقَهُونَ ١٣ لَا يُقَٰتِلُونَكُمۡ جَمِيعًا إِلَّا فِي قُرٗى مُّحَصَّنَةٍ أَوۡ مِن وَرَآءِ جُدُرِۭۚ بَأۡسُهُم بَيۡنَهُمۡ
شَدِيدٞۚ تَحۡسَبُهُمۡ جَمِيعٗا وَقُلُوبُهُمۡ شَتَّىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَعۡقِلُونَ ١٤ كَمَثَلِ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡ قَرِيبٗاۖ ذَاقُواْ وَبَالَ أَمۡرِهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١٥ كَمَثَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ إِذۡ قَالَ لِلۡإِنسَٰنِ ٱكۡفُرۡ

www.munber.org

---

[1] سۈرە تەۋبە 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] رافىزەلەر شىئەمەزھەپىدىكى بىر تارماق بولۇپ، ساھابىلارنى سۆكىدۇ.

فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّنكَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ فَكَانَ عَٰقِبَتَهُمَآ أَنَّهُمَا فِى ٱلنَّارِ
خَٰلِدَيْنِ فِيهَا ۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُا۟ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٧﴾

*مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغان ئەھلى كىتاب بۇرادەرلىرىگە: «يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر﴿11﴾. ئەگەر ئۇلار ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، بەرگەن تەقدىردىمۇ يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ، ئەھلى كىتاب ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴿12﴾. شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا اللەغا قارىغاندىمۇ قورقۇنچلۇقسىلەر (يەنى ئۇلار سىلەردىن اللەدىن قورققاندىنمۇ بەك قورقىدۇ)، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللەنىڭ (ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر﴿13﴾. ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم شەھەر ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى ئۆز ئىچىدە قاتتىقتۇر، ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر﴿14﴾. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ) ئۇلاردىن ئىلگىرى يېقىندىلا ئۆتكەن، قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىغانلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿15﴾. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشقا) شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى. ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا، شەيتان: «مەن سەندىن ئادا - جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن قورقىمەن» دېدى﴿16﴾. ئۇلارنىڭ (يەنى شەيتان بىلەن ئىنساننىڭ) ئاقىۋىتى بىرلىكتە دوزاخقا كىرىش، دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بولدى، ئەنە شۇ زالىملارنىڭ جازاسىدۇر﴿17﴾.*

## مۇناپىقلارنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسىگە يالغان ۋەدە بەرگەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مۇناپىقلارنىڭ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغان ئەھلى كىتاب بۇرادەرلىرىگە: «يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر**﴾ يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلارغا يەھۇدىيلارغا ئۆزلىرى نىيىتىدە ۋاپا قىلمايدىغان بىر سۆزنى قىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئەمەلگە ئاشمايدىغان سۆزلەردۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ**﴾ يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنىڭ سېپىدا تۇرۇپ ئۇرۇشمايدۇ ﴿**بەرگەن تەقدىردىمۇ**﴾ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ سېپىدا تۇرۇپ ئۇرۇشقان تەقدىردىمۇ.

www.munber.org

**﴿يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ، ئەھلى كىتاب يارددەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾** مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ياردەمگە ئېرىشەلمەيغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر پاكىتتۇر.

**﴿شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا اللەغا قارىغاندىمۇ قورقۇنچلۇقسىلەر (يەنى ئۇلار سىلەردىن اللەدىن قورققاندىنمۇ بەك قورقىدۇ)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **﴿ئۇلارنىڭ** ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابىدىن) قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلار اللەنىڭ (ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر. ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم شەھەر ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ﴾** يەنى ئۇلار قورقۇنچاق ۋە توخۇ يۈرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام قوشۇنىغا جەڭ مەيدانىدا قارشىلىق قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. بەلكى، ئۇلار قورغانلار ياكى تاملار ئارقىسىدا قورشاۋدا قالغاندا، ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا قىستالغاندا ئاندىن ئۇرۇش قىلىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى ئۆز ئىچىدە قاتتىقتۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىكى قاتتىقتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر﴾[2].

**﴿ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر﴾** يەنى ئۇلارنى بىرلەشكەندەك كۆرسەن ئۆزئارا ئىناقتەك پەرەز قىلىسەن. ھالبۇكى ئۇلار ئىنتايىن چېچىلاڭغۇدۇر. ئىبراھىم نەخەئى مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى كىتاب بىلەن مۇناپىقلار ئىناق ئەمەس «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر» **﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشقا) شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى. ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا، شەيتان: «مەن سەندىن ئادا ـ جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن قورقىمەن» دېدى﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەھۇدىيلار يېقىندىلا قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىغان بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ يەھۇدىيلىرىغا ئوخشايدۇ. قەتادە ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دەيدۇ.

## مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ۋەقەدىكى مىسالى توغرىسىدا

**﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشقا) شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى. ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا، شەيتان: «مەن سەندىن ئادا ـ جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن قورقىمەن» دېدى﴾** يەنى ئەنە شۇ يەھۇدىيلار مۇناپىقلارنىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىمىز دېگەن ۋەدىسىگە ئالداندى. مۇناپىقلار ئۇلارغا ئەگەر سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، دېگەن ئىدى. ھەقىقەتلەر ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ يەھۇدىيلار قورشاۋغا ۋە ئۇرۇشقا دۇچ كەلگەندە مۇناپىقلارنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى ۋە ئۇلارنى ھالاكەتكە تاشلاپ قويدى. ئۇلارنىڭ بۇ مىسالى شەيتاننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. شەيتان ئىنسانغا كۇفرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان شەيتان چىرايلىق كۆرسەتكەن كۇفرىغا كىرىپ بولغاندا، شەيتان ئىنساندىن ئادا ـ جۇدا بولدى ۋە **﴿مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن قورقىمەن﴾** دېدى. **﴿ئۇلارنىڭ (يەنى شەيتان بىلەن ئىنساننىڭ) ئاقىۋىتى بىرلىكتە دوزاختا كىرىش، دوزاختا مەڭگۈ**

---

[1] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلىش﴾ يەنى كۇفرىنىڭ ۋە كۇفرىلىق قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە بارار جايى مەڭگۈ قالىدىغان دوزاخ، جەھەننەم بولدى ﴿ئەنە شۇ زالىملارنىڭ جازاسىدۇر﴾ يەنى بۇ ھەر قانداق زالىمنىڭ جازاسىدۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡتَنظُرۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ لِغَدٖۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ نَسُواْ ٱللَّهَ فَأَنسَىٰهُمۡ أَنفُسَهُمۡۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿١٩﴾ لَا يَسۡتَوِيٓ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۚ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾

***ئى مۆمىنلەر! اللەدىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، اللەدىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴿18﴾. سىلەر اللەنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر﴿19﴾. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿20﴾.***

## تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە قىيامەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد مۇنزىر ئىبنى جەرىردىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق. ئۇنىڭ قېشىغا يالاڭ ئاياق، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، يەڭسىز جىلتكە كىيىۋالغان ۋە قىلىچ ئېسىۋالغان بىر قەۋم كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزەر قەبىلىسىدىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يوقسۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقتى ـ دە، بىلالنى ئەزان ئوقۇشقا ۋە نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇدى. ئاندىن خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى. ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللّٰه دىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] ۋە سۈرە ھەشرىدىكى ﴿**ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئادەملەر تىللا، تەڭگە، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى، بۇغداي ۋە خورمىلارنى سەدىقە بەردى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر خورمىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار» دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم قوللىرى ئاران كۆتەرگەن بىر خالتا نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ سەدىقە قىلدى. ئاندىن كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سەدىقە بېرىشكە باشلىدى. ھەتتا مەن ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن توپلانغان ئىككى دۆۋىنى كۆردۈم. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئەسەر قالمىغانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى

[1] سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت.

www.munber.org

يولغا قويسا، ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنىڭ ساۋابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشقا ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەستىن بىر كىشىلىكتىن ساۋاب يېزىلىدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىر يامان ئىشنى يولغا قويسا ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشقا ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلەستىن بىر كىشىلىكتىن يېزىلىپ تۇرىدۇ».

﴿**ئى مۆمىنلەر الله دىن قورقۇڭلار**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرىدى.چۈنكى، تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشنى تاشلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿**ھەر ئادەم ئەتە(يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن**﴾ يەنى سىلەر ھېسابقا تارتىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزەڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار. قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ۋە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەردىن نېمىلەرنى ئۆزەڭلارغا ساقلىغانلىقىڭلارغا قاراڭلار. ﴿**الله دىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى سىلەر ئەمەل قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى بىلگۈچىدۇر. الله غا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكىنىڭ ھەممىسى الله دىن يوشۇرۇن قالمايدۇ.

﴿**سىلەر الله نى ئۇنتىغان شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار**﴾ يەنى الله تائالا نى ئەسلەشنى ئۇنتۇماڭلار. الله تائالانى ئەسلەشنى ئۇنتىساڭلار، الله سىلەرگە قىيامەت كۈنى ئۆزەڭلارغا ئەسقاتىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىڭلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى، جازا ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، قىيامەت كۈنى زىيان تارتىدىغان ۋە ھالاك بولىدىغان كىشىلەردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى اللەنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللەنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1].

## جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەربولمايدۇ**﴾ يەنى الله تائالا نىڭ ھۆكمىدە دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى قىيامەت كۈنى باراۋەر بولمايدۇ. بۇ ھەقتە اللە تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾[2] ﴿ئەما بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۆمىن بىلەن كاپىر) باراۋەر بولمايدۇ، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەر بىلەن يامان ئىش قىلغۇچى ئادەملەر باراۋەر بولمايدۇ. سىلەر ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر﴾[3] ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق

[1] سۈرە مۇنافىقۇن 9 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جاسىيە 21 ـ ئايەت.
[3] سۈرە غافىر 58 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾[1] يەنى نۇرغۇن ئايەتلەردە الله تائالانىڭ ياخشى كىشىلەرنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدىغانلىقى، گۇناھكارلارنى خارلىققا گىرىپتار قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

﴿ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك الله نىڭ ئازابىدىن سالامەت قېلىپ، نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

* * * * * * *

لَوْ أَنزَلْنَا هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانَ عَلَىٰ جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُۥ خَـٰشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۚ وَتِلْكَ ٱلْأَمْثَـٰلُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾ هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَـٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ ۖ هُوَ ٱلرَّحْمَـٰنُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٢﴾ هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْمَلِكُ ٱلْقُدُّوسُ ٱلسَّلَـٰمُ ٱلْمُؤْمِنُ ٱلْمُهَيْمِنُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْجَبَّارُ ٱلْمُتَكَبِّرُ ۚ سُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٢٣﴾ هُوَ ٱللَّهُ ٱلْخَـٰلِقُ ٱلْبَارِئُ ٱلْمُصَوِّرُ ۖ لَهُ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢٤﴾

*ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اللەدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ. بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (اللەنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز﴿21﴾. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر﴿22﴾. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴿23﴾. الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿24﴾.*

## قۇرئاننىڭ كاتتىلىقىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ كاتتا كىتاب ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يۇكسەك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. قۇرئاندىكى ھەق ۋەدىنى، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىغان چاغدا دىللار ئۇنىڭدىن قورقۇپ، يۈرەكلەر يېرىلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى ﴿**ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اللەدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ**﴾ يەنى گەرچە تاغ شۇنداق قاتتىق ۋە چىڭ بولغان بولسىمۇ، ئەگەر بۇ قۇرئاننى چۈشىنەلىگەن ۋە

[1] سۈرە ساد 28 ـ ئايەت.

ئۈنىڭدا بار نەرسىنى مۇلاھىزە قىلالىغان بولسا، غالىب ۋە بۈيۈك الله دىن قورققانلىقتىن، ئەلۋەتتە، باش ئەگكەن ۋە پارچىلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئىش شۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ دىلىلىرىڭلار قانداقمۇ يۇمشىمىسۇن؟ قانداقمۇ باش ئەگمىسۇن؟ الله دىن قورقۇپ يۈرەكلىرىڭلار يېرىلىپ كېتىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ چۈنكى، سىلەر الله نىڭ ئەمر - پەرمانىنى چۈشەندىڭلار ۋە الله نىڭ كىتابى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلدىڭلار. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ ﴿**بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (اللەنىڭ قۇدرىتىنى پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز**﴾.

مۇتەۋاتىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتىكى خورمىلاردىن بىر تۈپ خورما دەرىخىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. شۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر مۇنبەر ياسالدى ۋە بۇ مۇنبەر مەسچىتكە تۈنجى قېتىم قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ شۇ خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن مۇنبەر تەرەپكە ئۆتتى. شۇ چاغدا بۇ خورما دەرىخى ئۈنىڭدىن ئاڭلايدىغان ۋەز - نەسىھەت ۋە ۋەھيىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن خۇددى يىغىدىن ئارانلا توختىغان كىچىك بالىنىڭ ئىسەدىشىدەك ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغان يەزى رىۋايەتلەردە ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشتىياق باغلاشقا بۇ خورما دەرىخىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىق ئىدىڭلار.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا الله نىڭ سۆزى بولغان بۇ ئايەت كەرىمنى ھېچنەرسىنى ئاڭلىمايدىغان تاغ ئاڭلىغان ۋە چۈشەنگەن بولسا ئىدى، الله دىن قورققانلىقىدىن، ئەلۋەتتە، باش ئەگكەن ۋە پارچىلىنىپ كەتكەن بولاتتى سىلەر ئۇنى ئاڭلىغان ۋە چۈشەنگەن تۇرساڭلار، ئۇ سىلەرگە قانداقمۇ تەسىر قىلمىسۇن؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇبادا بىرەر قۇرئان (يەنى كىتاب) بولۇپ، ئۇنى (تىلاۋەت قىلىش بىلەن تاغلار يۆتكىلىدىغان ياكى يەر يېرىلىدىغان ۋە ياكى ئۆلۈكلەر سۆزلەيدىغان بولغان تەقدىردىمۇ (ئۇلار چوقۇم ئىمان ئېيتمايتتى)﴾[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇبار؛ الله دىن قورقۇپ، (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)﴾[2].

## الله تائالانى الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئۇلۇغلاش توغرىسىدا

﴿**اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىدىن باشقا ھېچ تەربىيىچىنىڭ يوقلۇقىنى، مەجۇداتلار ئۈچۈن ئۆزىدىن باشقا ھېچ مەئبۇدنىڭ بەرھەق يوقلىقىنى، الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىنغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. الله يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر. يەنى الله بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى ۋە بىزدىن يوشۇرۇن قالغان پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. الله غا ئاسمان - زېمىندا چوڭ - كىچىك نەرسىلەر، ھەتتا قارىغۇلۇقتىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ يوشۇرۇن قالمايدۇ.

---

[1] سۈرە رەئىد 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 74- ئايەت.

www.munber.org

﴿ئـۇ ناھـايىتى شەپـقەتلىكتۇر، ناھـايىتى مېھرىبـانـدۇر (يـەنى دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە) كـەڭ رەھمـەت ئىگىسـىدۇر﴾ يـەنى الله تائـالانىڭ رەھمـىتى ناھـايىتى كـەڭ بولـۇپ پـۈتۈن مـەخلۇقاتلارنى ئـۆز ـ ئىچىگـە ئالىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مېنىـڭ رەھمـىتىم مـەخلۇقاتنىڭ ھەممىسـىگـە ئورتـاق﴾[1] ﴿پەرۋەردىگـارىڭلار (بەندىلىرىگـە)رەھمـەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسـىدىن) ئـۆز ئۈستىگـە ئالدى﴾[2] ﴿ئېيتقىنكى، «ئـۇلار الله نىـڭ پـەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن)ياخشىدۇر»﴾[3].

﴿الله دىـن باشـقا ھـېچ مـەئبۇد (بەرھـەق) يـوقـتۇر، ئـۇ(مۇتلـەق) پادىشـاھتۇر (يـەنى پـۈتۈن مـەخلۇقاتنىڭ مـالىكىدۇر)﴾ يـەنى الله پـۈتۈن شـەيئىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇنى ھېچقانداق چەكلىمىگە ۋە تۇسالغۇغا ئۇچرىماستىن تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. ﴿پاكتۇر(يـەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)﴾ بـۇ ئايـەتنى مۇجاھىد ۋە قەتادە الله بۈيۈكتۇر، دەپ تەپسىر قىلدى. ئىبنى جۇرەيج: ھۆرمەتكە سازاۋەر پەرىشتىلەر الله نى ئۇلۇغلايدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. ﴿(مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر﴾ يـەنى الله تائـالا ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە كامىل بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئەيىب ۋە نۇقسانلاردىن سالامەتتۇر.

﴿(دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئـەمىن قىلغۇچىدۇر﴾ زەھھاك بـۇ ئايـەت ھـەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ: الله مەخلۇقاتنى ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىدىن ئەمىن قىلدى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. قەتادە: الله تائالا كىشىلەرنى الله ھەقتۇر دېگەن سۆزى بىلەن ئەمىن قىلدى دەيدۇ. ئىبنى زەيد الله تائالا مۆمىن بەندىلىرنى ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلىقىدا راستچىل قىلدى، دەيدۇ.

﴿ھـەممىنى كـۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ بـۇ ئايـەت ھـەققىدە ئىبنى ئابباس ۋە بىر قانچە كىشىلەر: الله مـەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، دەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[4] ﴿ئاندىن الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھ بولىدۇ﴾[5] ﴿ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى الله (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟)﴾[6].

﴿غالىپتۇر﴾ يەنى الله ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدىن غالىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شـەيئىلەرنى يـەڭدى. الله غـالىبلىق، كـاتتىلىق، ئۇلۇغلـۇق ئىگىسى بولغـانلىقى ئۈچـۈن ئۇنىـڭ كـۈچ ـ قۇۋۋىتى يېڭىلمەستۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ ﴿قەھىر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر﴾ يەنى قەھىر قىلىش پەقەت الله غىلا يارىشىدۇ، ئۇلۇغلۇق پەقەت ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا مەنسۇپتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كاتتىلىق مېنىڭ ئىشتىمدۇر، ئۇلۇغلۇق مېنىڭ تونۇمدۇر، كىمكى مەندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تالاشسىلا، مەن ئۇنى جازالايمەن».

﴿مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر﴾ الله تائالا يارىتىشنى بەلگىلىگەن ۋە قارار قىلغان نەرسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر. غالىب ۋە بۈيۈك الله دىن

---

(1) سۈرە ئەئراف 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئەنئام 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە يۇنۇس 58 ـ ئايەت.
(4) سۈرە بۇرۇج 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە يۇنۇس 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) سۈرە رەئد 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

باشقا ھەر قانداق كىشى بىرەر نەرسىنى بەلگىلىگەن ۋە ئۇنى تەرتىپكە سالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا قادىر بولالمايدۇ.

﴿(اللە ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بەرگۈچىدۇر﴾ يەنى اللە تائالا بىرەر نەرسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنى خالىسا ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ اللە خالىغان سۈپەتتە ۋە اللە تائالا خالىغان سۈرەتتە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنى ئۇ خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى﴾[1] شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ ﴿(ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بەرگۈچىدۇر﴾ يەنى اللە ئۇ نەرسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولغان سۈپەتتە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

## ئەڭ چىرايلىق ئىسىملار توغرىسىدا

﴿ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگەدۇر﴾ سۈرە ئەئرافتا بۇ ھەقتە تەپسىلي بايان قىلىندى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا نىڭ 99 ئىسمى بار. كىمكى ئۇنى زىكىر قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ، اللە تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ».

## ھەر نەرسىنىڭ اللە تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللەنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللەنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[2].

﴿ئۇ غالىپتۇر﴾ يەنى اللە يېڭىلمەستۇر، شەرئىتىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىدە ﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ھەشرىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. اللە تائالاغا تۈگىمەس ھەمدۇسانالار بولسۇن!

[1] سۈرە ئىنفىتار 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەت

www.munber.org

| مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە مۇمتەھىنە | 13 ئايەت |
|---|---|---|

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّخِذُوا۟ عَدُوِّى وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَآءَ تُلْقُونَ إِلَيْهِم بِٱلْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا۟
بِمَا جَآءَكُم مِّنَ ٱلْحَقِّ يُخْرِجُونَ ٱلرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ ۙ أَن تُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ رَبِّكُمْ إِن كُنتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَٰدًا فِى
سَبِيلِى وَٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِى ۚ تُسِرُّونَ إِلَيْهِم بِٱلْمَوَدَّةِ وَأَنَا۠ أَعْلَمُ بِمَآ أَخْفَيْتُمْ وَمَآ أَعْلَنتُمْ ۚ وَمَن يَفْعَلْهُ مِنكُمْ
فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١﴾ إِن يَثْقَفُوكُمْ يَكُونُوا۟ لَكُمْ أَعْدَآءً وَيَبْسُطُوٓا۟ إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ وَأَلْسِنَتَهُم
بِٱلسُّوٓءِ وَوَدُّوا۟ لَوْ تَكْفُرُونَ ﴿٢﴾ لَن تَنفَعَكُمْ أَرْحَامُكُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُكُمْ ۚ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يَفْصِلُ بَيْنَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ
بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئى مۆمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اﷲ غا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ[1]. ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ، سىلەرنىڭ مۇرتەد بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ[2]. قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، اﷲ ئاراڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ (يەنى سىلەر جەننەتتە بولساڭلار، ئۇلار كۇففارلارنىڭ قاتارىدا دوزاختا بولىدۇ)، اﷲ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[3].*

www.munber.org

## سۈرە مۆمتەھىنەنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا

بۇ سۈرە كەرىمەنىڭ باش تەرىپىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھاتەب ئىبنى بەلتەئەنىڭ قىسسىسىگە باغلىنىشلىقتۇر. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان: ھاتەب دېگەن بۇ كىشى مۇھاجىرلاردىن بولۇپ، ئۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن ئىدى. مەككىدە ئۇنىڭ باللىرى ۋە مال - مۈلكى قالغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە قۇرەيشلەردىن بولماستىن، بەلكى ئوسماننىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان قەۋمىدىن ئىدى.

قۇرەيشلەر ئەھدىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلىشقا بەل باغلاپ، مۇسۇلمانلارنى غازاتقا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە: «ئى الله! ئۇلارنى بىزدىن خەۋەرسىز قالدۇرغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ھاتەب بۇنى بىلىۋېلىپ، بىر پارچە خەت يېزىپ خېتىنى قۇرەيشلىك بىر ئايالدىن مەككىگە ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە غازات يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق قۇرەيشلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى كۆزلىگەن ئىدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەت ھەققىدىكى ئىشنى ئۇنىڭغا بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ ئىزىدىن ئادەم ئەۋەتىپ خەتنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋالدى. بۇ ئەھۋال بىرلىككە كەلگەن ھەدىستىمۇ بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن زۇبەيرنى ۋە مىقدادنى ئۇ ئايالنىڭ ئىزىدىن ئەۋەتتى ۋە «سىلەر يولغا چىقىڭلار. خاخ بېغىغا يېتىپ بارغىنىڭلاردا ئۇ جايدا زەئىينە ئىسىملىك بىر ئايالنى ئۇچرىتىسىلەر. ئۇنىڭدا بىر پارچە خەت بار، ئۇ خەتنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋېلىڭلار» دېدى. بىز يولغا راۋان بولدۇق. ئاتلىرىمىز ناھايىتى تېز چاپتى. بىز مەزكۇر باغقا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە زەئىينە دېگەن ئايالنى ئۇچراتتۇق، بىز ئۇنىڭغا: خەتنى چىقىرىڭ، دېدۇق. ئۇ ئايال: مەندە خەت يوق، دېدى. بىز: خەتنى چىقىرىڭ، بولمىسا كىيىملىرىڭىزنى چوقۇم سالدۇرۇپ تاشلايمىز، دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال خەتنى چېچىنىڭ تۈگۈنچىسىدىن چىقىرىپ بەردى، بىز خەتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدۇق. خەۋەر تېپىشىمىزچە، بۇ خەت ھاتەب ئىبنى ئەبۇبەلتەئەنىڭ مەككىدىكى مۇشرىكلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئىشلىرىنى خەۋەر قىلىپ يازغان خېتى ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ھاتەب! بۇ نېمە ئىش؟» دېدى. ھاتەب: مېنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگىن. مەن پەقەت قۇرەيشلەرگە چېتىلىپ قالغان ئادەممەن، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئەسلى - نەسلىدىن ئەمەسمەن. سەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدە قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار، ئۇلار بۇ مۇھاجىرلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. مېنىڭ نەسەب جەھەتتە مۇنداق ئەۋزەللىكىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن قۇرەيشلەر ئىچىدە مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى قوغدايدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى خالاپ شۇ خەتنى يازدىم، مەن بۇنى كۇپۇرلۇق قىلىش ياكى دىنىمدىن يېنىۋېلىش ۋە ياكى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇفرىغا رازى بولۇش يۈزىسىدىن قىلمىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاتەب ھەقىقەتەن سىلەرگە راست سۆزلىدى» دېدى. ئۆمەر: مېنى قويۇۋېتىڭلار. مەن بۇ مۇناپىقنىڭ گەدىنىنى چېپىپ تاشلاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك - شۈبھىسىزكى، ھاتەب بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئادەمدۇر، سەن نېمە بىلىسەن، الله تائالا بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن خەۋەردار بولغان بولۇشى ۋە خالىغان ئەمەلنى قىلىڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم دېگەن بولۇشى مۇمكىن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت

www.munber.org

قىلغان. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا: شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا **﴿ئى مۆمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتماڭلار﴾** دېگەن سۈرىنى نازىل قىلدى، دېگەن سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى.

## كاپىرلارنى دوست تۇتماي دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿ئى مۆمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر﴾** يەنى اللە غا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇشرىكلارغا ۋە كۇففارلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر. اللە بولسا ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇش ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى بەلگىلىدى ۋە ئۇلارنى دوست تۇتۇشنى توستى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ﴾[1] بۇ ئايەت مۇنداق مۆمىنلەرنى قاتتىق قورقۇتىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، اللە دىن قورقۇڭلار﴾[2] ﴿ئى مۆمىنلەر!مۆمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) اللە نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟﴾[3] ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ئۇ اللە نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ،ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلاربۇنىڭدىن مۇستەسنا. اللە سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ﴾[4].

ھاتەب قۇرەيشلەر ئارىسىدىكى مال ـ مۈلكىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇرەيشلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈنلا بۇ خەتنى يازغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى.

﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اللە غا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى﴾ يەنى بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەت بىلەن قوشۇلۇپ قۇرەيشلەرنى دۈشمەن تۇتۇشقا، ئۇلارنى دوست تۇتماسلىققا تەشەببۇس قىلدى. چۈنكى، قورەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ اللە نى بار ۋە بىر دەپ بىلگەنلىكىنى ۋە يالغۇز اللە غا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغانلىقىنى يامان كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا ئىمان ئېيتقانلىقىنى گۇناھ ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئارىلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق اللە غا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا

(1) سۈرە مائىدە 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە مائىدە 57 ـ ئايەت.
(3) سۈرە نىسا 144 ـ ئايەت.
(4) سۈرە ئال ـ ئىمران 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

خاستۇر. اللە ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] ﴿**(ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز اللە دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى**﴾[2].

﴿**ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)**﴾ چۈنكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەنلىك، دىنىڭلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتتى ۋە مال ـ مۈلكۈڭلاردىن ئايرىۋەتتى.

﴿**سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن**﴾ يەنى سىلەر شۇنداق قىلىسىلەر، مەن پۈتۈن يوشۇرۇن سىرلارنى ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلىپ تۇرىمەن.

﴿**كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. سىلەرنى تىللايدۇ**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يېڭىشقا قادىر بولالىسا، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ۋە تىللاش ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قورقۇپ قالمايدۇ.

﴿**سىلەرنىڭ مۇرتەد بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشەلمەسلىكىڭلارنى ناھايىتى خالايدۇ. ئۇلار سىلەرگە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئادەملەرنى سىلەر قانداقمۇ دوست تۇتۇسىلەر؟ بۇ ئايەتمۇ ھەم قۇرەيشلەرنى دۈشمەن تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

﴿**قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، اللە ئاراڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ (يەنى سىلەر جەننەتتە بولساڭلار، ئۇلار كۇففارلارنىڭ قاتارىدا دوزاختا بولىدۇ)، اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللە نىڭ دەرگاھىدا اللە سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار سىلەرگە ئەسقاتمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارنى اللە غەزەبلىنىدىغان بىرەر ئىش ياكى ئەمەل بىلەن رازى قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرگە پايدىسى يەتمەيدۇ. كىمكى بالا ـ چاقىلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپۈرلۈق قىلىشىغا يول قويسا، ئۇ ھەقىقەتەن زىيان تارتىدۇ ۋە ئەمەلنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىرىمۇ اللە نىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەرلەردىن بىرەر پەيغەمبەرنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا ھېچبىر شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئاتام نەدە بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوزاختا بولىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ كېتىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئاتام ۋە سېنىڭ ئاتاڭ دوزاختا بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِيٓ إِبْرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذْ قَالُوا۟ لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُا۟ مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةُ وَٱلْبَغْضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ

[1] سۈرە بۇرۇج 8 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَحۡدَهُۥٓ إِلَّا قَوۡلَ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسۡتَغۡفِرَنَّ لَكَ وَمَآ أَمۡلِكُ لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۖ رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا
وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤﴾ رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ وَٱغۡفِرۡ لَنَا رَبَّنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ
ٱلۡحَكِيمُ ﴿٥﴾ لَقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِيهِمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَۚ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ
هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿٦﴾

*ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە بولىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللە غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللە نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر ئېيتتى) «پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر*[4]*. پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)، پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»*[5]*. (ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى!) ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەر سىلەرگە، اللە نى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارغا ياخشى نەمۇنىدۇر، كىمكى (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلسۇنكى) اللە (ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنداقلاردىن) بىھاجەتتۇر، (اللە) مەدھىيىگە لايىقتۇر*[6]*.*

## ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كاپىر قەۋمىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئۈلگىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا كاپىرلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا ۋە ئادا ـ جۇدا بولۇشقا بۇيرۇغان مۆمىن بەندىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە بولىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللە غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى**﴾ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر قەۋمىگە: ئەگەر سىلەر كۇفرىڭلاردا داۋاملىق چىڭ تۇرساڭلار، ھازىردىن باشلاپ سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. بىز سىلەردىن، دىنىڭلاردىن ۋە تۇتقان يولۇڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز. سىلەر اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن تەلتۆكۈس ئايرىلغان، اللە نى بار ۋە بىر دەپ بىلمەسلىكتىن قول ئۈزۈپ، ھېچ شېرىك يوق يالغۇز اللە غا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگىنىڭلارغا قەدەر سىلەرنى دۈشمەن تۇتىمىز، دېدى.

www.munber.org

**﴿پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللہ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ.﴾** يەنى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەردە سىلەر ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى نەمۇنە بار. لېكىن ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۈلگە قىلىشقا بولمايدۇ. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن بولغاندۇر. ئاتىسىنىڭ ھەقىقەتەن اللہ نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئۇ ئاتىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى. بۇنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت بەزى مۆمىنلەر مۇشرىكلىك ھالىتىدە ئۆلگەن ئاتىلىرىغا دۇئا قىلاتتى، اللہ دىن ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەيتتى ۋە: ئىبراھىممۇ ھەقىقەتەن ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىگەن ئىدىغۇ؟ دېيىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. ﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ اللہ نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾[1].

**﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللہ نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللہ غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللہ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ﴾** يەنى مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتا ئىبراھىمنى ئۈلگە قىلىشقا بولمايدۇ. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، زەھھاك ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلدى.

اللہ تائالا ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنىڭ ئۆز قەۋمىدىن ئايرىلىپ ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، اللہ تائالا غا ئىلتىجا قىلغان، ئۇنىڭغا يىلىنغان چاغدا مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۈل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾** يەنى بارلىق ئىشلىرىمىزدا ساڭا تەۋەككۈل قىلدۇق. پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى ساڭا تاپشۇردۇق. ئاخىرەتتە **﴿قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)﴾**.

بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ، كاپىرلارنىڭ: ئەگەر مۇسۇلمانلار ھەق ئۈستىدە بولسا ئىدى، ئۇلارغا بۇ خارلىق يەتمىگەن بولاتتى. دېمەسلىكى ئۈچۈن بىزنى كاپىرلارنىڭ قوللىرى بىلەن ۋە سېنىڭ دەرگاھىڭدىكى پەرىشتىلەرنىڭ قوللىرى بىلەن جازالىمىغىن. زەھھاكمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلدى.

---

[1] سۈرە تەۋبە 113ـــ 114ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

قەتادە مۇنداق دەيدۇ، كاپىرلارنىڭ: بىز ھەق ئۈستىدە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق دەپ قالماسلىقى، شۇ ئارقىلىق بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلدۇرمىغىن. ئىبنى جەرىر قەتادىنىڭ بۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى قوللىدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كاپىرلارنى بىزگە ھۆكۈمران قىلمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىب سەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن**﴾ يەنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى سەندىن باشقىلارنىڭ بىلىۋېلىشىدىن مەخپىي قىلغىن. شۇ گۇناھلىرىمىزنى بىزنىڭ ئارىمىز بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا كەچۈرۈپ تۈگەتكىن.

﴿**سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن**﴾ يەنى ساڭا يۆلەنگەن كىشى زىيان تارتمايدۇ. سەن سۆزلىرىڭدە، ئىشلىرىڭدا، شەرىئىتىڭدە ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭدا ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن**﴾.

﴿**ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى!) ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەر سىلەرگە الله نى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارغا ياخشى نەمۇنىدۇر**﴾ بۇ ئايەت مۇشۇ مەزمۇندىكى ئىلگىرى ئۆتكەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەيدۇ ۋە الله غا، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان ھەرقانداق مۆمىننى ئۇ نەمۇنىنى ئۈلگە قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

﴿**كىمكى (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن**﴾ يەنى الله تائالا بۇيرۇغان ئىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ﴿**(بىلسۇنكى) الله (ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنداقلاردىن) بىھاجەتتۇر، (الله) مەدھىيىگە لايىقتۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى، الله ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر»﴾[1].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر**﴾ يەنى بايلىقى كامالەتكە يەتكەن بىردىن بىر زات الله تائالادۇر. بۇ سۈپەت پەقەت الله غىلا لايىقتۇر. الله نىڭ تەڭدىشى يوقتۇر، ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر، يېگانە قۇدرەتلىك الله پاكتۇر ﴿**مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر**﴾ يەنى الله پۈتۈن سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدا مەدھىيىلىنىدۇ. الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ پەرۋىشچى يوقتۇر.

* * * * * * *

۞ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَجۡعَلَ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَ ٱلَّذِينَ عَادَيۡتُم مِّنۡهُم مَّوَدَّةٗۚ وَٱللَّهُ قَدِيرٞۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ
﴿٧﴾ لَّا يَنۡهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمۡ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَلَمۡ يُخۡرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ أَن تَبَرُّوهُمۡ وَتُقۡسِطُوٓاْ
إِلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٨﴾ إِنَّمَا يَنۡهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ قَٰتَلُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَأَخۡرَجُوكُم مِّن
دِيَٰرِكُمۡ وَظَٰهَرُواْ عَلَىٰٓ إِخۡرَاجِكُمۡ أَن تَوَلَّوۡهُمۡۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩﴾

[1] سۈرە ئىبراھىم 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

***بەلكىم الله سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، الله ھەممىگە قادىردۇر، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿7﴾. (كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴿8﴾. الله دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴿9﴾.***

## الله نىڭ مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرىغاندىن كېيىن ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەلكىم الله سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ**﴾ يەنى الله دۈشمەنلىكتىن كېيىن دوستلۇق، نەپرەتتىن كېيىن مۇھەببەت، بۆلگۈنچىلىكتىن كېيىن بىرلىشىش پەيدا قىلىدۇ.

﴿**الله ھەممىگە قادىردۇر**﴾ يەنى الله تائالا بىر - بىرىگە ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان شەيئىلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى خالىسىلا، ئۇنى بىرلەشتۈرۈشكە قادىردۇر. الله دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن قېتىپ كەتكەن دىللارنى بىرلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىللارنىڭ ئىگىلىرى ئۆم ۋە ئىناق بولۇپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە ئەنسارىلارغا قىلغان ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، الله نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، الله سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى﴾[1] شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەنسارىلارغا مۇنداق دېگەن «مەن سىلەرنى گۇمراھ ھالەتتە تاپمىدىممۇ؟ ئاندىن الله سىلەرنى مەن بىلەن ھىدايەت قىلدى، سىلەر چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن بىلەن بىرلەشتۈردى».

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دوستۇڭنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ كەتمە. بەلكىم ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دۈشمىنىڭنى ھەددىدىن ئارتۇق يامان كۆرمە، بەلكىم ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ دوستۇڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن».

﴿**الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى كاپىرلار ئەگەر كۇفرىدىن تەۋبە قىلسا، پەرۋەردىگارى تەرەپكە قايتسا ۋە پەرۋەردىگارىغا بويسۇنسا، الله ئۇلارنىڭ كۇفرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله قانچىلىك گۇناھ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر الله غا تەۋبە قىلغان ھەر قانداق كىشىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنفال 62 — 63 - ئايەتلەر.

www.munber.org

## مۇسۇلمانلار بىلەن دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمىغان كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

**﴿(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اللہ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ﴾** يەنى كاپىرلاردىن ئاياللار ۋە ئاجىزلارغا ئوخشاش سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشمىگەن كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى ۋە ئۇلارغا قارىتا ئادىل بولۇشۇڭلارنى اللہ تائالا توسمايدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، اللہ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾** ئىمام ئەھمەد ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدە تۈزگەن زاماندا ئانام مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇ مۇشرىك ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اللہنىڭ پەيغەمبىرى! ئانام يېنىمغا كەلدى، ئۇ موھتاجەدەك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سىلە - رەھىم قىلسام بولامدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئانىڭىزغا سىلە - رەھىم قىلىڭ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرنىڭ قىزى ئەسمانىڭ قېشىغا ئەسمانىڭ ئانىسى قەتىيلە قۇرت، ماي قاتارلىق ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ مۇشرىك ئىدى. ئەسما ئانىسىنىڭ بۇ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمىدى، ھەم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە رۇخسەتمۇ قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. ئاندىن اللہ تائالا **﴿(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اللہ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، اللہ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانى ئانىسىنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشقا بۇيرىدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، اللہ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە ھۇجۇراتتا بايان قىلىندى. ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالا - چاقىلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلىرى ھەققىدىكى ھۆكمىدە ئادىللىق قىلغانلار قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ يېنىدىكى، مۇنبەلەر (نۇردىن بولغان) ئۈستىدە بولىدۇ».

## مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشتىن توسۇش توغرىسىدا

**﴿اللہ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ﴾** يەنى اللہ تائالا سىلەرنى پەقەت سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان، سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەن ئەنە شۇ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك اللہ سىلەرنى ئەنە شۇ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن توسۇپ، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇشۇڭلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾** اللہ تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېگەن: **﴿ئى مۆمىنلەر!**

www.munber.org

يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، اللہ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا جَآءَكُمُ ٱلْمُؤْمِنَـٰتُ مُهَـٰجِرَٰتٍ فَٱمْتَحِنُوهُنَّ ۖ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِإِيمَـٰنِهِنَّ ۖ فَإِنْ عَلِمْتُمُوهُنَّ مُؤْمِنَـٰتٍ فَلَا تَرْجِعُوهُنَّ إِلَى ٱلْكُفَّارِ ۖ لَا هُنَّ حِلٌّ لَّهُمْ وَلَا هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ ۖ وَءَاتُوهُم مَّآ أَنفَقُواْ ۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ أَن تَنكِحُوهُنَّ إِذَآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ ۚ وَلَا تُمْسِكُواْ بِعِصَمِ ٱلْكَوَافِرِ وَسْـَٔلُواْ مَآ أَنفَقْتُمْ وَلْيَسْـَٔلُواْ مَآ أَنفَقُواْ ۚ ذَٰلِكُمْ حُكْمُ ٱللَّهِ ۖ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾
وَإِن فَاتَكُمْ شَىْءٌ مِّنْ أَزْوَٰجِكُمْ إِلَى ٱلْكُفَّارِ فَعَاقَبْتُمْ فَـَٔاتُواْ ٱلَّذِينَ ذَهَبَتْ أَزْوَٰجُهُم مِّثْلَ مَآ أَنفَقُواْ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾

***ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى اللہ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كاپىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، اللہ نىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. اللہ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، اللہ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[10]. ئەگەر سىلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىڭلار كاپىرلارغا كىرىپ كەتسە، (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇشۇپ غەنىمەت ئالغان ۋاقتىڭلاردا، ئاياللىرى كاپىرلارغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىمەتتىن) ئۇلارنىڭ بەرگەن مەھرىنىڭ مىقدارىنى بېرىڭلار (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى كۇففارلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، سىلەر كۇففارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان غەنىمەت مالدىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە مەھرى مىقدارى مال بېرىڭلار)، سىلەر ئۆزەڭلار ئىشەنگەن اللہ دىن قورقۇڭلار﴾[11].***

## ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان ئاياللارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ھەققىدىكى خۇسۇسىي ھۆكۈم توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرى ئارىسىدا تۈزۈلگەن ھۇدەيبىيە سۇلھىسى ھەققىدە سۈرە فەتھتە توختىلىپ ئۆتتۇلدى. ئۇ سۇلھىدە كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىز تەرەپتىن بىرەر كىشى سەن تەرەپكە كەلسە، گەرچە ئۇ سېنىڭ دىنىڭدا بولسىمۇ ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن، يەنە بىر رىۋايەتتە، بىز تەرەپتىن سەن تەرەپكە بىر ئادەم كەلسە، گەرچە ئۇ سېنىڭ دىنىڭدا بولسىمۇ ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن، دەپ شەرت قويغان ئىدى. مانا بۇ ئۇرۋە، زەھھاك، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد، زۇھرى،

---

[1] سۈرە مائىدە 51 ـ ئايەت

www.munber.org

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە سۇددى قاتارلىقلارنىڭ سۆزىدۇر. بۇ رىۋايەتكە ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ھۆكمىنى خاسلاشتۇرىدۇ. مانا بۇ، بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەت شۇ سۈلھىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، غالىب ۋە بۈيۈك اللہ مۆمىن بەندىلىرىنى ئەگەر ئۇلارغا مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈشنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۆمىن ئاياللار ئىكەنلىكى ئېنىق بولسا، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىكنى بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاياللار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ھىجرەت ۋاقتىدا ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئەيتنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇم ھىجرەت قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئەمما ۋە ۋەلىد ئىسىملىك ئانا تەرەپتىن بولغان ئىككى تاغىسى مەككىدىن چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۇ ئايالنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ ئىككىسى ئۇ ئايالنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى بۇ ئەھدىنىڭ ئاياللارغا ئائىت قىسمىنى بىكار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىشتىن توستى ۋە سىناپ بېقىشقا ئائىت ئايىتىنى نازىل قىلدى.

ئەۋفي ئىبنى ئابباسنىڭ: اللہ تائالانىڭ ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى سىناپ بېقىش ئۇلارنى "اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر مۇھەممەد اللہ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر" دەپ گۇۋاھلىق ئېيتقۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇجاھىد: ﴿**ئۇلارنىڭ سىناپ كۆرۈڭلار**﴾ دېگەنلىك ئۇلاردىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتماستىن ئەرلىرىدىن رەنجىپ ياكى ئاغرىنىپ ۋە ياكى باشقا بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن كەلگەن بولسا، ئۇلارنى ئەرلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار**﴾ بۇ ئايەت بىر ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سىناپ بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇشرىك ئەرلەرگە، مۇشرىك ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلەرگە ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس**﴾ بۇ ئايەت مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇشرىك ئەرلەرگە ھارام قىلدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مۇشرىكنىڭ مۆمىن ئايالنى ئېلىشى دۇرۇس ئىدى. شۇڭا ئەبۇئاس ئىبنى رەبئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئالدى، زەينەپ ئۇ چاغدا مۇسۇلمان ئىدى. ئېرى بولسا قەۋمىنىڭ شېرىك دىنىدا ئىدى.

ئەبۇئاس بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەر قاتارىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى زەينەپ ئانىسى خەدىچەدىن قالغان بۇلاپكىسىنى ئېرى ئۈچۈن فىدىيە قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلاپكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى ۋە مۇسۇلمانلارغا: «ئەگەر زەينەپنىڭ ئەسىرىنى قويۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرسەڭلار، قويۇپ بېرىڭلار» دېدى. مۇسۇلمانلار

www.munber.org

ئەبۇئاسنى قويۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىزى زەينەپنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويۇپ بەردى. ئەبۇئاسمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ زەينەپنى زەيد ئىبنى ھارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يەنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بەردى. بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن زەينەپ مەدىنىدە تۇردى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرى مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنى يېڭىدىن مېھرى ھەققى بەلگىلىمەستىن ئېرىگە بۇرۇنقى نىكاھى بىلەن قايتۇرۇپ بەردى.

﴿**كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە، زۆھرى ۋە بىر قانچە كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئايالларنىڭ مۇشرىك ئەرلىرىگە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار.

﴿**ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىددىتى تۈگەش، (ۋەلىيسى ـ ئىگە بولغۇچى كىشى) بولۇش شەرتلىرىنى ۋە باشقا شەرتلەرنى ئورۇندىغان ئاساستا مەھرىلىرىنى بېرىپ ئەمرىڭلارغا ئالساڭلار بولىدۇ.

﴿**كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار**﴾ بۇ ئايەت بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك الله مۆمىن بەندىلىرىگە مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىشنى ۋە ئۇلارنى نىكاھىدا ساقلاشنى ھارام قىلدى.

ئىمام بۇخارى مىسۋەر ۋە مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ھۇدەيبىيەدە سۈلھى تۈزگەن چاغدا ئۇنىڭغا مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك الله ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر شۇ كۈنىلا ئىككى كاپىر ئايالىنى تالاق قىلىۋەتتى. كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان، يەنە بىرىنى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە نىكاھىغا ئالدى (ئۇ چاغدا ئۇ ئىككىسى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى).

ئىبنى سەۋر مەئمەردىن زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار بىلەن مۇشرىكلار تەرىپىدىن مۇسۇلمانلار تەرەپكە كەلگەن ئادەمنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزگەن چاغدا، مۇسۇلمان ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇلار توغرىسىدا بۇ ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىدى. الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىنى ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. مۇشرىكلارغىمۇ شۇنداق ھۆكۈم قىلدى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى مۇرتەد بولۇپ مۇشرىكلار تەرەپكە كەتسە، ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا ئىلگىرى بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار**﴾.

﴿**ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كاپىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن**﴾ يەنى ئەگەر ئاياللىرىڭلار مۇرتەد بولۇپ كاپىرلار

تەرەپكە كەتسە ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كاپىرلارمۇ مۇسۇلمانلار تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارغا بەرگەن مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن.

﴿**اللە نىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. اللە ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ مۇشرىكلار بىلەن سۈلھى قىلىشىڭلار، ئاياللارنىڭ بۇ سۈلھىنىڭ سىرتىدا بولۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ ھۆكمىدۇر، اللە ئىنسانلار ئارىسىدا ئەنە شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

﴿**اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللە بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر ۋە ئۇ نەرسە ئۈستىدە ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر.

﴿**ئەگەر سىلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىڭلار كاپىرلارغا كىرىپ كەتسە، (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇشۇپ غەنىمەت ئالغان ۋاقتىڭلاردا، ئاياللىرى كاپىرلارغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىمەتتىن) ئۇلارنىڭ بەرگەن مەھرىنىڭ مىقدارىنى بېرىڭلار (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى كۇففارلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، سىلەر كۇففارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان غەنىمەت مالدىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە مەھرى مىقدارى مال بېرىڭلار)**﴾ مۇجاھىد ۋە قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھۆكۈم مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھى تۈزمىگەن كاپىرلار ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى كاپىرلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە. ئاندىن ئۇلار تەرەپتىن بىرىنىڭ ئايالى قېچىپ مۇسۇلمانلار تەرەپكە كەلسە، ئۇلار مۇسۇلمانلار تەرەپتىن كاپىرلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئېرىگە ئۇ ئايالغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بەرمىگىچە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى تەرەپكە كەلگەن ئايالنىڭ كاپىر ئېرىگە ئۇ ئايالغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

ئىبنى جەرىر زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىنلەر اللە نىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ، اللە بۇيرۇغان بويىچە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ مۇشرىك ئەرلىرىگە ئاشۇ مۇشرىك ئەرلەرنىڭ ئىلگىرى ئۇ ئاياللىرىغا بەرگەن مەھرىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئەكسىچە مۇشرىكلار بولسا، اللە نىڭ ھۆكمىنى ئېتىراپ قىلماي ئۈستىلىرىگە يۈكلەنگىنى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار تەرىپىگە قېچىپ كەتكەن ئاياللىرىغا ئۇلارنىڭ بۇرۇن ئۇ ئاياللارغا بەرگەن مەھرىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا مۆمىنلەرگە مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر سىلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىڭلار كاپىرلارغا كىرىپ كەتسە، (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇشۇپ غەنىمەت ئالغان ۋاقتىڭلاردا، ئاياللىرى كاپىرلارغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىمەتتىن) ئۇلارنىڭ بەرگەن مەھرىنىڭ مىقدارىنى بېرىڭلار (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى كۇففارلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، سىلەر كۇففارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان غەنىمەت مالدىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە مەھرى مىقدارى مال بېرىڭلار)، سىلەر ئۆزەڭلار ئىشەنگەن اللە دىن قورقۇڭلار**﴾ بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلار اللە نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي مۇرتەد بولۇپ، ئۆزلىرى تەرەپكە كەلگەن ئايالنىڭ ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مېھىر ھەققىنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار تەرەپتىن مۇسۇلمانلار تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئايالنىڭ مۇشرىك ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك ھەققىنى ئايالى مۇرتەد بولۇپ مۇشرىكلار تەرەپكە كەتكەن ئەرگە بېرىپ، ئاشقان قىسمىسى ئاندىن ئۇ مۇشرىك ئەرگە بەرگەن.

* * * * * * *

www.munber.org

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا جَآءَكَ ٱلْمُؤْمِنَـٰتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَىٰٓ أَن لَّا يُشْرِكْنَ بِٱللَّهِ شَيْـًٔا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَـٰدَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَـٰنٍ يَفْتَرِينَهُۥ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِى مَعْرُوفٍ ۙ فَبَايِعْهُنَّ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُنَّ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾

***ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، اللّٰه غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نۇمۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن اللّٰه دىن مەغپىرەت تىلىگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿12﴾.***

## ئاياللار بەيئەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئۇرۋەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللارنى ﴿**ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، اللّٰه غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نۇمۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن اللّٰه دىن مەغپىرەت تىلىگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ دېگەن ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە سىنايتتى.

ئىمام بۇخارى ئۇرۋەدىن ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مۆمىن ئاياللاردىن كىم بۇ شەرتلەرگە قوشۇلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سۆز ئارقىلىقلا: «مەن سىزگە بەيئەت قىلدىم» دەيتتى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيئەت جەريانىدا بىرمۇ خوتۇن كىشىنىڭ قولىنى تۇتمىدى. ئۇ پەقەت ئاياللارغا: «مەن سىزگە ئەنە شۇ شەرتلەر ئاساسىدا بەيئەت قىلدىم» دېيىش بىلەنلا بەيئەت قىلاتتى.

ئىمام ئەھمەد ئۇمەييە بىنتى رۇقەيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاياللار ئىچىدە ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بويىچە بەيئەت ئالدى ۋە: «كۈچۈڭلارنىڭ ۋە تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلىڭلار» دېدى. بىز اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئەڭ مېھرىباندۇر، دېدۇق. ئاندىن يەنە ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بىلەن قول ئېلىشىپ بەيئەت قىلمامسەن؟ دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشمايمەن. مېنىڭ بىر ئايالغا قىلغان سۆزۈم 100 ئايالغا قىلغان سۆزۈم بىلەن ئوخشاشتۇر» دېدى، بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى ئۇممۇئەتىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدۇق، ئۇ بىزگە ﴿**اللّٰه غا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى ۋە بىزنى ئۆن سىلىپ يىغلاشتىن تۇستى. بىر ئايال قولىنى يىغىۋېلىپ: پالانى بىرى ماڭا يىغلىشىپ بەرگەن ئىدى. مەن ئۇ ئايالنىڭ بۇ ھەققىنى قايتۇرماقچىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا ھېچنەرسە دېمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلدى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىماك مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئۇ بادە ئىبنى سامىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ: «سىلەر ماڭا اللّٰه غا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە بەيئەت قىلىڭلار» دېدى ۋە ئاياللاردىن ۋەدە ئالغانلىقى ھەققىدىكى ﴿**مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى، ئاندىن: «سىلەردىن كىمكى بۇ شەرتلەرگە ۋاپا قىلسا ئۇنىڭ ئەجرىنى اللّٰه بېرىدۇ. كىمكى بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ، بۇ جازا ئۇنىڭ جىنايىتىگە كەففارەت بولىدۇ. كىمكى بۇ ئىشتىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئاندىن اللّٰه ئۇنىڭ بۇ جىنايىتىنى يوشۇرسا، ئۇنىڭ ھېسابى اللّٰه غادۇر. ئەگەر اللّٰه خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ**﴾ يەنى مۆمىن ئاياللاردىن كىمكى سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ بۇ شەرتلەر ئاساسىدا ساڭا بەيئەت قىلسا، سەنمۇ ئۇلارنىڭغا بەيئەت قىلغىن.

﴿**اللّٰه غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا**﴾ بۇ ئايەتتىن يات كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى ئايالىغا نەپىقىسىنى يېتەرلىك بەرمىسە ئايالى ئۇنىڭ مېلىدىن ئىسراپ قىلمىغان ئاساستا، شۇ جەمئىيەتتىكى نورمال ئاياللىڭ تۇرمۇشىغا قاراپ يېتەرلىك ئېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئۇ ئاياللىڭ ئېرى بۇ ئىشنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئوغرىلىق گۇناھىغا كىرمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندىنىڭ ھەدىسىدۇر، ھىندى: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئەبۇسۇفيان ھەقىقەتەن ناھايىتى بېخىل ئادەم. ئۇ ماڭا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ۋە ئوغلۇمنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك نەپىقە بەرمەيدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭغا بىلىندۈرمەي ئۇنىڭ مېلىدىن ئېلىۋالسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ مېلىدىن سىزگە ۋە ئوغلىڭىزغا يەتكۈدەك ئېلىپ، ئىسراپ قىلماي ئىشلىتىڭ» دېدى.

﴿**زىنا قىلماسلىققا**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[1] ئىمام ئەھمەد سۇمرەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە زىناخورلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇتبەنىڭ قىزى پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالدىن ﴿**اللّٰه غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا...**﴾ دېگەن ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە بەيئەت ئالدى. ئۇ ئايال بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بەزى ئىشلاردىن خىجىل بولۇپ قولىنى بېشىغا قويۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئاياللىڭ بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. شۇنىڭ

[1] سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت.

www.munber.org

بىلەن ئائىشە ئۇ ئايالغا: ئى ھەمشىرەم! ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە بەيئەت قىلىڭ، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ شۇ شەرتلەرگە ئاساسەن بەيئەت قىلدۇق، دېدى. ئاندىن ئۇ ئايال: ئۇنداق بولسا بولىدۇ، بەيئەت قىلاي، دېدى ۋە ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە بەيئەت قىلدى.

﴿**بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە**﴾بۇ ئايەت بالا تۆرەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇنداقلا ئۇلار قورساقتىكى بالىلىرىنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتەتتى. بەزى نادان ئاياللار يامان ئىشنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بۇزۇق نىيەتنى كۆزلەپ ئېگىزدىن پەسكە سەكرەشتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قورسىقىدىكى بالىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى.

﴿**باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا**﴾ يەنى سەن توسقان يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا بەيئەت قىلسا، يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا بۇ ئايەتتىكى شەرتلەرنى ئاياللارغا شەرت قىلىپ بېكىتتى. مەيمۇن ئىبنى مەھرام مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى بېكىتتى، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئىتائەت ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا ئىنسانلارنى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر بولسا اللە نىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە قىلىنىشى ئۈچۈن تاللىغان كىشىدۇر.

ئىبنى جەرىر ئۇممۇ ئەتىيە ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان چاغدا ئۇ بىزگە بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنىڭ بىرى بىز ئاياللارنىڭ ئۆلۈك سىلىپ يىغلىماسلىقى ئىدى. مەلۇم بىر قەبىلىدىن بىر ئايال: پالانى قەبىلىدىكىلەر ماڭا يىغلىشىپ بەرگەن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغىچە بەيئەت قىلمايمەن، دېدى. ئاندىن ئۇ ئايال ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا يىغلىشىپ بەردى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى.

ئىمام ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇسەيد ئىبنى ئەبۇئۇسەيدتىن بەيئەت قىلغۇچى ئاياللارنىڭ بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بەيئەت قىلغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتماسلىققا، يۈزنى تاتىلىماسلىققا، چاچلىرىمىزنى يۇلماسلىققا، ياقا يىرتىپ يىغلىماسلىققا ۋە قاغاپ دۇئا قىلماسلىققا ۋەدە ئالدى.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَوَلَّوۡاْ قَوۡمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ قَدۡ يَئِسُواْ مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِ كَمَا يَئِسَ ٱلۡكُفَّارُ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡقُبُورِ ﴿١٣﴾

***ئى مۆمىنلەر! اللە غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ (ساۋابىدىن) قەبرىلىرىدە ياتقان كۇففارلار ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك ھەقىقەتەن ئۈمىدىنى ئۈزدى﴿13﴾.***

بۇيۈك ۋە يۈكسەك اللە بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن توسقىنىدەك، بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! اللە غەزەپ قىلغان قەۋمنى**

**دوست تۇتماڭلار**﴾ يەنى يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە باشقا اللہ غەزەپ قىلغان، ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىغان اللہ نىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغان كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار غالىب ۋە بۈيۈك اللہ نىڭ ھۆكمىدە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىدىن ۋە نازۇ ـ نېمەتلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن تۇرسا، سىلەر ئۇلارنى قانداقمۇ دوست تۇتۇسىلەر؟!

﴿**قەبرىلىرىدە ياتقان كۇففارلار ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. ئۇنىڭ بىرى: تىرىك ياشاۋاتقان كاپىرلار قەبرىلەردە ياتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەرگە جەم بولۇشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك دېگەندىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئۇلار قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئۈمىد ئۆزگەندىن كېيىن تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆلگەن تۇغقانلىرىدىن ئۈمىدى تامامەن ئۈزۈلدى. ئىككىنچى قاراش: قەبرىلىرىدە ياتقان كاپىرلار ھەممە ياخشىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك، دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئەئمەش مەسرۇقتىن ئىبنى مەسئۇتنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كاپىر ئۆلگەندە ۋە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ساۋابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان چاغدا ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك، ھەقىقەتەن ئۈمىدىنى ئۈزدى. مۇجاھىد ئىكرىمە، مۇقاتىل، ئىبنى زەيد، كەلبى ۋە مەنسۇر قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش تەپسىر قىلدى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشنى قوللىدى.

اللہ غا شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇمتەھىنەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەدىنىدە نازىل بولغان — سۈرە سەف — 14 ئايەت

### سۈرە سەفنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۆزئارا بىر - بىرىمىزدىن بىزدىن: كىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن قايسى ئەمەلنىڭ اللّٰه غا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى سوراپ كېلىدۇ؟ دېيىشتۇق. لېكىن ئىچىمىزدىن ھېچ كىم ئورنىدىن تۇرمىدى. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا بىر ئادەمنى ئەۋەتتى، ئاندىن بىزنى يىغىپ بىزگە بۇ سۈرىنى يەنى سۈرە سەفنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بەردى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَ
تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ﴿٢﴾ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفْعَلُونَ ﴿٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ
ٱلَّذِينَ يُقَـٰتِلُونَ فِي سَبِيلِهِۦ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَـٰنٌ مَّرْصُوصٌ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) اللّٰه غا تەسبىھ ئېيتتى، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿1﴾. ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟)﴿2﴾. سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴿3﴾. شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴿4﴾.***

### قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېگۈچىلەرنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

**﴿ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) اللّٰه غا تەسبىھ ئېيتتى، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**

www.munber.org

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى يۇقىرىدا بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. شۇڭا بۇ يەردە ئۇنى قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىزدۇر.

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟)﴾ بۇ ئايەت بىرەر ئىشنى ياكى بىرەر سۆزنى ۋەدە قىلىپ ئاندىن ئۇنىڭغا ۋاپا قىلمىغان كىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ، شۇڭا ۋەدە قىلىنغان ئىش مەيلى زىيانلىق بولسۇن ياكى زىيانلىق بولمىسۇن، ۋەدىگە قەتئىي ۋاپا قىلىش ۋاجىپتۇر دېگەن قاراشتىكى سەلەپ ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا بۇ ئايەت كەرىمنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار بۇ قاراشقا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى پاكىت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر، ئەگەر ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆت ئىش بار، كىمدە ئۇ تۆت ئىش تېپىلسا، ئۇ خالىس مۇناپىق بولىدۇ، كىمدە ئۇ تۆت ئىشنىڭ بىرى تېپىلسا، ئۇ كىشى ھەتتا شۇ ئىشنى تاشلىمىغۇچىلىك ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بولىدۇ». شۇ تۆت ئىشنىڭ بىرى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. الله تائالا شۇڭا بۇ خىل كىشىلەرنى ئەيىبلەشنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. مەن ئۇ چاغدا كىچىك بالا ئىدىم. مەن ئوينىغاش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدىم، ئانام، ئى ئابدۇللاھ! بۇياققا كەل! مەن ساڭا ئوبدان بىر نەرسە بېرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا: «ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچىسىز؟» دېدى. ئانام : خورما بەرمەكچىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىز ئوغلىڭىزغا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر يالغان سۆز قىلغانلىق گۇناھى يېزىلىدۇ» دېدى.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر الله غا ئەڭ سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان ئەمەللەرنى بىلسەك ئىدۇق، ئۇنى ئەلۋەتتە قىلاتتۇق، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ﴿شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۇشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴾ دېدى. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەلنى مۆمىنلەرگە بايان قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار ئۇھۇد ئۇرۇشىدا جىھاد بىلەن سىنالدى. جىھاد مەيدانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ ئارقىلىرىغا قاراپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ھەقتە ﴿ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ، سىلەرنىڭ مۇرتەد بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى ۋە ئېچىڭلاردىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان كىشى مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلغان كىشىدۇر، دېدى.

بەزىلەر بۇ ئايەتنى جىھاد ھەققىدە نازىل بولغان دەيدۇ. چۈنكى، ئادەملەر جىھاد قىلدىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جىھاد قىلمىغان. بىرسىگە نەيزە تىقتىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچكىمگە نەيزە تىقمىغان. دۈشمەننى چاپتىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىرمۇ دۈشمەننى چاپمىغان چىداملىق بىلەن ئۇرۇش قىلدىم دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇرۇشقا چىداملىق بولمىغان ئادەملەردۇر.

www.munber.org

قەتادە ۋە زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بىز دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈردۇق، ئۇلارنى چاپتۇق، ئۇلارغا نەيزە تىقتۇق ۋە قالتىس ئىشلارنى قىلدۇق دېگەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىشلاردىن ھېچبىرىنى قىلمىغان ئادەملەرنى ئەيىبلەپ نازىل بولدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير اللە تائالا نىڭ ﴿**شۈبھىسىزكى، اللە ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا مۆمىنلەرنى بىر - بىرىگە يېقىن قىلىپ سەپكە تىزاتتى. اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە جەڭ مەيدانىدا قانداق سەپ تۈزۈشنى ئۆگىتىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ لِمَ تُؤۡذُونَنِي وَقَد تَّعۡلَمُونَ أَنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡۖ فَلَمَّا
زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ٥ وَإِذۡ قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ يَٰبَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُم مُّصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَمُبَشِّرَۢا بِرَسُولٖ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِي
ٱسۡمُهُۥٓ أَحۡمَدُۖ فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ٦

*ئۆز ۋاقتىدا مۇسا قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ اللە نىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ سىلەر ماڭا نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟» دېدى، ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اللە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، اللە پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[5]. ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى[6].*

## مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ ئۆزىگە ئازار بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشى ۋە اللە نىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە سۆھبەتدىشى مۇسا ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىدۇ، مۇسا قەۋمىگە: ﴿**مېنىڭ اللە نىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ سىلەر ماڭا نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟**﴾ دېدى. يەنى سىلەر مېنىڭ سىلەرگە پەيغەمبەرلىكنى ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى، مېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا ئازار يەتكۈزۈسىلەر؟ بۇ ئايەتتە اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆز قەۋمىدىن ۋە باشقا قەۋملەردىن بولغان كاپىرلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەر ئۈچۈن تەسەللىي بېرىدۇ ۋە ئۇنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە نىڭ رەھمىتى مۇساغا بولسۇن، مۇسا ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىدى ۋە سەۋر قىلدى».

www.munber.org

مەزكۇر ئايەت مۆمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ياكى ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن توسىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، اﷲ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى﴾[1].

﴿**ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى**﴾ يەنى ئۇلار ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى. ھەمدە ئۇلارنىڭ دىللىرىغا شەك، ئىككىلىنىش ۋە گۇمانخورلۇقنى سېلىۋەتتى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[2] ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[3] شۇڭا اﷲ تائالا (تەپسىر بولۇۋاتقان) بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اﷲ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾.

## ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەھمەد دېگەن ئىسمى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اﷲ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى**﴾ يەنى تەۋرات مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەردى، مەن شۇ خەۋەرگە ئۇيغۇن ھالدا پەيغەمبەر بولۇپ كەلدىم. مەن مەندىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن. ئۇ پەيغەمبەر مەككىدىن چىقىدىغان، ئۇممى، ئەرەب پەيغەمبەر بولۇپ ئىسمى ئەھمەدتۇر.

ئىسا ئەلەيهىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ جامائىتى ئىچىدە تۇرۇپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىيامەتكىچە ھېچ بىر پەيغەمبەرنىڭ كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەردى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نۇرغۇن ئىسىملىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مېنىڭ ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىسىملىرىم بار، مەن ”مۇھەممەد“ دەپ ئاتىلىمەن، ”ئەھمەد“ دەپ ئاتىلىمەن، ”ماھي“ (ئۆچۈرگۈچى) دەپ ئاتىلىمەن، اﷲ مەن بىلەن كۇفرىنى ئۆچۈرىدۇ، مەن ”ھاشىر“ (يىغقۇچى) دەپ ئاتىلىمەن، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار مېنىڭ ئالدىمغا يىغىلىدۇ. مەن ”ئاقىب“ (ئەڭ ئاخىرى) دەپمۇ ئاتىلىمەن» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 69 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 110 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 115 ـ ئايەت.

www.munber.org

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق خالد ئىبنى مەئداندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۆزەڭ ھەققىدە بىزگە سۆزلەپ بەرگىن دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم دۇئا قىلغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئانام ماڭا ھامىلدار بولغان چاغدا، چۈشىدە ئۆزىدىن شام زېمىنىدىكى بۇسرا شەھىرىنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتۇۋەتكىدەك دەرىجىدە بىر نۇرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى مەن الله نىڭ دەرگاھىدا مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ بېكىتىلگەن چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالام تېخى شەكىللەنمىگەن لاي ھالىتىدە ئىدى. مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلىكىمنىڭ دەسلەپكى خۇش بېشارەتلىرىنى دەپ بېرەي. مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم دۇئا قىلغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن، ئانام مېنىڭ ھەققىمدە چۈش كۆرگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئانىلىرى ئەنە شۇنداق مۆجىزە خاراكتېرلىك چۈشلەرنى كۆرىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ بېشارىتىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم دۇئا قىلغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئانام چۈشىدە ئۆزىدىن شام قەسىرلىرىنى يورۇتۇۋەتكىدەك دەرىجىدە بىر نۇرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن».

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى پادىشاھ نەجاشىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. بىز 80 گە يېقىن ئادەم ئىدۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزدە مەن، جەئفەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرىتە، ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن، ئەبۇمۇسا قاتارلىقلار ئىدۇق. بىز نەجاشىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردۇق. قۇرەيشلەر بىزنىڭ ئىزىمىزدىن ئەمرى ئىبنى ئاس بىلەن ئەمارە ئىبنى ۋەلىدنى نۇرغۇن سوغا - سالاملار بىلەن ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىككى ئادەم نەجاشىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. ئاندىن بىرى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنە بىرى سول تەرىپىگە ئۆتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ تاغىمىزنىڭ بالىلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر سېنىڭ زېمىنىڭغا چۈشتى. ئۇلار بىزنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەردۇر، دېدى. نەجاشى: ئۇلار قەيەردە؟ دېدى. ئۇ ئىككى ئادەم ئۇلار سېنىڭ زېمىنىڭدا ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلگىن، دېدى. نەجاشى ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى. جەففەر قېرىنداشلىرىغا: بۈگۈن مەن سىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلغۇچىمەن، دېدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. جەففەر نەجاشىغا سالام بەردى. لېكىن، سەجدە قىلمىدى. پادىشاھنىڭ يېنىدىكىلەر جەففەرگە: سەن نېمىشقا پادىشاھقا سەجدە قىلمايسەن؟ دېدى. جەئفەر: بىز پەقەت غالىب ۋە بۈيۈك الله غىلا سەجدە قىلىمىز، دېدى. نەجاشى: بۇ قانداق گەپ؟ دېدى. جەئفەر شەك - شۈبھىسىزكى، الله بىزگە ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتتى. الله نىڭ ئەلچىسى بىزنى غالىب ۋە بۈيۈك الله دىن باشقا ھېچ قانداق ئادەمگە سەجدە قىلماسلىققا بۇيرىدى ۋە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇدى، دېدى.

ئەمرى ئىبنى ئاس نەجاشىغا: ئۇلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ساڭا قارشى سۆز قىلىدۇ، دېدى. نەجاشى مۇسۇلمانلارغا قاراپ: مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم

www.munber.org

ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ دېدى. جەئفەر: غالىب ۋە بۈيۈك اللە نېمە دېگەن بولسا شۇنى دېدۇق، ئىسا اللە نىڭ كەلىمىسىدۇر، يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىز اللە نىڭ "ۋۇجۇتقا كەل" دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر ۋە اللە تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر. اللە ئۇ روھنى ئۆزىنى اللە ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، ئەركەك ئىنسان ئەۋلادى يېقىنلاشمىغان، ئالدىدىن بىرەر ئوغۇل بالا توغرا ئۆتۈپ باقمىغان، پاك قىز مەريەمگە تاشلىدى، دېدى. نەجاشى يەردىن بىر تال تاياقنى ئېلىپ ئاندىن: ئى ھەبەشستانلىقلار! ئى ۋەز ئېيتقۇچىلار ۋە ئۆزىنى ئىبادەتكە بېغىشلىغۇچىلار! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ مۇسۇلمانلار بىز دەۋاتقان نەرسىگە مۇشۇنچىلىك نەرسىنى قوشمايدىكەن، دېدى. ئاندىن ئۇ مۇسۇلمانلارغا قاراپ تۇرۇپ: قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلارنى قارشى ئالىمىز، سىلەر قالدۇرۇپ كەلگەن كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىننەتدارلىقىمىزنى يوللايمىز. مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇ اللە نىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىنجىلدا سۈپەتلەنگەنلىكىنى بىلىمىز، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن، سىلەر خالىغان جايغا يەرلىشىڭلار. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۈستۈمدە پادىشاھلىق ۋەزىپىسى بولمىسا ئىدى. مەن ئۇ پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا ئەلۋەتتە باراتتىم ـ دە، ئۇنىڭ ئايىغىنى كۆتۈرۈپ خىزمىتىنى قىلاتتىم ۋە تاھارىتىگە سۇ بېرەتتىم، دېدى. ئاندىن ھېلىقى قۇرەيشلىك ئىككى ئادەمنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرى قايتۇرۇپ بېرىلدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ھەبەشستاندىن قايتىپ بەدرى ئۇرۇشىغا ئۈلگۈرۈپ مەدىنىگە باردى. ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەجاشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغان.

﴿ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾ ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ. كەلگۈسىدە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىلگەن، ئىلگىرىكى زامانلاردا تىلغا داستان بولغان "ئەھمەد" ئىسىملىك پەيغەمبەر يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، كاپىرلار ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار ﴿«بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾.

* * * * * * *

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ وَهُوَ يُدْعَىٰٓ إِلَى ٱلْإِسْلَٰمِ ۚ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧﴾ يُرِيدُونَ لِيُطْفِـُٔوا۟ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَٱللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٨﴾ هُوَ
ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٩﴾

*ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىۋېتىپ، اللە غا يالغاننى (يەنى اللە نىڭ شېرىكى بار، بالىسى بار دېگەندەك سۆزلەرنى) چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ اللە زالىم (يەنى كاپىر) قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[7]. ئۇلار اللە نىڭ نۇرىنى (يەنى اللە نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر)[8]. مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ھەق دىنىنى*

www.munber.org

*بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى*﴿9﴾.

## ئەڭ زالىم ئىنساننىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئىسلام نۇرىنىڭ مۇكەممەل قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن خۇش خەۋەر توغرىسىدا

**﴿ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىۋېتىپ، اللە غا يالغاننى (يەنى اللە نىڭ شېرىكى بار، بالىسى بار دېگەندەك سۆزلەرنى) چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟﴾** يەنى اللە غا يالغاننى چاپلىغان، اللە نىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ۋە ئىخلاسمەن بولۇشقا چاقىرىلىپ تۇرۇپ اللە غا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈرگەن كىشىدىن زالىم ئادەم يوق. **﴿اللە زالىم (يەنى كاپىر) قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۇلار اللە نىڭ نۇرىنى (يەنى اللە نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ھەقنى باتىل بىلەن يوقىتىشقا ئورۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ مىسالى كۈن نۇرىنى ئېتەك بىلەن ياپماقچى بولغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. كۈننىڭ نۇرىنى ئېتەك بىلەن يېپىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ھەقنى باتىل بىلەن ئۆچۈرۈشمۇ ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ **﴿كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر). مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ھەق دىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى﴾** بۇ ئىككى ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە تەۋبىدىكى بۇ ئايەتكە مەزمۇنداش ئايەتنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ تِجَـٰرَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿١٠﴾ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ
وَتُجَـٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١١﴾ يَغْفِرْ لَكُمْ
ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ وَمَسَـٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّـٰتِ عَدْنٍ ۚ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ
ٱلْعَظِيمُ ﴿١٢﴾ وَأُخْرَىٰ تُحِبُّونَهَا ۖ نَصْرٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٣﴾

*ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟*﴿10﴾. *اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللە نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر*﴿11﴾. *(شۇنداق قىلساڭلار) اللە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر*﴿12﴾. *سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت اللە دىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن*﴿13﴾.

www.munber.org

## قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان تىجارەت توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغىنىدەك ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه غا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئەمەلنى سوراپ بىلمەكچى ۋە شۇ ئەمەلنى ئورۇندىماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا بۇ سۈرىنى خۇسۇسەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟**﴾ ئاندىن اللّٰه تائالا ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايدىغان، بەلكى تۇسالغۇلارنى يوقىتىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بۇ كاتتا تىجارەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللّٰه غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللّٰه نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر**﴾ يەنى بۇ تىجارەت سىلەر ئۈچۈن دۇنيانىڭ تىجارىتىدىن، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن ياخشىدۇر.

﴿**(شۇنداق قىلساڭلار) اللّٰه سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ**﴾ يەنى ئەگەر اللّٰه سىلەرگە بۇيرۇغان ۋە كۆرسەتكەن ئىشلارنى قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. سىلەرنى جەننەتلەرگە، ياخشى تۇرالغۇ جايلارغا ۋە ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ، شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾.

﴿**سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت اللّٰه دىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)دۇر**﴾ يەنى مەن سىلەرگە سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەتنى زىيادە ئاتا قىلىمەن. ئەگەر سىلەر اللّٰه يولىدا جىھاد قىلساڭلار ۋە اللّٰه نىڭ دىنى ئۈچۈن ياردەم قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرگە ياردەم بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللّٰه غا (يەنى اللّٰه نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، اللّٰه سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ﴾[1] ﴿كىمكى اللّٰه نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللّٰه ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللّٰه ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2].

﴿**ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى) دۇر**﴾ مانا بۇ اللّٰه غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە بېرىلىدىغان دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى نېمىتىدۇر، بۇ نېمەت ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ، شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە مۇھەممەد 7 - ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُوٓاْ أَنصَارَ ٱللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ لِلۡحَوَارِيِّـۧنَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ قَالَ ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِۖ فَـَٔامَنَت طَّآئِفَةٞ مِّنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَكَفَرَت طَّآئِفَةٞۖ فَأَيَّدۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَىٰ عَدُوِّهِمۡ فَأَصۡبَحُواْ ظَٰهِرِينَ ﴿١٤﴾

***ئى مۆمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۆمىن قەۋم)دەك اللە نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: « (اللە نىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) اللە غا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېدى، ھەۋارىيۇنلار: «بىز اللە نىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دېدى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى، مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىب بولدى***﴿14﴾.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا دىنىنىڭ ياردەمچىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى بارلىق ئەھۋاللىرىدا اللە نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇشقا، سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى، جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن اللە نىڭ دىنىغا ياردەم قىلىشقا، اللە نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشقاندەك ئاۋاز قوشۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەۋارىيۇنلارغا غالىب ۋە بۈيۈك اللە غا دەۋەت قىلىشتا ﴿**اللە غا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟**﴾ دېگەن چاغدا ﴿**ھەۋارىيۇنلار**﴾ يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ﴿**« بىز اللە نىڭ ياردەمچىلىرىمىز » دېدى**﴾ يەنى سېنىڭ دەۋەت قىلىشىڭغا بىز ياردەم قىلىمىز ۋە بۇ يولدا بىز سېنى قوللايمىز، دېيىشتى. شۇڭا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ۋە يۇنانلىقلارغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن شام زېمىنلىرىدا ياشايدىغان كىشىلەرگە ئەۋەتتى.

شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەج مەۋسۇملىرىدە مۇنداق دەيتتى: « پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم بېرىدىغان ئادەم بارمۇ؟ شەك - شۈبھىسىزكى، قۇرەيشلەر مېنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشىمدىن توستى ».

نەتىجىدە غالىب ۋە بۈيۈك اللە مەدىنە ئەھلىدىن ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىشكە مۇيەسسەر قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ۋە ياردەم بەردى. ئۇلار ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرى تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇنى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلاردىن جان پىدالىق بىلەن قوغدايدىغانلىقىنى شەرت ئاساسىدا بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇلار اللە غا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇڭا اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئەنسارلار (يەنى ياردەمچىلەر) دەپ ئاتىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئالاھىدە نامى بولۇپ قالدى. اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلسۇن!

www.munber.org

## ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كاپىر بولغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى**﴾ يەنى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىنى قەۋمىگە تەبلىغ قىلغاندا ھەۋارىيۇنلار ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن دەۋەت بىلەن ھىدايەت تاپتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇمراھ بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن دەۋەتتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئۇنى ۋە ئانىسىنى الله نىڭ دەرگاھىدا ئېغىر گۇناھ بولىدىغان سۆزلەر بىلەن قارىلىدى. ئۇلار يەھۇدىيلاردۇر، ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچىلىك الله نىڭ لەنىتى بولسۇن.

ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇنى الله تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكتىنمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پىرقە ـ پىرقە ۋە گۇرۇھ ـ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: ئۇ ئاتا، ئوغۇل ۋە ئۇلۇغ روھتىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر، دېدى ۋە بەزىلەر: ئۇ الله تائالادۇر، دېدى. بۇ ھەقتە سۈرە نىسادا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

## ئىمان ئېيتقان تائىپىگە الله تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار ـ يۆلەكتە بولدۇق**﴾ يەنى خىرىستىئان گۇرۇھلىرىدىن مۆمىنلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا قارشى مۆمىنلەرگە ياردەم بەردۇق.

﴿**شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىب بولدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئەنە شۇ غەلىبە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى بىلەن تولۇق ئەمەلگە ئاشتى.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: غالىب ۋە بۈيۈك الله ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئىراد قىلغان چاغدا، ئىسا ئەلەيھىسسالام ياردەمچىلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇلار ئۆيدە ئون ئىككى ئادەم ئىدى.

ئۇنىڭ بېشىدىن سۇ تامچىپ تۇراتتى ئۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەردىن ماڭا ئىمان ئېيتىپ بولۇپ ئاندىن ماڭا 12 قېتىم كاپىر بولىدىغانلار بار، دېدى. ئاندىن: سىلەردىن قايسىڭلار مېنىڭ سۈرىتىمگە ئۆزگەرتىلىپ مېنىڭ ئورنىمدا ئۆلتۈرۈلۈشكە، ئاندىن مەرتىۋىدە مەن بىلەن ئوخشاش بولۇشقا رازى بولىدۇ؟ دېدى. ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن ياشتا ئەڭ كىچىك بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ: مەن رازى بولىمەن، دېدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئولتۇرغىن، دېدى. ئاندىن ئۇ ئۇلارغا ھېلىقى سۆزنى يەنە تەكرارلىدى. ھېلىقى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ: مەن رازى بولىمەن، دېدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئولتۇرغىن، دېدى. ئاندىن ھېلىقى سۆزنى قايتا تەكرارلىدى. يەنىلا ھېلىقى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ: مەن رازى بولىمەن، دېدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۇنىڭغا سەن لايىقسەن، دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە ئوخشىتىلدى ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ئۇنى تۇتقىلى كەلگەن يەھۇدىيلار ئۇنىڭ سۈرىتىگە ئوخشىتىلغان ئادەمنى تۇتۇپ چىقىپ، ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلاردىن بەزى كىشىلەر 12 قېتىم كاپىر بولدى. ئۇلار ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: الله خالىغان مۇددەتكىچە بىزنىڭ

www.munber.org

ئارىمىزدا تۇردى، ئاندىن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، دېيىشتى بۇلار يەقۇبىيە پىرقىسىدۇ، يەنە بىر پىرقىسى الله نىڭ ئوغلى بىزنىڭ ئىچىمىزدە الله خالىغان بىر مۇددەتكىچە تۇردى، ئاندىن الله ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دېيىشتى. بۇلار نەستۇرىيە پىرقىسىدۇر، يەنە بىر پىرقىسى: ئىسا الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ئۇ ئىچىمىزدە الله خالىغان مۇددەتكىچە تۇردى. ئاندىن الله ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دېيىشتى. بۇلار مۇسۇلمانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. يەقۇبىيە پىرقىسى بىلەن نەستۇرىيە پىرقىسىدىن ئىبارەت ئىككى كاپىر پىرقە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ. نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى. ئىسلام نۇرى غۇۋا هالدا داۋام قىلدى. هەتتا الله تائالا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكىچە شۇ يوسۇن بويىچە داۋاملاشتى.

﴿ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى﴾ يەنى ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىفە كاپىر بولدى يەنە بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى.

﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار ـ يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىب بولدى﴾ يەنى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىنى كاپىرلارنىڭ دىنى ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈردۇق. بۇ قىسسىنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۈممىتى قىيامەت كەلگىچىلىك داۋاملىق هەق ئۈستىدە ماڭىدۇ، هەتتا ئۇلاردىن ئاخىر زاماندا كېلىدىغان مۆمىنلەر مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيهىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ هەقتە نۇرغۇن سەهىي هەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە سەفنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى هەمدۇسانا ۋە مەدهىيە الله تائالاغا خاستۇر.

www.munber.org

| مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە جۇمۇئە | 11 ئايەت |
|---|---|---|

## سۈرە جۇمۇئەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمۇئە نامىزىدا سۈرە جۇمۇئە بىلەن سۈرە مۇنافىقۇننى ئوقۇيتتى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ ٱلۡمَلِكِ ٱلۡقُدُّوسِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِي بَعَثَ
فِي ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمۡ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبۡلُ
لَفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٢﴾ وَءَاخَرِينَ مِنۡهُمۡ لَمَّا يَلۡحَقُواْ بِهِمۡۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣﴾ ذَٰلِكَ فَضۡلُ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ
مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*اللہ غا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر تەسبىھ ئېيتىدۇ، اللہ پادىشاھىي (مۇتلەقتۇر)، (ھەممە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]. اللہ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ[2]. ھەمدە (پەيغەمبەرنى) تېخى ئۇلارنىڭ زامانىدا بولمىغان (كېيىن كېلىدىغان) ئىككىنچى بىرقەۋمگە (يەنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇسۇلمانلارغا) ئەۋەتتى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى زامانداشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان كىشىلەرگىمۇ ئومۇمىيدۇر)، اللہ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[3]. مانا بۇ اللہ نىڭ پەزىلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، اللہ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر[4].*

www.munber.org

## ھەممە نەرسىنىڭ ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق تىللىق ۋە تىلسىز مەخلۇقاتلارنىڭ ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ﷲ نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ﷲ نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)﴾[1].

﴿ﷲ پادىشاھىي (مۇتلەقتۇر)، (ھەممە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر﴾ يەنى ئۇ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھىدۇر. ئاسمان زېمىننى ئۆز ھۆكۈمى بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر. بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇر،مۇكەممەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر ﴿غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا

**﴿ﷲ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى﴾** ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىيلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ.ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، ﷲ بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىش ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەرگىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن، ئەرەبلەرگە بولغان ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە تىلغا ئالىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇ ئايەتلەردىندۇر.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ﷲ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[3] ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى﴾[4] ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[5] بۇ ھەقتە سۈرە ئەنئامدىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ۋە سەھيي ھەدىسلەردە تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

بۇ ئايەت ﷲ نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ئەھلىگە قىلغان دۇئاسىنى ﷲ نىڭ ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ﷲ غا مەككە ئەھلىدىن ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ پاك ۋە يۈكسەك ﷲ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى ئۈزۈلگەن، توغرا يول خىرەلەشكەن، ئىنسانلار پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ناھايىتى موھتاج بولغان، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام ﷲ نىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن

---

[1] سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەراف 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنئام 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھود 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

توغرا يولغا چىلى يېپىشقان ئازغىنە بىر قىسىم ئەھلى كىتابتىن باشقا يەر - يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا اللە نىڭ غەزىپى تاشقان بىر پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللە تائالاغا جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر خاستۇر.

﴿**اللە ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى)ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ**﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەرەبلەر بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىن ئۇلار ئۇ دىننى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى شېرىك ئەقىدىسىگە، ئىشەنچنى شەك - شۈبھىگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار اللە بۇيرىمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى پەيدا قىلدى. شۇنداقلا ئەھلى كىتابمۇ كىتابلىرىنى ئۆزگەرتتى ۋە مەنىلىرىنى بۇرمىلىدى، شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانلارغا كاتتا ۋە مۇكەممەل، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ دىن بىلەن ئۇلار ھىدايەت تاپىدۇ، بۇ دىندا ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە ۋە ئاخىرەتتە موھتاج بولىدىغان جىمى نەرسىلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ دىن ئۇلارنى جەننەتكە ۋە اللە نىڭ رازىلىقىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىگە چاقىرىدۇ. دوزاختىن ۋە اللە تائالا نىڭ غەزىپىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىدىن توسىدۇ، ھەممىگە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەقىدە ۋە پرىنسىپلاردىكى بارلىق شەك - شۈبھىلەرنى ۋە گۇمانلارنى ئايرىيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىكى پۈتكۈل ياخشىلىقلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچ ئادەمگە ئاتا قىلمىغان نەرسىنى ئاتا قىلغان اللە غا جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە خاستۇر. اللە نىڭ مەرھەمىتى ۋە سالامى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلسۇن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرگىمۇ ۋە ئەرەب بولمىغان بارلىق مىللەتلەرگىمۇ ئەلچى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ھەمدە (پەيغەمبەرنى) تېخى ئۇلارنىڭ زامانىدا بولمىغان (كېيىن كېلىدىغان) ئىككىنچى بىرقەۋمگە (يەنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇسۇلمانلارغا) ئەۋەتتى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى زامانداشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان كىشىلەرگىمۇ ئومۇمىيدۇر)، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇنىڭغا سۈرە جۇمۇئەدىكى ﴿**ھەمدە (پەيغەمبەرنى) تېخى ئۇلارنىڭ زامانىدا بولمىغان (كېيىن كېلىدىغان) ئىككىنچى بىرقەۋمگە (يەنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇسۇلمانلارغا) ئەۋەتتى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى زامانداشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان كىشىلەرگىمۇ ئومۇمىيدۇر)**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ساھابىلەر ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار كىملەر؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بەرمىدى. بۇ سوئال ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. بىزنىڭ ئارىمىزدا سەلمان پارسى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى سەلمان پارسىنىڭ دولىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: «ئەگەر ئىمان ئۈركەر يۇلتۇزىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بۇلاردىن بىر تۈركۈم ئادەملەر ئەلۋەتتە

www.munber.org

ئېرىشكەن بولاتتى » دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىس بۇ سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام اللە تائالانىڭ ﴿ئىككىنچى بىر قەۋمگە﴾ دېگەن ئايىتىنى ”پارسلار“ دەپ تەپسىر قىلدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەينى ۋاقىتتا پارسلارغا، رۇملارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە تەرەپكە چاقىرغان ۋە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىككە ئەگىشىشكە دەۋەت قىلغان ئىدى. شۇڭا مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلارنى ئەرەب مىللىتىدىن بولمىغان بارلىق مىللەتلەر، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئەرەب مىللىتىدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزى ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى اللە غەلىبە ئىگىسىدۇر، شەرىئىتىدە ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ﴿مانا بۇ اللە نىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، اللە ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾ يەنى اللە تائالا نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا بۇ كاتتا پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلىشى ۋە ئۇنى بۇ ئۈممەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشى اللە نىڭ پەزلىدۇر.

* * * * * * *

مَثَلُ ٱلَّذِينَ حُمِّلُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ ثُمَّ لَمۡ يَحۡمِلُوهَا كَمَثَلِ ٱلۡحِمَارِ يَحۡمِلُ أَسۡفَارَۢاۚ بِئۡسَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ
ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥﴾ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ هَادُوٓاْ إِن زَعَمۡتُمۡ أَنَّكُمۡ
أَوۡلِيَآءُ لِلَّهِ مِن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُاْ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٦﴾ وَلَا يَتَمَنَّوۡنَهُۥٓ أَبَدَۢا بِمَا قَدَّمَتۡ
أَيۡدِيهِمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧﴾ قُلۡ إِنَّ ٱلۡمَوۡتَ ٱلَّذِي تَفِرُّونَ مِنۡهُ فَإِنَّهُۥ مُلَٰقِيكُمۡۖ ثُمَّ
تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٨﴾

*تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ - چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)، اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمە دېگەن يامان! اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[5]. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزەڭلارنىلا اللە نىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار، (ئاخىرەتنىڭ راھىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار“[6]. ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ، اللە زالىملارنى بىلگۈچىدۇر[7]. (ئى مۇھەممەد!) ”سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (اللە) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، اللە سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ“ دېگىن[8].*

www.munber.org

## يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشقا چاقىرىش توغرىسىدا

الله تائالا تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى ئۈستىلىرىگە يۈكلەنگەن، بىراق ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەھۇدىيلارنىڭ مىسالى ئۈستىگە چوڭ ـ چوڭ كىتابلار يۈكلەنگەن بولسىمۇ ئۈستىدە نېمىنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئۈستىگە ئېغىر نەرسىنىڭ ئارتىلغانلىقىنىلا ھېس قىلىدىغان ئېشەكلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەنە شۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن كىتابنى يادا ئېلىپ كۆتۈرۈپ لېكىن، ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنداقلا شۇ كىتابنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەل قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئۇ كىتابنى بۇرمىلاپ، مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئېشەكتىنمۇ بەتتەر ھالدادۇر. چۈنكى، ئېشەكنىڭ ئەقلى يوق ئۇلارنىڭ بولسا ئەقلى بار تۇرۇپ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ. شۇڭا الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن ﴿ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾[1].

﴿الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمە دېگەن يامان! الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزەڭلارنىلا الله نىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار، (ئاخىرەتنىڭ راھىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار. ئەگەر (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار“﴾ يەنى ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارنى توغرا يول ئۈستىدە، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى گۇمراھلىق ئۈستىدە دەپ گۇمان قىلساڭلار، بۇ ئىككى گۇرۇھدىن قايسى گۇمراھلىقتا بولسا شۇنىڭغا ئۆلۈم كەلسۇن دەپ بەت دۇئا قىلىڭلار ئەگەر بۇ دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار؟

﴿ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن﴾ يەنى كۇفرى، زۇلمى ۋە يامان ئىشلىرى تۈپەيلىدىن ﴿ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ، الله زالىملارنى بىلگۈچىدۇر﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ بەددۇئا قىلىشقا چاقىرىلغانلىقى ھەققىدە سۈرە بەقەرەدىكى ﴿ئۇلارغا: «ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى (يەنى جەننەت) الله نىڭ قېشىدا (سىلەر گۇمان قىلغاندەك) باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار» دېگىن. ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. الله زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي توختالدۇق ۋە ئايەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ياكى دەۋاگەرلىرىنىڭ گۇمراھلىق ئۈستىدە ئىكەنلىكى، بەددۇئا قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى تەپسىلى بايان قىلدۇق. شۇنداقلا خرىستىئانلارنى بەددۇئا قىلىشقا چاقىرغانلىقى ھەققىدە سۈرە ئال ئىمراندىكى: ﴿سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋەئوغۇللىرىڭلارنى،ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، الله نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ الله غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى»

---

[1] سۈرە ئەئراق 179 ـ ئانەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرەنىڭ 94 ـــ 96 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

دېگەن﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ۋە مۇشرىكلارنى بەتدۇئا قىلىشقا چاقىرغانلىقى ھەققىدە سۈرە مەريەمدىكى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن، مەرھەمەتلىك اللە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لەنىتى ئەبۇجەھل: ئەگەر مەن مۇھەممەدنى كەبىنىڭ يېنىدا كۆرسەم، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ گەدىنىگە دەسسەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنى چوقۇم ھالاك قىلغان بولاتتى، ئەگەر يەھۇدىيلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان بولسا چوقۇم ئۆلگەن ۋە ئۆزلىرىنى دوزاختا كۆرگەن بولاتتى. ئەگەر اللە نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بەتدۇئا تىلەشكىلى چىقماقچى بولغانلار چىققان بولسا ئۇلار چوقۇم بالا ـ چاقىلىرىدىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا قايتقان بولاتتى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) "سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (اللە) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، اللە سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ"**

دېگىن﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە سۈرە نىسادا مۇنداق دېگەن: ﴿قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾[3].

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نُودِىَ لِلصَّلَوٰةِ مِن يَوۡمِ ٱلۡجُمُعَةِ فَٱسۡعَوۡاْ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَذَرُواْ ٱلۡبَيۡعَۚ
ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٌ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ (٩) فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُواْ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَٱبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِ
ٱللَّهِ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ (١٠)

***ئى مۆمىنلەر!جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللە نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴿9﴾. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللە نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴿10﴾.***

## جۈمە نامىزى، جۈمە كۈندىكى ئىشلار ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلار توغرىسىدا

مۇسۇلمانلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ھەپتىدە بىر قېتىم چوڭ مەسچىتلەرگە يىغىلىدۇ. ئۇ كۈندە پۈتۈن مەخلۇقاتلار تولۇق يارىتىلغان بولۇپ، بۇ كۈن اللە تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنلەرنىڭ ئالتىنچى كۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى يارىتىلدى، ئۇ جۈمە كۈنى جەننەتكە كىرگۈزۈلدى، جەننەتتىنمۇ جۈمە كۈنى چىقىرىلدى. قىيامەت جۈمە كۈنى قايىم بولىدۇ، جۈمە كۈندە بىر ۋاقىت بولۇپ مۆمىن بەندىنىڭ اللە تائالادىن ياخشىلىق تىلەپ قىلغان دۇئاسى شۇ ۋاقىتقا

---

(1) سۈرە ئال ئىمران 61 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مەريەم75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(1) سۈرە نىسا 78 ـ ئايەنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇدۇل كېلىپ قالسا، اللە ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

قەدىمكى تىللاردا جۇمە كۈنى ئەدۇبە كۈنى دەپ ئاتىلاتتى. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر جۇمە كۈنىنى ئىبادەت كۈنى قىلىشقا بۇيرۇلغان. لېكىن، ئۇلار بۇيرۇلغاننى قىلماي گۇمراھ بولغان يەھۇدىيلار ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلمىغان كۈن شەنبە كۈنىنى ئىبادەت كۈنى قىلىپ تاللىغان. خرىستىئانلار بولسا مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشى باشلانغان كۈن بولغان يەكشەنبە كۈنىنى تاللىغان. اللە تائالا بۇ ئۇممەتكە پۈتۈن مەخلۇقاتلار تولۇق يارىتىلىپ بولغان كۈنى جۇمە كۈنىنى ئىبادەت كۈنى قىلىپ تاللاپ بەردى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولىمىز. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگە كىتاب بېرىلدى، ئاندىن اللە ئۇلارغا مۇئەييەن بىر كۈننى ئىبادەت كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. ئاندىن ئۇلار بۇ كۈن ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى، ئاندىن اللە بىزنى ئۇ كۈنگە ھىدايەت قىلدى. ئىنسانلار بۇ كۈننى ئىبادەت كۈنى قىلىشتا بىزگە ئەگىشىپ يەھۇدىيلار شەنبە كۈننى، خرىستىئانلار يەكشەنبە كۈننى ئىبادەت كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى».

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «اللە بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنى جۇمە كۈننى ئىبادەت كۈنى قىلىشتىن ئازدۇردى. يەھۇدىيلار بولسا شەنبە كۈننى، خرىستىئانلار بولسا يەكشەنبە كۈننى ئىبادەت كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. ئاندىن اللە بىزنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بىزنىڭ ئىبادەت كۈنىمىزنى جۇمە كۈنى قىلىپ بېكىتىشىمىزگە بىزنى ھىدايەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ جۇمە كۈنى، شەنبە كۈنى ۋە يەكشەنبە كۈنى ئۈچ دىن ئۈچۈن ئىبادەت كۈنلىرى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا قىيامەت كۈنىمۇ ئىنسانلار بىزگە ئەگىشىدۇ. بىز دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولىمىز. بىزگە باشقا ئىنسانلاردىن بۇرۇن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ».

## اللە تائالانى ياد ئېتىشكە ئالدىراشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە مۆمىنلەرنى جۇمە كۈنى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! جۇمە كۈنى جۇمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللە نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۇمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار**﴾ يەنى اللە نى ياد ئېتىشكە كۆڭۈل بۆلۈڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراڭلار. بۇ ئايەتتە مەسچىتكە ئالدىراپ بېرىش ئەمەس، ئىبادەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اللە نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴾[1].

نامازغا ئالدىراپ مېڭىش بولسا چەكلەنگەن ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نامازغا تەكبىر ئېيتىلغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار سىلەرمۇ نامازغا تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن مېڭىڭلار، ئالدىراپ يۈگۈرمەڭلار، نامازنىڭ ئۈلگۈرەلىگەن قىسمىنى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگەن قىسمىنى ئۆزەڭلار تولۇقلاپ ئوقۇڭلار».

---

[1] سۈرە ئىسرا 19 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇقەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، تۇساتتىنلا ئادەملەرنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «سىلەرگە نېمە بولدى؟» دېدى. ساھابىلار: نامازغا ئالدىراپ تېز كەلگەن ئىدۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنداق قىلماڭلار، نامازغا كەلسەڭلار تەمكىنلىك بىلەن مېڭىڭلار، نامازنىڭ ئۈلگۈرەلىگەن قىسمىنى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگەن قىسمىنى ئۆزەڭلار تولۇقلاپ ئوقۇڭلار» دېدى.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلار نامازغا ئالدىراپ تېز مېڭىشتىن چەكلەندى. ئۇلار نامازغا تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن مېڭىشى كېرەك. لېكىن، ئۇلارنىڭ دىللىرى، نىيەتلىرى ۋە قورقۇنچلىرى بىلەن نامازغا ئالدىراشتىن چەكلەنگىنى يوق.

قەتادە اللە تائالا نىڭ ﴿**اللە نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۇمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سەن جۇمە نامىزىغا قەلبىڭ ۋە ئەمەلىڭ بىلەن ئالدىراپ بېرىشىڭ كېرەك. مانا بۇ جۇمە نامىزىغا ئالدىراپ بارغانلىقتۇر.

جۇمە نامىزىغا كېلىدىغان كىشىنىڭ نامازغا كېلىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇشى مۇستەھەبتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر جۇمە نامىزىغا يۇيۇنۇپ كېلىڭلار».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق كىشىنىڭ جۇمە كۈنى يۇيۇنۇشى ۋاجىبتۇر».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم بېشىنى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ تۇرۇشى، اللە نىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر».

ئىمام ئەھمەد، نەسەئى ۋە ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر مۇسۇلمان ئادەم ھەر يەتتە كۈندە بىر كۈن يۇيۇنۇشى كېرەك، ئۇ كۈن جۇمە كۈنىدۇر».

## جۇمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئەۋس ئىبنى ئەۋس سەقەفىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جۇمە كۈنى يۇيۇنۇپ، تاھارەت ئېلىپ، جۇمە نامىزىغا، ئات - ئۇلاغقا مىنمەستىن پىيادە يول مېڭىپ بالدۇر كەلسە ۋە ئىمامغا يېقىن يەردە ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن خۇتبە تىڭشىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھەر بىر باسقان قەدىمى ئۈچۈن بىر يىل روزا تۇتقان ۋە كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەننىڭ ساۋابى بولىدۇ» بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جۇمە كۈنى جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنسا، ئاندىن جۇمە نامىزىغا دەسلەپكى ۋاقىتتا بارسا، خۇددى ئۇ بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك كەلسە، گويا ئۇ بىر كالا قۇربانلىق قىلغانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

www.munber.org

كىمكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ۋاقىتتا كەلسە، گويا ئۇ مۈڭگۈزلۈك بىر قوشقار قۇربانلىق قىلغانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلسە، گويا ئۇ بىر توخۇ قۇربانلىق قىلغانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلسە گويا ئۇ الله يولىدا بىر تۇخۇمنى بەرگەنگە ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغىلى چىقسا ئۇنى تىڭشىغىلى پەرىشتىلەرمۇ ھازىر بولىدۇ».

جۈمەگە چىرايلىق كىيىمنى كىيىپ، خۇشپۇراق چېچىپ چىشلىرىنى مىسۋاك بىلەن چوتكىلاپ، پاكىز تازلىنىپ ۋە تاھارەت ئېلىپ بېرىش مۇستەھەبتۇر. ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق كىشىنىڭ جۈمە كۈنى يۇيۇنۇشى، چىشىنى مىسۋاك بىلەن چوتكىلىشى، ئايالىنىڭ ئىشلىتىدىغان خۇشپۇراقلىرىدىن ئىشلىتىشى ۋاجىبتۇر».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئەييۇب ئەنسارىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ ئايالىنىڭ خۇشپۇراق نەرسىلىرى بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئىشلىتىپ، چىرايلىق كىيىنىپ ئاندىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كەلسە، ئاندىن پۇرسەت بولسا نەپلە ناماز ئوقۇسا ھېچكىمگە ئەزىيەت بەرمىسە، ئاندىن ئىمام خۇتبىگە چىققاندا شۈك ئولتۇرۇپ خۇتبىنى تىڭشىسا، ئاندىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ قايتسا، ئۇنىڭ بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كۈندىلىك مەشغۇلاتلىرىدا كېيىدىغان بىر قۇر كىيىمدىن باشقا مەخسۇس جۈمە كۈنى كېيىش ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم سېتىۋالسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!».

ئىمام ئىبنى ماجە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرگە خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاق ۋە قارا يوللۇق يەكتەك كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەگەر سېتىۋالىشقا قادىر بولالىسا مەشغۇلاتلىرىدا كېيىدىغان كىيىمدىن باشقا، مەخسۇس جۈمە كۈنى ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم سېتىۋالسا، نېمىدېگەن ياخشى ھەئە!» دېدى.

## ئەزاندىن خۇتبىگە چىقىدىغان ئەزان كۆزدە تۇتۇلغانلىقى توغرىسىدا

﴿جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا﴾ بۇ ئەزان ئىككىنچى قېتىملىق ئەزان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېيتىلىدىغان ئەزان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئەزان بولسا، مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇپ يولغا قويغان ئەزاندۇر. بۇ پەقەت جۈمە ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن يولغا قويۇلغان. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى سائىب ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ زامانلىرىدا جۈمە كۈنى ئىمام مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرغان چاغدا، بىر قېتىملا ئەزان ئوقۇلاتتى. ئوسماننىڭ زامانىغا كەلگەندە جۈمە ئوقۇيدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوسمان يەنە بىر قېتىم ئەزاننى قوشۇپ ئوقۇشنى يولغا قويدى. بۇ ئەزان

www.munber.org

زەۋراھ دەپ ئاتىلىدىغان ئەزانخانىدا ئوقۇلاتتى. بۇ ئەزانخانا مەسچىتكە يېقىن سېلىنغان، مەدىنىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر ئۆي ئىدى.

## جۇمە نامىزىغا چىققان ئىككىنچى قېتىملىق ئەزاندىن كېيىن ئېلىم - سېتىم قىلىشنىڭ هاراملىقى ۋە جۇمە نامىزىدىن كېيىن رىزىق تەلەپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا

﴿ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار﴾ يەنى اللە نى ياد ئېتىشكە ئالدىراڭلار، نامازغا ئەزان ئېيتىلسا، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئۆلىمالار ئىككىنچى قېتىملىق ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىنكى ئېلىم - سېتىمنىڭ هارام ئىكەنلىكىگە بىردەك بىرلىككە كەلدى. ﴿ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ ئەگەر بىلسەڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ اللە تائالانى ياد ئېتىشكە، جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىشىڭلار سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر.

﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللە نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾ اللە تائالا بەندىلىرىنى ئىككىنچى ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن ئېلىم - سېتىمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن توسقان ۋە ئۇلارنى جۇمە نامىزىغا يىغىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نامازدىن كېيىن زېمىنغا تارىلىپ اللە نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

ئەراك ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەسچىتنىڭ بوسۇغىدا تۇرۇپ: ئى اللە! مەن ھەقىقەتەن دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلدىم، ماڭا سەن پەرز قىلغان نامازنى ئوقۇدۇم، سەن مېنى بۇيرۇغىنىڭدەك زېمىنىڭغا تارىدىم، ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن دەيتتى، بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

﴿مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾ يەنى سىلەر ئېلىم - سېتىم قىلىۋاتقان ۋە ئېلىم - بېرىم قىلىۋاتقان ۋاقتىڭلاردىمۇ اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار. دۇنيا ھاياتىڭلار سىلەرنى ئاخىرەتتە ئالىدىغان مەنپەئەتىڭلاردىن توسۇپ قويمىسۇن.

ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بازارلارغا كىرسە، ئاندىن: ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە دىن باشقا ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، پادىشاھلىق اللە غا خاستۇر، جىمى ھەمدۇساناھ اللە غا مەنسۇپتۇر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېيىسە، اللە ئۇنىڭغا 100 مىڭ ياخشىلىق يازىدۇ، ئۇنىڭ 100 مىڭ يامانلىقىنى ئۆچۈرىدۇ» مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بەندە اللە نى ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە يېنىچە ياتقان ھاللاردا ياد ئەتمىگىچە اللە نى كۆپ ياد ئەتكۈچىلەردىن بولالمايدۇ.

* * * * * * *

وَإِذَا رَأَوۡاْ تِجَٰرَةً أَوۡ لَهۡوًا ٱنفَضُّوٓاْ إِلَيۡهَا وَتَرَكُوكَ قَآئِمٗاۚ قُلۡ مَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٞ مِّنَ ٱللَّهۡوِ وَمِنَ ٱلتِّجَٰرَةِۚ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١﴾

*(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ. (ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،*

www.munber.org

*”اللّٰە نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، اللّٰە رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر“* ﴿11﴾.

## ئىمام خۇتبىگە چىققاندا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشتىن توسقانلىقى توغرىسىدا

بۇيۇك ۋە يۈكسەك اللّٰە ئەينى ۋاقىتتا بىر جۈمە كۈنى مەدىنىگە كەلگەن تىجارەت كارىۋىنىنى كۆرۈپ، خۇتبە تىڭشاشتىن بۇرۇلۇپ كارۋان تەرەپكە كېتىپ قېلىشقان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگرىدۇ**﴾ مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ تىجارەت كارۋىنى دىھيە ئىبنى خەلىپە دېگەن كىشىنىڭ بولۇپ، ئۇ تېخى ئىسلامغا كىرمىگەنىكەن. كارۋان بىلەن ئېلىۋېلىنغان دۇمباق كارۋاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ دۇمباق ئۇردى شۇنىڭ بىلەن ساھابىلاردىن ئاز بىر قىسمىدىن باشقىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتى تاشلاپ قويۇپ كارۋان تەرەپكە كېتىشكەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد سالىم ئىبنى ئەبۇجەئدىدىن جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر قېتىم مەدىنىگە تىجارەت كارىۋىنى يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىغا خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. ئادەملەر مەسچىتتىن چىقىپ كارىۋان تەرەپكە كېتىشتى. مەسچىتتە پەقەت 12 ئادەم قالدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ**﴾ بۇ ئايەت جۈمە كۈنى ئىمامنىڭ خۇتبىنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان دەلىلدۇر. ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى سەمۇرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئولتۇراتتى. ئۇ خۇتبىدە قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئېيتاتتى.

﴿**(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”اللّٰە نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت)**﴾ يەنى ئاخىرەت يۇرتىدا بېرىلىدىغان اللّٰە نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ﴿**تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، اللّٰە رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر“**﴾ يەنى اللّٰە غا تەۋەككۇل قىلغان ۋە رىزقىنى ئۆز ۋاقتىدا تەلەپ قىلغان كىشى ئۈچۈن اللّٰە رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

اللّٰە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن سۈرە جۇمۇئەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرە مۇنافىقۇن 11 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا جَآءَكَ ٱلْمُنَٰفِقُونَ قَالُوا۟ نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُۥ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّ
ٱلْمُنَٰفِقِينَ لَكَٰذِبُونَ ﴿١﴾ ٱتَّخَذُوٓا۟ أَيْمَٰنَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّوا۟ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ ﴿٢﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ ثُمَّ كَفَرُوا۟ فَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ ﴿٣﴾ ۞ وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ
تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْ ۖ وَإِن يَقُولُوا۟ تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْ ۖ كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُّسَنَّدَةٌ ۖ يَحْسَبُونَ كُلَّ صَيْحَةٍ عَلَيْهِمْ ۚ
هُمُ ٱلْعَدُوُّ فَٱحْذَرْهُمْ ۚ قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُ ۖ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اللە نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى اللە بىلىدۇ، اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر[1]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن (يەنى اللە نىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان![2]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ، ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)، ئۇلار (ئىماننى) چۈشەنمەيدۇ[3]. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، (ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار (ساڭا ۋە مۆمىنلەرگە) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، اللە ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ![4].***

## مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ قىياپىتى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسە، پەقەت ئېغىزلىرىدا ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار

www.munber.org

دىللىرىدا كۇفرىنى يوشۇرغان، بولۇپ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئېغىزلىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار سېنىڭ قېشىڭغا كەلسە مانا مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ كېلىدۇ. ساختا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدا دېگەنلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

﴿**سېنىڭ ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى اللّٰه بىلىدۇ، اللّٰه گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا يالغانچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ توغرا ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئۆزلىرىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار يالغانچىلاردۇر.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن (يەنى اللّٰه نىڭ دىنىدىن) توستى**﴾ يەنى ئۇلار كىشىلەرنى اللّٰه نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن ئېيتقان سۆزلىرىدە ئېغىر گۇناھ بولىدىغان يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئەزىيەت بېرىشىدىن ساقلاندى. ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۇلارغا ئالدىنىپ كەتتى ۋە بۇ مۇناپىقلارنى ''مۇسۇلمانلار'' دەپ ئېتىقاد قىلدى. تېخى بەزىلەر ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئەگەشتى. ئېيتقان سۆزلىرىنى تەستىقلىدى. بۇ مۇناپىقلار دىللىرىدا كۇفرىنى يوشۇرۇپ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى چوڭ زىيانلار يەتتى. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ ﴿**(كىشىلەرنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن (يەنى اللّٰه نىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!**﴾.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ، ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)، ئۇلار (ئىماننى) چۈشەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كۇپرىغا يېنىۋالغانلىقى ۋە ھىدايەتنى گۇمراھلىققا تېگىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا مۇناپىقلىق پۈتۈۋېتىلدى. اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىماننى چۈشەنمەيدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھىدايەت نۇرى ۋە ياخشىلىق يېتىپ بارالمايدۇ. ئۇلار ھەقنى تونىمايدۇ ۋە ھەق تەرەپكە ھىدايەت تاپالمايدۇ.

﴿**ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن، تىلى پاساھەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغان ئادەم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىكىدىن ئۇنى بېرىلىپ تىڭشايدۇ. بۇ مۇناپىقلار ئەنە شۇنداق ھالەتتە تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنى ئىنتايىن زەئىپ، قورقۇنچاق توخۇ يۈرەك ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەر قانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ**﴾ يەنى ھەر قانداق بىر ئىش ياكى قورقۇنچلۇق ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇلار توخۇ يۈرەكلىكىدىن بۇ ھادىسىنى ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر، ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساختا سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل ـ مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئۇلار (چىن دىللىرى بىلەن) ئىمان

www.munber.org

ئېيتقان ئەمەس. (ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلدى، بۇ الله ئۇچۇن ئاساندۇر﴾[1] مۇناپىقلار ھېچ قانداق پايدىسى يوق قۇرۇق شەكىل ۋە سۈرەتلەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (ساڭا ۋە مۆمىنلەرگە) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن. الله ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ!**﴾. ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئاشكارىلىنىدىغان بەلگىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سالاملىرى لەنەت ئېيتىشتۇر. يېمەكلىرى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتۇر. ئېرىشكەن غەنىمەتلىرى خىيانەت قىلىشتۇر. ئۇلار مەسچىتلەردىن يىراق تۇرىدۇ، نامازغا بويىندىن سۆرىگەندەك كېلىدۇ، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىدۇ، كىشىلەردىن مەنپەئەت ئالمايدۇ، كىشىلەر بىلەن چىقىشمايدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدۇ. كېچىدە ئىبادەتتىن يىراق بولغان ھالەتتە تاشلاندۇق ياغاچقا ئوخشاش ئۇخلايدۇ، كۈندۈزدە جېدەل ـ ماجرا قىلىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ يَسۡتَغۡفِرۡ لَكُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ لَوَّوۡاْ رُءُوسَهُمۡ وَرَأَيۡتَهُمۡ يَصُدُّونَ وَهُم
مُّسۡتَكۡبِرُونَ ٥ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ أَسۡتَغۡفَرۡتَ لَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ لَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ٦ هُمُ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ لَا تُنفِقُواْ عَلَىٰ مَنۡ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ حَتَّىٰ يَنفَضُّواْۗ وَلِلَّهِ
خَزَآئِنُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا يَفۡقَهُونَ ٧ يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعۡنَآ إِلَى ٱلۡمَدِينَةِ
لَيُخۡرِجَنَّ ٱلۡأَعَزُّ مِنۡهَا ٱلۡأَذَلَّۚ وَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا
يَعۡلَمُونَ ٨

***ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴿5﴾. ئۇلارغا (مەيلى) مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن، (مەيلى) مەغپىرەت تەلەپ قىلمىغىن، بەرىبىر ئوخشاش، الله ئۇلارغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، شۈبھىسىزكى پاسىق قەۋمنى الله ھىدايەت قىلمايدۇ﴿6﴾. ئۇلار: «رەسۇلۇللاھ نىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىماڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن» دەيدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ۋە لېكىن مۇناپىقلار (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ﴿7﴾. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبن ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھ نى، مۆمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. غەلىبە الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴿8﴾.***

[1] سۈرە ئەھزاب 19 ـ ئايەت.

www.munber.org

## مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرنىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىدىن ۋە پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلەشتىن يۈز ئۆرۈشى توغرىسىدا

الله تائالا لەنىتى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ**﴾ يەنى ئۆزلىرىگە دېيىلگەن سۆزلەردىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ يۈز ئۆرۈيدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن**﴾ ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۇ قىلمىشىغا ئاساسەن بېرىلگەن جازىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ﴿**ئۇلارغا (مەيلى) مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن، (مەيلى) مەغپىرەت تەلەپ قىلمىغىن، بەرىبىر ئوخشاش، الله ئۇلارغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، شۈبھىسىزكى پاسىق قەۋمنى الله ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾.

سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشى بۇ ئايەتلەرنىڭ ئابدۇللاھ ئۇبەي دېگەن مۇناپىق ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلدۇ. الله خالىسا بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى" دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىقنىڭ ھەر جۈمە كۈنى ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئورنى بولۇپ، ئۇ ئورۇندا باشقىلار ئولتۇرمايتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى ۋە قەۋمى تەرىپىدىنمۇ ھۆرمەتلىنەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابرۇيلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى كىشىلەرگە جۈمە خۇتبىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغاندا، ئۇ مۇناپىقمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئىنسانلار! ئاراڭلاردىكى بۇ كىشى الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇر، الله سىلەرنى بۇ كىشى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى ۋە سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلدى، سىلەر ئۇنىڭغا ياردەم بېرىڭلار، ئۇنى قوللاڭلار سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئولتۇراتتى. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان چاغدا ئۇ ئۇرۇشقا تەييارلانغان قوشۇننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مەدىنىگە ياندۇرۇپ كېتىپ ئىنتايىن رەزىل بىر ئىشنى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇھاجىرلار ئۇھۇدتىن مەدىنىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇرۇنقى ئىشنى تەكرارلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ پەشلىرىدىن تارتىپ: ئى الله نىڭ دۈشمىنى! جايىڭدا ئولتۇرغىن، سېنىڭ ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ھەققىڭ يوق. سەن ئۆز ۋاقتىدا پەسكەشلىك قىلدىڭ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خۇددى مەن بىرەر يامان سۆزنى قىلغاندەك، مەن ئۇنىڭ ئىشىنى قوللاپ ئورنۇمدىن تۇرغانىغۇ؟ دەپ ئادەملەرنىڭ گەردىنىدىن ئاتلاپ يۈرۈپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئەنسارىلاردىن بىر قانچە ئادەم ئۇچراپ ۋاي! ساڭا نېمە بولدى؟ دېيىشتى. ئۇ: مەن پەيغەمبەرنىڭ ئىشىنى قوللاپ ئورنىمدىن تۇرغان ئىدىم، خۇددى مەن بىر يامان سۆزنى قىلغاندەك ئۇنىڭ ئادەملىرى ماڭا ھۇجۇم قىلىپ، پېشىمدىن تارتىپ قوپال مۇئامىلە قىلدى، مەن پەقەت ئۇنىڭ ئىشىنى قوللاش ئۈچۈنلا ئورنۇمدىن تۇرغان ئىدىم، دېدى. ئەنسارىلار: ساڭا ۋاي! ئارقاڭغا ياندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا مەغپىرەت تەلەپ قىلسۇن، دېدى.

قەتادە ۋە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىق ھەققىدە نازىل بولدى، ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغان: ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئابدۇللاھنىڭ دېگەن سۆزىنى ۋە مۇھىم بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سوراپ بېقىش ئۈچۈن ئابدۇللاھنى چاقىرتىپ كەلگەن ئىدى، بىراق ئۇ اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىدى. ئەنسارىلار ئۇ بالىنى ئەيىبلەشتى ۋە ئۇنى چەتكە قاقتى. اللّٰه بۇ ھەقتە يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا (اللّٰه نىڭ دۈشمىنىگە) : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ بارغان بولساڭ، دېگەندە، ئۇ بېشىنى تولغاپ: مەن ئۇنداق قىلمايمەن، دېدى.

يۇنۇس ئىبنى بۇكەير مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن مۇھەممەد ئىبنى يەھيا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇبەكر ۋە ئاسىم ئىبنى ئۆمەر قاتارلىقلارنىڭ بەنى مۇستەلەق قىسسىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خىزمەتكارى جەھجاھ ئىبنى سەئىد غىپارى دېگەن كىشى بىلەن سىنان ئىبنى ۋەبەر دېگەن كىشى سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سىنان ئى ئەنسارىلار! جامائەسى ماڭا ياردەم قىلىڭلار! دەپ توۋلىدى. جەھجاھمۇ ئى مۇھاجىرلار جامائەسى ماڭا ياردەم قىلىڭلار، دەپ توۋلىدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم ۋە بىر قانچە نەپەر ئەنسارىلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ يېنىدا ئىدى. ئابدۇللاھ سىناننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: ئۇلار بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بىزگە قارشى ئىسيان كۆتەردى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ مىسالىمىز بىلەن بۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قەلەندەرلىرىنىڭ مىسالى خۇددى بىر شائىرنىڭ: ئىتىڭنى سەمرىت، ئۇ سېنى چىشلىسۇن، دېگەن گېپىگە ئوخشايدۇ. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەدىنىگە قايتساق ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، دېدى. ئاندىن يېنىدىكى ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەملەرگە بۇرۇلۇپ: سىلەر ئۆزەڭلارغا ئۆزەڭلار قىلدىڭلار، ئۇلارنى يۇرتۇڭلارغا يەرلەشتۈردىڭلار، مال ـ مۈلكىڭلارنى ئۇلار بىلەن تەڭ بۆلۈشتىڭلار. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇلارنى تەمىنلىمىگەن بولساڭلار، ئۇلار چوقۇم سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولاتتى، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاڭلاپ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يەتكۈزدى، ئۇ تېخى گۆدەك بالا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ئۆمەر رەزىيەللا ئەنھۇ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئەبباد ئىبنى بەشىرنى ئۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! كىشىلەر: مۇھەممەد ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئى ئۆمەر! سەن قوشۇنىڭغا دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەرگىن» دېدى. ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ ئۆزى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ كەلگەن سۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ قەۋمى ئىچىدە ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. قەۋمىمۇ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! زەيد دېگەن بۇ بالا ئېيتقان بۇ سۆزلەر خاتا سۆز بولۇشى، بۇ ئابدۇللاھنىڭ شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاۋا ناھايىتى قىزىق بولغان بىر چۈش ۋاقتىدا يولغا چىقتى، ئادەتتە ئۇ بۇنداق ۋاقىتتا سەپەرگە چىقمايتى. ئۇسەيد ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرگە قىلىنىدىغان سالام بىلەن سالام قىلدى. ئاندىن: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئادەتتە سەپەر قىلمايدىغان بىر ۋاقىتتا يولغا چىقىپسەنغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

www.munber.org

«ھەمراھىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن سېنىڭ خەۋرىڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلجىرلىشىچە مەدىنىگە بارغاندا ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتكۈدەكمىش» دېدى.

ئۇسەيد ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەزىز ئادەم سەندۇرسەن خار ئادەم ئۇ ئادەمدۇر، دېدى. ئاندىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈش ئۈچۈن تاج راسلاۋاتقان بىر پەيتتە الله سېنى بىزنىڭ ئارىمىزغا كەلتۈردى. ئۇ سېنى پادىشاھلىقنى مەندىن تارتىۋالدى دەپ قارايدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەر بىلەن بىر كېچە كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن چاشكا ۋاقتى بولغاندا بىر جايغا چۈشكۈن قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەم ئالماي مېڭىشى ئوتتۇرىغا چىققان بۇ پىتنە سۆزلەرنى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىدى. ئادەملەر چۈشكۈن قىلغان يەرگە كېلەر - كەلمەيلا ئۇيقۇغا كېتىشتى ۋەبۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۈرە مۇنافىقۇن نازىل بولدى.

ئەبۇبەكر بەيھەقى ئەمر ئىبنى دىناردىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر غازاتتا بىرگە ئىدۇق. مۇھاجىرلاردىن بىر ئادەم ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم بىلەن گەپ تالىشىپ قىلىپ ئۇنىڭ ساغرىسىغا بىرنى تەپتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەنسارى: ئى ئەنسارىلار! ماڭا ياردەم قىلىڭلار! دەپ ۋارقىرىدى. مۇھاجىرمۇ: ئى مۇھاجىرلار! ماڭا ياردەم قىلىڭلار! دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى يامان ئادەتنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقماقچىمۇ سىلەر؟ بولدى، بۇنداق قىلىشتىن يېنىڭلار، بۇ ھەقىقەتەن ناچار ئادەتتۇر» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: مۇھاجىرلار بىزگە شۇنداق ئىشلارنى قىلدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم، خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن چاغدا، ئەنسارىلارنىڭ سانى مۇھاجىرلاردىن كۆپ ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھاجىرلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتتى. ئابدۇللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئۆمەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قويىۋەتكىن مەن بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا چېقىلمىغىن كىشىلەر مۇھەممەد ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ دەپ سۆز چۆچەك قىلمىسۇن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىكرىمە، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئادەملەر مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىقنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەدىنە شەھرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغان ھالدا تۇتۇپ تۇردى، ئادەملەر بىر - بىر لەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىق ئۆتكىلى كەلگەندە، ئوغلى ئۇنىڭغا: ئارقاڭغا يانغىن، دېدى. ئۇ: ساڭا نېمە بولدى؟ ساڭا ۋاي، دېدى. ئوغلى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈشىڭگە رۇخسەت بەرمىگىچە سەن بۇ دەرۋازىدىن ئۆتەلمەيسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئەزىز ئادەمدۇر، سەن بولساڭ ئەڭ خار ئادەمسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنى كۆزىتىپ ئارقىدا ماڭاتتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۇنىڭغا ئوغلى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتامغا سەن رۇخسەت قىلمىغىچە ئۇ مەدىنىگە كىرمەيدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەدىنىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ مەدىنىگە كىرىشىڭگە رۇخسەت قىلدى، ئەمدى كىرسەڭ بولىدۇ، دېدى.

www.munber.org

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھۇمەيدى ئەبۇھارۇن مەدىنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئاتىسىغا: اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئەزىز ئادەمدۇر، مەن بولسام ئەڭ خار ئادەممەن دېمىگىچە مەدىنىگە مەڭگۈ كىرەلمەيسەن، دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا يېتىپ كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا سەن ئاتامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپسەن، سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئاتامدىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىمىدىم. ئەگەر سەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشىمنى خالىساڭ، ئۇنى ئالدىڭغا چوقۇم ئېلىپ كېلىمەن، شەك - شۈبھىسىزكى، مەن ئاتامنىڭ قاتىلىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، دېدى.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُلۡهِكُمۡ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُمۡ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ
فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٩﴾ وَأَنفِقُواْ مِن مَّا رَزَقۡنَٰكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ فَيَقُولَ رَبِّ
لَوۡلَآ أَخَّرۡتَنِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ قَرِيبٖ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠﴾ وَلَن يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَاۚ
وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١١﴾

*ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى اﷲ نىڭ زىكرىدىن (يەنى اﷲ نىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿9﴾. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار﴿10﴾. اﷲ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، اﷲ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴿11﴾.*

## دۇنيا تىرىكچىلىكىگە بېرىلىپ كېتىپ غەپلەتتە قالماسلىقا ۋە ئۆلۈشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى اﷲ نى كۆپ ياد ئېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پۇل - مالللارغا ۋە باللارغا بېرىلىپ كېتىپ، اﷲ نى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قىلىشتىن توسىدۇ ئۇلارغا ئەسلى يارىتىلغان مەخسەت پەرۋەردىگارىغا تائەت - ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنى كۆپ ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈپ دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ۋە ئۇنىڭ رەڭدارلىقىغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن اﷲ تائالا ئۇلارنى اﷲ غا ئىتائەت قىلىش يولىدا سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ.

﴿**بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار**﴾ ھەر بىر ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى سەكراتقا چۈشكەندە نادامەت قىلىدۇ. اﷲ نى رازى قىلىش ۋە يوقىتىپ قويغانلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەجەل مۇددىتىنىڭ ئازراق

www.munber.org

بولسىمۇ ئۇزارتىلىشىنى الله دىن تىلەيدۇ. ئىش، بولغۇلۇق بولۇپ بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئەجىلى قانداقمۇ ئۇزارتىلسۇن؟ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا قارىتا پۇشايمان قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾[1] ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال - مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴾[2].

**﴿الله ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، الله قىلىۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾** يەنى الله تائالا ئەجىلى توشقان ئادەمنىڭ ئەجىلىنى ھەرگىز ئۇزارتمايدۇ، ئۇ كىمنىڭ سۆزىدە ۋە سوئالىدا راستچىل ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە ئىلگىرىكى يامان ئىشىغا قايتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر ۋە ناھايىتى ياخشى خەۋەرداردۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله قىلىۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾**.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇنافىقۇننىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله غا خاستۇر. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىش پەقەت الله تەرىپىدىن كېلىدۇ.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 44 - ئايەت

[2] سۈرە مۆئمىنۇن 99 ـــ 100 - ئايەتلىرى.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە تەغابۇن | 18 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ
﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ فَمِنكُمۡ كَافِرٞ وَمِنكُم مُّؤۡمِنٞۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢﴾ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡۖ وَإِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٣﴾ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَيَعۡلَمُ
مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعۡلِنُونَۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر اللەغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، پادىشاھلىق اللەغا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر[1]. الله سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[2]. الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر[3]. الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله (نىيەتلىرىڭلاردىن، ئەمەللىرىڭلاردىن) يوشۇرغانلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارىلىغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر[4].***

## ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىلىدىغانلىقى، ﷲ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۇ سۈرە تەسبىھ ئايەتلىرى بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پادىشاھ ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پادىشاھلىق اللەغا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر**﴾ يەنى ﷲ پۈتۈن كائىناتنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرىدۇ. ﷲ بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆلچەملىك ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن مەدھىيەگە لايىقتۇر.

www.munber.org

﴿**اللـه هـەر نەرسـگـه قـادىردۇر**﴾ يـەنى الله خالـىغـانلا نەرسـه ھېچقـانداق توسـالغۇغا ۋە چەكلـىمـگـه ئۇچرىماستىن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. الله خالىمىغان نەرسە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. ﴿**اللـه سـىلەرنى خـەلق ئـەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار**﴾ يـەنى الله سـىلەرنى مانا مۇشۇنداق سۈپەتكە لايىق قىلىپ يـاراتتى ۋە ئـاراڭلاردا مـۆمىننىڭمۇ ۋە كاپىـرنىڭمۇ چوقـۇم مـەۋجۇد بولـۇپ تۇرۇشـىنى ئـىراده قىلـدى. الله كىمنىـڭ ھىدايەتكـه ھـەقلىق ئىكـەنلىكىنى، كىمنىـڭ گـۇمراھلىققا تېگىـشـلىك ئىكـەنلىكىنى بىلىـپ تۇرغۇچىدۇر. الله بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا ئۇلارغا تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ ﴿**اللـه سـىلەرنىڭ قىلـىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ ﴿**اللـه ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننى ھـەق يـاراتتى**﴾ يـەنى ئۇلارنى ئادالـەت ۋە ھېكمـەت بىلـەن ياراتتى.

﴿**سـىلەرنى سۈرەتكه كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى**﴾ يـەنى سـىلەرنى ئـەڭ گۈزەل شـەكىللەردە يـاراتتى. الله تائـالا بـۇ ھەقتـه مۇنـداق دېگـەن: ﴿ئـى ئىنسـان! سـېنى مەرھەمـەتلىك پەرۋەردىگـارىڭغا ئاسـىيلىق قىلىشـقا نېمـە ئـالدىدى؟ ئـۇ سـېنى يـاراتتى، (ئـەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قـامەتىڭنى تـۈز قىلـدى. سـېنى ئـۇ خالـىغـان شـەكىلدە قۇراشتۇردى﴾[1] ﴿اللـه سـىلەرگـه زېمىننى تۇرالغـۇ، ئاسمانىنى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكه كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە (تۈرلۈك) پـاك نەرسـىلەرنى رىـزىق قىلىـپ بـەردى. ئەنـە شـۇ اللـه سـىلەرنىڭ پەرۋەردىگـارىڭلاردۇر، ئالەملـەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[2] ﴿**ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر**﴾ يەنى ئاخىرقى تۇرالغۇ قىلىنىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر. الله تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى ۋە دىللاردىكى بـارلىق نەرسـىلەرنى بىلىـپ تۇرىدىغـانلىقىدىن خـەۋەر بېرىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**اللـه ئاسـمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله (نىيەتلىرىڭلاردىن، ئەمەللىرىڭلاردىن) يوشۇرغانلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارىلىغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَؤُاْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبْلُ فَذَاقُواْ وَبَالَ أَمْرِهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُۥ كَانَت تَّأْتِيهِمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَقَالُوٓاْ أَبَشَرٌ يَهْدُونَنَا فَكَفَرُواْ وَتَوَلَّواْۚ وَّٱسْتَغْنَى ٱللَّهُۚ وَٱللَّهُ غَنِيٌّ حَمِيدٌ ﴿٦﴾

*سىلەرگە ئىلگىرى كاپىر بولۇپ ئەمەللىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىغانلارنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿5﴾. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «ئىنسان بىزنى ھىدايەت قىلالامدۇ؟» دېدى. (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى. الله (ئۇلارنىڭ ئىمانىغا) موھتاج ئەمەستۇر، الله (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴿6﴾.*

## ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش توغرىسىدا

[1] سۈره ئىنفىتار 6 ـ 8 ـ ئايەتكىچە
[2] سۈره غافىر 64 ـ ئايەت.

www.munber.org

الله تائالا ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىپ ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرگە ئىلگىرى كاپىر بولۇپ ئەمەللىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىغانلارنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟**﴾ ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە رەزىل ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا دۇنيادا خار قىلغۇچى ئازاب چۈشتى.

﴿**ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئازابىغا ئاخىرەتتىكى ئازاب قوشۇلۇپ ئازابى ھەسسىلەپ ئارتىدۇ. الله تائالا ئۇ ئازابنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر**﴾ يەنى كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار ﴿**بىلەن كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «ئىنسان بىزنى ھىدايەت قىلالامدۇ؟» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدە پەيغەمبەرلىك كېلىشىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ قولى بىلەن بولىدىغانلىقىنى يىراق ساناشتى. ﴿**(پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى**﴾ يەنى ئۇلار ھەقنى يالغانچىغا چىقاردى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن باش تارتتى ﴿**الله (ئۇلارنىڭ ئىمانىغا) موھتاج ئەمەستۇر، الله (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر**﴾.

* * * * * * *

زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبۡعَثُواْۚ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبۡعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلۡتُمۡۚ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ
يَسِيرٞ ﴿٧﴾ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلنُّورِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلۡنَاۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٨﴾ يَوۡمَ يَجۡمَعُكُمۡ لِيَوۡمِ
ٱلۡجَمۡعِۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلتَّغَابُنِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٩﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُوٓاْ
بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٠﴾

***كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللەغا ئاساندۇر»[7]. اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇرغا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر[8]. ئۇ كۈندە الله سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈندۇر (يەنى ئۇ كۈندە ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى بىلەن كاپىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى دېگەندەك قىلالمىغانلىقى بىلەن مۆمىننىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ). كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر[9]. اللەنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى) ئىنكار قىلغانلار، ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي![10].***

## ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

www.munber.org

الله تائالا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق دەپ بىلجىرلايدىغان كاپىرلاردىن، مۇشرىكلاردىن ۋە الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىگە تانغۇچىلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى: **«ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ﴾** يەنى سىلەرگە چوڭ ـ كىچىك، قەدىرلىك ۋە قەدىرسىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ.

﴿**بۇ اللەغا ئاساندۇر**﴾ يەنى سىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش، قىلمىشلىرىڭلارغا قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىش الله تائالاغا ئاساندۇر. بۇ ئايەت الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا بۇيرۇغان ئۈچىنچى ئايەتتۇر. بىرىنچى ئايەت سۈرە يۇنۇستىكى ﴿ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلىنغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ.سەن: «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر.

ئىككىنچى ئايەت سۈرە سەبەئدىكى ﴿كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە اللەدىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە )دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق»﴾[2] دېگەن ئايەتتۇر.

ئۈچىنچى ئايەت ﴿**كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللەغا ئاساندۇر»**﴾ دېگەن بۇ ئايەتتۇر. ﴿**اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇرغا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى الله تائالا غا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچنەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

## زىيان تارتىدىغان كۈننىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**ئۇ كۈندە الله سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ**﴾ يەنى ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتكۈل ئىنسانلار بىر مەيدانغا توپلىنىدۇ، ئۇلارغا چاقىرغۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى كۆزلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر﴾[3] ﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ. ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار!﴾[4].

﴿**ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈندۇر (يەنى ئۇ كۈندە ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى بىلەن كاپىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى دېگەندەك قىلالمىغانلىقى بىلەن مۆمىننىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ)**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "زىيان تارتىدىغان كۈن" قىيامەت كۈنىنىڭ

[1] سۈرە يۇنۇس 53 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سەبەئ 3 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ۋاقىئە 49 ـــ 50 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىنى زىيان تارتقۇزىدۇ. قەتادە ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر جەننەتكە كىرىپ كاپىرلارنىڭ دوزاختا كىرگەنلىكى كاپىرلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ زىياندۇر. مەن (يەنى ئىبنى كەسىر): يۇقىرىدىكى ئايەتنى اﷲ تائالا نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارايمەن. ﴿**ئۇ كۈندە الله سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈندۇر (يەنى ئۇ كۈندە ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى بىلەن كاپىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى دېگەندەك قىلالمىغانلىقى بىلەن مۆمىننىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ). كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر. اللەنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى) ئىنكار قىلغانلار، ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾.

* * * * * * *

مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ يَهۡدِ قَلۡبَهُۥۚ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَۚ فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ فَإِنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٢﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١٣﴾

***كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللەنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى اللەغا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اللەنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿11﴾. اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر (پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (پەيغەمبەرگە زىيان يوق، ئۆزەڭلارغا زىيان)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت (دەۋەتنى) روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر﴿12﴾. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۆمىنلەر اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن﴿13﴾.***

## كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەتنىڭ پەقەت اﷲ تائالانىڭ ئىزنى بىلەنلا يېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

اﷲ تائالا سۈرە ھەدىدتە: ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللەغا ئاساندۇر﴾[1] دەپ خەۋەر قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتتىمۇ مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىدۇ: ﴿**كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللەنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت اﷲ تائالا نىڭ خالىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

---

[1] سۈرە ھەدىد 22 ـ ئايەت.

www.munber.org

**﴿كىمكى اللەغا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اللەنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشەنسىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى كىمگە بىرەر مۇسىبەت يەتسە ئۇ بۇ مۇسىبەتنى الله نىڭ ھۆكمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولدى دەپ چۈشەنسە، ئاندىن الله نىڭ ھۆكمىگە تەن بېرىپ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسا، الله ئۇنىڭ دىلىنى توغرىلىققا باشلايدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىلىرىنىڭ ئۇرنىغا ئۇنىڭ قەلبىگە ھىدايەت، ئىشەنچ ۋە راستچىللىقنى ئورنىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇ قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىسىنى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىنى بېرىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ **﴿كىمكى اللەغا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اللەنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشەنسىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله ئۇنىڭ قەلبىنى ئىشەنچىگە يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ئورۇنسىز يېتىپ قالمىغانلىقىنى، شۇنداقلا قىلىپ سالغان خاتالىقى تۈپەيلىدىنلا ئۆزىگە مۇسىبەت يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشى تولىمۇ ئەجەپلىنەرلىكتۇر. الله ئۇنىڭغا بىرەر ھۆكۈم قىلسىلا ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، ئۇ بۇ ئېغىرچىلىققا سەۋر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر خۇشاللىق يەتسە، ئۇ بۇ خۇشاللىققا شۈكرى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. بۇ پەقەت مۆمىن ئادەمگىلا خاستۇر».

## الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلەرنى الله يولىغا قويغان ئىشلاردا الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا، بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىشقا توسقان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر (پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (پەيغەمبەرگە زىيان يوق، ئۆزەڭلارغا زىيان)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت (دەۋەتنى) روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر﴾** يەنى ئەگەر سىلەر بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتساڭلار پەيغەمبەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر. زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەۋەتىش الله نىڭ ئىشىدۇر، پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈش پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولسا بويسۇنۇشتۇر.

## تەۋھىد توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تەنھا بىر الله ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۆمىنلەر اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن﴾** يەنى الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە

www.munber.org

مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[1].

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ مِنْ أَزْوَٰجِكُمْ وَأَوْلَـٰدِكُمْ عَدُوًّا لَّكُمْ فَٱحْذَرُوهُمْ ۚ وَإِن تَعْفُواْ وَتَصْفَحُواْ وَتَغْفِرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾ إِنَّمَآ أَمْوَٰلُكُمْ وَأَوْلَـٰدُكُمْ فِتْنَةٌ ۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥٓ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿١٥﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسْتَطَعْتُمْ وَٱسْمَعُواْ وَأَطِيعُواْ وَأَنفِقُواْ خَيْرًا لِّأَنفُسِكُمْ ۗ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِۦ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿١٦﴾ إِن تُقْرِضُواْ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَـٰعِفْهُ لَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٧﴾ عَـٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١٨﴾

***ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (اللە سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ). اللە ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿14﴾. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە اللە تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار﴿15﴾. تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (اللەنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر﴿16﴾. اللەغا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) اللە سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، اللە ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿17﴾. (اللە) غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿18﴾.***

## ئاياللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ پىتنىسىدىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بارلىقىنى يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر!جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللەنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[2] **﴿ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: يەنى دىنىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار. مۇجاھىد: **﴿سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار﴾** دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئايال كىشى ئېرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە ياكى

---

[1] سۈرە مۇززەممىل 9 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جۇمۇئە 9 ـ ئايەت.

www.munber.org

پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەر ئايالنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار مەككىدە مۇسۇلمان بولغان بىر قىسىم ئەرلەر بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە باللىرى ئۇلارنى ھىجرەت قىلغىلى قويمايدۇ. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ دىندا ئالىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاياللىرىنى ۋە باللىرىنى جازالىماقچى بولىدۇ.

اللہ تائالا ﴿**ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (اللہ سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ). اللہ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى بۇ قىسسىنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

﴿**سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەرگە اللہ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، اللہنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار**﴾ يەنى ئىنسانلاردىن كىمنىڭ اللہ غا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن اللہ تائالا ئۇلارنى مال ـ مۈلۈك ۋە باللار بىلەن سىنايدۇ.

قىيامەت كۈنى ﴿**اللہنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار**﴾ دۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللہ نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك. (ئى مۇھەممەد!قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ زىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە )پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە اللہ نىڭ رىزاسى بار». اللہ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

ئىمام ئەھمەد بۇرەيدەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە قىزىل رەختتىن تىكىلگەن كۆينەك بار ئىدى . ئۇلار يىقىلىپ، قوپۇپ مېڭىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار، سىلەرگە اللہ تەرىپىدىن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، دەپ تولىمۇ راست ئېيتقان. مەن بۇ ئىككى بالىنىڭ يىقىلىپ قوپۇپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەۋر قىلالماستىن سۆزۈمنى ئۈزۈپ بۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈۋالدىم» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

## كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

[1] سۈرە ئال ئىمران 14ــ 15. ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿تاقەتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر مەن سىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇسام، سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇنى قىلىڭلار. مەن سىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشتىن تۇسسام ئۇنىڭدىن يېنىڭلار».

﴿(ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار﴾ يەنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشقا بويسۇنۇڭلار. بۇيرۇقنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەڭلار. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا ھېچ قانداق سۆزنى ۋە ئىشنى ئالدى بىلەن قىلماڭلار. سىلەر قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، توسالغان ئىشلارنى قىلىشتىن يېنىڭلار.

## سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

﴿(اللەنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر﴾ يەنى الله سىلەرگە رىزق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە موھتاجلارغا بېرىڭلار. الله سىلەرگە ياخشىلىق قىلغاندەك، سىلەرمۇ الله نىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىڭلار. بۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر، ئۇنداق قىلمىساڭلار، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزەڭلارغە زىيانلىقتۇر.

﴿كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە ھەشىردىكى ئوخشاش مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى ۋە بۇ ئايەتكە ئالاقىدار ھەدىسلەرمۇ رىۋايەت قىلىندى. شۇڭا بۇ يەردە بۇ توغرۇلۇق تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. ﴿اللەغا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) الله سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾ يەنى سىلەر الله يولىدا قانچىلىك نەرسە سەرپ قىلساڭلار، الله ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەر قانچىلىك نەرسە سەدىقە بەرسەڭلار، الله ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. الله تائالا يولىدا ياخشىلىق قىلىش قەرز بېرىشكە ئوخشىتىلدى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە الله تائالا: «كىم زۇلۇم قىلماستىن ۋە ئۆزىنى موھتاج ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماستىن قەرزى ھەسەنە بېرىدۇ» دەيدۇ دەپ بايان قىلىنغان. شۇڭا الله تائالا بۇ ئايەتتە الله سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ، دەيدۇ. بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەدىمۇ مۇنداق دېگەن ﴿كىمكى الله غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[1].

﴿سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾ يەنى گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾ الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەيىبلىرىنى يوشۇرىدۇ. خاتالىقلىرىدىن ۋە يامانلىقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ﴿(الله) غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى بۇ ئايەتكە ئوخشايدىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

[1] - سۈرە بەقەرە 245 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن سۈرە تەغابۇننىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە غا خاستۇر.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان — سۈرە تالاق — 12 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ إِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ وَأَحْصُوا۟ ٱلْعِدَّةَ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ رَبَّكُمْ ۖ لَا
تُخْرِجُوهُنَّ مِنۢ بُيُوتِهِنَّ وَلَا يَخْرُجْنَ إِلَّآ أَن يَأْتِينَ بِفَٰحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ ۚ وَتِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَتَعَدَّ
حُدُودَ ٱللَّهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُۥ ۚ لَا تَدْرِى لَعَلَّ ٱللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَٰلِكَ أَمْرًا ﴿١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار، پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ، ئەنە شۇ اﷲ نىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى اﷲ نىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، سەن بىلمەيسەنكى، اﷲ شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن***﴿1﴾.

## ئاياللىنى پاكلىق ھالىتىدە تالاق قىلىش، ئۇنى ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ۋە ئىددەتنى ساناش توغرىسىدا

اﷲ تائالا شەرەپكە ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدۇرۇش يۈزىسىدىن ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاندىن پۈتۈن ئۈممەتكە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە لايىق پەيتتە (يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار**﴾

ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئايالىنى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق ئاچچىق كەلدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئۇ ئايالى بىلەن يېنىشسۇن، ئاندىن ئۇ ھەيزدىن پاكلانغان، ئاندىن قايتا ھەيز كۆرۈپ پاكلانغانغا قەدەر ئۇنى ئەمرىدە ساقلىسۇن، شۇنىڭدىن

www.munber.org

كېيىن ئۇ ئايالنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئايالى پاك ھالەتتە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلسۇن، ئەنە شۇ غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالا بۇيرىغان پاكلىق ھالەتتىكى تالاق قىلىشتۇر» دېدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەنە شۇ اللە تائالا ئاياللارنى تالاق قىلىشقا بۇيرىغان پاكلىق ھالەتتۇر».

ئىمام مۇسلىم ئىبنى جۇرەجدىن ئەبۇزۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەززەنىڭ ئازات گەردىسى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەيمەن ئىبنى ئۆمەردىن: بىر ئادەم ئايالىنى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلغان بولسا سەن بۇ ھەقتە قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئىدىم. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭ سوئالىغا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئايالىمنى ھەيزلىك ھالەتتە تالاق قىلدىم، ئۆمەر بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايالى بىلەن يېنىشىۋالسۇن، ئايالى ھەيزدىن پاك بولغان چاغدا، ئاندىن ئۇنى تالاق قىلسۇن ياكى ئەمرىدە ساقلىسۇن» دەپ بۇيرىغان ئىدى، دەپ جاۋاب بەردى.

﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتەيەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنى پاكلىق ھالىتىدە، بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىڭلار. ئىبنى ئۆمەر، ئەتا، مۇجاھىد، ھەسەن، ئىبنى سىيدىن، قەتادە، مەيمۇن ئىبنى مەھران، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، ئىكرىمە ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە ئابدۇللاھنىڭ سۆزىگە ئوخشاش سۆز قىلغان.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەر كىشى ئايالىنى ھەيزلىك ھالەتتە تالاق قىلالمايدۇ، ئايالى پاكلىق ھالەتتە تۇرغاندا. ناۋادا ئۇ ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان بولسا تالاق قىلالمايدۇ. پەقەتلا ئايالى ھەيز كۆرۈپ ئاندىن ھەيزدىن پاكلانغانغا قەدەر ئۇنى تالاق قىلمايدۇ. ئايالى پاك بولغاندىلا ئايالىنى بىر تالاق قىلىدۇ. ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى ئاشكارا بولسا، ئېرى ئۇ ئايالنى تالاق قىلسا بولىدۇ. ئەر كىشى ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى ياكى ھامىلدار بولمىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا فىقھشۇناسلار تالاقنىڭ ھۆكۈملىرىنى بېكىتىپ، ئۇنى سۈننەت بويىچە قىلىنغان تالاق ۋە بىدئەت بويىچە قىلىنغان تالاق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى. سۈننەت بويىچە قىلىنغان تالاق دېگىنىمىز: ئەر كىشى ئايالىنى پاكلىق ھالەتتە، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن تالاق قىلىش ياكى ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بىدئەت بويىچە قىلىنغان تالاق: بىر تالاق كىشى ئايالىنى ھەيزلىك ھالىتىدە ياكى ئۇ پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ، ئۇنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. فىقھشۇناسلار سۈننەتمۇ ئەمەس بىدئەتمۇ ئەمەس ئۈچىنچى خىل تالاقنى بېكىتىپ چىققان، بۇ تالاق كىچىكلىكىدىن ھەيز كۆرمەيدىغان ياكى ياشىنىپ قېلىپ ھەيز كۆرۈشتىن توختىغان ئايالنى ۋە نىكاھلانغاندىن كېيىن بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى قويۇۋەتمەكچى بولغان ئايالنى تالاق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىددەتنى ساناڭلار﴾ يەنى ئايالنىڭ ئىددىتى ئۇزىراپ كېتىپ ياتلىق بولۇشقا توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىددەتنىڭ باشلىنىشىنى ۋە تۈگەيدىغان ۋاقتىنى ھېسابلاپ ۋە بىلىپ تۇرۇڭلار. ئىددەت مەسلىدە ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾.

www.munber.org

## تالاق قىلىنغان ئەمما يېنىۋېلىشقا بولىدىغان ئايالغا ئىددەت جەريانىدا نەپىقە بېرىش ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن**﴾ يەنى ئىددەت جەريانىدا ئۇ ئايالنى ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇ ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا، ئەرنىڭ ئۇنى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىش ھەققى يوق، ئايالمۇ ئۆيىدىن چىقىپ كەتسە، بولمايدۇ. چۈنكى، ئېرىنىڭ ئايالى بىلەن ئىددەت ئىچىدە يېنىۋېلىش ھەققى بار.

﴿**ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ**﴾ يەنى ئاياللار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆيىدىن چىقىدۇ. ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، شائبى، ھەسەن، ئىبنى سىيرىن، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇقەلابە، ئەبۇسالى، زەھھاك، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەتا خۇراسانى، سۇددى، سەئىد ئىبنى ئەبۇھىلال ۋە باشقىلار كۆرسەتكەندەك ئوچۇق پاھىشە زىنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە ۋە باشقىلار ئېيتقاندەك ئوچۇق پاھىشە ئايالنىڭ ئېرىگە قارىتا كۆڭۈلسىز بولۇشىنى، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىغا بىھۆرمەتلىك قىلىشىنى ۋە ئۇلارغا سۆز ـ ھەرىكەتتە ئەزىيەت يەتكۈزۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿**ئەنە شۇ اللهنىڭ قانۇنىدۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ۋە چەكلىمىلىرىدۇر.

﴿**كىمكى اللهنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن**﴾ يەنى بۇ قانۇنغا بويسۇنماي ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ، باشقا نەرسىگە ھالقىپ كېتىدىكەن، ﴿**ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ شۇنداق قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

## تالاق قىلىنغۇچى ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشىنىڭ پايدىسى توغرىسىدا

﴿**سەن بىلمەيسەنكى، الله شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن**﴾ يەنى بىزنىڭ تالاق قىلىنغۇچى ئايالنى ئىددەت جەريانىدا ئەرنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇشىمىز پەقەت ئەرنىڭ ئايالنى تالاق قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قېلىشى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايالى بىلەن يېنىشىۋېلىشنى سېلىپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ ئايالى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا يېنىشالايدۇ. زۆھرى، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھتىن پاتىمە بىنتى قەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت يېنىشقىلى بولىدىغان تالاقنى كۆرسىتىدۇ. شەئبى، ئەتا، قەتادە، زەھھاك، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە سەۋرى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن.

## يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قىسىم ئالىملار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئالىملار يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۆي بىلەن تەمىنلەش ۋاجىب ئەمەس دەپ كۆرسەتتى ۋە بۇ قارىشى ئۈچۈن پاتىمە بىنتى قەيس فەھرىيەنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلدى. ۋەقە مۇنداق: بۇ ئايالنى ئېرى ئەبۇئەمرى ئىبنى ھەپس ئۈچ تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى يەمەندە بولۇپ ئايالنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ يەمەندە

www.munber.org

تۇرۇپ ئايالىنىڭ تالىقىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ ۋە ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان كىشى ئارقىلىق ئايالىنىڭ نەپىقىسى ئۈچۈن ئارپا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئارپىنى كۆرگەن ئايال ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ئادەمگە خاپا بولىدۇ. ۋەكىل: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىزگە نەپىقە بېرىش بىزگە ۋاجىپ ئەمەس، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنداق ئەھۋالدا سىزگە نەپىقە بېرىش ئېرىڭىزگە ۋاجىب ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىزنى ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئېرىڭىزگە ۋاجىپ ئەمەس» دېگەن ۋە ئۇ ئايالنى ئۇممۇ شەرىك دېگەن ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇغان، كېيىن يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇمموشەرىك ساھابىلىرىمنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان ئايالدۇر، سىز ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ قېشىدا ئىددەت تۇتۇڭ، ئۇ كۆزى كۆرمەس ئادەمدۇر، سىز ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىملىرىڭىز بىلەن ئازادە يۈرەلەيسىز».

ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى قەيسىنىڭ قىزى! ماڭا قاراڭ! ئەر ئايالنى يېنىشالايدىغان تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنى يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. سىز ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ پالانى ئايالنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىڭ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايال باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان ئايالدۇر، سىز ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈڭ ئۇ كۆزى كۆرمەس ئادەمدۇر، سىزنى كۆرمەيدۇ» دېدى.

ئەبۇقاسىم تەبرانى، ئامىر شەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن زەھھاك ئىبنى قەيس قۇرەشنىڭ ھەمشىرىسى فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئېرى مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئەبۇئەمر ئىبنى ھەپس دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئايال مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇئەمرى ئىبنى ھەپس يەمەنگە يۈرۈش قىلغان قوشۇن بىلەن كېتىۋېتىپ مېنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئېرىمنىڭ تۇغقانلىرىدىن نەپىقە ۋە ئۆي تەلەپ قىلدىم. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى: ئېرىڭىز بىزگە ھېچنەرسە ئەۋەتمىدى ۋە بىزنىڭ سىزگە بىرەر نەرسە بېرىشىمىزنى تەۋسىيە قىلمىدى، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئەبۇئەمرى ئىبنى ھەپس مېنىڭ تالىقىمنى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن ماڭا ئۆي ۋە نەپىقە بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئېرىڭىز بىزگە بۇ ھەقتە ھېچنەرسە ئەۋەتمەپتۇ، دېدى. دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئېرى بىلەن يېنىشالايدىغان ئايالغىلا ئۆي ۋە نەپىقە بېرىلىدۇ. باشقا ئەرگە تېگىپ ئاجراشمىغىچە يېنىشالمايدىغان ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ۋاجىپ ئەمەس» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَأَشْهِدُوا۟ ذَوَىْ عَدْلٍ مِّنكُمْ
وَأَقِيمُوا۟ ٱلشَّهَـٰدَةَ لِلَّهِ ۚ ذَٰلِكُمْ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجْعَل
لَّهُۥ مَخْرَجًا ﴿٢﴾ وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ ۚ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَـٰلِغُ أَمْرِهِۦ ۚ
قَدْ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَىْءٍ قَدْرًا ﴿٣﴾

www.munber.org

*ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزۈلىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ*[2]*. اللە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى اللەغا تەۋەككۇل قىلسا، اللە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى*[3].

## تالاق قىلىنغان ئايالنى مەيلى قايسى خىلدىكى ئۇسۇلدا تالاق قىلسۇن ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىددەت تۈگۈۋاتقان ئايالنىڭ ئىددىتى تۈگەشكە ئاز قالغان، لېكىن، ئىددەتتىن تولۇق چىقىپ بولمىغان چاغدا ئېرى ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى نىكاھى بىلەن يېنىشىۋېلىشنى ۋە چىرايلىقچە يەنى ئۇ ئايالغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلىشى كېرەك. ياكى ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە يەنى ئۇنى تىللىماستىن، ئازار بەرمەستىن ئۈزۈلۈپ كېتىشكە، ئۇنىڭ تالىقىنى چىرايلىق يول بىلەن بېرىشكە قارار قىلىشى كېرەك.

## يېنىشقاندا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿(يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار﴾ يەنى ئاياللىڭلار بىلەن يېنىشىشقا قارار قىلساڭلار، بۇنىڭغا ئادىل گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىڭلار. ئىمام ئەبۇداۋۇد ئىبنى ماجەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن، ئاندىن ئۇ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، ئۇ ئايالنى تالاق قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقاندىمۇ بىرەر ئادەمنى گۇۋاھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ئىمران ئۇ ئادەمگە: ئايالىنى تالاق قىلغاندىمۇ سۈننەت بويىچە قىلماپتۇ، يېنىشقاندىمۇ سۈننەت بويىچە يېنىشماپتۇ، ئۇنى تالاق قىلغاندىمۇ ۋە يېنىشقاندىمۇ گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىشى كېرەك. بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ، دېدى.
ئىبنى جۇرەيج ئەتانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نىكاھ قىلىش ۋە تالاق قىلىش ۋە يېنىشىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلمىسا دۇرۇس بولمايدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالا بۇ ھەقتە شۇنداق دەپ كۆرسەتتى، لېكىن، پەقەت ئۆزۈرلۈك كىشىلەرلا بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا.
﴿بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ﴾ بىز سىلەرنى بۇ ئىشلاردا ئادىل گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىشقا ۋە گۇۋاھلىقنى توغرا ئادا قىلىشقا بۇيرۇدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرلا بۇ ھۆكۈمگە بويسۇنىدۇ، اللە تائالا بۇ قانۇننى ئاخىرەت يۇرتىدا اللە تائالانىڭ ئازاب قىلىشىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن يولغا قويدى.

www.munber.org

## الله تائالانىڭ تەقۋادارلارغا چىقىش يولى ۋە رىزىق بېرىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ كاپالىتىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ**﴾ يەنى كىمكى الله تائالا بۇيرىغان ئىشنى قىلىپ، الله تائالا توسقان ئىشتىن يېنىپ، الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭ ئىشلىرىدا چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئويلاپ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كەلمىگەن بىر يەردىن رىزىق بېرىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمدە مەنىسى ئەڭ مول ئايەت: ﴿اللە ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر. قۇرئان كەرىمدە ئەڭ چىقىش يولى بېرىدىغان ئايەت ﴿**كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتۇر. ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئايالىنى الله تائالا بۇيرىغان بويىچە تالاق قىلسا الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئىبنى ئابباس ۋە زەھھاكنىڭمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى مەسئۇد ۋە مەسرۇق ﴿**كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى الله تائالانىڭ خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، الله تائالا ئۇنىڭغا ﴿**ئويلىمىغان يەردىن**﴾ يەنى ئۇ بىلمەيدىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. قەتادە: ﴿**كىمكى الله تائالادىن قورقىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا ئۇنى شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلايدۇ. سەكراتتىكى مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

﴿**الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ**﴾

﴿**كىمكى اللەغا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ**﴾ ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئۇلاغقا مىنگىشىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئوغۇل مەن ساڭا بىر نەچچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويماقچىمەن، الله تائالانى ھىمايە قىلغىن، الله تائالا سېنى ھىمايە قىلىدۇ. الله تائالانى ھىمايە قىلغىن الله تائالا ساڭا ئېغىر كۈنلەردە ياردەم بېرىدۇ، نەرسە سورىساڭ، پەقەت الله تائالادىن سورىغىن، ياردەم تەلەپ قىلساڭ، الله تائالادىنلا تىلىگىن، بىلگىنكى، يەر يۈزىدىن پۈتۈن ئۈممەت ساڭا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ساڭا پەقەت الله تائالانىلا سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن يېزىۋەتكەن نەرسىدىن ئارتۇق يەتكۈزەلمەيدۇ. پۈتۈن ئۈممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ساڭا پەقەت الله تائالا ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىۋەتكەن نەرسىدىن ئارتۇق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بەلگىلەنگەن تەقدىرنى يازىدىغان قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، تەقدىر يېزىلغان بەتلەر قۇرىدى» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

﴿**اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ**﴾ يەنى الله تائالا مەخلۇقاتلىرىغا ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ، چىقارغان ھۆكۈملەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىجرا قىلىدۇ. ﴿الله

[1] سۈرە نەھل 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَٱلَّٰٓـِٔي يَئِسۡنَ مِنَ ٱلۡمَحِيضِ مِن نِّسَآئِكُمۡ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ فَعِدَّتُهُنَّ ثَلَٰثَةُ أَشۡهُرٖ وَٱلَّٰٓـِٔي لَمۡ يَحِضۡنَۚ وَأُوْلَٰتُ ٱلۡأَحۡمَالِ أَجَلُهُنَّ أَن يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مِنۡ أَمۡرِهِۦ يُسۡرٗا ﴿٤﴾ ذَٰلِكَ أَمۡرُ ٱللَّهِ أَنزَلَهُۥٓ إِلَيۡكُمۡۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعۡظِمۡ لَهُۥٓ أَجۡرًا ﴿٥﴾

***ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللہ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ[4]. ئەنە شۇ اللەنىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللہ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ[5].***

## ياشنىپ قالغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغان ۋە تېخى ھەيز كەلمىگەن كىچىك ئاياللارنىڭ ئىددىتى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ياشنىپ قالغانلىقتىن ھەيز توختىغان ئايالنىڭ ئىددىتىنى سۈرە بەقەرەدىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە ھەيز كۆرىدىغان ئاياللارنىڭ ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەنگە قەدەر ئىددەت تۇتۇشىنىڭ ئورنىغا ئۈچ ئاي قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنداقلا تېخى ھېيز كۆرمىگەن يېشى كىچىك ئاياللارنىڭ ئىددىتىنى يېشى چوقلۇقتىن ھەيز توختىغان ئاياللارنىڭ ئىددىتىگە ئوخشاش ئۈچ ئاي قىلىپ بەلگىلىدى. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر**﴾

﴿**شۈبھىدە بولساڭلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى: مۇجاھىد، زۆھرە، ئىبنى زەيد قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، ئەگەر بۇ خىلدىكى ئاياللار قان كۆرسە، سىلەر بۇ قاننىڭ ھەيز ياكى ئىستىھاز قېنى ئىكەنلىكىدىن شەكلەنسەڭلار ۋە شۈبھىلەنسەڭلار، بۇنداق ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، دېگەنلىكتۇر. ئىككىنچىسى: ئەگەر سىلەر بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ ئىددىتىنىڭ ھۆكمىنى بىلمىسەڭلار ۋە شۈبھىلەنسەڭلار، بۇنداق ئاياللار نىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. بۇ قاراش سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ قاراشقا ئىبنى ئابباسمۇ قوشۇلغان. بۇ، ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدىن ئېلىنغان قاراشتۇر. ئىبنى جەرىر بۇ قاراشقا ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇبەي ئىبنى كەئب: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! يېشى كىچىك ۋە يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغان ئاياللارنىڭ ۋە ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددەت مۇددىتى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنمىدىمۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك اللہ:

[1] سۈرە رەئد 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇبەي ئىبنى كەئبتىن تېخىمۇ ئەتراپلىق قىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللارنىڭ ئىددىتى ھەققىدە سۈرە بەقەرەدىكى بايان قىلىنغان ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ: قۇرئاندا كىچىكلىكتىن ھەيز كۆرمىگەن ۋە يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرۈشتىن توختىغان ۋە ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى بايان قىلىنماپتۇ، دېگەنلىكىنى يەتكۈزدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئىددىتى بايان قىلىنماي قالغان بۇ ئاياللار ھەققىدە: **﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

## ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى توغرىسىدا

**﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾**

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتىنىڭ مەيلى ئۇ تالاق قىلىنغان بولسۇن ياكى ئېرى ئۆلگەن بولسۇن، ئۇ بالىنى تۇغۇش بىلەنلا تۈگەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى سەلەپ ۋە خەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر. بۇ قاراش بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ كۆرسىتىلگەن.

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا كېلىپ: ماڭا ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ 40 كۈندىن كېيىن يەڭگىگەن ئايالنىڭ ھۆكمى ھەققىدە پەتىۋا بەرگىن، دېدى. ئەبۇھۈرەيرە ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئىبنى ئابباس: ئۇ ئايال ئىددەت بېكىتىلگەن ئىككى ئاي ۋاقىتتىن ئۇزاقراق ئىددەت تۇتىدۇ، دەپ پەتىۋا بەردى. مەن: **﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم، دېدىم. ئەبۇھۈرەيرىمۇ: مەن قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى ئەبۇسەلەمەنىڭ سۆزىنىڭ تەرەپتارىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئابباس خىزمەتچىسى كۈرەيبنى ئۇممۇسەلەمەنىڭ قېشىغا ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دېدى: سەبىئە ئەسلەمىيە دېگەن ئايالنىڭ ئېرى شېھىت بولغاندا بۇ ئايال ھامىلدار ئىدى. ئۇ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ 40 كۈندىن كېيىن يەڭگىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايالغا ياتلىق بولۇشقا تەلەپ قويۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇ ئايالغا تەلەپ قويغانلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇسانابىل دېگەن كىشى بار ئىدى، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەبىئە ئەسلەمىيە دېگەن ئايالنىڭ ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە بۇ ئايال ھامىلدار ئىدى. بۇ ئايال ئۇزاق ئۆتمەيلا يەڭگىدى. بۇ ئايالنىڭ نىفاس كۈنلىرى تۈگىگەندە ئۇ ئايالنى ئەمرىگە ئېلىشنى خالايدىغانلار ئەلچى بولۇپ كەلدى.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياتلىق بولۇش توغرىلىق رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ياتلىق بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاتام ئۆمەر ئىبنى ئابدۇللاھقا خەت يېزىپ، خېتىدە ئۇنى ھارىسنىڭ قىزى سەبىئە ئەسلەمىيەنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياتلىق بولۇش ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىنى سوراپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇللاھ ئاتامغا جاۋاپ خەت يېزىپ سەبىئە ھەققىدە بىلگەنلىرىنى مۇنداق خەۋەر قىلدى.

سەبىئە دېگەن ئايال سەئد ئىبنى خەۋلەنىڭ ئايالى بولۇپ سەئد بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابە ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ۋىدالىشىش ھەججىدە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ چاغدا بۇ ئايال ھامىلدار ئىدى، ئۇ ئېرى ۋاپات بولۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يەڭگىدى، ئۇ ئايال نىفاستتىن پاكلانغاندىن كېيىن لايىق چىقىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ چىرايلىق ياساندى، ئەبۇسانابىل ئىبنى بەئكەك ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ: ئەجەپمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، ياتلىق بولۇشنى خالايدىغاندەك قىلىسىز. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز تۆت ئاي ئون كۈن توشقازمىغىچىلىك ياتلىق بولالمايسىز، دېدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇللاھ خېتىدە سەبىئەنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى يازىدۇ: ئەبۇسانابىل ماڭا شۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن مەن زىننەتلىنىش ئۈچۈن كىيگەن كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ، كەچ كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ماڭا بۇ ھەقتە پەتىۋا بېرىشىنى سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يەڭگىگەنلىكىمنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقىم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ماڭا لايىق چىقىپ قالسا ياتلىق بولۇشۇمغا بولىدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

﴿**كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا ئۇنىڭغا پات يېقىندا بىر چىقىش يولى بېرىدۇ. ﴿**ئەنە شۇ اللەنىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر**﴾ يەنى ئەنە شۇ الله تائالانىڭ سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق نازىل قىلغان ھۆكمى ۋە شەرىئەت پرىنسىپلىرىدۇر. ﴿**كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ**﴾. يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىپ ئاز ئەمەلىگە كۆپ ساۋاب بېرىدۇ.

* * * * * * *

أَسْكِنُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ سَكَنتُم مِّن وُجْدِكُمْ وَلَا تُضَآرُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُواْ عَلَيْهِنَّ ۚ وَإِن كُنَّ أُوْلَٰتِ
حَمْلٍ فَأَنفِقُواْ عَلَيْهِنَّ حَتَّىٰ يَضَعْنَ حَمْلَهُنَّ ۚ فَإِنْ أَرْضَعْنَ لَكُمْ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ ۖ وَأْتَمِرُواْ بَيْنَكُم
بِمَعْرُوفٍ ۖ وَإِن تَعَاسَرْتُمْ فَسَتُرْضِعُ لَهُۥٓ أُخْرَىٰ ﴿٦﴾ لِيُنفِقْ ذُو سَعَةٍ مِّن سَعَتِهِۦ ۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُۥ
فَلْيُنفِقْ مِمَّآ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ۚ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفْسًا إِلَّا مَآ ءَاتَىٰهَا ۚ سَيَجْعَلُ ٱللَّهُ بَعْدَ عُسْرٍ يُسْرًا ﴿٧﴾

*ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)، ئەگەر ئۇلار*

www.munber.org

***ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن*** [6]***. باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم اللەنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). اللە ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، اللە قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)*** [7].

## تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئۆي بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بەندىلىرىنى ئەگەر ئۇلاردىن بىرى ئايالىنى قويۇۋەتسە، ئايالنىڭ ئىددىتى تۈگىگەنگە قەدەر ئۆي بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ۋە بىر قانچە كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: يەنى تۇرمۇش ئەھۋالىڭلارغا يارىشا ئۇلارنى ئۆي بىلەن تەمىنلەڭلار. قاتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن ئايالنى ئولتۇرغۇزغۇدەك ئۆي تاپالمىساڭ ئۇنى ئۆز ئۆيۈڭنىڭ يېنىدا ئۆي تەييارلاپ ئولتۇرغۇزغىن.

## تالاق قىلىنغان ئايالنى تەڭلىكتە قالدۇرۇشتىن توسۇش توغرىسىدا

﴿**ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)**﴾ مۇقاتىل ئىبنى ھەييان بۇ ئايەتتە ئايالنىڭ مال - مۈلكىنى ئېرىگە تاشلاپ بېرىشىنى ياكى ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئەرنىڭ قەستەن بۇ ئايالنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن توسۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. سەۋرى مەنسۇردىن ئەبۇزەھاكنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئەرنىڭ ئايالنى تالاق قىلىپ ئاندىن ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇشقا ئىككى كۈن قالغاندا ئايالى بىلەن يېنىۋېلىشتەك قىلمىشنى قىلىشتىن توسىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەرنىڭ شۇنداق قىلىشى ئايالىغا قەستەن زىيان يەتكۈزۈشنى كۆزلىگەنلىكتۇر.

## قايتا نىكاھ ئوقۇماستىن يېنىشىۋېلىشقا بولمايدىغان ھامىلدار ئايالنى تاكى ئۇ يەڭگىپ بولغىچە تەمىنلەشنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار**﴾ ئەگەر قويۇۋېتىلگەن ئايال ھامىلدار بولسا، ئۇ يەڭگىچىلىك ئۇنى تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقتىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم دەل قايتا نىكاھ ئوقۇمىغىچىلىك يېنىشقىلى بولمايدىغان ئايال ئۈچۈندۇر. چۈنكى، نىكاھسىز يېنىشقىنىلىشىپ يىنۋالغىلى بولىدىغان ئايالنى تەمىنلەش ئۇ مەيلى ھامىلدار بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

www.munber.org

## قويۇۋېتىلگەن ئايال بالىنى ئېمىتىپ بەرسە ئېمىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە**﴾ يەنى تالاق قىلىنغان ھامىلدار ئايال يەڭگىپ بولۇشى بىلەن ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ ـ دە، نىكاھسىز يېنىشقىلى بولمايدىغان ھالەتكە ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا بالىنى ئېمىتىپ بېرىش ياكى ئېمىتىپ بەرمەسلىك ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ. ئايالنىڭ بۇ ئىختىيارلىقى بالىنى ئوغۇز سۈتىنى ئېمىتىپ بەرگەندىن كېيىن بولىدۇ. چۈنكى، ئانا بالىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى چوقۇم ئېمىتىشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئايال بالىسىنى ئېمىتىپ بەرسە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىپ ھەق ئالىدىغان ئاياللارنىڭ باراۋىرىدە ھەق ئېلىش ھوقۇقى بار. بۇنداق ئەھۋالدا ئانا بالىنىڭ دادىسى بىلەن ياكى بالىنىڭ ۋەلىيسى بىلەن ئۇنى ئېمىتىپ بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن مىقداردا ھەق ئېلىشقا كېلىششە بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار**﴾

﴿**ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئۆز ئارا زىيان سالمايدىغان ئاساستا مەسلىھەت بىلەن بولسۇن. الله تائالا بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم﴾[1].

﴿**ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن**﴾ يەنى ئايال ئېمىتىش ھەققىنى كۆپ تەلەپ قىلسا ئەر ئۇنى قوبۇل قىلمىسا ياكى ئەر كېلىشكەن ھەقتىن ئاز بەرسە، بۇ سەۋەپتىن ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلسا، بالىنى ئانىسىدىن باشقا بىر ئايال ئېمىتىپ بەرسۇن، گەرچە ئانا ئۆز بالىسىنى ئېمىتىشكە ئەڭ ھەقلىق تۇرۇقلۇق ئۇ ئەر ـ ئايال كېلىشەلمەسلىكتىن ئۇ بالىسىنى باشقا بىر ئايالنىڭ ئېمىتىپ بېرىشىگە رازى بولىدىغان بولسا، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق ھەل قىلماي بولمايدۇ.

﴿**باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن**﴾ يەنى بالىنىڭ دادىسى ياكى ئۇنىڭ ۋەلىسى ئۆزىنىڭ ھالىغا قارىتا بالىنى تەمىنلىسۇن.

﴿**رىزقى تار قىلىنغان ئادەم اللهنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). الله ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى بايىنى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله تائالا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[2].

## تەقۋادار بىر ئايالنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

﴿**الله قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)**﴾ بۇ الله تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر، الله تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. الله تائالا

---

[1] سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ناھايىتى بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئەر ئايال ئىككىسىلا بىرەر تاپاۋەت قىلالمايدىكەن. بىر كۈنى بۇ ئادەم سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، قورسىقى ئاچ، ئۈستى بېشىنى توپا چاڭ باسقان ھالدا ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئايالىغا: يېگىدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ دەيدۇ ئايال: ھەئە! خۇش خەۋەر ئېلىڭ بىزگە الله تائالانىڭ بەرگەن رىزقى كەلدى، دەيدۇ. ئەر ـ ئايالنى ئۆزىگە تاماق كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، ماڭا يېگۈدەك بىر نەرسە بەرمەمسىز؟ دەيدۇ، ئايال: بولىدۇ، بىر ئاز كۈتۈڭ. دەپ الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرىۋېرىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتىدۇ. ئەر ئايالىغا: نېمىگە تۇرىسىز؟ قوپۇڭ ماڭا تاماق بېرىڭ يېگۈدەك بىر نەرسە ئەكىلىڭ. مەن ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم، دەيدۇ. ئايال: بولىدۇ، مانا ھازىرلا تونۇرنى ئاچىمىز ئالدىراپ كەتمەڭ، دەيدۇ. ئەر بىر ھازاغىچە جىم بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرى ئېرىنىڭ ئۆزىگە بىر نەرسە دەي دەپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن ئايال ئۆزىلا گەپ باشلاپ: تونۇرغا قاراپ باقاي، دەيدۇ ۋە ئورنىدىن قوپۇپ تونۇرغا قاراپ تونۇرنىڭ ئىچىدە يېرىم قىلىپ پارچىلانغان قوي گۆشلىرى بىلەن تولغانلىقىنى ۋە ئىككى ياغۇنچاق تېشىنىڭ ئۇن تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال تۈگمەندىكى ئۇنلارنى پاكىز يىغىپ ئالىدۇ، تونۇردىكى قوي گۆشلىرىنى چىقىرىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە بۇ قىسسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ ئايال تۈگمەندىكى ئۇننى ئۈنچىلىك دەرىجىدە پاكىز يىغىپ ئېلىۋالمىغىنىدا، ئۇ ياغۇنچاق ئۇ ئايالغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇن تارتىپ بەرگەن بولاتتى» دېگەن.

* * * * * * *

وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ عَتَتۡ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهَا وَرُسُلِهِۦ فَحَاسَبۡنَٰهَا حِسَابٗا شَدِيدٗا وَعَذَّبۡنَٰهَا عَذَابٗا
نُّكۡرٗا ﴿٨﴾ فَذَاقَتۡ وَبَالَ أَمۡرِهَا وَكَانَ عَٰقِبَةُ أَمۡرِهَا خُسۡرًا ﴿٩﴾ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ قَدۡ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيۡكُمۡ ذِكۡرٗا ﴿١٠﴾ رَّسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ مُبَيِّنَٰتٖ
لِّيُخۡرِجَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا
يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ قَدۡ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ لَهُۥ رِزۡقًا ﴿١١﴾

*نۇرغۇن شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى، ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق﴿8﴾. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى﴿9﴾. الله ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! اللەدىن قورقۇڭلار، الله سىلەرگە قۇرئاننى نازىل قىلدى﴿10﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن*

[1] سۈرە ئىنشىراھ 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

*سىلەرگە اللەنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى، كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، (اللە) ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. اللە ئۇلارغا ئېسىل رىزىق (يەنى جەننەتتىكى رىزىق ۋە نېمەتلەرنى) بېرىدۇ*[11].

## پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتقانلارنىڭ جازالىنىشى توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن يولدىن باشقا يولغا ماڭغان كىشىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە شۇ سەۋەب بىلەن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرگە چۈشكەن ئازابتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**نۇرغۇن شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى**﴾ يەنى ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ چوڭچىلىق قىلىپ الله تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەمرىگە ئەگىشىشتىن باش تارتتى.

﴿**ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق**﴾ يەنى ئۇلارنى قاتتىق رەسۋا قىلدۇق ۋە قاتتىق خار قىلدۇق. ﴿**ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىدى**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەمرىگە قارشىلىق قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىدى ۋە پۇشايمان ئەسقاتمايدىغان يەردە پۇشايمان قىلدى.

﴿**ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى. الله ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلىدى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنى دۇنيادا جازالاش بىلەن بىرگە ئاخىرەتتىمۇ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى.

الله تائالا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! الله تائالادىن قورقۇڭلار**﴾ ئى ساغلام چۈشەنچە ئىگىلىرى! سىلەر ئۇلاردەك بولماڭلار، ئۇلاردەك بولساڭلار، ئۇلارغا يەتكەن قاتتىق ئازاب سىلەرگىمۇ يېتىدۇ.

﴿**ئى ئىمان ئېيتقان**﴾ يەنى الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى تەستىق قىلغان ئەقىل ئىگىلىرى ﴿**الله تائالا سىلەرگە قۇرئاننى نازىل قىلدى**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرگە اللەنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن اللە نىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق﴾[2] ﴿الله مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾[3] يەنى

---

[1] سۈرە ھىجر 9 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىبراھىم 1- ئايەت.
[3] سۈرە بەقەر 257 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ﷲ تائالا مۆمىنلەرنى كۇفرىنىڭ ۋە نادانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمانىنىڭ ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىدۇ. ۋەھيي بىلەن ھىدايەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ﷲ تائالا ئۆزى نازىل قىلغان ۋەھيىنى "نۇر" دەپ ئاتىدى. شۇنداقلا ۋەھيىنىڭ دىللارغا ھاياتلىق بېغىشلايدىغانلىقى ئۈچۈن ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾[1].

**﴿كىمكى اللهغا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، (الله) ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. الله ئۇلارغا ئېسىل رىزىق (يەنى جەننەتتىكى رىزىق ۋە نېمەتلەرنى) بېرىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى يۇقىرىدا كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز.

* * * * * * *

ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ سَبۡعَ سَمَـٰوَٰتٍ وَمِنَ ٱلۡأَرۡضِ مِثۡلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنَهُنَّ لِتَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىۡءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَحَاطَ بِكُلِّ شَىۡءٍ عِلۡمَۢا ﴿١٢﴾

***الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى، اللهنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) اللهنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە اللهنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴿12﴾.***

## ﷲ تائالانىڭ مۇكەممەل قۇدرىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ﷲ تائالا يولغا قويغان توغرا دىنىنىڭ ئۇلۇغ دىن ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا ھېس قىلدۇرۇش (ئۈچۈن ﷲ تائالا) ئۆزىنىڭ مۇكەممەل قۇدرىتىدىن ۋە كاتتا پادىشاھلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى﴾** ﷲ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، الله قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى﴾[2].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللهنى پاك دەپ بىلىدۇ﴾[3]

**﴿زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى﴾** بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى زېمىندىن بىر غېرىچ چاغلىق يەرنى زۇلۇم بىلەن ئىگىلىۋالسا، قىيامەتتە بويىنىغا يەتتە قات زېمىنغىچە تاقاق سېلىنىدۇ». ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «... ئۇنى يەتتە زېمىنغىچە يەر يۇتۇپ كەتتى».

---

[1] سۈرە شۇرا 52 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇھ 15 ـ ئايەت.
[3] ئىسرا 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كىمكى: يەتتە قات زېمىندىن زېمىننىڭ يەتتە بۆلۈكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن خاتا قاراشتا بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن ھەقتىن تولىمۇ يىراقلاشقان، خاتا نەزەرىيەدە قايمۇقۇپ، ھېچ قانداق دەلىل ـ پاكىتسىز قۇرئان بىلەن ھەدىسكە قارشى چىققان بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە تالاقنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا خاستۇر.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە تەھرىم | 12 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكَ ۖ تَبْتَغِى مَرْضَاتَ أَزْوَٰجِكَ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١﴾ قَدْ
فَرَضَ ٱللَّهُ لَكُمْ تَحِلَّةَ أَيْمَـٰنِكُمْ ۚ وَٱللَّهُ مَوْلَىٰكُمْ ۖ وَهُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢﴾ وَإِذْ أَسَرَّ ٱلنَّبِىُّ إِلَىٰ بَعْضِ
أَزْوَٰجِهِۦ حَدِيثًا فَلَمَّا نَبَّأَتْ بِهِۦ وَأَظْهَرَهُ ٱللَّهُ عَلَيْهِ عَرَّفَ بَعْضَهُۥ وَأَعْرَضَ عَنۢ بَعْضٍ ۖ فَلَمَّا نَبَّأَهَا
بِهِۦ قَالَتْ مَنْ أَنۢبَأَكَ هَـٰذَا ۖ قَالَ نَبَّأَنِىَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿٣﴾ إِن تَتُوبَآ إِلَى ٱللَّهِ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا ۖ
وَإِن تَظَـٰهَرَا عَلَيْهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ مَوْلَىٰهُ وَجِبْرِيلُ وَصَـٰلِحُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۖ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ بَعْدَ ذَٰلِكَ ظَهِيرٌ ﴿٤﴾
عَسَىٰ رَبُّهُۥٓ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن يُبْدِلَهُۥٓ أَزْوَٰجًا خَيْرًا مِّنكُنَّ مُسْلِمَـٰتٍ مُّؤْمِنَـٰتٍ قَـٰنِتَـٰتٍ تَـٰٓئِبَـٰتٍ عَـٰبِدَٰتٍ
سَـٰٓئِحَـٰتٍ ثَيِّبَـٰتٍ وَأَبْكَارًا ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن اللہ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[1]. اللہ سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسەمڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، اللہ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، اللہ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2]. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، اللہ بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار اللہ خەۋەر قىلدى» دېدى[3]. ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللہغا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللاھ خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا اللہ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، مۆمىنلەرنىڭ*

*ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر﴿4﴾. ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن﴿5﴾.*

## پەيغەمبەرنىڭ ھالال نەرسىنى ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈن ﷲ نىڭ تاپا قىلىشى، بۇ گۇناھنىڭ كەففارىتىنىڭ بايانى ۋە ئاياللارنىڭ پەيغەمبەرنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويغانلىقى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيردىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كۈنلىرى جەھشىنىڭ قىزى زەينەبنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى ۋە ئۇ ئۆيدە ھەسەل ئىچەتتى. مەن بىلەن ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسە ئۇنىڭغا مەن سەندىن مۇغفۇر[1] پۇرىقىنى سېزىۋاتىمەن، مۇغفۇر يېدىڭمۇ؟ دەپ سوراشقا كېلىشىۋالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ ئۇنىڭغا ھېلىقى گەپنى قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، بەلكى جەھشىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھەسەل ئىچمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن **﴿ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. الله سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسەمڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، الله بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار الله خەۋەر قىلدى» دېدى. ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللەغا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللەغا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى﴾**

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە: «بەلكى ھەسەل ئىچتىم» دېگەن سۆزنى قىلغان ئىدى. ئىبراھىم ئىبنى مۇسا ھىشامدىن قىلغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھەسەل ئىچمەيمەن، ھەسەل ئىچمەسلىككە قەسەم ئىچتىم، سىز بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ» دېگەن سۆزنى يوشۇرۇن قىلغان ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارى ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاتلىق نەرسىلەرنى ۋە ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دىگەر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدا بولاتتى. بىر كۈنى

---

[1] ئۆسۈملۈكتىن چىقىدىغان شىرنىلىك ۋە تاتلىق نەرسىدۇر.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىپ، ئادەتتىكىدىن ئۇزاقراق ۋاقىت ھايال بولۇپ قالدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە شۈبھىلىكىم تۇتتى. مەن بۇ ھەقتە سۈرۈشتە قىلدىم. ئەسلىدە ھەفسەنىڭ قەۋمىدىن بىر ئايال ئۇنىڭغا بىر قاچا ھەسەل ھەدىيە قىلغان بولۇپ، ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا شۇ ھەسەلدىن بېرىپتۇ. مەن ئۆزەمگە: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بىر ھىيلە ئىشلىتەيلى، دېدىم. ئاندىن زەمئەنىڭ قىزى سەۋدەگە: ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يېنىڭىزغا كىرسە، ئۇنىڭغا: مۇغفۇر يېدىڭمۇ؟ دەپ سوراڭ. ئۇ سىزگە: «ياق» دەيدۇ. سىز ئۇنىڭغا: ماڭا پۇرىغان بۇ پۇراق نېمىنىڭ پۇرىقى؟ دەڭ. ئۇ سىزگە «ھەفسە ماڭا ھەسەل بەردى» دەيدۇ. سىز ئۇنىڭغا: بۇ ھەسەلنى چىقارغان ھەرىلەر ئۇرفۇت[1] دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەندە؟ ـ دە، دەڭ. مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇ سۆزلەرنى قىلىمەن. ئى سەفىيە سىزمۇ ئۇنىڭغا شۇ سۆزلەرنى قىلىڭ دەپ تاپىلىدىم. سەۋدە ماڭا: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا سىز مېنى بۇيرۇغان سۆزلەرنى قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سەۋدەنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ ئۇنىڭغا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مۇغفۇر يېدىڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ياق» دېدى. سەۋدە سىنىڭدىن كېلىۋاتقان بۇ پۇراق نېمىنىڭ پۇرىقى؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ھەفسە ماڭا ھەسەل بەردى» دېدى. سەۋدە ئۇ ھەسەلنى چىشقان ھەرىلەر ئۇرفۇت دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەندە ـ دە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كىرگەندە، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلدىم. ئۇ سەفىيەنىڭ يېنىغا كىرگەندە، سەفىيەمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلدى. كېيىن ئۇ ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ھەفسە ئۇنىڭغا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ھەسەل بېرەيمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مېنىڭ ھەسەل ئىچكىم يوق» دېدى. سەۋدە: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى ھەسەل ئىچىشتىن مەھرۇم قىلدۇق، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: جىم تۇرۇڭ، دېدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئائىشەنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزىدىن بەت پۇراقنىڭ چىقىشىنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: مۇغفۇر يېدىڭمۇ؟ دېگەن. چۈنكى، مۇغفۇر پۇرىقى ئازراق غەلىتە بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بەلكى ھەسەل ئىچتىم» دېگەندە ئاياللار بۇ ھەسەلنى يىغقان ھەسەل ھەرىلەرى مۇغفۇر دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەن ـ دە دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ھەسەل بەرگۈچى ئايال ھەفسىدۇر. بۇ ھەدىس ئۇرۋە ئارقىلىق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان. بىراق ئىبنى جۇرەيج ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير ئارقىلىق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، ھەسەل بەرگۈچى ئايال جەھشىنىڭ قىز زەينەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا كېلىشىۋالغان ئاياللار ئائىشە بىلەن ھەفسە ئىككىسىدۇر. بەزىلەر: بۇ ۋەقە ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن، دەپ قارايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇ ئىككى ۋەقەلىك بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان دېگەن قاراشمۇ تازا توغرا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئائىشە ۋە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەردىن بىرى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن اللّٰه تائالا ﴿**ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللّٰهغا تەۋبە**

---

[1] ئۇرفۇت ــ مۇغفۇر چىقىدىغان دەرەختۇر.

www.munber.org

**قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاغا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى﴾** دېگەن ئايەتتە تىلغا ئالغان بۇ ئىككى ئايال ھەققىدە ئۆمەردىن سوراشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئاخىرى ئۆمەر ھەجگە باردى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەجگە باردىم. يول ئۈستىدە ئۇ تەرەت قىلغىلى چۈشتى، مەنمۇ بىر قاچا سۇنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن چۈشتۇم. ئۇ تەرەت قىلىپ بولۇپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بەردىم. ئۇ تاھارەت ئالدى. مەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: ئى خەلىپە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن اللہ تائالا ﴿**ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللەغا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللەغا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى﴾** دېگەن ئايەتتە تىلغا ئالغان بۇ ئىككى ئايال كىملەر؟ دېدىم. ئۆمەر: ئى ئىبنى ئاببىاس! سەن قالتىس جۇمۇ! ئۇلار ئائىشە بىلەن ھەفسىدۇر، دېدى.

ئاندىن ئۆمەر ماڭا بۇ ئىشنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلاپ مۇنداق دېدى: بىز قۇرەيش قەۋمى ئاياللارغا گېپىمىز ئۆتىدىغان ئادەملەر ئىدۇق. بىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدۇق، مەدىنىدە بولسا ئاياللار ئەرلەرگە گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئۇلارنىڭ ئاياللىرىدىن بۇ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. مەن بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن ئۆمەييە ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم بىر كۈنى ئايالىمغا ئاچچىقلاندىم. قارىسام ئۇ ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ماڭا جاۋاب ياندۇرغانلىقىنى غەلىتە ھېس قىلدىم. ئايالىم: مەن ساڭا جاۋاب ياندۇرسام، ئەجەپ غەلىتە ھېس قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كېچە ـ كۈندۈز گەپ قىلمايدىكەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بېرىپ ھەفسەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب ياندۇرامسىز؟ دېدىم. ئۇ: ھەئە، دېدى. مەن: ھەتتا سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كېچە ـ كۈندۈز گەپ قىلمايدىغان ئەھۋالىمۇ بارمۇ؟ دېدىم. ئۇ: ھەئە، دېدى. مەن: سىلەردىن بۇنداق قىلغانلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىدۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلار اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئاچچىقلانغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالانىڭ غەزەپلىنىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئۇ ئايال ھەققەتەن ھالاك بولىدۇ، دېگەن گەپ. سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ ياندۇرماڭ ياكى بىرەر نەرسىگە ھاجىتىڭىز بولسا ئۇنىڭدىن سورىماي مەندىن سوراڭ. سىزنىڭ خوشنىڭىز ئائىشەنىڭ سىزدىن چىرايلىق بولۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن سىزدىن سۆيۈملۈك بولۇشى سىزنى قايمۇقتۇرمىسۇن دېدىم. مېنىڭ ئەنسارلاردىن بولغان بىر خوشنام بار ئىدى، بىز ئۇنىڭ بىلەن نۆۋەتلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان خەۋەرلەردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتۇق، بىر كۈنى ئۇ بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى يەنە بىر كۈنى مەن بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كېلەتتىم.

بىز غەسسان پادىشاھى بىزگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ ئاتلىرىنى تاقلاۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەرلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ خوشنام خەۋەر ئېلىپ كەلگىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ قايتىپ كېلىپ، دەرۋازامنى ئۇرۇپ مېنى چاقىردى مەن: ئۇنىڭ قېشىغا. چىقتىم. ئۇ: بۈگۈن چوڭ بىر ئىش يۈز بەردى، دېدى. مەن نېمە ئىش يۈز بەردى؟ غەسسان قوشۇن تارتىپ كەپتىمۇ؟ دېدىم. ئۇ: ياق، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر ئىش يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ، دېدى. مەن: ھەفسە ھەققەتەن زىيان تارتىپتۇ، دېدىم. مەن مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالمىغىيدى دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. مەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىملىرىمنى كىيىپ، خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدىم، مەن ھەفسىنىڭ يېنىغا

www.munber.org

كىرسەم ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى تالاق قىلىۋەتتىمۇ؟ دېدىم. ئۇ: بىلمەيمەن، بىراق ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ بالخان ئۆيگە چىقىۋالدى، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر نىگىر بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ: مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت سوراپ چىققىن، دېدىم بالا كىرىپ كېتىپ، ئاندىن قايتىپ چىقتى ۋە: سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئۇنىڭغا دېدىم، بىراق ھېچنېمە دېمىدى، دېدى. مەن مۇنبەرنىڭ يېنىغا باردىم قارىسام ئۇ يەردە بىر قانچە كىشى ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يىغلاۋاتقان ئىكەن. مەن مۇنبەرنىڭ يېنىدا ئازراق ئولتۇردۇم، ئاندىن ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ ھېلىقى بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت سوراپ چىققىن، دېدىم. ئۇ كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى ۋە: سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئۇنىڭغا دېدىم. ئۇ ھېچنېمە دېمىدى، دېدى. مەن ھويلىدىن چىقىپ مۇنبەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردۇم ئىچىم يەنە تىت ـ تىت بولۇپ ھېلىقى بالىنىڭ قېشىغا يەنە بېرىپ: مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت سوراپ چىققىن، دېدىم. ئۇ كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى ۋە: سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئۇنىڭغا دېدىم، ئۇ يەنە ھېچنېمە دېمىدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئارقامغا ياندىم. تۇساتتىن ھېلىقى بالا مېنى چاقىرىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ كىرىشىڭگە رۇخسەت قىلدى، ئۇنىڭ قېشىغا كىرگىن، دېدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ بورا سېلىنغان يۆلەنچۈكلۈك كارۋات ئۈستىدە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىقىنىغا بورا پېتىپ، ئىز چىقىرىۋېتىپتۇ. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن راستىنلا ئاياللىرىڭنى قويۇۋەتتىڭمۇ؟ دېدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ۋە «ياق» دېدى. مەن: الله بۈيۈكتۇر، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر بىزگە قارايدىغان بولساڭ، بىز قۇرەيش خەلقى ئاياللارغا گېپىمىز ئۆتىدىغان قەۋم ئىدۇق. بىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئاياللىرى ئەرلىرىگە گېپىنى ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى مەن ئايالىمغا ئاچچىقلىسام، ئۇ ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئايالىمنىڭ ماڭا گەپ ياندۇرغانلىقىنى غەلىتە ھېس قىلدىم. ئايالىم: مەن ساڭا گەپ ياندۇرسام، ئەجەپ غەلىتە ھېس قىلىسەنغۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا بىر كېچە ـ كۈندۈز گەپ قىلمايدىكەن، دېدى. ئاندىن مەن سىلەردىن شۇنداق ئىش قىلغان ئاياللار ھەقىقەتەن قاتتىق زىيان تارتقۇچىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلار الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئاچچىقلانغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا نىڭ ئۇنىڭغا غەزەبلىنىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئۇ ئايال ھەقىقەتەن ھالاك بولغان بولىدۇ، دېگەن گەپنى دېگەن ئىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرىپ، سىزنىڭ خوشنىڭىز ئائىشەنىڭ سىزدىن چىرايلىق بولۇشى ۋە سىزگە قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك بولۇشى سىزنى گاڭگىرىتىپ قويمىسۇن، دېگەن ئىدىم. گېپىم بۇ يەرگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم كۈلۈمسىرىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۈلتۈرسام بولامدۇ؟ دېدىم. ئۇ «ھەئە» دېدى. مەن ئولتۇرۇپ بولۇپ ئۆينىڭ ئىچىگە نەزەر سالدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ئۆيدە ئۈچ تال تېرىدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنەرسىنى كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۈممىتىڭنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشىنى تىلەپ الله تائالاغا دۇئا قىلغىن، الله ئۆزىگە ئىبادەت قىلمايدىغان پارس ۋە رۇملۇقلارغىمۇ كەڭ رىزىق بېرىپتۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ «ئى ئۆمەر سەن الله غا بولغان ئىمانىڭدا شەك

www.munber.org

قىلامسەن؟ ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى دۇنيا ھاياتىدىلا بېرىلگەن ئادەملەردۇر» دېدى. مەن: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ﷲ تائالادىن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىر ئاي ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرمەسلىككە قەسەم ئىچكەن ئىدى. ئاخىرى غالىب ۋە بۈيۈك ﷲ بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا تاپا قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەدىس ھەققىدە يەنە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بۇ ئايەت ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن سوراپ بېقىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن سوراشقا پېتىنالمىدىم. ئاخىرى ئۇ ھەجگە باردى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەجگە باردىم. بىز ھەجدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە بىللە بولدۇق. ئۇ كېتىۋېتىپ تەرەت قىلىش ئۈچۈن بىر ئەراك دەرەخزارلىقىدا توختىدى. مەنمۇ ئۇ تەرەت قىلىپ بولغىچە توختاپ تۇردۇم. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدىم. كېتىۋېتىپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان ھېلىقى ئىككى ئايال كىملەر؟ دېدىم. ئۆمەر: ئۇلار ئائىشە بىلەن ھەفسەدۇر، دېدى.

ئىمام مۇسلىم يەنە ئابدۇللا ئىبنى ئابباستىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىۋالغان چاغدا، مەن مەسچىتكە كىرسەم، ئادەملەر تاش ئويناپ ئولتۇرۇپتىكەن، ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ، دېيىشتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھىجابلىنىشقا بۇيرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. مەن بۈگۈن بۇ ئىشنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىمەن دېدىم.

بۇ ھەدىستە ئۆمەرنىڭ ئائىشە بىلەن ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرگەنلىكى ۋە ئۇ ئىككىسىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە مۇنداق دېيىلگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرمەكچى بولۇپ كىرگىنىمدە، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى رەباھنى بالىخان ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا كۆرۈپ: ئى رەباھ! مېنىڭ كىرىشىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ بەرگىن دېدىم... بۇ ھەدىس يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس بىلەن ئوخشاش بايان قىلىنىپ ئاخىرىدا ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىندى، مەن ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللارنىڭ سىنى رەنجىتكەنلىكى ئۈچۈن سەن ئۇلارنى تالاق قىلىۋەتكەن بولساڭ بۇ ئىشقا ھەرگىز قايغۇرمىغىن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ سەن بىلەن بىللىدۇر. ﷲ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى، جىبرىئىل ۋە مىكائىل قاتارلىقلارمۇ سەن بىلەن بىللىدۇر، دېدىم. مەن بىرەر سۆزنى قىلسام ﷲ ئۇ سۆزىمنى ﷲ نىڭ رىئاللىققا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلدىم. ﷲ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرىنى قويۇۋېتىش ياكى قويۇۋەتمەسلىك ھەققىدە ئىختىيارلىق بېرىپ، **﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (ﷲنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (ﷲغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن﴾** دېگەن ئايەت ۋە **﴿ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللا خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا ﷲ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر مۆمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇلارنى راستلا قويۇۋەتتىڭمۇ؟ دېدىم. ئۇ: «ياق» دېدى. مەن مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئاۋازىمنىڭ بېرىچە: پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ئايالىرىنى قويۇۋەتمەپتۇ، دەپ تۇۋلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ﴿(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچىنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. مەن ئەنە شۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەسلەپتە بىلىۋالغۇچى بولدۇم. سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، مۇقاتىل، ئىبنى ھەييان، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ ئۆمەرنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى دەسلەپتە بىلىۋالغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

﴿**مۆمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر**﴾ بۇلاردىن ئەبۇبەكرى ۋەئۆمەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھەسەنبەسرى: ئوسمانمۇ شۇ ياخشى مۆمىنلەر قاتارىدىندۇر، دەپ قوشۇپ قويىدى. لەيس ئىبنى ئەبۇسۇلەيمە مۇجاھىدنىڭ: ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپمۇ شۇ ياخشى مۆمىنلەر قاتارىنىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەستىن ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى كۈندەشلىك قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى بىرلىشىۋالدى. مەن ئۇ ئاياللارغا: ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى ئاياللارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ﴿**ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بىر قانچە ئورۇندا ئۆمەرنىڭ ئالدىن قىلغان سۆزى قۇرئان ئايەتلىرىگە ئۇدۇل چىقىپ قالدى. مەسىلەن ئۇنىڭ ھىجاب ھەققىدىكى سۆزى ھىجاب ئايىتىگە، بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى بەرگەن تەكلىپى بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتكە ئۇدۇل چىقىپ قالدى. يەنە ئۇنىڭ: ما قامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلغان بولساڭكەن، دېگەن سۆزى الله تائالا نىڭ ﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)﴾[2] دەپ نازىل قىلغان ئايىتىگە ئۇدۇل چىقىپ قالدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەنەستىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاڭلىشىمچە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئىش يۈز بېرىپتۇ. مەن ئۇ ئاياللارنى بىر ـ بىرلەپ ئارىلاپ چىقىپ ئۇلارغا: سىلەر چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرىدىغان ئىشنى ئەمدى ھەرگىز قىلماڭلار، بولمىسا الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى ئاياللارنى بېرىشى مۇمكىن دېدىم. ھەتتا مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، ئۇ : ئى ئۆمەر! الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئاياللىرىغا سەن ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتمىساڭمۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھىتى ئۇ ئاياللارغا كۇپايە قىلمامدىكەن؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن توختىدىم ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك الله ﴿**ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

---

(1) سۈرە نىسا 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۆمەر ئاياللارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن ئايالنىڭ ئۇمۇ سەلەمە ئىكەنلىكىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

﴿چوكانلارنى ۋە قىزلارنى﴾ يەنى ئاياللارنىڭ چوكانلار ۋە قىزلاردىن بولۇشى كۆڭۈل ئارزۇسىغا مۇۋاپىق بولۇشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، نەرسىنىڭ تۈرلۈك بولۇشى كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، شۇڭا الله تائالا ﴿چوكانلارنى ۋە قىزلارنى﴾ دېدى.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ وَأَهۡلِيكُمۡ نَارٗا وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُ عَلَيۡهَا مَلَـٰٓئِكَةٌ غِلَاظٞ
شِدَادٞ لَّا يَعۡصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ ﴿٦﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَعۡتَذِرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّمَا
تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٧﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ تُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ تَوۡبَةٗ نَّصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمۡ أَن يُكَفِّرَ
عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَيُدۡخِلَكُمۡ جَنَّـٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَـٰرُ يَوۡمَ لَا يُخۡزِي ٱللَّهُ ٱلنَّبِيَّ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ مَعَهُۥۖ نُورُهُمۡ يَسۡعَىٰ بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَبِأَيۡمَـٰنِهِمۡ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَتۡمِمۡ لَنَا نُورَنَا وَٱغۡفِرۡ لَنَآۖ إِنَّكَ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٨﴾

*ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ[6]. ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر[7]. ئى مۆمىنلەر اللەغا سەمىمي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) الله پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ، ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ[8].*

## بالا ـ چاقىلارنى ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە دىن تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلەش توغرىسىدا

﴿**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئەمەل قىلىڭلار. الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى الله نى ياد ئېتىشكە بۇيرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار الله سىلەرنى دوزاختىن ساقلايدۇ.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بالا ـ چاقىلىرىڭلارنىمۇ الله غا تەقۋادارلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىڭلار. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: سەن ئۇلارنى الله غا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشۇڭ، الله غا ئاسىيلىق قىلىشتىن توسۇشۇڭ، الله نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلارغا قارىتا ئۈستۈڭدىكى ۋەزىپىنى ئادا

www.munber.org

قىلىشىڭ، ئۇلارنىمۇ اللە نىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇشۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ اللە نىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىشقا ياردەملىشىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ اللە ھەققىدە گۇناھ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇلارنى شۇ گۇناھدىن توسۇشۇڭ ۋە چەكلىشىڭ كېرەك. زەھھاك ۋە مۇقاتىل قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدە دېدى. مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، دېدەكلىرىگە، قۇللىرىغا، اللە پەرز قىلغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ۋە اللە توسقان ئىشلارنى ئۆگىتىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس تەكىتلەيدۇ: رەبىي ئىبنى سەبر ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باللار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا زورلاڭلار».

## دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرى ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر توغرىسىدا

﴿**ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان**﴾ يەنى دوزاخنىڭ ئوتۇن ئورنىدا كۆيىدىغان يېقىلغۇلىرى ئادەم ئەۋلادىنىڭ تاپلىرى ۋە تاشلاردىن ئىبارەتتۇر.

بۇ تاشتىن مۇشرىكلار چوقۇنغان بۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴾[1].

ئىبنى مەسئۇد مۇجاھىد، ئەبۇجەفەر، باقىر ۋە سۇددى قاتارلىقلار: دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدىغان تاشلار گۆڭگۈرت پۇقىدىن ئىبارەت تاشلاردۇر، دېدى. مۇجاھىد: بۇ تاشلاردىن تاپتىنمۇ بەكرەك سېسىق پۇراق چىقىدۇ، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويىدى.

﴿**رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالا غا كاپىر بولغانلارغا قارىتا دىللىرىدا رەھىم ـ شەپقەت دېگەن نەرسە قالمىغان، قوپال، ئىنتايىن قاتتىق قول، چىرايى قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنىشلىك پەرىشتىلەردۇر.

﴿**ئۇ پەرىشتىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا ئۇلارنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇسا، ئۇلار شۇنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقانچىلىك ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرمەستىن ناھايىتى تېزلىكتە ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشقا قادىردۇر. ئۇلار ئۇنى قىلىشقا ھېچ زورلانمايدۇ. ئۇلار زەبانىيە دېيىلىدىغان پەرىشتىلەردۇر. اللە تائالا بىزنى ئۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ساقلىسۇن.

﴿**ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى كاپىرلارغا: ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەردىن ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدۇ. سىلەر بۈگۈن پەقەت قىلمىشىڭلارغا قارىتا جازالىنىسىلەر، دېيىلىدۇ.

## سەمىمىي تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

﴿**ئى مۆمىنلەر اللەغا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار**﴾ يەنى ھەقىقىي ۋە راست تەۋبە قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى ئۆچۈرىدۇ. سىلەرنىڭ بۇ تەۋبەڭلار ئىلگىرى قىلغان رەزىل ئىشلىرىڭلاردىن سىلەرنى قول ئۈزدۈرىدۇ ۋە توسىدۇ.

[1] سۈرە ئەنبىيا 98 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ. سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) اللە پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ، ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ﴾ سۈرە ھەدىدتىمۇ بۇ نۇر ھەققىدە سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. مۇجاھىد، زەھھاك، ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر بۇ سۆزنى قىيامەت كۈنى مۇناپىقلارنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە ئېيتىدۇ.

ئىمام ئەھمەد بەنى كەنانە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەككە پەتھى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىدا ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭ: «ئى اللە! قىيامەت كۈنى مېنى رەسۋا قىلمىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ جَٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ
﴿٩﴾ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱمۡرَأَتَ نُوحٖ وَٱمۡرَأَتَ لُوطٖۖ كَانَتَا تَحۡتَ عَبۡدَيۡنِ مِنۡ عِبَادِنَا
صَٰلِحَيۡنِ فَخَانَتَاهُمَا فَلَمۡ يُغۡنِيَا عَنۡهُمَا مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـٔٗا وَقِيلَ ٱدۡخُلَا ٱلنَّارَ مَعَ ٱلدَّٰخِلِينَ ﴿١٠﴾

***ئى پەيغەمبەر! سەن كۇففارلار بىلەن ۋە مۇناپىقلار بىلەن كۈرەش قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!***[9]. ***اللە كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئۇلاردىن اللەنىڭ ئازابىدىن*** ***ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى.*** (ئۇ ئىككىسىگە) ***«دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار» دېيىلدى***[10].

## كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغانلىق توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا قارشى قورallيق جىھاد قىلىشقا، مۇناپىقلارغا قارشى ئىسلام جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا﴾ دۇنيادا ﴿قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن﴾ ئاخىرەتتە ﴿ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾.

## اللە نىڭ دەرگاھىدا مۆمىن كاپىرغا قانچىلىك يېقىن تۇغقان بولسىمۇ لېكىن اللە نىڭ دەرگاھىدا بۇ تۇغقاندارچىلىقنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿اللە كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى﴾** يەنى اللە تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقىنى ۋە ئۇلار بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىمان

www.munber.org

بولمىسا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقىنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى مۇنداق بىر مىسال ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ﴿**بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككى پەيغەمبەر بىلەن كېچە - كۈندۈز پاراڭلىشاتتى، بىرگە يەپ ئىچەتتى، بىتىپ قوپاتتى. ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە دەرىجىدە يېقىن ئۆتەتتى. بىراق ﴿**ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار الله غا ئىمان ئېيتىشتا ئەرلىرىگە قوشۇلمىدى، ئەرلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلمىدى. الله نىڭ ئازابى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بىلەن بولغان يېقىن تۇغقانچىلىقى ۋە ئارىلىششىلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى ۋە ئۇلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمىدى.

﴿**ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئۇلاردىن**﴾ ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ﴿**اللەنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى. (ئۇ ئىككىسىگە) «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار» دېيىلدى**﴾. الله تائالا نىڭ ﴿**ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتىدە ئۇ ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە قەبىھ ئىشلارنى قىلىپ خىيانەت قىلغانلىقى ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ دىندا خىيانەت قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن قەبىھ گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ سېلىشتىن ساقلانغاندۇر. بۇ ھەقتە سۈرە نۇردا توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئىككى ئايالنىڭ خىيانىتى شۇكى، ئۇلارئەرلىرىنىڭ دىنىدا ئەمەس ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر بىرەر ئادەم نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرسە، ئۇ ئايال نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ زورمىگەرلىرىگە خەۋەر قىلىپ قوياتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا كەلسەك، ئەگەر لۇت ئەلەيھىسسالام بىرەر ئادەمنى مېھمان قىلسا، ئۇ ئايال شەھەردىكى يامان ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگە خەۋەر قىلىپ قوياتتى. زەھھاك ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ ئايالى ئېرىگە ئىستىل جەھەتتە خىيانەت قىلغان ئەمەس. نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇلارغا پەقەت دىندا خىيانەت قىلغان. ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

* * * * * * *

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلاً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱمۡرَأَتَ فِرۡعَوۡنَ إِذۡ قَالَتۡ رَبِّ ٱبۡنِ لِي عِندَكَ بَيۡتًا فِي
ٱلۡجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرۡعَوۡنَ وَعَمَلِهِۦ وَنَجِّنِي مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١١﴾ وَمَرۡيَمَ ٱبۡنَتَ عِمۡرَٰنَ ٱلَّتِيٓ
أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا فَنَفَخۡنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتۡ بِكَلِمَٰتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِۦ وَكَانَتۡ مِنَ ٱلۡقَٰنِتِينَ ﴿١٢﴾

***الله ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى*** [11]***. ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى***

www.munber.org

***پۇۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە اللەغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى***﴿12﴾.

## الله نىڭ دەرگاھىدا كاپىرنىڭ مۆمىنگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ مىسالدا ئەگەر مۆمىنلەر كاپىرلارغا موھتاج بولغان تەقدىردە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتسە، ئۇلار بىلەن ئارىلاشقانلىقىنىڭ مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ،ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلاربۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1].

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: پىرئەۋن زېمىن ئەھلى ئىچىدە ئەڭ ئۇچىغا چىققان تەرسا ۋە ئەشەددىي زالىم كاپىر ئىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئايالى پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلغان چاغدا ئېرىنىڭ كۇفرى ئۇنىڭغا ھېچ زىيان يەتكۈزولمىدى. بۇ الله تائالا نىڭ ئادىل ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنى باشقا بىرىنىڭ گۇناھى بىلەن جازالىمايدىغانلىقىنى ئىنسانلارنىڭ بىلىشلىرى ئۈچۈندۇر.

ئىبنى جەرىر سەلماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پىرئەۋنىنىڭ ئايالى قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقىدا ئازابلىناتتى. پىرئەۋن ئۇنى ئاپتاپقا تاشلاپ قويۇپ كەتسە، پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا سايە تاشلايتتى. ئۇ ئايال ئۆزىگە بېرىلىدىغان جەننەتتىكى قەسرىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

ئىبنى جەرىر قاسىم ئىبنى ئەبۇبەززەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پىرئەۋنىنىڭ ئايالى كىم غەلىبە قىلىدۇ؟ دەپ سورايتتى. ئۇنىڭغا: مۇسا ۋە ھارۇن غەلىبە قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلەتتى. ئاندىن ئۇ ئايال: مەن مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان كەلتۈردۈم، دەيتتى. پىرئەۋن ئايالىنىڭ يېنىغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا: ئەڭ چوڭ قۇرام تاشلارنى ئىزدەپ تېپىڭلار، ئەگەر ئايالىم گېپىدە يەنىلا چىڭ تۇرسا، ئۇ تاشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇ گېپىدىن يانسا، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئايالىم، دېدى. ئۇلار ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇ ئاسمانغا قاراپ جەننەتتىكى قەسرىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ مۇبارەك جېنى قەبزى روھ قىلىندى. تاش ئۇنىڭ جانسىز بەدىنىنىڭ ئۈستىگە ئېلىندى.

ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: **﴿ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن﴾** يەنى مەن ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىدىن قوتۇلۇپ، سەن تەرەپكە خالىس ھالدا يۈزلىنەي **﴿مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى﴾** دېگەن ئىدى. بۇ ئايال موزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. **﴿ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۇۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)﴾** يەنى ئۇ ئىپپەتلىك ۋە پاك ھۆر ئايال ئىدى. الله پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا روھنى پۇۋلىدى. الله جىبرىئىلنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. جىبرىئىل قامەتلىك، كېلىشكەن ئىنسان سۈرىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

الله تائالا ئۇنى ئاغزى بىلەن مەريەمنىڭ كۆينىكىنىڭ ياقىسىنىڭ ئىچى تەرىپىگە پۇۋلەشكە بۇيرۇيدى. پۇۋلەنگەن دەم ئۇنىڭ بەچچىدانىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار

[1] سۈرە ئال ئىمران 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى**﴾ يەنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە شەرىئەت بەلگىلىملىرىنى ﴿**تەستىق قىلدى ۋە اللەغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى**﴾.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر ئۈستىگە تۆت سىزىق تارتىپ ئاندىن ساھابىلەرگە: «بۇ سىزىقلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» دېدى. ئۇلار: اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتكە كىرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئاياللار خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ۋە مۇزاھىمنىڭ قىزى پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە قاتارلىقلاردۇر» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەرلەردىن نۇرغۇنلىرى ھەر جەھەتتە كامالەتكە يەتتى. ئاياللاردىن پەقەت پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە قاتارلىقلار كامالەتكە يەتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللارغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقىنىڭ بولۇشى سەرىد يەنى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا تاماقلاردىن ئارتۇق بولغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر».

شۇنىڭ بىلەن سۈرە تەھرىمنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە غا خاستۇر.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە مۈلك | 30 ئايەت

## سۈرە مۈلكنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ سۈرە ئۆزىنى ئوقۇغان ئادەمگە ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغانغا قەدەر يەرۋەردىگارىدىن شاپائەت تىلەيدۇ. ئۇ سۈرە ﴿**(پۈتۈن ئاسمان - زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**﴾ دېگەن سۈرىدۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام تەبەرانى ۋە زىياھ مەقدەسى ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاندا بىر سۈرە بولۇپ ئۇ ئۆزىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن (پەرۋەردىگارى بىلەن) مۇنازىرىلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇ سۈرە ﴿**(پۈتۈن ئاسمان - زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**﴾ دېگەن سۈرىدۇر».

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

تَبَٰرَكَ ٱلَّذِى بِيَدِهِ ٱلۡمُلۡكُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىۡءٍ قَدِيرٌ ﴿١﴾ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلۡمَوۡتَ وَٱلۡحَيَوٰةَ لِيَبۡلُوَكُمۡ
أَيُّكُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلًاۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡغَفُورُ ﴿٢﴾ ٱلَّذِى خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًاۖ مَّا تَرَىٰ فِى خَلۡقِ
ٱلرَّحۡمَٰنِ مِن تَفَٰوُتٍۖ فَٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ هَلۡ تَرَىٰ مِن فُطُورٍ ﴿٣﴾ ثُمَّ ٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ كَرَّتَيۡنِ يَنقَلِبۡ إِلَيۡكَ
ٱلۡبَصَرُ خَاسِئًا وَهُوَ حَسِيرٌ ﴿٤﴾ وَلَقَدۡ زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِمَصَٰبِيحَ وَجَعَلۡنَٰهَا رُجُومًا لِّلشَّيَٰطِينِۖ
وَأَعۡتَدۡنَا لَهُمۡ عَذَابَ ٱلسَّعِيرِ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*(پۈتۈن ئاسمان - زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿1﴾. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، الله غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿2﴾. الله يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان اللەنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نوقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن﴿3﴾. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نوقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە*

www.munber.org

*تالغان ھالدا قايتىدۇ[4]. (بىزگە يارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق[5].*

## اللە نى ئۇلۇغلاش، اللە نىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى، ئاسمانلار بىلەن يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىشى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بۈيۈك زاتىنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆزى خالىغانچە ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چىقارغان ھۆكمىدىن ھېچكىم ھېساب ئالالمايدىغانلىقىنى، اللە پۈتۈن ئىشلىرىنى ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن قىلىدىغانلىقىنى، اللە تائالا بارلىق نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم اللە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾.

﴿**سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللە ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى**﴾ "ئۆلۈم ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان نەرسىدۇر. چۈنكى، ئۇ يارىتىلىدۇ" دېگەن قاراشتىكى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنسانلاردىن قايسىسىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن اللە ئۇلارنى يوق يەردىن ۋۇجۇتقا چىقاردى، دېگەنلىكتۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اللە نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، اللە سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)﴾[1] بۇ ئايەتتە ئىلگىرىكى يوقلۇق ھالەت "ئۆلۈم"، كېيىنكى ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان ھالەت "جانلىق" دەپ ئاتالدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ﴾[2].

﴿**سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن**﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئەجلان ئېيتقاندەك اللە تائالا بۇ ئايەتتە: "سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى"، دېدى. "سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى" دېمىدى. بۇ ئەمەلنىڭ ئاز بولسىمۇ ياخشى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ﴿**اللە غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللە ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. ناھايىتى كاتتىدۇر، غالىپتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان، بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەر تەۋبە قىلىپ اللە تەرەپكە قايتسا، ئۇلارغا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللە يۇكسەك ۋە غالىب بولغان تەقدىردىمۇ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ. گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئەپۇ قىلىدۇ.

﴿**اللە يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئاسمانلار بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ بەزىسى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ يارىتىلدىمۇ ياكى ئاسمانلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بوشلۇق بارمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. ئۇنىڭ ئىچىدە

[1] سۈرە بەقەرە 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەج 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئىككىنچى خىل قاراش توغرىدۇر. بۇنىڭ توغرىلىقنى ئىسرا ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

﴿**مېھرىبان اللەنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نوقسانىنى كۆرمەيسەن**﴾ يەنى اللّٰه ئاسمانلارنى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتتى. ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا نە قارىمۇقارشىلىق، نە ئىختىلاپ، نە قاملاشماسلىق، نە بىر ـ بىرىگە زىتلىق، نە نوقسان، ئەيىب، نە يوچۇق يوقتۇر. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن**﴾ يەنى ئاسمانلارغا قاراپ ئويلانغىنكى، ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىب ياكى بىرەر نوقسان ۋە ياكى بىرەر يوچۇق كۆرەلەمسەن؟

﴿**ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نوقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ**﴾ يەنى سەن ئاسمانلارغا قانچىلىغان قېتىم تەكرار قارىغان تەقدىردىمۇ كۆزۈڭ بىرەر ئەيىب ياكى بىرەر نوقسان ۋە ياكى بىرەر يوچۇق تېپىشتىن ﴿**ئۈمىد ئۈزگەن**﴾ تولا قارىغانلىقتىن ﴿**تالغان ھالدا قايتىدۇ**﴾.

اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نوقساننىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇكەممەل ۋە چىرايلىق يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسمانىنى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق**﴾ يەنى ئاسمان نۇرغۇن ۋە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلدى.

﴿**ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغۇرلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)**﴾ يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئېتىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدىن چىققان شولا ناھايىتى يىراق يەرگىچە سوزۇلىدۇ.

﴿**شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق**﴾ يەنى شەيتانلارغا دۇنيادا ئەنە شۇنداق خارلىقنى بېكىتتۇق. ئاخىرەتلىكىگە دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە سۈرە ساففاتنىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن: ﴿سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان، (اللەدىن مەدەت تىلەپ) كالامۇللەنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان (غازات قىلغۇچى) قوشۇن بىلەن قەسەمكى. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز بىر ئىلاھتۇر. (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە مەشرىقلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسمانىنى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق﴾[1].

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالا بۇ يۇلتۇزلارنى پەقەت ئۈچ خىسلەت ئۈچۈن يەنى بىرىنچىدىن، ئاسماننىڭ زىننەتلىنىشى، ئىككىنچىدىن پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئورۇنغان شەيتانلارنىڭ ئېتىلىشى، ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا يول يۈرگەندە يۇلتۇزلارغا قاراپ يول تېپىشى ئۈچۈن ياراتتى. كىمكى يۇلتۇزلار توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا مەنە بەرسە، ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگەن، چوڭ خاتالاشقان ۋە بىلمەيدىغان نەرسىنى سۆزلەيمەن دەپ ئاۋارە بولغان بولىدۇ.

* * * * * * *

[1] سۈرە ساففات 1 ــ 6 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

وَلِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِرَبِّهِمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٦﴾ إِذَآ أُلْقُوا۟ فِيهَا سَمِعُوا۟ لَهَا شَهِيقًا وَهِىَ
تَفُورُ ﴿٧﴾ تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ ٱلْغَيْظِ ۖ كُلَّمَآ أُلْقِىَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَآ أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ ﴿٨﴾ قَالُوا۟ بَلَىٰ
قَدْ جَآءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ كَبِيرٍ ﴿٩﴾ وَقَالُوا۟ لَوْ كُنَّا
نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِىٓ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١٠﴾ فَٱعْتَرَفُوا۟ بِذَنۢبِهِمْ فَسُحْقًا لِّأَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١١﴾

*پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!* [6]. *ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ* [7]. *دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ* [8]. *ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹الله (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ* [9]. *ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ* [10]. *ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ اللەنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!* [11].

## جەھەننەم ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

﴿**پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغىمۇ دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.

﴿**دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ**﴾ سەۋرى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: دوزاخ ئۇلارنى خۇددى ناھايىتى كۆپ سۇغا تاشلانغان ئازراق داننىڭ پورۇقلاپ قاينىغىنىدەك پورۇقلىتىپ قاينىتىدۇ.

﴿**دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ**﴾ يەنى دوزاخ دوزاخقا تاشلانغانلارغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن يېرىلىپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.

﴿**دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹الله (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئادالىتىنىڭ يۈزىسىدىن ھېچ ئادەمنى دەلىل ـ پاكىت تۇرغۇزماي ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئازابقا دۇچار قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[1] ﴿ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى

---
[1] سۈرە ئىسرا 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇچرىششىنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ﴾[1].

كاپىرلار ئۆزلىرىگە مانا مۇشۇنداق مالامەت قىلىدۇ ۋە پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان بىر ۋاقىتتا پۇشايمان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق**﴾ يەنى ئەگەر بىز ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن ياكى الله تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنى ئاڭلىغان بولساق، بىز الله تائالاغا كاپىر بولمىغان ۋە كۇپۇرلۇق بىلەن مەغرۇرلانمىغان بولاتتۇق. لېكىن بىز پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى چۈشىنەلمەپتىمىز. بىزنىڭ ئەقلىرىمىز بىزنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىششكە يەتكۈزمەپتۇ.

﴿**ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ اللەنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن**﴾ ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسانلار ھالاكەتكە ئۆزلىرى ماڭمىسىلا ھەرگىز ھالاك بولمايدۇ».

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِٱلْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ﴿١٢﴾ وَأَسِرُّوا۟ قَوْلَكُمْ أَوِ ٱجْهَرُوا۟ بِهِۦٓ ۖ
إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٣﴾ أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٤﴾ هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ
ٱلْأَرْضَ ذَلُولًا فَٱمْشُوا۟ فِى مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا۟ مِن رِّزْقِهِۦ ۖ وَإِلَيْهِ ٱلنُّشُورُ ﴿١٥﴾

*پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورقىدىغانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴿12﴾. سىلەر سۆزۈڭلارنى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار (الله ھامان ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ). الله ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر﴿13﴾. (مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴿14﴾. الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿15﴾.*

## پەرۋەردىگارىدىن كىشىلەر كۆرمەيدىغان ۋاقىتتا قورققان ئادەمنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورقۇپ كىشىلەر كۆرمەيدىغان ۋاقىتلاردا گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتقان، الله تائالا دىن باشقا ھېچ ئادەم كۆرمەيدىغان چاغلاردا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنىڭ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ**﴾ يەنى الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ ۋە كاتتا ساۋاب بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەتتە تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، الله نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە يوق كۈندە الله تائالا ئۇلارغا ئەرشىنىڭ سايىسىدىن سايە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مەرتىۋىلىك ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزى بىلەن بىرگە

---

[1] سۈرە زۇمەر 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولۇشقا چاقىرغاندا: مەن ھەقىقەتەن الله دىن قورقىمەن، دېگەن ئادەمدۇر. يەنى بىرى الله يولىدا ئۆلۈك قولىدا بەرگەن سەدىقىسىنى سول قولى بىلەلمىگىدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە قىلغان ئادەمدۇر».

الله تائالا ئۆزىنىڭ دىللاردىكى يوشۇرۇن سىرلاردىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىنسانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر سۆزۈڭلارنى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار (الله ھامان ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ). الله ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا دىللارغا كەچكەن نەرسىلەردىن تارتىپ بىلىپ تۇرىدۇ: ﴿**(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾.

## الله تائالا نىڭ زېمىننى بەندىلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت نېمىتى توغرىسىدا

الله تائالا ئىنسانلارغا زېمىننى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، زېمىننى تېنچ قىتئەلەر قىلىپ ياراتقانلىقىنى، زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تاغلارنى ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭدا بۇلاقلارنى بەرپا قىلغانلىقىنى، يوللارنى، تېرىلغۇ يەرلەرنى، مېۋىلىك باغلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەنپەئەتلىنىدىغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار**﴾ يەنى زېمىننىڭ قەيرىگە سەپەر قىلىشنى خالىساڭلار، شۇ يەرگە سەپەر قىلىڭلار. تۈرلۈك ھۈنەر كەسىپلەر ۋە تىجارەتلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ كېلىپ تۇرۇڭلار. بىلىڭلاركى سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار سىلەرنى پەقەت الله سىلەرگە ئاسان قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرگىلا ئېرىشتۈرىدۇ.

﴿**اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر**﴾ ساۋابنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش الله غا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن زىت كېلىپ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەر الله غا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋەككۇل قىلساڭلار، الله سىلەرگە خۇددى ئەتىگەندە ئۇۋىسىدىن ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ كەچتە قورسىقىنى تويدۇرۇپ قايتقان قۇشقا رىزق بەرگەندەك، ئەلۋەتتە، رىزق بېرىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىستىن قۇشلارنىڭمۇ الله تائالا غا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا رىزق تەلەپ قىلىپ ئەتىگەندە چىقىپ، كەچتە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگۈچىدۇر. ھەممە ئىشلارنى ئاسان قىلىپ بەرگۈچىدۇر ۋە ھەر قانداق ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بەرگۈچىدۇر. ﴿**اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ بارار جايى الله نىڭ دەرگاھىدۇر.

* * * * * * *

ءَأَمِنتُم مَّن فِي ٱلسَّمَآءِ أَن يَخۡسِفَ بِكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فَإِذَا هِيَ تَمُورُ ﴿١٦﴾ أَمۡ أَمِنتُم مَّن فِي ٱلسَّمَآءِ أَن
يُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ حَاصِبٗاۖ فَسَتَعۡلَمُونَ كَيۡفَ نَذِيرِ ﴿١٧﴾ وَلَقَدۡ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَكَيۡفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿١٨﴾
أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ فَوۡقَهُمۡ صَٰٓفَّٰتٖ وَيَقۡبِضۡنَۚ مَا يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحۡمَٰنُۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءِۭ بَصِيرٌ ﴿١٩﴾

www.munber.org

*(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟ ﴿16﴾. ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقمامسىلەر؟ (سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر ﴿17﴾. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانغا چىقاردى، (ئۇلارنى ئازاب چۈشۈرۈش بىلەن) ئەيىبلىگەنلىكىمنىڭ قانداق ئىكەن؟ ﴿18﴾. ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟ (قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە يىغقان ھالدا) ئۈستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى (قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت اللە (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ﴿19﴾.*

## ﷲ تائالانىڭ سىلەرنى قانداق جازالىماقچى بولسا شۇنداق جازالاشقا قادىر ئىكەنلىكى ۋە ﷲ نىڭ "ئازابىدىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولىسىلەر" دېگەنلىكى توغرىسىدا

ﷲ تائالا ئىنسانلارغا ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۇفرىلىق قىلغانلىقى ۋە ﷲ غا بۇتلارنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ﷲ تائالا ئۇلارنى جازالاشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئۇلارغا يەنىلا مېھرى - شەپقەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەي جازالاشنى كېچىكتۈرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر اللە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن اللە ئۇلار(دىن ھېساب ئېلىش) نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، اللە ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

﴿**(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقمامسىلەر؟**﴾ يەنى قاتتىق شامال ئارقىلىق تاشلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ مېڭەڭلەردىن تۆتۈن چىقىرىشىدىن قورقمامسىلەر؟ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلغىنىڭلار بىلەن) اللەنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن، ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشىدىن، ئاندىن سىلەرنى (اللەنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسىلەر؟﴾[2].

﴿**(سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر**﴾ ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى قاتتىق قورقۇتىدۇ، يەنى شۇ چاغدا سىلەر ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر.

﴿**ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر**﴾ يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر ﴿**(پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانغا چىقاردى، (ئۇلارنى ئازاب چۈشۈرۈش بىلەن) ئەيىبلىگەنلىكىمنىڭ قانداق ئىكەن؟**﴾ يەنى ئۇلارنى قاتتىق ۋە دەرتلىك ئازاب چۈشۈرۈش بىلەن جازالىدىم.

---

[1] سۈرە فاتىر 45 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 68 ـ ئايەت.

www.munber.org

## ﷲ نىڭ قۇدرىتى بىلەن قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى ﷲ نىڭ چوڭ - كىچىك ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟**﴾ يەنى قۇشلار ھاۋادا بىردە قاناتلىرىنى يايسا، يەنە بىردە يىغىدۇ. ﴿**(قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە يىغقان ھالدا) ئۈستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى (قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت الله (قۇدرىتى بىلەن)**﴾ يەنى قۇشلارغا مەرھەمەت ۋە مېھرى - شەپقەت قىلىپ ھاۋادا بويسۇندۇرغان نەرسە بىلەن ﴿**تۇتۇپ تۇرىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى ﷲ مەخلۇقاتلىرىغا پايدىلىق بولغان ھەر قانداق نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ﷲ تائالا نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ﴿ئۇلار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت الله تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[1].

* * * * * * *

أَمَّنۡ هَـٰذَا ٱلَّذِى هُوَ جُندٌ لَّكُمۡ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ ٱلرَّحۡمَـٰنِۚ إِنِ ٱلۡكَـٰفِرُونَ إِلَّا فِى غُرُورٍ ﴿٣٠﴾
أَمَّنۡ هَـٰذَا ٱلَّذِى يَرۡزُقُكُمۡ إِنۡ أَمۡسَكَ رِزۡقَهُۥۚ بَل لَّجُّواْ فِى عُتُوٍّ وَنُفُورٍ ﴿٣١﴾ أَفَمَن يَمۡشِى مُكِبًّا عَلَىٰ
وَجۡهِهِۦٓ أَهۡدَىٰٓ أَمَّن يَمۡشِى سَوِيًّا عَلَىٰ صِرَٲطٍ مُّسۡتَقِيمٍ ﴿٣٢﴾ قُلۡ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُمۡ وَجَعَلَ لَكُمُ
ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَـٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۖ قَلِيلاً مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٣٣﴾ قُلۡ هُوَ ٱلَّذِى ذَرَأَكُمۡ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ
﴿٣٤﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَـٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَـٰدِقِينَ ﴿٣٥﴾ قُلۡ إِنَّمَا ٱلۡعِلۡمُ عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۟ نَذِيرٌ مُّبِينٌ
﴿٣٦﴾ فَلَمَّا رَأَوۡهُ زُلۡفَةً سِيٓـَٔتۡ وُجُوهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَقِيلَ هَـٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تَدَّعُونَ ﴿٣٧﴾

*سىلەرگە الله ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە كىم سىلەرگە ياردەمچى قوشۇن بولالايدۇ، كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر (يەنى شەيتان ئۇلارنى ئازاب نازىل بولمايدۇ دەپ ئالدايدۇ)*﴿20﴾*. ئەگەر الله رىزقىنى تۇتۇپ قالسا، سىلەرگە كىم رىزق بېرىدۇ، ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا ئەزۋەيلەپ كەتكەندۇر*﴿21﴾*. زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟*﴿22﴾*. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر»*﴿23﴾*. ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) اللهنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر»*﴿24﴾*. ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ» دەيدۇ*﴿25﴾*. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) اللهنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»*﴿26﴾*. ئۇلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە*

[1] سۈرە نەھل 79 - ئايەت.

www.munber.org

***يېقىنلىقىنى كۆرگەن چاغدا يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ، ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ﴿27﴾.***

## مەخلۇقاتلارغا ﷲ دىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردەم قىلالمايدىغانلىقى ۋە رىزىق بېرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇتلارغا چوقۇنغان، ئۇلاردىن ياردەم ۋە رىزىق تەلەپ قىلغان مۇشرىكلارنى ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئېتىقادلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلەپ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلاردىن كۈتكەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : ﴿**سىلەرگە الله ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە كىم سىلەرگە ياردەمچى قوشۇن بولالايدۇ**﴾ يەنى سىلەرگە ﷲ دىن باشقا ھېچ دوست تېپىلمايدۇ، سىلەرنى ئازابتىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرمايدۇ، سىلەرگە ﷲ دىن باشقا ھېچ ياردەم بەرگۈچى بولمايدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر (يەنى شەيتان ئۇلارنى ئازاب نازىل بولمايدۇ دەپ ئالدايدۇ)**﴾.

﴿**ئەگەر الله رىزقىنى تۇتۇپ قالسا، سىلەرگە كىم رىزىق بېرىدۇ**﴾ يەنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يېگانە ﷲ دىن باشقا خالىغان نەرسىنى بېرىدىغان، خالىغان نەرسىنى بەرمەيدىغان، خالىغان نەرسىنى يارىتىدىغان ۋە رىزىق بېرىدىغان ھېچ ئادەم يوق. مۇشرىكلار بۇنى بىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار يەنىلا ﷲ نى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنىدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا**﴾ يەنى ھەددىدىن ئېشىشىنى، بوھتان توقۇشىنى ۋە گۇمراھلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتا، ﴿**ھەقتىن يىراقلىشىشتا**﴾ يەنى ھەققە قارشى چىقىش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىش، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنى ئاڭلاشنى خالىماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىكتە ﴿**ئەزۋەيلەپ كەتكەندۇر**﴾.

## كاپىر بىلەن مۆمىننىڭ مىسالى توغرىسىدا

﴿**زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟**﴾ بۇ مىسالنى ﷲ تائالا مۆمىن بىلەن كاپىر ئۈچۈن مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، كاپىرنىڭ مىسالى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئېگىلگەن ھالدا ماڭغان، قەددىنى تۈز تۇتالمايدىغان، ئۆزىنىڭ قانداق مېڭىۋاتقانلىقىنى، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان، بەلكى قارىغۇلارچە تەمتىرەش ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدە مېڭىۋاتقان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئادەم يول تاپالامدۇ؟

﴿**ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟**﴾ يەنى ئۆزى قەددىنى تۈز تۇتۇپ ماڭىدىغان ۋە ماڭغان يولىمۇ تۈز بولغان ئادەم ئەلۋەتتە تۈز يول تاپالايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى مىسالىدۇر. ئۇلار ئاخىرەتتىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. مۆمىن ئۆزىنى كەڭرى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان تۈز يول ئۈستىگە قەددىنى رۇس تۇتۇپ ماڭغان ھالدا توپلىنىدۇ. كاپىر بولسا ئۆزىنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول ئۈستىدە يۈزىچە ماڭغان ھالدا توپلىنىدۇ. ﴿(الله پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ اللەنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار. ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ. (ئاندىن) ئۇلارغا: «نېمىشقا

www.munber.org

(دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟» (دېيىلىدۇ). بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلار قانداقمۇ يۈزلىرى بىلەن ماڭدۇرۇلۇپ توپلىنىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى پۇتلىرى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىر الله ئۇلارنى يۈزلىرى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

## مەخلۇقاتلارنى يارىتىشقا قادىر الله نىڭ قىيامەتنى قايىم قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، الله سىلەرنى ياراتتى﴾** يەنى سىلەر ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغىدەك نەرسە ئەمەس ئىدىڭلار، الله كېيىن سىلەرنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى.

**﴿سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى﴾** يەنى ئەقىل ـ ئىدراكنى **﴿ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴾** يەنى الله غا ئىتائەت قىلىشتا، ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشتا الله سىلەرگە نېمەت قىلىپ بەرگەن بۇ نەرسىلەرنى ئاز ئىشلىتىسىلەر.

**﴿ئېيتقىنكى، الله سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتتى﴾** يەنى الله سىلەرنى خىلمۇ ـ خىل تىل، خىلمۇ ـ خىل رەڭ، خىلمۇ ـ خىل سۈپەت، خىلمۇ ـ خىل شەكىل ۋە خىلمۇخىل سۈرەت بىلەن يارىتىپ، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراتتى ۋە كۆپەيتتى.

**﴿(ھېساب بېرىش ئۈچۈن) اللەنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر﴾** يەنى زېمىننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر. الله خۇددى سىلەرنى تارقىتىۋەتكىنىدەك يەنە توپلايدۇ، دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغاندەك ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدۇ.

الله تائالا قىيامەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق سانىغان كاپىرلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار: زېمىنغا چېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەر دەۋاتقان بۇ يىغىلىش قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ دېيىشىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾** يەنى ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغان مۇئەييەن بىر ۋاقتىنى غالىب ۋە بۈيۈك الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن، الله مېنى سىلەرگە قىيامەتنى چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇدى. سىلەر ھەزەر ئەيلەڭلار.

**﴿مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴾** يەنى مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر، مەن تەبلىغنى سىلەرگە يەتكۈزدۈم.

**﴿ئۇلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلىقىنى كۆرگەن چاغدا يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ﴾** يەنى قىيامەت قايىم بولۇپ كاپىرلار ئۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، ئازابنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ. چۈنكى، كېلىۋاتقان ھەر قانداق نەرسىنىڭ زامانى ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. ئۇلار ئىنكار قىلغان بۇ ئازاب يۈز بەرگەندە ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يامانلىقنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ئويلاپ باقمىغان ۋە دىللىرىغا كېچىپ باقمىغان قاتتىق ئازاب بولغان يەنى الله نىڭ ئازابى ئورىۋالىدۇ. ﴿ئەگەر (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ

[1] سۈرە سافڧات 22 ــــ 26 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە بولىدىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بەرگەن بولاتتى، ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئازابلار ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى) مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنى (قاتتىق) ئازاب ئورىۋالىدۇ﴾[1] شۇڭا ئەيىبلەش ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: **﴿مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر﴾** يەنى سىلەر تېز كېلىشىگە ئالدىراپ كەتكەن ئازابتۇر.

* * * * * * *

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَهْلَكَنِيَ ٱللَّهُ وَمَن مَّعِيَ أَوْ رَحِمَنَا فَمَن يُجِيرُ ٱلْكَٰفِرِينَ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٨﴾ قُلْ
هُوَ ٱلرَّحْمَٰنُ ءَامَنَّا بِهِۦ وَعَلَيْهِ تَوَكَّلْنَا ۖ فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ هُوَ فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢٩﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ
مَآؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَآءٍ مَّعِينٍۭ ﴿٣٠﴾

***(ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر اللە (سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك) مېنى ۋە مەن بىلەن بولغان (مۆمىنلەرنى) ھالاك قىلىدىغان بولسا، ياكى (بىزنىڭ ئەجىلىمىزنى تەخىر قىلىپ) بىزگە رەھىم قىلىدىغان بولسا (سىلەرگە نىمە پايدا بار)، كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟»﴿[28]﴾. ئېيتقىنكى، «ئۇ ناھايىتى مېھرىبان اللەدۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق، سىلەر كىمنىڭ روشەن گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىسىلەر»﴿[29]﴾. (ئۇلارغا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۈيۈڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن﴿[30]﴾.***

## مۆمىنلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ كاپىرلارنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! اللە نى ئىنكار قىلغان ۋە اللە نىڭ نېمەتلىرىگە تانغان ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا **﴿ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر اللە (سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك) مېنى ۋە مەن بىلەن بولغان (مۆمىنلەرنى) ھالاك قىلىدىغان بولسا، ياكى (بىزنىڭ ئەجىلىمىزنى تەخىر قىلىپ) بىزگە رەھىم قىلىدىغان بولسا (سىلەرگە نىمە پايدا بار)، كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟»﴾** يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار قۇتقۇزۇڭلار، سىلەر تەۋبە قىلىپ اللە نىڭ دىنىغا قايتمىساڭلار، سىلەرنى اللە نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسە قۇتۇلدۇرالمايدۇ. اللە نىڭ ئازابىنىڭ بىزگە چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلىشىڭلار سىلەرگە ھېچ پايدا بەرمەيدۇ. اللە بىزنى سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك ئازابلىسۇن ياكى بىزگە مەرھەمەت قىلىپ ئۆمرىمىزنى ئۇزۇن قىلسۇن، سىلەرگە بەرىبىردۇر. سىلەر اللە نىڭ سىلەرگە چۈشىدىغان قاتتىق ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

**﴿ئېيتقىنكى، «ئۇ ناھايىتى مېھرىبان اللەدۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق﴾** يەنى بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە غا ئىمان

[1] سۈرە زۇمەر 47 ــ 48 ـ ئايەتلەر.

ئېيتتۇق، بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن)﴾[1].

﴿سىلەر كىمنىڭ روشەن گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىسىلەر﴾ يەنى بىز ۋە سىلەردىن قايسى بىرىمىزنىڭ گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتنىڭ زادى كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

## الله نىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان مەرھەمىتىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا)

الله تائالا بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان مەرھەمىتىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۇيىڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە﴾ يەنى سۇيىڭلار ئۆتكۈر پالتا - جوتۇلىرىڭلارنى ۋە پۇتۇن كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىپمۇ چىقىرالمايدىغان يەر قاتلىمىنىڭ ئاستىغا سىڭىپ كەتسە. ﴿سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن﴾ يەنى يەرنىڭ ئۈستىدىكى بۇلاقلاردىن ئېقىپ تۇرىدىغان تاتلىق سۇنى سىلەرگە كىم كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ غالىب ۋە بۈيۈك الله دىن باشقا ھېچ نەرسە ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. الله تائالا ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بۇلاقلار ئارقىلىق سىلەرگە تاتلىق سۇ چىقىرىپ بېرىپ، ئۇنى زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بەندىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە قارىتا قىلىپ ئاققۇزۇپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇلكنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله غا خاستۇر.

[1] سۈرە ھۇد 123 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە قەلەم | 52 ئايەت |
| --- | --- | --- |

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

نٓ ۚ وَٱلْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُونَ ﴿١﴾ مَآ أَنتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ بِمَجْنُونٍ ﴿٢﴾ وَإِنَّ لَكَ لَأَجْرًا غَيْرَ
مَمْنُونٍ ﴿٣﴾ وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ ﴿٤﴾ فَسَتُبْصِرُ وَيُبْصِرُونَ ﴿٥﴾ بِأَييِّكُمُ ٱلْمَفْتُونُ ﴿٦﴾ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ
أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿٧﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى﴿1﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن﴿2﴾. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن﴿3﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴿4﴾. كەلگۈسىدە قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى سەن كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ﴿6.5﴾. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴿7﴾.*

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. اﷲ تائالانىڭ ﴿ نٓ ﴾ دېگەن ئايىتى اﷲ تائالانىڭ ﴿ قٓ ﴾ ﴿ صٓ ﴾ دېگەن ئايەتلىرىگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرگە ئوخشاش ھەرپ بولۇپ يۇقىرىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي بايان قىلىندى، ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرالاش ھاجەتسىز.

## قەلەمنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

﴿**قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى خەت يازىدىغان ھەر قانداق قەلەمنى كۆرسىتىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾[1] اﷲ تائالا بۇ قەسەم ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان يېزىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت

---

[1] سۈرە ئەلەق 3 ــ 5 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

نىمىتىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇ بۈيۈك نىمەتكە قارىتىدۇ. چۈنكى بىلىمگە يېزىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

﴿ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى﴾ سۈددى: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن يازغان نەرسە بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. باشقا تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتتىكى قەلەمدىن الله تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى يازغان چاغدا، تەقدىرنى يېزىشقا بۇيرۇغان قەلەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

ئۇلار بۇ قەلەم ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى بايان قىلدى. ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋەلىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاتام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدا، مېنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تۇنجى قىلىپ قەلەمنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: يازغىن، دېدى. قەلەم: ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىنى يازىمەن؟ دېدى. الله: تەقدىرنى ۋە تاكى قىيامەتكىچە، تائەبەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى يازغىن، دېدى» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قەلەم بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن﴾ يەنى الله غا ھەمدۇ سانا بولسۇنكى، سەن سېنىڭ قەۋمىڭدىن سەن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى ۋە روشەن ھەققەتنى ئىنكار قىلغان، بۇ ھەقتە سېنى سارائغا ئوخشاتقان نادانلار ئېيتقاندەك مەجنۇن ئەمەسسەن.

﴿مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن﴾ يەنى سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەنلىكىڭ، ئۇلارنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن ئەرزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن كاتتا ئەجرىگە، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋە توختاپ قالمايدىغان ھېسابسىز، بۈيۈك ساۋابقا ئېرىشىسەن. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾[1] ﴿پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[2] مۇجاھىد: ﴿ئۈكسمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن﴾ دېگەن ئايەتنى: ھېسابسىز ساۋابقا ئېرىشىسەن دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ سۆز يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنى تەكىتلەيدۇ.

## ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾ ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن ئىسلامدىن ئىبارەت كاتتا دىن ئۈستىدەدۇرسەن. مۇجاھىد، ئەبۇمالىك، سۈددى، رەبىئى ئىبنى ئەنەس، زەھھاك ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق دېگەن.

---

[1] سۈرە ھود 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تىن 6 ـ ئايەت.

www.munber.org

سەئىد ئىبنى ئەبۇئۇرۇۋە قەتادەنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىزگە خەۋەر قىلىنىشىچە سەئىد ئىبنى ھىشام ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورىغاندا، ئائىشە: سەن قۇرئان ئوقۇمامسەن؟ دېگەن. سەئىد: مەن قۇرئان ئوقۇيمەن، دېگەن. ئائىشە: شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى دېگەن. بۇنى ئابدۇررازاقمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان، بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە چەكلىمىرىگە چىڭ ئېسىلغان بولۇپ، ئۆزىدە يارىتىلغان (قۇرئانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بەزى) تەبىئى مىجەزىنى تاشلاپ، قۇرئان كەرىمنى ئۆزىگە ئىسىل سۈپەت ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن. قۇرئان كەرىم نېمىگە بۇيرۇسا، شۇنى قىلغان، نېمىدىن توسسا شۇنى قىلمىغان. بۇ ئىسىل ئەخلاقلاردىن سىرت يەنە الله تائالا ئۇنىڭدا ياراتقان ھايالىق، سېخىلىق، باتۇرلۇق، كەچۈرۈمچان ۋە مېھرىبانلىق قاتارلىق كاتتا ئەخلاقلار بار. ئۇنىڭدا ھەر قانداق ئېسىل ۋە گۈزەل ئەخلاقلار تېپىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 10 يىل خىزمەت قىلدىم. ئۇ ماڭا بىر قېتىممۇ ”ئوھۇي“ دەپ باقمىدى، ئۇ مەن قىلغان بىرەر ئىشنى: نېمىشقا بۇ ئىشنى قىلدىڭ؟ دەپ باقمىدى، مەن قىلمىغان بىرەر ئىشنى: بۇ ئىشنى قىلساڭ بولمامدۇ؟ دەپمۇ باقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئەخلاقلىق ئادەم ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالقىنىدىن يۇمشاقراق نە يىپەك، نە شاي. تەرىدىن بەكرەك خۇشپۇراق چىقىدىغان نە مىسك، نە ئەتىر پۇراپ باقمىدىم.

ئىمام بۇخارى بەرانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ چىرايلىق يۈزلۈك ۋە ئەڭ ياخشى ئەخلاقلىق ئىدى. ئۇ ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس ئوتتۇرا بويلۇق ئادەم ئىدى. بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نە بىرەر خىزمەتچىسىنى، نە ئايالىنى، نە بىرەر نەرسىنى بىرەر كاچات ئۇرۇپ باقمىدى. الله يولىدا جىھاد قىلىپ دۈشمەننى ئۇرۇش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇنىڭغا ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، تاللىغان ئىشتا گۇناھلا بولمىسا، ئۇ بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئاسىنىنى تاللاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان ئىش بولسا، گۇناھتىن ئەڭ يىراق تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگىلا ئالاقىدار بىرەر ئىشتا ئۆزى ئۈچۈن ھېچ ئادەمدىن ئىنتىقام ئالمىدى، ئۇ پەقەت الله چەكلىگەن ئىشلارغا تاجاۋۇز قىلىنغاندىلا غالىب ۋە بۈيۈك الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۆرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەقەت ياخشى ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».

**﴿كەلگۈسىدە قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى سەن كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ﴾ ئى مۇھەممەد!** كەلگۈسىدە سەن كىمنىڭ گۇمراھ ۋە مەجنۇن ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، سېنى ئىنكار قىلغان ۋە ساڭا قارشى چىققانلارمۇ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز﴾[2].

---

[1] سۈرە قەمەر 26 ـ ئايەت

[2] سۈرە سەبەئ 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى جۇرەيج تەپسىرى بولۇۋاتقان بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنىدە قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى سەن بىلىسەن، ئۇلارمۇ بىلىدۇ.

﴿**شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا سىلەر ۋە ئۇلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنىڭ قايسىنىڭ ھىدايەت تاپقۇچى ۋە قايسىنىڭ ھەقتىن ئاداشقان گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

* * * * * * *

فَلَا تُطِعِ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿٨﴾ وَدُّواْ لَوْ تُدْهِنُ فَيُدْهِنُونَ ﴿٩﴾ وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِينٍ ﴿١٠﴾
هَمَّازٍ مَّشَّآءٍۭ بِنَمِيمٍ ﴿١١﴾ مَّنَّاعٍ لِّلْخَيْرِ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ ﴿١٢﴾ عُتُلٍّۭ بَعْدَ ذَٰلِكَ زَنِيمٍ ﴿١٣﴾ أَن كَانَ ذَا مَالٍ
وَبَنِينَ ﴿١٤﴾ إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ءَايَٰتُنَا قَالَ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٥﴾ سَنَسِمُهُۥ عَلَى ٱلْخُرْطُومِ ﴿١٦﴾

***ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن***﴿8﴾***. ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ***﴿9﴾***. قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۆخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلەد ئىبنى مۇغىرە) گە ئىتائەت قىلمىغىن***﴿10 - 13﴾***. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرىدۇر» دەيدۇ***﴿14 - 15﴾. ***ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز***﴿16﴾.

## ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ بىسىمىنى، پىكىر تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن توسۇش ۋە ئۇلارنىڭ يېرىم يولدا ئۇچرىشىشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: خۇددى بىز ساڭا توغرا شەرىئەتنى ۋە بۈيۈك ئەخلاقنى نېمەت قىلىپ ئاتا قىلغىنىمىزدەك ﴿**ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلاھلىرىغا ئىبادەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلساڭ، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئۆز ئىلاھىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلىدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سېنىڭ بۇ ھەق يولنى تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئىلاھلىرىغا مايىل بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

﴿**قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۆخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلەد ئىبنى مۇغىرە) گە ئىتائەت قىلمىغىن**﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، پەسكەش، يالغانچى، دەلىل ـ پاكىتتا ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھەر زامان ۋە ھەر ۋاقىت الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى قوللىنىپ ۋە ئۇنى نامۇۋاپىق ئورۇنىدا ئىشلىتىپ، يالغان قەسەملەرنى قىلىش ئارقىلىق قوغدىنىدۇ.

﴿**سۆخەنچى**﴾ يەنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ گەپ توشۇغۇچى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى جاراھەتلەندۈرۈپ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگۈچى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم تاۋۇستىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قەبرىدىكىلەرگە

www.munber.org

ھەققەن ئازاب قىلىنىۋېتىپتۇ، ئۇلار چوڭ گۇناھ تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىنماپتۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرى دۇنيادىكى چاغدا كىيىمگە سۈيدۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ساقلانمايدىغان، يەنە بىرى كىشىلەر ئارىسىدا سۆز توشۇش (يەنى ئۇنىڭ سۆزىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئىكەن». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ھۇزەيفىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىغۇچى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار﴾ يەنى ئۇ بېخىللىق قىلىپ ئۈستىگە ۋاجىب بولغان نەرسىنى بەرمەيدۇ ۋە قولىدىكى ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمايدۇ، اللە ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ئىستېمال قىلىشتا يولغا قويۇلغان بەلگىلىمىلەردىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ.

﴿قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم﴾ بۇ ئايەتتىكى "قوپال" دېگەن سۆزدىن مەجەزى توڭ، باغرى قاتتىق، مۇز چىراي ۋە بېخىل ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ھارىسە ئىبنى ۋەھبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئاجىز، كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدىغان، ئەگەر اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان ھەر بىر ئادەم جەننەت ئەھلىدۇر. مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ قوپال، باغرى قاتتىق ۋە ھەققىن باش تارتقۇچى ھەر بىر ئادەم دوزاخ ئەھلىدۇر». ۋەكىئنىڭ رىۋايىتىدە: «قوپال، باغرى قاتتىق، مۇز چىراي ۋە بېخىل ھەر بىر ئادەم دوزاخ ئەھلىدۇر» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايە قىلغان.

ئىمام بۇخارى ﴿قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئاببا سنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كىشى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەن سېلىنغان قويغا ئوخشاش ئەسكى نامى بار ئادەم ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى ئۇ، ئەن سېلىنغانلىقتىن قويلار ئارىسىدا ئاسان تونۇلىدىغان مەشھۇر قويغا ئوخشاش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەرەبلەر نىكاھسىز تۇغۇلغان ئادەمنى ھارامدىن بولغان ئادەم دەيدۇ، ئىبنى جەرىر ۋە بىر قانچە ئىماملار شۇنداق دېگەن.

﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرىدۇر»، دەيدۇ﴾ اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: اللە ئۇنىڭغا نېمەت قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈك ۋە ئوغۇللارنىڭ بەدىلىگە ئۇ غالىب ۋە بۈيۈك اللە نىڭ ئايەتلىرىگە كاپىر بولدى، اللە دىن يۈز ئۆرۈدى ۋە اللە نىڭ ئايەتلىرىنى بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان يالغان سۆزلەردۇر دەپ بىلجىرلىدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈردۈم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى

www.munber.org

يۇرۇشتۇردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى. «بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ). ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر﴾[1].

﴿**ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇنىڭ ئىشىنى روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىمىز، ھەتتا ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئۇلارغا خۇددى بۇرۇنلىرى داغلاپ بەلگە سېلىنغان ئادەملەر ھەممىگە تونۇلۇپ كەتكەندەك مەخپىي قالمايدۇ. باشقا تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭ يۈزىگە دوزاخ ئەھلىنىڭ يۈزلىرىگە سېلىنىدىغان بەلگىنى سالىمىز. يەنى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ يۈزىنى قارا قىلىۋېتىمىز دېگەنلىك بولىدۇ. دەيدۇ.

* * * * * * *

إِنَّا بَلَوْنَٰهُمْ كَمَا بَلَوْنَآ أَصْحَٰبَ ٱلْجَنَّةِ إِذْ أَقْسَمُوا۟ لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِينَ ﴿١٧﴾ وَلَا يَسْتَثْنُونَ ﴿١٨﴾
فَطَافَ عَلَيْهَا طَآئِفٌ مِّن رَّبِّكَ وَهُمْ نَآئِمُونَ ﴿١٩﴾ فَأَصْبَحَتْ كَٱلصَّرِيمِ ﴿٢٠﴾ فَتَنَادَوْا۟ مُصْبِحِينَ ﴿٢١﴾ أَنِ
ٱغْدُوا۟ عَلَىٰ حَرْثِكُمْ إِن كُنتُمْ صَٰرِمِينَ ﴿٢٢﴾ فَٱنطَلَقُوا۟ وَهُمْ يَتَخَٰفَتُونَ ﴿٢٣﴾ أَن لَّا يَدْخُلَنَّهَا ٱلْيَوْمَ
عَلَيْكُم مِّسْكِينٌ ﴿٢٤﴾ وَغَدَوْا۟ عَلَىٰ حَرْدٍ قَٰدِرِينَ ﴿٢٥﴾ فَلَمَّا رَأَوْهَا قَالُوٓا۟ إِنَّا لَضَآلُّونَ ﴿٢٦﴾ بَلْ نَحْنُ
مَحْرُومُونَ ﴿٢٧﴾ قَالَ أَوْسَطُهُمْ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ لَوْلَا تُسَبِّحُونَ ﴿٢٨﴾ قَالُوا۟ سُبْحَٰنَ رَبِّنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ
﴿٢٩﴾ فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَلَٰوَمُونَ ﴿٣٠﴾ قَالُوا۟ يَٰوَيْلَنَآ إِنَّا كُنَّا طَٰغِينَ ﴿٣١﴾ عَسَىٰ رَبُّنَآ أَن يُبْدِلَنَا
خَيْرًا مِّنْهَآ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا رَٰغِبُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ ٱلْعَذَابُ ۖ وَلَعَذَابُ ٱلْءَاخِرَةِ أَكْبَرُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ
﴿٣٣﴾

*شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى﴿17﴾. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى﴿18﴾. ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) نازىل بولۇپ، باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى﴿20-19﴾. ئۇلار: «ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار باغقا بېرىڭلار» دەپ، ئەتىگەندە بىر ـ بىرىنى توۋلاشتى﴿22-21﴾. ئۇلار ماڭدى، يولدا كېتىۋېتىپ: «بۈگۈن باغقا ھەرگىز بىر مىسكىنمۇ كىرمىسۇن» دېيىشىپ پىچىرلاشتى﴿24-23﴾. ئۇلار: (مىسكىنلەرنى باغقا كىرىشتىن) توسيالايمىز دېگەن*

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر 11 ــ 30 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

***ئوي بىلەن، ئەتىگەندە تۇرۇشتى[25]. ئۇلار باغنىڭ (كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى) كۆرۈپ: «بىز ھەقىقەتەن ئېزىپ قېلىپتۇق، ياق بىز (باغنىڭ مېۋىسىدىن) قۇرۇق قېلىپتۇق» دېدى[26 - 27]. ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): «سىلەر نېمىشقا اللەغا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم؟» دېدى[28]. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سېنى پاك ئېتىقاد قىلىمىزكى، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق» دېدى[29]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۆزئارا مالامەت قىلىشتى[30]. ئۇلار دېيىشتى: «ۋاي بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق[31]. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز»[32]. ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر (يەنى قۇرەيشكىمۇ باغ ئىگىلىرىگە چۈشكەن ئازاب چۈشىدۇ). ئەگەر ئۇلار بىلسە، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر[33].***

## كاپىرلارنىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ مىسالى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇنى قۇرەيش كاپىرلىرىغا مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. اللە تائالا ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، بۇ بۈيۈك رەھمەتنى ئۇلارغا ئاتا قىلدى ۋە بۇ كاتتا نېمەتنى بەردى. بىراق ئۇلار ئۇنى يالغانغا چىقىرىش، پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قوزغاش بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىقتا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق**﴾ بۇ باغ ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باغ ئىدى. ﴿**ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار كەمبەغەللەر ۋە سائىللارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىلا ئېلىۋېلىش، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى سەدىقە بەرمەسلىك ئۈچۈن باغنىڭ مېۋىلىرىنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۈزۈۋېلىشقا ئۆزئارا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى.

﴿**ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار قەسەم قىلغان چاغدا، اللە خالىسا دېمىگەن ئىدى. شۇڭا اللە تائالا ئۇلارغا قەسەملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىنىمۇ بەرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) نازىل بولۇپ، باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى**﴾ يەنى بۇ ئازاب ئاسماندىن چۈشكەن ئاپەت ئىدى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: باغ كۆيۈپ گويا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش قاپقارا بولۇپ قالدى. سۇددى ۋە سەۋر مۇنداق دەيدۇ: بۇ باغ ئورۇپ تاشلىۋېتىلگەن زىرائەتلەرگە، يەنى قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشاپ قالدى.

﴿**ئۇلار: «ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار باغقا بېرىڭلار» دەپ، ئەتىگەندە بىر ـ بىرىنى توۋلاشتى**﴾ يەنى سۈبھى ۋاقتى بولغاندا ئۇلار مېۋىلەرنى ئۈزۈۋېلىشقا بېرىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى چاقىرىشتى. ﴿**ئۇلار ماڭدى، يولدا كېتىۋېتىپ: «بۈگۈن باغقا ھەرگىز بىر مىسكىنمۇ كىرمىسۇن» دېيىشىپ پىچىرلاشتى**﴾ يەنى ئۇلار سۆزلىرىنى ھېچكىم ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئۆزئارا پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىپ بىر ـ بىرىگە: بۈگۈن بىرىمۇ پېقىرنىڭ باغقا كىرىشىگە ئىمكان بەرمەڭلار، دېيىشتى. بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللە بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ سىرلارنى ۋە يوشۇرۇن پىچىرلاشلارنى بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

www.munber.org

**﴿ئۇلار: (مىسكىنلەرنى باغقا كىرىشتىن) توسىيالايمىز دېگەن ئوي بىلەن، ئەتىگەندە تۇرۇشتى. ئۇلار باغنىڭ (كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى) كۆرۈپ: «بىز ھەقىقەتەن ئېزىپ قىلىپتۇق، ياق بىز (باغنىڭ مېۋىسىدىن) قۇرۇق قىلىپتۇق» دېدى﴾** يەنى ئۇلار ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قاتتىق ئىشەنچ باغلاپ ئورۇنلىرىن ناھايىتى سەھەر تۇرۇشتى. ئۇلار باغقا يېتىپ بېرىپ باغنىڭ خۇددى غالىب ۋە بۈيۈك الله ئايەتتە ئېيتقان ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. بۇ باغ ھەقىقەتەن گۈزەل، چىرايلىق ۋە سانجاق ـ سانجاق مېۋىلىك ھالەتتىن ھېچ نەرسىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان، قاپقارا ۋە ھېچ نەرسە يوق، قۇرۇق ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىز يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئوخشايمىز دەپ ئويلاپ قالدى. شۇڭا ئۇلار: **﴿بىز ھەقىقەتەن ئېزىپ قىلىپتۇق﴾** يەنى خاتا يولغا كىرىپ قىلىپ باغقا بارىدىغان يولدىن ئېزىپ قىلىپتۇق دېيىشتى. كېيىن ئۇلار كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن بۇ باغنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ **﴿ياق بىز (باغنىڭ مېۋىسىدىن) قۇرۇق قىلىپتۇق﴾** يەنى: ياق، ئەكسىچە بۇ باغ بىزنىڭ بېغىمىزنىڭ دەل ئۆزى شۇ، لېكىن بىز باغدىن ئالىدىغان نېسىۋىمىزدىن قۇرۇق قىلىپتۇق، دېيىشتى.

**﴿ئۇلارنىڭ ياخشىسى﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، رەبىئى ئىبنى ئەنەس، زەھھاك ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئەڭ ئادىللىراقى ۋە ياخشىراقى: **﴿«سىلەر نېمىشقا اللەغا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم؟» دېدى﴾** مۇجاھىد، سۇددى ۋە ئىبنى جۇرەيج قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، نېمىشقا الله خالىسا دېمەيسىلەر دېمىگەنمىدىم دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. سۇددى يەنە: ئۇ زاماندا ئۇلارنىڭ الله خالىسا دېيىشى تەسبىھ ئېيتىش بىلەن بولاتتى، دېدى. ئىبنى جەرىر: ئۇ بىراۋنىڭ الله خالىسا دېگەن سۆزىدىن ئىبارەتتۇر دېدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتنىڭ ئەسلى مەنىسى: نېمىشقا الله سىلەرگە ئاتا قىلغان ۋە نېمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىگە شۈكۈر قىلىپ الله غا تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

**﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سېنى پاك ئېتىقاد قىلىمىزكى، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق» دېدى﴾** ئۇلار ئىبادەتكە ئىبادەت پايدا بەرمەيدىغان چاغدا يۈزلەندى، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى ۋە گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدىغان چاغدا ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا ئۇلار: **﴿بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۆزئارا مالامەت قىلىشتى﴾** يەنى ئۇلار بەزىلەرنىڭ مىسكىنلەرنىڭ مېۋىلەردىن ئۈزۈۋېلىش ھەققىنى مەنئى قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مالامەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بەرگەن جاۋابى پەقەت خاتالىقلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىنلا ئىبارەت بولدى **﴿ئۇلار دېيىشتى: «ۋاي بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق﴾** يەنى بىز باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق، ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق ۋە چەكلىمىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىزگە مۇشۇنداق مۇسىبەت يېتىپتۇ.

**﴿ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز﴾** بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇلار الله دىن ئۆزلىرىگە ئۇ باغدىن ياخشىراق بىر باغنى بۇ دۇنيادىلا بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشتى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇلار الله دىن ئۆزلىرىگە ئاخىرەتتە ئۇ باغنىڭ ساۋابىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشتى دەيدۇ.

www.munber.org

بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: باغ ئىگىلىرى يەمەنلىك ئىدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سەنئادىن ئالتە مىل يىراقلىقتىكى ”زەرەۋان“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىدىن ئىدى.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەبەشىستانلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكىچە ئۇلارغا بىر باغنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۇلار ئەھلى كىتابتىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۇ باغنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرغان بولۇپ، ئۇ باغدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى باغنىڭ چىقىمىغا ئىشلىتەتتى، يەنە بىر قىسمىنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئېلىپ قالاتتى، ئېشىپ قالغان قىسمىنى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرەتتى.

ئۇ ۋاپات بولۇپ باغقا ئۇنىڭ باللىرى ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار: ئاتىمىز ئەخمەق ئادەم ئىدى، ئۇ باغدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى كەمبەغەللەرگە بېرىۋېتەتتى، ئەگەر بىز ئۇلارغا بېرىلىدىغان سەدىقىنى بەرمىسەك، ئۆزىمىز مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئالغان بولاتتۇق، دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەمبەغەللەرگە سەدىقە بەرمەسلىككە قارارى قىلىشىدى، ئىش ئۇلارنىڭ كۆتكىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ ئۇلار يامان نىيەتلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. اللہ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى دەسمايە، پايدا ۋە سەدىقە قاتارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدى. ئۇلارغا ھېچ نەرسە قالمىدى. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر﴾ يەنى اللہ نىڭ ئەمرىگە قارشى چىققان، اللہ ئاتا قىلغان ۋە نېمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىگە بېخىللىق قىلغان، مىسكىنلەرنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ ۋە موھتاجلارنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن ۋە اللہ نىڭ نېمىتىنى كۇفرىغا تېگىشكەن كىشىگە بولىدىغان ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر. ﴿ئەگەر ئۇلار بىلسە، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر﴾ يەنى سىلەر ئاڭلىغاندەك دۇنيانىڭ ئازابى مۇشۇنداقتۇر، ئاخىرەتنىڭ ئازابى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىقتۇر.

* * * * * * *

إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّـٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٣٤﴾ أَفَنَجْعَلُ ٱلْمُسْلِمِينَ كَٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٣٥﴾ مَا لَكُمْ كَيْفَ
تَحْكُمُونَ ﴿٣٦﴾ أَمْ لَكُمْ كِتَـٰبٌ فِيهِ تَدْرُسُونَ ﴿٣٧﴾ إِنَّ لَكُمْ فِيهِ لَمَا تَخَيَّرُونَ ﴿٣٨﴾ أَمْ لَكُمْ أَيْمَـٰنٌ عَلَيْنَا
بَـٰلِغَةٌ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۙ إِنَّ لَكُمْ لَمَا تَحْكُمُونَ ﴿٣٩﴾ سَلْهُمْ أَيُّهُم بِذَٰلِكَ زَعِيمٌ ﴿٤٠﴾ أَمْ لَهُمْ شُرَكَآءُ فَلْيَأْتُوا۟
بِشُرَكَآئِهِمْ إِن كَانُوا۟ صَـٰدِقِينَ ﴿٤١﴾

*تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴿34﴾. بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟﴿35﴾. نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر!﴿36﴾. ياكى سىلەردە (ئاسماندىن نازىل بولغان) بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىلەرگە (قىيامەت كۈنى) خالىغىنىڭلار بار، دېگەننى ئوقۇدۇڭلارمۇ؟﴿37 - 38﴾. ياكى سىلەر ھۆكۈم قىلغان نەرسەڭلارنىڭ بولۇشىغا بىز سىلەر بىلەن قىيامەت كۈنى ئاندىن ۋاقتى توشىدىغان مەھكەم بىر ئەھدى تۈزۈشكەنمۇ؟﴿39﴾. ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىسى يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟﴿40﴾. ياكى ئۇلارنىڭ (يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلىدىغان شېرىكلىرى) بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار (دەۋاسىدا) راستچىل بولسا، شېرىكلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن﴿41﴾.*

www.munber.org

## تەقۋادارلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇلارغا گۇناھكارلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا باغ ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك الله غا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا يەتكەن ئازابنى بايان قىلغاندىن كېيىن، الله دىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كىشىگە ئاخىرەتتە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، توختاپ قالمايدىغان ۋە تۈگەپ قالمايدىغان نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەر بىلەن مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

﴿**بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟**﴾ يەنى مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا ئوخشاش جازالامدۇق؟ ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى ھەرگىز ئوخشاش قىلمايمىز. ﴿**نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر!**﴾ يەنى قانداقمۇ مۇشۇنداق (بولىدۇ دەپ) ئويلايسىلەر!

﴿**ياكى سىلەردە (ئاسماندىن نازىل بولغان) بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىلەرگە (قىيامەت كۈنى) خالىغىنىڭلار بار، دېگەننى ئوقۇدۇڭلارمۇ؟**﴾ يەنى قولۇڭلاردا ئاسماندىن چۈشكەن، ئىلگىرىكىلەردىن كېيىنكىلەرگە نەقىل قىلىنغان، دەۋايىڭلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب بولۇپ، سىلەر ئۇ كىتابنى دەرس قىلىپ، ياد ئېلىپ ۋە قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋاتامسىلەر؟ ﴿**ياكى سىلەر ھۆكۈم قىلغان نەرسەڭلارنىڭ بولۇشىغا بىز سىلەر بىلەن قىيامەت كۈنى ئاندىن ۋاقتى توشىدىغان مەھكەم بىر ئەھدى تۈزۈشكەنمۇ؟**﴾ يەنى سىلەردە بىز تەرەپتىن قىلىنغان، سىلەر ئويلىغىنىڭلارغا، قىلغىنىڭلارغا ۋە خالىغىنىڭلارغا ئېرىشىسىلەر دەپ، ئېيتقانلىرىڭلارنى تەكىتلەيدىغان مەھكەم ئەھدە بارمۇ؟ ﴿**ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىسى يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ (يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلىدىغان شېرىكلىرى) بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار (دەۋاسىدا) راستچىل بولسا، شېرىكلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن**﴾.

* * * * * * *

يَوۡمَ يُكۡشَفُ عَن سَاقٖ وَيُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٤٢﴾ خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ
تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۖ وَقَدۡ كَانُواْ يُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ وَهُمۡ سَٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾ فَذَرۡنِي وَمَن يُكَذِّبُ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِۖ
سَنَسۡتَدۡرِجُهُم مِّنۡ حَيۡثُ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٤﴾ وَأُمۡلِي لَهُمۡۚ إِنَّ كَيۡدِي مَتِينٌ ﴿٤٥﴾ أَمۡ تَسۡـَٔلُهُمۡ أَجۡرٗا فَهُم
مِّن مَّغۡرَمٖ مُّثۡقَلُونَ ﴿٤٦﴾ أَمۡ عِندَهُمُ ٱلۡغَيۡبُ فَهُمۡ يَكۡتُبُونَ ﴿٤٧﴾

*ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ[42]. ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان ئىدى (ئۇلار سەجدىدىن باش تارتاتتى)[43]. بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز[44]. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر[45]. ياكى ئۇلاردىن (دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا) ھەق سوراپ، ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) يۈكىنى*

www.munber.org

***ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشتىمۇ؟*** ﴿46﴾. ***ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا غەيب (يەنى غەيبنى ئىچىگە ئالغان لەۋھۇلمەھپۇز) بار بولۇپ، ئۇلار (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭغا) يازامدۇ؟*** ﴿47﴾.

## قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى توغرىسىدا

اللە تائالا ﴿**تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ دەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى دەھشەتلىك ئەھۋاللار، قاتتىق تەۋرەش، بالايى ـ ئاپەت، سىناق ۋە باشقا چوڭ ـ چوڭ ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىز جامالىنى ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئايال ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ. دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىش ۋە كۆز ـ كۆز قىلىپ سەجدە قىلغانلار سەجدە قىلماي ئېشىپ قالىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلماقچى، بولىدۇ بىراق ئۇلارنىڭ دۈمبىسى تاياقتەك قېتىپ قالغان ھالدا سەجدە قىلالماي قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغدا گۇناھ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە خارلىق بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغدا سەجدە قىلىشقا چاقىرىلغاندا، ساق ـ سالامەت تۇرۇقلۇق سەجدە قىلىشتىن باش تارتقىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ سەجدە قىلىشقا قادىر بولالماسلىق بىلەن جازالىنىدۇ. ئەگەر قىيامەت كۈنى غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگار جامالىنى ئاشكارا قىلسا، مۆمىنلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلاردىن بىرمۇ ئادەم سەجدە قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ دۈمبىلىرى تاياقتەك قېتىپ قالىدۇ، ئۇلار ھەر بىر قېتىم سەجدە قىلماقچى بولغاندا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيادا مۆمىنلەر قىلغان ئىشنىڭ دەل ئەكسىنى قىلاتتى.

## قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

﴿**بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن**﴾ يەنى قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى ماڭا قويۇۋەتكىن، مەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئازغۇنلۇققا قانداق يۈزلەندۈرىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۆھلەت بېرىدىغانلىقىمنى، ئاندىن ئۇنى غالىب ۋە قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ ھالاك قىلىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن.

﴿**ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز**﴾ يەنى ئۇلار بۇنى ئۇقمايلا قالىدۇ، بەلكى ئۇلار بۇنى اللە تەرەپتىن كەلگەن كارامەت دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ بىر خارلىقتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[1] ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە

---

[1] سۈرە مۆمىنۇن 55 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىشلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[1].

﴿ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر﴾ يەنى ئۇلارنى جازالاشنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، بۇ مېنىڭ ئۇلارغا بولغان تەدبىرىم ۋە ھىيلە ـ مىكرىمدۇر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئەمر ـ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلغان، پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا ئاسىيلىق قىلىشقا پېتىنغان ئادەملەرگە تۇتقان تەدبىرىم ناھايىتى پۇختىدۇر ۋەچوڭدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا زالىمغا ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇنى جازالىغان چاغدا ھەرگىز ساق قويمايدۇ». دەپ ئاندىن ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، اللە نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدۇ.

**﴿ياكى ئۇلاردىن (دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا) ھەق سوراپ، ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتىڭمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا غەيب (يەنى غەيبنى ئىچىگە ئالغان لەۋھۇلمەھپۇز) بار بولۇپ، ئۇلار (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭغا) يازامدۇ؟﴾** بۇ ئىككى ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە تۇردا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مەنىسى: ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە تەرەپكە دەۋەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق ئالمايسەن، بەلكى سەن بۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىسەن. ھالبۇكى ئۇلار نادانلىقى، كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە ھەقكە قارشى چىققانلىقى تۈپەيلىدىن سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدۇ.

* * * * * * *

فَٱصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُن كَصَاحِبِ ٱلْحُوتِ إِذْ نَادَىٰ وَهُوَ مَكْظُومٌ ﴿٤٨﴾ لَّوْلَآ أَن تَدَٰرَكَهُۥ
نِعْمَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ لَنُبِذَ بِٱلْعَرَآءِ وَهُوَ مَذْمُومٌ ﴿٤٩﴾ فَٱجْتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَجَعَلَهُۥ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِن يَكَادُ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَٰرِهِمْ لَمَّا سَمِعُوا۟ ٱلذِّكْرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُۥ لَمَجْنُونٌ ﴿٥١﴾ وَمَا هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ
لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٥٢﴾

***پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، (ئالدىراڭغۇلۇقتا، زېرىككەكلىكتە) بېلىقنىڭ ساھىبىگە (يەنى يۇنۇسقا) ئوخشاش بولمىغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلدى﴿48﴾. ئەگەر ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ (قىلمىشىغا) مالامەت قىلىنغان ھالدا (دەرەخمۇ يوق، تاغمۇ يوق) بىر دالىغا تاشلانغان بولاتتى﴿49﴾. پەرۋەردىگارى ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى، ئۇنى ياخشىلاردىن قىلدى﴿50﴾. كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. سېنى: «شۈبھىسىز بىر مەجنۇن» دېيىشىدۇ﴿51﴾. قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿52﴾.***

---

(1) سۈرە ئەنئام 44 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ھۇد 102 ـ ئايەت.

www.munber.org

## سەۋر قىلىشقا، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك ئالدىراپ كەتمەسلىككە بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ﴿سەۋر قىلغىن﴾ شەك ـ شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە اللە ساڭا پايدىلىق، ئۇلارغا زىيانلىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتنى ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە بېرىدۇ. ﴿(ئالدىراڭغۇلۇقتا، زېرىككەكلىكتە) بېلىقنىڭ ساھىبىگە (يەنى يۇنۇسقا) ئوخشاش بولمىغىن﴾ يەنى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا خاپا بولۇپ، شەھىرىدىن كېتىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىزدا سەپەر قىلىشى، ئۇنى بېلىقنىڭ يۇتۇۋېلىشى، بېلىقنىڭ ئۇنى دېڭىزلاردا ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇ ۋە چوڭقۇر يەرلىرىدە ئايلاندۇرۇپ يۈرىشى، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىجرا قىلىنغان نەرسە ھېچ توسالغۇغا لايىق رەۋىشتە تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار يۈز بەردى. شۇ چاغدا، ئۇ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ: ﴿(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾[1] دەپ نىدا قىلدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴾[2] ﴿ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى﴾[3] ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلدى﴾ شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارى ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى، ئۇنى ياخشىلاردىن قىلدى﴾.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھېچبىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى يۇنۇس ئىبنى مەتتا ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى دېيىشى لايىق ئەمەس» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## كۆز تېگىشنىڭ راست ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ﴾ يەنى ئەگەر اللە سېنى ئۇلارنىڭ يامان كۆزلىرىدىن ساقلىمايدىغان ۋە ئۇلاردىن ھىمايە قىلمايدىغان بولسا، ئۇلار ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ساڭا ھەسەت قىلىپ، يامان كۆزلىرى بىلەن قاراپ سېنى يىقىتىۋەتكەن بولاتتى.

بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك اللە نىڭ ئەمرى بىلەن كۆز تېگىشنىڭ راست ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل بار. شۇنداقلا بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئىبنى ماجە بۇرەيدە ئىبنى ھەسىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەقەت كۆز تەگكەن ياكى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغان ئادەمگىلا دۇئا ئوقۇش دۇرۇستۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنبىيا 88 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ساففات 143 ـ 144 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۆز تېگىش ھەقتۇر، ئەگەر بىرەر نەرسە تەقدىرنى ئۆزگەرتەلىسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئۆزگەرتەلەيتتى[1]. ئەگەر سىلەردىن يۇيۇنۇش تەلەپ قىلىنسا، يۇيۇنۇڭلار[2]».

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە غا سېغىنىپ ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنگە يامانلىق يېتىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەپ: «مەن اللە نىڭ مۇكەممەل سۆزلىرىگە سېغىنىپ سىلەر ئىككىڭلارغا ھەر قانداق شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن، زەھەرلىك ھايۋاندىن، ھەر قانداق يامان كۆزدىن، ساراڭ بولۇپ قېلىشتىن ۋە ئېزىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. ئۇ يەنە: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللە غا سېغىنىپ ئىسھاق بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇنداق يامانلىقلارنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيتتى» دەيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئىبنى ماجە، ئەبۇئۇمامە ئەسئەد ئىبنى سەھلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاتام سەھل ئىبنى ھۇنەيف يۇيۇنۇۋاتقان چاغدا ئامىر ئىبنى رەبىيئە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: مەن بۈگۈنگە ئوخشاش كۈننى ۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش ھېچ ئېچىلىپ باقمىغان چىرايلىق بەدەننى كۆرۈپ باقمىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەھل يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى ۋە ئۇنىڭغا: سەھلىگە كۆز تەگدى دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا كىمنىڭ كۆزى تەگدى دەپ قارايسىلەر؟» دېدى. ساھابىلار: ئامىر ئىبنى رەبىيئەنىڭ كۆزى تەگدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار نېمىگە ئاساسلىنىپ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىدا ھەۋەس قىلارلىق بىرەر ئىشنى كۆرسە، ئۇ ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن» دېدى. ئاندىن سۇ ئەكەلتۈرۈپ ئامىرنى شۇ سۇدا تاھارەت ئېلىشقا يۈزىنى يۇيۇشقا، ئىككى قولىنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇشقا، ئىككى تىزىنى ۋە ئىشتىنىنىڭ ئىچ تەرىپىنى يۇيۇشقا، ئاندىن ئۇستىگە شۇ شۇنى تۆكۈشكە بۇيرۇدى. سۇفيان، مەئمەردىن زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغان سۇ ئېلىنغان قاچىنى ئامىرنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆمتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ ئەۋ ئۇمامىدىن: شۇ قاچىنى ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆمتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان، دەپ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئىبنى ماجە، ئەبۇسەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە غا سېغىنىپ جىنلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ يامان كۆزلىرىدىن پاناھ تىلەيتتى. سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس نازىل بولغاندىن كېيىن يامانلىقلاردىن ئۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ پاناھ تىلەشكە باشلاپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى ئوقۇشنى تاشلىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇسەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! كېسەل بولۇپ قالدىڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ئىسمى بىلەن ساڭا دۇئا ئوقۇپ، ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن، ھەر قانداق جان ئىگىسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سېنى ئەيىبلىگۈچى

---

[1] ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسى اللە تەرىپىدىن كېلىدۇ، ھېچ نەرسە اللە نىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ھېچ نەرسە اللە نىڭ ئىزنىسىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.
[2] كۆزى يامان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە يۇيۇنىدۇ.

www.munber.org

ھەر قانداق يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن، الله ساڭا شىپالىق بەرسۇن، الله نىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا دۇئا ئوقۇيمەن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇسەئىد ياكى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «الله نىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا دۇئا ئوقۇپ، ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن، ھەر قانداق ھەسەت قىلغۇچىدىن ۋە ھەر قانداق يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن. الله ساڭا شىپالىق بەرسۇن» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، كۆز تېگىش راستتۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجە، ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۆز تېگىش ھەقتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئۇبەيد ئىبنى رىفائە زۇرەقىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسما بىنتى ئۇمەيس: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بەنى جەپەر قەبىلىسىدىكىلەرگە ھەققەتەن كۆز تېگىدۇ، ئۇلارغا دۇئا قىلدۇرسام بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، بولىدۇ، ئەگەر بىرەر نەرسە تەقدىرنى ئۆزگەرتەلىسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئۆزگەرتەلەيتتى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئىبنى ماجە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا كۆز تەگسە، مېنى دۇئا ئوقۇتۇشقا بۇيرۇيتتى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمامە ئىبنى سەھلدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار جۆھفە دېگەن يەرنىڭ خەررار جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، سەھل ئىبنى ھۇنەيف يۇيۇندى. ئۇ ئاق، كېلىشكەن ۋە تېرىسى چىرايلىق ئادەم ئىدى. ئۇ يۇيۇنۇۋاتقاندا بەنى ئەدى ئىبنى كەئب قەبىلىسىگە تەۋە ئامىر ئىبنى رەبىيئە دېگەن ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ: مەن بۈگۈنگە ئوخشاش كۈننى ۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش ھېچ ئېچىلىپ باقمىغان چىرايلىق بەدەننى كۆرۈپ باقمىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەھل يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى ۋە ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەھلىگە سەن ئامال قىلالامسەن؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ، ھوشىغىمۇ كەلمەيۋاتىدۇ، دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا بىرەر ئادەمنىڭ كۆزى تەگدى دەپ قارامسىلەر؟» دېدى. ساھابىلار: ئۇنىڭغا ئامىر ئىبنى رەبىيئە قارىغان ئىدى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامىرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىدى ۋە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار نېمىگە ئاساسلىنىپ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئەگەر سەن قېرىندىشىڭدا ھەۋەس قىلغۇدەك بىرەر ئىشنى كۆرگەن بولساڭ، ئۇنىڭغا بەرىكەت دۇئا قىلساڭ بولمامدۇ؟» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە: «سەھلنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن يۇيۇنغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىر يۈزىنى، ئىككى قولىنى، ئىككى جەينىكىنى، ئىككى تىزىنى، ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى ۋە ئىشتىنىنىڭ ئىچ تەرىپىنى بىر قاچىغا يۇيدى. ئاندىن شۇ سۇ ئامىرنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. بىر ئادەم ئۇ سۇنى ئامىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۇنىڭ بېشىغا ۋە دۈمسىگە تۆكتى. ئاندىن

www.munber.org

قاچىنى ئامىرنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆمتۈرۈپ قويىدى. مۇشۇنداق قىلىنغاندىن كېيىن سەھل ھوشىغا كېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئادەملەر بىلەن يولىنى داۋام قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئوبەيدۇللاھ ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئامىر ئىبنى رەبىيئە بىلەن سەھل ئىبنى ھۇنەيف يۇيۇنماقچى بولۇپ چەترەك بىر جايغا باردى. ئۇ ئىككىسى دالدا قىلغۇدەك بىرەر نەرسە ئىزدىدى. ئاخىرى ئامىر ئۈچىسىغا كىيىۋالغان جۇۋىسىنى پەردە قىلدى. ئامىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆزۈم تېگىپتۇ. ئۇ يۇيۇنۇۋاتقان سۇنى ئۆرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ سۇدا تۇرۇپ پالاق ـ پالاق قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۈچ قېتىم تۇۋلىدىم. ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم. ئۇ دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ سۇغا كەچتى. مەن ئۇنىڭ ئىككى پاچىقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن سەھلنىڭ كۆكسىگە ئۇردى، ئاندىن: «ئى الله! ئۇنىڭ تېنىنىڭ قىزىقلىقىنى، سوغۇقلۇقىنى ۋە ئاغرىقىنى قايتۇرۇۋەتكىن» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىدا ياكى ئۆزىدە ۋە ياكى مېلىدا ئەجەپلىنەرلىك بىرەر ئىشنى كۆرسە، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن! شەك ـ شۈبھىسىزكى، كۆز تېگىش ھەقتۇر» دېدى.

## كاپىرلارنىڭ قىلغان تۆھمىتى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب توغرىسىدا

﴿سېنى: «**شۈبھىسىز بىر مەجنۇن**» دېيىشىدۇ﴾ يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يامان كۆزلىرى بىلەن قارايدۇ، تىللىرى بىلەن ئەزىيەت بېرىدۇ ۋە: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ مەن قۇرئاننى ئېلىپ كەلدىم دېگەن دەۋاسىدا بىر مەجنۇندۇر، دېيىشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر**﴾.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە قەلەمنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللهغا خاستۇر.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ھاققە 52 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلۡحَآقَّةُ ۝١ مَا ٱلۡحَآقَّةُ ۝٢ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحَآقَّةُ ۝٣ كَذَّبَتۡ ثَمُودُ وَعَادُۢ بِٱلۡقَارِعَةِ ۝٤ فَأَمَّا ثَمُودُ
فَأُهۡلِكُواْ بِٱلطَّاغِيَةِ ۝٥ وَأَمَّا عَادٞ فَأُهۡلِكُواْ بِرِيحٖ صَرۡصَرٍ عَاتِيَةٖ ۝٦ سَخَّرَهَا عَلَيۡهِمۡ سَبۡعَ لَيَالٖ
وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومٗا فَتَرَى ٱلۡقَوۡمَ فِيهَا صَرۡعَىٰ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٍ خَاوِيَةٖ ۝٧ فَهَلۡ تَرَىٰ لَهُم مِّنۢ
بَاقِيَةٖ ۝٨ وَجَآءَ فِرۡعَوۡنُ وَمَن قَبۡلَهُۥ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَٰتُ بِٱلۡخَاطِئَةِ ۝٩ فَعَصَوۡاْ رَسُولَ رَبِّهِمۡ فَأَخَذَهُمۡ أَخۡذَةٗ
رَّابِيَةً ۝١٠ إِنَّا لَمَّا طَغَا ٱلۡمَآءُ حَمَلۡنَٰكُمۡ فِي ٱلۡجَارِيَةِ ۝١١ لِنَجۡعَلَهَا لَكُمۡ تَذۡكِرَةٗ وَتَعِيَهَآ أُذُنٞ وَٰعِيَةٞ ۝١٢

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***(بولۇشى ئېنىق) قىيامەت«1». قىيامەت نېمىدۇر؟«2». قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟«3». سەمۇد ۋە ئاد (قەبىلىلىرى) قىيامەتنى ئىنكار قىلدى«4». سەمۇد بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى«5». ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى«6». اللہ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۇزۇلدۇرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن«7». ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟«8». پىرئەۋن ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر (يەنى لۇت قەۋمى) خاتا ئىشلارنى قىلدى«9». ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى اللہ قاتتىق جازالىدى«10». شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)«11 - 12».***

## قىيامەتنىڭ چوڭلۇقىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا

”ھاققە“ يەنى ئەمەلگە ئاشقۇچى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، قىيامەتتە اللہ نىڭ ۋەدىسى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا اللہ قىيامەتنىڭ ئىشىنىڭ چوڭلۇقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟﴾.

www.munber.org

## ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىش توغرىسىدا

الله تائالا ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى ئۆزىنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەمۇد بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى**﴾.

يەنى ئۇلارنى قاتتىق ئاۋاز ۋە سىلكىش ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. قەتادە: ئۇلارنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، دەيدۇ. مۇجاھىد: ئۇلارنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ھالاك قىلىۋەتتى، دەيدۇ. رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ: ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىندى، دېدى ۋە ئىبنى زەيد: ﴿سەمۇد ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى﴾[1] دېگەن ئايەتنى قوشۇپ ئوقۇپ قويدى.

﴿**ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق بوران كېلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ مەيدىلىرىدىن تۆشۈك ئېچىۋەتتى. زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا رەھمىتىمۇ، بەرىكىتىمۇ بولمىغان ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق ۋە سوغۇق بوران چىقتى. ئەلى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ قاتتىق بوران ئۇلارنىڭ غەزىنىلىرىگە چىقىپ ھېسابسىز بايلىقنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى.

﴿**الله ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى**﴾ يەنى الله ئۇلارغا شۇملۇق ئېلىپ كېلىدىغان، تولۇق يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلمەي چىققان بوراننى ئاپىرىدە قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق﴾[2].

﴿**(ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن**﴾ يەنى بۇ بوران ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ چىقىپ، ئاندىن يەرگە قارىتىپ ئۇرسا ئۇ يەرگە تىك چۈشۈپ بېشى يېرىلىپ ئۆلدۇ. ئۇنىڭ تېنى بولسا، يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن شاخسىز خورما كۆتەكلىرىگە ئوخشاش سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن شەرق شامىلى بىلەن ياردەم بېرىلدىم. ئاد قەۋمى بولسا غەرب شامىلى بىلەن ھالاك قىلىندى».

﴿**ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن ياكى ئۇلارغا نىسبەت بېرىلىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟ بەلكى ئۇلار تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلدى. الله ئۇلارغا ھېچ بىر ئورۇنباسار قويمىدى.

﴿**پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر**﴾ يەنى قىلمىشلىرى پىرئەۋنگە ئوخشاپ كېتىدىغانلار. ﴿**ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەر. ﴿**خاتا ئىشلارنى قىلدى**﴾ يەنى الله نازىل قىلغان ھەقنى ئىنكار قىلدى. گۇناھ بولىدىغان خاتا ئىشلارنى قىلدى.

﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى**﴾ يەنى ھەر بىر ئۈممەت ئۆزلىرىگە الله ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابىم (ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى﴾[3] كىمكى بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلسا، بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە

---

[1] سۈرە شەمس 11 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قاف 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مۇنداق دەيدۇ: ﴿**نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى**﴾[1] ﴿**ئاد (خەلقى) پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى**﴾[2] ﴿**سەمۇد (خەلقى) پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى**﴾[3].

ھەر بىر ئۈممەتكە ھەقىقەتەن بىردىن پەيغەمبەر كەلدى. شۇڭا، اللّٰه تائالا بۇ ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى الله قاتتىق جازالىدى**﴾ يەنى اللّٰه ئۇلارنى چوڭ، قاتتىق ئەلەملىك ۋە ھالاك قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىدى.

## كېمىدىن بەھرىمەن قىلىنغان نېمەتنى ئەسلىتىش توغرىسىدا

﴿**شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ ياماراپ كەتكەن چاغدا**﴾. يەنى سۇ چەكتىن ئېشىپ اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن پۈتۈن مەۋجۇداتنى قاپلاپ كەتكەن چاغدا ﴿**سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق**﴾ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە اللّٰه نى قويۇپ بۇتلىرىغا چوقۇنغان چاغدا، ئۇ قەۋمىگە بەددۇئا قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇ ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېمىگە چىققۇچىلاردىن باشقا پۈتۈن زېمىن ئەھلىنى توپان بالاسىدىن غەرق قىلىۋېتىدۇ. ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ كېمىگە ئېلىپ چىققان كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. شۇڭا اللّٰه تائالا ئىنسانلارغا قىلغان بۇ ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ ياماراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق**﴾ يەنى بۇ كېمە سۇ يۈزىدە ئۈزۈپ ئۇلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇردى.

﴿**سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)**﴾ يەنى سىلەرنىڭ كېمىدە ئولتۇرۇپ دېڭىزلار ئارا سەپەر قىلىشىڭلار ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ ئۈلگىسىنى سىلەرگە قالدۇردۇق. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر**﴾[4] ﴿**ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە ـ كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق**﴾[5].

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى قالدۇردى. ھەتتا، بۇ ئۈممەتنىڭ دەسلىۋىدە ئۆتكەن كىشىلەر ئۇ كېمىنى كۆردى. بۇ قاراشقا قارىغاندا يۇقىرىقى قاراش كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)**﴾ يەنى بۇ نېمەتنى چۈشىنىدىغان دىللارنىڭ ئۇنى

---

[1] سۈرە شۇئەرا 105 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 123 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 141 ـ ئايەت.
[4] سۈرە زۇخرۇق 12 ـ 14 ئايەتكىچە.
[5] سۈرە ياسىن 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىز ئۇ كېمىنىڭ ئۆلگىسىنى سىلەرگە قالدۇردۇق.

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاڭلاپ تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن بىز ئۇ كېمىنى سىلەرگە ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ﷲ نىڭ كىتابىدىن ئاڭلىغان نەرسىلەر چۈشۈنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن بۇ كېمىنى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ئاڭلايدىغان ۋە تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى ئاڭلاپ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. يەنى كىمنىڭ ساغلام قۇلىقى ۋە ئوتكۇر ئەقلى بولسا، ئۇ كېمىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. بۇ ئايەت ھەقنى چۈشۈنەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرالايدىغان ھەر قانداق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

* * * * * * *

فَإِذَا نُفِخَ فِي ٱلصُّورِ نَفۡخَةٞ وَٰحِدَةٞ ﴿١٣﴾ وَحُمِلَتِ ٱلۡأَرۡضُ وَٱلۡجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةٗ وَٰحِدَةٗ ﴿١٤﴾
فَيَوۡمَئِذٖ وَقَعَتِ ٱلۡوَاقِعَةُ ﴿١٥﴾ وَٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَهِيَ يَوۡمَئِذٖ وَاهِيَةٞ ﴿١٦﴾ وَٱلۡمَلَكُ عَلَىٰٓ أَرۡجَآئِهَاۚ
وَيَحۡمِلُ عَرۡشَ رَبِّكَ فَوۡقَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ ثَمَٰنِيَةٞ ﴿١٧﴾ يَوۡمَئِذٖ تُعۡرَضُونَ لَا تَخۡفَىٰ مِنكُمۡ خَافِيَةٞ ﴿١٨﴾

***بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا[13]. زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ (بىر ـ بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا[14]. بۇ كۈنده چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ[15]. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈنده ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ[16]. پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈنده پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ[17]. بۇ كۈنده سىلەر (ﷲغا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر[18].***

## قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال قورقۇنچ سۇر چېلىنغاندا باشلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ئۆلۈشى ئۈچۈن يەنە بىر سۇر چېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ﷲ خالىغان جانلىقتىن باشقا بارلىق جانلىقلار ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن قەبرىلەردىن تۇرغۇزۇلۇپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرەپكە توپلىنىش ئۈچۈن ئاخىرقى سۇر چېلىنىدۇ.

مانا بۇ سۇر مەزكۇر ئايەتتە كۆرسىتىلگەن سۇردۇر. چۈنكى، ﷲ تائالانىڭ ئەمرى ھېچقانداق قارشىلىققا، توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. ھەم ئۇنى تەكرارلاش ۋە تەكىتلەشكىمۇ زۆرۈرىيەت بولمايدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ (بىر ـ بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا﴾** يەنى زېمىن ئۇكۆزىنىڭ چەمبەك سوزۇلۇپ باشقا بىر زېمىنغا ئۆزگىرىپ كەتكەن چاغدا **﴿بۇ كۈنده چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈنده ئاسمان**

www.munber.org

**(قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ﴾** ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ ﴿ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۈندە ئاسمانلار يېرىلىپ يوچۇقلار ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئەرش ئاسمان بىلەن تەڭ بولۇپ قالىدۇ. **﴿پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ﴾** رەبىئ ئىبنى ئەنەس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر كىچىكلەپ كەتكەن ئاسماندا تۇرۇپ زېمىن ئەھلىگە قارايدۇ.

**﴿بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى ئەرشنى سەككىز پەرىشتە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىمام ئەبۇداۋۇد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ الله تائالانىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەردىن قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى 700 يىللىق مۇساپە كېلىدىغان بىر پەرىشتىگە سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىنىدۇ».

## ئادەم ئەۋلادىنىڭ الله غا توغرىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿بۇ كۈندە سىلەر (اللهغا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾** يەنى سىلەر ئىشلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسە يوشۇرۇن قالمايدىغان، يوشۇرۇن ئىشلارنى ۋە يېپىرلاشلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى الله غا ئەمەللىرىڭلارنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن توغرىلىنىسىلەر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ سىلەر (اللهغا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾**

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇمۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن الله غا ئۈچ قېتىم توغۇرلىنىدۇ. ئىككى قېتىملىق توغرىلىنىشتا جېدەل ۋە ئۆزرە ئېيتىشلار بولىدۇ، ئەمما ئۈچىنچى قېتىملىق توغرىلىنىشتا نامە ـ ئەمەللەر دەپتەرلىرى قوللارغا ئۇچۇپ كېلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن ئالىدۇ، بەزىلەر سول قولى بىلەن ئالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

فَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَيَقُولُ هَآؤُمُ ٱقۡرَءُواْ كِتَٰبِيَهۡ ﴿١٩﴾ إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَٰقٍ حِسَابِيَهۡ
﴿٢٠﴾ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ رَّاضِيَةٖ ﴿٢١﴾ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٖ ﴿٢٢﴾ قُطُوفُهَا دَانِيَةٞ ﴿٢٣﴾ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا بِمَآ
أَسۡلَفۡتُمۡ فِي ٱلۡأَيَّامِ ٱلۡخَالِيَةِ ﴿٢٤﴾

*نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقەت بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ﴿19﴾. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ.ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ﴿22﴾.ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ﴿23﴾. (ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار،ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴿24﴾.*

[1] سۈرە نەبە 19 ـ ئايەت.

www.munber.org

## ناما ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغانلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى نامە ـ ئەماللىرى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆزلىرىگە ئۇچرىغان ھەر بىر ئادەمگە: ﴿**بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار**﴾ دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نامە ـ ئەمەلىنىڭ چوقۇم ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئېنىقكى، ئۇلار يامانلىقلىرىنى الله نىڭ ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىلگەن كىشىلەردۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم شېھىت بولغاندا پەرىشتىلەر يۇيغان كىشى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله قىيامەت كۈنى بەندىسىنى توختىتىپ ئۇنىڭ يامانلىقلىرىنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمەل دەپتىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا سەن بۇ ـ بۇ گۇناھلارنى قىلدىڭ دەيدۇ. بەندە: پەرۋەردىگارىم! شۇنداق مەن ئۇ گۇناھلارنى قىلدىم، دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: مەن سېنى رەسۋا قىلمايمەن، مەن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. بەندە قىيامەت كۈنى رەسۋا بولۇشتىن قۇتۇلغان چاغدا ﴿**بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقەت بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم، دەيدۇ**﴾

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلدۇكى، ئىبنى ئۆمەر پىچىرلىشىش ھەققىدە سورالغان چاغدا، مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ: « الله قىيامەت كۈنى بەندىگە يېقىنلىشىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ بەندە: ئەمدى ھالاك بولۇپ كەتتىم، دەپ ئويلىغان چاغدا، الله تائالا: مەن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا يوشۇرغان ئىدىم. بۈگۈن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار بىلەن مۇناپىق گۇۋاھچىلار ﴿بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر » دەيدۇ. راستلا الله نىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى الله زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)﴾[1] »

﴿**مەن ھېساباتىمغا مۇلاقەت بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم**﴾ يەنى دۇنيادىكى چېغىمدا بۇ كۈننىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله دىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە الله نىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ**﴾[2]

﴿**ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ مەمنۇنىيەتلىك تۇرمۇشتا، جەننەتنىڭ ئالىي قەسىرلىرىدە، چىرايلىق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر، تۈگەپ قالمايدىغان ھەر خىل نازۇ ـ نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە يۈز دەرىجە بار. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ ».

---

[1] سۈرە ھۇد 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 46 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ﴾ بەرا ئىبنى ئازىب بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ مېۋىلىرى كارىۋات ئۈستىدە ياتقان ئادەممۇ ئۈزۈپ ئالالايدىغان دەرىجىدە يېقىندۇر. بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

﴿(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴾ يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا زىيادە ياخشىلىق ۋە ئىنئام قىلغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار ئەمەللىرى بىلەنلا بۇ نېمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «توغرا ۋە دۇرۇس ئەمەللەرنى قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەرگىزمۇ ئۆز ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ كىرەلمەمسەن؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ كىرەلمەيمەن، پەقەت مەن اللە نىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەنلا كىرەلەيمەن» دەيدۇ.

* * * * * * *

وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِشِمَالِهِۦ فَيَقُولُ يَٰلَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَٰبِيَهْ ﴿٢٥﴾ وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيَهْ ﴿٢٦﴾
يَٰلَيْتَهَا كَانَتِ ٱلْقَاضِيَةَ ﴿٢٧﴾ مَآ أَغْنَىٰ عَنِّي مَالِيَهْ ۜ ﴿٢٨﴾ هَلَكَ عَنِّي سُلْطَٰنِيَهْ ﴿٢٩﴾ خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ
ٱلْجَحِيمَ صَلُّوهُ ﴿٣١﴾ ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَٱسْلُكُوهُ ﴿٣٢﴾ إِنَّهُۥ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ ٱلْعَظِيمِ
﴿٣٣﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿٣٤﴾ فَلَيْسَ لَهُ ٱلْيَوْمَ هَٰهُنَا حَمِيمٌ ﴿٣٥﴾ وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ
﴿٣٦﴾ لَّا يَأْكُلُهُۥٓ إِلَّا ٱلْخَٰطِـُٔونَ ﴿٣٧﴾

*نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، «ماڭا نامە ـ ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ﴿25﴾. ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! ﴿26﴾. دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! ﴿27﴾. مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى﴿28﴾. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى» ﴿29﴾. (اللە دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار﴿30﴾. ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار﴿31﴾. ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار» ﴿32﴾. (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللەغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى﴿33﴾. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى﴿34﴾. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر﴿35﴾. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر﴿36﴾. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ﴿37﴾.*

## نام ـ ئەماللىرى سول قولىغا بېرىلىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ يامان بولۇشى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە قىيامەت مەيدانىدا نام ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلسە، شۇ چاغدا ئۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

www.munber.org

﴿**نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، «ماڭا نامە ـ ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ!**﴾ زەھھاك بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ پۇشايمان قىلىپ دۇنيادىكى ئۆلۈمدىن كېيىن ھېچبىر ھاياتلىق بولمىسىچۇ؟! دەيدۇ. مۇھەممەد ئىبنى كەئىب، رەبىئ ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەيدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاخىرەتتە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ. دۇنيادىكى چېغىدا بولسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ يامان كۆرۈلىدىغان نەرسە يوق ئىدى.

﴿**مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى**﴾ يەنى مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ۋە يۈز ـ ئابرۇيۇم الله نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمىدى. ئەكسىچە، ئازابتىن قۇتۇلۇش يالغۇز ئۆزەمگىلا قالدى. ماڭا ھېچ ياردەم قىلغۇچى ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمىدى. شۇ چاغدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(الله دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار. ئاندىن ئۇنى دوزاختا تاشلاڭلار**﴾ يەنى الله تائالا زابانىيلارنى مەھشەرگاھ مەيداندىن بۇ گۇناھكارلارنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق سېلىپ ئاندىن جەھەننەمگە تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ.

﴿**ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار**﴾ كەئىب ئىبنى ئەخبار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ زەنجىرنىڭ ھەر بىر ھالقىسى دۇنيادىكى تۆمۈرنىڭ ئۆلچىمىدە بولىدۇ. ئەۋفى، ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى جۇرەيجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ زەنجىر ئۆلچىنىدىغان گەز پەرىشتىنىڭ گەز ئۆلچىمىدە بولىدۇ. ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ زەنجىر ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئۇ زەنجىرگە خۇددى چېكەتكىلەر كاۋاپ قىلىنغان چاغدا زىخقا ئۆتكۈزۈلگىنىگە ئوخشاش ئۆتكۈزىدۇ.

ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زەنجىر ئۇ گۇناھكارلارنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈلۈپ بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىدىن چىقىرىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭغا پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ ئۆرە تۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللا ئىبنى ئەمردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئاسماندىن باش سۆڭىكىگە ئوخشاش ئوق زېمىنغا ئېتىلسا، گەرچە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقى 500 يىللىق مۇساپە بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئوق زېمىنغا شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى يېتىپ چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوق گۇناھكارلارنىڭ باغلىنىدىغان زەنجىرنىڭ باش تەرىپىدىن ئېتىلسا، ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىگە يېتىپ چۈشۈشى ئۈچۈن 40 يىل كەتكەن بولاتتى» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**(ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللهغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايتتى**﴾ يەنى ئۇ ئۆز ئۈستىدىكى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايتتى. الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزمەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىشى، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدىن ئىبارەتتۇر. بەندىلەرنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۆز ئارا بىر بىرىگە خەير ـ ئېھسان قىلىش، تەقۋادار بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرنى نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا:

www.munber.org

«نامازنى ئادا قىلىڭلار، مال - مۈلكىڭلارنى زاكىتىنى بېرىڭلار» دېگەن ھالەتتە قەبزە روھ قىلىنغان ئىدى.

**﴿بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ﴾** يەنى بۈگۈن ئۇنى اللە تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان نە دوستى، نە شاپائەتچىسى بولمايدۇ. بۇ ئورۇندا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان تاماق پەقەت يىرىڭدىنلا ئىبارەتتۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بۇ تاماق دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ ناچار تامىقىدۇر. رەبىئ ۋە زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: بۇ تاماق جەھەننەمدە بولىدىغان بىر دەرەختىن چىقىدۇ.

شەبىب ئىبنى بەشىر ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ تاماق دوزاخ ئەھلىنىڭ گۆشلىرىدىن ئېقىپ چىققان قان - يىرىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئەلى ئىبنى تەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ تاماق دوزاخ ئەھلىدىن چىققان يىرىڭدۇر.

* * * * * * *

فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَا لَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ ﴿٤٠﴾ وَمَا هُوَ بِقَوۡلِ
شَاعِرٖۚ قَلِيلٗا مَّا تُؤۡمِنُونَ ﴿٤١﴾ وَلَا بِقَوۡلِ كَاهِنٖۚ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾ تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٣﴾

***مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن (يەنى بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىمەن)﴿38-39﴾. بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (اللە تەرىپىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر﴿40﴾. ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر﴿41﴾. ئۇ كاھىنىنىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر﴿42﴾. (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴿43﴾.***

## قۇرئاننىڭ اللە نىڭ سۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان، ئىنسانلار كۆرۈپ تۇرغان ئالامەتلەر بىلەن ۋە ئىنسانلار كۆرەلمەيدىغان يوشۇرۇن ئالامەتلەر بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ۋەھيىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى ۋە ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن (يەنى بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىمەن). مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن (يەنى بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىمەن). بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (اللە تەرىپىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر﴾** يەنى بۇ قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە تەرىپىدىن يەتكۈزگەن سۆزىدۇر، چۈنكى، ئۇ اللە نىڭ ئەلچىسىدۇر. ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزى ئەۋەتىلگەن ۋەزىپىنى يەتكۈزۈشتۇر. اللە تائالا پەرىشتىلەردىن بولغان ئەلچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئان ھەقىقەتەن (اللەنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ

www.munber.org

يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر﴾[1] يەنى بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. اللہ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى﴾[2] يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى اللہ ياراتقان شەكىلدە كۆردى.

﴿ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (غەيبنى) تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر﴾[3] يەنى تۆھمەتكە قالغۇچى ئەمەستۇر. ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر﴾[4] اللہ تائالا بۇ يەردىمۇ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر. ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر﴾** اللہ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە قۇرئاننى بىردە پەرىشتىدىن بولغان ئەلچىنىڭ سۆزى دىسە، يەنە بىردە ئىنساندىن بولغان ئەلچىنىڭ سۆزى دەپ كۆرسەتتى. چۈنكى ئۇ ئىككى ئەلچىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە ئامانەت قىلىپ تاپشۇرۇلغان اللہ نىڭ ۋەھىيسىنى ۋە اللہ نىڭ سۆزىنى اللہ نىڭ نامىدىن يەتكۈزگۈچىدۇر. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾**

* * * * * * *

وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ ﴿٤٦﴾
فَمَا مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ عَنۡهُ حَٰجِزِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِنَّهُۥ لَتَذۡكِرَةٞ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾ وَإِنَّا لَنَعۡلَمُ أَنَّ مِنكُم مُّكَذِّبِينَ
﴿٤٩﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَسۡرَةٌ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَقُّ ٱلۡيَقِينِ ﴿٥١﴾ فَسَبِّحۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٥٢﴾

*ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا﴿44﴾. ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق﴿45﴾. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق﴿46﴾. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴿47﴾. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿48﴾. بىز شەك ـ شۈبھىسىز بىلىمىزكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (قۇرئان ئايەتلىرى شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار بار﴿49﴾. قۇرئان كاپىرلارغا (ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىنى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چاغدا) ئەلۋەتتە ھەسرەت بولىدۇ﴿50﴾. قۇرئان، مۇقەررەركى شەكسىز ھەقىقەتتۇر﴿51﴾. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئېيتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن﴿52﴾.*

## ئەگەر پەيغەمبەر اللہ نىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا اللہ نىڭ ئۇنى ئەلۋەتتە ئازاپ بىلەن جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿ئەگەر ئۇ﴾ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك، بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقارسا، ئەلچىلىككە ئارتۇق نەرسە قېتىپ قويسا ياكى بىرەر نەرسىنى كېمەيتىپ

(1) سۈرە تەكۋىر 19 ــ 21 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە تەكۋىر 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.
(3) سۈرە تەكۋىر 24 ـ ئايەت.
(4) سۈرە تەكۋىر 25 ـ ئايەت.

www.munber.org

قويسا ۋە ياكى ئۆز ئىچىدىن بىرەر نەرسىنى چىقىرىپ ئاندىن ئۇنى بىزگە نىسبەت بەرسە، ئۇ دېگەن نەرسىسى ئەمەلىيەتتە بىز تەرەپتىن بولمىسا، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەلۋەتتە ئۇنى ئازابلايتتۇق.

﴿**ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن چوقۇم قاتتىق ئىنتىقام ئالاتتۇق.

﴿**ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: يەنى يۈرەككە تۇتىشىدىغان ئاساسى قىزىل قان تومۇردۇر. ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ھەكەم، قاتادە، زەھھاك، مۇسلىم بەتىن ۋە ئەبۇساخىر ھۇمەيد ئىبنى زەيياد قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى ئاساسى قىزىل تومۇر دېگەن سۆزدىن يۈرەك، ئۇنىڭ تومۇرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تومۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

﴿**سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى**﴾ يەنى ئەگەر بىز ئۇنى جازالاشتا مەزكۇر جازالارنى قوللانماقچى بولساق، سىلەردىن ھېچكىم بىزنى ئۇنداق قىلىشتىن توساپ قالالمايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام راستچىل، ياخشى ئىش قىلغۇچى ۋە توغرا يولدا ماڭغۇچىدۇر دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر، چۈنكى غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نامىدا ئەۋەتىلىشىنى بەلگىلىگەندۇر ۋە ئۇنى روشەن مۆجىزىلەر ۋە كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن كۈچلەندۈرگەندۇر.

﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)﴾[1].

﴿**بىز شەك ـ شۈبھىسىز بىلىمىزكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (قۇرئان ئايەتلىرى شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار بار. قۇرئان كاپىرلارغا (ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىنى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چاغدا) ئەلۋەتتە ھەسرەت بولىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارغا ئەلۋەتتە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، قۇرئاننى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماسلىق كاپىرلارغا ئەلۋەتتە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ دېگەنلىك بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى سالدۇق (ئۇلار قۇرئاننى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ پاساھەت ـ بالاغىتىنى ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلار (الله نىڭ) قاتتىق ئازابىنى كۆرمىگىچە قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ﴾[2] ﴿**ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى (يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە جەننەتكە كىرىش) ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىندى**﴾[3]

﴿**قۇرئان، مۇقەررەركى شەكسىز ھەقىقەتتۇر**﴾ يەنى قۇرئان شەكسىز راست خەۋەردۇر. مۇقەررەر ھەقىقەتتۇر.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇئەرا 200 ـ 201 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە سەبەئ 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئىپتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن﴾** يەنى بۇ ئۇلۇغ قۇرئاننى نازىل قىلغان اللّٰە نى مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

**شۇنىڭ بىلەن سۈرە ھاققەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. اللّٰە غا شۈكۈرلەر بولسۇن!**

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە مائارىج | 44 ئايەت |
| --- | --- | --- |

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

سَأَلَ سَآئِلُۢ بِعَذَابٍ وَاقِعٍ ﴿١﴾ لِّلْكَـٰفِرِينَ لَيْسَ لَهُۥ دَافِعٌ ﴿٢﴾ مِّنَ ٱللَّهِ ذِى ٱلْمَعَارِجِ ﴿٣﴾
تَعْرُجُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ إِلَيْهِ فِى يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُۥ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ ﴿٤﴾ فَٱصْبِرْ صَبْرًا جَمِيلاً ﴿٥﴾
إِنَّهُمْ يَرَوْنَهُۥ بَعِيدًا ﴿٦﴾ وَنَرَىٰهُ قَرِيبًا ﴿٧﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

*بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبن ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى[1]. ئۇ (ئازاب)نى ھېچ ئادەم قايتۇرالمايدۇ[2]. ئۇ (ئازاب) ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى اللە[3]. تەرىپىدىن بولغانىپەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) اللەغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ[4]. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن[5]. ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ[6]. بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز[7].*

## قىيامەت كۈنىنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىك توغرىسىدا

﴿بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبن ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار ( يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ)، اللە ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (اللە بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾[1].

﴿بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبن ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى﴾ ئەۋفىي، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ كاپىرلارنىڭ اللە نىڭ ئازابى ھەققىدە سورىغان سوئالىدۇر. بۇ ئازاب ئۇلارغا چوقۇم كېلىدۇ. ئىبنى ئەبۇنەجىھ، مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تىلىگۈچى ئاخىرەتتە بولىدىغان ئازابنىڭ دۇنيادا چۈشىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان كاپىرلار مۇنداق دۇئا قىلدى:

---

(1) سۈرە ھەج 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!﴾[1].

﴿**ئۇ (ئازاب) نى ھېچ ئادەم قايتۇرالمايدۇ**﴾ يەنى اﷲ ئۇ ئازابنى چۈشۈرۈشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، ئۇنى ھېچ توسۇپ قالغۇچى بولمايدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ (ئازاب) ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى اﷲ**﴾.

## "ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى" دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

﴿**ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئەلىي ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۈستۈنلۈك ۋە مال ـ مۈلۈك ئىگىسى دېگەنلىك بولىدۇ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) اﷲغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى**﴾ ئەبۇسالىھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى روھ دېگەن سۆز اﷲ تائالا نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ئىنسانلارغا ئوخشايدىغان، لېكىن ئىنسانلارنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس بىر خىل مەخلۇقاتنى كۆرسىتىدۇ. مەن: بۇ ئايەتتىكى روھ دېگەن سۆزدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. بۇ سۆز ئومۇمىي ئىسىم بولۇپ، ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ روھلىرىنى كۆرسىتىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر، دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ روھلىرى قەبزى روھ قىلىنغان چاغدا ئاسمانغا ئۆرلىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە بەرانىڭ ھەدىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈندىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**اﷲغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ**﴾ بۇ كۈندىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ كۈن قىيامەت كۈنىدۇر. سەۋرى، سەمماك ئىبنى ھەرپتىن ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كۈنى قىيامەت كۈنىدۇر. زەھھاك ۋە ئىبنى زەي قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېگەن. ئەلىي ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ اﷲ تائالا نىڭ ﴿**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كۈن قىيامەت كۈنىدۇر. اﷲ تائالا كاپىرلارغا ئۇ كۈننىڭ ئۇزۇنلۇقىنى **50** مىڭ يىلنىڭ ئۇزۇنلىقىدەك قىلىپ بېرىدۇ. بۇ مەزمۇندا نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنىدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمەر غۇداتىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئەبۇھۈرەيرىنىڭ يېنىدا ئىدۇق، يېنىمىزدىن بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىسىگە تەۋە بىر ئادەم ئۆتتى. ئۇ بەنى ئامىر قەبىلىسى ئىچىدە ئەڭ باي ئادەم دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇھۈرەيرە يېنىدىكى ئادەملەرگە: ئۇ ئادەمنى ياندۇرۇپ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. ئۇلار ئۇنى ياندۇرۇپ كەلدى. ئەبۇھۈرەيرە ئۇنىڭغا: ئاڭلىشىمچە سەن ھەقىقەتەن باي ئادەم ئىكەنسەن، دېدى. ئۇ ئادەم: شۇنداق، اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ يۈز قىزىل تۆگەم، يۈز قىزغۇچ ئاق تۆگەم بار، دېدى. ھەتتا ئۇ تۆگىلىرىنىڭ رەڭگىلىرىنى، قۇللىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ۋە سەر خىل ئاتلىرىنى ساناپ چىقتى. ئەبۇھۈرەيرە ئۇنىڭغا: تۆگىلەرنىڭ ۋە قويلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ساقلانغىن دېدى. ئەبۇھۈرەيرە بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. ھەتتا ئۇئادەمنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ: ئى ئەبۇھۈرەيرە! بۇ نېمىدېگىنىڭ؟ دېدى.

---

[1] سۈرە ئەنفال 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمنىڭ تۆگىلىرى بولسا، ئۇ قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن ياكى كەڭرىچىلىك ئەھۋالدا بولسۇن تۆگىلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ تۆگىلەر ئەڭ گۆشلۈك ئەڭ سېمىز، ئەڭ شاش يۈگۈرەك تۆگىلەر بولۇپ كېلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم كەڭرى تۈزلەڭلىكتە تۆگىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. تۆگىلەر ئۇنى تۇياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ. تۆگىلەرنىڭ ئاخىرى ئۇنى دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، باشتىكى تۆگىلەر ئۇنى قايتا دەسسەشكە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

كىمنىڭ كالىلىرى بولسا، ئۇ قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن ياكى كەڭرىچىلىك ئەھۋالدا بولسۇن، كالىلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كالىلار ئەڭ گۆشلۈك، ئەڭ سېمىز، ئەڭ شاش، يۈگرەك كالىلار بولۇپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم كەڭرى تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كېلىنىپ كالىلارنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. كالىلار ئۇنى تۇياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، مۆڭگۈزلۈك كالىلار ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسىدۇ. بۇ كالىلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى تۈپ - تۈز، ئۈچلۈق ۋە سۇنماستۇر. كالىلارنىڭ ئاخىرى ئۇنى دەسسەپ ۋە ئۈسسۈپ ئۆتۈپ بولسا، باشتىكى كالىلار ئۇنى قايتا دەسسەش ۋە ئۈسسۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

كىمنىڭ قويلىرى بولسا، ئۇ قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن ياكى كەڭرىچىلىك ئەھۋالدا بولسۇن قويلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ قويلار ئەڭ گۆشلۈك، ئەڭ سېمىز، ئەڭ شاش يۈگرەك قويلار بولۇپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم كەڭرى تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كېلىنىپ قويلارنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. قويلار ئۇنى تۇياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ. مۈڭگۈزلۈك قويلار ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسىدۇ. بۇ قويلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى تۈپ - تۈز، ئۈچلۈق ۋە سۇنماستۇر. قويلارنىڭ ئاخىرى ئۇنى دەسسەپ ۋە ئۈسسۈپ ئۆتۈپ بولسا، باشتىكى قويلار ئۇنى قايتا دەسسەش ۋە ئۈسسۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ» دېدى.

ئۇ ئادەم: ئى ئەبۇھۇرەيرە! تۆگىلەرنىڭ ھەققى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دېدى. ئەبۇھۇرەيرە: بىرسىگە تۆگە ئارىيەت بەرسەڭ، ياخشىسىنى ۋە سۈتلۈك تۆگىنى بېرىشىڭ لازىم. مىنىۋىلىشى ئۈچۈن تۆگە سوراپ كەلسە، ئۇنى بېرىپ تۇرۇشۇڭ، چىشى تۆگىسى ئۈچۈن ئەركەك تۆگە سوراپ كەلسە، ئۇنى بېرىپ تۇرۇشۇڭ ۋە موھتاجلارنى تۆگىنىڭ سۈتى بىلەن تەمىنلىشىڭ لازىم دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد: ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولغان كىشى، ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر ياپىلاق ۋە بىسلىق قىلىپ سوقۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ جەھەننەم ئوتىدا قىزدۇرۇلۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ پېشانىسى، بىقىنى ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ، ھەتتا الله بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ ئادەم جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر،

www.munber.org

سىلەرنىڭ ھېسابىڭلار بويىچە ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايانات قىلىنغىنىدەك، قوي ۋە تۆگىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ ھەدىستە يەنە ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئات بېقىشتىن ئۈچ خىل ئىش كېلىپ چىقىدۇ. بىر ئادەمگە ئەجىر كېلىدۇ. يەنە بىر ئادەمنىڭ ھاجىتىنى قامدايدۇ ۋە يەنە بىر ئادەمگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ...» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىسنى بۇ يەردە بايان قىلىشتىن مەقسەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەتتا اللە بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ... ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە» دېگەن سۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا

﴿**ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ اللە نىڭ ئازابىنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى يىراق ساناپ، ئۇ ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىشىنى ئالدىراتقانلىقىغا سەۋر قىلغىن. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ﴾[1].

﴿**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن**﴾ يەنى كاپىرلار بۇ ئازابنىڭ يۈز بېرىشىنى ۋە قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى يىراق سانايدۇ. ﴿**بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز**﴾ يەنى مۆمىنلەر ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى يېقىن دەپ قارايدۇ. گەرچە قىيامەتكە مۇئەييەن ۋاقىت بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكى ۋە چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

* * * * * * *

يَوۡمَ تَكُونُ ٱلسَّمَآءُ كَٱلۡمُهۡلِ ﴿٨﴾ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ﴿٩﴾ وَلَا يَسۡـَٔلُ حَمِيمٌ حَمِيمًا ﴿١٠﴾
يُبَصَّرُونَهُمۡۚ يَوَدُّ ٱلۡمُجۡرِمُ لَوۡ يَفۡتَدِي مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِئِذِۭ بِبَنِيهِ ﴿١١﴾ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَأَخِيهِ ﴿١٢﴾ وَفَصِيلَتِهِ
ٱلَّتِي تُـٔۡوِيهِ ﴿١٣﴾ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا ثُمَّ يُنجِيهِ ﴿١٤﴾ كَلَّآۖ إِنَّهَا لَظَىٰ ﴿١٥﴾ نَزَّاعَةٗ لِّلشَّوَىٰ ﴿١٦﴾ تَدۡعُواْ
مَنۡ أَدۡبَرَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٧﴾ وَجَمَعَ فَأَوۡعَىٰٓ ﴿١٨﴾

***ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ﴿8﴾. تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ﴿9﴾. (ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴿10 ـ 14﴾. ياق، ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر﴿15﴾. (يەنى بۇ گۇناھكار كاپىر مۇنداق***

[1] سۈرە شۇرا 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

*ئارزۇدىن يانسۇن، پىدا قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ﴿16﴾. ئۇ (ھەقتىن) يۈز ئۆرۈپ بۇرالغان ۋە پۇل - مال يىغىپ ساقلىغان (ئۇنىڭدىن اللهنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان)لارنى چاقىرىدۇ﴿17 - 18﴾.*

## قىيامەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئازاب كاپىرلارغا چوقۇم كېلىدۇ. ﴿**ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، سۇددى ۋە بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن ياغنىڭ دورىسىدەك بولۇپ قالىدۇ.

﴿**تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴾[1] ﴿**(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ**﴾ يەنى ھەر ئادەم ئۆزى بىلەنلا بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىنى ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭدىن ھال سورىمايدۇ. ئەۋفىي، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بىر - بىرىنى تونۇيدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن بىر - بىرىدىن قاچىدۇ. خۇددى الله تائالا مۇنداق دېگەندەك: ﴿ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾[2].

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، اللهنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر﴾[3] ﴿گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ﴾[4] ﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾[5] ﴿ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾[6].

﴿**گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم - قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياق**﴾ يەنى بۇ كۈندە فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنى كۆرگەن چاغدا فىدىيە بېرىپ اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن زېمىن ئەھلىنى، ئۆزى ئېرىشكەن مال - مۈلۈكنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى ۋە زېمىن توشقىچە ئالتۇننى ياكى دۇنيادىكى چاغدا ئۆزىنىڭ يۈرەك

---

(1) سۈرە قارىئە 5 - ئايەت.
(2) سۈرە ئەبەسە 37 - ئايەت.
(3) سۈرە لۇقمان 33 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە فاتىر 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە مۆئمىنۇن 101 - ئايەت.
(6) سۈرە ئەبەسە 34 —— 37 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

پارىسى بولغان بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ فىدىيە بېرىشىنى ئارزۇ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن بۇ فىدىيە هەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

﴿**ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم - قېرىنداشلىرىنى**﴾ بۇ ئايەتنى مۇجاهىد ۋە سۇددى: ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

الله تائالا دوزاخنى ۋە ئۇنىڭ قاتتىق قىزىقلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ياق، ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر. (يەنى بۇ گۇناهكار كاپىر مۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، پىدا قىلىنغان هېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ هارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ**﴾ هەسەنبەسرى ۋە سابىت بۇنانى بۇ ئايەت هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ هارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يۈزنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ هارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يۈزنىڭ ۋە بەدەنلىرىنىڭ تېرىلىرىنى ۋە پۇت - قولنىڭ بارماقلىرىنى شىلىپ تاشلايدۇ.

زەههاك مۇنداق دەيدۇ: ئۇ هارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن سۆڭەكتىن گۆشنى ۋە تېرىنى شىلىپ تاشلاپ، سۆڭەكتە هېچ نەرسە قويمايدۇ. ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ هارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن سۆڭەكلەرنى شىلىپ تاشلايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ خۇلاسە مەنىسى: دوزاخ ئوتى كاپىرلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى شىلىپ تۈگىتىدۇ. ئاندىن ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىپ تېرىلىرى يېڭىدىن ئالماشتۇرۇلىدۇ.

﴿**ئۇ (هەقتىن) يۈز ئۆرۈپ بۇرالغان ۋە پۇل - مال يىغىپ ساقلىغان (ئۇنىڭدىن اللهنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ هەققىنى ئادا قىلمىغان)لارنى چاقىرىدۇ**﴾ يەنى الله دوزاخقا ياراتقان، دۇنيادىكى چاغلىرىدا دوزاخنىڭ ئەمىلىنى قىلىشقا پۈتۈۋەتكەن ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنى دوزاخ راۋان تىل بىلەن ئۆزىگە چاقىرىدۇ. ئاندىن دوزاخ ئۇلارنى مەهشەرگاھ مەيدانىدىن خۇددى قۇش دان تەرگەندەك تېرىيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خۇددى غالىب ۋە بۈيۈك الله ئېيتقاندەك، ئۇلار بۇ كۈننىڭ كېلىشىنى چىن دىللىرى بىلەن ئىنكار قىلغان، بۇ كۈن ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى تاشلىغان، ئاچكۆزلۈك بىلەن پۇل - مال يىغىپ ئۇنى پىششىق ساقلىغان، بۇ پۇل - مالدىن ياخشىلىق يوللىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىق ئۈستىلىرىگە ۋاجىب بولغان الله نىڭ هەققىنى بېرىشتىن باش تارتقان ئادەملەردۇر. ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پۇل - مال ئىشلىتىشتە بېخىللىق قىلمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ الله ساڭا بېخىللىق قىلىدۇ».

* * * * * * *

۞ إِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ خُلِقَ هَلُوعًا (١٩) إِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ جَزُوعًا (٢٠) وَإِذَا مَسَّهُ ٱلْخَيْرُ مَنُوعًا (٢١) إِلَّا
ٱلْمُصَلِّينَ (٢٢) ٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ دَآئِمُونَ (٢٣) وَٱلَّذِينَ فِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ (٢٤) لِّلسَّآئِلِ
وَٱلْمَحْرُومِ (٢٥) وَٱلَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ (٢٦) وَٱلَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ (٢٧) إِنَّ
عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ (٢٨) وَٱلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَـٰفِظُونَ (٢٩) إِلَّا عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ
أَيْمَـٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ (٣٠) فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْعَادُونَ (٣١) وَٱلَّذِينَ هُمْ

www.munber.org

لأَمَنَٰتِهِمۡ وَعَهۡدِهِمۡ رَٰعُونَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِينَ هُم بِشَهَٰدَٰتِهِمۡ قَآئِمُونَ ﴿٣٣﴾ وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَلَىٰ صَلَاتِهِمۡ
يُحَافِظُونَ ﴿٣٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ فِي جَنَّٰتٖ مُّكۡرَمُونَ ﴿٣٥﴾

***ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى[19]. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر[20]. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر[21]. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر[22 - 23]. ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ[24 - 25]. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر[26]. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر[27]. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (اللە ئەمىن قىلغانلىرىدىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر[28]. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر[29]. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ[30]. (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر[31]. ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر[32]. ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر[33]. ئۇلار نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر[34]. ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەت قىلىنغۇچىلاردۇر[35].***

## ئىنساننىڭ چىدامسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا ئىنساندىن ۋە ئۇنىڭ ناچار ئەخلاقلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭغا بىرەر زىيان يەتسە، ئۇ بۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىدۇ ۋە قورقۇشقا باشلايدۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن يۈرىكى چىقىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ياخشىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ.

﴿**بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇ اللە تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەتكە ئېرىشسە، ئۇنىڭدىن باشقىلارغا بېرىشكە بېخىللىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى اللە ھەققىنى ئادا قىلمايدۇ. ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنساندىكى ئەڭ ناچار ئەخلاق بېخىللىق قىلىش ۋە چىدامسىزلىق قىلىش، يۈرىكى چىقىپ كەتكىدەك دەرىجىدە قورقۇپ كېتىش قاتارلىقلاردۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

## يۇقىرىدىكى سۈپەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ قاتارىغا ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرمەيدىغانلىقى، بۇلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە نامازلىرى توغرىسىدا

﴿**پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئىنسان يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەندۇر. پەقەت اللە ساقلىغان، ياخشىلىق يوللىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغان، ياخشىلىققا باشلىغان ۋە ياخشىلىق يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلار ناماز ئوقۇغۇچىلاردۇر. ئىبنى مەسئۇد، مەسرۇق ۋە ئىبراھىم نەخەئى

www.munber.org

قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار نامازنىڭ ۋاقىتلىرىغا ۋە پەرز - ۋاجىپلىرىغا رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى ”ھەمىشە“ دېگەن سۆزدىن ھەمىشە الله دىن ئەيمىنىپ، سۈكۈت ئىچىدە ناماز ئوقۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۇر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر**﴾[1] بۇ ئايەت نامازدا سۈكۈت ۋە ئەيمەنگەن ھالەتتە تۇرۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاندا سۈكۈت ۋە ئەيمەنگەن ھالەتتە تۇرمىغان كىشى نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچى بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ نامازدا سۈكۈت ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە تۇرمىسا، نامازنى ھۇزۇر ئىچىدە ئوقۇيالمايدۇ. بەلكى ئۇ نامازنى قاغا دان چوقۇغاندەك تېز ئوقۇيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ نامىزى ئۇنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: ”ھەمىشە“ دېگەن سۆزدىن بىرەر ئەمەلنى قىلسا، ئۇنى داۋاملىق قىلىدىغان ۋە بۇ ئەمەلنى قىلىشتا بوشىشىپ قالمايدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەمەل، ئاز بولسىمۇ ھەمىشە داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدۇر».

﴿**ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىدا موھتاجلارغا بېرىشكە تېگىشلىك بەلگىلەنگەن نېسىۋە بار. ﴿**ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار قىيامەتكە، ھېساب كۈنىگە، مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ساۋاب ئۈمىد قىلىدىغان، ئازاپتىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر**﴾ يەنى قورقۇپ تىترەپ تۇرغۇچىلاردۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (الله ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۇچۇن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر**﴾ يەنى الله نىڭ بۇ ئازابىدىن ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەملەردىن باشقا ھېچكىم ئەمىن بولالمايدۇ. پەقەت الله تائالا نىڭ ئەمىن قىلىشى بىلەنلا ئەمىن بولالايدۇ.

﴿**ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى الله رۇخسەت قىلغان يەردىن باشقا يەرگە ئىشلەتمەيدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۇزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ. (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە مۆئمىنۇندا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىزدۇر.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلمايدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. مانا بۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى بۇنىڭ دەل ئەكسىچىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزلىسە، يالغان سۆزلەيدۇ. ۋەدە قىلسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 1 ـــ 2 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

قىلىدۇ» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر سۆزلىسە، يالغان سۆزلەيدۇ. ئەھدە تۈزۈشسە، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىدۇ. جېدەللىشىپ قالسا، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ».

﴿ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر﴾ يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىشكە رىئايە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى قوشمايدۇ ۋە كەملىتىپ قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى يوشۇرمايدۇ. ﴿كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ﴾[1].

﴿ئۇلار نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار نامازنىڭ ۋاقىتلىرىغا، تەئدىل ـ ئەركانلىرىغا، پەرزلىرىگە ۋە سۈننەتلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. بۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى سۆز نامازنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىنىپ نامازنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ نامازغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكنى ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. اللە تائالا سۈرە مۆئمىنۇندىمۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى نامازنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلاپ، ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ. بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق﴾[2] اللە تائالا بۇ يەردىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەت قىلىنغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار لەززەت ۋە خۇرسەنلىك بېغىشلايدىغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر بىلەن ھۆرمەتلىنىدۇ.

* * * * * * *

فَمَالِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قِبَلَكَ مُهۡطِعِينَ ﴿٣٦﴾ عَنِ ٱلۡيَمِينِ وَعَنِ ٱلشِّمَالِ عِزِينَ ﴿٣٧﴾ أَيَطۡمَعُ
كُلُّ ٱمۡرِيٕ مِّنۡهُمۡ أَن يُدۡخَلَ جَنَّةَ نَعِيمٍ ﴿٣٨﴾ كَلَّآۖ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّمَّا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٩﴾ فَلَآ أُقۡسِمُ
بِرَبِّ ٱلۡمَشَٰرِقِ وَٱلۡمَغَٰرِبِ إِنَّا لَقَٰدِرُونَ ﴿٤٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ خَيۡرًا مِّنۡهُمۡ وَمَا نَحۡنُ بِمَسۡبُوقِينَ ﴿٤١﴾ فَذَرۡهُمۡ
يَخُوضُواْ وَيَلۡعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ﴿٤٢﴾ يَوۡمَ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ سِرَاعًا كَأَنَّهُمۡ
إِلَىٰ نُصُبٍ يُوفِضُونَ ﴿٤٣﴾ خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۚ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ ٱلَّذِي كَانُواْ يُوعَدُونَ ﴿٤٤﴾

*(ئى مۇھەممەد) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ ـ سول تەرىپىڭدە توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ﴿37-36﴾. ئۇلاردىن ھەر بىر ئادەم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلامدۇ؟﴿38﴾. ياق (يەنى ئۇلار جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ). شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەردىن ياراتتۇق﴿39﴾. مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى ئۇلاردىن ياخشىراق ئادەملەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ئورنىغا ئۇلاردىن ئارتۇق ۋە اللەغا ئىتائەتچان بىر قەۋمنى كەلتۈرۈشكە) بىز ئەلۋەتتە قادىرمىز، بىز (بۇنىڭدىن) ئاجىز ئەمەسمىز﴿41- 40﴾. (ئى مۇھەممەد) ئۇلارنى قويۇۋەتكىن، تاكى ئۇلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (باتىلغا) چۆمسۇن، (دۇنياسىدا) ئوينىسۇن﴿42﴾. ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا)*

---

[1] سۈرە بەقەرە 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 11 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

**يۈگۈرىدۇ﴿43﴾. ئۇلار (اللەدىن ئۈمىلىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر﴿44﴾.**

## كاپىرلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كاپىرلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنى الله نىڭ روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەنلىكىنى، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. پىرقە - پىرقە ۋە گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە قاراپ كېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدۇ. گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەردەك قاچىدۇ)﴾[1].

**﴿(ئى مۇھەممەد) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ - سول تەرىپىڭدە توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! يېنىڭدىكى ئەنە شۇ كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن؟ ئۇلار سەن تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ. ئاندىن سەندىن يۈز ئۆرۈپ، ئىختىلاپلاشقان ۋە بۆلۈنگەن ھالدا تەرەپ - تەرەپكە قاچىدۇ. ئەۋفي، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى مۇھەممەد! بۇ كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن؟ ئۇلار توپ - توپ بولۇپ سېنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىڭدە، سەندىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە مەسخىرە قىلغان ھالدا قاراپ تۇرۇشىدۇ.

ئىبنى جەرىر، جابىر ئىبنى سەمۇرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئۇلار ھەلقە بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇلاردىن ھەر بىر ئادەم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلامدۇ؟﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ھالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قېچىش ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈش تۇرسا، ئۇلار تېخى نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىشنى تەمە قىلامدۇ؟ **﴿ياق (يەنى ئۇلار جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ)﴾** بەلكى ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ.

الله تائالا ئۇلار ئىنكار قىلغان ۋە ۋۇجۇتقا چىقىشىنى يىراق سانىغان قىيامەت ۋە ئازابنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ، بۇنىڭغا ئۇلار ئېتىراپ قىلىشۋاتقان دەسلەپتە يوق يەردىن يارىتىشنىڭ قايتا يارىتىشقا قارىغاندا تەس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت نەرسە بىلەن دەلىل كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەردىن﴾** يەنى ئەرزىمەس مەنىيدىن **﴿ياراتتۇق﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىدىن ياراتمىدۇقمۇ؟﴾[2] ﴿ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى. ئۇ مەنى ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، اللە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى

[1] سۈرە مۇددەسسىر 49 — 51 - ئايەتكىچە.
[2] _ سۈرە مۇرسەلات 20 - ئايەت

www.munber.org

تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر. سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە). ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر﴾[1].

﴿**مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى**﴾ يەنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، شەرق بىلەن غەربنى ئورۇنلاشتۇرغان، يۇلتۇزلارنى شەرقلەردىن چىقىپ غەربلەرگە پېتىشقا بويسۇندۇرغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئىش سىلەرنىڭ قىيامەت يوق، ھېساب يوق ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق دەپ ئويلىغىنىڭلاردەك ئەمەس، بەلكى قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىشتەك بۇزۇق ئېتىقادىغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ قىيامەتنى بەرپا قىلىشتىنمۇ چوڭ نەرسىلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كاتتا دەلىللەرنى كۆردى. الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى. ئۇلاردىكى بارلىق جانلىقلارنى، جانسىز نەرسىلەرنى ۋە باشقا خىلمۇخىل مەۋجۇداتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخلۇقلاتلارنى بويسۇندۇردى. مانا بۇلار الله نىڭ قىيامەتنى بەرپا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2].

﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[3] ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، الله ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[4] الله تائالا بۇ يەردىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى ئۇلاردىن ياخشىراق ئادەملەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ئورنىغا ئۇلاردىن ئارتۇق ۋە اللهغا ئىتائەتچان بىر قەۋمنى كەلتۈرۈشكە) بىز ئەلۋەتتە قادىرمىز، بىز (بۇنىڭدىن) ئاجىز ئەمەسمىز**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى بىز ئۇلارنىڭ تەنلىرىنى بۇنىڭدىن ياخشىراق تەنلەرگە ئالماشتۇرىمىز.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز شۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز ئاجىز ئەمەسمىز. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾[5] ﴿بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق)، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز﴾[6].

﴿**ئۇلارنى ئۇلاردىن ياخشىراق ئادەملەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئىبنى جەرىر: يەنى بىزگە ئىتائەت قىلىدىغان ۋە بىزگە ئاسىيلىق قىلمايدىغان ئادەملەرگە ئالماشتۇرۇشقا بىز ئەلۋەتتە قادىرمىز، دەپ تەپسىر قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ تائىتىدىن)

---

(1) ـ سۈرە قارىق 5 ــ 10 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە غافىر 57 ـ ئايەت.
(3) سۈرە ئەھقاف 33 ـ ئايەت,
(4) سۈرە ياسىن 81 ـ 82 ـ ئايەتلەر.
(5) سۈرە قىيامەت 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.
(6) سۈرە ۋاقىئە 60 ــ 61 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[1] يۇقىرىدىكى قاراش ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ قارىشىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، باشقا ئايەتلەرمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنى قويۇۋەتكىن﴾ يەنى ئۇلارنى ھەقنى ئىنكار قىلىشقا، كۇپۇرلۇق قىلىش ۋە ھەققە قارشى تۇرۇش قاتارلىقلاردا ئۆز ھالىغا قويۇۋەتكىن. **﴿تاكى ئۇلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (باتىلغا) چۆمسۇن، (دۇنياسىدا) ئوينىسۇن﴾** ئۇلار كەلگۈسىدە بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

**﴿ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ﴾** يەنى بۇيۇك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگار ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا چاقىرغان چاغدا، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرۇپ **﴿خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك﴾** ھېساب مەيدانىغا يۈگۈرىدۇ.

**﴿ئۇلار (اللەدىن ئۈمىلسىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ﴾** يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا الله غا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇ كۈندە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ خارلىق ئىچىدە تۇرۇشىدۇ. **﴿ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر﴾.**

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مائارىجنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله غا خاستۇر.

www.munber.org

[1] سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە نۇھ — 28 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

إِنَّآ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦٓ أَنْ أَنذِرْ قَوْمَكَ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِيَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١﴾ قَالَ يَٰقَوْمِ
إِنِّى لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٢﴾ أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُ وَأَطِيعُونِ ﴿٣﴾ يَغْفِرْ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرْكُمْ إِلَىٰٓ
أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ إِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ إِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُ ۖ لَوْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ ئەۋەتتۇق***[1]. ***نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن***[2]. ***اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار***[3]. **ئۇ بەزى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، اللەنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل كېچىكتۈرۈلمەيدۇ**[4].

### نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى دەۋەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنى ئۇلارغا اللە نىڭ ئازابى چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىپ ۋە اللە تەرەپكە قايتسا، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرىۋېتىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ ئەۋەتتۇق. نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار**﴾ يەنى اللە چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماڭلار، گۇناھلاردىن يېنىڭلار، اللە بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلىڭلار، توسقان ئىشلاردىن يېنىڭلار. ﴿**ئۇ بەزى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ**﴾ يەنى سىلەر مەن بۇيرىغاننى قىلساڭلار، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى تەستىق قىلساڭلار، اللە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

www.munber.org

﴿سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)﴾ يەنى ئەگەر سىلەر اللّٰه سىلەرنى توسقان ئىشلاردىن يانمىساڭلار، اللّٰه سىلەرگە ئازاب چۈشۈرىدۇ. سىلەرنىڭ پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانلىقىڭلار ۋە ئۇنى تەستىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن اللّٰه بۇ ئازابنى سىلەردىن كۆتۈرىۋېتىدۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، اللّٰه غا ئىتائەت قىلىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش ھەقىقەتەن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، دېگۈچىلەر بۇ ئايەتنى ئۆز قاراشلىرىغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلە - رەھىم قىلىش ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ».

﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، اللّٰهنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾ يەنى ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئەمەل - ئىبادەت قىلىشقا ئالدىراڭلار. ئەگەر اللّٰه تائالا ئۇ ئازابنىڭ چۈشۈشىنى خالىسا، ئۇنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ ۋە توسالمايدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا بۈيۈكتۇر، ھەر نەرسىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، غالىپتۇر، پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ غالىبىيىتىگە بويسۇنغۇچىدۇر.

* * * * * * *

قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوْتُ قَوْمِي لَيْلًا وَنَهَارًا ﴿٥﴾ فَلَمْ يَزِدْهُمْ دُعَآءِيٓ إِلَّا فِرَارًا ﴿٦﴾ وَإِنِّي كُلَّمَا
دَعَوْتُهُمْ لِتَغْفِرَ لَهُمْ جَعَلُوٓاْ أَصَٰبِعَهُمْ فِيٓ ءَاذَانِهِمْ وَٱسْتَغْشَوْاْ ثِيَابَهُمْ وَأَصَرُّواْ وَٱسْتَكْبَرُواْ ٱسْتِكْبَارًا ﴿٧﴾
ثُمَّ إِنِّي دَعَوْتُهُمْ جِهَارًا ﴿٨﴾ ثُمَّ إِنِّيٓ أَعْلَنتُ لَهُمْ وَأَسْرَرْتُ لَهُمْ إِسْرَارًا ﴿٩﴾ فَقُلْتُ ٱسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ إِنَّهُۥ
كَانَ غَفَّارًا ﴿١٠﴾ يُرْسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا ﴿١١﴾ وَيُمْدِدْكُم بِأَمْوَٰلٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّٰتٍ
وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَٰرًا ﴿١٢﴾ مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا ﴿١٣﴾ وَقَدْ خَلَقَكُمْ أَطْوَارًا ﴿١٤﴾ أَلَمْ تَرَوْاْ كَيْفَ خَلَقَ
ٱللَّهُ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾ وَجَعَلَ ٱلْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ ٱلشَّمْسَ سِرَاجًا ﴿١٦﴾ وَٱللَّهُ أَنۢبَتَكُم مِّنَ
ٱلْأَرْضِ نَبَاتًا ﴿١٧﴾ ثُمَّ يُعِيدُكُمْ فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا ﴿١٨﴾ وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ بِسَاطًا ﴿١٩﴾
لِّتَسْلُكُواْ مِنْهَا سُبُلًا فِجَاجًا ﴿٢٠﴾

*نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە - كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم[5]. مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى[6]. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى[7]. ئاندىن مەن ئۇلارنى تولاپ دەۋەت قىلدىم[8]. ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم[9]. (ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[10]. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ[11]. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ[12]. نېمە ئۈچۈن سىلەر اللّٰهنىڭ بۈيۈكلىكىدىن*

www.munber.org

*قورقمايسىلەر؟ ﴿13﴾. ھالبۇكى اللە سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى﴿14﴾. سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، اللە قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى﴿15﴾. ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراق قىلدى﴿16﴾. اللە سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى)﴿17﴾. ئاندىن اللە سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ﴿18﴾. زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى»﴿19 ـ 20﴾*

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەر ھەققىدە ﷲ غا شىكايەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام **50** يىل كەم مىڭ يىلدىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە قەۋمىگە ھەقنى بايان قىلغانلىقى، ئۇنى ئۇلارغا ئوچۇق چۈشەندۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى توغرا، تۈز يولغا دەۋەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ بولسا ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغانلىقى ھەققىدە غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە ـ كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم**﴾ يەنى سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنغان ۋە ساڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلغان ھالدا ئۇلارنى ئىمانغا كېچە ـ كۈندۈز دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇم.

﴿**مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى**﴾ يەنى ھەر ۋاقىت ھەققە يېقىنلاشسۇن دەپ دەۋەت قىلسام، ئۇلار ئەكسىچە ھەقتىن قاچتى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى.

﴿**مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى**﴾ يەنى مەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسىنى ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى. ﷲ تائالا قۇرەيش كاپىرلىرىدىن خەۋەر بېرىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ**﴾[1]

﴿**كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى**﴾ ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ناتونۇش قىياپەتكە كىرىۋالدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن باشلىرىنى ئورىۋالدى.

﴿**(كۇفرىدا) چىڭ تۇردى**﴾ يەنى ئۇلار شېرىك ۋە كۇفرىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇردى. ﴿**چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى**﴾ يەنى ئۇلار ھەققە ئەگىشىشتىن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 26 ـ ئايەت.

www.munber.org

**﴿ئاندىن مەن ئۇلارنى تولۇق دەۋەت قىلدىم﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى ئاۋازدا دەۋەت ئېلىپ باردىم. **﴿ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم﴾** يەنى ئاۋازىمنىڭ بېرىچە ئوچۇق قىلىپ سۆزلىدىم. **﴿ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم﴾** يەنى نۇھ ئەلەيهىسسالام دەۋىتىنىڭ ئۇلارغا ئەڭ پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا دەۋەت قىلىشتا تۈرلۈك ئۇسلۇبلارنى قوللاندى.

## نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارىتا ئېيتقان سۆزلىرى توغرىسىدا

**﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى اللّٰه تەرەپكە قايتىڭلار، قىلمىشىڭلاردىن يېنىڭلار، پات پۇرسەتتە اللّٰه غا تەۋبە قىلىڭلار، شەك ـ شۈبهىسىزكى، اللّٰه تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى ئىلگىرى ئۇنىڭ كۇپرى ۋە شېرىكتىن ئىبارەت گۇناھلىرى مەيلى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ.

**﴿ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾** بۇ ئايەتنى ئۇنىڭدا مۇشۇ سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىدا ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەينى زاماندا سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، پەقەت اللّٰه دىن مەغپىرەت تىلىگەن ۋە مەغپىرەت ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغان، ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە **﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾** دېگەن ئايەتلەرنىمۇ قوشۇپ ئوقۇغان.

**﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ﴾** يەنە ئەگەر سىلەر اللّٰه غا تەۋبە قىلساڭلار، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى كۆپ قىلىپ بېرىدۇ. ئاسماندىن بەرىكەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرىنى، زىرائەتلىرىنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. مال ـ چارۋىلارنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ھەر تۈرلۈك مېۋىلىك باغلارنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. باغلارنىڭ ئارىسىدا ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلارنى قىلىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىسى نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋەت ئېلىپ بېرىشتا قوللانغان رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. شۇندىن كېيىن ئۇ دەۋەت قىلىشتا سۆزنى قورقۇتۇش ئۇسۇلىغا يۆتكەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿نېمە ئۈچۈن سىلەر اللەنىڭ بۈيۈكلىكىدىن قورقمايسىلەر؟﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: نېمە ئۈچۈن سىلەر اللّٰه نىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىدىن قورقۇپ، اللّٰه نىڭ بۈيۈكلىكىنى ھەقىقى رەۋىشتە ئۇلۇغلىمايسىلەر؟ دېگەنلىكتۇر.

**﴿ھالبۇكى الله سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى﴾** ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، قەتادە، يەھيا ئىبنى رافىنى، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى اللّٰه ئىنسانلارنى مەنىدىن، ئاندىن ئۇيۇل قاندىن، ئاندىن بىر پارچە گۆشتىن ئىبارەت باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى.

**﴿سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، الله قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى﴾** يەنى بۇ پەقەت ئاڭلىغانغىلا بىلگىلى بولىدىغان ئىشمۇ؟ ياكى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سەير قىلىشى، كۈن ۋە ئايلارنىڭ تۇتۇلۇشى قاتارلىق ھېسسىي جەھەتتە بىلگىلى بولىدىغان ئىشلارمۇ؟

www.munber.org

اللە تائالا ﴿يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى. ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراق قىلدى﴾ يەنى ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرىنى پەرقلىق قىلىپ ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ئاتا قىلدى. كۈننىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىشى ئارقىلىق كېچە بىلەن كۈندۈز بىلدۈرۈلدى. ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ نۇرىنى ئۆزىگە خاس پەرقلىق قىلدى. شۇڭا ئاينىڭ نۇرى كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىپ ئاخىرىدا تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ، ئاندىن كىچىكلەشكە باشلاپ ئاخىرىدا كۆرۈنمەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئايلار ۋە يىللارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ اللە قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى. اللە ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، اللە ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) بىلىدىغان (ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان) قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ﴾[1]

﴿اللە سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى). ئاندىن اللە سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ﴾ يەنى اللە تائالا سىلەرنى دەسلەپتە يوقلۇقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش قىيامەت كۈنى سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ.

﴿زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى﴾ يەنى اللە تائالا سىلەرنىڭ زېمىن ئۈستىدە يەرلىشىشىڭلار ئۈچۈن زېمىننى كەڭ ۋە بىپايان قىلىپ يايدى. ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئېگىز تاغلار بىلەن مۇستەھكەم قىلدى. ئۇنىڭدا خالىغان جايىڭلارغا بېرىشىڭلار ئۈچۈن يوللارنى ياراتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە اللە نىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىدەك كاتتا قۇدرىتىنى، ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئاسمان ۋە زېمىندىن ئالىدىغان پايدىلىق نېمەتلەرنى، اللە تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى، اللە تائالانىڭ ئاسماننى بەرپا قىلغانلىقىنى، زېمىننى كەڭرى قىلىپ يايغانلىقىنى ۋە مەخلۇقاتلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلغانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتنى پەقەت اللە تائالاغا قىلىشنى، ئۇنى بار ۋە بىر دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك كېرەكلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى، اللە تائالانىڭ ھېچ ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. ئۇ خوتۇن ئالغانمۇ ئەمەس، بالا تۇتقانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ نە مەسلىھەتچىسى ۋە نە ياردەمچىسىمۇ بولغانمۇ ئەمەس. بەلكى، اللە مۇنداق سۈپەتلەردىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

* * * * * * *

قَالَ نُوحٌ رَّبِّ إِنَّهُمۡ عَصَوۡنِي وَٱتَّبَعُواْ مَن لَّمۡ يَزِدۡهُ مَالُهُۥ وَوَلَدُهُۥٓ إِلَّا خَسَارٗا ﴿٢١﴾ وَمَكَرُواْ مَكۡرٗا
كُبَّارٗا ﴿٢٢﴾ وَقَالُواْ لَا تَذَرُنَّ ءَالِهَتَكُمۡ وَلَا تَذَرُنَّ وَدّٗا وَلَا سُوَاعٗا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسۡرٗا ﴿٢٣﴾ وَقَدۡ
أَضَلُّواْ كَثِيرٗاۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا ضَلَٰلٗا ﴿٢٤﴾

[1] سۈرە يۇنۇس 5 - ئايەت.

www.munber.org

*نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى*﴿21﴾*. ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۇتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى*﴿22﴾*. ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەددنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى*﴿23﴾*. ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن»*﴿24﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابىدىن كېيىن ﷲ تائالاغا قىلغان ئىلتىجاسى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەبرى ـ تاقىتىنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىپ ﷲ غا يېلىنغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﷲ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ﷲ دىن ھېچ نەرسە يوشۇرۇن قالمايدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دەۋەت قىلىشتا تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان ئىدى. ئۇلارنى بىردە ﷲ نىڭ نېمەتلىرىگە قىزىقتۇرسا، بىردە ﷲ نىڭ ئازابىدىن قورقۇتتى. بىراق ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە مال ـ دۇنياغا بېرىلگەنلەر، ﷲ نىڭ دىنىدىن غەپلەتتە قالغانلارغا، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاد بېرىلگەنلەرگە، ئەگەشتى. ئۇلارغا بېرىلگەن مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلار ﷲ نىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىش ۋە تەدرىجى ھالدا تۇيدۇرماستىن ھالاك قىلىشقا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى**﴾.

﴿**ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۇتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى**﴾ يەنى كاتتىباشلار ئەگەشكۈچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ماڭغان يوللىرىنى ھەق ۋە توغرا يول دەپ چىرايلىق كۆرسىتىپ، بۇ ھەقتە چوڭ ھىيلىلەرنى تۈزدى، بۇ خۇددى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىغا قىيامەت كۈنى مۇنداق دېگىنىگە ئوخشايدۇ: ﴿ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكىرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللەنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار﴾[1]

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلىرى ۋە بۇ بۇتلارنىڭ ئورنى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۇتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى. ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەددنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى**﴾ بۇ بۇتلار ئۇلارنىڭ ﷲ نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىدۇر.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرى ئۇلاردىن كېيىن ئەرەبلەر ئىچىدە تارقالدى. ”ۋەد“ بولسا دۇۋمەتۇل جەندەل سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ”كەلب قەبىلىسى“نىڭ چوقۇنىدىغان بۇتىدۇر. ”سۇۋائى“ بولسا ”ھۇزەيل قەبىلىسى“ نىڭ چوقۇنىدىغان بۇتىدۇر. ”يەغۇس“ بولسا ”مەررا قەبىلىسى“نىڭ ۋە سەبەئ رايونىنىڭ جۇرۇپ

[1] سۈرە سەبەئ 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دېگەن يېرىدىكى"بەنى غۇتەيىف قەبىلىسى"نىڭ چوقۇنىدىغان بۇتىدۇر. "يەئۇق" بولسا "ھەمەدان قەبىلىسى" نىڭ بۇتىدۇر. "نەسر" بولسا كەلائى مەنسۇپ "ھىميەر قەبىلىسى"نىڭ چوقۇنىدىغان بۇتىدۇر. بۇ ئىسىملار ئەسلى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن شەيتان ئۇلارنىڭ قەۋمىگە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەشنى ۋە بۇ ھەيكەللەرگە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇشنى ۋەسۋەسە قىلدى. ئۇلارنىڭ قەۋمى ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىشتى. ئۇ زامانلاردا بۇ ھەيكەللەرگە ئىبادەت قىلىنمايتتى. بۇ ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلەر زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆلۈپ تۈگىدى، كىشىلەر ئارىسىدا ئىلىم ـ مەرىپەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلاردىن كېيىنكىلەر بۇ ھەيكەللەرنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئىكرىمە، زەھھاك، قەتادە ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ بۇتلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىلا چوقۇنىلاتتى.

ئىبنى جەرىر مۇھەممەد ئىبنى قەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "يەغۇس" "يەئۇق" "نەسر" قاتارلىقلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆتكەن ياخشى ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەگەشكۈچىلىرى ئەگەر بىز ئۇلار ئۈچۈن ھەيكەللەرنى تىكلىگەن بولساق، ئۇلارنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق ئىبادەتكە تېخىمۇ بېرىلىشىمىزگە پايدىسى بولار ئىدى، دېيىشىپ ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلىدى. بۇ ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلەر ئۆلگەندىن كېيىن، كېيىنكىلەرنىڭ ئارىسىغا شەيتان ۋەسۋەسە سېلىپ: سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇناتتى ۋە ھەيكەللەردىن يامغۇر ياغدۇرۇلۇپ بېرىلىشىنى تىلەيتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشقا باشلىدى.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەتدۇئا قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارغا ياخشى دۇئا قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى**﴾ يەنى ئۇلار چوقۇنغان بۇتلار نۇرغۇن ئىنسانلارنى ئازدۇردى. ئۇلارغا چوقۇنۇش ئەسىرلەر بويى ئادەم ئەۋلادى ئىچىدە، ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەب مىللەتلىرى ئىچىدە تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. اللّٰه تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)﴾[1].

﴿**زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن**﴾ نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھەددىن ئاشقانلىقى، كۇفرلىق قىلغانلىقى ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بەتدۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە ۋە پىرئەۋننىڭ تەۋەلىرىگە قىلغان تۆۋەندىكى بەد دۇئاسىغا ئوخشايدۇ:

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 35 ـ 36 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن﴾[1] اللە تائالا بۇ ئىككى پەيغەمبىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ قەۋمىگە قىلغان بەد دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈممىتىنى پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن سۇدا غەرق قىلدى.

* * * * * * *

مِّمَّا خَطِيٓـَٔـٰتِهِمْ أُغْرِقُوا۟ فَأُدْخِلُوا۟ نَارًا فَلَمْ يَجِدُوا۟ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَنصَارًا ﴿٢٥﴾ وَقَالَ نُوحٌ
رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ دَيَّارًا ﴿٢٦﴾ إِنَّكَ إِن تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا۟ عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوٓا۟ إِلَّا
فَاجِرًا كَفَّارًا ﴿٢٧﴾ رَّبِّ ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِىَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ وَلَا
تَزِدِ ٱلظَّـٰلِمِينَ إِلَّا تَبَارًۢا ﴿٢٨﴾

*ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاختا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللەدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى﴿25﴾. نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن﴿26﴾. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ﴿27﴾. پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا - ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن»﴿28﴾*

﴿**ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن**﴾ يەنى گۇناھلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشى ۋە پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇشى تۈپەيلىدىن ﴿**(توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاختا كىرگۈزۈلدى**﴾ يەنى سۇ دېڭىزىدىن دوزاخ ئوتىغا توشۇلدى.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللەدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى**﴾ يەنى ئۆزلىرىنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچ قانداق قۇتقۇزغۇچى، پەريادىنى ئاڭلىغۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچى بولمىدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ بۈگۈن اللە رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ﴾[2].

﴿**نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن**﴾ يەنى اللە تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. يەر يۈزىدىكى پۈتۈن كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي ھالاك قىلدى. ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنىمۇ ھالاك قىلدى. ئۇ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ﴿ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن اللە رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى﴾[3] اللە تائالا ئىمان ئېيتىپ نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغانلارنى سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقازدى. اللە تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنى ئۆزى بىلەن كېمىگە سېلىۋېلىشقا بۇيرىغان ئىدى.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھۇد 43 - ئايەت.

www.munber.org

﴿**ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ**﴾ يەنى ئەگەر كاپىرلاردىن بىرنى ھايات قالدۇرساڭ، كېيىن كېلىدىغان ئۈممەتلىرىڭنى ئۇلار ئازدۇرىدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ**﴾ يەنى ئىش - ئەمەللىرىدە گۇناھ سادىر قىلىدۇ. دىللىرىغا كۇفرى ئورۇنلىشىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم مىڭ يىل تۇرۇپ ئالغان تەجرىبە - ساۋابىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا - ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مېنىڭ مەسجىدىمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە دېگەنلىك بولىدۇ دەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىگە قارىغاندا بۇ ئايەت نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن ھەر بىر كىشىگە دۇئا قىلغان دەپ تەپسىر قىلىنىشىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ﴿**ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن**﴾ نۇھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەر - ئايال مۆمىنلەرگە دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ بۇ دۇئاسى تىرىكلەرنىمۇ ۋە ئۆلگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا دىنىمىزدا قىلىش يول قويۇلغان خاسىيەتلىك دۇئالارغا تايانغان ئاساستا مۇشۇنداق دۇئا قىلىش مۇستەھەبتۇر.

﴿**زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنى: زالىملارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەقەت زىيانكارلىقنى زىيادە قىلغىن، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئۇلۇغ اللە غا پۈتۈن ھەمدۇسانالار بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن سۈرە نۇھنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە جىن | 28 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلۡ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ ٱسۡتَمَعَ نَفَرٞ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَقَالُوٓاْ إِنَّا سَمِعۡنَا قُرۡءَانًا عَجَبٗا ﴿١﴾ يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلرُّشۡدِ فَـَٔامَنَّا
بِهِۦۖ وَلَن نُّشۡرِكَ بِرَبِّنَآ أَحَدٗا ﴿٢﴾ وَأَنَّهُۥ تَعَٰلَىٰ جَدُّ رَبِّنَا مَا ٱتَّخَذَ صَٰحِبَةٗ وَلَا وَلَدٗا ﴿٣﴾ وَأَنَّهُۥ كَانَ
يَقُولُ سَفِيهُنَا عَلَى ٱللَّهِ شَطَطٗا ﴿٤﴾ وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن تَقُولَ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا ﴿٥﴾ وَأَنَّهُۥ
كَانَ رِجَالٞ مِّنَ ٱلۡإِنسِ يَعُوذُونَ بِرِجَالٖ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَزَادُوهُمۡ رَهَقٗا ﴿٦﴾ وَأَنَّهُمۡ ظَنُّواْ كَمَا ظَنَنتُمۡ أَن لَّن
يَبۡعَثَ ٱللَّهُ أَحَدٗا ﴿٧﴾

*(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق*[1]*. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز*[2]*. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر، خوتۇنى ۋە بالىسى يوقتۇر*[3]*. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (يەنى ئىبلىس) ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا نالايىق سۆزلەرنى قىلدى*[4]*. بىز، ئىنسانلار ۋە جىنلار ئاللاغا يالغاننى چاپلىمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق*[5]*. ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى*[6]*. ئۇلار (يەنى ئىنسانلارنىڭ كۇففارلىرى)، سىلەرگە ئوخشاش، ئاللاھ ھېچ ئادەمنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۇرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلدى*[7]*.*

## جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا

ﷲ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىگە جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۇنى تەستىقلىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق﴾ يەنى نىجاتلىققا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلىدۇق.

www.munber.org

﴿**ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز**﴾ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق﴾[1] بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇڭا ئۇنى قايتا تەكرارلىمايمىز.

﴿**پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ نىڭ ئىشى، ئەمرى ۋە قۇدرىتى كاتتىدۇر. زەھھاك ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتى كاتتىدۇر. مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بۈيۈكلىكى كاتتىدۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: اللہ نىڭ بۈيۈكلىكى، ئەزىمىتى ۋە ئەمرى كاتتىدۇر. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەمرى كاتتىدۇر. ئەبۇدەردا، مۇجاھىد ۋە ئىبنى جۇرەيج قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىمىزنى ياد ئېتىش كاتتىدۇر.

## جىنلارنىڭ اللہ نىڭ خوتۇنى ۋە باللىرى بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى توغرىسىدا

﴿**خوتۇنى ۋە بالىسى يوقتۇر**﴾ يەنى اللہ خوتۇن ئېلىشتىن ۋە بالا تۇتۇشتىن پاكتۇر. جىنلار مۇسۇلمان بولغان ۋە قۇرئانغا ئىمان ئېيتقان چاغدا، غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىنى خوتۇن ۋە بالا تۇتۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: ﴿**بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (يەنى ئىبلىس) اللەغا ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا نالايىق سۆزلەرنى قىلدى**﴾ بۇ ئايەتتىكى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى "ئەخمەق" دېگەن سۆزدىن اللہ نىڭ خوتۇنى ياكى بالىسى بار دەپ قارايدىغان ھەر قانداق بىر ئەخمەق مەخلۇقنىڭ كۆزدە تۇتۇلىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. شۇڭا ئۇلار ﴿**بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق**﴾ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ﴿**(يەنى ئىبلىس) اللەغا ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا نالايىق سۆزلەرنى قىلدى**﴾ يەنى باتىل ۋە يالغان سۆزلەرنى قىلدى، دېيىشتى.

﴿**بىز، ئىنسانلار ۋە جىنلار اللەغا يالغاننى چاپلىمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق**﴾ يەنى بىز ئىنسانلار بىلەن جىنلار اللہ تائالاغا خوتۇن ۋە بالا نىسبەت بېرىپ اللہ تائالاغا يالغاننى چاپلاشتا بىرلىشىۋالىدۇ، دەپ ئويلىمايتتۇق. بىز بۇ قۇرئاننى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە اللہ غا يالغاننى چاپلايدىغانلىقىنى بىلدۇق.

## ئىنسانلارنىڭ جىنلارغا سېغىنىپ ئۇلاردىن پاناھ تىلەيدىغانلىقى ئۇچۇن جىنلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى**﴾ يەنى بىز ئۆزىمىزنى ئىنسانلارغا قارىغاندا ياخشى دەپ قارايتتۇق. چۈنكى ئىنسانلار بىرەر ۋادىغا ياكى قورقۇنچلۇق ماكانغا چۈشكىن قىلسا، شۇ جاينىڭ كاتتىسى بولغان جىنغا سېغىنىپ ئۆزلىرىگە ئۇ جىننىڭ بىرەر يامانلىق يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن پاناھ تىلەيتتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىرى دۈشمەن زېمىنىدا بىرەر چوڭ ئادەمنىڭ كاپالىتىگە ۋە ھىمايىسىگە كىرسە، جىنغا سېغىنىپ ئۆزىگە يامانلىق يېتىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيتتى. ئىنسانلارنىڭ قورقۇپ ئۆزلىرىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى

[1] سۈرە ئەھقاف 29 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كۆرگەن جىنلار ئىنسانلارنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ تېخىمۇ قورقىتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار جىنلاردىن قاتتىق قورقىدىغان ۋە ئۇلارغا سېغىنىپ ئۆزلىرىگە ئۇلاردىن پاناھ تىلەيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

﴿شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: يەنى جىنلار تەكەببۇرلىشىپ ئىنسانلارنى قورقىتىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. سەۋرى، مەنسۇردىن ئىبراھىمنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: بىرەر ئادەم ئائىلىسىدىن سەپەرگە چىقىپ بىرەر ئورۇنغا كېلىپ چۈشكىن قىلسا: مەن بۇ ۋادىنىڭ جىنلاردىن بولغان خوجايىنىغا سېغىنىپ، ئۇنىڭ ماڭا ياكى مال - مۈلكىمگە ياكى بالا - چاقامغا ياكى مال - چارۋىلىرىمغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن، دەيتتى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان اللّٰه نى قويۇپ جىنلاردىن پاناھ تىلىگەن چاغدا، جىنلار ئىنسانغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىنلار ئىنسانلاردىن خۇددى ئىنسانلار جىنلاردىن قورققاندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق قورقاتتى. ئىنسانلار بىرەر ۋادىغا چۈشسە، جىنلار: ئىنسانلارنىڭ خوجايىنى كەپتۇ، بىز بۇ ۋادىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ خوجايىنىغا سېغىنىپ ئۇلاردىن بىزگە يامانلىق يېتىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز، دېيىشىپ ئۇ ۋادىنى تاشلاپ قاچاتتى. كېيىنچە جىنلار: ئىنسانلارنىڭ بىزدىن خۇددى بىز ئۇلاردىن قورققاندەك قورقىدىغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىزغۇ! دېيىشىپ ئىنسانلارغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى، نەتىجىدە ئۇلار ئىنسانلارغا چېقىلىپ ئۇلارنى ئېزىپ قالىدىغان، ساراڭ قىلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ اللّٰه تائالانىڭ ﴿ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى﴾ دېگەن ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

﴿ئۇلار (يەنى ئىنسانىنىڭ كۇففارلىرى)، سىلەرگە ئوخشاش، اللّٰه ھېچ ئادەمنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلدى﴾ بۇ ئايەتنى كەلبى ۋە ئىبنى جەرىر: يەنى ئىنسانىنىڭ كۇپپارلىرى سىلەرگە ئوخشاش، اللّٰه بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دەپ گۇمان قىلدى دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

* * * * * * *

وَأَنَّا لَمَسۡنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدۡنَٰهَا مُلِئَتۡ حَرَسٗا شَدِيدٗا وَشُهُبٗا ﴿٨﴾ وَأَنَّا كُنَّا نَقۡعُدُ مِنۡهَا مَقَٰعِدَ
لِلسَّمۡعِۖ فَمَن يَسۡتَمِعِ ٱلۡأٓنَ يَجِدۡ لَهُۥ شِهَابٗا رَّصَدٗا ﴿٩﴾ وَأَنَّا لَا نَدۡرِيٓ أَشَرٌّ أُرِيدَ بِمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ
أَرَادَ بِهِمۡ رَبُّهُمۡ رَشَدٗا ﴿١٠﴾

*(جىنلار ئېيتتى) «بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسمانىنىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق[8]. بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ[9]. بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىنىدىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز[10].*

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى جىنلارنىڭ ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلايدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا قۇرئاننى نازىل قىلغان چاغدىكى جىنلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا قۇرئاننى ۋەھىي قىلىشتىن ئىلگىرى جىنلارنىڭ ئاغزىغا يېتىپ قېلىشتىن قاتتىق قوغدىدى. ئاسمان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەتراپى كۈچلۈك مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ۋە قاتتىق قوغدالغان ئىدى. شەيتانلار قۇرئاندىن بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ، ئۇنى كائىنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن ھەق سۆز يالغان سۆزگە ئارىلىشىپ كېتىپ، كىمنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئولتۇرىدىغان ئاسمانىدىكى ئورۇنلىرىدىن قوغلاندى. مانا بۇ الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مېھرى - شەپقىتىدۇر ۋە ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. شۇنداقلا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمنى قوغدىغانلىقىدۇر. شۇڭا جىنلار مۇنداق دېدى:

**﴿(جىنلار ئېيتتى) «بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ﴾** يەنى بۈگۈن كىمكى ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىماقچى بولسا، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇز بايقىۋالىدۇ - دە، ئۇ بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي قالىدۇ. يۇلتۇز ئۇنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ.

**﴿بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىنىدىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز﴾** يەنى بىز ئاسماندا يۈز بەرگەن بۇ ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بۇ جىنلارنىڭ سۆز ئىبارىسىدە ئەدەپلىك ئۇسۇلنى قوللانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئۇلار يامانلىقنى مۇئەييەن بىر قىلغۇچىغا تەۋە قىلمىدى. ياخشىلىقنى بولسا غالىب ۋە بۈيۈك الله غا مەنسۇپ قىلدى.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس».

يۇلتۇزلار بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئېتىلاتتى. لېكىن كۆپ ئېتىلماي ئارىلاپ - ئارىلاپ ئېتىلاتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق. توساتتىن بىر تال يۇلتۇز ئېتىلىپ ئەتراپ يورۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇشۇنداق ئەھۋالدا نېمە دەيتتىڭلار؟» دېدى. بىز: كاتتا بىر ئادەم دۇنياغا كەلدى. كاتتا بىر ئادەم دۇنيادىن كەتتى دەيتتۇق، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، لېكىن الله تائالا ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارسا» دېگەن ھەدىسنى ئاخىرىغىچە بايان قىلدى. بۇ ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستىنى سۈرە سەبەدە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مانا بۇ جىنلارنىڭ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا تۈرتكە بولغان ئىشتۇر. شۇنداق قىلىپ ئۇلار زېمىننىڭ شەرق ۋە غەربلىرىگە

www.munber.org

يۈرۈپ كېتىشتى، ئاخىرى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ساھابىلىرى بىلەن نامازدا قىرائەت قىلىۋاتقان ھالەتتە ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسماننىڭ قۇرئاننىڭ سەۋەبى بىلەن قوغدالغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇلاردىن بىر قىسمى دەرھال ئىمان ئېيتتى. قالغان بىر قىسمى بولسا تەكەببۇرلۇق قىلغان پېتى قېلىۋەردى. بۇ ئەھۋالنى سۈرە ئەھقافتىكى الله تائالانىڭ : ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان ئىبنى ئابباستىن قىلىنغان ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئېتىلىشى قاتارلىق ئىشلار يۈز بەرگەندە، بۇ ئىش ئىنسانلار ۋە جىنلارنى ھەقىقەتەن قاتتىق قورقۇتىۋەتتى. ئۇلار ئەندىشە ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئالەم خاراپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇ ھەقتە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئاسمانغا پەقەت زېمىنغا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەندە ياكى الله نىڭ دىنى غەلىبە قىلغاندا قاتتىق قوغدىلاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى شەيتانلار ئاسماندىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن دۇنيا ئاسمىنىغا چىقىپ ئولتۇرغىلى بولغۇدەك ئورۇنلاردا ئولتۇراتتى. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، بىر كېچىسى شەيتانلار كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. تائىپىلىقلار ئاسماندا يېنىۋاتقان كۆچلۈك ئوتنى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەر تەرەپكە ئېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى ۋە: ئاسمان ئەھلى ھالاك بولدى، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇللىرىنى ئازات قىلىشقا، چارۋا ماللىرىنى قويۇۋېتىشكە باشلىدى. ئابدۇ ياليل ئىبنى ئەمىر دېگەن ئادەم ئۇلارغا: ئى تائىپىلىقلار! سىلەرگە ۋاي...! مال ـ مۈلكۈڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا قاراڭلار، ئەگەر ئۇ يۇلتۇزلارنى ئۆز ئورنىدا تۇرغان ھالەتتە كۆرسەڭلار، ئاسمان ئەھلى ھالاك بولمىغان بولىدۇ. بۇ ئىش پەقەت مۇھەممەدنىڭ سەۋەبىدىن يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا قاراپ ئۇلارنى كۆرەلمىسەڭلار، ئاسمان ئەھلى ھالاك بولغان بولىدۇ. ئۇلار يۇلتۇزنىڭ ئورۇنلىرىغا قاراپ ئۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مال ـ مۈلكىنى ئۆز قوللىرىدا تۇتتى.

شۇ كېچىدە شەيتانلارمۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى ۋە ئىبلىسنىڭ قېشىغا كېلىشىپ ئۆزلىرىگە يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. ئىبلىس ئۇلارغا زېمىننىڭ ھەر رايونىدىن بىر چاڭگالدىن توپا ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنى پۇراپ باقاي، دېدى. ئۇلار توپىنى ئېلىپ كەلدى. ئىبلىس توپىنى پۇرىغاندىن كېيىن: سىلەرنىڭ مەككىدىكى بىر دوستۇڭلارنىڭ سەۋەبىدىن شۇنداق ئىشلار بوپتۇ، دېدى. ئاندىن ئۇ نەسىبىنلىك 7 نەپەر جىننى مەككىگە ئەۋەتتى. ئۇلار مەككىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرام مەسجىدىدە نامازدا قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ جىنلار قۇرئانغا قاتتىق قىزىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى، ھەتتا ئۇلار قىستىلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويۇشقا تاسلا قالدى. ئاندىن ئۇلار ئىسلامغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ ئايەت نازىل قىلدى.

* * * * * * *

[1] سۈرە ئەھقاف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَأَنَّا مِنَّا ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنَّا دُونَ ذَٰلِكَ ۖ كُنَّا طَرَآئِقَ قِدَدًا ﴿١١﴾ وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن نُّعْجِزَ ٱللَّهَ فِى
ٱلْأَرْضِ وَلَن نُّعْجِزَهُۥ هَرَبًا ﴿١٢﴾ وَأَنَّا لَمَّا سَمِعْنَا ٱلْهُدَىٰٓ ءَامَنَّا بِهِۦ ۖ فَمَن يُؤْمِنۢ بِرَبِّهِۦ فَلَا يَخَافُ
بَخْسًا وَلَا رَهَقًا ﴿١٣﴾ وَأَنَّا مِنَّا ٱلْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا ٱلْقَٰسِطُونَ ۖ فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ تَحَرَّوْا۟ رَشَدًا ﴿١٤﴾
وَأَمَّا ٱلْقَٰسِطُونَ فَكَانُوا۟ لِجَهَنَّمَ حَطَبًا ﴿١٥﴾ وَأَلَّوِ ٱسْتَقَٰمُوا۟ عَلَى ٱلطَّرِيقَةِ لَأَسْقَيْنَٰهُم مَّآءً غَدَقًا
﴿١٦﴾ لِّنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَمَن يُعْرِضْ عَن ذِكْرِ رَبِّهِۦ يَسْلُكْهُ عَذَابًا صَعَدًا ﴿١٧﴾

*بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق*﴿11﴾*. بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، اللەنى (ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن) ھەرگىز ئاجىز قىلالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى) دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز*﴿12﴾*. بىز ھىدايەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، كىمكى پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتىدىكەن، (ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ۋە (يامانلىقلىرىنىڭ ئارتتۇرۇلۇپ) زۇلۇم قىلىنىشتىن قورقمايدۇ*﴿13﴾*. بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ*﴿14﴾*. توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ*﴿15﴾*. ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق)، كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللەنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ*﴿16-17﴾*.*

## جىنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىن، كاپىر، ئازغۇن ۋە توغرا يول تاپقۇچى قاتارلىق ھەر قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەر قىسىم جىنلارنىڭ ئاقىۋەتتە بارار جايىنى بىلىپ يەتكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا جىنلارنىڭ ئۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق**﴾ يەنى خىلمۇخىل يوللارغا، ھەر خىل كۆز قاراشلارغا بۆلۈنىدۇق. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر ﴿**بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق**﴾ دېگەن ئايەتنى: بىزنىڭ ئىچىمىزدە مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەھمەد ئىبنى سولايمان نەججاد ئەئمەشنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى كەچتە يېنىمىزغا بىر جىن كەلدى، مەن ئۇ جىندىن: قايسى تاماقنى بەك ياقتۇرىسىلەر؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: گۈرۈچ تامىقىنى، دېدى. بىز جىنلارغا گۈرۈچ تامىقى ئېلىپ كەلدۇق. مەن تاماقنىڭ بىر كاپامدىن بىر كاپامدىن كۆتۈرۈلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بىراق ئۇنى يېگۈچىنى ھېچ كۆرمىدىم. مەن ئۇنىڭدىن: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىمۇ ئازغۇن كىشىلەر بارمۇ؟ دېدىم. جىن: ھەئە، بار، دېدى. ئىچىڭلاردىكى رافىزىلار قانداق ئادەملەر؟ دېدىم. جىن: ئۇلار بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ئەسكى ئادەملەر، دەپ جاۋاب بەردى.

www.munber.org

## جىنلارنىڭ الله نىڭ كامالى قۇدرىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى توغرىسىدا

**﴿بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، اللەنى (ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن) ھەرگىز ئاجىز قىلالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى) دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز﴾** يەنى الله نىڭ ئۆز قۇدرىتى بىلەن بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ زېمىندا الله نى ئاجىز قىلالمايدىغانلىقىمىزنى، ئەگەر بىز قېچىشقا ئورۇنغان تەقدىردىمۇ الله نىڭ بىزنى ئىدارە قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق.

**﴿بىز ھىدايەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق﴾**

جىنلار ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن پەخىرلەندى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ياخشى سۈپەت ۋە ئالىي شەرەپتۇر.

**﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتىدىكەن، (ياخشىلىقلىرىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن ۋە (يامانلىقلىرىنىڭ ئارتتۇرۇلۇپ) زۇلۇم قىلىنىشتىن قورقمايدۇ﴾** ئىبنى ئابباس، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئىمان ئېيتىدىكەن، ياخشىلىقلارنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ياكى باشقا بىراۋنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىپ قېلىشىدىن قورقمايدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار يامانلىقلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ﴾[1].

**﴿بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار﴾** يەنى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئادىللىق قىلغۇچى مۇسۇلمانلار بار. ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ھەقتىن يۈز ئۆرۈگۈچى زالىملارمۇ بار. **﴿مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ﴾** يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن نىجاتلىق يولىنى تەلەپ قىلغان بولىدۇ.

**﴿توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ﴾** يەنى ئۆزلىرىنى كۆيدۈرىدىغان دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدۇ. **﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق)﴾**.

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراشتا بولدى. ئۇنىڭ بىرى: ئەگەر قۇرەيش كاپىرلىرى ئادىللىق قىلىپ ئىسلام يولى ئۈستىدە ماڭسا، ئادالەت يۈرگۈزسە ۋە شۇ يول ئۈستىدە داۋاملاشسا، ئۇلارغا **﴿مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق﴾** يەنى ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرىش ئۇلارنى سىنىغانلىق بولىدۇ. مالىك زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇلاردىن كىمنىڭ ھىدايەت ئۈستىدە داۋاملىق ماڭىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ مۇرتەد بولۇپ ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق.

يۇقىرىدىكى بۇ قاراشقا قوشۇلىدىغانلار ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەتا، سۇددى، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، قۇرەيزى، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىق تەپسىرشۇناسلاردۇر. مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت قۇرەيش كاپىرلىرى ھەققىدە ئۇلارغا 7 يىل يامغۇر ياغمىغان ۋاقىتتا نازىل بولغان.

ئىككىنچى قاراش: ئەگەر قۇرەيش كاپىرلىرى گۇمراھلىق يولى ئۈستىدە ماڭسا، ئۇلارغا: **﴿مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق﴾** يەنى ئۇلارنى تۇيدۇرماي ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا،

[1] سۈرە تاھا 112 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[1]

﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[2]

بۇ قاراش ئەبۇمەجلازنىڭ قارىشىدۇر. ئۇنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ھاتەم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. بۇ قاراشنى يەنە ئىمام بەغەۋى، رەبى ئىبنى ئەنەس، زەيد ئىبنى ئەسلەم، كەئب ۋە ئىبنى كەيسەن قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان.

﴿ **كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللەنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ**﴾ يەنى قاتتىق تەكلىپ ۋە ئەلەملىك ئازاپقا دۇچار قىلىدۇ. ئىبنى ئاببـاس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله ئۇنى جەھەننەمدە تاغقا چىقىشقا مەجبۇرلاپ ئازاپلايدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: الله ئۇنى قۇدۇققا چۈشۈشكە مەجبۇرلاپ ئازابلايدۇ. ئىبنى ئاببـاس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: الله ئۇنىڭغا قىلچە ئارام بەرمەيدىغان قاتتىق ئازاپقا دۇچار قىلىدۇ، دەيدۇ.

* * * * * * *

وَأَنَّ ٱلۡمَسَٰجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدۡعُواْ مَعَ ٱللَّهِ أَحَدٗا ﴿١٨﴾ وَأَنَّهُۥ لَمَّا قَامَ عَبۡدُ ٱللَّهِ يَدۡعُوهُ كَادُواْ
يَكُونُونَ عَلَيۡهِ لِبَدٗا ﴿١٩﴾ قُلۡ إِنَّمَآ أَدۡعُواْ رَبِّي وَلَآ أُشۡرِكُ بِهِۦٓ أَحَدٗا ﴿٢٠﴾ قُلۡ إِنِّي لَآ أَمۡلِكُ لَكُمۡ ضَرّٗا
وَلَا رَشَدٗا ﴿٢١﴾ قُلۡ إِنِّي لَن يُجِيرَنِي مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٞ وَلَنۡ أَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلۡتَحَدًا ﴿٢٢﴾ إِلَّا بَلَٰغٗا مِّنَ ٱللَّهِ
وَرِسَٰلَٰتِهِۦۚ وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ﴿٢٣﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوۡاْ مَا
يُوعَدُونَ فَسَيَعۡلَمُونَ مَنۡ أَضۡعَفُ نَاصِرٗا وَأَقَلُّ عَدَدٗا ﴿٢٤﴾

*مەسجىدلەر اللەغا خاستۇر، اللەغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار*﴿18﴾. *اللەنىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) اللەغا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئولىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ*﴿19﴾. *(ئى مۇھەممەد! دىنىڭدىن يېنىپ كېتىشىڭنى تەلەپ قىلغان بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن»*﴿20﴾. *ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن (بۇنىڭغا پەقەت الله قادىر بولالايدۇ)»*﴿21﴾. *ئېيتقىنكى، «(ئەگەر مەن اللەغا ئاسىي بولسام) مېنى اللەنىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، اللەدىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن)*﴿22﴾. *مەن پەقەت (سىلەرگە) اللەنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە قادىرمەن، كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، اللەغا مۇلاقەت بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، اللەنىڭ*

[1] سۈرە ئەنئام 44 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 55 ـــ 56 ـ ئايەت.

www.munber.org

***ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ*** ﴿23﴾. ***ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»*** ﴿24﴾.

## ﷲ تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى الله غا ئىبادەت قىلغاندا، الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە، الله غا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماسلىققا ۋە الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ.

﴿**مەسجىدلەر اللەغا خاستۇر، اللەغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ئىبادەتخانىلارغا ۋە چىركاۋلارغا كىرگەندە الله غا شېرىك كەلتۈرەتتى. شۇڭا الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە بۇيرىدى.

ئىبنى جەرىر، سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىنلار الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: بىز سەندىن ناھايىتى يىراقتا تۇرساق مەسجىدكە قانداق كېلىمىز، نامازغا قانداق ھازىر بولىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدى.

## جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشاش ئۈچۈن قىستىلىشىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا

﴿**مەسجىدلەر اللەغا خاستۇر، اللەغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار**﴾ ئەۋفىي، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئاڭلاشقا قاتتىق ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۇنى بېسىۋالغىلى تاس قالدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا تاكى جىبرىئىل كېلىپ ﴿**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرگىچە بۇ ئەھۋالنى بىلمەيتتى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان.

﴿**اللەنىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) اللەغا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئولىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ**﴾ ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىۋاتقان ئىتائەتچانلىقىدىن ھەيران بولۇشۇپ ئۆز قەۋملىرىگە: الله نىڭ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله غا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ، دېيىشتى. بۇ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدىكى ئىككىنچى خىل قاراشتۇر. بۇ قاراش سەئىد ئىبنى جۇبەيردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله دىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر دېيىشكە ۋە ئىنسانلارنى پەرۋەردىگارى تەرەپكە چاقىرىشقا تۇرغان چاغدا، ئەرەبلەر ئولىشىپ كېلىپ، ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدى.

www.munber.org

﴿**اللەنىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) اللەغا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئۇلىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: شۇ چاغدا ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ھەممىسى توپلاندى، لېكىن اللە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمىدى. ئەكسىچە پەيغەمبىرىگە ياردەم بەردى. ئۇنىڭ دىلىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى. ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇنى غەلىبە قىلدۇردى. بۇ، ئۇ ئايەت ھەققىدىكى ئۈچىنچى خىل قاراشتۇر. بۇ قاراش ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان، ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان. تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد! دىنىڭدىن يېنىپ كېتىشىڭنى تەلەپ قىلغان بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن»**﴾ يەنى كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن، قارشى چىققان، ئۇنى يالغانغا چىقارغان، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆرۈنغان، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بىرلەشكەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ﴿**پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن**﴾ يەنى مەن ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن. ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن. ﴿**ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن**﴾ دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسلىكى توغرىسىدا

﴿**ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن (بۇنىڭغا پەقەت اللە قادىر بولالايدۇ)»**﴾ يەنى مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇ، مەن اللە نىڭ بەندىلىرىدىن بىرىمەن، سىلەرنى ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئىشىدا مەن ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەسمەن. بۇ پەقەت غالىب ۋە بۈيۈك اللە نىڭلا ئىشىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن اللە غا ئاسىيلىق قىلسام، اللە نىڭ ئازابىدىن مېنى ھېچ كىم قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالمايدۇ ﴿**اللەدىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن)**﴾» دەپ ئۆزىنى اللە دىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدۇ.

## پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ پەقەت دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**مەن پەقەت (سىلەرگە) اللەنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە قادىرمەن**﴾ يەنى مېنى اللە نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسە قۇتقۇزالمايدۇ. پەقەت اللە مېنىڭ يەتكۈزۈشۈمنى ۋاجىب قىلغان ئەلچىلىكنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشۈم مېنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر!پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملار نىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن،ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، اللە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. اللە سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[1].

﴿**كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، اللەغا مۇلاقەت بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، اللەنىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ يەنى مەن سىلەرگە

---

[1] سۈرە مائىدە 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

اللە نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن. سىلەرگە دەۋەت يەتكەندىن كېيىن كىمكى ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى مەڭگۈلۈك جەھەننەم ئوتى بولىدۇ. ئۇ ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە قۇتۇلالمايدۇ.

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾** يەنى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان ئەنە شۇ مۇشرىكلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا، كىمنىڭ ياردەم قىلىشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىمۇ ياكى اللە نى بار ۋە بىر دەپ بىلگۈچى مۆمىنلەرمۇ؟ (بۇنى بىلىدۇ). بەلكى بۇ كۈندە مۇشرىكلار ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سانى غالىب ۋە بۈيۈك اللە نىڭ قوشۇنىنىڭ سانىدىن كۆپ دەرىجىدە ئازدۇر.

* * * * * * *

قُلۡ إِنۡ أَدۡرِيٓ أَقَرِيبٞ مَّا تُوعَدُونَ أَمۡ يَجۡعَلُ لَهُۥ رَبِّيٓ أَمَدًا ٢٥ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ فَلَا يُظۡهِرُ عَلَىٰ
غَيۡبِهِۦٓ أَحَدًا ٢٦ إِلَّا مَنِ ٱرۡتَضَىٰ مِن رَّسُولٖ فَإِنَّهُۥ يَسۡلُكُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦ رَصَدٗا ٢٧
لِّيَعۡلَمَ أَن قَدۡ أَبۡلَغُواْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّهِمۡ وَأَحَاطَ بِمَا لَدَيۡهِمۡ وَأَحۡصَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ عَدَدَۢا ٢٨

***(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ؟ ياكى پەرۋەردىگارىم ئۇنىڭغا (ئۇزاق) ۋاقىت تەيىن قىلامدۇ؟ - ئۇقمايمەن*** [25]***. اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ*** [26]***. پەقەت اللە ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ*** [27]***. (بۇ اللەنىڭ) ئۇنىڭ (يەنى پەيغەمبەرنىڭ) اللەنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. اللە ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر»*** [28].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى بىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ يىراق ياكى يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ؟ ياكى پەرۋەردىگارىم ئۇنىڭغا (ئۇزاق) ۋاقىت تەيىن قىلامدۇ؟ ئۇقمايمەن﴾** بۇ ئايەت كەرىم نۇرغۇن نادان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىلىدۇ دەپ رىۋايەت قىلىشىپ يۈرگەن ھەدىسنىڭ يالغان ۋە ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ ۋاقتى ھەققىدە سورالغان. بىراق ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگەن ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر ئەئرابىينىڭ سۈرىتىدە بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىغان سوئاللىرى ئىچىدە: ئى مۇھەممەد! قىيامەتنىڭ ۋاقتىدىن ماڭا خەۋەر بەرگىن دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالغا: «قىيامەتنىڭ ۋاقتىدىن سورالغۇچى ئۇنى سورىغۇچىدىن بىلىملىك ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن. بىر قېتىم بىر ئەئرابى يوقىرى ئاۋاز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

www.munber.org

ئىسمىنى تـوۋلاپ: ئـى مۇھەممەد! قىيامـەت قاچـان بولـىدۇ؟ دېگـەندە، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ساڭا ۋاي! قىيامـەت چوقـۇم بولـىدۇ. سـەن ئۇنـىڭغا نېمىلـەرنى تـەييارلىدىڭ؟ » دەپ جـاۋاب بەرگـەن. بـۇ ئـەئرابى: مەن قىيامەتكە تـەييارلىق قىلىپ كۆپ ناماز ئوقۇمىدىم ۋە كۆپ روزىمۇ تۇتمىدىم. لېكىـن مـەن اللە نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « سەن ياخشى كۆرگەن ئـادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن » دېگەن. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار ھېچ نەرسىدىن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندا خۇشال بولغاندەك خۇشال بولمىغان ئىدى.

﴿**اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت اللە ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار اللە نىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ﴾[1] يەنى اللە غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلىدۇ. اللە نىڭ بەندىلىرىدىن ھېچ ئادەم اللە نىڭ ئىلمىدىن اللە تائالا بىلدۈرگەن نەرسىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ.

﴿**اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت اللە ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)**﴾ بۇ ئايەتتىكى "پەيغەمبەرگىلا" دېگەن سۆز اللە تەرىپىدىن بولغان ئەلچىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز پەرىشتىدىن ۋە ئىنساندىن بولغان ئەلچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿**ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ**﴾ يەنى اللە ئۇنى اللە تەرەپتىن كېلىدىغان مۇسىبەتتىن قوغدايدىغان ۋە اللە نىڭ ۋەھيىسىنى قوغداپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىدىغان خاس پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بۇ اللەنىڭ) ئۇنىڭ (يەنى پەيغەمبەرنىڭ) اللەنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. اللە ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر**﴾

ئىبنى جەرىر، سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ اللە تائالانىڭ ﴿**اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت اللە ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا ئۇنىڭ بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، جىبرىئىل بىلەن تۆت پەرىشتىنى كۆزەتچى قىلىپ سېلىپ قويىدۇ. ﴿**(بۇ اللەنىڭ) ئۇنىڭ (يەنى پەيغەمبەرنىڭ) اللەنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. اللە ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر**﴾ بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم، زەھھاك، سۇھەيل ۋە يەزىد ئىبنى ئەبۇھەبىب قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇررازاق، مەئمەردىن قەتادەنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ، پەيغەمبەرلەر اللە نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى، پەرىشتىلەر ئەلچىلەرنى قوغدىغانلىقىنى ۋە ھىمايە قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. سەئىد ئىبنى ئەبۇئەرۇبەمۇ قەتادەنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: اللە پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنىڭ اللە نىڭ ئەلچىلىكىنى بىمالال يەتكۈزۈشى ئۈچۈن پەرىشتىلىرى ئارقىلىق قوغدايدۇ. ئۇلارنىڭ اللە نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن

[1] سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىمۇ قوغدايدۇ، دېگەنلىك بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

﴿سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى﴾[1] ﴿اللە مۆمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾[2] اللە تائالانىڭ شەيئىلەرنى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم بىلىدىغانلىقىغا دائىر ئايەتلەر كۆپتۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر**﴾

شۇنىڭ بىلەن سۈرە جىننىڭ تەپسىرى تۈگىدى. بارلىق ھەمدۇسانا اللە غا مەنسۇپتۇر.

[1] سۈرە بەقەرە 143 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 11 - ئايەت.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە مۇززەممىل | 20 ئايەت

## مۇززەممىل ۋە مۇددەسسىر سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا

ئىمام ئەبۇبەكرى بەززار، جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلەر بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ يىغىن زالىغا توپلىشىپ: مۇھەممەدكە بىر ئىسىم قويۇڭلار، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىشىنى توسىيالايسىلەر، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: مۇھەممەدنى كاھىن، دەيلى دېيىشتى. بەزىلىرى: ئۇ كاھىن ئەمەس ئۇنى مەجنۇن دەيلى، دېدى. بەزىلىرى: ئۇ مەجنۇن ئەمەس ئۇنى سېھىرگەر دەيلى، دېدى. يەنە بەزىلىرى ئۇ سېھىرگەر ئەمەس دېدى. ئاخىرىدا مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىرگەر دېگەن بەتنامنى چاپلاشقا كېلىشىۋېلىپ تارقىلىپ كېتىشتى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمگە يۆگىنىپ چۈمكىنىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ دەرگاھىدىن مۇززەممىل ۋە مۇددەسسىر سۈرىلىرىنى ئېلىپ چۈشتى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمُزَّمِّلُ ﴿١﴾ قُمِ ٱلَّيْلَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٢﴾ نِّصْفَهُۥٓ أَوِ ٱنقُصْ مِنْهُ قَلِيلًا ﴿٣﴾ أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ
ٱلْقُرْءَانَ تَرْتِيلًا ﴿٤﴾ إِنَّا سَنُلْقِى عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا ﴿٥﴾ إِنَّ نَاشِئَةَ ٱلَّيْلِ هِىَ أَشَدُّ وَطْـًٔا وَأَقْوَمُ قِيلًا
﴿٦﴾ إِنَّ لَكَ فِى ٱلنَّهَارِ سَبْحًا طَوِيلًا ﴿٧﴾ وَٱذْكُرِ ٱسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا ﴿٨﴾ رَّبُّ ٱلْمَشْرِقِ
وَٱلْمَغْرِبِ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱتَّخِذْهُ وَكِيلًا ﴿٩﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

*ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) [1]. كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە - دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن [2–4]. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز [5]. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ [6]. ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە) كېچىسى بېرىلگىن [7]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد*

***ئەتكىن (ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن***﴿8﴾***. ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)***﴿9﴾.

## كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يۆگىنىۋالغان يۆگەنچىسىنى تاشلاپ، كېچىدە غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالا بۇيرۇغان ئىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر كېچىدە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا كېچىدە ناماز ئوقۇش پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا پەرز ئىدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇقەررەرتۇر﴾[2]. اللّٰه تائالا بۇ ئورۇندا كېچىدە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ مىقدارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)﴾** ئىبنى ئابباس، زەھھاك ۋە سۇددى قاتارلىقلار ئۇ ئايەتنى: ئى ئۇخلىۋالغۇچى پەيغەمبەر! دەپ تەپسىر قىلغان.

**﴿كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن﴾** يەنى بىز سېنى كېچىنىڭ يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ كۆپرەكىدە ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدۇق. بۇ ۋاقىتلارنىڭ قايسىسىغا ئەمەل قىلىپ ئىبادەت قىلساڭ ساڭا ھېچ گەپ يوق.

## قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا

**﴿قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾** يەنى قۇرئاننى ئاستا ـ ئاستا ئوقۇغىن. چۈنكى، مۇنداق ئوقۇشنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىشكە ۋە ئۇ ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا ئوقۇيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرىلەرنى دانە ـ دانە ۋە ئوچۇق قىلىپ ئوقۇيتتى. بۇنداق ئوقۇغانلىقتىن ھەتتا ئۇ ئوقۇۋاتقان سۈرە ئۇزۇن سۈرىدەك بىلىنىپ كېتەتتى.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتى توغرۇلۇق سورالغاندا "بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ" نىڭ ھەر بىر سۆزىنى دانە ـ دانە قىلىپ، سوزۇپ ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ قويغان.

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى، ئەبۇمۇلەيكەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۈممۇ سەلەمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەت

---

[1] سۈرە سەجدە 16 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىلغاندا ئايەتمۇ - ئايەت ئوقۇپ ئايەتلەر ئارىسىنى ئۈزۈپ قىرائەت قىلاتتى، دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

بۇ تەپسىرنىڭ بېشىدا قۇرئاننى دانە - دانە ئوچۇق قىلىپ ئوقۇشنىڭ ۋە چىرايلىق ئاۋازدا قىرائەت قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»، «قۇرئاننى مۇڭلۇق ئاۋازدا ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس»، «بۇنىڭغا ھەقىقەتەن داۋۇد ئائىلىسىگە خاس مۇڭلۇق ئاۋازلاردىن بىرى بېرىلىپتۇ» بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن كىشى ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى ئاڭلاپ: ئەگەر مەن سىنىڭ قىرائىتىمنى تىڭشاۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام قىرائەتنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلغان بولاتتىم - دېگەن.

ئىمام بەغەۋىي ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئاننى ئوقۇغاندا ئىت قوغلىغاندەك تېز ئوقۇماڭلار، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇڭلار، دىلىڭلار ئايەتلەرنىڭ مەنىسىدىن تەسىرلەنسۇن. سىلەردىن بىرىڭلار بىرەر سۈرىنى ئوقۇسا، سۈرىنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىشكە ئالدىرىغۇچى بولۇپ قالمىسۇن.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇۋائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن قۇرئاننىڭ مۇپەسسەل بۆلۈمىنى بىر كېچىدە بىر رەكئەت نامازدا ئوقۇپ بولىمەن، دېدى. ئىبنى مەسئۇد: ئىت قوغلىغاندەك تېز ئوقۇپمۇ؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىدىن - ئىككىدىن سۈرىنى بىر رەكئەتتە ئوقۇغانلىقىنى بىلىمەن، دېدى. ئاندىن ئۇ مۇپەسسەل بۆلۈمىدىكى سۈرىلەردىن يىگىرمىنى ھەر رەكئەتتە ئىككىدىن - ئىككىدىن ئوقۇغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

## قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى توغرىسىدا

﴿**ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز**﴾ ھەسەن ۋە قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ساڭا بىز ئەمەل قىلىش ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك بولغان قۇرئاننى نازىل قىلىمىز. بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: كاتتىلىقىدىن نازىل قىلىنغان ۋاقىتتا ئېغىر تۇيۇلىدىغان قۇرئاننى نازىل قىلىمىز. بۇ ھەقتە زەيد ئىبنى سابىت مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان نازىل قىلىنغاندا، ئۇنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئېغىرلاشقانلىقىدىن يوتام ئېزىلىپ كەتكىلى تاسلا قالغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيي نازىل بولغانلىقىنى ھېس قىلامسەن؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىرىڭشىغان قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلايمەن، شۇ چاغدا شۈك تۇرىمەن، ھەر قېتىم ماڭا ۋەھيي قىلىنغاندا، جېنىم چىقىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قالىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھارىس ئىبنى ھىشام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : ۋەھيي ساڭا قانداق كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەھيي بەزىدە قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ، مۇنداق ۋەھيي ماڭا ئەڭ قاتتىق تۇيۇلىدۇ، ۋەھيي توختىغاندا بولسا، مەن جىبرىئىلنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ بولغان بولىمەن. بەزىدە جىبرىئىل ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ماڭا ۋەھيىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىۋالىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

www.munber.org

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن قاتتىق سوغۇق بىر كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي نازىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردىم. ۋەھىي توختىغاندا ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ تۇراتتى.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي قىلىنغاندا ئۇ ئۇلاق ئۈستىدە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇلىقى بويىنىنى سىلكىپ كېتەتتى.

ئىبنى جەرىر: قۇرئان نازىل بولۇش ۋە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككىلا جەھەتتە ئېغىردۇر، دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد: قۇرئان دۇنيادا ئېغىر بولغىنىغا ئوخشاشلا قىيامەت كۈنىمۇ تارازىدا ئېغىر بولىدۇ، دېدى.

## كېچىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**﴿شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ﴾** يەنى كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش دىل بىلەن تىلنىڭ بىرلىششىگە ئەڭ مۇناسىپ بولىدۇ ۋە قىرائەتنى ئەڭ توغرا رەۋىشتە قىلغىلى بولىدۇ. كېچىدە قىرائەت قىلىش ۋە ئايەتلەرنى چۈشىنىش كۈندۈزگە قارىغاندا ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، كۈندۈز ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مەشغۇلاتلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، بىھۇدە ئاۋازلار كۆپ بولىدىغان ۋاقىتتۇر.

**﴿ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە) كېچىسى بىرىلگىن﴾** ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە ۋە ئەتا ئىبنى ئەبۇمۇسلىم بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى كېچىدە ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇخلاشقا ئەھمىيەت بەرگىن. ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، ئەبۇمالىك، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە، رەبى ئىبنى ئەنەس ۋە سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: يەنى كېچىدە ئىبادەت قىلىشقا تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ئۇزۇن بوش ۋاقتىڭ بار.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دېدى: كۈندۈزدە تۇرمۇش ئېھتىياجىڭنى قامدىغىن، كېچىدە ئىبادەتكە بېرىلگىن. ئۇ يەنە كېچىدە ناماز ئوقۇش پەرز بولغان ۋاقىت ئىدى، ئاندىن اللە تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ كېچىنىڭ نامىزىنى ئۇلاردىن يەڭگىللەتتى، ھەتتا ئۇنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دېدى ۋە **﴿كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾** دېگەن ئايەتلىرىنى ئاندىن **﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەر) دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى)نى اللە ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى اللە بىلىدۇ، اللە سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾**[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز

[1] سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر﴾[1].

تۆۋەندىكى ھەدىس كېچىدە ناماز ئوقۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، ئاندىن ئۇنىڭ پەرزلىكىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: سەئىد ئىبنى ھىشام ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن زېمىنىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئات ۋە قورال سېتىۋېلىپ رۇملۇقلار بىلەن تاكى ئۆلگۈچە جىھاد قىلماقچى بولۇپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يول ئۈستىدە ئۆز قەۋمىدىن بولغان بىر قانچە كىشىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز قەۋمىدىن ئالتە نەپەر كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سەن قىلغاندەك قىلماقچى بولغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن سىلەرگە ياخشى ئۈلگە ئەمەسمۇ؟» دېگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. سەئىد ئىبنى ھىشام ئايالى بىلەن يېنىشىۋالغانلىقىغا ئۇلارنى گۇۋاھ قىلدى. ئاندىن قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا مۇنۇلارنى دەپ بەردى: ئۇ ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋىتىر نامىزى ھەققىدە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ، ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: يەر يۈزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان بىر ئادەمنى ساڭا دەپ بېرەيمۇ؟ دەپتۇ، ئۇ: ھەئە، دەپتۇ. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: سەن ئائىشەنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ سوئالىڭنى ئۇنىڭدىن سورىغىن، ئاندىن قېشىمغا قايتا كېلىپ ئائىشەنىڭ ساڭا بەرگەن جاۋابىنى ماڭا دەپ بەرگىن، دەپتۇ.

سەئىد ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: مەن ھېكىم ئىبنى ئەفلاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن مېنى ئائىشەنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ: مەن ئائىشەگە يېقىن يولىمايمەن. چۈنكى، مەن ئۇنى ئەنە شۇ ئىككى گۇرۇپ يەنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپدارى بىلەن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپدارى ھەققىدە سۆز قىلىشتىن توسقان ئىدىم. بىراق ئۇ ئۇ ئىككى گۇرۇپ ھەققىدە سۆز قىلىشتىن توختىمىدى، دېدى. مەن ئۇنىڭ مېنى ئائىشەنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىغا قەسەم قىلىپ چىڭ تۇرىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى ئېلىپ باردى. بىز ئائىشەنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئائىشە: بۇ ھەكىمغۇ؟ مەن ئۇنى تونىۋالدىم، دېدى. ھەكىم: ھەئە، شۇنداق دېدى. ئائىشە: سېنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن بۇ ئادەم كىم؟ دېدى. ھەكىم: سەئىد ئىبنى ھىشام، دېدى. ئائىشە: ھىشام دېگەن كىم؟ دېدى. ھەكىم: ئۇ ئامىرنىڭ ئوغلى ھىشام بولىدۇ، دېدى. ئائىشە ئامىرغا اللّٰه دىن رەھمەت تىلىدى ۋە: ئامىر نېمە دېگەن ياخشى ئادەمتى ھە؟! دېدى.

مەن: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن دېدىم، ئائىشە ماڭا: سەن قۇرئان ئوقۇمامسەن؟ دېدى. مەن: مۇشۇنداق، قۇرئان ئوقۇيمەن، دېدىم. ئائىشە: شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى، دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم، ئاندىن مېنىڭ ئېسىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە قىلىدىغان ئىبادىتى كەلدى. مەن: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە قىلىدىغان ئىبادىتىدىن خەۋەر بېرىڭ، دېدىم. ئائىشە: سەن سۈرە مۇززەممىلنى ئوقۇمامسەن؟ دېدى. مەن: شۇنداق، ئوقۇيمەن دېدىم. ئائىشە: اللّٰه ھەقىقەتەن بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەردە كېچىدە ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىر يىل جەريانىدا كېچىدە ناماز ئوقۇدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى. اللّٰه ئاسماندا ئۇ نامازنىڭ پەرز ۋاقتىنى 12 ئاي قىلىپ بېكىتتى. ئاندىن اللّٰه بۇ

---

[1] سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايەت.

www.munber.org

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا كېچىدە ناماز ئوقۇشنى يەڭگىللەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كېچىدە ئوقۇش پەرز قىلىنغان ناماز نەپلە نامازغا ئايلاندى، دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم، ئاندىن مېنىڭ ئېسىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزى كەلدى. مەن: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزىدىن خەۋەر بەرگىن، دېدى. ئائىشە: بىز ئۇنىڭغا مىسۋاكىنى، تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ بېرەتتۇق. ئۇنى الله تائالا كېچىدە ئويغىتىشنى خالىغان بىر ۋاقىتتا ئويغىتاتتى. ئۇ ئاغزىنى مىسۋاكلايتتى، تاھارەت ئالاتتى. ئاندىن سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ ئارىدا تەشەھھۇتتا ئولتۇرماي پەقەت سەككىزىنچى رەكئەتتە تەشەھھۇدتا ئولتۇراتتى. ئاندىن ئۇ تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇپ پەرۋەردىگارىغا زىكرى ئېيتاتتى، دۇئا قىلاتتى ۋە مەغپىرەت تىلەيتتى. ئاندىن سالام بەرمەستىن ئورنىدىن تۇراتتى - دە، توققۇزىنچى رەكئەتنى ئوقۇيتتى. ئاندىن تەشەھھۇدتا ئولتۇراتتى. پەرۋەردىگارىغا ھەمدە ئېيتاتتى، زىكرى ئېيتاتتى ۋە دۇئا قىلاتتى ئاندىن بىزگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سالام بېرەتتى. ئۇ سالام بەرگەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئى ئەۋلادىم! ئەنە شۇ جەمئىي 11 رەكئەت نامازدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ۋە سەمرىپ قالغانسېرى يەتتىنچى رەكئەت نامازنى ۋىتىر قىلىپ ئوقۇيتتى. سالام بەرگەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئى ئەۋلادىم! ئەنە شۇ توققۇز رەكئەت نامازدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر نامازنى ئوقۇسا، ئۇنى داۋاملىق تۇردە ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كېچىسى ئۇخلاپ قېلىپ ياكى بىرەر كېسەل سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇيالمىسا كۈندۈزى 12 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى بىر كېچىدە ئوقۇپ بولغانلىقىنى، كېچىسى تاكى تاڭ ئاتقۇچە ناماز ئوقۇغانلىقىنى ۋە رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتتا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقانلىقىنى بىلمەيمەن، دېدى.

ئاندىن مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئائىشەنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى دەپ بەردىم. ئىبنى ئابباس: ئائىشە راست ئېيتىپتۇ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن بولسام، بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايتتىم، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئەبۇئابدۇراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سۈرە مۇززەممىل نازىل بولغاندىن كېيىن ساھابىلار كېچىدە ناماز ئوقۇشنى ساق بىر يىل داۋاملاشتۇردى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ۋە پاچاقلىرى ئىششىپ كەتتى. نەتىجىدە ﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرگە ئاسانلىق تۇغۇلدى. ھەسەنبەسەرى ۋە سۇددىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبى تەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ ﴿**كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە - دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن**﴾ دېگەن ئايەتلىرى نازىل بولغاندا، بۇ مۆمىنلەرگە ئېغىر كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى بۇ ھۆكۈمنى يەڭگىللىتىپ: ﴿**الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اللهنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار**﴾[1] دېگەن

[1] سۈرە مۇززەممىل 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئايەت نازىل بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرگە ئاسانلىق تۇغۇلدى. ھەسەنبەسرى ۋە سۇددىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. اللّٰه تائالانىڭ، **﴿كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾** دېگەن ئايەتلىرى نازىل بولغاندا، بۇ مۆمىنلەرگە ئېغىر كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن اللّٰه ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى بۇ ھۆكۈمنى يەڭگىللىتىپ: **﴿اللّٰه بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اللّٰەنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اللّٰەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا بەندىلىرىگە كەڭچىلىك قىلدى. اللّٰه غا ھەمدۇسانا بولسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدا قويمىدى.

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن (ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن﴾** يەنى ئۇنى كۆپ ياد ئەتكىن، ئۇنى ياد ئېتىشكە بېرىلگىن، مەشغۇلاتىڭدىن ۋە دۇنيالىقىڭدىكى موھتاج بولغان ئىشلاردىن بىكار بولغىنىڭدا اللّٰه غا ئىبادەت قىلىشقا بېرىلگىن. بۇ ھەقتە اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اللّٰەغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن﴾**[1] يەنى مەشغۇلاتىڭدىن بىكار بولغان ۋاقتىڭدا دىلىڭنىڭ باشقا نەرسىلەردىن خالى بولۇشى ئۈچۈن اللّٰه غا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن.

**﴿(ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئەبۇسالىھ، ئەتىيا، زەھھاك ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى اللّٰه غا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغىن. ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه غا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يۈزلەنگىن.

**﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾** يەنى اللّٰه پادىشاھتۇر، مەشرىقلەرنى ۋە مەغرىبلەرنى خالىغانچە ئىدارە قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنى تەنھا بىلىپ ئىبادەت قىلغىنىڭدا، ئىشلىرىڭدا پەقەت ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلغىن، ئۇنى ئۆزەڭگە ھامى قىلىۋالغىن. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللّٰه غا ئىبادەت قىلغىن ۋە اللّٰه غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى اللّٰه غا تاپشۇرغىن)﴾**[2].

**﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾**[3] اللّٰه نى تەنھا بىلىپ ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرىغان مەزمۇندىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

وَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱهْجُرْهُمْ هَجْرًا جَمِيلًا ﴿١٠﴾ وَذَرْنِى وَٱلْمُكَذِّبِينَ أُو۟لِى ٱلنَّعْمَةِ وَمَهِّلْهُمْ
قَلِيلًا ﴿١١﴾ إِنَّ لَدَيْنَآ أَنكَالًا وَجَحِيمًا ﴿١٢﴾ وَطَعَامًا ذَا غُصَّةٍ وَعَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣﴾ يَوْمَ تَرْجُفُ ٱلْأَرْضُ

[1] سۈرە ئىنشىراھ 7 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەت.

www.munber.org

وَٱلۡجِبَالُ وَكَانَتِ ٱلۡجِبَالُ كَثِيبٗا مَّهِيلًا ﴿١٤﴾ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ رَسُولٗا شَٰهِدًا عَلَيۡكُمۡ كَمَآ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰ
فِرۡعَوۡنَ رَسُولٗا ﴿١٥﴾ فَعَصَىٰ فِرۡعَوۡنُ ٱلرَّسُولَ فَأَخَذۡنَٰهُ أَخۡذٗا وَبِيلٗا ﴿١٦﴾ فَكَيۡفَ تَتَّقُونَ إِن كَفَرۡتُمۡ
يَوۡمٗا يَجۡعَلُ ٱلۡوِلۡدَٰنَ شِيبًا ﴿١٧﴾ ٱلسَّمَآءُ مُنفَطِرُۢ بِهِۦۚ كَانَ وَعۡدُهُۥ مَفۡعُولًا ﴿١٨﴾

*ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن﴿10﴾. (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەرگىن﴿11﴾. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار﴿12﴾. (زەققۇم، زەردىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار﴿13﴾. ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ﴿14﴾. شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەندەك، سىلەرگە (ئەمەللىرىڭلارغا) گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق﴿15﴾. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى (يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق﴿16﴾. (ئى قۇرەيش جامائەسى!) ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، (دەھشىتىدىن) باللارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر﴿17﴾. ئۇ كۈننىڭ (دەھشىتىدىن) ئاسمان يېرىلىدۇ، اللەنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (چۈنكى اللە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ)﴿18﴾.*

## كاپىرلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا بېرىلگەن جازا توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋمىدىن بىر قىسىم ئەخمەقلەرنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە سەۋر قىلىشقا، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئېتىشكە ۋە ئەيىبلىمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ كاتتا اللە ئىكەنلىكى، غەزىپىگە ھېچ نەرسىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى بىلەن پەيغەمبىرىنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنى قورقىتىپ ۋە ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى **ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەرگىن﴾** يەنى سېنى ئىنكار قىلغان، ھەددىدىن ئاشقان بايلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن. ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا تائەت - ئىبادەت قىلىشقا بەكرەك ھەقلىق ئىدى. ئۇلاردىن باشقىلاردا يوق ھەقلەر تەلەپ قىلىناتتى. ئۇلارغا مۆھلەت بەرگىن، مەن ئۇلارنى ئۆزەم جازالايمەن. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[1].

[1] سۈرە لوقمان 24 - ئايەت.

www.munber.org

**﴿شۇبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار. (زەققۇم، زەردىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ تاماق گالغا تۇرۇپ قالىدۇ. يا گالدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، يا چىقىپ كەتمەيدۇ.

**﴿ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ﴾** يەنى سىلىق ئۇيۇل تاشلاردىن تەركىب تاپقان تاغلارمۇ ئاۋۋال قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىدۇ، ئاندىن ھېچ نىمىسى قالماي، توزۇپ، سورۇلۇپ تۈگەيدۇ. ھەتتا زېمىنمۇ ھېچ قانداق بىر ئېگىز - پەسلىكى بولمىغان، پايانسىز كەتكەن تەكشى تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە ئوخشايدىغانلىقى، پىرئەۋننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەش توغرىسىدا

الله تائالا قۇرەيش كاپىرلىرىغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۇبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەندەك، سىلەرگە (ئەمەللىرىڭلارغا) گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى (يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق﴾** يەنى ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىپ قويۇپ، سىلەرگىمۇ پىرئەۋنگە يەتكەن ئازابنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلمامسىلەر؟ چۈنكى الله تائالا پىرئەۋننى ناھايىتى غالىب ۋە قۇدرەتلىك ھالىتىدە ھالاك قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى﴾[1] ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنى ئىنكار قىلساڭلار، ھالاك قىلىنىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىقسىلەر، چۈنكى سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا شەرەپلىك ۋە كاتتا پەيغەمبەردۇر.

## قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن قورقۇتۇش توغرىسىدا

**﴿(ئى قۇرەيش جامائەسى!) ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، (دەھشىتىدىن) باللارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىككى خىل بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىندۇر. بىرىنچىسى: ئەگەر اللە غا ئىمان ئېيتمىساڭلار، بۇ دەھشەت قورقۇنچلۇق بولغان كۈندىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايسىلەر؟

ئىككىنچىسى: ئەگەر قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەي ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار تەقۋادارلىققا قانداقمۇ ئېرىشەلەيسىلەر. ھەر ئىككى خىل مەنا ئوخشاشلا ياخشىدۇر. لېكىن بىرىنچىسى كۈچلۈكرەكتۇر.

**﴿(دەھشىتىدىن) باللارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن﴾** يەنى بۇ كۈندە دەھشەتلىك قورقۇنچلۇق قاتتىق تەۋرەش قاتارلىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىش الله تائالا ئادەمگە: ”ئەۋلادىڭنى

---

[1] سۈرە نازىئات 25 - ئايەت.

www.munber.org

دوزاخقا ئەۋەتكىن“ دېگەندە ئادەم: قانچىلىكنى؟ دەپ سورىغان. الله تائالا: ”ھەر مىڭ ئادەمدىن 999 نى دوزاخقا، بىرىنى جەننەتكە ئەۋەتكىن“ دېگەن چاغدا يۈز بېرىدۇ.

﴿ئۇ كۈنىنىڭ (دەھشىتىدىن) ئاسمان يېرىلىدۇ، اللەنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (چۈنكى الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ)﴾ يەنى ئۇ كۈن قاتتىق دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسمان يېرىلىدۇ. الله ۋەدە قىلغان بۇ كۈن چوقۇم ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ كۈندىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ هَـٰذِهِۦ تَذۡكِرَةٌۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلاً ﴿١٩﴾ ۞ إِنَّ رَبَّكَ يَعۡلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدۡنَىٰ
مِن ثُلُثَيِ ٱلَّيۡلِ وَنِصۡفَهُۥ وَثُلُثَهُۥ وَطَآئِفَةٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ مَعَكَۚ وَٱللَّهُ يُقَدِّرُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَۚ عَلِمَ أَن لَّن تُحۡصُوهُ
فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۖ فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلۡقُرۡءَانِۚ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرۡضَىٰ ۙ وَءَاخَرُونَ يَضۡرِبُونَ فِي
ٱلۡأَرۡضِ يَبۡتَغُونَ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ ۙ وَءَاخَرُونَ يُقَـٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنۡهُۚ وَأَقِيمُواْ
ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَقۡرِضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنًاۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ
هُوَ خَيۡرًا وَأَعۡظَمَ أَجۡرًاۚ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمُۢ ﴿٢٠﴾

*بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر، (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن*﴿19﴾. *(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەر)دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى)نى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى الله بىلىدۇ، الله سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اللەنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، اللەغا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزەڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، اللەنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن اللەنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، اللەدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر*﴿20﴾.

بۇ سۈرىنىڭ ساغلام دىل ئىگىلىرىگە ۋەز ـ نەسىھەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

www.munber.org

﴿**بۇ ئايەتلەر**﴾ يەنى بۇ سۈرە ﴿**ھەقىقەتەن ۋەز - نەسىھەتتۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالالايدىغان ساغلام دىل ئىگىلىرىگە ۋەز - نەسىھەتتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن**﴾ يەنى الله تائالا ھىدايەت قىلىشنى خالىغان ئادەم الله نىڭ يولىنى تۇتسۇن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش اللەنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر). الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾[1].

## كېچىدە ئوقۇلىدىغان پەرز نامىزنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزرىلىرى توغرىسىدا

﴿**(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەر)دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ**﴾ يەنى بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق تۇرىسىلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەر تەرەپتىن قەستەن يۈز بەرگەن ئەمەس. لېكىن سىلەر الله بۇيرىغان، كېچىدە ناماز ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ بۇيرۇقنى داۋاملىق تۇردە ئىجرا قىلىشقا قادىر بولالمايسىلەر. چۈنكى، بۇ سىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى)نى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ**﴾ يەنە بەزىدە كېچە - كۈندۈزنىڭ ئوزۇنلىقى تەڭلىشىدۇ. بەزىدە كېچە قىسقا، كۈندۈزى ئۇزۇن بولسا، بەزىدە كېچە ئۇزۇن، كۈندۈزى قىسقا قىلىنىدۇ.

﴿**سىلەرنىڭ ئۇنى**﴾ يەنى الله سىلەرگە پەرز قىلغان پەرزلەرنى ﴿**ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى الله بىلىدۇ**﴾ الله سىلەرگە رەھىم قىلدى. ﴿**سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار**﴾ يەنى كېچىدە مۇئەييەن بىر ۋاقىت بەلگىلىمەستىن ئۇنىڭ سىلەرگە قولاي بولغان قىسمىدا ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار.

﴿**الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اللەنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ**﴾ يەنى الله بىلىدۇكى، كەلگۈسىدە بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇيالماسلىقتا ئۆزرۈلۈك كىشىلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېسەل سەۋەبىدىن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيالمايدۇ، بەزىلەر تىجارەت ۋە تىرىكچىلىك يوللىرىدا الله نىڭ پەزلىنى تىلەپ يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈستىلىرىگە يۈكلەنگەن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىش بىلەن بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئايەت بەلكى بۇ سۈرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان، بۇ ۋاقىتتا تېخى جىھاد يولغا قويۇلمىغان ئىدى. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى بۇ ئايەت كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان غەيىب ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار**﴾ يەنى كېچىدە سىلەرگە قولاي بولغان ۋاقىتتا ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار. ﴿**(پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار**﴾ يەنى سىلەرگە پەرز قىلىنغان نامازنى ئوقۇڭلار. پەرز قىلىنغان زاكاتنى بېرىڭلار. بۇ ئايەت زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى مەككىدە نازىل بولغان ئايەت دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلىدۇر. لېكىن، زاكات بېرىلىدىغان مالنىڭ ئۆلچىمى ۋە مىقدارى توغرىسىدىكى ئايەت مەدىنىدە نازىل بولغان. ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىلەر: بۇ

[1] سۈرە ئىنسان 30 - ئايەت.

www.munber.org

ئايەت ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى الله نىڭ مۇسۇلمانلارغا كېچىدە ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن پەرزلەر ھەققىدە سوراپ كەلگەن سەھرالىق ئادەمگە: «بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: مەن ئوقۇشقا تېگىشلىك بەش ۋاخ نامازدىن باشقا نامازمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، لېكىن نەپلە ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ» دېدى.

## سەدىقە بېرىشكە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**اللهغا قەرزي ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار)**﴾ يەنى الله يولىدا سەدىقە بېرىڭلار، شەك - شۈبھىسىزكى، الله ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئەڭ ياخشى، ئەڭ تولۇق رەۋىشتە بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى الله غا قەرزي ھەسەنە بېرىدىكەن ( يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[1].

﴿**ئۆزەڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، اللهنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن اللهنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئىلگىرى قىلغان پۈتۈن ياخشى ئىشلىرىڭلارنىڭ ساۋابى ئۆزەڭلەرگە قايتىدۇ. ئۇ دۇنيادا ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئېلىپ قالغان نەرسىدىن كۆپ ياخشىدۇر.

ئەبۇيەئلا، ھارىس ئىبنى سۇۋەدتىن ئابدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەرنىڭ قايسىڭلارغا ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى ئۆزگىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ مال - مۈلكىدىن ياخشىدۇر » دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىدىن ئۆزگىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ مال - مۈلكىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « نېمە دەۋەتقانلىقىڭلارنى بىلىپ سۆزلەڭلار » دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز پەقەت مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ قارايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى سەرپ قىلغان مال - مۈلكى ئۆزىنىڭ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلكى بولسا، ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ مال - مۈلكى بولىدۇ » دېدى.

﴿اللەدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىدە الله دىن كۆپ مەغپىرەت تىلەڭلار. شەك - شۈبھىسىزكى، الله مەغپىرەت تىلىگەن كىشىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇززەممىلنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر.

[1] سۈرە بەقەرە 245 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرە مۇددەسسىر 56 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمُدَّثِّرُ ﴿١﴾ قُمْ فَأَنذِرْ ﴿٢﴾ وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ ﴿٣﴾ وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ ﴿٤﴾ وَٱلرُّجْزَ فَٱهْجُرْ ﴿٥﴾ وَلَا
تَمْنُن تَسْتَكْثِرُ ﴿٦﴾ وَلِرَبِّكَ فَٱصْبِرْ ﴿٧﴾ فَإِذَا نُقِرَ فِى ٱلنَّاقُورِ ﴿٨﴾ فَذَٰلِكَ يَوْمَئِذٍ يَوْمٌ عَسِيرٌ ﴿٩﴾ عَلَى
ٱلْكَٰفِرِينَ غَيْرُ يَسِيرٍ ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)***[1]***. تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر***[2]***. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا***[3]***. كىيىمىڭنى پاك تۇت***[4]***. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول***[5]***. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما)***[6]***. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل***[7]***. سۇر چېلىنغان ۋاقىت ــ ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر***[8 - 9]***. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر***[10]***.***

## ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ نازىل بولغان ئايەتلەر توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيى توختاپ قالغان مۇددەت ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىركۈنى مەن كېتىۋېتىپ توساتتىنلا ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ھىراغارىدا يېنىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىغا بىر كەلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم. ھۇشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئۆيۈمگە كېلىپ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿ئى **(ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن كېيىن ۋەھيي ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي نازىل بولدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ھىراغارىدا يېنىمغا كەلگەن پەرىشتە" دېگەن سۆزى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋەھيي نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىستە كۆرسىتىلگەن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ اللە تائالانىڭ ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى

www.munber.org

لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ـ ھىراغارىغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل ۋەھيي توختىدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم ۋەھيى ئېلىپ چۈشتى.

ئىمام ئەھمەد، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاندىن بىر مەزگىل ۋەھيي توختاپ قالدى. بىر كۈنى مەن كېتىۋېتىپ تۇساتتىنلا ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ھىراغارىدا يېنىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىغا بىر كەلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم. ھۇشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئۆيۈمگە كېلىپ: مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿**ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن كېيىن ۋەھيي ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي نازىل بولدى».

ئىمام تەبەرانىي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە قۇرەيشلەرنى تاماق ئېتىپ چاقىردى. ئۇلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ۋەلىد ئۇلارغا: مۇھەممەد ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: ئۇ سېھىرگەردۇر، دېدى. بەزىلىرى: ئۇ كاھىن ئەمەس، دېدى. بەزىلىرى: ئۇ شائىردۇر، دېدى. بەزىلىرى: ئۇ شائىر ئەمەس، دېدى. بەزىلىرى: بەلكى، ئۇنىڭ دەۋاتقىنى ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، دېدى. ئۇلار پىكرىنى ئۇ ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، دېگەن پىكرگە يىغدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە بېشىنى يۆگەپ چۈمكىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: ﴿**ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما). پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل**﴾ دېگەن ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى.

﴿**تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر**﴾ يەنى بېلىڭنى باغلاپ، ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغىن. ﴿**پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا**﴾ ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ﴿**كىيىمىڭنى پاك تۇت**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى كىيگەن كىيىمىڭ ھالال كەسىپتىن بولماي قالمىسۇن.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: كىيىمىڭنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاك تۇتقىن. ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار پاكىز يۇرمەيتتى. شۇڭا الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پاكىز يۇرۇشكە، كىيىملىرىنى پاك تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ئىبنى جەرىر بۇ قاراشقا قوشۇلغان.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ﴿**كىيىمىڭنى پاك تۇت**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قەلبىڭنى ۋە نىيىتىڭنى پاك تۇتقىن. مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى ۋە ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ئەخلاقلىق بولغىن.

---

[1] سۈرە ئەلەق 1 ـــ 5 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

**﴿ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇتلاردىن يىراق تۇرغىن. مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە، زۆھرى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! الله غا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾[1] ﴿مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى﴾[2].

**﴿كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما)﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىراۋغا كۆپ نەرسە قايتۇرۇپ ئېلىش مەقسىتىدە نەرسە بەرمىگىن. خەسىف مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ياخشىلىقنى كۆپ قىلىمەن دەپ ئاجىزلاپ كەتمىگىن دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. ئىبراھىم نەخەئى مۇنداق دەيدۇ: غالىب ۋە بۈيۈك الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بەرگەن نەرسەڭنىڭ ساۋابىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكىن.

## قىيامەت كۈننى ئەسلىتىش توغرىسىدا

**﴿سۈر چېلىنغان ۋاقىت ـ ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر﴾** بۇ ئايەتلەر ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: چېلىنىدىغان بۇ سۈر مۈڭگۈزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سۈر چالغۇچى مۈڭگۈزنى ئاغزىغا قويغان، سۈر چېلىشقا قاچان بۇيرۇلارمەن دەپ كۈتۈپ پىشانىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ نېمەتتىن بەھۇزۇر بەھرىمەن بولالايمەن؟». بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزگە الله كۇپايىدۇر، الله نېمە دېگەن ياخشى ھامىي، بىز الله تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلىمىز، دەڭلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر، كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار بۇ قىيىن كۈندۇر دەيدۇ﴾[3] ئىمام ھاكىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بەسرە شەھىرىنىڭ قازىسى زۇرارە ئىبنى ئەۋفي جامائەت بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ نامازدا بۇ سۈرىنى ئوقۇدى. ئۇ الله تائالانىڭ **﴿سۈر چېلىنغان ۋاقىت ـ ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر﴾** دېگەن ئايەتلىرىگە يېتىپ كەلگەندە قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاندىن ئۆلگەن ھالدا يىقىلىپ چۈشتى. الله تائالا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلسۇن!

* * * * * * *

[1] سۈرە ئەھزاب 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەمەر 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ذَرۡنِي وَمَنۡ خَلَقۡتُ وَحِيدٗا ﴿١١﴾ وَجَعَلۡتُ لَهُۥ مَالٗا مَّمۡدُودٗا ﴿١٢﴾ وَبَنِينَ شُهُودٗا ﴿١٣﴾ وَمَهَّدتُّ لَهُۥ
تَمۡهِيدٗا ﴿١٤﴾ ثُمَّ يَطۡمَعُ أَنۡ أَزِيدَ ﴿١٥﴾ كَلَّآۖ إِنَّهُۥ كَانَ لِأٓيَٰتِنَا عَنِيدٗا ﴿١٦﴾ سَأُرۡهِقُهُۥ صَعُودًا ﴿١٧﴾ إِنَّهُۥ
فَكَّرَ وَقَدَّرَ ﴿١٨﴾ فَقُتِلَ كَيۡفَ قَدَّرَ ﴿١٩﴾ ثُمَّ قُتِلَ كَيۡفَ قَدَّرَ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ نَظَرَ ﴿٢١﴾ ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ
أَدۡبَرَ وَٱسۡتَكۡبَرَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ يُؤۡثَرُ ﴿٢٤﴾ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا قَوۡلُ ٱلۡبَشَرِ ﴿٢٥﴾ سَأُصۡلِيهِ سَقَرَ ﴿٢٦﴾
وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا سَقَرُ ﴿٢٧﴾ لَا تُبۡقِي وَلَا تَذَرُ ﴿٢٨﴾ لَوَّاحَةٞ لِّلۡبَشَرِ ﴿٢٩﴾ عَلَيۡهَا تِسۡعَةَ عَشَرَ ﴿٣٠﴾

*(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنها ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت[11]. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم[12]. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم[13]. ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈردۈم[14]. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ[15]. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى[16]. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن[17]. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى[18]. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى[19]. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى[20]. ئاندىن ئۇ قارىدى[21]. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى[22]. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى[23]. «بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى[24 - 25]. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن[26]. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[27]. ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)[28]. ئۇ (چوڭقۇرلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ[29]. ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر[30].*

## قۇرئان سېھىردۇر دېگەن ئادەمنى قورقۇتۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە دېگەن بۇ مەلئۇننى قاتتىق قورقۇتىدۇ. چۈنكى، الله ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى بەرسە، ئۇ الله تائالانىڭ نېمەتلىرىگە كاپىر بولدى. ئۇنى كۇفرىغا تېگىشىپ، ئۇ نېمەتنىڭ بەدىلىگە الله نىڭ ئايەتلىرىگە تاندى. بۇ ئايەتلەر ھەققىدە بوھتانلارنى توقۇدى ۋە ئۇنى ئىنساننىڭ سۆزى دەپ دەۋا قىلدى.

الله ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنها ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت**﴾ يەنى ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يالغۇز ھالدا، پۇل - مالسىز ۋە بالىسىز چىقتى. ئاندىن الله ئۇنىڭغا ﴿**نۇرغۇن مال**﴾ رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇنىڭغا ﴿**كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى**﴾ يەنى داۋاملىق ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولىدىغان، تىجارەت ئىشلىرى بىلەنمۇ سەپەر قىلىپ كېتىپ قالمايدىغان ئوغۇللارنى بەردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى (ئۇلارنىڭ ئورنىدا) ئۇلارنىڭ قۇللىرى ۋە ئىجارىگە سالغان ئادەملىرى قىلاتتى. ئوغۇللىرى بولسا ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئاتىسى بولسا ئوغۇللىرىدىن سۆيۈنەتتى ۋە ھۇزۇر ئالاتتى.

سۇددى ئەبۇمالىك ۋە ئاسىم ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار 13 ئوغۇل ئىكەن. ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار 10 ئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىدا

www.munber.org

بولۇشى ـ مانا بۇ مۇكەممەل نېمەتتۇر. ﴿**ئۇنىڭ ئابروينى ئۆستۈردۈم**﴾ يەنى ئۇنى تۈرلۈك مال ـ مۈلككە، ئۆي جاھازلىرىغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىگە قىلدىم.

﴿**ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى**﴾ يەنى بىلىپ تۇرۇپ بىزنىڭ نېمەتلىرىمىزگە كۇپرىلىق قىلدى. ﴿**ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن**﴾ قەتادە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەھەننەمدە بىر قورام تاش بولۇپ كاپىر ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدە يۈزىچە قىلىپ سۆرىلىدۇ. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: جەھەننەمدە سىلىق قۇرام تاش بولۇپ، كاپىر ئۇ تاشقا چىقىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بېرىلمەستىن ئازاب قىلىنىدۇ.

﴿**ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى**﴾ يەنى ئۇ ئىماندىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى يېقىنلاشتۇرىمىز. چۈنكى ئۇ قۇرئان ھەققىدە سورۇلۇپ قالسا، قۇرئان ھەققىدە نېمە دەيدىغانلىقىنى ئويلىدى ۋە قانداق بوھتانلارنى توقۇپ چىقىشنى پىلانلىدى.

﴿**لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى**﴾ بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان بەتدۇئادۇر. ﴿**ئاندىن ئۇ قارىدى**﴾ يەنى ئويى ـ پىكىرلىرىگە ۋە پىلانلىرىغا قايتا قاراپ چىقتى ﴿**ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى**﴾. يەنى قاپىقىنى تۈردى ۋە چىرايىنى قاتتىق پۈرۈشتۈردى.

﴿**ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى**﴾ يەنى ئۇ ھەقتىن يۈز ئۆرۈدى، قۇرئانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان ھالدا ئارقىغا داجىدى. ﴿**«بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر**﴾ يەنى بۇ بىر سېھىر، بولۇپ مۇھەممەد ئۇنى ئۆزىدىن بۇرۇنقىلاردىن نەقىل قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ھېكايە قىلىپ سۆزلەيدۇ.

بۇ لەنىتى ھەققىدە ئەۋفىي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە، ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن قۇرئان ھەققىدە سورايدۇ. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا چىقىپ: مۇھەممەد ئاجايىپ سۆزلەرنى قىلىدىكەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى شېئىر ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، مۇھەممەدتە مەجنۇنلۇق يوق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ سۆزى ئەلۋەتتە الله نىڭ سۆزىدۇر، دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بىر قانچە نەپەر قۇرەيشلەر مەسلىھەتلىشىپ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ۋەلىد دىنىنى ئۆزگەرتسە، ئەلۋەتتە، قۇرەيشلەرمۇ دىنىنى ئۆزگەرتىدۇ، دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇجەھل ئىبنى ھىشام: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئەنسىرەپ كەتمەڭلار، ۋەلىدنىڭ ئىشىنى ئۆزەم توغرىلايمەن، دېدى. ئاندىن ئۇ ۋەلىدنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە، ئۇنىڭغا: قەۋمىڭگە قارىمامسەن، ئۇلار ساڭا بېرىش ئۈچۈن سەدىقە توپلاپتۇ دېدى. ۋەلىد: مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ۋە بالىلىرىم ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئەبۇجەھل ئۇنىڭغا: ئۇلارنىڭ سۆزلەپ يۈرۈشىچە، سەن ھەقىقەتەن ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ تامىقىنى تەمە قىلىپ كىرىپسەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ قېشىغا ھەرگىز يېقىن بولمايمەن، مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ﴿(ئى

www.munber.org

**مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈردۈم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى. «بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)﴾** دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئېيتىشلارغا قارىغاندا ۋەلىد: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن مۇھەممەدنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە قاراپ چىقتىم، ئۇنىڭ سۆزى شېئىرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن تاتلىقتۇر، چىرايلىق ۋە گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ سۆزى ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا سۆزلەر ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ سېھىر ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايمەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿**لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى**﴾ يەنى ئۇ قاپىقىنى تۈردى ۋە چىرايىنى قاتتىق پۈرۈشتۈردى.

﴿**ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن**﴾ يەنى مەن ئۇنى سەقەر دېگەن دوزاخقا چۆمدۈرىمەن ﴿**سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟**﴾ بۇ ئايەت سەقەر دېگەن دوزاخنىڭ ئوتىدىن قورقۇتۇش ۋە ئۇنى چوچۇتۇش ئۈچۈن كەلگەندۇر. ئاندىن اللہ تائالا ئۇنى تۆۋەندىكى ئايىتىدە ئوچۇقلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى، پەيلىرىنى ۋە تېرىلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ئازابتا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار ئۆلمەيدۇ ۋە راھەت ياشىيالمايدۇ. بۇ ئايەتنى ئىبنى بۇرەيدە، ئەبۇسىنان ۋە باشقىلار مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.

﴿**ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئوت ئىنسانلارنىڭ تېرىلىرىنى قاتتىق كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئوت ئىنساننىڭ چىرايلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ﴿**ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر**﴾ يەنى ئۇ دوزاخقا ناھايىتى چوڭ ۋە قاتتىق قوپال زەبانىلار مەسئۇلدۇر.

* * * * * * *

وَمَا جَعَلْنَآ أَصْحَٰبَ ٱلنَّارِ إِلَّا مَلَٰٓئِكَةً ۙ وَمَا جَعَلْنَا عِدَّتَهُمْ إِلَّا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِيَسْتَيْقِنَ
ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ وَيَزْدَادَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِيمَٰنًا ۙ وَلَا يَرْتَابَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۙ
وَلِيَقُولَ ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَٱلْكَٰفِرُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا ۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ
وَيَهْدِى مَن يَشَآءُ ۚ وَمَا يَعْلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا هُوَ ۚ وَمَا هِىَ إِلَّا ذِكْرَىٰ لِلْبَشَرِ ﴿٣١﴾ كَلَّا وَٱلْقَمَرِ ﴿٣٢﴾

www.munber.org

وَٱلَّيۡلِ إِذۡ أَدۡبَرَ ﴿٣٣﴾ وَٱلصُّبۡحِ إِذَآ أَسۡفَرَ ﴿٣٤﴾ إِنَّهَا لَإِحۡدَى ٱلۡكُبَرِ ﴿٣٥﴾ نَذِيرًا لِّلۡبَشَرِ ﴿٣٦﴾ لِمَن شَآءَ
مِنكُمۡ أَن يَتَقَدَّمَ أَوۡ يَتَأَخَّرَ ﴿٣٧﴾

*بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق، تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدىكى بۇ ساننى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتقاي، مۆمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي، ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)، كاپىرلار: «بۇ مىسالدىن اللە نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ» دەيدۇ، اللە مۇشۇنداق خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ، (يەنى اللە بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر*﴿31﴾*. ياق (يەنى ئۇ مەسخىرە قىلغۇچىلار قەبىھ قىلمىشىدىن يانسۇن)، ئاي بىلەن قەسەمكى*﴿32﴾*. ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى*﴿33﴾*. يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەمكى*﴿34﴾*. شۈبھىسىزكى، دوزاخ بالالاردىن بىرىدۇر (ئۇنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا چىنپۈتمەيسىلەر؟)*﴿35﴾*. ئۇ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر*﴿36﴾*. سىلەردىن (جەننەتكە ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر*﴿37﴾*.

## جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ سانى ۋە بۇ ھەقتە كاپىرلارنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىسىدا

**﴿بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق﴾** يەنى دوزاخنى باشقۇرغۇچىلارنى رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەردىن قىلدۇق. بۇ ئايەت قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر. چۈنكى، دوزاخنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ سانى بايان قىلىنغان چاغدا ئەبۇجەھل: ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەردىن 10 ئادەم دوزاخنى باشقۇرغۇچىلاردىن بىرسىگە تەڭ كېلەلمەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنى يېڭىسىلەر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە مۇنداق دېدى: **﴿بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق﴾** يەنى قاتتىق قول پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇلار يېڭىلمەستۇر.

ئېيتىلىشىچە، كەلدە ئىبنى ئۇسەيد ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ: ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر دوزاخنى باشقۇرغۇچىلاردىن ئىككىسىگە تېتىڭلار، قالغان 17 سىگە مەن ئۆزەم تېتىيمەن، دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولۇپ زامانداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كالا تېرىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىكەن، 10 ئادەم بىر بولۇپ تېرىنى ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرىۋالماقچى بولۇپ تارتىدىكەن، تېرە يىرتىلىپ كېتىدىكەن، لېكىن ئۇنى ئورنىدىن مىدىرلىتالمايدىكەن.

**﴿بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق﴾** يەنى بىز پەقەت ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن دوزاخنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى 19 دەپ بايان قىلدۇق. **﴿تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدىكى بۇ سانىنى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتقاي﴾**

www.munber.org

يەنى ئۇلار بۇ پەيغەمبەرنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلگەي، چۈنكى ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدا بار بولغان ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا ئۇيغۇن سۆزلەيدۇ.

**﴿مۆمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي، ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)، كاپىرلار: «بۇ مىسالدىن الله نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار بۇ مىسالنى بايان قىلىشتىكى ھېكمەت نېمە؟ دەيدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله مۇشۇنداق خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾** يەنى بۇ مىسالدىن ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللاردىن بەزى ئادەملەرنىڭ دىللىرىدىكى ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە يەنە بەزىلەرنىڭ دىللىرىدىكى ئىمان بولسا تەۋرەپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ يېتەرلىك ھېكمىتى ۋە كەسكىن دەلىل - پاكىتى ﷲ غا خاستۇر.

## ﷲ تائالانىڭ قوشۇننى پەقەت ﷲ تائالانىڭ ئۆزىلا بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇننى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ﴾** يەنى ھەرقانداق گۇمانى قاراش بىلەن قارايدىغانلار ﷲ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ سانىنى پەقەت 19 دەپ خاتا ئويلاپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ سانىنى ۋە كۆپلۈكىنى پەقەت ﷲ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئىسرا ھەققىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندىكى بەيتۇلمەئمۇرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئۆيگە كۈندە 70 مىڭ پەرىشتە ئىبادەت قىلغىلى كىرىدىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ئۇ ئۆيگە كىرىشكە نۆۋەت تەگمەيدىكەن».

**﴿بۇ، (يەنى الله بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر. ياق (يەنى ئۇ مەسخىرە قىلغۇچىلار قەبىھ قىلمىشىدىن يانسۇن)، ئاي بىلەن قەسەمكى. ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى، شۈبھىسىزكى، دوزاخ بالالاردىن بىرىدۇر (ئۇنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا چىنپۈتمەيسىلەر؟)﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: يەنى سۈپەتلەنگەن ئۇ دوزاخ بالالارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر.

**﴿ئۇ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. سىلەردىن (جەننەتكە) ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى دوزاخ ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلىشنى، ھەقىقەتكە تەرەپكە ھىدايەت تېپىشنى ياكى دوزاختىن چېكىنىپ، ئۇنىڭغا ئارقىنى قىلىپ دوزاختىن يۈز ئۆرۈشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

* * * * * * *

كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ﴿٣٨﴾ إِلَّآ أَصْحَٰبَ ٱلْيَمِينِ ﴿٣٩﴾ فِى جَنَّٰتٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٤٠﴾ عَنِ
ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٤١﴾ مَا سَلَكَكُمْ فِى سَقَرَ ﴿٤٢﴾ قَالُوا۟ لَمْ نَكُ مِنَ ٱلْمُصَلِّينَ ﴿٤٣﴾ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ
ٱلْمِسْكِينَ ﴿٤٤﴾ وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ ٱلْخَآئِضِينَ ﴿٤٥﴾ وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٤٦﴾ حَتَّىٰٓ أَتَىٰنَا ٱلْيَقِينُ
﴿٤٧﴾ فَمَا تَنفَعُهُمْ شَفَٰعَةُ ٱلشَّٰفِعِينَ ﴿٤٨﴾ فَمَا لَهُمْ عَنِ ٱلتَّذْكِرَةِ مُعْرِضِينَ ﴿٤٩﴾ كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُّسْتَنفِرَةٌ

www.munber.org

﴿٥٠﴾ فَرَّتۡ مِن قَسۡوَرَةِۭ ﴿٥١﴾ بَلۡ يُرِيدُ كُلُّ ٱمۡرِيٍٕ مِّنۡهُمۡ أَن يُؤۡتَىٰ صُحُفٗا مُّنَشَّرَةٗ ﴿٥٢﴾ كَلَّاۖ بَل لَّا
يَخَافُونَ ٱلۡأٓخِرَةَ ﴿٥٣﴾ كَلَّآ إِنَّهُۥ تَذۡكِرَةٞ ﴿٥٤﴾ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ﴿٥٥﴾ وَمَا يَذۡكُرُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ
ٱللَّهُۚ هُوَ أَهۡلُ ٱلتَّقۡوَىٰ وَأَهۡلُ ٱلۡمَغۡفِرَةِ ﴿٥٦﴾

*ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر[38]. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا[39]. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نىمە؟» دەپ سورايدۇ[40 - 42]. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق[43]. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق[44]. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق[45]. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق[46]. تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)»[47]. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)[48]. ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدۇ[49]. گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەردەك قاچىدۇ)[50 - 51]. بەلكى ئۇلاردىن ھەر كىشى ئۆزىگە ئوچۇق سەھىپىلەر بېرىلىشىنى خالايدۇ (يەنى ئۇلار اللەنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابىدەك كىتاب نازىل قىلىنىشىنى تەمە قىلىدۇ)[52]. ياق (يەنى ئۇلار مۇنداق تەمەدىن يانسۇن). بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىن) قورقمايدۇ[53]. ياق، مۇقەررەركى، ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز - نەسىھەتتۇر (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار بولۇشىنى كۆزلەيدىغان بولسا، قۇرئان ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر)[54]. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ[55]. ئۇلار پەقەت الله خالىسا، ئاندىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ، الله (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر[56].*

## جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان سۆھبەت توغرىسىدا

﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر﴾ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلىدۇ.

﴿پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نىمە؟» دەپ سورايدۇ﴾ يەنى جەننەت ئەھلى جەننەتنىڭ ئېسىل كۆرپىلىرىدە تۇرۇپ، دوزاخنىڭ قەئرىدە تۇرغان گۇناھكارلاردىن ﴿سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نىمە؟﴾ دەپ سورايدۇ.

﴿ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق﴾ يەنى بىز پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلمىدۇق. بىزنىڭ تېپىمىزدىن بولغان الله نىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلمىدۇق.

www.munber.org

**﴿بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق﴾** يەنى بىز ئۆزىمىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلەرمەنلىك قىلىپ سۆزلەپ يۈرەتتۇق. قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق بىر ئازغۇن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ ئازسا، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئازاتتۇق.

**﴿قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق. تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)»﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[1] ئىمام بەيھەقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارى تەرەپتىن ئۆلۈم كەلدى».

**﴿شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾** يەنى كىمكى مەزكۇر سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى شاپائەت قىلىنىشقا ئورنى بار ئادەم بولسا، ئاندىن پايدا بېرىدۇ. بىراق كىمكى اللە نىڭ ئالدىغا كاپىر ھالەتتە كېلىدىكەن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

## كاپىرلارنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقكە تۈتقان پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

**﴿ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾** يەنى سېنىڭ ئەتراپىڭدىكى ئەنە شۇ كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن؟ سەن ئۇلارنى ھەقكە دەۋەت قىلساڭ ۋە ئۇلارغا ھەقنى ئەسلەتسەڭ، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

**﴿گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەردەك قاچىدۇ)﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەقتىن قېچىشتا ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتە، گويا ئۇۋ ئوۋلىماقچى بولغان يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەككە ئوخشايدۇ.

**﴿بەلكى ئۇلاردىن ھەر كىشى ئۆزىگە ئوچۇق سەھىپىلەر بېرىلىشىنى خالايدۇ (يەنى ئۇلار اللەنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابىدەك كىتاب نازىل قىلىنىشىنى تەمە قىلىدۇ)﴾** مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ مۇشرىكلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خۇددى اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتاب نازىل قىلىنىشىنى خالايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا، (ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگىچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ. اللە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾[2] قەتادە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ياخشى ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىسپات بېرىلىشىنى خالايدۇ.

[1] سۈرە ھىجر 99 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿ياق (يەنى ئۇلار مۇنداق تەمەدىن يانسۇن). بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىن) قورقمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتماسلىقى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشى ھالاك قىلدى.

## قۇرئاننىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿ياق، مۇقەررەركى، ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار بولۇشىنى كۆزلەيدىغان بولسا، قۇرئان ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر). خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار پەقەت اللە خالىسا، ئاندىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت اللە خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش اللەنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر). اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

﴿اللە (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللە بەندىلىرىنىڭ قورقۇشىغا تېگىشلىك زاتتۇر. اللە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان ۋە اللە تەرەپكە قايتقان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇددەسسىرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

---

[1] سۈرە ئىنسان 30 ـ ئايەت.

مەككىدە نازىل بولغان　　سۈرە قىيامەت　　56 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

لَآ أُقۡسِمُ بِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ ﴿١﴾ وَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلنَّفۡسِ ٱللَّوَّامَةِ ﴿٢﴾ أَيَحۡسَبُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَلَّن نَّجۡمَعَ
عِظَامَهُۥ ﴿٣﴾ بَلَىٰ قَٰدِرِينَ عَلَىٰٓ أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُۥ ﴿٤﴾ بَلۡ يُرِيدُ ٱلۡإِنسَٰنُ لِيَفۡجُرَ أَمَامَهُۥ ﴿٥﴾ يَسۡـَٔلُ
أَيَّانَ يَوۡمُ ٱلۡقِيَٰمَةِ ﴿٦﴾ فَإِذَا بَرِقَ ٱلۡبَصَرُ ﴿٧﴾ وَخَسَفَ ٱلۡقَمَرُ ﴿٨﴾ وَجُمِعَ ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ ﴿٩﴾ يَقُولُ
ٱلۡإِنسَٰنُ يَوۡمَئِذٍ أَيۡنَ ٱلۡمَفَرُّ ﴿١٠﴾ كَلَّا لَا وَزَرَ ﴿١١﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡمُسۡتَقَرُّ ﴿١٢﴾ يُنَبَّؤُاْ ٱلۡإِنسَٰنُ يَوۡمَئِذِۢ
بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ ﴿١٣﴾ بَلِ ٱلۡإِنسَٰنُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ بَصِيرَةٞ ﴿١٤﴾ وَلَوۡ أَلۡقَىٰ مَعَاذِيرَهُۥ ﴿١٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى[1]. ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ)[2]. ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟[3]. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز[4]. بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ[5]. ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ» دەپ سورايدۇ[6]. كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە : «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ[7 - 10]. ياق، (الله نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر[11]. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر[12]. بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن،كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ[13]. بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا ) ئۆزى گۇۋاھتۇر[14]. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)[15].*

www.munber.org

## قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلىش ۋە ھىيلە قىلغۇچىلارنىڭ ھىيلىسىگە بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اللە تائالانىڭ بۇ يەردە قەسەم قىلىش بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولغان نەرسىسى قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتۇر ۋە (قىيامەت كۈنى) تەن قايتا تىرىلمەيدۇ دەيدىغان نادان بەندىلەرگە رەددىيە بېرىشتۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ)**﴾ قەتادە: اللە تائالا قىيامەت كۈنى ۋە ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلەن قەسەم قىلدى، دېدى. ئىبنى ئابباس ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيرىلەرمۇ شۇنداق دېدى.

قىيامەت كۈنىغۇ ھەممىگە تونۇشلۇق. ئەمما (ئايەتتىكى) ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسنىڭ قانداق نەپسى ئىكەنلىكىدە (تۆۋەندە ئالىملارنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرى بار):

قۇررە ئىبنى خالىد ھەسەن بەسرىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەك شۈبھىسىزكى، مەن مۆمىن كىشىنى: مەن بۇ سۆزۈم بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلدىم، مەن بۇ بىر قېتىملىق تامىقىم بىلەن نېمىنى كۆزلىدىم ۋە بۇ ئويۇم بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلدىم دەپ ئۆزىگە ئۆزى مالامەت قىلغۇچى كۆرىمەن ۋە ئەمما يامان ئادەمنى بولسا ئۆزىگە مالامەت قىلماستىنلا، قەدەممۇ قەدەم ئالدىغا ماڭغانلىقىنى كۆرىمەن، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى جەرىر سەئىد ئىبنى جۇبەيرىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (ئۇ نەپسىدىن) ياخشىلىقتا ۋە يامانلىقتا مالامەت قىلغۇچى نەپسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىكرىمەدىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇنۇجەيھ مۇجاھىدنىڭ: (ئۇ نەپسىدىن ياخشى ئىشلارنى) قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان ۋە مالامەت قىلىدىغان نەپسى مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟**﴾ يەنى ئىنسان بىزنى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئۇيەر - بۇيەردىن توپلاپ ئۆز ئەسلىگە قايتۇرالمايدۇ دەپ، گۇمان قىلامدۇ؟ ﴿**ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز**﴾ يەنى ئۇنداق ئەمەس، بىز ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى ھەتتا بارماقلىرىغا قەدەر (چېچىلىپ كەتكەن يەرلەردىن) يىغىپ توپلايمىز. بىزنىڭ قۇدرىتىمىز سۆڭەكلەرنى توپلاشقا يېتىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق ئىنساننى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى تەكشى قىلغان ھالەتتە قىلىپ تىرىلدۈرىمىز.

﴿**بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ**﴾ سەئىد ئىبنى ئابباسنىڭ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئىنسان ئالدىغا قەدەممۇقەدەم مېڭىشنى كۆزلەيدۇ دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنسان ئالدىغا قارىغۇلارچە ماڭماقچى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان كاپىر مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى زەيدمۇ شۇنداق دېدى. شۇڭا اللە تائالا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ» دەپ سورايدۇ**﴾ يەنى ئۇ قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ؟ دەپ

www.munber.org

سورايدۇ. ئۇنىڭ بۇ سوئالى قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق ساناپ ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ھەقىقىي بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ سورىغان سوئالدۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى سىلەر بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازاب) قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «سىلەرگە (ئازاب ئۈچۈن) ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايسىلەر»﴾[1].

اللە تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿**كۆزلەر تورلاشقان**﴾ يەنى كۆزلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ (بۇ كۈندە ) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ﴾[2] يەنى ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ ئۇيەر بۇيەرگە قارايدۇ. لېكىن ئۇلار بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر نەرسە ئۈستىدە توختاپ تۇرمايدۇ. بەزى ئالىملار اللە تائالانىڭ: ﴿كۆزلەر تورلاشقان﴾ ئايىتىنى باشقا بىر خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇدى. بۇ خىل قىرائەتكە ئاساسەنمۇ بۇ ئايەت يەنە ئىلگىرىدىكى مەنىگە يېقىن مەنا بېرىدۇ. يەنى قىيامەت كۈنى كۆزلەر ئۇ كۈندىكى ئەھۋاللارنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە ئىشلارنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىدىن ئالاقزادە بولۇپ چەكچىيىپ ۋە تورلىشىپ كېتىدۇ.

﴿**ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد: كۈن بىلەن ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، دېدى. ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلغاندا، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا﴾[3] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

﴿**ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ**﴾ يەنى ئىنسان قىيامەت كۈنى شۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى (يەنى كۆزلەرنىڭ تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرىنىڭ ئۆچكەن ۋە كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ قېچىپ پاناھلىنىۋالىدىغان جاي قەيەردە، دەيدۇ. اللە تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿**ياق، (اللە نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر**﴾ ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە بىر تۈكۈم سەلەف ئالىملىرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: (ئۇلار اللە تائالانىڭ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. (قىلمىشىڭلار نامە ـ ئەمالىڭلارغا يېزىقلىق بولغانلىقى، ئەزايىڭلار ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغانلىقى ئۈچۈن) سىلەر (ئۇنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر﴾[4] شۇنىڭدەك اللە تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿**ياق، (اللە نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر**﴾ يەنى سىلەر ئۈچۈن سىلەر پاناھلىنىۋالىدىغان يەر يوق. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر**﴾.

[1] سۈرە سەبەئ 29 ـــ 30 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىبراھىم 43 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەكۋىر 1 ـــ 2 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە شۇرا 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ**﴾ يەنى ئىنسانغا كۆنىسى بولسۇن، يېڭىسى بولسۇن، بۇرۇنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى بولسۇن، كىچىكى بولسۇن ۋە چوڭى بولسۇن، قىلغان ھەممە قىلمىشلىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[1].

اللە تائالا شۇنىڭدەك بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)**﴾ يەنى ئىنسان قانچە ئۆزرە ئېيتسىمۇ ۋە (قىلمىشلىرىدىن) تېنىۋالسىمۇ ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھچىدۇر ۋە نېمە قىلغانلىقلىرىنى بىلگۈچىدۇر.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ﴾[2].

﴿**بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: (ئىنسانغا گۇۋاھچى بولىدىغان) ئۇنىڭ قۇلىقى، كۆزى، ئىككى قولى، ئىككى پۇتى ۋە باشقا ئەزالىرىدۇر دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھتۇر، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە قەتادە: خالىسام، اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئىنساننى ئۆزىنىڭ گۇناھىغا كۆز سالماستىن كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىگە ۋە گۇناھلىرىغا كۆز سالىدىغان كۆردۈم دەيمەن، دېدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئىنجىلدا: ئى ئىنسان! سەن كۆزۈڭدىكى (خورمىنىڭ) تۈپىدەك بىر نەرسىنى كۆرمەي تاشلاپ قويۇپ، قېرىندىشىڭنىڭ كۆزىگە قونۇپ قالغان توپىنى كۆرەمسەن دەپ يېزىلغانمىش.

﴿**ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد: ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى (قوغداپ) جېدەللەشسىمۇ، يەنە ئۇ ئۆزىگە گۇۋاھتۇر، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: ئەگەر ئۇ ئۇ كۈندە يالغان ـ ياۋداقلار بىلەن ئۆزرە ئېيتسىمۇ، ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى: ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ (ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ) دېدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! اللە بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ﴾[3] ﴿ئۇ كۈندە اللە ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك اللەغا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴾[4].

---

[1] سۈرە كەھف 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا 14 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 23 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مۇجادەلە 18 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ: بۇ ئايەتتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى (يامان ئىش قىلغان ئادەملەرنىڭ ئېيتىدىغان) ئۆزرىلىرىدۇر، سەن اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. اللە تائالا يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ھەرخىل گەپلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿بۇ كۈندە زالىملارنىڭ (ئېيتقان) ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ (تەۋبە قىلىشى يا ئىتائەت قىلىشى بىلەن) اللە نى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ﴾[1] ﴿شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ اللەغا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ﴾[2] ﴿ئۇلار (كۇفرىنى ئىختىيار قىلىپ) ئۆزلىرىگە زىيان سالغان شارائىتتا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق» (دەيدۇ). ئۇنداق ئەمەس، اللە سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾[3] ﴿ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! اللە بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ﴾[4].

* * * * * * *

لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ ﴿١٧﴾ فَإِذَا قَرَأۡنَٰهُ فَٱتَّبِعۡ
قُرۡءَانَهُۥ ﴿١٨﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا بَيَانَهُۥ ﴿١٩﴾ كَلَّا بَلۡ تُحِبُّونَ ٱلۡعَاجِلَةَ ﴿٢٠﴾ وَتَذَرُونَ ٱلۡأٓخِرَةَ ﴿٢١﴾ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ
نَّاضِرَةٌ ﴿٢٢﴾ إِلَىٰ رَبِّهَا نَاظِرَةٞ ﴿٢٣﴾ وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذِۭ بَاسِرَةٞ ﴿٢٤﴾ تَظُنُّ أَن يُفۡعَلَ بِهَا فَاقِرَةٞ ﴿٢٥﴾

*(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما﴿16﴾. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴿17﴾. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن﴿18﴾. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴿19﴾. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك يوق ئىش ئەمەس)، بەلكى سىلەر بۇ دۇنيانى دوست تۇتىسىلەر﴿20﴾. ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر﴿21﴾. بۇكۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ﴿22﴾. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴿23﴾. بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق بولىدۇ﴿24﴾. ئۆزلىرىنىڭ چوڭ مۇشكۈللۈككە دۇچار بولىدىغانلىقىغا ئۇلار جەزمەن ئىشىنىدۇ﴿25﴾.*

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى ئۆگىتىش توغرىسىدا

مانا بۇ، اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ پەرىشتىدىن ۋەھيىنى قانداق تاپشۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەنلىكىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئالدىراپ كېتەتتى ۋە ئۇنى پەرىشتە بىلەن تەڭلا ئوقۇيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى

[1] سۈرە رۇم 57 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل 28 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنئام 23 ـ ئايەت.

www.munber.org

پەرىشتە ئۇنىڭغا ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەندە، پەرىشتىگە قوشۇلۇپ ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ۋەھيىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىدا توپلاشقا، ئۇنىڭ ۋەھيىنى اللە تائالا چۈشۈرگەندەك ئادا قىلىشقا، ئۇنىڭغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىشكە ۋە ۋەھيىنى ئۇنىڭغا روشەن، ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشكە ئۆزىنىڭ كېپىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

بۇ بىر نەچچە بايقۇچ بولۇپ اللە تائالا بىرىنچى باسقۇچتا ۋەھيىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا توپلايدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا ۋەھيىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئوقۇتىدۇ ۋە ئۈچىنچى باسقۇچتا ۋەھيىنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئوچۇقلاپ بېرىدۇ.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما**﴾ يەنى قۇرئاننى (ئوقۇشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما). بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿اللە (زاتى، سۈپىتى جەھەتتە پۈتۈن مەخلۇقاتتىن) ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھتۇر، (ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋەتتىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن). «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴾[1].

﴿**ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر**﴾ يەنى ئۇنى سېنىڭ دىلىڭغا توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش (بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز). ﴿**ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)**﴾ يەنى جىبرىئىل ئۇنى ساڭا اللە تائالانىڭ نامىدىن ئوقۇپ بەرگەندە، ﴿**ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن**﴾ يەنى سەن ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىن ئاندىن ئۇنى خۇددى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندەك ئوقۇغىن.

﴿**ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر**﴾ يەنى بىز ئۇنى دىلىڭدا توپلاپ ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ مەنىسىنى بىزخالىغىنىمىز ۋە يولغا قويغىنىمىزدەك ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز ۋە روشەنلەشتۈرۈپ بېرىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنى (ياد ئېلىۋېلىشنىڭ) قاتتىق ئاماللىنى قىلىپ ئىككى كالپۇكۇنى مىدىرلىتىپ كېتەتتى. (ئىبنى ئابباستىن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى كىشى) ئىبنى ئابباس ماڭا: مەنمۇ ئىككى كالپۇكۇمنى خۇددى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى كالپۇكىنى مىدىرلاتقاندەك مىدىرلىتىمەن، دېدى. سەئىد ماڭا: مەنمۇ ئىككى كالپۇكۇمنى خۇددى ئىبنى ئابباس ئىككى كالپۇكۇنى مىدىرلاتقاندەك مىدىرلىتىمەن، دېدى. (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كالپۇكۇنى مىدىرلاتقانلىقى ئۈچۈن) اللە تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن**﴾ يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىن ۋە شۈك تۇرغىن. ﴿**ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر**﴾ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام (ۋەھيىنى ئوقۇپ بەرگەندە ئۇنى تىڭشاپ تۇرۇپ) ئۇ كەتكەندە ئۇنى خۇددى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ بەرگەندەك ئوقۇيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى. لېكىن بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت

---

[1] سۈرە تاھا 114 - ئايەت.

www.munber.org

قىلدى: جىبرىئىل پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بېشىنى ئېگىپ گەپ قىلماي شۈك تۇراتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن ۋەھيىنى خۇددى الله تائالا ۋەدە قىلغاندەك ئوقۇيتتى.

## قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ياشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك يوق ئىش ئەمەس)، بەلكى سىلەر بۇ دۇنيانى دوست تۇتىسىلەر. ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈننى، الله تائالا پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ھەق ۋەھيىنى ۋە كاتتا قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىغا ئۇلارغا سەۋەبچى بولغان نەرسە بولسا، ئۇلارنىڭ پەقەت مۇشۇ دۇنياغىلا كۆڭۈل بېرىپ كېتىشى ۋە ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكىدۇر.

## ئاخىرەتتە الله تائالانى كۆرۈش توغرىسىدا

﴿بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى چىرايلىق، گۈزەل، نۇرلۇق بولۇپ، خۇشاللىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ﴿(ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار پەرۋەردىگارىنى ئاشكارا كۆرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلارنى ئاشكارا كۆرىسىلەر». مۆمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە غالىب ۋە بۈيۈك الله نى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسشۇناس ئىماملار رەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن سەھىھ ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. تۆۋەندىكى ھەدىس شۇلاردىن بىرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇسەئىد ۋە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى بىز پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەلەيمىزمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلۇتسىز ئاسماندا سىلەرنىڭ كۈن بىلەن ئاينى كۆرۈشۈڭلارغا بىرەر نەرسە توسالغۇ بولامدۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى ئەنە شۇنداق توسالغۇسىز ھالەتتە كۆرىسىلەر» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، جەرىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تولۇن ئاي كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايغا قاراپ تۇرۇپ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى خۇددى بۇ ئاينى كۆرۈپ تۇرغاندەك كۆرىسىلەر، بامدات نامىزى بىلەن دىگەر نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا قادىر بولالىساڭلار، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇڭلار» دېدى.

ئىمام مۇسلىم سۇھەيبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە، الله تائالا ئۇلارغا: سىلەرگە زىيادە نەرسە بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: بىزنىڭ يۈزلىرىمىزنى ئاق قىلمىدىڭمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوزاختىن قۇتۇلدۇرمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۆزىنىڭ زاتى پەردىلەنگەن پەردىنى ئاچىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىغا قاراشتىن ياخشىراق ھېچ نەرسە بېرىلگەن ئەمەس، مانا بۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن زىيادە

www.munber.org

نەرسىدۇر » ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللا نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴾[1] دېدى.

ئىمام مۇسلىم، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللا مۆمىنلەرگە كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدۇ ». يەنى ئاللا مۆمىنلەرگە ئۆزىنىڭ جامالىنى قىيامەت مەيدانىدا كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەدىسلەر مۆمىنلەرنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىنى قىيامەت مەيدانىدا ۋە جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر سۆزىمىزنىڭ ئۇزۇراپ كېتىشىدىن قورقمايدىغان بولساق، بۇ ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى تولۇق تېكىستلەر بىلەن كەلتۈرەتتۇق. لېكىن بۇ تەپسىرنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرىدا بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىر بۆلۈمىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رىۋايەت قىلدۇق. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئاللا تائالاغا خاستۇر. ئاللا غا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، قىيامەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئاللا نىڭ جامالىنى كۆرۈش مەسىلىسىگە ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە سەلەپ ئۆلىمالىرى، شۇنداقلا ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك بىرلىككە كەلگەن.

## قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قارىداپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق بولىدۇ**﴾ مانا بۇ يۈزلەر گۇناھكارلارنىڭ يۈزلىرىدۇر. قىيامەت كۈنى بۇ يۈزلەر تۇرۇلگەن ھالەتتە بولىدۇ. سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ يۈزلەر قورقۇنچتىن تاتىرىپ كېتىدۇ.

﴿**ئۆزلىرىنىڭ چوڭ مۇشكۈللۈككە دۇچار بولىدىغانلىقىغا ئۇلار جەزمەن ئىشىنىدۇ**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقا دۇچار بولغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ. ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئاللا تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ. ﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ﴾[2] ﴿ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزاڭ بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر﴾[3] ﴿بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر. ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ. (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى بەد ـ بۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ. زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ. بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمەت بىلەن خۇشالدۇر. بۇ دۇنيادا قىلغان (سەئيى ـ ئەمەللىرىدىن) مەمنۇندۇر. ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر﴾[4]. بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

[1] سۈرە يۇنۇس 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەبەسە 38 ــــ 42 ـ ئايەتكىچە.
[4] سۈرە غاشىيە 2 ــــ 10 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

كَلَّا إِذَا بَلَغَتِ ٱلتَّرَاقِيَ ﴿٢٦﴾ وَقِيلَ مَنْۜ رَاقٍ ﴿٢٧﴾ وَظَنَّ أَنَّهُ ٱلۡفِرَاقُ ﴿٢٨﴾ وَٱلۡتَفَّتِ ٱلسَّاقُ
بِٱلسَّاقِ ﴿٢٩﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡمَسَاقُ ﴿٣٠﴾ فَلَا صَدَّقَ وَلَا صَلَّىٰ ﴿٣١﴾ وَلَٰكِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٣٢﴾ ثُمَّ
ذَهَبَ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ يَتَمَطَّىٰٓ ﴿٣٣﴾ أَوۡلَىٰ لَكَ فَأَوۡلَىٰ ﴿٣٤﴾ ثُمَّ أَوۡلَىٰ لَكَ فَأَوۡلَىٰٓ ﴿٣٥﴾ أَيَحۡسَبُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَن
يُتۡرَكَ سُدًى ﴿٣٦﴾ أَلَمۡ يَكُ نُطۡفَةً مِّن مَّنِيٍّ يُمۡنَىٰ ﴿٣٧﴾ ثُمَّ كَانَ عَلَقَةً فَخَلَقَ فَسَوَّىٰ ﴿٣٨﴾ فَجَعَلَ مِنۡهُ
ٱلزَّوۡجَيۡنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلۡأُنثَىٰٓ ﴿٣٩﴾ أَلَيۡسَ ذَٰلِكَ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحۡـِۧيَ ٱلۡمَوۡتَىٰ ﴿٤٠﴾

*راستلا جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، «(بۇ كېسەلگە) كىم ئىلاج قىلالايدۇ» دېيىلىدۇ[26 – 27]. (سەكراتتا ياتقان ئادەم) بۇ (دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ[28]. (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ[29]. بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر[30]. (كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى[31]. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى[32]. ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى[33]. ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا![34]. يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا![35]. ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟[36]. ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟[37]. ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن الله ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى[38]. ئۇ مەنىدىن ئەر ـ ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى[39]. ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان الله) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟[40].*

## سەكراتتا چۈشكەندە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنساننىڭ سەكراتتىكى ھالىتىدىن ۋە ئۇنى ئورىۋالغان قورقۇنچلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھالەتنى بىزگە مۇستەھكەم سۆز بىلەن ئىسپاتلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**راستلا جان ھەلقۇمغا يەتكەندە**﴾ تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى ئىككى خىل تەپسىر قىلغان، بىرى: ئى ئادەم ئەۋلادى! ساڭا بېرىلگەن قىيامەت ھەققىدىكى خەۋەرنى ئەمدى ئىنكار قىلالمايسەن. چۈنكى ئۇ كۆز ئالدىڭدا ئاشكارا ھالەتكە ئايلاندى. يەنى بىرى جان تېنىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ ھەلقۇمىڭغا يەتكەن چاغدا، ساڭا كىم ئامال قىلالايدۇ؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر. بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر). ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار، نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴾[1].

﴿«(بۇ كېسەلگە) كىم ئىلاج قىلالايدۇ» دېيىلىدۇ﴾ ئىكرىمە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇنىڭغا كىم دۇئا قىلىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالايدۇ. ئەبۇقىلابە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا قايسى دوختۇر داۋا قىلىپ شىپالىق بېرەلەيدۇ. قەتادە، زەھھاك ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 83 ـــ 87 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

**﴾(سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ﴿** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دۇنيانىڭ كۈنلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى كۈن، ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرىدىن ئەڭ دەسلەپكى كۈن يېتىپ كەلگەندە، الله رەھىم قىلغان كىشىدىن باشقا ئىنسان قاتتىقلىققا ئۇستىگە ئۇچرايدۇ.

ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ۋاقىتتا كاتتا ئىشنىڭ ئۇستىگە كاتتا ئىش يۈز بېرىدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ۋاقىتتا بالانىڭ ئۇستىگە بالا يۈز بېرىدۇ. ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن سىېنىڭ ئىككى پاچىقىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ھەسەنبەسرى يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن جان چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككى پۇت ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ. ئۇ ئىلگىرى بۇ ئىككى پۇتى بىلەن ئەتراپلارنى ئايلىنىپ يۈرەتتى.

**﴾بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴿** يەنى ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر. جان چىققاندا جان ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك الله پەرىشتىلەرگە: بەندەمنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، مەن ئۇلارنى ھەقىقەتەن زېمىندىن ياراتتىم. ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن ۋە ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمەن، دەيدۇ.

بۇ ھەقتە بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن ئۇزۇن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴾الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ،بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ.ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز الله غىلا خاستۇر، الله ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿[1].

## ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ھالىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

**﴾(كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى﴿** بۇ ئايەت كاپىرنىڭ دۇنيادىكى چاغدا ھەقنى چىن قەلبى بىلەن ئىنكار قىلغانلىقى، ھەقكە ئەمەل قىلىشتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈز ئۆرۈگەنلىكى، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ ۋە تېشىدىمۇ ھېچقانداق ياخشىلىقنىڭ يوقلۇقىنى خەۋەر بېرىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴾(كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى. ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى﴿** يەنى ئۇ ھەددىدىن ئاشقان، چوڭچىلىق قىلغان، خۇشاللىققا چۆمگەن، ھەقكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن ھورۇنلۇق قىلغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴾ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى﴿[2] ﴾چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد - خۇرام ئىدى. ئۇ

[1] سۈرە ئەنئام 61 ــ 62 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇتەففىفىن 31 - ئايەت.

www.munber.org

پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلدى. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)﴾[1].

**﴿ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى﴾** زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇ چوڭچىلىق قىلغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. قەتادە ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كېرىلىپ، يېيىلغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

**﴿ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!﴾** بۇ ئايەت اللە تائالاغا كاپىر بولغۇچى، كېرىلىپ ماڭغۇچى كاپىرغا اللە تائالا تەرىپىدىن قىلىنغان قاتتىق تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. يەنى سەن ياراتقۇچۇڭ اللە تائالاغا كاپىر بولۇپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق كېرىلىپ مېڭىشقا ھەقلىقمۇ سەن؟

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ﴾[2] ﴿(كۇففارلارغا) «(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) ۋاقىتلىق يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴾[3] ﴿سىلەر اللە دىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[4] ﴿خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار﴾[5] مۇنداق ئادەمگە مەسخىرە قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن يۇقىرىدىكى ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك سۆزلەر قىلىنىدۇ.

ئىمام نەسەئى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: **﴿ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!﴾** دېگەن ئايەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، دېدىم. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزلەرنى ئەبۇجەھلىگە ئېيتقان، ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك اللە بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان، دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم قەتادىنىڭ بۇ ئايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت سىلەر ئاڭلاپ تۇرغاندەك ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئۈستىگە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئېيتىلىشچە، اللە نىڭ دۈشمىنى ئەبۇجەھل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياقىسىدىن تۇتقان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ دۈشمىنى ئەبۇجەھل: ئى مۇھەممەد! سەن ماڭا تەھدىت قىلىۋاتامسەن؟ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ۋە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ماڭا ھېچ نەرسە قىلالمايسىلەر، مەن ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرگەن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ غالىب بىرىمەن، دېگەن.

## ئىنسانىنىڭ بىكار قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾** سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئىنسان ئۆزىنى قايتا تىرىلدۈرۈلمەيمەن دەپ ئويلامدۇ؟ مۇجاھىد، ئىمام شافىئىي ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد

---

[1] سۈرە ئىنشىقاق 13 — 15 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە دۇخان 49 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇرسەلات 46 - ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە فۇسسىلەت 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇ ياخشى ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇلمايمەن ۋە يامان ئىشنى قىلىشتىن توسۇلمايمەن دەپ ئويلامدۇ؟

بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەر ئىككى ھالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئىنسانغا بۇ دۇنيادىمۇ ياخشى ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇلماي، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلماي بىكار قويۇۋېتىلىدىغان ئىش يوق. قەبرىسىدىمۇ ئۇ قايتا تىرىلدۈرۈلمەي بىكار قويۇۋېتىلىدىغان ئىش يوق. بەلكى ئۇ دۇنيادا ياخشى ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. يامان ئىشنى قىلىشتىن توسۇلىدۇ. ئاخىرەتتە الله نىڭ دەرگاھىغا ھەيدەپ بېرىلىدۇ. بۇ ئايەتتىن مەقسەت، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئازغۇنلارغا، نادانلارغا ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچىلارغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭا الله تائالا ئىنساننى دەسلەپتە ياراتقانلىقىنى ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟﴾ يەنى ئىنسان دادىنىڭ ئومۇرتقىسىدىن ئانىنىڭ رەھمىگە تۆكۈلگەن ئاجىز، ئەرزىمەس مەنىي ئەمەسمىدى.

﴿ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن الله ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى﴾ يەنى ئۇ مەنىي لەختە قانغا ئايلاندى. ئاندىن ئۇ پارچە گۆشكە ئايلاندى، ئاندىن ئىنسان شەكلىگە كىردى، ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلدى، ئاندىن ئۇ الله نىڭ ئىزنى ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەزالىرى ساغلام قەددىقامەتلىك بىر ئىنسانغا ـ ئوغۇل ياكى قىزغا ئايلاندى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ مەنىيدىن ئەر ـ ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى﴾.

﴿ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان الله) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾ يەنى مۇشۇ ئاجىز مەنىيدىن مۇشۇنداق قامەتلىك ئىنساننى ياراتقان زات الله، خۇددى ئۇنى دەسلەپتە ياراتقاندەك قايتا يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ قايتا يارىتىش، دەسلەپتە يارىتىشقا سېلىشتۇرغاندا، ئەلۋەتتە، ئاسان ياكى تەڭ ھالەتتە بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1] يەنى ھەرقانداق نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم يارىتىش ئەلۋەتتە ئاساندۇر. بۇ ھەقتە سۈرە رۇمدا تەپسىلى بايان قىلىندى.

## بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ئىمام ئەبۇداۋۇد، مۇسا ئىبنى ئەبۇئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆيۈمنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ ﴿ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان الله) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندا: ئى الله سېنى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن. سەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىرسەن، دەيتتى. ئادەملەر ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە قىيامەتنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا الله تائالاغا خاستۇر.

[1] سۈرە رۇم 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## مەدىنىدە نازىل بولغان — سۈرە ئىنسان — 31 ئايەت

### سۈرە ئىنسان بىلەن سۈرە سەجدىنى جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا ئوقۇش توغرىسىدا

بىز يۇقىرىدا ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە ئىنساننى ئوقۇيتتى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

بِسْــــــــــمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

هَلْ أَتَىٰ عَلَى ٱلْإِنسَـٰنِ حِينٌ مِّنَ ٱلدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْـًٔا مَّذْكُورًا ﴿١﴾ إِنَّا خَلَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ مِن
نُّطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَّبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَـٰهُ سَمِيعًۢا بَصِيرًا ﴿٢﴾ إِنَّا هَدَيْنَـٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا ﴿٣﴾

*ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى*[1]*. شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق*[2]*. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (اللەنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر*[3].

### ﷲ تائالانىڭ ئىنساننى يوقتىن بار قىلغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا ئىنساننى ئۇ ئەرزىمەس نەرسە بولغانلىقتىن تىلغا ئېلىنمىغۇدەك نەرسە بولمىغىنىدىن كېيىن ئىنسان قىلىپ ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى**﴾ ئاندىن ئۇنى نېمىدىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىسى)دىن ياراتتۇق**﴾ يەنى مەنىينىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياراتتۇق. دەسلەپتە ئەرنىڭ سۈيى ئايالنىڭ سۈيى بىلەن ئارىلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە، بىر رەڭدىن يەنە بىر رەڭگە يۆتكىلىدۇ.

www.munber.org

ئىكرىمە، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى: ئەر بىلەن ئايالنىڭ سۈيىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن يارالغانلىقنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. ﴿ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز﴾ اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن﴾[1] ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى يارانقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ يارىتتۇق﴾ يەنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ياكى ئاسىيلىق قىلىش يولىنى ئۆزىنىڭ تاللىشى ئۈچۈن كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى بەردۇق.

## اﷲ تائالانىڭ ئىنسانىنى ھىدايەتكە باشلايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بولسا يا شۈكۈر قىلغۇچى يا تانغۇچى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق﴾ يەنى ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردۇق. ھەمدە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يولىنى ئوچۇق قىلىپ كۆرسىتىپ بەردۇق.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (يەنى گۇمراھلىقنى) ئارتۇق بىلدى﴾[2] ﴿ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[3].

﴿ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (اﷲنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى ئۇ ياخشى يولغا مېڭىپ بەختلىك بولىدۇ ياكى گۇمراھ يولدا مېڭىپ بەختسىز بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئەبۇمالىك ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر كىم ئۆز يولىدا ماڭىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئۇ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ ياكى ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ».

* * * * * * *

إِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلْكَـٰفِرِينَ سَلَـٰسِلَا۟ وَأَغْلَـٰلًا وَسَعِيرًا ﴿٤﴾ إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ يَشْرَبُونَ مِن كَأْسٍ
كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا ﴿٥﴾ عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا عِبَادُ ٱللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفْجِيرًا ﴿٦﴾ يُوفُونَ بِٱلنَّذْرِ
وَيَخَافُونَ يَوْمًا كَانَ شَرُّهُۥ مُسْتَطِيرًا ﴿٧﴾ وَيُطْعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا ﴿٨﴾
إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ ٱللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَآءً وَلَا شُكُورًا ﴿٩﴾ إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوْمًا عَبُوسًا

---

[1] سۈرە مۇلك 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەلەد 10 ـ ئايەت.

www.munber.org

قَمۡطَرِيرٗا ﴿١٠﴾ فَوَقَىٰهُمُ ٱللَّهُ شَرَّ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمِ وَلَقَّىٰهُمۡ نَضۡرَةٗ وَسُرُورٗا ﴿١١﴾ وَجَزَىٰهُم بِمَا صَبَرُواْ جَنَّةٗ
وَحَرِيرٗا ﴿١٢﴾

*شۇبھىسىزكى، بىز كاپىرلارغا (پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان) زەنجىرلەرنى، (بويۇنلىرىغا سېلىنىدىغان) تاقاقلارنى ۋە يېنىپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق﴿4﴾. ھەقىقەتەن ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ﴿5﴾. (ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئېقىتىپ بارالايدۇ﴿6﴾. ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ﴿7﴾. ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴿8﴾. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز﴿9﴾. شۇبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز»﴿10﴾. اللە ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ﴿11﴾. ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىرى ئۈچۈن اللە ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴿12﴾.*

## كاپىرلارغا جازا ۋە مۆمىنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە بەندىلىرى ئىچىدىن ھەقتىن تانغۇچى كاپىرلارغا تەييارلىغان كىشەن ـ تاقاقلارنى ۋە جەھەننەمدىكى ئوتلارنى بايان قىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾[1] اللە تائالا ئەنەشۇ بەختسىز كىشىلەرگە تەييارلانغان دوزاخنىڭ ئازابلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ﴿**ھەقىقەتەن ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ**﴾ يەنى بۇ ئايەتتىن كافۇرنىڭ ھەقىقەتەن تەنگە راھەت بېغىشلايدىغان، سوغۇق ۋە خۇش پۇراقلىق نەرسە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مۇكاپاتقا جەننەتتىكى باشقا ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. ھەسەنبەسرى: بۇ مەيدە كافۇرنىڭ تەمى بىلەن زەنجىبىلنىڭ پۇرىقى بىرلەشكەن دەيدۇ.

﴿**(ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئېقىتىپ بارالايدۇ**﴾ يەنى بۇ مەي كافۇردىن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئەنە شۇ ياخشى كىشىلەرگە تەييارلانغان بۇلاقتۇر. اللە تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى ئارىلاشتۇرۇپ ئاۋارە بولماي بىۋاستە قانغىچە ئىچىدۇ. ئۇ ﴿**بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئېقىتىپ بارالايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۇنى قەسىرلەرنىڭ، ئۆيلەرنىڭ ۋە سورۇنلارنىڭ قەيەرگە بولسۇن، خالىغان جايغا ئېقىتىپ بارالايدۇ، دەيدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دېدى: ئۇلار ئۇ بۇلاقنى قەيەرگە ئېقىتىپ ئاپىرىپ ئىچىشنى خالىسا، شۇ يەرگە ئېقىتىپ بارىدۇ. ئىكرىمە ۋە قەتادەمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلغان. سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى نەدە خالىسا، شۇ يەردە ئىچەلەيدۇ.

[1] سۈرە غافىر 71 ــ 72 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

## ياخشى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى توغرىسىدا

**﴿ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىشقا بۇيرۇلغان تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئارقىلىق اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆزلىرىگە قىلىشنى نەزىر قىلىۋالغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ. نەزىر ھەققىدە ئىمام مالىك ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى اللّٰه تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولىدا نەزىر قىلسا، ئۇ ئۇنى ئورۇندىسۇن، كىمكى اللّٰه تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى نەزىر قىلسا، ئۇ ئۇنىڭدىن يانسۇن». بۇنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئۇلار قىيامەت كۈنىدە ھېسابنىڭ قاتتىق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ اللّٰه تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى تاشلايدۇ. قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك قورقۇنچى ھەممە ئادەمگە ئومۇمىي بولۇپ، بۇنىڭدىن اللّٰه تائالا مەرھەمەت قىلغان كىشىلا ساقلىنالايدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۈننىڭ خەتىرى ئاسمان ـ زېمىننى قاپلاپ كېتىدۇ.

**﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾** مۇجاھىد ۋە مۇقاتىل بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار تاماققا شۇنداق ئېھتىياجلىق ۋە ئۇنى يېيىشكە تەقەززا بولۇپ، ئېنتىلىدىغان تۇرۇپ ئۇنى باشقىلارغا يېگۈزىدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش﴾[1] ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[2].

ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سېنىڭ تېنىڭ ساغلام، شۇنداقلا بايلىقنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا ھېرىس بولۇپ تۇرغان ۋە نامراتلىقتىن قورقۇپ تۇرغان چاغدا قىلغان سەدىقەڭدۇر». يەنى مالغا ئامراق، ھېرىسمەن ۋە ئۇنىڭغا موھتاج بولۇپ تۇرغان چېغىڭدا قىلغان سەدىقىدۇر.

**﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾** يېتىم ۋە مىسكىن توغرۇلۇق يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەسىر ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، زەھھاك قاتارلىق ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: بۇ "ئەسىر" دېگەن سۆزدىن مۇسۇلمان ئەسىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى ئابباس: ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرى مۇشرىكلاردىن ئىبارەت ئىدى، دەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى بەدرى كۈنى قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى ئىززەتلەشكە بۇيرۇدى. شۇڭا ساھابىلار تاماق يېگەندە ئالدى بىلەن ئەسىرلەرگە تاماق بەرگەن.

ئىكرىمە: بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان "ئەسىر" دېگەن سۆزدىن قۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەت مۇسۇلمان ۋە مۇشرىكلارغا ئومۇمەن قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن قۇللارمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دەپ قارىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ھەسسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلەردە قۇللارغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ۋەسىيەتلىرىدە مۇنداق دىگەن: «مەن سىلەرگە نامازغا ۋە قول ئاستىدىكى قۇللارغا كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلارنى تاپىلايمەن». مۇجاھىد: ئايەتتىكى ”ئەسىر“ دىگەن سۆزدىن مەھبۇسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دىدى.

﴿(ئۇلار ئېيتىدۇ) : سىلەرگە بىز اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز﴾ بۇ ئايەتتە دېمەكچى بولغان مەزمۇن: ئۇلار تاماقتا شۇنداق ئېھتىياجلىق تۇرۇپ: الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەسىرلەرگە تاماق بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا: بىز پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپلا سىلەرگە تاماق بېرىمىز، سىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىزگە رەھمەت ئېيتىشىڭلارنى تاما قىلمايمىز، دەيدۇ.

مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئايەتتىكى سۆزنى ئۆز تىللىرى بىلەن ئېيتمىدى. لېكىن الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى بىلگەچكە مۇشۇنداق ئىش قىلغۇچىنىڭ رىغبەتلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇنداق مەدھىيىلىدى.

﴿شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز﴾ يەنى بىز بۇ ياخشىلىقنى پەقەت الله بىزگە مەرھەمەت قىلارمىكىن، ئېغىر ۋە قاتتىق كۈندە بىزگە مېھرى - شەپقەت قىلارمىكىن، دىگەن ئۈمىد بىلەن قىلىمىز. بۇ ئايەت ھەققىدە ئىكرىمە ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنى كاپىر ئۇ كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن قوشۇمىسىنى شۇنداق تۈرىدۇكى، ئۇنىڭدىن قوغۇشۇندەك تەر ئاقىدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قەتادە: ئۇ كۈندە دەھشەتتىن چىرايلار تۈرۈلىدۇ. يەنى كاپىرلارنىڭ قوشۇمىسى ۋە پېشانىسى قاتتىق تۈرىلىدۇ.

## جەننەت ئەھلىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە نېمەتلەرنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى توغرىسىدا

﴿الله ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ﴾ بۇ ئايەتنى ھەسەنبەسرى، قەتادە، ئەبۇئالىيە ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار: ئۇلار قورققان نەرسىدىن الله ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا خۇشاللىق، كۆڭۈللىرىگە خۇرسەنلىك ئاتا قىلىدۇ. دەپ تەپسىر قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال - خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ﴾[1] بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دىل خۇرسەن بولسا، چىرايى نۇرلىنىدۇ.

كەئب ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال بولسا چىرايى نۇرلىنىپ خۇددى تولۇن ئاينىڭ بىر پارچىسىدەك بولۇپ كېتەتتى، دېيىلگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا چىرايى نۇرلانغان ھالدا خۇشال كىرىپ كەلدى، دەپ بايان قىلغان.

﴿ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەتلىرى ئۈچۈن اللە ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۇنيادا ھاۋايى - ھەۋەس ۋە شەھۋەتلىرىگە بېرىلمەي، تائەت - ئىبادەت يولىدا يەتكەن جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداپ سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن

[1] سۈرە ئەبەسە 38 ـــ 39 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى جەننەتكە جايلاشتۇردى. ئۇلارنى كەڭ، ياخشى، ئازادە ئۆيلەرگە، راھەت تۇرمۇش ۋە چىرايلىق كىيىملەرگە ئېرىشتۇردى.

* * * * * * *

مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِۖ لَا يَرَوۡنَ فِيهَا شَمۡسٗا وَلَا زَمۡهَرِيرٗا ﴿١٣﴾ وَدَانِيَةً عَلَيۡهِمۡ ظِلَٰلُهَا
وَذُلِّلَتۡ قُطُوفُهَا تَذۡلِيلٗا ﴿١٤﴾ وَيُطَافُ عَلَيۡهِم بِـَٔانِيَةٖ مِّن فِضَّةٖ وَأَكۡوَابٖ كَانَتۡ قَوَارِيرَا۠ ﴿١٥﴾ قَوَارِيرَاْ مِن
فِضَّةٖ قَدَّرُوهَا تَقۡدِيرٗا ﴿١٦﴾ وَيُسۡقَوۡنَ فِيهَا كَأۡسٗا كَانَ مِزَاجُهَا زَنجَبِيلًا ﴿١٧﴾ عَيۡنٗا فِيهَا تُسَمَّىٰ سَلۡسَبِيلٗا
﴿١٨﴾ ۞ وَيَطُوفُ عَلَيۡهِمۡ وِلۡدَٰنٞ مُّخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيۡتَهُمۡ حَسِبۡتَهُمۡ لُؤۡلُؤٗا مَّنثُورٗا ﴿١٩﴾ وَإِذَا رَأَيۡتَ ثَمَّ رَأَيۡتَ
نَعِيمٗا وَمُلۡكٗا كَبِيرًا ﴿٢٠﴾ عَٰلِيَهُمۡ ثِيَابُ سُندُسٍ خُضۡرٞ وَإِسۡتَبۡرَقٞۖ وَحُلُّوٓاْ أَسَاوِرَ مِن فِضَّةٖ وَسَقَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡ
شَرَابٗا طَهُورًا ﴿٢١﴾ إِنَّ هَٰذَا كَانَ لَكُمۡ جَزَآءٗ وَكَانَ سَعۡيُكُم مَّشۡكُورًا ﴿٢٢﴾

*ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ﴿13﴾. جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ﴿14﴾. ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئېچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ﴿15﴾. ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ﴿17﴾. جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار﴿18﴾. قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلىكى ۋە نۇرلۇقلىقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن﴿19﴾. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن﴿20﴾. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ﴿21﴾. شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى﴿22﴾.*

## جەننەتتىكى ئازادە تەختلەر ۋە سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس يېقىملىق ھاۋا توغرىسىدا

﴿ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ﴾ اللە تائالا بۇ ئايەتتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلەرنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە سۈرە سەففاتتا تەپسىلىي بايان قىلىندى. تەختلەردە زادى قايسى شەكىلدە ئولتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلارمۇ يۇقىرىدا ئايەتكە مەزمۇنداش ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

www.munber.org

بۇ تەختلەر سايىۋەنلىك تەختلەردۇر. ئۇلار ئادەمنىڭ ئىچىنى قاتتىق سىقىدىغان ئىسسىقنىمۇ ياكى توڭلىتىدىغان سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ. چۈنكى، جەننەتتە ناھايىتى يېقىملىق بىر خىل ھاۋا باردۇر، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنىمۇ خالىمايدۇ.

## دەرەخ شاخلىرىنىڭ ۋە مېۋىلىرىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ﴾** يەنى جەننەتتە دەرەخ شاخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. مېۋىلىرى بولسا قول يەتكۈدەك يەردە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا مېۋىلەرنى ئۈزمەكچى بولسا، خۇددى ئىتائەتچان ئاڭلىغۇچىدەك شاخلىرى ئېگىلىپ مېۋىلىرى ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئورنىدىن تۇرسا ئۇلارنىڭ باش تەرىپىدىكى مېۋىمۇ مەلۇم مىقداردا كۆتۈرۈلىدۇ. ئولتۇرسا پەسلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار يانپاشلاپ ياتسا، مېۋىلەر ئۇلارنىڭ قولى يەتكۈدەك مىقداردا پەسلەيدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مېۋىلەرنى ئۈزگەندە تىكەنلەر توسالغۇ بولمايدۇ ۋە مېۋىلەر قوللاردىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ.

## كۈمۈش تەخسە ۋە قەدەھلەر توغرىسىدا

**﴿ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ)﴾** يەنى خىزمەتچىلەر تاماقلارنى، يېمەكلىكلەرنى كۈمۈش تەخسىلەردە، شارابلارنى كۈمۈش قەدەھلەردە كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ. گەرچە بۇ قەدەھلەر كۈمۈشتىن بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئەينەككە ئوخشاش سۈزۈك بولغانلىقتىن ئىچىدىكى شارابلارنىڭ رەڭگى كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش قەدەھلەر دۇنيادا تېپىلمايدۇ. جەننەت ئەھلىگە بېرىلىدىغان تائام ۋە شارابلار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا، ئارتۇقمۇ ئەمەس ياكى كەممۇ ئەمەس قىلىپ تەييارلانغان بولىدۇ.

بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇسالىھ، قەتادە، ئىبنى ئەبزا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد، قەتادە، شەئبىي، ئىبنى زەيد، ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلار يۇقىرىقىدەك تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەت جەننەت ئەھلىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىنىدىغانلىقى ۋە ھۆرمەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## زەنجىبىل ۋە سەلسەبىلنىڭ شارابى توغرىسىدا

**﴿ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ﴾** يەنى جەننەت ئەھلى قەدەھلەردە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان شارابلار بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئۇلار بەزىدە كافۇر ئارىلاشتۇرۇلۇپ سوۋۇتۇلغان سۇلارنى ئىچسە، بەزىدە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان ئىسسىق شارابلارنى ئىچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مىجەزلىرى مۆتىدىللىشىدۇ. بۇ ياخشى بەندىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. ئەمما الله تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى بۇ ئىككى خىل شارابتىن خالىغان ۋاقىتتا ئىچىدۇ. قەتادە ۋە بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەت ھەققىدە شۇنداق دىگەن.

www.munber.org

اللە تائالا يۇقىرىدا ﴿(ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ﴾[1] دەپ بايان قىلدى. بۇ يەردە بولسا ﴿**جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار**﴾ دەپ بايان قىلدى. يەنى زەنجىبىل جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇ يەنە سەلسەبىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىكرىمە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سەلسەبىل جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ ئىسمىدۇر. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بۇلاق تىنچ ۋە تېز ئاققانلىقى ئۈچۈن سەلسەبىل دەپ ئاتالدى.

## جەننەتتىكى خىزمەتچىلەر توغرىسىدا

﴿**قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلىكى ۋە نۇرلۇقلىقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن**﴾ يەنى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەتراپىدا ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان، يېشى ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىل ياشتىكى جەننەت مۇلازىملىرى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلار خىزمەت قىلىشقا مۇناسىپ بولغان، ئايىغى چاققان كىچىك باللار بولۇپ خوجايىنلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تارقىلىپ يۈرىدىغانلىقى، سانىنىڭ كۆپلۈكى، يۈزلىرىنىڭ نۇرلۇقلىقى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ يارىشىملىقى ۋە تاقىغان زىبۇ - زىننەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى، ئۇلارنى كۆرگەن كىشىنى خۇددى چېچىلغان مەرۋايىتنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئوخشىتىش ئىنتايىن ياخشى بولغان ئوخشىتىشتۇر.

﴿**قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! جەننەتتە بېرىلگەن ئۇ نېمەتلەرنى ۋە خۇشاللىقلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئۇ يەردە اللە نىڭ كاتتا بىر دۆلىتىنى كۆرگەن بولىسەن. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «اللە تائالا دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشىگە مۇنداق دەيدۇ: ساڭا دۇنيادەك يەنە ئۇنىڭ ئون ھەسسىسىدەك مۇكاپات بار». جەننەتكە كىرىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئادەمگە اللە تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى بۇ بولسا، اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى دەرىجىگە ۋە كاتتا نېسىۋىگە ئىگە ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟

## كىيىم - كېچەكلەر ۋە زىبۇ - زىننەتلەر توغرىسىدا

﴿**ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ**﴾ يەنى جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئىچ كىيىمگە ئىشلىتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك نېپىز يىپەك رەختتۇر. يەنە بىرى، تاشقى كىيىم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پارقىراپ تۇرىدىغان قېلىن يىپەك رەختتۇر.

﴿**(ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ**﴾ بۇ ياخشى كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. ئەمما اللە نىڭ يېقىن بەندىلىرى خۇددى اللە تائالا ئېيتقاندەك ﴿ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ﴾[2] اللە يىپەك بىلەن زىبۇ - زىننەت قاتارلىق تاشقى زىننەتنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن**

[1] سۈرە ئىنسان 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فاتىر 33 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

سۇغىرىدۇ﴾ يەنى الله بۇ شاراب بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئورناپ كەتكەن ھەسەتخورلۇق، ئىچى يامانلىق، خىيانەت، ئازار بېرىش ۋە باشقا يامان ئىللەتلەردىن تازىلايدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جەننەت ئەھلى جەننەت دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا، ئۇ يەردە ئىككى بۇلاقنى كۆرىدۇ. ئۇلار خۇددى الله ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سالغاندەكلا ئۇنىڭ بىرىدىن سۇ ئىچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يامان ئىللەتلەرنى تازىلايدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى بۇلاقنىڭ سۈيىدە يۇيۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى چىرايلىق سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ. الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلدى.

﴿**شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى**﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئەنە شۇنداق سۆزلەر قىلىنىدۇ. الله تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[1] ﴿ئۇلارغا: «قىلغان ئەمەلىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ)﴾[2] ﴿**سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنىڭ ئاز ئەمەلىڭلارغا كۆپ مۇكاپات بەردى.

* * * * * * *

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ تَنزِيلاً ﴿٢٣﴾ فَٱصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تُطِعْ مِنْهُمْ ءَاثِمًا أَوْ كَفُورًا ﴿٢٤﴾ وَٱذْكُرِ ٱسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً وَأَصِيلاً ﴿٢٥﴾ وَمِنَ ٱلَّيْلِ فَٱسْجُدْ لَهُۥ وَسَبِّحْهُ لَيْلاً طَوِيلاً ﴿٢٦﴾ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ يُحِبُّونَ ٱلْعَاجِلَةَ وَيَذَرُونَ وَرَآءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيلاً ﴿٢٧﴾ نَّحْنُ خَلَقْنَٰهُمْ وَشَدَدْنَآ أَسْرَهُمْ ۖ وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَآ أَمْثَٰلَهُمْ تَبْدِيلاً ﴿٢٨﴾ إِنَّ هَٰذِهِۦ تَذْكِرَةٌ ۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلاً ﴿٢٩﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٣٠﴾ يُدْخِلُ مَن يَشَآءُ فِى رَحْمَتِهِۦ ۚ وَٱلظَّٰلِمِينَ أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًۢا ﴿٣١﴾

*(ئى مۇھەممەد!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا قۇرئاننى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق*[23]. *سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن*[24]. *ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغىن)*[25]. *كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت*[26]. *شۈبھىسىزكى، بۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەتكە) سەل قارايدۇ*[27]. *بىز ئۇلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى مەزمۇت قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىپ)*

---

(1) سۈرە ھاققە 24 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەئراف 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

*ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق﴿28﴾. شۈبھىسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر (بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتىسۇن﴿29﴾. پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش اللهنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر). الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿30﴾. الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. الله زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى﴿31﴾.*

## قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكى، سەۋر قىلىشقا ۋە ﷲ تائالانى زىكىر قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلۇغ قۇرئاننى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلغانلىقىنى ئەسلەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن**﴾ يەنى ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن سېنى قانداق ئىززەتلىگەن بولسام، سەنمۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ قازا ۋە قەدرىگە شۇنداق سەۋر قىلغىن. بىلگىنكى، ئۇ سېنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە پەرۋىش قىلىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاندىن سېنى توسۇپ قالماقچى بولسا، سەن ئۇلارغا ھەرگىزمۇ بويسۇنما. ئەكسىچە پەرۋەردىگارىڭ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننى يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرغىن. دەۋەت قىلىشتا الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلغىن. چۈنكى الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.

﴿**ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغىن**﴾ يەنى كۈندۈزنىڭ ئەتىگەن تەرىپىدە ۋە ئاخىرىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن. ﴿**كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت**﴾ ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر﴾[1] ﴿ ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾[2].

## دۇنياغا بېرىلىشنى ئەيىبلەش ۋە قىيامەت كۈنىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا

الله تائالا كاپىرلارنى ۋە كاپىرلارغا ئوخشاش پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇنياغا بېرىلىپ ئاخىرەتنى كۆزلىمەي يۈرگەنلەرنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەتكە) سەل قارايدۇ. بىز ئۇلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى مەزمۇت قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىپ) ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق**﴾ يەنى بىز خالىساق، ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدە قايتا تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ باشقا بىر مەخلۇق قىلىپ يارىتىمىز. دەسلەپتە بار بولۇش قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

---

[1] سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە مۇززەممىل 1 ــ 4 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئىبنى زەيد ۋە ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قەۋمنى يارىتىمىز دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار!ئەگەر اللە خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، اللە بۇنىڭغا قادىردۇر﴾[1] ﴿ئەگەر اللە خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ اللەغا قىيىن ئەمەس﴾[2].

## اللە نىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇرئاننىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ھىدايەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿شۈبھىسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر (بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن﴾** يەنى بۇ سۈرە قۇرئان بىلەن ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار اللە غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ۋە اللە ئۆزلىرىگە بەرگەن مالدىن سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ اللە ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ (قىلمىشىغا قاراپ جازالايدۇ)﴾[3].

**﴿پەقەت اللە خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش اللەنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر)﴾** يەنى ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزى ھىدايەتكە باشلىيالمايدۇ. ئۆزلىكىدىن ئىمان ئېيتالمايدۇ. ئۆزىگە ئۆزى مەنپەئەت كەلتۈرەلمەيدۇ.

**﴿اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى اللە ھىدايەتكە لايىقلارنى بىلىپ، ئۇلارغا ھىدايەت يولىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. سەۋەبلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئازغۇنلۇققا لايىقلارنى ھىدايەتتىن يىراق قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشتا اللە تائالانىڭ يېتەرلىك ھېكمىتى ۋە ئېنىق ھۆججەت ـ پاكىتى باردۇر.

**﴿اللە خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. اللە زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى﴾** يەنى اللە تائالا خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ. اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەتكە باشلىيالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئىنساننىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر.

[1] سۈرە نىسا 33 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر 16 ــــ 17 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە نىسا 39 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە مۇرسەلات | 50 ئايەت

## بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈشىنىڭ ۋە ئۇنى ناماز شامدا ئوقۇشنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مىنا تېغىدا بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئىدۇق. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا مۇرسەلات سۈرىسى چۈشتى. كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى ئوقۇدى. مەن بۇ سۈرىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۆگىنىۋالدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى ئوقۇۋاتقاندا بىر يىلان بىز تەرەپكە تۇيۇقسىز سەكرەپ چۈشتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى. بىز ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تېزلا ھەرىكەت قىلدۇق. لېكىن ئۇ قېچىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «خۇددى سىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىپ قالغىنىڭلاردەك، ئۇمۇ سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلاردىن ساقلىنىپ قالدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ ئەئمەشتىن رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباسنىڭ ئانىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرسەلات سۈرىسىنى ناماز شامدا ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن.

ئىمام مالىك، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەزلىنىڭ ئانىسى پەزلىنىڭ مۇرسەلات سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: ئى ئوغلۇم! سەن بۇ سۈرىنى ئوقۇپ، ماڭا مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىنى ناماز شامدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىغانلىقىمنى ئەسلەتتىڭ، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلدى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلْمُرْسَلَٰتِ عُرْفًا ﴿١﴾ فَٱلْعَٰصِفَٰتِ عَصْفًا ﴿٢﴾ وَٱلنَّٰشِرَٰتِ نَشْرًا ﴿٣﴾ فَٱلْفَٰرِقَٰتِ فَرْقًا ﴿٤﴾
فَٱلْمُلْقِيَٰتِ ذِكْرًا ﴿٥﴾ عُذْرًا أَوْ نُذْرًا ﴿٦﴾ إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَوَٰقِعٌ ﴿٧﴾ فَإِذَا ٱلنُّجُومُ طُمِسَتْ ﴿٨﴾ وَإِذَا
ٱلسَّمَآءُ فُرِجَتْ ﴿٩﴾ وَإِذَا ٱلْجِبَالُ نُسِفَتْ ﴿١٠﴾ وَإِذَا ٱلرُّسُلُ أُقِّتَتْ ﴿١١﴾ لِأَىِّ يَوْمٍ أُجِّلَتْ ﴿١٢﴾ لِيَوْمِ
ٱلْفَصْلِ ﴿١٣﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلْفَصْلِ ﴿١٤﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿١٥﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

www.munber.org

ئارقىمۇئارقا چىققۇچى (لەرزان) شاماللار بىلەن قەسەمكى﴿1﴾. قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى﴿2﴾. (بۇلۇتلارنى الله خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالالار بىلەن قەسەمكى﴿3﴾. (ھەق بىلەن باتىلنىڭ، هارام بىلەن هالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴿4﴾. (بەندىلەرگە ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴿5 - 6﴾. (ئى مەككە كۇففارلىرى!) سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش (يەنى قىيامەت، ھېساب ۋە جازا) چوقۇم مەيدانغا كەلگۈچىدۇر﴿7﴾. يۇلتۇزلارنىڭ (نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا﴿8﴾. ئاسمان يېرىلغان چاغدا﴿9﴾. تاغلار تىتىلىپ (شامالدا ئۇچۇپ يۇرگەن زەررىلەردەك) ئۇچۇپ يۇرگەن چاغدا﴿10﴾. پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۇممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان قىيامەت مەيدانغا كېلىدۇ)﴿11﴾. (پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟﴿12﴾. خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى)﴿13﴾. ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ نېمىلىكىنى (يەنى ئۇنىڭ دەھشىتىنى) قانداق بىلەلەيسەن؟﴿14﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿15﴾.

## ﷲ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم مەخلۇقاتلىرى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿ئارقىمۇئارقا چىققۇچى (لەرزان) شامالالار بىلەن قەسەمكى﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ: بۇ ئايەتتىن شامالالار ئەمەس، پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مەسرۇق، ئەبۇزۇھا، مۇجاھىد، سۇددى ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ: بۇ ئايەتتىن شامالالار ئەمەس، پەرىشتىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ، دېدى. ئەبۇسالىھنىڭ: بۇ ئايەتتىن شامالالار ئەمەس پەيغەمبەرلەر مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇسالىھ: بۇ ئايەتتىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

ئەبۇسالىھ يەنە ﷲ تائالانىڭ: ﴿قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى، (بۇلۇتلارنى الله خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالالار بىلەن قەسەمكى. (ھەق بىلەن باتىلنىڭ، هارام بىلەن هالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى. (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن. ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان بورانلار ۋە شامالالاردىن بورانلار ۋە شامالالار ئەمەس شۇنداق ئىشلارغا مەسئۇل پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.[1]

سەۋرى ئەبۇئۇبەيدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى مەسئۇدتىن ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئارقىمۇئارقا چىققۇچى (لەرزان) شامالالار بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى سورىدىم. ئىبنى مەسئۇد: بۇ ئايەتتىن شامالالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. شۇنىڭدەك ئىبنى مەسئۇد يەنە ﷲ تائالانىڭ: ﴿قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى، (بۇلۇتلارنى الله خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالالار بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن ئايەتلىرىدىنمۇ بوران ۋە شامالالار مەقسەت قىلىنىدۇ، دېدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش بايان قىلدى.

---

(1) قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىدە بوران ۋە شامالالار دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئايەتلەرنىڭ ئەرەبچە لەۋزى ئەسلىدە بوران ۋە شامال دېگەن مەنىلەرنى بىرىدىغان لەۋزىنىڭ ئۆزى ئەمەس. بۇ لەۋزىلەر بولسا، بۇلاردىن بوران ۋە شامال ياكى پەرىشتىلەر دېگەن مەنىلەرنى بېرىش ئېھتىمالى بولغان لەۋزىلەردۇر. شۇڭا بۇ لەۋزىلەردىن بەزى ئالىملار: بوران ۋە شامال دېگەن مەنانى چۈشەنسە، بەزى ئالىملار: پەرىشتە دېگەن مەنانى چۈشەنگەن.

www.munber.org

ئىبنى جەرىر بولسا ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقىلارغا ئوخشاش الله تائالانىڭ: ﴿**قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى**﴾ دېگەن ئايىتىدىن بورانىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئەمما الله تائالانىڭ: ﴿**(بۇلۇتلارنى الله خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى**﴾ دېگەن ئايىتىدىن پەرىشتىلەرنىڭ ياكى شامالLARنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى.

ئەبۇسالىھ يەنە بىر رىۋايەتتە الله تائالانىڭ: ﴿**(بۇلۇتلارنى الله خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالLAR بىلەن قەسەمكى**﴾ دېگەن ئايىتىدىن يامغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

لېكىن توغرىسى، بۇ ئايەتلەردىن الله تائالا: ﴿بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شامالLARنى ئەۋەتتۇق﴾[1] ﴿الله نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، الله بېشارەتچى قىلىپ شامالLARنى ئەۋەتىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلغاندەك بوران ۋە شامالLAR مەقسەت قىلىنىدۇ.

﴿**(ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى**﴾ ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، مەسرۇق، مۇجاھىد، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، سۇددى ۋە سەۋرى قاتارلىقلار: بۇ ئايەتلەردىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇنىڭدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە ئېلىپ چۈشىدۇ. ھەق بىلەن ھەقسىزلىكنىڭ، توغرا يول بىلەن گۇمراھلىقنىڭ ۋە ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ. بەندىلەرگە بانا ـ سەۋەب قالدۇرماسلىق، ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئېلىپ چۈشىدۇ.

﴿**(ئى مەككە كۇففارلىرى!) سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش (يەنى قىيامەت، ھېساب ۋە جازا) چوقۇم مەيدانغا كەلگۈچىدۇر**﴾ يەنى سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان قىيامەتنىڭ بولۇشى، سۈرنىڭ چېلىنىشى، تەنلەرنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلۈشى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى، ھەر ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ، ئەگەر ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم مەيدانغا چىققۇچىدۇر ۋە شەكسىز يۈزبەرگۈچىدۇر. مانا بۇ، الله تائالا يۇقىرىدا بىر قىسىم مەخلۇقاتلىرى بىلەن قەسەم قىلىپ تەكىتلىمەكچى بولغان ھەقىقەتتۇر.

## قىيامەت بولغاندا يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلارنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**يۇلتۇزلارنىڭ (نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا﴾[3] ﴿ يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا﴾[4] ﴿**ئاسمان يېرىلغان چاغدا**﴾ يەنى ئاسمان يېرىلىپ ئەتراپلىرى ساڭگىلاپ كېتىۋاتقان چاغدا. ﴿**تاغلار تىتىلىپ (شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن زەررىلەردەك) ئۇچۇپ يۈرگەن چاغدا**﴾ يەنى تاغلار يوقىلىپ ئۇنىڭ ھېچبىر ئەسرى قالمىغاندا. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇۋېدۇ)﴾[5]

[1] سۈرە ھىجر 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەكۋىر 2 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئىنفىتار 2 ـ ئايەت.
[5] سۈرە تاھا 105 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾[1].

﴿پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۈممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان قىيامەت مەيدانىغا كېلىدۇ)﴾ ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرلەر توپلانغان چاغدا، دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى زەيد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ: ﴿اللە قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ﴾[2] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاشتۇر، دېدى.

﴿پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۈممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان قىيامەت مەيدانىغا كېلىدۇ)﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ئىشى كېچىكتۈرۈلسە دېگەنلىكتۇر، دېدى. سەۋرى، مەنسۇردىن ئىبراھىمنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەدە بېرىلسە دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى. ئىبراھىم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى اللە تائالانىڭ: ﴿مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[3] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش چۈشەندى. يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلار يۈز بەرگەندە ۋەدە قىلىنغان قىيامەت كۈنى چوقۇم بولىدۇ.

﴿(پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى)﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنى بىر يەرگە توپلاش. ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرۈلدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە نى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن، اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر. ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك اللە نىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ﴾[4].

مانا بۇ كۈن اللە تائالا: ﴿خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى)﴾ دېگەن ئايىتىدە كۆرسىتىلگەندەك، خالايىقلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر. ئاندىن اللە ئۇ كۈننىڭ ناھايىتى كاتتا بىر كۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ نېمىلىكىنى (يەنى ئۇنىڭ دەھشىتىنى) قانداق بىلەلەيسەن؟ بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾ يەنى ئۇ كۈندە ئۇلارغا اللە تائالانىڭ ئازابىنىڭ بارلىقىدىن ۋاي!

* * * * * * *

---

[1] سۈرە كەھف 47 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە زۇمەر 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئىبراھىم 47 ــ 48 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

أَلَمۡ نُهۡلِكِ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ نُتۡبِعُهُمُ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٧﴾ كَذَٰلِكَ نَفۡعَلُ بِٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿١٨﴾ وَيۡلٌ
يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿١٩﴾ أَلَمۡ نَخۡلُقكُّم مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ﴿٢٠﴾ فَجَعَلۡنَٰهُ فِي قَرَارٖ مَّكِينٍ ﴿٢١﴾ إِلَىٰ قَدَرٖ مَّعۡلُومٖ
﴿٢٢﴾ فَقَدَرۡنَا فَنِعۡمَ ٱلۡقَٰدِرُونَ ﴿٢٣﴾ وَيۡلٌ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٤﴾ أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ كِفَاتًا ﴿٢٥﴾ أَحۡيَآءٗ
وَأَمۡوَٰتٗا ﴿٢٦﴾ وَجَعَلۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ شَٰمِخَٰتٖ وَأَسۡقَيۡنَٰكُم مَّآءٗ فُرَاتٗا ﴿٢٧﴾ وَيۡلٌ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٨﴾

*(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟ ﴿16﴾. ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق ﴿17﴾. گۇناھكارلارنى مۇشۇنداق قىلىمىز (يەنى جازالايمىز) ﴿18﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! ﴿19﴾. سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ ﴿20﴾. ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە) پۇختا ئارامگاھ (يەنى بەچچىدان)دا قىلدۇق ﴿21 - 22﴾. بىز (ئۇنى ئابىمەندىن يارىتىشقا) قادىر بولدۇق، بىز (ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىشقا) نېمىدېگەن ياخشى قادىر بولغۇچىمىز! ﴿23﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! ﴿24﴾. زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟ ﴿25﴾. (يەنى) تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى (ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟) ﴿26﴾. بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق، سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق ﴿27﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! ﴿28﴾.*

## الله تائالانىڭ ھەرتۈرلۈك قۇدرەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىش توغرىسىدا

﴿**(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە قارشى چىققان ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟

﴿**ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى قىلغانلارنى ھالاك قىلدۇق. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**گۇناھكارلارنى مۇشۇنداق قىلىمىز (يەنى جازالايمىز). بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**﴾ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى جەرىر بايان قىلغان.

ئاندىن الله تائالا بەندىلىرىگە قىلغان نېمىتىنى ئەسكەرتىپ ۋە ئۇلارنى بۇرۇن قانداق ھالەتتە ياراتقان بولسا شۇنداق ھالەتتە قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىيدىن ياراتمىدۇقمۇ؟**﴾ يەنى الله تائالا ئۆز قۇدرىتىغا نىسبەتەن ئىنسانلارنى ئاجىز ۋە ئەرزىمەس ئىسپېرمىدىن ياراتمىدىمۇ؟ بۇسر ئىبنى جىھاش رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇددىسىدا الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: «ئى ئىنسان! مەن سېنى مۇشۇنىڭدەك (ئاددىي) بىر نەرسىدىن ياراتقان تۇرسام، سەن مېنى قانداقمۇ ئاجىز دەپ قارايسەن».

﴿**ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە) پۇختا ئارامگاھ (يەنى بەچچىدان)دا قىلدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇنى ئالتە ئاي ياكى توققۇز ئايدىن ئىبارەت مەلۇم ۋاقىتقىچە بالا ياتقۇدا قىلدۇق. بالا ياتقۇ بولسا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىسپېرمىسى قوشۇلىدىغان ۋە قوشۇلغان ئىسپېرمىلارنى ساقلايدىغان يەردۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز (ئۇنى ئابىمەندىن يارىتىشقا) قادىر بولدۇق، بىز (ئۇنى ئەڭ چىرايلىق**

www.munber.org

شەكىلدە يارىتىشقا) نېمىدېگەن ياخشى قادىر بولغۇچىمىز! بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾.

﴿زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟ (يەنى) تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى (ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟)﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: زېمىننى بىز ئۆز قويىنىغا ئالغۇچى قىلمىدۇقمۇ؟ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى ئۆز قويىنىغا ئالىدىغانلىقى، ئۆلۈكلەرنىڭ سىرتتا قالمايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. شەئبى: زېمىننىڭ ئىچى ئۆلۈكلەر ئۈچۈن ئۈستى تىرىكلەر ئۈچۈن، دېدى. مۇجاھىد ۋە قەتادىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

﴿بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق﴾ يەنى زېمىننى تەۋرەپ كەتمەي چىڭ تۇرسۇن دەپ بىز ئۇنىڭغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق. مەيلى بۇلۇتلاردىن ياغدۇرۇپ بېرىش بىلەن ياكى بۇلاقلاردىن چىقىرىپ بېرىش بىلەن بولامدۇ، بىز ﴿سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق﴾.

﴿بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾ يەنى ياراتقۇچىسىنىڭ (نە قەدەر) كاتتىلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىپ، ئاندىن يەنە ئۆزىنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلىشىدا ۋە كاپىرلىقىدا داۋام قىلغان كىشىگە ۋاي!

* * * * * * *

ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ مَا كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٩﴾ ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ ظِلٍّ ذِى ثَلَٰثِ شُعَبٍ ﴿٣٠﴾ لَّا ظَلِيلٍ وَلَا
يُغْنِى مِنَ ٱللَّهَبِ ﴿٣١﴾ إِنَّهَا تَرْمِى بِشَرَرٍ كَٱلْقَصْرِ ﴿٣٢﴾ كَأَنَّهُۥ جِمَٰلَتٌ صُفْرٌ ﴿٣٣﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ
﴿٣٤﴾ هَٰذَا يَوْمُ لَا يَنطِقُونَ ﴿٣٥﴾ وَلَا يُؤْذَنُ لَهُمْ فَيَعْتَذِرُونَ ﴿٣٦﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٣٧﴾ هَٰذَا يَوْمُ
ٱلْفَصْلِ ۖ جَمَعْنَٰكُمْ وَٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾ فَإِن كَانَ لَكُمْ كَيْدٌ فَكِيدُونِ ﴿٣٩﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٠﴾

*(ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى) «سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار» (دەيدۇ)﴿29 - 30﴾. ئۇ سايە (جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بولۇپ كىشىنى) سەگىدەتمەيدۇ، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسمايدۇ﴿31﴾. ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ﴿32﴾. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا - سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ﴿33﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿34﴾. بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ﴿35﴾. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ﴿36﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿37﴾. بۇ (خالايىقنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر، (ئۇ كۈندە) سىلەرنى ۋە ئاۋۋالقىلارنى (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنى) (ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىمىز﴿38﴾. ئەگەر (ئازابتىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلار بولسا، چارە قىلىپ بېقىڭلار﴿39﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿40﴾.*

www.munber.org

## گۇناھكارلارنى جەھەننەمدىكى جايلىرىغا ھەيدەش ۋە ئۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ﷲ تائالا قىيامەت كۈنىنى، مۇكاپات ۋە جازانى، جەننەت ۋە دوزاخنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا قىيامەت كۈنى مۇنداق دېيىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى: ﴿**(ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى) «سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار» (دەيدۇ)**﴾ يەنى ئوتنىڭ يالقۇنى كۆتۈرۈلگەندە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۈتۈن ئۆرلىگەندە، يالقۇننىڭ بەك قاتتىقلىقىدىن ئوت ئۈچ شاخلىق سايە بولىدۇ.

﴿**ئۇ سايە (جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بولۇپ كىشىنى) سەگىدەتمەيدۇ، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسمايدۇ**﴾ يەنى ئۇ سايە جەھەننەمنىڭ يالقۇنىدىن توسۇپ قالىدىغان ۋە ئۇ يالقۇننىڭ تەپتىدىن ساقلاپ قالالايدىغان سايە بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ دوزاخ ئوتىنىڭ تۈتۈنىنىڭ سايىسىدۇر.

﴿**ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ**﴾ يەنى دوزاخنىڭ يالقۇنىدىن چوڭلۇقتا قەسىردەك ئۇچقۇنلار ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇ. ئىبنى مەسئۇد: دوزاخنىڭ يالقۇنىدىن چوڭلۇقتا سېپىلدەك ئۇچقۇنلار ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇ، دېدى. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە ۋە مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە باشقىلار: (دوزاخنىڭ يالقۇنىدىن چوڭلۇقتا) دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىدەك (ئۇچقۇنلار ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇ) دېدى.

﴿**ئۇ ئۇچقۇنلار قارا - سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە، زەھهاك قاتارلىقلار: ئۇ ئۇچقۇنلار قارا تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ، دېدى. بۇ قاراشقا ئىبنى جەرىرمۇ قوشۇلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلار: ئۇ ئۇچقۇنلار خۇددى كېمىنىڭ ئارغامچىلىرىغا ئوخشايدۇ، دېدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ ﴿**ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز كۆتەكلەرنى ئۈچ گەز ياكى ئۈچ گەزدىن ئارتۇق قىلىپ كەسلەيتتۇق. ئاندىن ئۇنى قىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېگىز قىلىپ يىغىۋالاتتۇق. بۇنى قەسىر دەپ ئاتايتتۇق. مانا بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان قەسىردۇر.

ئىبنى ئابباس يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ئۇچقۇنلار قارا - سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ**﴾ ئۇ ئۇچقۇنلار كېمىنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىپ ئادەملەرنىڭ بەللىرىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ كەتكەن ئارغامچىلارغا ئوخشايدۇ ﴿**بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**﴾.

## قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ سۆزلەشكە، ئۆزرە ئېيتىشقا ۋە شۇنداق قىلىشقا پېتىنىشقا ئاجىز كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. بەلكى، ئۇلارغا قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب ھەقلىق بولدى. ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ. قىيامەت كۈنى بولىدىغان ھالەتلەر خىلمۇ - خىلدۇر. ﷲ تائالا ئۇ كۈندە ئەھۋالنىڭ ۋە ئىشنىڭ بەك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر يەردە بۇ ھالەتلەرنىڭ بەزىسىدىن خەۋەر بەرسە،

www.munber.org

باشقا بىر يەردە ئۇنىڭ بەزىسىدىن خەۋەر بەردى. شۇڭا الله تائالا مۇشۇ ھالەتلەرنىڭ ھەر بىرىنى بايان قىلىپ بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**﴾.

﴿**بۇ (خالايىقنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر، (ئۇ كۈندە) سىلەرنى ۋە ئاۋۋالقىلارنى (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنى) (ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىمىز**﴾ بۇ الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە دېگەن سۆزىدۇر. يەنى الله تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى چاقىرغۇچى ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدىغان ۋە ئۇلارغا قارىغۇچى ئۇلارنى كۆرەلەيدىغان تۈپتۈز بىر مەيدانغا توپلايدۇ.

﴿**ئەگەر (ئازابتىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلار بولسا، چارە قىلىپ بېقىڭلار**﴾ الله تائالانىڭ بۇسۆزى ئۇلارغا قىلىنغان قاتتىق بىر تەھدىتتۇر. يەنى ئەگەر سىلەر مېنىڭ چاڭگىلىم ۋە مېنىڭ ھۆكمىمدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلىسەڭلار، شۇنداق قىلىڭلار. لېكىن سىلەر ئۇنداق قىلالمايسىلەر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن)﴾[1] ﴿سىلەر الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر﴾[2].

ھەدىس قۇددىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەندىلىرىم! سىلەر ماڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇنساڭلارمۇ ھەرگىز ماڭا پەيدا يەتكۈزەلمەيسىلەر. ماڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇنساڭلارمۇ ھەرگىز ماڭا زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر».

* * * * * * *

إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى ظِلَـٰلٍ وَعُيُونٍ ﴿٤١﴾ وَفَوَٰكِهَ مِمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٤٢﴾ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔۢا بِمَا كُنتُمْ
تَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٤٤﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٥﴾ كُلُوا۟ وَتَمَتَّعُوا۟ قَلِيلًا
إِنَّكُم مُّجْرِمُونَ ﴿٤٦﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱرْكَعُوا۟ لَا يَرْكَعُونَ ﴿٤٨﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ
لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾ فَبِأَىِّ حَدِيثٍۭ بَعْدَهُۥ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٠﴾

***شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴿41 - 42﴾. (ئۇلارغا) «دۇنيادا قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن خۇشال ـ خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴿43﴾. شۈبھىسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴿44﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿45﴾. (كۇففارلارغا) «(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) ۋاقىتلىق يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴿46﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿47﴾. ئۇلارغا: «رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار رۇكۇ قىلمايدۇ﴿48﴾. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿49﴾. ئۇلار (شانلىق دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاساھەت ـ بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى بولغان بۇ قۇرئانغا ئىشەنمىسە) باشقا قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ﴿50﴾.***

---

[1] سۈرە رەھمان 33 ـ ئايەت.
[2] سۈر تەۋبە 39 ـ ئايەت.

www.munber.org

## تەقۋادار بەندىلەرنىڭ جايىنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ اللہ تائالا بۇ ئايەتتە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىپ ۋە چەكلەنگەن يامان ئىشلاردىن يېنىپ اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلغان تەقۋادار بەندىلىرىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھېلىقى سېسىق قارا تۈتۈننىڭ سايىسىدا ئازابلىنىدىغان بەتبەختلەرنىڭ دەل ئەكسىچە باغۇ - بوستانلاردىن، بۇلاقلاردىن، تەلەپ قىلغان ھامان كەلتۈرۈلىدىغان ھەر خىل مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.
﴿**(ئۇلارغا) «(دۇنيادا قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن خۇشال - خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ)**﴾ يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ.
اللہ تائالا ئۇلار ھەققىدە يەنە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز**﴾ يەنى مانا بۇ بىزنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتىمىزدۇر. ﴿**بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**﴾.

## قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا

﴿**(كۇففارلارغا) «(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) ۋاقىتلىق يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر» (دېيىلىدۇ)**﴾ يەنى بۇ قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان سۆزدۇر. يېيىشكە ۋە بەھرىمەن بولۇشقا قىلىنغان بۇيرۇق بولسا تەھدىت بۇيرۇقىدۇر. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(كۇففارلارغا) «(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) ۋاقىتلىق يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار**﴾ يەنى ناھايىتى ئازغىنا مۇددەت يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار. ﴿**شۈبھىسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر»**﴾ يەنى سىلەر بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يۇقىرىدا بايانى ئۆتكەن جەھەننەمنىڭ ئوتىغا ھەيدىلىسىلەر. ﴿**بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**﴾
اللہ تائالا كاپىرلار دۇنيالىقتىن ئازغىنا مۇددەت بەھرىمەن بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاتتىق ئازابنى تېتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز**﴾[1] ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «اللہ غا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ». ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز**﴾[2].
﴿**ئۇلارغا: «رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار رۇكۇ قىلمايدۇ**﴾ يەنى ئۇ نادان كاپىرلارغا، سىلەر جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغانلارنىڭ قاتارىدىن بولۇڭلار دەپ بۇيرۇلسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن باش تارتىدۇ ۋە چوڭلۇق قىلىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**﴾
﴿**ئۇلار (شانلىق دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاساھەت - بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى بولغان بۇ قۇرئانغا ئىشەنمىسە) باشقا قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار

[1] سۈرە لۇقمان 24 - ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 69 — 70 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾[1].

ﷲ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، ئۇتۇق قازىنىش ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ﷲ تائالا تەرىپىدىندۇر. شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇرسەلاتنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

[1] سۈرە جاسىيە 6 ـ ئايەت.

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە نەبە | 44 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ﴿١﴾ عَنِ ٱلنَّبَإِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٢﴾ ٱلَّذِي هُمۡ فِيهِ مُخۡتَلِفُونَ ﴿٣﴾ كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ﴿٤﴾ ثُمَّ
كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(مۇشرىكلار ئۆز ـ ئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ؟ [1]. ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ [2]. ئۇلار شۇ (يەنى قىيامەت) توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر [3]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى قىيامەت ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك يالغان ئەمەس)، ئۇلار (ھەقىقى ئەھۋالنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ [4]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (بېشىغا كەلگەن ئازابنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ [5].***

## قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا رەددىيە بېرىش توغرىسىدا

الله تائالا قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىپ، قىيامەت ھەققىدە ئۆزئارا سۇئال سوراشقان مۇشرىكلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(مۇشرىكلار ئۆز ـ ئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ؟ ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ**﴾ ئۇلار قايسى ئىش ھەققىدە سورىشىدۇ؟ ئۇلار ئادەمنى قاتتىق چۆچۈتۈپ، گاڭگىرتىپ قويىدىغان قورقۇنچلۇق خەۋەر بولغان قىيامەتنىڭ ئىشى ھەققىدە ئۆزئارا سوئال سورىشىدۇ.

﴿**ئۇلار شۇ (يەنى قىيامەت) توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر**﴾ يەنى كىشىلەر قىيامەتكە ئىشەنگەنلەر ۋە ئىشەنمىگەنلەر بولۇپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندۇر. ئاندىن الله تائالا قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا تەھدىد سېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى قىيامەت ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك يالغان ئەمەس)، ئۇلار (ھەقىقى ئەھۋالنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (بېشىغا كەلگەن ئازابنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ**﴾ مانا بۇ ناھايىتى قاتتىق ۋە كۈچلۈك تەھدىدتۇر.

* * * * * * *

أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ مِهَٰدٗا ﴿٦﴾ وَٱلۡجِبَالَ أَوۡتَادٗا ﴿٧﴾ وَخَلَقۡنَٰكُمۡ أَزۡوَٰجٗا ﴿٨﴾ وَجَعَلۡنَا نَوۡمَكُمۡ
سُبَاتٗا ﴿٩﴾ وَجَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ لِبَاسٗا ﴿١٠﴾ وَجَعَلۡنَا ٱلنَّهَارَ مَعَاشٗا ﴿١١﴾ وَبَنَيۡنَا فَوۡقَكُمۡ سَبۡعٗا شِدَادٗا ﴿١٢﴾

www.munber.org

وَجَعَلۡنَا سِرَاجٗا وَهَّاجٗا ﴿١٣﴾ وَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡمُعۡصِرَٰتِ مَآءٗ ثَجَّاجٗا ﴿١٤﴾ لِّنُخۡرِجَ بِهِۦ حَبّٗا وَنَبَاتٗا ﴿١٥﴾ وَجَنَّٰتٍ أَلۡفَافًا ﴿١٦﴾

*(زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ ﴿6﴾. (زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ ﴿7﴾. سىلەرنى ئەر ـ ئايال قىلىپ ياراتتۇق ﴿8﴾. ئۇيقۇڭلارنى سىلەرنىڭ (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق ﴿9﴾. كېچىنى لىباس قىلدۇق ﴿10﴾. كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق ﴿11﴾. ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق ﴿12﴾. (سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ياراتتۇق ﴿13﴾. ئاشلىقلارنى، ئوت ـ چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق ﴿14-16﴾.*

## ﷲ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بايانلار توغرىسىدا

ﷲ تائالا (قىيامەت كۈنى) قايتا تىرىلدۈرۈش بولامدۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىش بولامدۇ، ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان (دۇنيادىكى) ئاجايىب ـ غارائىب نەرسىلەرنى ياراتقان كاتتا قۇدرىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**(زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟**﴾ يەنى زېمىن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تىرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن يېيىلىپ، بويسۇندۇرۇلۇپ ۋە مەھكەم قىلىنىپ بېرىلگەندۇر.

﴿**(زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟**﴾ يەنى ﷲ تائالا زېمىن ئۆز ئۈستىدىكى ئادەملەرنى تەۋرىتىۋەتمىسۇن دەپ تاغلارنى زېمىننى مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان قوزۇق قىلدى.

﴿**سىلەرنى ئەر ـ ئايال قىلىپ ياراتتۇق**﴾ يەنى بىر ـ بىرىدىن مەنپەئەتلىنىپ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ﷲ تائالا (ئادەملەرنى) ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ﷲ نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ﷲ نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[1].

﴿**ئۇيقۇڭلارنى سىلەرنىڭ (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق**﴾ يەنى كۈندۈزلىرىدىكى تىرىكچىلىك ئىشلىرىڭلاردىكى كۆپ ئىزدىنىشلىرىڭلاردىن ۋە تىرىشچانلىقىڭلاردىن راھەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇيقۇنى ھەرىكەتنى توختاتقۇچى نەرسە قىلدۇق. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر سۈرە فۇرقاندا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى.

﴿**كېچىنى لىباس قىلدۇق**﴾ يەنى كېچە ئۆزىنىڭ تۈن قاراڭغۇسى بىلەن كىشىلەرنى قاپلايدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[2] قەتادە ﷲ تائالانىڭ: ﴿**كېچىنى لىباس قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: كېچىنى جىمجىت قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

---

[1] سۈرە رۇم 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە لەيل 1 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق**﴾ يەنى بىز كىشىلەرنىڭ كۈندۈزدە ھەركەت قىلىشى، تىرىكچىلىك، تىجارەت، كەسىپ ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن كۈندۈزنى پارقىراپ، يورۇقلۇق تاشلاپ تۇرىدىغان قىلدۇق.

﴿**ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق**﴾ يەنى (ئۈستۈڭلاردا) كەڭرى، ئېگىز، مۇستەھكەم، پۇختا، ماھىرانە چىڭ تۇرغۇچى ۋە ماڭغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن يەتتە ئاسماننى قىلدۇق.

﴿**(سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ياراتتۇق**﴾ يەنى ھەممە ئالەملەرنى يورۇتىدىغان ۋە نۇرى يەريۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرگە يېتىپ تۇرىدىغان قۇياشنى ياراتتۇق.

﴿**ئاشلىقلارنى، ئوت - چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق**﴾ بەررا: ئۇ بۇلۇتلاردىن يامغۇر تامچىغان، لېكىن يامغۇر تېخى دېگەندەك يېغىپ بولالمىغان بۇلۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿اللە شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾[1] اللە تائالانىڭ بۇلۇتلاردىن يامغۇلارنى ياغدۇرۇشى ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ساقلىنىدىغان ئاشلىقلارنى، ھۆل ھالىتىدە يېگىلى بولىدىغان ئوت - چۆپلەرنى ۋە بىر تۇپراقتا تۇرۇپ رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خىلمۇ - خىل مېۋىلىك قويۇق باغلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئاشلىقلارنى، ئوت - چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن (بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق)**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿يەر يۈزىدە بىر - بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّ يَوْمَ ٱلْفَصْلِ كَانَ مِيقَـٰتًا ﴿١٧﴾ يَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا ﴿١٨﴾ وَفُتِحَتِ ٱلسَّمَآءُ
فَكَانَتْ أَبْوَٰبًا ﴿١٩﴾ وَسُيِّرَتِ ٱلْجِبَالُ فَكَانَتْ سَرَابًا ﴿٢٠﴾ إِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتْ مِرْصَادًا ﴿٢١﴾ لِّلطَّـٰغِينَ مَـَٔابًا
﴿٢٢﴾ لَّـٰبِثِينَ فِيهَآ أَحْقَابًا ﴿٢٣﴾ لَّا يَذُوقُونَ فِيهَا بَرْدًا وَلَا شَرَابًا ﴿٢٤﴾ إِلَّا حَمِيمًا وَغَسَّاقًا ﴿٢٥﴾ جَزَآءً وِفَاقًا
﴿٢٦﴾ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ لَا يَرْجُونَ حِسَابًا ﴿٢٧﴾ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا كِذَّابًا ﴿٢٨﴾ وَكُلَّ شَىْءٍ أَحْصَيْنَـٰهُ كِتَـٰبًا
﴿٢٩﴾ فَذُوقُوا۟ فَلَن نَّزِيدَكُمْ إِلَّا عَذَابًا ﴿٣٠﴾

---

[1] سۈرە رۇم 48 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رەئد 4 - ئايەت.

www.munber.org

*قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن (مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش) ۋاقتىدۇر﴿17﴾. ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر تۈپ - تۈپ بولۇپ كېلىسىلەر﴿18﴾. ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ﴿19﴾. تاغلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار توزۇپ يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ)﴿20﴾. جەھەننەم ھەقىقەتەن (كۇففارلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ﴿21﴾. جەھەننەم، شۈبھىسىزكى، گۇناھكارلارنىڭ جايىدۇر﴿22﴾. ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ﴿23﴾. ئۇلار جەھەننەمدە (جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى يېنىكلىتىدىغان) بىرەر سۆرۈنلۈككە ۋە (تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ﴿24﴾. ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ﴿25﴾. بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر﴿26﴾. چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشتىن قورقمايتتى﴿27﴾. ھەممە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى﴿28﴾. ھەر نەرسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز﴿29﴾. (ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»﴿30﴾.*

## قىيامەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى توغرىسىدا

الله تائالا قىيامەت كۈنىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بولسا (بولۇش ۋاقتى) ئىلگىرى - كېيىن بولمايدىغان مەلۇم بىر مۇددەتتىن كېيىن (بولىدۇ دەپ) بېكىتىلىپ قويۇلغان كۈندۇر. ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز﴾[1].

﴿ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر تۈپ - تۈپ بولۇپ كېلىسىلەر﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ كېلىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئىبنى جەرىر: ھەر بىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە - ئەمالى بىلەن چاقىرىدىغان كۈننى (ئېسىڭلاردا تۇتقىن)﴾[2]

ئىمام بۇخارى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر تۈپ - تۈپ بولۇپ كېلىسىلەر﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «چېلىنىدىغان ئىككى سۇرنىڭ ئارىلىقىدا قىرىق بار» دېدى. ساھابىلەر: قىرىق كۈنمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس» دېدى. ئۇلار: قىرىق ئايمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس» دېدى. ئۇلار: قىرىق يىلمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس» دەپ، ئاندىن: «الله تائالا ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن (ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن) خۇددى ئوت - چۆپ ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن ئىنساننىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماي چىرىپ كېتىدۇ. ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئاشۇ ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن قايتا قوراشتۇرۇلىدۇ» دېدى.

**﴿ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ﴾** يەنى پەرىشتەلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن يوللار پەيدا بولىدۇ. **﴿تاغلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار توزۇپ يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ)﴾**.

---

[1] سۈرە ھۇد 104 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 70 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا تاغلارنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقى يەنى چۆگىلەپ تۇرىدىغانلىقى ۋە تۈزۈپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ﴾[1] ﴿تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴾[2].

الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**تاغلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار توزۇپ يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ)**﴾ يەنى قارىغۇچىغا تۈزىتىلغان تاغلار خۇددى بىر نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، يېقىن كەلسە، كۆرۈنگىنى ھېچنەرسە ئەمەستۇر. كېيىنچە تېخى ئۇلار ھېچقانداق ئىزناسى قالماي پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ). ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ.ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن»﴾[3]. ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)﴾[4].

﴿**جەھەننەم ھەقىقەتەن (كۇففارلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ. جەھەننەم، شۈبھىسىزكى، گۇناھكارلارنىڭ جايىدۇر**﴾ بۇ گۇناھكارلار بولسا پەيغەمبەرلىرىگە قارشىلىق قىلغان، ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە ھەددىدىن ئاشقان كىشىلەردۇر.

﴿**ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار دوزاختا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تۇرىدۇ. خالىد ئىبنى مەئدان: يۇقىرىدىكى شۇ ئايەت بىلەن الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ﴾[5] دېگەن ئايىتى ئۆزى مۇسۇلمان ئەمما گۇناھلىرى سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرىپ قالغان مۇسۇلمانلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەردۇر، دېدى[6]. ئاشۇ ئىككى ئايەتنىڭ دوزاخقا كىرىپ قالغان مۇسۇلمانلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جەرىر يەنە سالىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەسەندىن الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا، مەن ھەسەننىڭ: مېنىڭ قارىشىمچە، ئايەتتىكى ”ئۇزاق مۇددەت“ دېگەن سۆزدىن مەلۇم بىر مۇددەت كۆزدە تۇتۇلماستىن، بەلكى دوزاختا مەڭگۈ قېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن، باشقا ئالىملار بولسا: ”ئۇزاق مۇددەت“ دېگەن سۆزدىن ھەر بىر كۈنى سىلەر ساناۋاتقان 1000 يىلغا توغرا كېلىدىغان 70 يىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قارايدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

﴿**ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىد قەتادەنىڭ: بۇ ئايەتتىن مەلۇم بىر مۇددەت كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. (چۈنكى، ئالىملار ”ئۇزاق مۇددەت“ دېگەن سۆزدىن 80 يىل

(1) سۈرە نەمل 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە قارىئە 5 ـ ئايەت.
(3) سۈرە تاھا 105 ـــ 107 ـ ئايەتكىچە.
(4) سۈرە كەھف 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە ھۇد 107 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) يەنى يامان ئىشلارنى قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن دوزاخقا كىرىپ قالغان مۇسۇلمانلار، دوزاختا الله تەئالا خالىغان بىر مۇددەتكىچە تۇرىدۇ،

www.munber.org

كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ بايان قىلدى) ھەر بىر مۇددەت توشقاندىن كېيىن يەنى ھەر **80** يىل توشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە **80** يىل كېلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى [1].

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس: ئۇ مۇددەتنىڭ قانچە يىل ئىكەنلىكىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. (چۈنكى،) بىزگە بىر مۇددەتنىڭ **80** يىل ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. بىر يىل دېگەن **360** كۈندۇر. (ئاخىرەتنىڭ) ھەر بىر كۈنى سىلەر سانىۋاتقان مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدۇ[2]، دېدى. يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى رىۋايەت ئىبنى جەرىردىن رىۋايەت قىلىندى.

﴿**ئۇلار جەھەننەمدە (جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى يېنىكلىتىدىغان) بىرەر سۆرۈنلۈككە ۋە (تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەھەننەمدە دىللىرىغا (يەنى ئۆزلىرىگە) ئارام بەرگىدەك بىرەر سۆرۈنلۈككە ۋە ئۇسسۇزلىقىنى قاندۇرغۇدەك بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ**﴾ ئەبۇئالىيە: الله تائالا ئۇلار سۆرۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا قايناق سۇغا، ئىچىملىككە ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا يىرىڭگە ئېرىشتى دەپ بايان قىلدى، دېدى. بۇ ھەقتە رەبىيئە، ئەنەسمۇ شۇنداق دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان: قايناق سۈيى بولسا، قىزىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان قايناق سۇدۇر. يىرىڭ بولسا دوزاختىكىلەرنىڭ يىرىڭلىرىدىن، تەرلىرىدىن، ياشلىرىدىن ۋە جاراھەتلىرىدىن ئېقىپ چىققان يىرىڭلاردۇر. ئۇ يىرىڭلار چىدىغۇسىز سوغۇق ۋە سېسىقتۇر. الله تائالا ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى ۋە كەرەمى بىلەن بىزلەرنى ئۇنىڭغا يېتىپ قېلىشتىن ساقلىسۇن ئامىن!

﴿**بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر**﴾ يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان يامان ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇۋاپىق جازادۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ بايان قىلدى.

﴿**چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشتىن قورقمايتتى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا مۇكاپاتلىنىدىغان ياكى جازالىنىدىغان ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدىغان بىر ئورۇننىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

﴿**ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالا پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدىكى ھۆججەتلىرىنى، دەلىل ـ پاكىتلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار بۇ ھۆججەتلەرگە ۋە دەلىل ـ پاكىتلارغا ئىشەنمەسلىك ۋە تەرسالىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

﴿**ھەر نەرسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز**﴾ يەنى بىز بەندىلەرنىڭ ھەممە قىلمىشلىرىنى بىلىمىز. ئۇلارنى ئۇلار ئۈچۈن خاتىرىلەپ قويىمىز. ھەم جازانىمۇ شۇنىڭغا قارىتا بېرىمىز. يەنى قىلمىشلىرى ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىمىز.

---

(1) يەنى ئالىملار: ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىكى ”ئۇزاق مۇددەت“ دېگەن مەننى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بەزىلەر: ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى 70 يىل دېگەنلىكتۇر، دېسە، بەزىلەر 80 يىل دېگەنلىكتۇر، دېدى.

(2) ئايەتنىڭ ئەسلىدىكى ئەرەبچە سۆزى كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ نۇرغۇنلىغان مۇددەتلەر قالىدۇ، دېگەن مەننى بېرەتتى. ئەمما ئايەت ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا رەبىئە: بىر مۇددەت سەكسەن يىل بولسا، بىر يىل دېگەن 360 كۈندۇر. (ئاخىرەتنىڭ) ھەر بىر كۈنى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلغا باراۋەردۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن نۇرغۇنلىغان مۇددەتنىڭ قانچە يىل ئىكەنلىكىنى الله تەئالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، دېدى.

www.munber.org

﴿(ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «(ئېيتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»﴾ يەنى دوزىخىلەرگە: سىلەر بۇ ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە يەنە بۇ ئازابنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۇ ئازابقا باشقا خىلدىكى ئازابلارنى قوشۇپ تېخىمۇ كۆپەيتىپ بېرىمىز، دېيىلىدۇ. قەتادە ئەبۇئەييۇب ئەزدىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ: الله تائالا ﴿(ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «(ئېيتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»﴾ دېگەن ئايەتتىن باشقا دوزىخىلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان بىرەر ئايەت چۈشۈرمىدى. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئازاب ئۇلارغا داۋاملىق قوشۇلۇپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ﴿٣١﴾ حَدَآئِقَ وَأَعْنَبًا ﴿٣٢﴾ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ﴿٣٣﴾ وَكَأْسًا دِهَاقًا ﴿٣٤﴾ لَّا
يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّٰبًا ﴿٣٥﴾ جَزَآءً مِّن رَّبِّكَ عَطَآءً حِسَابًا ﴿٣٦﴾

***شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ﴿31﴾. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر﴿32﴾. تەڭتۇش قىزلاردۇر﴿33﴾. (شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملاردۇر﴿34﴾. ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز، بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ﴿35﴾. (ئەنە شۇلار) پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى، يېتەرلىك ئاتا قىلىدۇر﴿36﴾.***

## تەقۋادارلار ئۇچۇن چوڭ بىر نىجاتلىقنىڭ بارلىقى توغرىسىدا

الله تائالا (ياخشى ئەمەل ئىبادەتلەرنى قىلىش بىلەن) بەختلىك كىشىلەردىن ۋە ئۇلارغا تەييارلىغان ئىززەت ۋە دائىمى بولغان نېمەتلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس ۋە زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كۆڭلى ئېچىلىدىغان ئورۇنغا ئېرىشىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. مۇجاھىد ۋە قەتادە: "ئۇلار نېمەتكە ئېرىشى" دېگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. توغرىسى ئىبنى ئابباسلارنىڭ سۆزىدۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۇ ئايەتتىن كېيىندىن مۇنداق دېگەن: ﴿**(ئۇ نېمەت) باغلار**﴾ خورما ۋە باشقا مېۋىلەردىن بولغان باغلار، ﴿**ئۈزۈملەردۇر. تەڭتۇش قىزلاردۇر**﴾ يەنى تەڭتۇش ھۆرلەردۇر. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە باشقىلار: ئۇلار قىز بولغانلىقى ئۈچۈن كۆكسلىرى ساڭگىلاپ قالماي تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، ھەممىسى تەڭ ياشتىكى قىزلاردۇر، دېدى. ھۆر قىزلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار سۈرە ۋاقىئەدە بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

﴿**(شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملاردۇر**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئارقىمۇئارقا (شاراب بىلەن) تولدۇرۇلۇپ تۇرىلىدىغان جاملاردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: (شارابى) سۈپ سۈزۈك جاملاردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: (شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملاردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز، بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار جەننەتتە ئۆزئارا (مەي قاچىلانغان) جاملارنى تۇتۇشىدۇ، (مەي ئىچىش بىلەن) ئۇلاردىن (بۇ دۇنيادىكىدەك) بىھۇدە سۆز ۋە گۇناھ سادىر بولمايدۇ﴾[1] يەنى جەننەتتە پايدىسىز، قۇرۇق بىھۇدە، يالغان گەپلەر ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىشلار بولمايدۇ. جەننەت تىنچلىق ئورنىدۇر. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالىدۇر.

[1] سۈرە تۇر 23 - ئايەت.

www.munber.org

﴿(ئەنە شۇلار) پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى، يېتەرلىك ئاتاسىدۇر﴾ يەنى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن نېمەتلەر بولسا، الله تائالا ئۆزىنىڭ پەزلىتى، شەپقىتى، مەرھەمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن ئۇلارغا بەرگەن تولۇق ۋە يېتەرلىك مۇكاپاتىدۇر.

* * * * * * *

رَّبِّ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ٱلرَّحْمَـٰنِ ۖ لَا يَمْلِكُونَ مِنْهُ خِطَابًا ﴿٣٧﴾ يَوْمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ
وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ صَفًّا ۖ لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحْمَـٰنُ وَقَالَ صَوَابًا ﴿٣٨﴾ ذَٰلِكَ ٱلْيَوْمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَمَن
شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ مَـَٔابًا ﴿٣٩﴾ إِنَّآ أَنذَرْنَـٰكُمْ عَذَابًا قَرِيبًا يَوْمَ يَنظُرُ ٱلْمَرْءُ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ وَيَقُولُ
ٱلْكَافِرُ يَـٰلَيْتَنِى كُنتُ تُرَٰبًۢا ﴿٤٠﴾

***ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. (ئۇ كۈندە ھېچ كىشى) ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ﴿37﴾. جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار(نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان اللەنىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ﴿38﴾. ئەنە شۇ چوقۇم بولىدىغان كۈندۇر. كىمكى (ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەل بىلەن) پەرۋەردىگارىغا قايتىدىغان يولنى تۇتۇشنى خالىسا (تۇتسۇن)﴿39﴾. بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن (يۈز بېرىشى يېقىن ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. كاپىر: «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەيدۇ﴿40﴾.***

## ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ، ھەتتا پەرىشتەلەرنىڭمۇ الله تائالانىڭ ئالدىدا ئىزنىسىز سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىدىن، بۈيۈكلىكىدىن، ئۆزىنىڭ ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ رەھمىتى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مېھرىبان زات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر﴾**

**﴿(ئۇ كۈندە ھېچ كىشى) ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ﴾** يەنى الله تائالا ئىجازەت بەرمىگىچە ھېچ كىشى الله تائالاغا سۆز ئېچىشقا قادىر ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿اللەنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللەنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1] ﴿قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت الله دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ﴾[2].

[1] سۈرە بەقەر 255 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 105 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿**جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە** (يەنى قىيامەتتە). **ئۇلار** (نىڭ ئارىسىدا) **مېھرىبان اللەنىڭ ئىزنىغا ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ**﴾ ئىمام بۇخارىنىڭ بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ كۈندە پەقەت پەيغەمبەرلەرلا گەپ قىلالايدۇ». ئەبۇسالىھ ۋە ئىكرىمە: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دېگەن سۆز توغرا ۋە ھەق سۆزلەرنىڭ قاتارىدىندۇر، دېدى.

﴿**ئەنە شۇ چوقۇم بولىدىغان كۈندۇر**﴾ يەنى ئۇ كۈن شەكسىز مەيدانغا كېلىدىغان كۈندۇر.

﴿**كىمكى (ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەل بىلەن) پەرۋەردىگارىغا قايتىدىغان يولنى تۇتۇشنى خالىسا (تۇتسۇن)**﴾ يەنى كىمكى پەرۋەردىگارىغا يېتىدىغان يول ۋە پرىنسىپنى تۇتۇشنى خالىسا تۇتسۇن.

## قىيامەت بولۇشنىڭ ئاز قالغانلىقى توغرىسىدا

﴿**بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن (يۇز بېرىشى) يېقىن ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردۇق**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردۇق. قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، (كەلگۈسىدە) چوقۇم بولىدىغان ھەر قانداق نەرسە (كۈنسېرى) يېقىنلىشىپ كېلىدۇ.

﴿**ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ**﴾ يەنى ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مەيلى ياخشىسى بولسۇن ياكى يامىنى بولسۇن، كونىسى بولسۇن ياكى يېڭىسى بولسۇن، ھەممىسى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[1] ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[2].

﴿**كاپىر: «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەيدۇ**﴾ يەنى كاپىر ئۇ كۈندە اللە تائالانىڭ ئازابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك، ياخشى پەرىشتىلەردىن بولغان پۈتۈكچىلەرنىڭ قوللىرى بىلەن خاتىرىلەنگەن يامان قىلمىشلىرىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ دۇنيادا تۇپراق بولۇپ يارىتىلغان، ئادەم بولۇپ يارىتىلمىغان ۋە ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

اللە تائالا ھەتتا مۈڭگۈزسىز قويغا مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىپ كېچىككىنىمۇ ناھەقچىلىق يوق ئادىل ھۆكمى بىلەن دۇنيادىكى ھايۋانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇلارغا: سىلەر تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىڭلار، دېيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كاپىر: ﴿**كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!**﴾ يەنى مەنمۇ ھايۋان بولغان بولسام، مەنمۇ ئۇلاردەك تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولاتتىم دېگەن سۆزنى قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

---

[1] سۈرە كەھف 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە قىيامەت 13 ـ ئايەت.

www.munber.org

بۇ قاراشنىڭ مەزمۇنىدا كەلگەن ھەدىس ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەر باردۇر.

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە نەبەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە نازىئات | 46 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلنَّٰزِعَٰتِ غَرۡقٗا ﴿١﴾ وَٱلنَّٰشِطَٰتِ نَشۡطٗا ﴿٢﴾ وَٱلسَّٰبِحَٰتِ سَبۡحٗا ﴿٣﴾ فَٱلسَّٰبِقَٰتِ سَبۡقٗا ﴿٤﴾
فَٱلۡمُدَبِّرَٰتِ أَمۡرٗا ﴿٥﴾ يَوۡمَ تَرۡجُفُ ٱلرَّاجِفَةُ ﴿٦﴾ تَتۡبَعُهَا ٱلرَّادِفَةُ ﴿٧﴾ قُلُوبٞ يَوۡمَئِذٖ وَاجِفَةٌ ﴿٨﴾
أَبۡصَٰرُهَا خَٰشِعَةٞ ﴿٩﴾ يَقُولُونَ أَءِنَّا لَمَرۡدُودُونَ فِي ٱلۡحَافِرَةِ ﴿١٠﴾ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمٗا نَّخِرَةٗ ﴿١١﴾ قَالُواْ تِلۡكَ
إِذٗا كَرَّةٌ خَاسِرَةٞ ﴿١٢﴾ فَإِنَّمَا هِيَ زَجۡرَةٞ وَٰحِدَةٞ ﴿١٣﴾ فَإِذَا هُم بِٱلسَّاهِرَةِ ﴿١٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*(كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴿1﴾. (مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴿2﴾. (اللهنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴿3﴾. (مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى﴿4﴾. (اللهنىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ)﴿5﴾. بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ﴿6﴾. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ﴿7﴾. بۇ كۈندە دىللارنى (يەنى كۇففارلارنىڭ دىللىرىنى) قورقۇنچ باسىدۇ﴿8﴾. شۇ (دىللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ) كۆزلىرى (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ﴿9﴾. ئۇلار ئېيتىدۇ: «راستلا بىز ئاۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق؟)﴿10﴾. ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟»﴿11﴾. ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) زىيانلىق قايتىشتۇر (يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز)»﴿12﴾. بىر سەيھە (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴿14-13﴾.*

www.munber.org

## ﷲ تائالانىڭ بەش تۈرلۈك پەرىشتىلەر بىلەن قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿**(كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى**﴾ ئەبۇ مەسئۇدە، ئىبنى ئابباس، مەسرۇق، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇسالىھ، ئەبۇ زۇھا ۋە سۇددى قاتارلىقلار: ئۇلار ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى تارتىپ ئالىدىغان پەرىشتىلەردۇر، دېدى.

پەرىشتىلەر ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى قاتتىق ۋە قىيناپ ئالىدىغان پەرىشتىلەرمۇ بار، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى ناھايىتى يۇمشاق ۋە سىلىق ئالىدىغانلىرىمۇ بار. ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى سىلىق ئالىدىغان پەرىشتىلەر بولسا ﷲ تائالانىڭ: ﴿**(مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىندى. بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار شۇ پەرىشتىلەردۇر. بۇنى ئىبنى ئابباس بايان قىلدى.

﴿**(اللەنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى. (مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى. (اللەنىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ)**﴾

## قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق بىر كۈن ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھەققىدە دېيىشىدىغان سۆزلىرى توغرىسىدا

﴿**بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس: بۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سۇر چېلىنغان ۋاقىتتۇر، دېدى. مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

مۇجاھىد: بىرىنچى سۇر چېلىنغاندا، ﷲ تائالانىڭ: ﴿**بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان ئىش يۈز بېرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ﴾[1] دېدى ۋە ئىككىنچى سۇر چېلىنغاندا، ﷲ تائالانىڭ: ﴿**ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان ئىش يۈز بېرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرۈلۈپ (بىر ـ بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ﴾[2] دەيدۇ، دېدى.

﴿**بۇ كۈندە دىللارنى (يەنى كۇففارلارنىڭ دىللىرىنى) قورقۇنچ باسىدۇ. شۇ (دىللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ) كۆزلىرى (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ**﴾ يەنى شۇ دىللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئىشلارنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ (تىكىلىپ قارىيالماي) تۆۋەن خار ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

---

[1] سۈرە مۇززەممىل 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھاققە 14 ـــ 15 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «راستلا بىز ئاۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق؟)﴾ مۇجاھىد: قۇرەيش مۇشرىكلىرى ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا مۇشرىكلار (ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن) ئۆزلىرىنىڭ قەبرىلەرگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن قايتا تىرىلىشىنى يىراق سانىماقچى بولغاندۇر، دېدى. يەنى ئۆزلىرىنىڭ تەنلىرى تىتما ـ تىتما بولۇپ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشىنى يىراق سانىماقچىدۇر. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟»﴾.

﴿«ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) زىيانلىق قايتىشتۇر (يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز)»﴾ مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دېدى: قۇرەيش كاپىرلىرى: ئەگەر اللە تائالا بىزنى بىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن راستىنلا قايتا تىرىلدۈرىدىغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز، دېدى.

﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾ يەنى بۇ ئىش پەقەت اللە تائالانىڭ بىر قېتىم بەرگەن بۇيرۇقى بىلەنلا بولىدۇ. اللە تائالا ئىسراپىلغا سۇر چېلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئىسراپىل (ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرىدىن) تېرىلىپ چىقىش سۇرىنى چالىدۇ ـ دە، ئىلگىرى ۋە كېيىن كۆمۈلگەن بارلىق كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىشىدۇ.

اللە تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿شۇ كۈندە اللە سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾[1] ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[2] ﴿قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾[3].

اللە تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىدە كەلگەن زېمىننىڭ قانداق زېمىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا رەبىيئ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دېدى: اللە تائالا قىيامەت كۈنىدىكى ئاسمان، زېمىن ۋە تاغلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك اللە نىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ﴾[4] ﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ). ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن»﴾[5] ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)﴾[6] دېمەك ئۈستىلىرىدىكى تاغلار

[1] سۈرە ئىسرا 52 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەمەر 50 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئىبراھىم 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە تاھا 105 ـــ 107 ـ ئايەتكىچە.
[6] سۈرە كەھف 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يوق قىلىنىپ، تۈپتۈز قىلىنغان زېمىن بولسا ئادەتتە بىز بىلىدىغان زېمىننىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئۇ زېمىن ئۈستىدە ھېچقانداق بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈلمىگەن ۋە قان تۆكۈلمىگەن (پاك) زېمىندۇر.

* * * * * * *

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ﴿١٥﴾ إِذۡ نَادَىٰهُ رَبُّهُۥ بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوًى ﴿١٦﴾ ٱذۡهَبۡ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ
إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿١٧﴾ فَقُلۡ هَل لَّكَ إِلَىٰٓ أَن تَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَأَهۡدِيَكَ إِلَىٰ رَبِّكَ فَتَخۡشَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَرَىٰهُ ٱلۡأٓيَةَ ٱلۡكُبۡرَىٰ
﴿٢٠﴾ فَكَذَّبَ وَعَصَىٰ ﴿٢١﴾ ثُمَّ أَدۡبَرَ يَسۡعَىٰ ﴿٢٢﴾ فَحَشَرَ فَنَادَىٰ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ أَنَا۠ رَبُّكُمُ ٱلۡأَعۡلَىٰ ﴿٢٤﴾ فَأَخَذَهُ
ٱللَّهُ نَكَالَ ٱلۡأٓخِرَةِ وَٱلۡأُولَىٰٓ ﴿٢٥﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةً لِّمَن يَخۡشَىٰٓ ﴿٢٦﴾

*ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟*[15]*. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) چاقىردى:*[16]*. «سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى*[17]*. ئۇنىڭغا: (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن*[18]*. سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن ـ دە، (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن)، دېگىن»*[19]*. مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى*[20]*. پىرئەۋن (اللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى) ئىنكار قىلدى ۋە (اللەنىڭ ئەمرىگە) ئاسىيلىق قىلدى*[21]*. ئاندىن پىرئەۋن (مۇسادىن) يۈز ئۆرۈپ (ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە) كىرىشتى*[22]*. (ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ*[23]*. دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»*[24]*. اللە ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى*[25]*. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللەدىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ*[26].

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭ ﷲ تائالادىن قورققانلار ئۈچۈن ئىبرەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋنگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ھەر خىل مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەنلىكىنى، بىراق پىرئەۋننىڭ تاكى اللە تائالا ئۇنى غالىب، قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ ھالاك قىلغانغا قەدەر ئۆزىنىڭ كۇپۇرلىقىدا ۋە ھەددىدىن ئېشىشىدا داۋام قىلغانلىقىنى بايان قىلدى، ھەمدە ساڭا (يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى دېمەكچىدۇر) ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە قارشىلىق كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، دېدى. شۇڭا اللە تائالا قىسسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللەدىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ**﴾.

﴿**ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟**﴾ يەنى سەن ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) چاقىردى**﴾ توغرا قاراشقا ئاساسەن بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان "تۇۋا" نىڭ ئەسلى بىر جىلغىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى سۈرە تاھا دا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى.

www.munber.org

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى شۇ جىلغىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى﴾ يەنى ئۇ چوڭچىلىق قىلدى ۋە ھەددىدىن ئاشتى.

﴿ئۇنىڭغا: (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن (دېگىن)﴾ يەنى سەن ئۇنىڭغا: سەن ئىسلامغا كىرىشكە ۋە (الله تائالاغا) بويسۇنۇشقا يېتەكلەيدىغان يولنى قوبۇل قىلامسەن؟ دېگىن.

﴿سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن ـ دە، (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن)، دېگىن»﴾ يەنى مەن سېنى پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىشقا باشلاپ قويىمەن. (ئەگەر سەن الله تائالاغا ئىبادەت قىلساڭ) سېنىڭ دىلىڭ قويالىق، (مەنىۋىي) كىرلىكتىن ۋە ياخشىلىقتىن يىراق بولغان ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەمتەر، الله تائالاغا بويسۇنغۇچى ۋە الله تائالادىن قورققۇچى ھالىتىگە كېلىدۇ، دېگىن.

﴿مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ھەق دەۋەت ئۈستىدە تۇرۇپمۇ يەنە پىرئەۋنگە ئۆزىنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۈچلۈك ھۆججەت ۋە روشەن پاكىتلارنى كۆرسەتتى.

﴿پىرئەۋن (اللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى) ئىنكار قىلدى ۋە (اللەنىڭ ئەمرىگە) ئاسىيلىق قىلدى﴾ يەنى پىرئەۋن ھەقنى ئىنكار قىلدى ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشقا بېرىلگەن بۇيرۇققا قارشىلىق قىلدى. گەپنىڭ خۇلاسىسى: پىرئەۋننىڭ دىلى (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلدى. پىرئەۋن (مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تونىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ) مەيلى دىلى بىلەن بولسۇن ياكى جىسمى بىلەن بولسۇن، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ھېچقانداق بىر تەسىرنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تونىغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۇ نەرسىگە ئىمان ئېيتقانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، (بىرەر نەرسىنى) تونۇش بولسا ئۇ نەرسىنى دىلنىڭ بىلگەنلىكىدۇر خالاس. ئەمما ئىمان ئېيتىش بولسا ئەمەل قىلىشقا دىلنىڭ ماقۇل كەلگەنلىكىدۇر. دىلنىڭ ئەمەل قىلىشنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ھەققە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا بوي ئېگىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. (يەنى پىرئەۋننىڭ دىلى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تونۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىلى ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئەمەل كۆرسەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئىمان ئېيتتى دېيىشكە بولمايدۇ)

﴿ئاندىن پىرئەۋن (مۇسادىن) يۈز ئۆرۈپ (ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە) كىرىشتى﴾ يەنى پىرئەۋن ھەققە ناھەق بىلەن قارشى تۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرگە سېھىرگەرلەر بىلەن قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنى بىرىيەرگە توپلىغانلىقىدۇر.

﴿(ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»﴾ ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد: پىرئەۋن: ﴿«ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾[1] دېگەن سۆزنى قىلىپ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ﴿«مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»﴾ دېگەن سۆزنى قىلدى، دېدى.

﴿الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى﴾ يەنى الله تائالا ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر ئىنتىقام ئالدىكى، ئۇنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە شۇنىڭدەك ھەددىدىن ئاشقانلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا

---

[1] سۈرە قەسەس 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!﴿[1] ﴿ئۇلارنى بىز دوزاخقا ئۇندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلىقلىرى قىلدۇق)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ)﴾[2].

﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللەدىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ**﴾ يەنى بۇنىڭدا نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ (يامانلىقلاردىن) قايتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار.

* * * * * * *

ءَأَنتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ ٱلسَّمَآءُ ۚ بَنَىٰهَا ﴿٢٧﴾ رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّىٰهَا ﴿٢٨﴾ وَأَغْطَشَ لَيْلَهَا وَأَخْرَجَ ضُحَىٰهَا ﴿٢٩﴾ وَٱلْأَرْضَ بَعْدَ ذَٰلِكَ دَحَىٰهَآ ﴿٣٠﴾ أَخْرَجَ مِنْهَا مَآءَهَا وَمَرْعَىٰهَا ﴿٣١﴾ وَٱلْجِبَالَ أَرْسَىٰهَا ﴿٣٢﴾ مَتَٰعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَٰمِكُمْ ﴿٣٣﴾

***سىلەرنى يارىتىش مۈشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۈشكۈلمۇ؟ اللە ئاسماننى ياراتتى﴿27﴾. ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم ـ كۈتىسىز قىلدى﴿28﴾. ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى﴿29﴾. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى﴿30﴾. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى﴿31﴾. تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى﴿32﴾. اللەتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن (ياراتتى)﴿33﴾.***

## ئاسمان ۋە زېمىنلارنى يارىتىشنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتىن قىيىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ) قايتا تىرىلدۈرۈلۈشىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنى يارىتىش مۈشكۈلمۇ؟**﴾ ئى كىشىلەر! ﴿**ياكى ئاسماننى يارىتىش مۈشكۈلمۇ؟**﴾ بەلكى ئاسماننى يارىتىش سىلەرنى يارىتىشتىن قىيىندۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر﴾[3] ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، اللە ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[4]

﴿**اللە ئاسماننى ياراتتى**﴾ اللە تائالا ئاسماننى (قانداق شەكىلدە) ياراتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم ـ كۈتىسىز قىلدى**﴾ يەنى اللە تائالا ئاسماننىڭ قورۇلۇشىنى ئېگىز، ئېتىكىنى كەڭ، ئەتراپىنى تەكشى ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردە يۇلتۇزلار بىلەن بېزىلىدىغان قىلىپ ياراتتى.

﴿**ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى**﴾ يەنى اللە تائالا ئاسماننىڭ كېچىسىنى قاتتىق قاراڭغۇ، كۈندۈزىنى نۇر چېچىپ تۇرىدىغان يوپيورۇق قىلدى. ئىبنى ئابباس اللە تائالانىڭ:

(1) سۈرە ھۇد 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە قەسەس 41 ـ ئايەت.
(3) سۈرە غافىر 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە ياسىن 81 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭ كېچىسىنى قاراڭغۇلاشتۇردى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار اللە تائالانىڭ: ﴿**كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭ كۈندۈزىنى يورۇقلاشتۇردى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى**﴾ اللە تائالا زېمىننى قانداق يايغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى**﴾ سۈرە سەجدىدە زېمىننىڭ ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى. لېكىن، ئۇنىڭ يېيىلىشىنىڭ ئاسمان يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن بولغانلىقى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. يەنى زېمىننىڭ ئەسلىدە قۇبۇل قىلماقچى بولغىنىنى ئەمەلىيەتكە چىقاردى. بۇ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدۇر. بۇقاراشنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ قارىدى.

﴿**تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى**﴾ يەنى اللە تائالا تاغلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىدا مۇستەھكەم ۋە چىڭ تۇرىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. اللە تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، مەخلۇقاتلىرىغا مېھرىباندۇر، شەپقەتلىكتۇر.

﴿**اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن (ياراتتى)**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ زېمىننى يېيىپ بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىشى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بايلىقلارنى ئاشكارىلىشى، ئۆستەڭلىرىنى ئاققۇزۇپ بېرىشى، زىرائەتلىرىنى، دەرەخلىرىنى ۋە مېۋىلىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشى، زېمىننىڭ ئۈز ئۈستىدىكى كىشىلەر بىلەن تەۋرىنىپ كەتمەي جىم تۇرۇشى ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئۈستىدە) تاغلارنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا، بەندىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ۋە ئۇ بەندىلەر تاكى ئۆلگەنگە قەدەر مۇشۇ دۇنيادا ياشىغان مۇددەتتە يېيىش ۋە مىنىش ئۈچۈن ئېھتىياجى چۈشىدىغان ھايۋانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

* * * * * * *

فَإِذَا جَآءَتِ ٱلطَّآمَّةُ ٱلۡكُبۡرَىٰ ﴿٣٤﴾ يَوۡمَ يَتَذَكَّرُ ٱلۡإِنسَٰنُ مَا سَعَىٰ ﴿٣٥﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلۡجَحِيمُ لِمَن
يَرَىٰ ﴿٣٦﴾ فَأَمَّا مَن طَغَىٰ ﴿٣٧﴾ وَءَاثَرَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ﴿٣٨﴾ فَإِنَّ ٱلۡجَحِيمَ هِيَ ٱلۡمَأۡوَىٰ ﴿٣٩﴾ وَأَمَّا مَنۡ خَافَ
مَقَامَ رَبِّهِۦ وَنَهَى ٱلنَّفۡسَ عَنِ ٱلۡهَوَىٰ ﴿٤٠﴾ فَإِنَّ ٱلۡجَنَّةَ هِيَ ٱلۡمَأۡوَىٰ ﴿٤١﴾ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ
مُرۡسَىٰهَا ﴿٤٢﴾ فِيمَ أَنتَ مِن ذِكۡرَىٰهَآ ﴿٤٣﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ مُنتَهَىٰهَآ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَآ أَنتَ مُنذِرُ مَن يَخۡشَىٰهَا ﴿٤٥﴾ كَأَنَّهُمۡ
يَوۡمَ يَرَوۡنَهَا لَمۡ يَلۡبَثُوٓاْ إِلَّا عَشِيَّةً أَوۡ ضُحَىٰهَا ﴿٤٦﴾

*قىيامەت كەلگەندە*[34]*. (شۇ) كۈندە ئىنسان (ياخشى ـ يامان) قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ*[35]*. قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ*[36]*. كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن*[37]*. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن*[38]*. ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ*[39]*. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك*[40]*. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ*[41]*. ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ*[42]*. سەن ئۇنى قانداقمۇ*

www.munber.org

*بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ﴿43﴾ . ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر ﴿44﴾. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر ﴿45﴾. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ) ﴿46﴾ .*

## قىيامەت كۈنى، ئۇ كۈننىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى ۋە ئۇ كۈندە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازالار توغرىسىدا

﴿**قىيامەت كەلگەندە، (شۇ) كۈندە ئىنسان (ياخشى ـ يامان) قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئىنسانلار (دۇنيادا قىلغان) ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى (بىر ـ بىرلەپ) ئەسلەيدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نىمە پايدىسى بولسۇن﴾[1].

﴿**قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ**﴾ يەنى قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كورستىلىدۇ ـ دە، ئۇلار جەھەننەمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ.

﴿**كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن**﴾ يەنى كىمكى (كۇفرىلۇقتا) ھەددىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا ئىشلىرىنى دىن ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا قويىدىكەن ﴿**ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ ئورنى جەھەننەم، يەيدىغان تامىقى زەققۇم دىگەن دەرەخ ۋە ئىچىدىغان ئىچىملىكى يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بولىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتىن ۋە ئۆزىگە پەرۋەردىگارىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىدىن قورققان، (شۇنىڭ بىلەن) ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ۋە پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا قاراتقان ئادەمگە كەلسەك ﴿**ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ**﴾ ئۇنىڭ ئورنى ۋە قايتىش جايى ئازادە بولغان جەننەت بولىدۇ.

﴿**ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىش سېنىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. ئۇنى بىلىش پەقەت الله تائالاغىلا خاس ئىشتۇر. ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان زات يالغۇز الله تائالادۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ».گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت الله بىلىدۇ﴾[2] ۋە الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قىيامەت ھەققىدە سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بىلىملىك ئەمەستۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

﴿**سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر**﴾ يەنى سېنى پەقەت كىشىلەرنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن

---

[1] سۈرە فەجر 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىم. كىمكى اﷲ تائالادىن، ئۆزىنىڭ (اﷲ تائالا) ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن ۋە ئۇنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ ساقلانسا، ئۇ نىجات تاپقان ۋە غەلىبە قازانغان بولىدۇ. ئارزۇسىغا بېرىلىپ، مەسىلىك ۋە زىيان تارتىش بولسا، پەقەت سېنى ئىنكار قىلغان ۋە ساقلا قارشىلىق كۆرسەتكەن كىشىلەرگىلا بولىدۇ.

**﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار (قىيامەت كۈنى) قەبرىلىرىدىن (قوپۇپ كېلىپ) توپلىنىش مەيدانىدا تۇرغان چاغدا ئۆزلىرىنى گويا دۇنيادا پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەكلا گۇمان قىلىپ، دۇنيادا تۇرغان ۋاقتىنى ناھايىتى ئاز ھېس قىلىدۇ. جۇۋەيرە زەھھاكتىن ئىبنى ئابباسنىڭ: ئايەتتىكى "پەقەت بىر كەچقۇرۇن" دېگەن سۆزدىن پېشىن نامىزى بىلەن شام نامىزىنىڭ ئارىلىقى ۋە "ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك" دېگەن سۆزدىن كۈن چىققاندىن ۋاقتتىن چىڭ چۈش بولغۇچىلىك بولغان ئارىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. قەتادە: بۇ ئايەتتىن كىشىلەر ئاخىرەتنى كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانىڭ مۇددىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

اﷲ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە نازىئاتنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ئەبەسە | 42 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

عَبَسَ وَتَوَلَّىٰٓ ﴿١﴾ أَن جَآءَهُ ٱلۡأَعۡمَىٰ ﴿٢﴾ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّهُۥ يَزَّكَّىٰٓ ﴿٣﴾ أَوۡ يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ ٱلذِّكۡرَىٰٓ
﴿٤﴾ أَمَّا مَنِ ٱسۡتَغۡنَىٰ ﴿٥﴾ فَأَنتَ لَهُۥ تَصَدَّىٰ ﴿٦﴾ وَمَا عَلَيۡكَ أَلَّا يَزَّكَّىٰ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَن جَآءَكَ يَسۡعَىٰ ﴿٨﴾
وَهُوَ يَخۡشَىٰ ﴿٩﴾ فَأَنتَ عَنۡهُ تَلَهَّىٰ ﴿١٠﴾ كَلَّآ إِنَّهَا تَذۡكِرَةٞ ﴿١١﴾ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ﴿١٢﴾ فِي صُحُفٖ مُّكَرَّمَةٖ ﴿١٣﴾
مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۭ ﴿١٤﴾ بِأَيۡدِي سَفَرَةٖ ﴿١٥﴾ كِرَامِۭ بَرَرَةٖ ﴿١٦﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى﴿1-*
*2﴾(ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن)*
*پاكلىنىشى مۇمكىن﴿3﴾. ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن﴿4﴾. ئۆزىنى*
*(ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق*
*سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن﴿5-6﴾. ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە*
*زىيىنىدى﴿7﴾. سەندىن مەرىپەت تىلەپ، اللهدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك﴿8-9﴾.*
*سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن﴿10﴾. (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر﴿11﴾.*
*خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴿12﴾. ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى)*
*يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر﴿13-14﴾. (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان)*
*پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴿15-16﴾.*

## پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ (كۆزى) ئاجىز كىشى ئۇممۇ مەكتۇمغا چىراينى تۈرگەنلىكى ئۈچۈن ﷲ تائالانىڭ ئۇنىڭغا كايىغانلىقى توغرىسىدا

كۆپلىگەن تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دېگەن نىيەتتە قۇرەيش كاتتىباشلىرىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتقان ئىدى. شۇ ئارىدا ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلاردىن بىرى بولغان ئىبنى ئۇممۇمەكتۇم كىرىپ كېلىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بىرنەرسىلەرنى سوراشقا باشلىدى ۋە سوئالىنى توختاتمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ كاتتىبېشىغا قىلىۋاتقان سۆزىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ بۇ ۋاقىتتا گەپ قىلماي جىم تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە ئۇنىڭغا چىراينى تۈرۈپ، يۈزىنى ئۆرۈپ ھېلىقى ئادەمگە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى**

**ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن﴾** يەنى (سەندىن ئالغان بىلىملەر بىلەن) ئۇ پاكلىنىشى مۇمكىن. **﴿ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن﴾** يەنى ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ھارام ئىشلاردىن يېنىشى مۇمكىن.

**﴿ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن)﴾** يەنى سەن ھېلىقى باي كاتتىباشنى ھىدايەت تېپىپ قالارمىكىن دەپ ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا يۈزلىنىسەن.

**﴿ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنىدى﴾** يەنى سەن ئۇ كاپىرنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىشقا مەسئۇل ئەمەسسەن.

**﴿سەندىن مەرىپەت تىلەپ، اللەدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك﴾** يەنى سېنىڭ دىگەنلىرىڭنى ئاڭلاپ ھىدايەت تېپىشنى ئارزۇ قىلىپ، قېشىڭغا كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، **﴿سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن﴾** يەنى (سەن ئۇنى قويۇپ باشقا ئىشلار بىلەن) بولىسەن.

اللە تائالا بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پەيغەمبىرىنى ۋەز ـ نەسىھەتنى پەقەت بىر كىشىگىلا قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن ئەكسىچە، مەرتىۋىسى يۇقىرى ـ تۆۋەن، باي ـ پېقىر، خوجايىن ـ قۇل، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىگە ئورتاق قىلىشقا ۋە سورۇندا ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن اللە تائالا خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. اللە تائالانىڭ شۇنداق قىلىشىدا ئۆزىنىڭ چوڭ بىر ھېكمىتى ۋە كەسكىن پاكىتى باردۇر.

ئەبۇ يەئلا ۋە ئىبنى جەرىر ئائىشە رەزىياللاھۇئەنھانىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كور ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم (بىر كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: مېنى توغرا يولغا باشلاپ قويغىن، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بولغان بىر ئادەم بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ ئۇنىڭغا: «سەن مېنىڭ دىگەن سۆزلىرىمدىن بىرەر تەسلىكنى ھېس قىلدىڭمۇ؟» دىدى. ئۇ ئادەم: ياق، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ چاغدا اللە تائالا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە: **﴿يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى﴾** دىگەن ئايەتنى چۈشۈردى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان لېكىن، ئۇ بۇ ھەدىسنى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلمىدى. بۇ ھەدىس يەنە (ئىمام مالىكنىڭ) مۇئەتتا دىگەن كىتابىدىمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

## قۇرئاننىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

**﴿(بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر﴾** يەنى بۇ سۈرە مەرتىۋىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن كىشىلەرگە بىلىم يەتكۈزگەندە (ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا)، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا قىلىنغان بىر تەۋسىيەدۇر. قەتادە ۋە سۇددى: اللە تائالانىڭ: **﴿(بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر﴾** دىگەن ئايىتىدىكى ”بۇ ئايەتلەر“ دىگەن سۆزدىن قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ (يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇ قۇرئان ۋەزدۇر دىگەن بولىدۇ)، دىدى.

**﴿خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴾** يەنى خالىغان كىشى پۈتۈن ئىشلىرىدا اللە تائالانى ئەسلەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ: خالىغان كىشى پۈتۈن ئىشلىرىدا (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا

www.munber.org

چۇشۇرۇلگەن) بۇ ۋەھيىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ، دېگەن مەنانى بېرىش ئېھتىمالىمۇ باردۇر. چۈنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سۆزنىڭ تېمىسى (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەن) بۇ سۈرە توغرىسىدىدۇر.

﴿ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر﴾ يەنى بۇ سۈرە ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ياكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى، بەلكى قۇرئاننىڭ ھەممىسى ﴿قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر﴾ يەنى قىممەتلىك، قەدرى كاتتا، ناپاكلىقتىن خالى، ئارتۇق ـ كەم بولۇپ قالمىغان سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر.

﴿(ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴾ يەنى ئۇ پەرىشتەلەرنىڭ ئەخلاقلىرى ئېسىل، چىرايلىق، ھۆرمەتلىك ۋە قىلىقلىرى پاك ۋە قۇسۇرسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى يادا ئالغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە ھەقچىل بولۇشى ۋە توغرا يول ئۈستىدە مېڭىشى لازىمدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننى (ئوقۇشتا قىينالماي) راۋان ئوقۇغان كىشى ھۆرمەتلىك ياخشى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى (قىينىلىپ ئوقۇغان) كىشىگە ئىككى قات ساۋاب بار». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَآ أَكۡفَرَهُۥ ﴿١٧﴾ مِنۡ أَيِّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ ﴿١٨﴾ مِن نُّطۡفَةٍ خَلَقَهُۥ فَقَدَّرَهُۥ ﴿١٩﴾ ثُمَّ
ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقۡبَرَهُۥ ﴿٢١﴾ ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ ﴿٢٢﴾ كَلَّا لَمَّا يَقۡضِ مَآ أَمَرَهُۥ ﴿٢٣﴾
فَلۡيَنظُرِ ٱلۡإِنسَٰنُ إِلَىٰ طَعَامِهِۦٓ ﴿٢٤﴾ أَنَّا صَبَبۡنَا ٱلۡمَآءَ صَبّٗا ﴿٢٥﴾ ثُمَّ شَقَقۡنَا ٱلۡأَرۡضَ شَقّٗا ﴿٢٦﴾ فَأَنۢبَتۡنَا
فِيهَا حَبّٗا ﴿٢٧﴾ وَعِنَبٗا وَقَضۡبٗا ﴿٢٨﴾ وَزَيۡتُونٗا وَنَخۡلٗا ﴿٢٩﴾ وَحَدَآئِقَ غُلۡبٗا ﴿٣٠﴾ وَفَٰكِهَةٗ وَأَبّٗا ﴿٣١﴾ مَّتَٰعٗا لَّكُمۡ
وَلِأَنۡعَٰمِكُمۡ ﴿٣٢﴾

*ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەب كاپىر بولدى! [17]. اللە ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ [18]. اللە ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) اللە ئۇنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىن ـ پەي ياراتتى [19]. ئاندىن ئۇنىڭغا (ماڭار) يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى [20]. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى [21]. ئاندىن اللە ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ [22]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى بۇ كاپىر ئىنسان تەكەببۇرلۇقىدىن يانسۇن)، ئۇ اللەنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى [23]. (بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن [24]. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق [25]. ئاندىن زېمىننى (ئۇنىڭدىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق [26]. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق [27 - 32].*

www.munber.org

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اللہ تائالا (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەب كاپىر بولدى!**﴾

﴿**ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى**﴾ بۇ ھېچقانداق ئاساسسىز بەلكى، (قىيامەتنىڭ بولۇشىنى) يىراق سانىغانلىقى ۋە (قىيامەت ھەققىدە) بىر نەرسە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا قىيامەتنى ئىنكار قىلغان پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولغان لەنەتتۇر.

﴿**ئۇ ئەجەب كاپىر بولدى!**﴾ ئىبنى جۇرەيج: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ كاپىرلىقى ئەجەب قاتتىق بولدى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇ ئەجەب (اللہ تائالانىڭ رەھمىتىدىن) ئۇزاقلاشتۇرۇلدى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

ئاندىن اللہ تائالا ئىنسانلارنى ئاددىي بىر نەرسىدىن قانداق ياراتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارنى خۇددى بۇرۇن يارىتىشقا (قادىر بولغىنىدەك) قايتا تىرىلدۈرۈشكىمۇ قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**اللہ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ اللہ ئۇنى ئابمەنىدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) اللہ ئۇنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىن ـ پەي ياراتتى**﴾ يەنى اللہ تائالا (ئۇنى يارىتىپ) ئۇنىڭ ئەجىلىنى، رىزقىنى، قىلىدىغان ئىشلىرىنى، بەتبەخت ياكى بەختلىك ئادەم بولۇشىنى پۈتۈۋەتتى.

﴿**ئاندىن ئۇنىڭغا (ماڭار) يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ: ئاندىن اللہ تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە، زەھھاك، ئەبۇ سالىھ، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ مەناغا توغرا دەپ باھا بەردى.

مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللہ تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (اللەنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دېدى.يەنى (ئايەتنىڭ مەنىسى): بىز ئىنساننىڭ نېمە ئىش قىلىشىنى (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن) ئۈچۈق، روشەن بايان قىلىپ بەردۇق ۋە قىلماقچى بولغان ئىشى ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق دېگەنلىك بولىدۇ. ھەسەن ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇنداق بولىدۇ، دېدى. ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىلگىرىكى مەناغا قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. توغرىسىنى اللہ تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿**ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى**﴾ يەنى اللہ تائالا ئىنساننى ياراتقاندىن كېيىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى ۋە قەبرىگە (كۆمۈلىدىغان) قىلدى.

﴿**ئاندىن اللہ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ**﴾ يەنى اللہ تائالا ئىنساننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنساننىڭ ھەممە يەرلىرى چىرىپ كېتىپ پەقەت ئومۇرتقا سۆڭىكىلا چىرىماي قالىدۇ. ئىنسان شۇ سۆكەكتىن (قايتا) يارىتىلىدۇ ۋە قۇراشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ».

---

[1] سۈرە ئىنسان 3 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى بۇ كاپىر ئىنسان تەكەببۇرلۇقىدىن يانسۇن)، ئۇ اللەنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئىش بۇ كاپىرنىڭ: مەن ئۆستۈمدىكى ۋە مال - مۈلكۈمدىكى اللە تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلدىم، دېگىنىدەك ئەمەس. چۈنكى، اللە تائالا: پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا پەرز قىلغان نەرسىلەرنى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئادا قىلمىدى، دېدى.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا بېشىدىكى ئايەتتە: ﴿**ئاندىن اللە ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ**﴾ دەپ، ئاندىن: ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى بۇ كاپىر ئىنسان تەكەببۇرلۇقىدىن يانسۇن)، ئۇ اللەنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى**﴾ دېدى. مەن بۇ ئىككى ئايەتنى (بىر - بىرىگە مەنا جەھەتتىن باغلاپ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئەگەر اللە تائالا ئىنسانلارنى دۇنياغا چىقارمايلا ئاخىرەتتە ئۇلارغا تەييارلىغان ھاياتقا ئېلىپ كېتىشنى خالىسا) شۇنداق قىلغان بولاتتى. لېكىن، اللە تائالا دۇنياغا يارىتىلىدۇ دەپ يېزىۋەتكەن ئىنسانلارنىڭ سانى تۈگىمىگىچە ۋە (دۇنيانىڭ) مۇددىتى تۈگىمىگىچە اللە تائالا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. اللە تائالا تەقدىردىمۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسانلارنى (دۇنياغا كېلىشكە) بۇيرۇدى. اللە تائالانىڭ (دۇنياغا مۇنچىلىك ئىنسانلار كېلىدۇ ۋە دۇنيانىڭ مۇددىتى مۇنچە يىل بولىدۇ دەپ) پۈتكەنلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، اللە تائالا ئىنسانلارنى ئۇلارنى بۇرۇن قانداق ياراتقان بولسا قايتا شۇنداق يارىتىدۇ، دەپ چۈشىنىمەن.

## گىياھلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ (زېمىندىن) ئۇندۇرۇلگەنلىكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن**﴾ يەنى بۇ ئايەت (اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى ئۇلارغا) بىر ئەسكەرتىشى بولۇپ، قۇرۇق زېمىندىن گىياھلارنى ئۇندۇرگەنلىكى ئارقىلىق ئۆلۈپ كەتكەنلەر قۇرۇپ، چىرىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن بولسىمۇ ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا دەلىل - پاكىت كەلتۈرگەنلىكىدۇر.

﴿**(بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق**﴾ يەنى زېمىنغا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق.

﴿**ئاندىن زېمىننى (ئۈنگەن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق**﴾ يەنى يامغۇرنى زېمىن ئۈستىدە تۇرغۇزدۇق. يامغۇر (زېمىننىڭ) قات - قاتلىرىغىچە سىڭىپ، ھەتتا زېمىنغا كۆمۈلگەن ئۇرۇقلارنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق بىخلىنىپ ئۈنۈپ يەر يۈزىگە چىقىدۇ.

﴿**سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى ئۆستۈردۇق**﴾ يەنى ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى ۋە ھايۋانلار يەيدىغان ئوت - چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق. ئىبنى ئابباس، قەتادە، زەھھاك ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

﴿**زەيتۇننى (ئۆستۈردۇق)**﴾ يەنى زەيتۇن ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بىر نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋە مېيىمۇ قارا كېلىدۇ. ئۇنىڭ مېيىنى چىراغقا ئىشلەتكىلىمۇ ۋە تاماققا ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ.

﴿**خورمىنى (ئۆستۈردۇق)**﴾ خورما بولسا ھۆل ياكى قۇرۇق يېگىلى بولىدىغان مېۋىدۇر. ئۇنى قاينىتىپ ياكى سىقىپ شەربەت قىلىپ ئىچكىلىمۇ بولىدۇ.

﴿**دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى (ئۆستۈردۇق)**﴾ ھەسەن ۋە قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى خورما دەرەخلىرى قويۇق ئۆسكەن، ئىسىل باغچىلارنى بەرپا قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

www.munber.org

﴿**تۇرلۇك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى (ئۆستۈردۇق)**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ھۆل ھالىتىدە يېيىلىدىغان مېۋىلەرنى ۋە ھايۋانلار يەيدىغان ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

ئەبۇئۇبەيد قاسىم ئىبنى سەلام، ئىبراھىم ئىبنى تەيمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ (قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن سوئال سورالغانىدى. ئەبۇ بەكرى بۇنىڭغا جاۋابەن: ئەگەر مەن بىلمەي تۇرۇپ قۇرئاننىڭ (ئايەتلىرىنىڭ مەنىسى ھەققىدە) بىر نەرسە دېسەم، قايسى ئاسمان ماڭا سايە تاشلايدۇ (يەنى قايسى ئاسمان مېنى قوينىغا ئالىدۇ) ۋە مېنى قايسى زېمىن كۆتۈرىدۇ؟ دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۈرىنى ئوقۇپ الله تائالانىڭ: ﴿**تۇرلۇك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى (ئۆستۈردۇق)**﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە: بىز مېۋىلەرنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئوت ـ چۆپ دېگەن قانداق نەرسىدۇر؟ دەپ بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: ئى خاتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر! ئۆمرۈڭگە ۋاي! ھەقىقەتەن بۇ مۇھىم ئەمەس ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇپراتقانلىق، دېدى. بۇ ئەسەرنى باشقىلارمۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سورىغان بۇ سوئالى ئارقىلىق ئۇ ئۆت ـ چۆپنىڭ شەكلىنى، ئۇنىڭ تىپىنى ۋە ئۇنىڭ قايسى ئۆت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا الله تائالا: ﴿**سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى (ئۆستۈردۇق)**﴾ دېگەن ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە زېمىندىن ئۆستۈرۈلگەن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ: ﴿**تۇرلۇك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىمۇ ئۇنىڭ زېمىندىن ئۆستۈرۈلگەن بىر ئۈسۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

الله تائالانىڭ شۇ نەرسىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىشى قىيامەت كۈنىگە قەدەر بۇ دۇنيادا (يارىتىلىدىغان) ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

* * * * * * *

فَإِذَا جَآءَتِ ٱلصَّآخَّةُ ﴿٣٣﴾ يَوْمَ يَفِرُّ ٱلْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ ﴿٣٤﴾ وَأُمِّهِۦ وَأَبِيهِ ﴿٣٥﴾ وَصَـٰحِبَتِهِۦ وَبَنِيهِ
﴿٣٦﴾ لِكُلِّ ٱمْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ ﴿٣٧﴾ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ﴿٣٨﴾ ضَاحِكَةٌ مُّسْتَبْشِرَةٌ ﴿٣٩﴾
وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ﴿٤٠﴾ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ﴿٤١﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَفَرَةُ ٱلْفَجَرَةُ ﴿٤٢﴾

*(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ)﴿33﴾. ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە باللىرىدىن قاچىدۇ﴿34 - 36﴾. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴿37﴾. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ﴿38 - 39﴾. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزاڭ بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ﴿40 - 41﴾. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر﴿42﴾.*

www.munber.org

## كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە (ھەتتا) ئۆزۈق ـ تۇغقانلىرىدىنمۇ قاچىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ)﴾**

**﴿ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ﴾** يەنى كىشى ئۇ كۈندە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن قاچىدۇ ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرىدۇ. چۈنكى، (ئۇ كۈندىكى) قورقۇنچ ئەھۋال ناھايىتى ئېغىردۇر. ئىمام مۇسلىم شاپائەت ھەققىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن اللە تائالانىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە شەپائەت قىلىشى تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ: ئۆزەم، ئۆزەم، مەن بۈگۈن اللە تائالادىن پەقەت ئۆزەمنى (قوتۇلدۇرۇپ قىلىشنى) تىلەيمەن، دەيدىغانلىقىنى، ھەتتا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: مەن بۈگۈن اللە تائالادىن پەقەت ئۆزەمنى (قوتۇلدۇرۇپ قىلىشنى) تىلەيمەن ۋە مېنى تۇغقان ئانام مەريەم ھەققىدىمۇ (بىر نەرسە) تىلىمەيمەن دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ﴾** قەتادە: شۇ كۈندىكى قورقۇنچنىڭ (ئېغىرلىقىدىن) ئەڭ يېقىن دوستىمۇ دوستىدىن ۋە ئەڭ يېقىن تۇغقانمۇ تۇغقىنىدىن قېچىپ كېتىدۇ، دېدى.

**﴿ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾** يەنى ئۇ كۈندە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھالى بىلەنلا بولۇپ باشقىلارغا قارىيالمايدۇ. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىلەر (قىيامەت كۈنى توپلىنىش مەيدانىغا) يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، پىيادىلىك ۋە خەتنىسىز ھالەتتە يىغىلىسىلەر» دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداق بولسا كىشىلەر بىر بىرىنىڭ ئۇياتلىق يېرىنى كۆرۈپ قالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا شۇ ھالى يار بەرمەيدۇ ياكى باشقىلارغا قارىغىدەك ھالى بولمايدۇ» دېدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىلەر (قىيامەت كۈنى توپلۇنۇش مەيدانىغا) يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ ۋە خەتنىسىز ھالەتتە توپلىنىسىلەر» دېدى. بىر ئايال: ئۇنداق بولسا بىز بىر ـ بىرلىرىمىزنىڭ ئۇياتلىق يېرىنى كۆرۈپ قالامىمىزمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى پۇلانى ئايال! ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا شۇ ھالى يار بەرمەيدۇ» دېدى.

## جەننەتلىلەر بىلەن دوزىخىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە يۈزلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىر بولسا يۈزلىرىدىن نۇر، كۈلكە تۆكۈلۈپ ۋە دىللىرىدىكى خۇشاللىقى يۈزلىرىدە ئىپادىلىنىپ، يۈزلىرىدىن خۇشال ـ خۇراملىقى يېغىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار جەننەتلىكلەردۇر. بۇ تۈردىكى كىشىلەر اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىندى. يەنە بىر تۈردىكى كىشىلەر بولسا، دوزىخى بولغان كىشىلەر بولۇپ، اللە تائالا ئۇلارنى بۇ ئايىتىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزاڭ بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ﴾**

www.munber.org

ئىبنى ئابباس اﷲ تائالانىڭ: ﴿قارىداپ كەتكەن بولىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: (ئۇلار) قارىلىقى قاپلىۋالغان يۈزلەردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار بولسا دىللىرى ئىمان ئېيتمىغان ۋە قىلمىشلىرى (ئىسلامغا) توغرا كەلمىگەن كىشىلەردۇر. ئۇلار بولسا خۇددى اﷲ تائالا: ﴿ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتتە بايان قىلىنغان كىشىلەرگە ئوخشاشتۇر.

اﷲ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئەبەسەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

[1] سۈرە نۇھ 27 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە تەكۋىر | 29 ئايەت

## بۇ سۈرە ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قىيامەت كۈنىدە (بولىدىغان ئەھۋاللارنى) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولۇشنى ياقتۇرسا تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاق سۈرىلىرىنى ئوقۇسۇن» بۇ ھەدىسنى تىرمىزىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا ٱلشَّمْسُ كُوِّرَتْ ﴿١﴾ وَإِذَا ٱلنُّجُومُ ٱنكَدَرَتْ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلْجِبَالُ سُيِّرَتْ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلْعِشَارُ
عُطِّلَتْ ﴿٤﴾ وَإِذَا ٱلْوُحُوشُ حُشِرَتْ ﴿٥﴾ وَإِذَا ٱلْبِحَارُ سُجِّرَتْ ﴿٦﴾ وَإِذَا ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتْ ﴿٧﴾ وَإِذَا
ٱلْمَوْءُۥدَةُ سُئِلَتْ ﴿٨﴾ بِأَىِّ ذَنۢبٍ قُتِلَتْ ﴿٩﴾ وَإِذَا ٱلصُّحُفُ نُشِرَتْ ﴿١٠﴾ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ كُشِطَتْ ﴿١١﴾
وَإِذَا ٱلْجَحِيمُ سُعِّرَتْ ﴿١٢﴾ وَإِذَا ٱلْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ ﴿١٣﴾ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّآ أَحْضَرَتْ ﴿١٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا*** ﴿1﴾. ***يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا*** ﴿2﴾. ***تاغلار گۇمران بولغان چاغدا*** ﴿3﴾. ***بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا*** ﴿4﴾. ***ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا*** ﴿5﴾. ***دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا*** ﴿6﴾. ***جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا*** ﴿7﴾. ***تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا*** ﴿8-9﴾. ***نامە - ئەماللار ئېچىلغان چاغدا*** ﴿10﴾. ***ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا*** ﴿11﴾. ***دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا*** ﴿12﴾. ***جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا*** ﴿13﴾. ***ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى - يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ*** ﴿14﴾.

## قىيامەت كۈنى كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كۈن (ئۆچۈرۈلۈپ) قاراڭغۇ قىلىنسا دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەۋفي ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كۈن كەتكۈزۈۋېتىلسە دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. قەتادە: بۇ

www.munber.org

ئايەتنىڭ مەنىسى كۈننىڭ نۇرى ئۆچۈپ كەتسە دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى كۈن تاشلىۋېتىلسە دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: كۈن قاتلاپ يىغىلىپ، يىغىپ تاشلىۋېتىلگەندە، ئۇنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ دېگەنلىكمۇ بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى كۈن بىلەن ئاينىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ».

## يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلۈشى توغرىسىدا

﴿**يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە باشقا يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا**﴾[1] رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ئەبۇئالىيەدىن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى بولىدىغان ئالتە ئالامەت باردۇر. ئۇلار بولسا: كىشىلەر بازارلاردا تۇرغان ۋاقىتتا كۈننىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈشى. يەنە ئۇلار شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلۈشى. ۋە يەنە ئۇلار شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا تاغلارنىڭ يەر يۈزىگە يىقىلىپ چۈشۈپ، (بىر ـ بىرىگە) سوقۇلۇپ، پارچىلىنىپ (زېمىن بىلەن) ئارىلىشىپ كېتىشىدۇر. شۇنىڭ بىلەن جىنلار ئىنسانلاردىن، ئىنسانلار جىنلاردىن ياردەم سورىشىدۇ، ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قۇشلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. (اللە تائالا بۇ ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:) ﴿**ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا**﴾ يەنى ئارىلىشىپ كەتكەندە.

﴿**بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا**﴾ يەنى تۆگىنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگەندە.

﴿**دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا**﴾ جىنلار (ئىنسانلارغا): بىز سىلەرگە خەۋەر ئېلىپ كېلەيلى دەپ دېڭىز تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ ـ دە، (دېڭىزدا) لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتنى (كۆرىدۇ). ئۇلار شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا زېمىن ئاستى تەرىپىدىن يەتتىنچى قېتىغىچە، يۇقىرى تەرىپىدىن يەتتىنچى قات ئاسمانغىچە يېرىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا بىر شامال كېلىپ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

## تاغلارنىڭ گۇمران قىلىنىشى، بوغاز تۆگىلەرنىڭ تاشلىۋېتىلىشى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ توپلىنىشى توغرىسىدا

﴿**تاغلار گۇمران بولغان چاغدا**﴾ يەنى تاغلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىتىۋېتىلىپ ۋە كۇكۇم ـ تالقان قىلىنىپ، زېمىن تۈزلەڭلىك ھالىتىگە ئايلاندۇرۇلغان چاغدا. ﴿**بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ تۆگىگە ئۇنىڭ ئىگىلىرى كۆڭۈل بۆلمىگەن چاغدا دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. رەبىيئ ئىبنى خەسىيەم، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ تۆگە سۈتى سېغىلماي ۋە (سۈتىنىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن) ئۇنىڭ يېلىنى بۇغۇلماي ئىگىسىز تاشلىۋېتىلگەن چاغدا دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ تۆگە باققۇچىسىز تاشلىۋېتىلگەن چاغدا دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. (مانا بۇلار) بۇ ئايەتكە بېرىلگەن مەنىلەردۇر. (لېكىن) بۇمەنالارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر.

---

[1] سۈرە ئىنفىتار 2 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەقسەت بوغازلىقىنىڭ ئۇنىنجى ئېيىغا كىرگەن بوغاز تۆگىلەر ئەڭ ئېسىل تۆگە ھېسابلىنىدۇ. قىيامەتنىڭ ئىشلىرى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ يۈز بېرىشلىرى ۋە ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت قاتتىق قورقۇنچلۇق كاتتا بىر ئىش كىشىلەرنى پاراكەندىچىلىكتە سىلىۋەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ۋە (ئۇ سۈتكە تازا تولۇپ) ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋاقتى بولغاندا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۇلارنىڭ ۋاقتى يار بەرمەيدۇ، دېمەكچىدۇر.

﴿ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن. مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەتلەردۇر (يەنى اللّٰه تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق يېزىپ قويدۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (اللّٰه ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)﴾[1] ئىبنى ئابباس: (قىيامەت كۈنى) ھەتتا چىۋىنگىچىلىك ھەممە نەرسە يىغىلىدۇ، دېدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم شۇنداق رىۋايەت قىلدى. قۇشلارنىڭمۇ اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ توپلىنىشقا توغرا كەلسە توپلىنىدىغانلىقى ھەققىدە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ ـ تەرەپتىن) توپلىنىپ﴾[2].

## دېڭىزلارنىڭ ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ ياندىغانلىقى توغرىسىدا

﴿دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا﴾ ئىبنى جەرىر سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ يەھۇدىيلاردىن بولغان بىر كىشىگە: جەھەننەم قەيەردە؟ دېدى. ئۇ كىشى: دېڭىزدا، دەپ جاۋاپ بەردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇنىڭ ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز ۋە اللّٰه تائالانىڭ: ﴿دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان دېڭىزلار ھەققىدە دېگەن سۆزىدە ئۇنى ھەقىقەتەن راست گەپ قىلدى دەپ قارايمەن، دېدى. دېڭىزغا مۇناسىۋەتلىك سۆز اللّٰه تائالانىڭ: ﴿(قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى﴾[3] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنىپ ئۆتتۈلدى.

## جانلارنىڭ قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا﴾ يەنى ھەر بىر شەكىل ئوخشىشى بىلەن (بىر يەرگە) كەلتۈرۈلگەن چاغدا. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(اللّٰه پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى توپلاڭلار﴾[4].

ئىبنى ئەبۇھاتەم نۇئمان ئىبنى بەشىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالانىڭ: ﴿جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ: «ئوخشاش ئېقىمدىكى كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھەر بىر ئادەم ئۆزى بىلەن ئوخشاش قىلمىشلارنى قىلغان كىشىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا: ﴿سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر.

---

[1] سۈرە ئەنئام 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ساد 19 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تۇر 6 ـ ئايەت.
[4] سۈرە سافقات 22 ـ ئايەت.

www.munber.org

(بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر. (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر). (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر﴾[1] » دېدى. شۇڭا (بۇ ئايەتتىن) ئوخشاش ئېقىمدىكى كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ » دېدى.

## تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالىدىن سوئال سورىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا﴾** بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان تىرىك كۆمۈۋېتىلگەنلەر بولسا، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى كىشىلەر يامان كۆرۈپ كۆمۈۋەتكەن قىزلاردۇر. ئۇلارنى كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرگە تەھدىت بولسۇن ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۇ قىزلاردىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورىلىدۇ. ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەر سوراق قىلىنغان يەردە ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكۈچىلەرنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟!

بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر ئوقۇلۇش ئۇسۇلى بولۇپ، شۇ ئۇسۇلدىكى ئوقۇلۇشغا ئاساسەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئايەتنىڭ مەنىسى، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز (ئۆزىنىڭ قېنىنى) سورىغان چاغدا دېگەن بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. سۇددى ئەبۇزۇھا ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى دېدى.

تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى: ئىمام ئەھمەد ئائىشەدىن ئۇكاشەنىڭ ھەمشىرىسى جۇزامە بىنتى ۋەھبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن (بىر قېتىم) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇ كىشىلەرگە: «مەن ئاياللارنىڭ ئېغىر ئاياغ تۇرۇپ بالا ئېمىتىشىنى توسماقچى بولۇپ رۇم ۋە پارسلارغا قارىسام، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ئېغىر ئاياغ تۇرۇپمۇ بالا ئېمىتىدىكەن، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ھېچ قانداق بىر زەرەر يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى (كۆردۈم)» دېدى. ئاندىن كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن مەنىينى تېشىغا[2] تۆكۈشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىش بولسا يوشۇرۇن بالا كۆمۈۋېتىشتۇر ۋە ئۇ بولسا: سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورىلىدىغان تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

## كۆمۈۋېتىلگەن قىز ئۈچۈن بېرىلىدىغان كەففارەت توغرىسىدا

ئابدۇررازاق نۇئمان ئىبنى بەشىردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ تائالانىڭ: **﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا﴾** (دېگەن ئايىتى چۈشكەن ۋاقىتتا) قەيس ئىبنى ئاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە بىر نەچچە قىزلىرىمنى كۆمۈۋەتكەن ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇنداق بولسا) ھەر بىر قىزىڭ ئۈچۈن بىر قۇل

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 7 ــ 10 ـ ئايەتكىچە.
[2] يەنى ئاياللار بىلەن بىر يەردە بولغاندا، كەلگەن ئىسپېرمىنى ئاياللارنىڭ ئىچىگە تۆكمەي تېشىغا تۆكۈشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىماقچى. بۇ، بالا ئېلىشنى ياقتۇرمايدىغان بەزى ساھابىلار ئاياللىرى بىلەن بىر يەردە بولغاندا قوللانغان ئىش ئىدى.

www.munber.org

ئازات قىل» دېدى. ئۇ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۆگىلىرى بار بىر ئادەممەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ھەر بىر قىزنىڭ ئۈچۈن بىر تۆگە ئۆلتۈرگىن» دېدى.

## نامە ـ ئەمەللەرنىڭ ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان چاغدا**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەر بىر ئىنساننىڭ نامە ـ ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن بېرىلگەندە، دېدى. قەتادە: ئى ئىنسان! سېنىڭ نامە ـ ئەمەللىرىڭ توشقۇزۇلۇپ قاتلىنىۋېتىلدى. ئۇ قىيامەت كۈنى ئېچىلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نامە ـ ئەمال دەپتەرلىرىگە نېمىلەرنىڭ يېزىلىپ توشقۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ، دېدى.

## ئاسماننىڭ ئېچىلىشى، جەھەننەمنىڭ قىزىتىلىشى ۋە جەننەتنىڭ يېقىنلاشتۇرۇلىشى توغرىسىدا

﴿**ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاسمان تارتىۋېتىلسە دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاسمان ئېچىۋېتىلسە دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.
﴿**دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا**﴾ ﴿**جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا**﴾ زەھھاك، ئەبۇمالىك، قەتادە ۋە رەبىيئ ئىبنى خەسىيەم قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: جەننەت ئۇنىڭغا كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر ئۈچۈن يېقىنلاشتۇرۇلغاندا دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

## قىيامەت كۈنى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قىيامەت ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ**﴾ يەنى ﴿**كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا**﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ تا ﴿**جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا**﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەنگە قەدەر بايان قىلىنغان ئىشلار يۈز بەرگەن چاغدا ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھاياتىي دۇنيادا نېمە قىلغانلىقىنى ۋە قىيامەت ئۈچۈن قانداق ھازىرلىق كۆرگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ. (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)،ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك)ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. اللہ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، اللہ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر﴾[1] ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن،كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[2]

* * * * * * *

فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلۡخُنَّسِ ١٥ ٱلۡجَوَارِ ٱلۡكُنَّسِ ١٦ وَٱلَّيۡلِ إِذَا عَسۡعَسَ ١٧ وَٱلصُّبۡحِ إِذَا تَنَفَّسَ ١٨
إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ ١٩ ذِي قُوَّةٍ عِندَ ذِي ٱلۡعَرۡشِ مَكِينٖ ٢٠ مُّطَاعٖ ثَمَّ أَمِينٖ ٢١ وَمَا
صَاحِبُكُم بِمَجۡنُونٖ ٢٢ وَلَقَدۡ رَءَاهُ بِٱلۡأُفُقِ ٱلۡمُبِينِ ٢٣ وَمَا هُوَ عَلَى ٱلۡغَيۡبِ بِضَنِينٖ ٢٤ وَمَا هُوَ

[1] سۈرە ئال ئىمران 30 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قىيامەت 13 ـ ئايەت.

www.munber.org

بِقَوۡلِ شَيۡطَٰنٖ رَّجِيمٖ ﴿٢٥﴾ فَأَيۡنَ تَذۡهَبُونَ ﴿٢٦﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٧﴾ لِمَن شَآءَ مِنكُمۡ أَن
يَسۡتَقِيمَ ﴿٢٨﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٩﴾

***كۈندۈزى يوشۇرۇنغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن، پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿15 - 16﴾. قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿17﴾. يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿18﴾. قۇرئان ھەقىقەتەن (اللەنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر﴿19﴾. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر﴿20﴾. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر﴿21﴾. سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر﴿22﴾. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى﴿23﴾. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (غەيبنى) تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر﴿24﴾. ئۇ (يەنى قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر﴿25﴾. قەيەرگە بارىسىلەر؟﴿26﴾. ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر﴿27﴾. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر﴿28﴾. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)﴿29﴾.***

ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى ئەمرى ئىبنى ھۇرەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ناماز بامداتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇدۇم، مەن ئۇنىڭ (نامازغا) **﴿كۈندۈزى يوشۇرۇنغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن، پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن. قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن. يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾** دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىبنى جەرىر خالىد ئىبنى ئەرئەرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇدىن ئەنھۇ الله تائالانىڭ: **﴿كۈندۈزى يوشۇرۇنغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن، پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇنى: ئۇلار بولسا كۈندۈزدە يوشۇرۇنىۋالىدىغان ۋە كېچىدە مېڭىپ (ئورنىغا قايتىپ كېلىدىغان) يۇلتۇزلاردۇر دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دېدى.

**﴿قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾** بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى باردۇر. ئۇنىڭ بىرى: قاراڭغۇلۇقى بىلەن كەلگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەن مەنىدۇر. يەنە بىر مەنىسى: قاراڭغۇلۇقى بىلەن كەتكەن يەنى يورىغان كېچە دېگەن بولىدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: قاراڭغۇ تاشلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كەلگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كىشىلەرنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەتىيە ئەۋفىيمۇ شۇنداق دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ۋە ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: (قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كەتكەن كېچە بىلەن (قەسەم قىلىمەن) دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، قەتادە، زاھھاك، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئوغلى ئابدۇرراھمان قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

www.munber.org

بۇ ئايەت ”قاراڭغۇلۇقى بىلەن كەتكەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن“ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بەرسىمۇ. لېكىن، بۇ يەردە ئايەتنىڭ ”قاراڭغۇلۇقى بىلەن كەلگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن“ دېگەن مەناسى ئايەتكە بەك مۇناسىپتۇر. چۈنكى، اللّٰه تائالا بۇ يەردە قاراڭغۇلۇقى بىلەن كەلگەن كېچە ۋە يورۇقلۇقى بىلەن يورۇپ كەلگەن كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلماقچى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى، يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى﴾[1] ﴿چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[2] ﴿اللّٰه سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللّٰه كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾[3] بۇ ھەقتە بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر باردۇر. توغرىسىنى اللّٰه تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يورۇۋاتقان تاڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يورۇپ كېلىۋاتقان تاڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

## قۇرئان ھەرگىزمۇ ساراڭلىقنىڭ نەتىجىسى بولماستىن بەلكى ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكى توغرىسىدا

﴿قۇرئان ھەقىقەتەن (اللّٰهنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر﴾ يەنى بۇ قۇرئان ئەخلاقى ئېسىل ۋە كۆرنۈشى چىرايلىق بولغان ھۆرمەتلىك پەرىشتە - جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن (اللّٰه تائالانىڭ) سۆزىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئابباس، شەئبى، مەيمۇن ئىبنى مىھران، ھەسەن، قەتادە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ۋە زەھھاك ۋە باشقىلارشۇنداق دېدى.

﴿ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر﴾ بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى﴾[4] يەنى كۈچلۈك يارىتىلغان، تۇتۇشى ۋە ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك بولغان پەرىشتە تەلىم بەردى.

﴿اللّٰهنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر﴾ يەنى اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر.

﴿پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بولسا پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈزى بار، سۆزى ئۆتىدىغان ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان بىر پەرىشتىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دېدى: جىبرىئىل پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ئاددىي بىر پەرىشتە بولماستىن. ئەكسىچە، مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر پەرىشتىدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇ ۋەھيىنى ئېلىپ چۈشۈشتەك مۇشۇنداق كاتتا ۋەزىپىگە تاللاندى.

﴿بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر﴾ بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە بېرىلگەن بىر تەرىپلەشتۇر. اللّٰه تائالانىڭ خۇددى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد

---

[1] سۈرە لەيل 1 — 2 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە زۇھا 1 — 2 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە ئەنئام 96 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەجم 5 - ئايەت.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ: ﴿**سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن ئاقلىغىنىدەك، بەندىسى ۋە پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئاقلىشى ناھايىتى كاتتا بىر ئىشتۇر.

﴿**ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى**﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي ئېلىپ كېلىدىغان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى، الله تائالا ئۇنى ياراتقان قىياپىتىدە، 600 قاناتلىق ھالىتىدە كۆردى.

بۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ”بەتھا“ دېگەن جايدا بولغان تۇنجى كۆرۈشىدۇر. بۇ كۆرۈش الله تائالانىڭ: ﴿ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. اللە بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيي قىلدى﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىندى. بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. بۇ سۈرە (يەنى سۈرە تەكۋىر) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ھەرەم مەسچىتىدىن ئەقسا مەسچىتىگە، ئۇ يەردىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىش ئىشى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى چۈشكەندۇر. چۈنكى، بۇ سۈرىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ۋەقەسىلا بايان قىلىندى. ئەمما پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئىككىنچى قېتىم كۆرگەنلىكى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر. (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىندى. ئىككىنچى قېتىم كۆرگەنلىكى سۈرە نەجمدە بايان قىلىندى. سۈرە نەجم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىش ئىشى يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن چۈشكەندۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە بېخىللىق قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (غەيبنى) تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر**﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالا ئۆزىگە چۈشۈرگەن نەرسىدە يالغانچىلىق قىلمايدۇ. بۇ ئايەتتە ئىككى ئوقۇلۇش ئۇسلۇبى بولۇپ، بىر خىل ئوقۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالا ئۆزىگە چۈشۈرگەن نەرسىدە يالغانچىلىق قىلمايدۇ) دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بىر خىل ئوقۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام الله تائالا ئۆزىگە چۈشۈرگەن نەرسىنى يەتكۈزۈشتە بېخىللىق قىلمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە: بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرا، دېدى. قەتادە: قۇرئان غەيب ئىدى. الله تائالا ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بېخىللىق قىلماي ئۇنى كىشىلەر ئارىسىغا يايدى ۋە ئۇنى خالىغىنىچە ھەممە كىشىگە يەتكۈزدى، دېدى. بۇ ھەقتە ئىكرىمە، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى. ئىبنى

---

[1] سۈرە نەجم 5 ـــ 10 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە نەجم 13 ـــ 16 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

جەرىر بۇ ئايەتنىڭ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام اللہ تائالا ئۇزىگە چۈشۈرگەن نەرسىنى يەتكۈزۈشتە بېخىل ئەمەس دېگەن مەنانى بېرىدىغان ئوقۇلۇش ئۇسلۇبىنى تاللىدى.
ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ ھەر ئىككىلىسى شەك قىلىشقا بولمايدىغان دەرىجىدىكى يول بىلەن بايان قىلىنغان ئۇسلۇپ بولۇپ، بۇ ئۇسلۇبلارغا ئاساسەن بۇ ئايەتكە بېرىلگەن ھەر ئىككى خىل مەنە توغرىدۇر.

## قۇرئاننىڭ شەيتاننىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى پۈتۈن كىشلەر ئۈچۈن نەسھەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۇ (يەنى قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر**﴾ يەنى قۇرئان ئۇنى ھۆددىگە ئېلىشقا قادىر بولالمايدىغان، ئۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايدىغان ۋە شۇنداقلا ئۇنداق قىلىشقا لايىق بولمايدىغان قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق. بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس. ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) (ئوغرىلىقچە) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغاندۇر﴾[1].
﴿**قەيەرگە بارىسىلەر؟**﴾ يەنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە اللہ تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن، ھەق ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن بولغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇمۇ ئۇنىڭ قېشىغا ھەنىفە جەمەتىدىكىلەر مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەندە، ئۇلارنى پەيغەمبەرلىكنى داۋا قىلغان مۇسەيلىمەنىڭ: ماشا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئان، دەپ داۋا قىلغان نەرسىلىرىدىن بىر نەرسە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ئەبۇبەكرىگە (جۈملە قورۇلۇشى) ناھايىتى ئاجىز ۋە (بىر ـ بىرىگە) قاملاشمىغان بىر نەرسىنى ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى: ۋاي سىلەرگە، ئەقلىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھ تەرىپىدىن كەلگەن نەرسە ئەمەستۇر، دېدى.
قەتادە: ﴿**قەيەرگە بارىسىلەر؟**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: اللہ تائالانىڭ كىتابىغا (ئەگىشىشتىن) ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن (قېچىپ قەيەرگە بارىسىلەر؟) دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.
﴿**ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر**﴾ يەنى بۇ قۇرئان، ئۇنىڭ بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان بارلىق كىشى ئۈچۈن نەسھەتتۇر.
﴿**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسھەتتۇر**﴾ يەنى توغرا يولدا مېڭىشنى خالىغان ئادەم بۇ قۇرئانغا ئېسىلسۇن. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نىجاتلىقتۇر ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر. ئۇنى قۇرئاندىن باشقا توغرا يولغا باشلايدىغان بىر نەرسە يوقتۇر.
﴿**پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)**﴾ يەنى توغرا يولغا كىرىش ياكى كىرمەسلىك سىلەرنىڭ تاللاش ئىختىيارىڭلارغا قويۇلغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ خالىشىغا باغلىق ئىشتۇر.

---
[1] سۈرە شۇئەرا 210 ـــ 212 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

سۇفيان ئىبنى سەۋر سۇلايمان ئىبنى مۇسانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالانىڭ **﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر﴾** دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ئەبۇجاھىل: ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىقكەن، بىز خالىساق توغرا يولغا كىرىمىز، خالىساق كىرمەيمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا: **﴿پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى اللّٰه خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)﴾** دېگەن ئايىتىنى چۈشۈردى.

اللّٰه تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە تەكۋىرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ئىنفىتار | 19 ئايەت |
|---|---|---|

## بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام نەسەئى جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاز (بىر كۈنى) ئىمام بولۇپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندە، نامازنى ئۇزارتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى مۇئاز! سەن (دىن توغرىسىدا) پىتنە پەيدا قىلاي دەمسەن؟ (سەن ئۇلارغا ئۇزۇن سۈرە ئوقۇپ بەرگۈچە) ئەئلا، زۇھا ۋە ئىنفىتار سۈرىلىرىدەك قىسقا ـ قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇپ بەرسەڭ بولماسمىدى؟» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغاندۇر. لېكىن، سۈرە ئىنفىتار ھەققىدە كەلگەن ھەدىسنى ئىمام نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى قىيامەت كۈنىدە (بولىدىغان ئەھۋاللارنى) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولۇشنى ياقتۇرسا تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاق سۈرىلىرىنى ئوقۇسۇن» دېگەن (ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان) ھەدىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۈلدى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنفَطَرَتۡ ﴿١﴾ وَإِذَا ٱلۡكَوَاكِبُ ٱنتَثَرَتۡ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلۡبِحَارُ فُجِّرَتۡ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلۡقُبُورُ
بُعۡثِرَتۡ ﴿٤﴾ عَلِمَتۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ وَأَخَّرَتۡ ﴿٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ ٱلۡكَرِيمِ ﴿٦﴾
ٱلَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّىٰكَ فَعَدَلَكَ ﴿٧﴾ فِيٓ أَيِّ صُورَةٖ مَّا شَآءَ رَكَّبَكَ ﴿٨﴾ كَلَّا بَلۡ تُكَذِّبُونَ بِٱلدِّينِ ﴿٩﴾
وَإِنَّ عَلَيۡكُمۡ لَحَٰفِظِينَ ﴿١٠﴾ كِرَامٗا كَٰتِبِينَ ﴿١١﴾ يَعۡلَمُونَ مَا تَفۡعَلُونَ ﴿١٢﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئاسمان يېرىلغان چاغدا﴿1﴾. يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا﴿2﴾. دېڭىزلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان چاغدا﴿3﴾. قەبرىلەر ئاستى ـ ئۈستى قىلىنغان (يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) چاغدا﴿4﴾. ھەر ئادەم ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ﴿5﴾. ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟﴿6﴾ . ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى﴿7﴾. سېنى ئۇ خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى﴿8﴾. ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولماڭلار). (ئى مەككە كۇففارلىرى!) بەلكى سىلەر دىننى ئىنكار قىلىسىلەر﴿9﴾. ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار﴿10﴾. ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا)*

www.munber.org

*ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ*﴿11﴾. *ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ*﴿12﴾.

## قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

﴿**ئاسمان يېرىلغان چاغدا**﴾ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ كۈننىڭ (دەھشىتىدىن) ئاسمان يېرىلىدۇ**﴾[1].

﴿**يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا**﴾ ﴿**دېڭىزلار بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئاببىاسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: اللہ تائالا دېڭىزلارنى يېرىپ بىر - بىرىنى قوشۇۋەتكەندە، دېگەنلىك بولىدۇ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ھەسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: اللہ تائالا دېڭىزلارنى يېرىپ بىر - بىرىنى قوشۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىزلارنىڭ سۈيى يوقۇلۇپ كەتكەندە، دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: دېڭىزنىڭ تاتلىق سۈيى بىلەن تۇزلۇق سۈيى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندە دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**قەبرىلەر ئاستى - ئۈستى قىلىنغان (يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) چاغدا. ھەر ئادەم ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ**﴾ يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ئىشلار يۈز بەرگەندە، ئىنسان ئۆزى قىلغان ھەممە قىلمىشلىرىنى بىلىدۇ.

## اللہ تائالانى ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ ئىنسانغا لايىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا

﴿**ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟**﴾ بۇ تەھدىتتۇر. بۇ كىشىلەر گۇمان قىلغاندەك، اللہ تائالا: ﴿**ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى**﴾ دېسە، بىرى قوپۇپ: ئۇنى ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك بولغانلىقى ئالدىدى، دەپ جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن (اللہ تائالا ئۇنىڭ مۇشۇ) جاۋابنى بېرىشكە باشلاپ قويغانلىقى ئەمەستۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى ئىنسان! سېنى ئۇ كېرەملىك، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا لايىق بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا نېمە ئالداپ كەتتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىسى قۇدسىدا اللہ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى كەلدى: «اللہ تائالا قىيامەت كۈنى: ئى ئىنسان! ماڭا (ئاسىيلىق قىلىشقا) سېنى نېمە ئالدىدى؟ ئى ئىنسان! پەيغەمبەرلەرگە قانداق جاۋاب قايتۇردۇڭ، دەيدۇ».

بەغەۋى كەلبىي ۋە مۇقاتىللارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ، اللہ تائالا: ﴿**سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟**﴾ دېگەن ئايىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرغان لېكىن ۋەزىيەت كەسكىن بولغانلىقى ئۈچۈن جازالانمىغان ئەسۋەد ئىبنى شۇرەيق ھەققىدە چۈشۈرگەن.[2]

﴿**ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى**﴾ يەنى سېنى (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم ۋە قامىتىڭنى تۈز قىلىپ، ئەڭ چىرايلىق سۆلەت ۋە شەكىلدە ياراتقان پەرۋەردىگارىڭغا (ئاسىيلىق قىلىشقا) سېنى نېمە ئالدىدى؟

---

[1] سۈرە مۇزەممىل 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇ ئەسەر ئاساسى يوق توقۇلما بىر ئەسەردۇر.

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد بۇسرا ئىبنى جەھھاشى قۇرەيشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر بارمىقىنى قويۇپ تۇرۇپ: «ﷲ تائالا: ئى ئىنسان! مەن سېنى مۇشۇنچىلىك بىر نەرسىدىن ياراتقان تۇرسام، قاندۇقمۇ سەن مېنى ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرەلەيسەن؟ (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم ۋە قامىتىڭنى تۈز ياراتسام، كىيىملەرنى كىيىپ (بىر گۈزەل شەكىلدە) ماڭىسەن. زېمىن ساڭا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلدى. (مال - دۇنيا) تۇپلىدىڭ ۋە (لېكىن ئۇنىڭ سەدىقىسىنى) بەرمىدىڭ. جېنىڭ بوغۇزىڭغا كەلگەندە، سەدىقە قىلىمەن دەيسەن. (بۇ چاغدا) سەدىقىنىڭ ۋاقتى قەيەردە تۇرۇپتۇ؟ دەيدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەمۇ مۇشۇنىڭدەك رىۋايەت قىلدى.

﴿سېنى ئۇ خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى﴾ مۇجاھىد: ئىنسان مەيلى ئاتىسىغا، يا ئانىسىغا، يا ئانا تەرەپتىن يا دادا تەرەپتىن بولغان تاغىسىغا ئوخشاپ قالسۇن، ﷲ تائالا ئۇنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى، دېدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا): ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئايالىم قارا بالىدىن بىرنى تۇغدى، دېدى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ رەڭگى قانداق؟» دېدى. ئۇ كىشى: قىزىل، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدا بوز رەڭمۇ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: بار، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا بۇ رەڭ قەيەردىن كەلدى؟» دېدى. ئۇ كىشى: ئۇ ئەسلىنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بۇ بالاڭمۇ ئەسلىنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن» دېدى.

## ئالدىنىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

﴿ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار (يەنى اللەنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولماڭلار). (ئى مەككە كۇففارلىرى!) بەلكى سىلەر دىننى ئىنكار قىلىسىلەر﴾ يەنى سىلەرنى ﷲ تائالانىڭ ئالدىدا يامان ئىشلارنى قىلىشىڭلارغا ئېلىپ بارغان نەرسە بولسا، قىيامەت كۈنىدە قايتا تىرىلىشنى، جازا ۋە ھېسابلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشىڭلارغا ئورۇنلىشۋالغانلىقىدۇر.

﴿ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار) نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى ساقلايدىغان ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ پەرىشتىلەر بار. ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يامان ئىشلارنى قىلماڭلار. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭلارنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.

* * * * * * *

[1] يەنى ئۇ كىشى ئۆزى ئاق تەنلىك تۇرۇپ بالىسى قارا تەنلىك بولۇپ تۇغۇلغاچقا، ئۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن يۇقىرىقىدەك سوئالنى سورايدۇ.

www.munber.org

إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ﴿١٣﴾ وَإِنَّ ٱلْفُجَّارَ لَفِى جَحِيمٍ ﴿١٤﴾ يَصْلَوْنَهَا يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿١٥﴾ وَمَا هُمْ عَنْهَا
بِغَآئِبِينَ ﴿١٦﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٧﴾ ثُمَّ مَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٨﴾ يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ
لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا ۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ ﴿١٩﴾

*مۆمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ﴿13﴾. كاپىرلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ﴿14﴾. ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ﴿15﴾. ئۇلار ھەرگىز دوزاختىن ئايرىلمايدۇ﴿16﴾. قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟﴿17﴾. قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟﴿18﴾. ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اللەغا خاستۇر﴿19﴾.*

## ياخشى كىشلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە يامان كىشلەرنى جازالاش توغرىسىدا

﴿**مۆمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ. كاپىرلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا بۇ ئايەتتە اللە تائالاغا بويسۇنغان ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان ئادەملەرنىڭ جەننەتتە بولىدىغانلىقىدىن ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ دوزاختا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان ئازابىنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ**﴾.

﴿**ئۇلار ھەرگىز دوزاختىن ئايرىلمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئازابتىن ئازراقمۇ ئايرىلمايدۇ. ئۇلاردىن ئازاب يەڭگىللىتىلمەيدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ئېلىشىنى ۋە ئۆزلىرىنى راھەتكە چىقىرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىپ اللە تائالادىن سورىغان تەلەپلىرىگە قارىتا ئۇلارغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ.

﴿**قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟**﴾ بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىشىنىڭ بەك ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن اللە تائالا ئۇ كۈنىنىڭ شۇنداق كۈن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟**﴾ ئاندىن اللە تائالا ئۇ كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇ كۈندە اللە تائالا خالاپ ۋە رازى بولۇپ (پايدا يەتكۈزۈشكە) رۇخسەت بەرگەن كىشىدىن باشقا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇلار چۈشۈپ قالغان يامان ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمايدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جەمەتىگە مۇنداق دېدى: «ئى ھاشىم جەمەتى! سىلەر ئۆزەڭلەرنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇڭلار. مەن اللە تائالانىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن». مۇشۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار سۈرە شۇئەرانىڭ تەپسىرىدە سۆزلىنىپ ئۆتتۇلدى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ كۈندە ھۆكۈم اللەغا خاستۇر**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر اللەغا خاستۇر**﴾[1] ﴿**پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك اللە**

[1] سۈرە غافىر 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

غا خاستۇر﴾[1] ﴿(اﷲ) قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾[2] قەتادە اﷲ تائالانىڭ: **﴿ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اﷲغا خاستۇر﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇگۈنمۇ پۈتۈن ھۆكۈم اﷲ تائالاغا خاستۇر. ئۇ كۈندىمۇ ھېچ كىم (ئۇ كۈندىكى ھۆكۈملەرنى اﷲ تائالادىن تالىشالمايدۇ، دېدى.

اﷲ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئىنفىتارنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

[1] سۈرە فۇرقان 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فاتىھە 4 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە مۇتەففىفىن | 36 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ ﴿١﴾ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكْتَالُوا۟ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسْتَوْفُونَ ﴿٢﴾ وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ
يُخْسِرُونَ ﴿٣﴾ أَلَا يَظُنُّ أُو۟لَٰٓئِكَ أَنَّهُم مَّبْعُوثُونَ ﴿٤﴾ لِيَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿٥﴾ يَوْمَ يَقُومُ ٱلنَّاسُ لِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ
﴿٦﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!***[1]***. ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ***[2]***. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ***[3]***. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ***[4-5]***. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ***[6]***.**

نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، مەدىنىدىكى كىشىلەر ئۆلچەم ۋە تارازا ئىشلىرىدا بەك ناچار ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا: **﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!﴾** دېگەن ئايىتىنى چۈشۈردى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەم ۋە تارازا ئىشلىرىدا توغرا بولۇشقا باشلىدى.

اللہ تائالا ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ﴾** يەنى ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئالغاندا، (ئۇلارغا بەرگىنىدىن) ئارتۇق ئالىدۇ. **﴿كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ﴾** يەنى كىشىلەرگە بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ.

اللہ تائالا ئۆلچەم ۋە تارازىدا توغرا بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدانىدۇر﴾[1] ﴿ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز﴾[2] ﴿ئۆلچەمدە ئادىل

---
[1] سۈرە ئىسرا 35 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولۇشلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾[1] شۇئەيب ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆلچەم ۋە تارازىدا كېشىلەرگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن.

## ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇش توغرىسىدا

اللە تائالا ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ**﴾ يەنى ئۇلار قورقۇنچى كاتتا، ئەندىشىسى كۆپ، زىيان تارتقان ئادەم چوقۇم دوزاخقا تاشلىنىدىغان بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىدىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلىدىغان اللە تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرىدىغانلىقىدىن قورقمامدۇ؟

﴿**ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ**﴾ يەنى ئىنسانلار ئۇ كۈندە يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ۋە خەتنىسىز ھالەتتە، ناھايىتى جاۋابكارلىقى قىيىن ۋە گۇناھكارلارغا ناھايىتى تار ۋە ئېغىر كېلىدىغان بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارغا اللە تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ئۇلارنىڭ تەنلىرىنى شۈركەندۈرۈپ، سەزگۈ ئەزالىرىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدىغان چۈشىدۇ.

ئىمام مالىك ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرىدىغان كۈندە (ئۇ كۈندىكى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىدىن) ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئۆرلەپ قۇلاقلىرىغا چىققۇدەك تەرنىڭ ئىچىدە قالىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، مالىك ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋندىن رىۋايەت قىلدى. مالىك ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن بولسا بۇ ھەدىسنى نافىئدىن رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئەسۋەد كەنەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «قىيامەت كۈنى بەندىلەرگە قۇياش بىر نەيزە ياكى ئىككى نەيزە بويى دەرىجىدە يېقىن قىلىنىدۇ. قۇياش ئۇلارنى قىزىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلغان قىلمىشلىرىغا قارىتا تەرگە چۆمىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەر تاپىنىغىچە چىقىدىغانلار، تىزلىرىغىچە چىقىدىغانلار، بېلىگىچە چىقىدىغانلار ۋە ئېغىزلىرىغىچە چىقىدىغانلار بار. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇداۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنىدە اللە تائالانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىدىغان ئورۇنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن اللە تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى مەسئۇد: ئىنسانلار قىيامەت كۈنى باشلىرىنى ئاسمانغا كۆتەرگەن ھالەتتە، ئۇلارغا بىرەرسىمۇ گەپ قىلماستىن 40 يىل تۇرىدۇ. تەر ئۇلارنىڭ مەيلى ياخشىسى بولسۇن، ياكى يامىنى بولسۇن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغىچە چىقىدۇ، دېدى. ئىبنى ئۆمەر: ئىنسانلار قىيامەت كۈنى يۈز يىل تۇرىدۇ، دېدى. بۇ ئىككى ئەسەرنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېچىدە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان نامازلىرىنى ئوقۇشنى باشلىغاندا 10 قېتىم تەكبىر، 10 قېتىم ھەمدى، 10 قېتىم تەسبىھ ۋە 10 قېتىم ئىستىغفار ئېيتاتتى ۋە «ئى اللە! گۇناھىمنى كەچۈرگىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن ۋە ماڭا ساقلىق ئاتا قىلغىن»

---

[1] سۈرە رەھمان 9 ـ ئايەت.

www.munber.org

دېگەن دۇئانى قىلاتتى، ھەمدە قىيامەت كۈنىدە الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىدىغان ئورۇننىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن الله تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيتتى.

* * * * * * *

كَلَّآ إِنَّ كِتَـٰبَ ٱلْفُجَّارِ لَفِى سِجِّينٍ (٧) وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا سِجِّينٌ (٨) كِتَـٰبٌ مَّرْقُومٌ (٩) وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ
لِّلْمُكَذِّبِينَ (١٠) ٱلَّذِينَ يُكَذِّبُونَ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ (١١) وَمَا يُكَذِّبُ بِهِۦٓ إِلَّا كُلُّ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ (١٢) إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِ
ءَايَـٰتُنَا قَالَ أَسَـٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ (١٣) كَلَّا ۖ بَلْ ۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ (١٤) كَلَّآ إِنَّهُمْ عَن رَّبِّهِمْ
يَوْمَئِذٍ لَّمَحْجُوبُونَ (١٥) ثُمَّ إِنَّهُمْ لَصَالُوا۟ ٱلْجَحِيمِ (١٦) ثُمَّ يُقَالُ هَـٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ (١٧)

*ئۇلار (تارازىدا، ئۆلچەمدە) كەم بېرىشتىن يانسۇن، يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ﴿7﴾. سىججىن دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟﴿8﴾. ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر﴿9﴾. بۇ كۈندە ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴿10﴾. ئۇلار قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ﴿11﴾. ئۇنى پەقەت (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقان، ئىنتايىن گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ﴿12﴾. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇ: «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدۇر» دەيدۇ﴿13﴾. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴿14﴾. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان﴿15﴾. ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن دوزاخقا داخىل بولغۇچىلاردۇر﴿16﴾. ئاندىن (ئۇلارغا): «مانا بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان نەرسە (يەنى ئازاب)دۇر» دېيىلىدۇ﴿17﴾.*

## يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

﴿**يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قايتىدىغان يېرى ۋە ئورۇنلىرى (جەھەننەمدىكى) تار بىر جىلغىدا بولىدۇ.

شۇڭا الله تائالا ئۇ جىلغىنىڭ ئىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىججىن دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟**﴾ يەنى ئۇ جىلغىنىڭ ئىشى بولسا كاتتا ئىشتۇر. ئۇ، گۇناھكارلار مەڭگۈ قېلىپ قالىدىغان بىر جىلغىدۇر، شۇنداقلا قاتتىق بىر ئازابتۇر. بەزى ئالىملار: ئۇ جىلغىنى يەتتىنچى قات زېمىننىڭ ئاستىدا، دېدى. بەرا ئىبنى ئازىب رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە الله تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ جانلىرى ھەققىدە: ئۇنىڭ نامە ـ ئەمەلىغا (ئۇنى جەھەننەمدىكى) بىر جىلغىغا بارىدۇ، دەپ يېزىڭلار، دېگەنلىكى ۋە ئۇ جىلغىنىڭ يەتتىنچى قات زېمىننىڭ ئاستىدا ئىكەنلىكى سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. كاپىرلارنىڭ ئاخىرقى قايتىش ئورنى جەھەننەمدىكى بىر جىلغا بولىدۇ (يەنى دوزاخ بولىدى). بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار (تارازىدا، ئۆلچەمدە) كەم بېرىشتىن يانسۇن، يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ. سىججىن دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق**

[1] سۈرە تىن 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

**بىلەلەيسەن؟﴾** اللّٰه تائالا (جەھەننەمدىكى ئۇ جىلغىنىڭ قانداق يەر) ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ﴾[1].

**﴿ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر﴾** مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: جەھەننەمگە كىرىدىغانلارنىڭ سانى ئۇلاردىن بىرەر كىشى ئارتۇق بولۇپ قالمايدىغان ۋە بىرەر كىشى كەم بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىنىپ يېزىلىپ بولغاندۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿بۇ كۈندە ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾** يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى اللّٰه تائالا ئۇلارغا ۋەدە قىلغان جەھەننەمنى ۋە خارلىغۇچى ئازابنى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇلارغا ۋاي!

”ۋاي“ دېگەن سۆز ھەققىدىكى بايانلار بېشىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۈلدى. ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى بولسا: ھالاك بولسۇن! دېگەنلىك بولىدۇ. بەھزى ئىبنى ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلغان كىشىلەرگە ۋاي! ۋە ئۇنىڭغا ۋاي!» يەنى بۇ يەردىكى ”ۋاي“ دېگەن سۆز ھالاك بولسۇن! دېگەن مەنانى بېرىدۇ.

ئاندىن اللّٰه تائالا ئۇ گۇناھكار، كاپىر، ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ ھەم قىيامەتنى بولىدۇ دەپمۇ، قارىمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بولۇشىنى يىراق سانايدۇ.

**﴿ئۇنى پەقەت (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقان، ئىنتايىن گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار بولسا اللّٰه تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىپ ۋە ئۇ يولغا قويۇپ بەرگەن بەلگىلىمىلەردىن ئۆتۈپ كېتىپ، قىلمىشلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە سۆزلىسە يالغان سۆزلەپ، ۋەدە قىلسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، جېدەللىشىپ قالغاندا، ئالدى بىلەن ئېغىزىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان گۇناھكار كىشىلەردۇر.

**﴿ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇ: «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدۇر» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق اللّٰه تائالانىڭ سۆزلىرىنى (اللّٰه تائالانىڭ ئايەتلىرىنى) ئاڭلىسا، ئۇ سۆزنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇ ھەققىدە يامان گۇماندا بولۇپ: ئۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدىن توپلىنىپ، ئويدۇرۇپ ئېلىنغان دەيدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ): «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ﴾[2] ﴿ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»﴾[3].

**﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾** يەنى قۇرئان بولسا كاپىرلار گۇمان قىلغاندەك ۋە دېگەندەك قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىسى ئەمەستۇر. ئەكسىچە ئۇ اللّٰه تائالانىڭ سۆزى ۋە اللّٰه تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ۋەھيىسىدۇر. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ۋە خاتالىقلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى تۇپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاپلىۋالغان قارىلىق ئۇلارنى دىللىرى بىلەن قۇرئانغا ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قويىدى.

---

[1] سۈرە فۇرقان 13 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 24 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فۇرقان 5 ـ ئايەت.

www.munber.org

شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾ بۇ ھەقتە ئىبنى جەرىر، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بەندە بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ دىلىغا بىر قارا چېكىت چۈشىدۇ. مۇبادا ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ دىلى (ئۇ قارا چېكىتتىن) تازىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئۇنىڭ دىلىغا قويۇلىدىغان چېكىتمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. مانا بۇ اﷲ تائالانىڭ: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان قارىيىپ كەتكەن دىللاردۇر».

﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى دوزاختا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار شۇ كۈندە ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن چەكلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ شافىئىي: بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ اﷲ تائالانى كۆرىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت باردۇر، دېدى.

﴿ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن دوزاخقا داخىل بولغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنىش بىلەن بىللە ئوت يېنىپ تۇرىدىغان دوزاخقا كىرىدۇ. ﴿ئاندىن (ئۇلارغا): «مانا بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان نەرسە (يەنى ئازاب) دۇر» دېيىلىدۇ﴾ يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا ئۇلارنى ئەيىبلاش، تەنقىد قىلىش ۋە كەمسىتىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ.

* * * * * * *

كَلَّآ إِنَّ كِتَـٰبَ ٱلۡأَبۡرَارِ لَفِى عِلِّيِّينَ ﴿١٨﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا عِلِّيُّونَ ﴿١٩﴾ كِتَـٰبٌ مَّرۡقُومٌ ﴿٢٠﴾ يَشۡهَدُهُ
ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢١﴾ إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ﴿٢٢﴾ عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٢٣﴾ تَعۡرِفُ فِى وُجُوهِهِمۡ نَضۡرَةَ
ٱلنَّعِيمِ ﴿٢٤﴾ يُسۡقَوۡنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخۡتُومٍ ﴿٢٥﴾ خِتَـٰمُهُۥ مِسۡكٌ‌ۚ وَفِى ذَٲلِكَ فَلۡيَتَنَافَسِ ٱلۡمُتَنَـٰفِسُونَ ﴿٢٦﴾
وَمِزَاجُهُۥ مِن تَسۡنِيمٍ ﴿٢٧﴾ عَيۡنًا يَشۡرَبُ بِهَا ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢٨﴾

*راستلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى شەك ـ شۈبھىسىز ئىللىيىيوندا بولىدۇ﴿18﴾. ئىللىيىيوننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟﴿19﴾. (ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر﴿20﴾. ئۇنىڭغا اللەنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ﴿21﴾. ياخشىلار نېمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ﴿22﴾. ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (اللەنىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرىگە) قارايدۇ﴿23﴾. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن﴿24﴾. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!﴿25 - 26﴾. (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان﴿27﴾. تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ﴿28﴾.*

www.munber.org

## ياخشىلارنىڭ نامە ـ ئەمالى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا

**﴿راستلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى شەك ـ شۈبھىسىز ئىللىييۇندا بولىدۇ﴾** يەنى ياخشى بەندىلەرنىڭ ئەھۋالى كاپىرلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايتىش ئورنى ئىللىيۇندا بولىدۇ. ھىلال ئىبنى يەسساف مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس كەئبدىن "سىججىن" ھەققىدە سۇئال سورىدى. كەئب: ئۇ بولسا يەتتىنچى قات زېمىندۇر ۋە ئۇ يەردە كاپىرلارنىڭ جانلىرى باردۇر، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن "ئىللىييىن" ھەققىدە سۇئال سورىغان ئىدى. ئۇ: ئۇ بولسا يەتتىنچى قات ئاسماندۇر ۋە ئۇ يەردە مۆمىنلەرنىڭ جانلىرى باردۇر، دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ ئايەتتىكى "ئىللىييىن" دىن جەننەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. باشقىلار: ئىللىييىن بولسا سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ قېشىدىدۇر، دېدى. توغرىسى ئايەتتىكى "ئىللىييىن" دېگەن سۆزدىن (مەيلى يەتتىنچى ئاسمان بولسۇن ياكى سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ قېشى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا يەر بولسۇن) ئۈستۈن قاتلامدىكى بىر يەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قانداق نەرسە ئۈستۈن بولغانسېرى ۋە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى كاتتا ۋە كەڭرى ھالەتتە بولىدۇ.

شۇڭا الله تائالا ئىللىييىننىڭ ئىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر. ئۇنىڭغا اللەنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ﴾** ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇنىڭغا ھەر بىر ئاسماندىن، ئۇ ئاسماننىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

**﴿ياخشىلار نېمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى مەڭگۈ بولىدىغان نېمەت ۋە كەڭ مەرھەمەت بار جەننەتلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

**﴿ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (اللەنىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرىگە) قارايدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرىنچى خىل مەنىسى: ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان نېمەتلەرگە ۋە الله تائالا ئۇلارغا بەرگەن، تۈگەپ قالمايدىغان ۋە يوقاپ كەتمەيدىغان ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلەرگە قارايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. ئىككىنچى خىل مەنىسى: ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ الله تائالاغا قارايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بولسا مۆمىنلەرنى يۇقىرىدا الله تائالانىڭ: **﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان﴾** دېگەن ئايىتىدە سۈپەتلىنىپ ئۆتۈلگەن كاپىرلارغا ئوخشىمايدىغان سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشتۇر. يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە جەننەتكە كىرگەنلەردىن خەۋەر بېرىپ ئۇلارنىڭ تەختلىرى ۋە تۆشەكلىرى ئۈستىدە تۇرۇپ الله تائالاغا قارايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**﴿ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن﴾** يەنى سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلار كاتتا بىر نازۇ ـ نېمەت ئىچىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نېمەت، خۇشاللىق ۋە راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئەسىرىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى بىلەلەيسەن.

**﴿ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار جەننەتنىڭ شارابلىرى بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قايسى بىر مۆمىن ئۇسساپ قالغان يەنە بىر مۆمىننى بىر يۇتۇم سۇ بىلەن سۇغىرىپ قويسا، اللّٰه تائالا ئۇ مۆمىننى قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ شارابلىرى بىلەن سۇغىرىدۇ. قايسى بىر مۆمىن ئاچ قالغان يەنە بىر مۆمىنگە تاماق بەرسە، قىيامەت كۈنى اللّٰه تائالا ئۇ مۆمىنگە جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يېگۈزىدۇ. قايسى بىر مۆمىن كىيىمسىز قالغان يەنە بىر مۆمىنگە كىيىم كىيگۈزسە، اللّٰه تائالا ئۇ مۆمىنگە جەننەتنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدىن كىيىم كىيگۈزىدۇ».

﴿**ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇد: اللّٰه تائالا شارابقا ئىپار ئارىلاشتۇرغان، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەۋفى ئىبنى ئاbbasنىڭ: اللّٰه تائالا ئۇلارغا شارابنى خۇشبۇيلاشتۇرۇپ بەردى. اللّٰه تائالا (شارابقا ئارىلاشتۇرغان) ئەڭ ئاخىرقى خۇشبوي نەرسە بولسا، ئىپاردۇر. ئىپار بىلەن (ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان خۇشبۇي نەرسىلەر) تاماملاندى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!**﴾ يەنى پەخىرلەنگۈچىلەر مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن پەخىرلەنسۇن ۋە قىزىققۇچىلار مۇشۇنىڭغا ئېرىشىشكە قىزىقسۇن! اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن»﴾[1].

﴿**ئۇنىڭغا (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان**﴾ يەنى مۇشۇ ساپ شارابقا تەسنىم دەپ ئاتىلىدىغان شاراپ ئارىلاشتۇرۇلغاندۇر. ئەبۇسالىھ ۋە زەھھاكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: تەسنىم جەننەتتىكىلەرنىڭ شارابلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئالىيسى ئىكەن.

شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللّٰهنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ**﴾ يەنى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاbbas ، مەسرۇق، قەتادە ۋە باشقىلار: اللّٰه تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئۆز پېتى ئىچىدۇ ۋە ياخشى ئادەملەر ئۈچۈن ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىگە (باشقا نەرسىلەر) ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ، دېدى.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ أَجۡرَمُواْ كَانُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يَضۡحَكُونَ ﴿٢٩﴾ وَإِذَا مَرُّواْ بِهِمۡ يَتَغَامَزُونَ ﴿٣٠﴾
وَإِذَا ٱنقَلَبُوٓاْ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِمُ ٱنقَلَبُواْ فَكِهِينَ ﴿٣١﴾ وَإِذَا رَأَوۡهُمۡ قَالُوٓاْ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَضَآلُّونَ ﴿٣٢﴾ وَمَآ أُرۡسِلُواْ
عَلَيۡهِمۡ حَٰفِظِينَ ﴿٣٣﴾ فَٱلۡيَوۡمَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنَ ٱلۡكُفَّارِ يَضۡحَكُونَ ﴿٣٤﴾ عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٣٥﴾
هَلۡ ثُوِّبَ ٱلۡكُفَّارُ مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ﴿٣٦﴾

*كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى﴿29﴾. (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى﴿30﴾. ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى﴿31﴾. مۆمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى﴿32﴾. ئۇلار مۆمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق﴿33﴾. بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۆمىنلەر كاپىرلاردىن كۈلىدۇ﴿34﴾. (كاپىرلار)نىڭ ھالىغا (ئېسىل) تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەزەر تاشلايدۇ﴿35﴾. (كاپىرلار مۆمىنلەرنى) مەسخىرە قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتىمۇ؟﴿36﴾.*

---

[1] سۈرە ساففات 37 ـ ئايەت.

## كاپىرلارنىڭ (مۆمىنلەرگە) يامانلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى مازاق قىلىشى توغرىسىدا

ﷲ تائالا كاپىرلارنىڭ دۇنيادا مۆمىنلەرنى مەسخىرە ۋە مازاق قىلىپ كۈلىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ يانلىرىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ ئۆز ئارا كۆزقىسىشقانلىقلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان هالدا قايتىشاتتى**﴾ يەنى ھېلىقى كاپىرلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا (ئۆزلىرىنىڭ قىلغان مازاقلىرىدىن) ھۇزۇرلانغان ھالەتتە قايتىشاتتى. گەرچە كاپىرلار نېمىنى خالىسا، شۇنىڭغا ئېرىشىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار ﷲ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلماستىن، ئەكسىچە مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەسەت قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلاتتى.

﴿**مۆمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى**﴾ يەنى كاپىرلار بۇ سۆزنى مۆمىنلەر ئۇلارنىڭ دىنىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا دەيتتى.

﴿**ئۇلار مۆمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق**﴾ يەنى ئۇ كاپىرلار ئاشۇ مۆمىنلەرنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقلىرىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگەن ئەمەس. ئۇلار بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلغىنى يوق. ئۇنداق ئىكەن، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىش) بىلەن ئاۋارە قىلىدۇ ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ (ھاياتىنىڭ) مۇھىم بىر تېمىسى قىلىۋالىدۇ؟

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿اللە ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار». شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى. ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار. (سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

شۇڭا ﷲ تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿**بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۆمىنلەر كاپىرلاردىن كۈلىدۇ**﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ (دۇنيادا مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ) كۈلگەنلىكى ئۈچۈن (قىيامەت كۈنى) مۆمىنلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ.

مۆمىنلەر ﴿**(كاپىرلار) نىڭ ھالىغا (ئېسىل) تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەزەر تاشلايدۇ**﴾ يەنى مۆمىنلەر، كاپىرلارنىڭ: "شەكسىز ئۇلار ئاداشقانلار" دېگىنىدەك بولماستىن، بەلكى ئۇلار پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرغۇچىلاردىن بولىدۇ. مۆمىنلەر ﷲ تائالانىڭ جەننەتتە ئۆز پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدىغان يېقىن بەندىلەردۇر.

﴿**(كاپىرلار مۆمىنلەرنى) مەسخىرە قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتىمۇ؟**﴾ يەنى كاپىرلارغا مۆمىنلەرنى مەسخىرە ۋە مازاق قىلغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلدىمۇ ياكى بېرىلمىدىمۇ؟ يەنى ئۇلارغا ئۇنىڭ جازاسى تولۇق بېرىلدى.

---

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 108 ــ 111 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇتەففىفىننىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئىنشىقاق 25 ئايەت

### سۈرە ئىنشىقاقتا سەجدە ئايىتىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا

ئەبۇسەلەمە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە سۈرە ئىنشىقاقنى ئوقۇپ بېرىپ (ئۇنىڭدىكى سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە) سەجدە قىلدى. سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئۇلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ (بۇ سۈرىدىكى) شۇ ئايەتتە سەجدە قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم ۋە نەسەئى مالىكتىن رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇرافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇھۇرەيرە بىلەن بىللە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدۇم. ئۇ (نامازدا) سۈرە ئىنشىقاقنى ئوقۇپ (سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە) سەجدە قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن (بۇنىڭ سەۋەبىنى) سورىدىم. ئۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇپ سەجدە قىلغان ئىدى. مەنمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەجدە قىلغان ئىدىم. مەن تاكى (قىيامەت كۈنى) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر (بۇ سۈرىدىكى بۇ ئايەتنى ئوقۇسام) سەجدە قىلىمەن، دېدى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنشَقَّتۡ ﴿١﴾ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلۡأَرۡضُ مُدَّتۡ ﴿٣﴾ وَأَلۡقَتۡ مَا فِيهَا
وَتَخَلَّتۡ ﴿٤﴾ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ﴿٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدۡحٗا فَمُلَٰقِيهِ ﴿٦﴾ فَأَمَّا
مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ ﴿٧﴾ فَسَوۡفَ يُحَاسَبُ حِسَابٗا يَسِيرٗا ﴿٨﴾ وَيَنقَلِبُ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورٗا ﴿٩﴾ وَأَمَّا
مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ وَرَآءَ ظَهۡرِهِۦ ﴿١٠﴾ فَسَوۡفَ يَدۡعُواْ ثُبُورٗا ﴿١١﴾ وَيَصۡلَىٰ سَعِيرًا ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ كَانَ فِيٓ أَهۡلِهِۦ
مَسۡرُورًا ﴿١٣﴾ إِنَّهُۥ ظَنَّ أَن لَّن يَحُورَ ﴿١٤﴾ بَلَىٰٓۚ إِنَّ رَبَّهُۥ كَانَ بِهِۦ بَصِيرٗا ﴿١٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئاسمان يېرىلغان*** [1]***. پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا*** [2]***. زېمىن سوزۇلغان*** [3]***. قويىنىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىنىپ قالغان*** [4]***. پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ***

www.munber.org

*ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا (ئىنسان خىيالىغا كەلمىگەن دەھشەتلىك ئەھۋاللارغا يولۇقىدۇ) ﴿5﴾. ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ـ ئىجتىھاد قىلىسەن (يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن) ﴿6﴾. نامىي ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ﴿7 - 8﴾. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ﴿9﴾. نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم﴿10﴾. «ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ) ﴿11﴾. دوزاخقا كىرىدۇ﴿12﴾. چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد ـ خۇرام ئىدى﴿13﴾. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلدى﴿14﴾. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). پەرۋەردىگارى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿15﴾.*

## قىيامەت كۈنى ئاسماننىڭ يېرىلىدىغانلىقى ۋە زېمىننىڭ سوزۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿ئاسمان يېرىلغان﴾ ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان﴾** يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرىقىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ يېرىلىشقا بەرگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يېرىلغان.

**﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا﴾** يەنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىشى ھەقتۇر. چۈنكى، پەرۋەردىگار چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ۋە يېڭىلمەيدىغان، ئەكسىچە بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرىدىغان زاتتۇر.

**﴿زېمىن سوزۇلغان﴾** يەنى زېمىن يېيىلغان ۋە كېڭەيتىلگەن.

**﴿قوينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىنىپ قالغان﴾** مۇجاھىد، سەئىد ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: زېمىن قوينىدىكى ئۆلۈكلەرنى ئۈستىگە چىقىرىپ قوينىنى بوشاتقان دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

**﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا (ئىنسان خىيالىغا كەلمىگەن دەھشەتلىك ئەھۋاللارغا يولۇقىدۇ)﴾** بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى.

## دۇنيادا قىلغان قىلمىشلارنىڭ (ھەقىقەتەن) مۇكاپات ياكى جازاسىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا

**﴿ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ـ ئىجتىھاد قىلىسەن (يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)﴾** يەنى سەن ھەقىقەتەنمۇ پەرۋەردىگارىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا (تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن) تىرىشىسەن ۋە ئەمەل قىلىسەن. ئاندىن سەن قىلغان ئەمەلىڭ مەيلى ياخشى بولسۇن، ياكى يامان بولسۇن قانداق ئەمەل قىلغان بولساڭ، شۇ ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن.

بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد تەيالىسى جابىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل ماڭا: ئي مۇھەممەد! خالىغىنىڭچە ياشا، چۈنكى، سەن (بىر كۈنى) چوقۇم ئۆلىسەن. خالىغان كىشىنى دوست تۇت، چۈنكى، سەن (بىر كۈنى) ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن. خالىغىنىڭنى قىل، چۈنكى، سەن ئۇ قىلمىشلىرىڭنى كۆرىسەن، دېدى».

www.munber.org

اللہ تائالانىڭ: ﴿ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى - ئىجتىھاد قىلىسەن (يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)﴾ دېگەن ئايىتىدە بىر ئالىماش بولۇپ بەزى ئالىملار: ئۇ ئالماشنى ئايەتتىكى ”پەرۋەردىگار“ دېگەن سۆزگە قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئالماش شۇ سۆزگە قايتسا، ئايەتنىڭ مەنىسى: پەرۋەردىگار سېنىڭ قىلغان قىلمىشلىرىڭغا ۋە تىرىشچانلىقىڭغا، ئەگەر ئۇلار (ياخشى بولسا) مۇكاپات (يامان بولسا) جازا بېرىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ دېيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ھەر ئىككى مەنىسى توغرىدۇر. ئەۋفى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ: سېنىڭ قىلغان قىلمىشىڭ مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن سەن قانداق ئىش قىلغان بولساڭ، شۇ ئىش بىلەن اللہ تائالاغا ئۇچرىشىسەن، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

## سوراش ۋە ھېساب بېرىش توغرىسىدا

﴿نامى - ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ﴾ يەنى بەندىنىڭ قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىدىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنمايدۇ. كىمكى، قىلمىشلىرىدىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا. چوقۇم (يامانلىقلىرى ئېشىپ كېتىپ) ھالاك بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيالللاھۇئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمدىن (قىلمىشلىرىدىن) بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى. مەن: اللہ تائالا: ﴿ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ﴾ دېمىدىمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(اللہ تائالا ئايەتتە بايان قىلغان) بۇ ھېساب بولسا، ھەقىقىي ھېساپ ئېلىش بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ مۇنداقلا بىر سوراپ قويۇشتۇر. كىمدىن قىيامەت كۈنى (قىلمىشلىرىدىن) بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

﴿(ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال - خۇرام قايتىدۇ﴾

﴿نامە - ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم﴾ يەنى سول قولىنى ئارقا تەرىپىگە ئۆزارتىپ، نامە - ئەمەلىنى ئارقا تەرىپىدىن ئالغان كىشى ﴿«ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ)﴾ يەنى (ئۆلۈپ) تۈگۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ﴿دوزاخقا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد - خۇرام ئىدى﴾ يەنى ئۇ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلانمايتتى ۋە ئالدىدا كېلىدىغان (قىيامەت كۈنىگە ئائىت) ئىشلاردىن قورقمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ (دۇنيادىكى) شۇ ئازغىنە خۇشاللىقى (ئاخىرەتتە) ئۇنىڭغا تۈگىمەس پۇشايمانلارنى ئېلىپ كەلدى.

﴿ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلدى﴾ يەنى ئۇ: اللہ تائالا تەرىپىگە قايتمايمەن ۋە ئۆلگەندىن كېيىن اللہ تائالا مېنى قايتا تىرىلدۈرمەيدۇ، دەپ چۈشىنەتتى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئابباس، قەتادە ۋە باشقىلار بايان قىلغان.

﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). پەرۋەردىگارى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى ئۇنداق ئەمەس. اللہ تائالا ئۇنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىدۇ. ئەگەر قىلغان قىلمىشلىرى ياخشى بولسا، ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ. ئەگەر يامان بولسا، ئۇنى جازالايدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئۇلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.

* * * * * * *

www.munber.org

فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلشَّفَقِ ﴿١٦﴾ وَٱلَّيۡلِ وَمَا وَسَقَ ﴿١٧﴾ وَٱلۡقَمَرِ إِذَا ٱتَّسَقَ ﴿١٨﴾ لَتَرۡكَبُنَّ طَبَقًا عَن طَبَقٍ ﴿١٩﴾
فَمَا لَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قُرِئَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقُرۡءَانُ لَا يَسۡجُدُونَ ۩ ﴿٢١﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُكَذِّبُونَ
﴿٢٢﴾ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يُوعُونَ ﴿٢٣﴾ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٤﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونِۭ ﴿٢٥﴾

*شەپەق (يەنى كۈن پاتقاندىن كېيىنكى ئۇپۇقتىكى قىزىللىق) بىلەن، كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن، نۇرى كامالەتكە يەتكەن ئاي (يەنى تولۇن ئاي) بىلەن قەسەمكى﴿16 - 18﴾. سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر﴿19﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟ ﴿20﴾. ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟ ﴿21﴾. بەلكى كاپىرلار (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدۇ﴿22﴾. ئۇبدان بىلىدۇ﴿23﴾. ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴿24﴾. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴿25﴾.*

## ئىنسانلارنىڭ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا قىلىنغان قەسەم توغرىسىدا

﴿شەپەق (يەنى كۈن پاتقاندىن كېيىنكى ئۇپۇقتىكى قىزىللىق) بىلەن، (قەسەمكى)﴾ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس، ئۇبادە ئىبنى سامىت، ئەبۇھۇرەيرە، شەدداد ئىبنى ئەۋس، ئىبنى ئۆمەر، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەين، مەكھۇل، بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەزەنى، بۇكەير ئىبنى ئەشجە، مالىك، ئىبنى ئەبۇزئىب، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇسەلىمە ماجىشۇن قاتارلىقلارنىڭ: ئايەتتىكى "شەپەق" دېگەن سۆزدىن كۈن پاتقاندىن كېيىن پەيدا بولغان قىزىللىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئابدۇررازراق ئەبۇھۇرەيرىنىڭ: ئايەتتىكى "شەپەق" دېگەن سۆزدىن (كۈن پاتقاندىن كېيىن پەيدا بولغان) ئاقلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

مۇجاھىد دېگەندەك "شەپەق" دېگەن سۆزدىن ياكى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇپۇقتا پەيدا بولىدىغان قىزىللىق كۆزدە تۇتىلىدۇ ياكى تىل شۇناس ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك كۈن پاتقاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان قىزىللىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد: "شەپەق" دېگەن سۆزدىن كۈن كىرىپ كېتىپ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان قىزىللىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ قىزىللىق كىرىپ كەتسە، شەپەق كىرىپ كەتكەن بولىدۇ، دېدى. جەۋھەرى: "شەپەق" دېگەن سۆزدىن كۈن كىرىپ كېتىپ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كېلىشكە ئازراق قالغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان، كۈندىن قېلىپ قالغان يورۇقلۇق ۋە قىزىللىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئىكرىمەمۇ "شەپەق" شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا بولىدۇ، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان: «شەپەق يوقاپ كەتمىسىلا، نامازشامنىڭ ۋاقتى (چىقىپ كەتمەيدۇ)» دېگەن ھەدىسى جەۋھەرى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەد بايان

www.munber.org

قىلغاندەك شەپەقنىڭ كۈن كىرىپ كېتىپ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدىغان بىر قىزىللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

﴿**كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن (قەسەمكى)**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە ھەسەن قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كېچە ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئاستىغا توپلىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كېچە ۋە ئۇ قاراڭغۇلۇقى ئاستىغا توپلىغان يۇلتۇزلار ۋە ھايۋانلار بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ”ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر“ دېن كېچە ئېلىپ كەلگەن قاراڭغۇلۇق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كېچە بولۇپ قاراڭغۇ چۈشسە ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ.

﴿**نۇرى كامالەتكە يەتكەن ئاي (يەنى تولۇن ئاي) بىلەن قەسەمكى**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يۇپيۇمۇلاق تولۇقلانغان ئاي بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ھەسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: تولۇق توشقان ئاي بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يومۇلاق توشقان ئاي بىلەن قەسەمكى، دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. يەنى بۇلارنىڭ مەقسىتى: ئاينىڭ نۇرى كامالەتكە يېتىپ تولۇق توشسا دەپ، ئاينى كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئورالغان نەرسىلەرنىڭ دەل قارشىسىدا قىلىپ بايان قىلماقچىدۇر.

﴿**سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىمام بۇخارى مۇجاھىددىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر. مانا بۇ سۆزنى سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار دېگەندۇر.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمەمۇ شۇنداق دېدى. يەنى ئەمچەك ئېمىۋاتقان ھالىتىڭلاردىن ئۇنى ئېمىشتىن توختايدىغان ۋە ياشلىق ھالىتىڭلاردىن قېرىلىق ھالىتىڭلارغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر. ھەسەنبەسرىمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. يەنى قاتتىقچىلىقتىن كەڭرىچىلىككە، كەڭرىچىلىكتىن قاتتىقچىلىققا، پېقىرلىقتىن بايلىققا، بايلىقتىن پېقىرلىققا، كېسەللىكتىن ساقلىققا، ساقلىقتىن كېسەللىككە يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر.

## ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى تەنقىدلەش، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب ۋە مۆمىنلەرگە بېرىلىدىغان ئۈزۈلمەس ئەجىردىن خەۋەر بېرىش توغرىسىدا

﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟. ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلارنى الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن نېمە توسۇپ قويىدى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئايەتلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن سەجدە قىلمايدۇ؟

﴿**بەلكى كاپىرلار (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدۇ**﴾ يەنى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا (بويسۇنۇشتىن) چوڭچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەندۇر.

﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى الله ئوبدان بىلىدۇ**﴾

﴿**ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق ئازابنى تەييارلىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن.

www.munber.org

﴿پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾ يەنى دىللىرى بىلەن ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

مۇجاھىد ۋە زەھھاك: الله تائالانىڭ ﴿ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھېسابسىز ساۋابقا ئېرىشىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامغا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾[1].

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئىنشىقاقنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

[1] سۈرە ھۇد 108 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە بۇرۇج — 22 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلْبُرُوجِ ﴿١﴾ وَٱلْيَوْمِ ٱلْمَوْعُودِ ﴿٢﴾ وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ ﴿٣﴾ قُتِلَ أَصْحَٰبُ ٱلْأُخْدُودِ
﴿٤﴾ ٱلنَّارِ ذَاتِ ٱلْوَقُودِ ﴿٥﴾ إِذْ هُمْ عَلَيْهَا قُعُودٌ ﴿٦﴾ وَهُمْ عَلَىٰ مَا يَفْعَلُونَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ ﴿٧﴾ وَمَا
نَقَمُواْ مِنْهُمْ إِلَّآ أَن يُؤْمِنُواْ بِٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ ﴿٨﴾ ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ
كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ فَتَنُواْ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُواْ فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ
وَلَهُمْ عَذَابُ ٱلْحَرِيقِ ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن، قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى﴿1 - 3﴾. ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن﴿4﴾. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى﴿5﴾. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى﴿6 - 7﴾. ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق اللەغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر. اللہ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿8 - 9﴾.كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ﴿10﴾.***

## ئايەتتىكى ”بۇرۇج“ دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

اللہ تائالا ئاسمان ۋە ئۇنىڭ بۇرۇجلىرى بىلەن يەنى ئۇنىڭ كاتتا يۇلتۇزلىرى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. بۇرۇجلارنىڭ يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى اللہ تائالانىڭ: ﴿ئاسماندا بۇرۇجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان اللہ نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار: بۇرۇج بولسا يۇلتۇزدۇر، دېدى. مىنھال ئىبنى ئەمرى اللہ تائالانىڭ: ﴿**بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: يارىتىلىشى گۈزەل بولغان ئاسمان بىلەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئىبنى جەرىر: بۇرۇج بولسا

[1] سۈرە فۇرقان 61 - ئايەت.

www.munber.org

قۇياش ۋە ئاينىڭ ماڭىدىغان يوللىرىدۇر. ئۇ بۇرۇجلار 12 بولۇپ كۈن ھەر بىر بۇرۇجدا بىر ئاي ماڭىدۇ، ئاي بولسا ھەر بىر بۇرۇجدا ئىككى كېچە ۋە بىر كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا ماڭىدۇ. (ئاينىڭ مېڭىشى بىلەن ھېسابلىغاندا) بۇ 12 بۇرۇج 28 يول بولىدۇ، دېدى.

## اللە تائالانىڭ قىيامەت كۈنى، جۈمە كۈنى ۋە ھارپا كۈنى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(اللە تائالانىڭ: ﴿قىيامەت كۈنى بىلەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن قىيامەت كۈنى، ﴿جۈمە كۈنى بىلەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن جۈمە كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ[1]. كۈن چىقىپ كىرىپ كېتىدىغان كۈنلەرنىڭ ئىچىدە جۈمە كۈنىدىن ئەۋزەل كۈن يوقتۇر. جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت بولۇپ بىر مۇسۇلماننىڭ اللە تائالادىن بىرەر ياخشىلىق تىلىگەن ۋاقتى شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، اللە تائالا ئۇنىڭ تىلىگەن شۇ نەرسىسىنى بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ اللە تائالاغا سېغىنىپ بىرەر يامانلىقتىن پاناھ تىلىگەنلىكى شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، اللە تائالا ئۇنى شۇ يامانلىقتىن ساقلايدۇ. اللە تائالانىڭ: ﴿ھارپا كۈنى بىلەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن ھارپا كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمەمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ھەسەن ئىبنى ئەلى، ھەسەنبەسىرى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: اللە تائالانىڭ ﴿ھارپا كۈنى بىلەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى[2]. بەغەۋى: كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، اللە تائالانىڭ ﴿جۈمە كۈنى بىلەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن جۈمە كۈنى ۋە ئۇنىڭ ﴿ھارپا كۈنى بىلەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن ھارپا كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

## ئورەك ئىگىلىرىنىڭ اللە تائالاغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن﴾ بۇ ئۇزۇ ئىچىلىرىدىكى مۆمىن كىشىلەرگە يامانلىق قىلغان بىر كاپىر قەۋم ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەردۇر. ئۇلار ئۇ مۆمىنلەرنى دىنلىرىدىن يېنىشقا زورلىدى. مۆمىنلەر دىنلىرىدىن يېنىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئورەك كولىدى ۋە ئۇنىڭغا ئوتۇنلارنى تاشلاپ ئوت يېقىپ ئۇنى تازا قىزىتتى. ئاندىن ئۇلار مۆمىنلەرگە ئەگەر ئۇلار دىنلىرىدىن قايتمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنى شۇ ئورەككە تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى دىندىن يېنىشقا مەجبۇرلىدى. مۆمىنلەر ئۇنى يەنە قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئۇلارنى ئورەككە تاشلىدى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى**﴾ يەنى ئۇلار شۇ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان (ئېچىنىشلىق) قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

---

(1) ئەسلىدە ئۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئەرەبچىدىكى لەۋزىدىن ئۇ مەنالار چىقمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى ئايەتتىن ماۋۇ - ماۋۇ كۈنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ بايان قىلىپ بەردى.

(2) بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ئايەتلەرگە بېرىلگەن بۇ مەنلەرنى ئايەتلەرنىڭ ئەرەبچىدىكى ئاشكارا لەۋزىدىن ئېلىنغان ئەمەستۇر. ئايەتلەرنىڭ بۇ مەنىلەرگە ۋە بۇلاردىن باشقا مەنىلەرگە ئىگە بولۇش ئېھتىمالى باردۇر . شۇڭا بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان كۆز - قاراشلىرى باردۇر.

www.munber.org

**﴿ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق اللهغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ پەقەت ئۇنىڭ بىلەن پاناھلانغان كىشى بوزەك قىلىنمايدىغان، قوغدىغۇچى، سۆزلىرىدە، قىلمىشلىرىدا، يولغا قويغان ئىشلىرىدا ۋە تەقدىر قىلىپ بېكىتكەن نەرسىلىرىدە مەدھىيىگە لايىق، غالىب الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان گۇناھى باردۇر. الله تائالا بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئاشۇ كاپىرلارنىڭ قولى بىلەن ئاشۇنداق ئازابلارنى كۆرۈشىنى تەقدىر قىلغان بولسىمۇ ۋە بۇنىڭ ھېكمىتىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان بولسىمۇ، الله تائالا يەنىلا غالىب، مەدھىيىگە لايىقتۇر.

**﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر﴾** يەنى ئاسمان - زېمىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى ۋە ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى الله تائالاغا خاس بولغانلىقى الله تائالانىڭ ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**﴿الله ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەردىن كىچىككىنە بىر نەرسىمۇ الله تائالادىن يوشۇرۇن ۋە مەخپىي ئەمەستۇر.

## سېھىرگەر، راھىب، كىچىك بىر بالا ۋە ئورەككە تاشلانغانلارنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگىرى بار ئىدى. ئۇ سېھىرگەر قېرىغاندا پادىشاققا :مەن قېرىپ قالدىم. ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتسەم، دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ بالا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا بارغىچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن. سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، سېھىرگەر ئۇنى كېچىكىپ قالدىڭ، دەپ ئۇرىدىكەن. ئۇ بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن سېھىرگەردىن قورقساڭ، ئۇنىڭغا مېنى ئۆيدىكىلەر كېچىكتۈرۈپ قالدى، دېگىن. ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەردىن قورقساڭ، مېنى سېھىرگەر كېچىكتۈرۈپ قالدى دېگىن، دەپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يوغان بىر ھايۋان تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: راھىبنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى سېھىرگەرنىڭ يولى توغرىمۇ بۇنى بۈگۈن بىلىمەن دەپتۇ - دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ : ئى الله! ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەر يولىغا ماڭسۇن، دەپ تاشنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ بۇ ئىشتىن راھىبنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. راھىب ئۇ بالىغا: ئى ئوغلۇم! سەن بۈگۈن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن. سەن بۇ دەرىجىگە يېتىپسەن. سەن ھەقىقەتەن سىناققا دۇچ كېلىسەن. ئەگەر سەن سىنالساڭ مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن، دەپتۇ.

ئۇ بالا قارىغۇ، ئاق كېسەللەرنى ۋە باشقا كېسەللەرنىمۇ داۋالايدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان يېقىنلىرىدىن بىرى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭغا : ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، دەپتۇ. ئۇ بالا: مەن ھەقىقەتەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت الله تائالالا ساقايتىدۇ، ئەگەر سەن اللهغا ئىمان ئېيتساڭ، مەن اللهغا دۇئا قىلاي، سېنى ساقايتىپ قويسۇن، دەپتۇ. ئۇ كىشى اللهغا ئىمان ئېيتىپتۇ. الله ئۇنى ساقايتىپتۇ.

www.munber.org

ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: سېنىڭ كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟ دەپتۇ. ئۇ: رەببىم، دەپتۇ. پادىشاھنىڭ (غەزىپى كېلىپ): سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ دەپتۇ. ئۇ: الله سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئالغاندا، ئۇ ئاخىرى بالىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. ئۇ بالا كەلتۈرۈلۈپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا: ئي ئوغلۇم! سېنىڭ سېھرىڭ قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالاش ۋە مۇنداق - مۇنداق ئىشلارنى قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىپسە، دەپتۇ. ئۇ بالا: ياق مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت الله ساقايتىدۇ، دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىمۇ قىيناپتۇ. ئاخىرى ئۇ بالا راھىبنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. راھىب كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭغا : دىنىڭدىن يان، دەپتۇ. ئۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ھەرىدىن بىرنى ئەپكىلىپ ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ بېشىنى ھەرىدىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

ئاندىن پادىشاھنىڭ يېقىنىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان، دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭمۇ بېشىنىڭ ئوتتۇرىغا ھەرىنى قويۇپ، بېشىنى ھەرىدەپتۇ. ئۇمۇ ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۇ بالىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا : دىنىڭدىن يان، دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار، دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ ئېگىز بىر تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ بالا: ئى الله! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى ساقلاپ قالغىن، دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغ تىترەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا : ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ. ئۇ بالا: الله مېنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدى، دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، يانمىسا ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار، دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇ بالا: ئى الله! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى ساقلاپ قالغىن، دەپتۇ. شۇ چاغدا كېمە داۋالغۇپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا : ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ. ئۇ بالا: الله مېنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدى، دەپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھقا: تاكى سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلمىغىچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن، دەپتۇ. پادىشاھ : ئۇ نېمە ئىش، دەپتۇ. ئۇ بالا:سەن كىشىلەرنى بىر دۆڭگە يىغىپ، مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن ئوقداندىن ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: بالىنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن دەپ تۇرۇپ (ئوقنى) ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلغىنىڭدا مېنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈرەلەيسەن، دەپتۇ.

پادىشاھ شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى بىر دۆڭگە يىغىپتۇ. ئۇبالىنى بىر خورما شېخىغا ئېسىپتۇ. ئاندىن ئوقداندىن ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: بالىنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر: بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق، دەپ ۋاقىرىشىپتۇ. بىرسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ھەزەر قىلغان نەرسەڭنى كۆردۈڭمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن قورققان نەرسە يۈز بەردى. ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىمان ئېيتتى، دەپتۇ.

ئاندىن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا ئورەك كولاپ ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوت ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ : كىم دىنىدىن يانمايدىكەن ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار، ياكى ئۇلارغا (ئوتقا) چۈشۈڭلار! دېيىلسۇن،

www.munber.org

دەپتۇ. ئاندىن ئۇلار شۇنداق قىلىپتۇ. ھەتتا بىر كىچىك بالىسى بار بىر ئايال چېكىنگەندە، ئۇنىڭ بالىسى زۇۋانغا كېلىپ: ئى ئانا! سەۋر قىل. چۈنكى، سەن ھەقنىڭ ئۈستىدەدۇرسەن» دەپتۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

بۇ قىسسىنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى" دەپ ئاتىلىدىغان كىتابىدا باشقا بىر ئۇسلۇبدا بايان قىلىپ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ئۇ بالا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نەجرانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇ بالىنىڭ دىنى بولغان خىرىستىئان دىنىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن زۇنۇۋاس ئەسكەر تارتىپ بېرىپ ئۇلارنى يەھۇدىي دىنىغا چاقىردى ۋە ئۇلارغا ياكى يەھۇدىي دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە ياكى (ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلمىسا) ئۆلتۈرۈلۈشنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشنى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورەكلەرنى كولىدى. ئۇنى ئوت بىلەن قىزىتتى. (ئۇلارنى) قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى ۋە (قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ) چىرايلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇلاردىن 20 مىڭغا يېقىن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. زۇنۇۋاس ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى توغرىسىدا اللە تائالا پەيغەمبىرىگە بۇ ئايەتلەرنى چۈشۈردى: ﴿**ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق اللەغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر. اللە ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتابىدا مانا مۇشۇنداق ئورەك كولاپ اللە تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى بولسا زۇنۇۋاستۇر دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى زەرئە ئىدى. ئۇ ئۆز زامانىدا يۇسۇپ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ تۇبان ئەسئەد ئەبۇكەرىبنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ بولسا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان، كەبىگە يوپۇق ياپقان كىشىدۇر. ئۇ مەدىنىنىڭ يەھۇدىيلىرىدىن ئىككى يەھۇدىينى ئۆزى بىلەن بىللە يەمەنگە ئېلىپ كەتكەن. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بايان قىلغاندەك يەمەنلىكلەرنىڭ ئىچىدە ئۇ ئىككىسىنى قولىدا يەھۇدىي دىنىغا كىرگەنلەر بولغان. زۇنۇۋاس بىر ئەتىگەندىلا 20 مىڭغا يېقىن كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت دوس زۇسۇئلەبان دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىلا قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاتقا مىنىپ قېچىپ كەتكەن. ئۇلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى تۇتالمىغان. شۇنىڭ بىلەن قېچىپ شامنىڭ پادىشاھى قەيسەرنىڭ قېشىغا (ياردەم تىلەپ) بارغان. قەيسەر (ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن) ھەبەشنىڭ پادىشاھى نەجاشىغا خەت يازغان. شۇنىڭ بىلەن نەجاشى ھەبەشىستاننىڭ خىرىستىئانلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننى ئەريات ۋە ئەبرەھە دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە (يەمەنگە) ئەۋەتىدۇ. ئۇلار يەمەننى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. زۇنۇۋاس بولسا (يەمەندىن) قېچىپ چىقىپ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئاستىدا قىلىپ ئۆلىدۇ.

يەمەننىڭ پادىشاھلىقى ھەبەشلەرنىڭ قولىدا 70 يىل داۋام قىلىدۇ. ئاندىن سەيف ئىبنى زى يەزىنىل ھۇمەيرى دەپ ئاتىلىدىغان كىشى يەمەننى خىرىستىئانلارنىڭ قولىدىن ئېلىۋالىدۇ. ئۇ كىشى پارسىنىڭ پادىشاھى كىسرادىن ياردەمگە ئەسكەر سورايدۇ. كىسرا تۈرمىلەردىكى 700 يۈزگە يېقىن كىشىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتىدۇ. ئۇ، ئۇ ئادەملەر بىلەن يەمەننى پەتھى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەمەننىڭ پادىشاھلىقى ھۇمەيرىگە قايتىدۇ. بىز اللە خالىسا، بۇ قىسسىنىڭ بىر قىسمىنى سۈرە فىلدە بايان قىلىمىز.

www.munber.org

## ئۆرەك ئىگىلىرىنىڭ جازاسى توغرىسىدا

﴿**مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن**﴾ ئىبنى ئاببا س، مۇجاھىد، زەھھاك ۋە ئىبنى ئەبزە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەندىن ﴿**كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار**﴾ يەنى قىلىۋاتقان يامان قىلمىشلىرىدىن توختىمىغانلار ۋە قىلغان يامان قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلمىغانلار، ﴿**شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازامۇ ئۇلار قىلغان ئىشنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ.[1]

ھەسەنبەسرى: كەرىمى كەڭ الله تائالانىڭ (بۇ مەرھەمىتىگە) قاراڭلار! ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرى بولغان مۆمىنلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىلەرنى يەنە تەۋبە قىلىشقا ۋە گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەشكە چاقىرىدۇ، دېدى.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡكَبِيرُ
﴿١١﴾ إِنَّ بَطۡشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ هُوَ يُبۡدِئُ وَيُعِيدُ ﴿١٣﴾ وَهُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلۡوَدُودُ ﴿١٤﴾ ذُو ٱلۡعَرۡشِ
ٱلۡمَجِيدُ ﴿١٥﴾ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٦﴾ هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡجُنُودِ ﴿١٧﴾ فِرۡعَوۡنَ وَثَمُودَ ﴿١٨﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
فِي تَكۡذِيبٖ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ مِن وَرَآئِهِم مُّحِيطُۢ ﴿٢٠﴾ بَلۡ هُوَ قُرۡءَانٞ مَّجِيدٞ ﴿٢١﴾ فِي لَوۡحٖ مَّحۡفُوظِۭ ﴿٢٢﴾

*ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر[11]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك - شۈبھىسىز قاتتىقتۇر[12]. الله (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ[13]. الله (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر[14]. ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر[15]. خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر[16]. (ئى مۇھەممەد!) سەن لەشكەرلەرنىڭ - پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟[17-18]. (قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاشۇ كاپىرلارغا نازىل بولغان ئازابتىن ئىبرەت ئالماي) داۋاملىق ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ[19]. الله كاپىرلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر[20]. ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر[21-22].*

## ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ**﴾ يەنى بۇلارغا الله تائالانىڭ تەييارلىغان نەرسىسى دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغا تەييارلىغان ئوت ۋە جەھەننەمگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان نەرسىدۇر. (ئۇ بولسىمۇ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر). شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ چوڭ بەختتۇر**﴾ ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك -**

[1] يەنى ئۇلارم باشقىلارنى ئوت بىلەن ئازابلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابمۇ ئوت بولىدۇ.

www.munber.org

**شۈبھىسىز قاتتىقتۇر﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن دۈشمەنلىرىدىن ناھايىتى قاتتىق ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر ۋە جازالىغۇچىدۇر. چۈنكى، الله تائالا خالىغىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېز ۋاقىتتا خالىغىنىدەك قىلىدىغان، قۇدرەتلىك، قۇۋۋەتلىك زاتتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿الله (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا مۇكەممەل قۇدرەتلىك زات بولغاچقا، خالايىقلارنى ياراتتى ۋە ئۇلارنى دەسلەپ قانداق ياراتقان بولسا، ھېچقانداق قارشىلىقسىز شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىدۇ.

**﴿الله (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا تەۋبە قىلغان ۋە (گۇناھىنى تونۇپ) ئۆزىگە باش ئەگكەن كىشىنىڭ گۇناھىنى، مەيلى ئۇنىڭ گۇناھى قايسى خىل قىلمىشتىن بولغان بولسۇن، كەچۈرگۈچىدۇر.

**﴿ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر﴾** يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئالىي بولغان كاتتا ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.

**﴿ناھايىتى ئۇلۇغدۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلۇش ئۇسلۇبى بار بولۇپ، بىر خىل ئۇسلۇبقا ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: الله تائالا ناھايىتى ئۇلۇغدۇر دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسلۇبقا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: الله تائالا ناھايىتى ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرىدۇر.

**﴿خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا قىلماقچى بولغان ئىشىغا ھېچ كىشى قارشى چىقالمايدىغان ۋە كاتتا، غالىب، ھېكمەتلىك، ئادىل بولغاچقا قىلغان ئىشلىرىدىن سوراق سورالمايدىغان زاتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇبەكرى، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا كىشىلەر ئۇنىڭ كېسىلىنى سوراپ: سېنى دوختۇر كۆردىمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، كۆردى، دەيدۇ. ئۇلار: دوختۇر نېمە دېدى؟ دەيدۇ. ئەبۇبەكرى: دوختۇر ماڭا مەن ھەقىقەتەن خالىغىنىمنى قىلىمەن دېدى، دەيدۇ (يەنى الله خالىغىنىمنى قىلىمەن دەيدۇر، دېمەكچىدۇر)

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن لەشكەرلەرنىڭ ـ پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! الله تائالانىڭ ئۇلارغا ھېچكىممۇ ئارا تۇرالمايدىغان ئازابنى چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرى ساڭا يەتتىمۇ؟ بۇ ئايەت الله تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنى كۈچلەندۈرىدۇر.

**﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاشۇ كاپىرلارغا نازىل بولغان ئازابتىن ئىبرەت ئالماي) داۋاملىق ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەكلىرى، كۇفرىلىقلىرى ۋە تەرسالىقلىرىدا داۋاملىشىۋاتىدۇ.

**﴿الله كاپىرلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى (جازالاشقا) قادىردۇر ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار الله تائالانى بىخۇدلاشتۇرالمايدۇ ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ.

**﴿بەلكى (ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر﴾** يەنى ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە كەم ـ زىيادە ۋە ئۆزگەرتىلىش كىرگۈزۈلۈشتىن ساقلانغان، كاتتا، ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە بۇرۇجنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

[1] سۈرە بۇرۇج 12 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە تارىق 17 ئايەت

## سۈرە تارىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

نەسەئى جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ شام نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندە (نامازغا) سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە نىسانى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى مۇئاز! سەن كىشىلەرنى پىتنىگە سالاي دەمسەن؟ (كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندە) تارىق، شەمس دۇھا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇپ بەرسەڭ بولماسمىدى؟» دېدى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلسَّمَآءِ وَٱلطَّارِقِ ﴿١﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلطَّارِقُ ﴿٢﴾ ٱلنَّجْمُ ٱلثَّاقِبُ ﴿٣﴾ إِن كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا
حَافِظٌ ﴿٤﴾ فَلْيَنظُرِ ٱلْإِنسَٰنُ مِمَّ خُلِقَ ﴿٥﴾ خُلِقَ مِن مَّآءٍ دَافِقٍ ﴿٦﴾ يَخْرُجُ مِنۢ بَيْنِ ٱلصُّلْبِ وَٱلتَّرَآئِبِ
﴿٧﴾ إِنَّهُۥ عَلَىٰ رَجْعِهِۦ لَقَادِرٌ ﴿٨﴾ يَوْمَ تُبْلَى ٱلسَّرَآئِرُ ﴿٩﴾ فَمَا لَهُۥ مِن قُوَّةٍ وَلَا نَاصِرٍ ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***ئاسمان بىلەن، تارىق (يەنى كېچىدە ئاشكارا بولغۇچى يۇلتۇز) بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿1﴾. تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟﴿2﴾. ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر﴿3﴾. ھەر بىر ئادەم بىلەن (شۇ ئادەمنى) ساقلىغۇچى (پەرىشتە) بار﴿4﴾. ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن﴿5﴾. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى﴿6﴾. ئۇ مەنى ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ﴿7﴾. شەك - شۈبھىسىزكى، اللہ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر﴿8﴾. سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)﴿9﴾. ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر﴿10﴾.***

## اللہ تائالانىڭ (ئىنساننىڭ اللہ تائالانىڭ يولىغا قويغان تۇزۇملىرى بىلەن قورشالغانلىقى بىلەن) قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا ئاسمان ۋە ئۇنىڭدا بار بولغان ماڭغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئاسمان بىلەن، تارىق (يەنى كېچىدە ئاشكارا بولغۇچى يۇلتۇز) بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾.**

www.munber.org

﴿تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟﴾ الله تائالا تارىقنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر﴾ قەتادە ۋە باشقىلار: تارىق كېچىدە كۆرۈنۈپ كۈندۈزدە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان يۇلتۇزلاردۇر، دېدى.

﴿ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر﴾ ئىبنى ئابباس: ئۇ نۇر چاچقۇچى يۇلتۇزدۇر، دېدى. ئىكرىمە: ئۇ نۇر چاچقۇچى ۋە شەيتانلارنى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزدۇر، دېدى.

﴿ھەر بىر ئادەم بىلەن (شۇ ئادەمنى) ساقلىغۇچى (پەرىشتە) بار﴾ يەنى ھەر بىر جانغا الله تائالا تەرىپىدىن قويۇلغان، ئۇنى بالا قازالاردىن ساقلايدىغان بىر ساقلىغۇچى باردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار﴾[1].

## ئىنساننىڭ يارىتىلغان ماددىسى بولسا، الله تائالانىڭ ئۇنى قايتا يارىتىشقا قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىر پاكىت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن﴾ بۇ، ئىنسانغا ئۇنىڭ ئەسلى يارىتىلغان ماددىسىنىڭ ناھايىتى ئاددىي بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇشتۇر. چۈنكى، ئىنساننى دەسلەپ يارىتىشقا قادىر بولغان الله تائالا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[2]

﴿ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلدى﴾ يەنى مەنىي ئەر ـ ئايالدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن بالا تۇغۇلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ مەنىي ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ﴾ يەنى ئۇ مەنىي ئەرنىڭ ئومۇرتقىسىدىن، ئايالنىڭ ئىككى كۆكسىنىڭ ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شەبىب ئىبنى بەشەر ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئەرنىڭ ئومۇرتقىسىدىن، ئايالنىڭ كۆكسى ئاستىدىن چىققان مەنىينىڭ رەڭگى سېرىق، سۇيۇق بولىدۇ. بالا مۇشۇ سۇيۇق مەنىيدىن بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر﴾ يەنى شەك ـ سۈبھىسىزكى، الله تائالا ئېتىلىپ چىققان مەنىيدىن يارىتىلغان مۇشۇ ئىنساننى قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى، ئىنساننى دەسلەپ يارىتىشقا قادىر الله ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. الله تائالا (ئۆزىنىڭ ئىنساننى قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەلىل ـ پاكىتلارنى قۇرئاننىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ئورۇندا بايان قىلدى.

---

[1] سۈرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رۇم 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنى ھېچنېمىگە قادىر ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا (ھېچبىر) ياردەممۇ قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە بارلىق سىرلار ئاشكارا قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(قىيامەت كۈنى) ھەر بىر خىيانەتچىنىڭ ساغرىسىغا بىر بايراق قادىلىپ: مانا بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ خىيانىتى، دېيىلىدۇ».

﴿ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئىنسان الله تائالانىڭ ئازابىدىن ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقا بىرسى ياردەممۇ بېرەلمەيدۇ.

* * * * * * *

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ ﴿١١﴾ وَٱلۡأَرۡضِ ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلٞ فَصۡلٞ ﴿١٣﴾ وَمَا هُوَ بِٱلۡهَزۡلِ ﴿١٤﴾ إِنَّهُمۡ يَكِيدُونَ كَيۡدٗا ﴿١٥﴾ وَأَكِيدُ كَيۡدٗا ﴿١٦﴾ فَمَهِّلِ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَمۡهِلۡهُمۡ رُوَيۡدَۢا ﴿١٧﴾

*يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى﴿11﴾. يېرىلىپ (گىيالارنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان) زېمىن بىلەن قەسەمكى﴿12﴾. قۇرئان شەك ـ شۈبھىسىز (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر﴿13﴾. ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر﴿14﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (قۇرئاننى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن) ھەقىقەتەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ﴿15﴾. مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكرىگە تاقابىل تۇرىمەن﴿16﴾. (ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن﴿17﴾.*

## قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارنىڭ مات بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يامغۇرلۇق ئاسمان بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە بولسا: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئارقىمۇئارقا يامغۇر ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان ئاسمان بىلەن قەسەمكى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: ئۇ ھەر يىلى بەندىلەرنىڭ رىزقلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان بۇلۇتتۇر. ئەگەر ئۇ بۇلۇت شۇنداق قىلماي قالسا ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى ھالاك بولاتتى، دېدى.

﴿يېرىلىپ (گىيالارنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان) زېمىن بىلەن قەسەمكى، قۇرئان شەك ـ شۈبھىسىز (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: قۇرئان ھەق سۆزدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ ھەقتە قەتادىمۇ شۇنداق دېدى. باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: قۇرئان ئادىل بىر ھۆكۈم كىتابىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر﴾ يەنى ئۇ ھەقىيقەتتۇر، ئەمەلىيەتتۇر.

ئاندىن الله تائالا كاپىرلارنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ يولىدىن توسىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (قۇرئاننى يوققا چىقىرىش

www.munber.org

**ئۇچۇن) ھەقىقەتەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ﴾** يەنى ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاننىڭ قارشىسىغا چاقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن﴾** يەنى ئۇلارغا مۆھلەت بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن.

**﴿ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن)﴾** يەنى ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن. ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا كەلگەن ئازاب، جازا ۋە ھالاكەتنى كۆرىسەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[1].

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە تارىقنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

---

[1] سۈرە لوقمان 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ئەئلا | 19 ئايەت

بۇ سۈرە ھىجرەتتىن ئىلگىرى مەككىدە چۈشكەندۇر. بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە چۈشكەنلىكىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر. ئىمام بۇخارى بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ۋە ئىبنى ئۇممۇ مەكتوملار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىزنىڭ قېشىمىزغا (يەنى مەدىنىگە) ئەڭ دەسلەپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كېلىپ بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى. ئاندىن ئەممار، بىلال ۋە سەئد قاتارلىق ساھابىلار كەلدى. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ يىگىرمە ساھابە بىلەن كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى. مەن: مەدىنىلىكلەرنىڭ باشقا بىر نەرسىگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگىنىگە خوش بولغىنىدەك خۇش بولغانلىقىنى كۆرمىدىم. ھەتتا كىچىك باللارنىڭ: مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، (بىزنىڭ قېشىمىزغا) كەلدى، دېگەنلىكىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپلا سۈرە ئەئلانى (يەنى بۇ سۈرىنى) ئۆگىنىشتىن ئوخشاش قىسقا سۈرىلەرنى يادا ئالدىم.

## سۈرە ئەئلانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازغا: «سەن نامازدا (كىشىلەرگە) ئەئلا، شەمس ۋە لەيل سۈرىلىرىنىلا ئوقۇپ بەرسەڭ بولماسمىدى؟» دېدى.

ئىمام ئەھمەد نۇئمان ئىبنى بەشىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت نامىزىدا ئەئلا سۈرىسى بىلەن غاشىيە سۈرىسىنى ئوقۇيتتى. ئەگەر ھېيت نامىزى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جەمە نامىزىغىمۇ يەنە بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ماجە، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەئلا ۋە غاشىيە سۈرىلىرىنى ئىككى ھېيت ۋە جۈمە نامىزىدا ئوقۇيتتى. ئەگەر ھېيت نامىزى بىلەن جۈمە نامىزى بىر كۈندە كېلىپ قالسا، ئۇ ئىككى سۈرىنى يەنە ھەر ئىككى نامازدا ئوقۇيتتى.

ئىمام ئەھمەد ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئىبنى ئابباس، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبزا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەئلا، كافىرۇن ۋە ئىخلاس سۈرىلىرىنى ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدا سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنىمۇ ئوقۇيتتى، دېگەننى قوشۇپ قويىدى.

www.munber.org

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

سَبِّحِ ٱسۡمَ رَبِّكَ ٱلۡأَعۡلَى ١ ٱلَّذِي خَلَقَ فَسَوَّىٰ ٢ وَٱلَّذِي قَدَّرَ فَهَدَىٰ ٣ وَٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ
ٱلۡمَرۡعَىٰ ٤ فَجَعَلَهُۥ غُثَآءً أَحۡوَىٰ ٥ سَنُقۡرِئُكَ فَلَا تَنسَىٰٓ ٦ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ وَمَا
يَخۡفَىٰ ٧ وَنُيَسِّرُكَ لِلۡيُسۡرَىٰ ٨ فَذَكِّرۡ إِن نَّفَعَتِ ٱلذِّكۡرَىٰ ٩ سَيَذَّكَّرُ مَن يَخۡشَىٰ ١٠ وَيَتَجَنَّبُهَا
ٱلۡأَشۡقَى ١١ ٱلَّذِي يَصۡلَى ٱلنَّارَ ٱلۡكُبۡرَىٰ ١٢ ثُمَّ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ ١٣

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن*** [1]***. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بىجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى*** [2]***. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى*** [3]***. ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى*** [4]***. ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت ـ خەسكە ئايلاندۇردى*** [5]***. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، اللە (نەسخى) قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن. اللە (بەندىلەرنىڭ) ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى) بىلىپ تۇرىدۇ*** [6-7]***. سېنى بىز ئاسان يولغا (يەنى ئىسلام شەرىئىتىگە) مۇۋەپپەق قىلىمىز*** [8]***. ۋەز ـ نەسىھەت پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن*** [9]***. اللەدىن (قورققان) ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ*** [10]***. ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتتىن قاچىدۇ*** [11]***. ئۇ كاتتا ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ*** [12]***. ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشمايدۇ*** [13]***.***

## اللە تائالانىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿**ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن**﴾ دەپ ئەئلا سۈرىسىنى ئوقۇشنى باشلىسا: «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلىمەن» دەيتتى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇئىسھاق ھەمدانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس ﴿**ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن**﴾ دەپ ئەئلا سۈرىسىنى ئوقۇشنى باشلىسا، ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلىمەن، دەيتتى. ئەگەر قىيامەت سۈرىسىنى ئوقۇغان بولسا، ﴿ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان اللە) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: سېنى ھەممە كەمچىلىكتىن پاك ئېتىقاد قىلىمەن، سەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىرسەن، دەيتتى.

[1] سۈرە قىيامەت 40 ـ ئايەت.

www.munber.org

قەتادە سۈرە ئەئلانى ئوقۇشنى باشلاپ: بىزگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىنى ئوقۇغاندا: «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلىمەن» دەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى، دېدى.

## الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بېكىتكەنلىكى ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرگەنلىكى توغرىسىدا

﴿ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بىجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى﴾ يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى چىرايلىق بىر شەكىلدە قىلدى.

﴿مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى﴾ مۇجاھىد: الله تائالا ئىنسانلارغا گۇمراھلىق يولىنى ۋە ھىدايەت يولىنى ۋە ھايۋانلارغا ئوتلايدىغان يەرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ كەلگەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾[1].

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى تەقدىر قىلدى. (ئۇ ۋاقىتتا) الله تائالانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى».

﴿ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى﴾ يەنى الله تائالا ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

﴿ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت ـ خەسكە ئايلاندۇردى﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن قورۇق ئوت ـ چۆپكە ئايلاندى، دېدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد، قەتادە، ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، الله (نەسخى) قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن﴾ بۇ، الله تائالانىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى الله تائالا ئەمەل قىلىشنى قالدۇرماقچى بولغاندىن باشقىسىنى ئۇنۇتمايدىغان دەرىجىدە ئوقۇتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشى ۋە شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرىشىدۇر.

قەتادە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن الله تائالا ئەمەل قىلىشنى قالدۇرماقچى بولغاندىن باشقىسىنى ئۇنۇتمايتتى، دېدى.

بەزى ئالىملار الله تائالانىڭ ﴿الله (نەسخى) قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن﴾ دېگەن ئايىتىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەلەپ قىلىش كۆزدە

[1] سۈرە تاھا 50 ـ ئايەت.

www.munber.org

تۈتۈلىدۇ، دېدى. ئۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: الله تائالا ئەمەل قىلىشنى قالدۇرماقچى بولغاندىن باشقىسىنى ئۇنۇتمىغىن. الله تائالا ئەمەل قىلىشنى قالدۇرماقچى بولغىنىنى ئوقۇماي تاشلاپ قويساڭ، ھېچ گۇناھ يوقتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿الله (بەندىلەرنىڭ) ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى) بىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ يوشۇرۇن قىلغان سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. الله تائالاغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسە يوشۇرۇن ئەمەستۇر.

**﴿سېنى بىز ئاسان يولغا (يەنى ئىسلام شەرىئىتىگە) مۇۋەپپەق قىلىمىز﴾** يەنى بىز ساڭا ياخشى ئىشلارنى ۋە ياخشى سۆزلەرنى قىلىشنى ئاسان قىلىپ بېرىمىز، شۇنداقلا تەسلىكى ۋە ئەگرى ـ توقايلىقى بولمىغان تۈپتۈز شەرىئەتنى يولغا قويۇپ بېرىمىز.

## ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿ۋەز ـ نەسىھەت پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن﴾** يەنى ۋەز ـ نەسىھەت پەيدا يەتكۈزۈدىغانلا بولسا، (سەن) كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. مانا بۇ ئايەتتىن ئىلىم ئۆگىتىشتە ۋە ئۇنى كىشىلەرگە تارقىتىشتا، ئىلىمنى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان كىشىلەرگە ئۆگەتمەسلىك ۋە تارقاتماسلىقتا بىر ئەدەبنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ توغرىدا مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان سۆزنى سۆزلەپ بەرسەڭ، بۇ سۆزۈڭ ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۈچۈن بىر پىتنە بولىدۇ. شۇڭا سەن كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنىدىغان دەرىجىدە قىلىپ سۆزلەپ بەرگىن. سەن (ئۇلار چۈشىنەلمەيدىغان دەرىجە قىلىپ سۆز سۆزلەپ بېرىپ) الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى ياقتۇرامسەن؟ دېدى.

**﴿اللەدىن (قورققان) ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سەن يەتكۈزگەن ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن چىن دىلىدىن الله تائالادىن قورقىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ الله تائالاغا چوقۇم ئۇچرىشىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەملا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ. **﴿ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتتىن قاچىدۇ. ئۇ كاتتا ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴾** يەنى ئۇ ئۇ ئوتتا ئۆلۈپ راھەتكە چىقمايدۇ ۋە ئازادە بىر ھاياتقىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئازابلىق بولغان شۇ ھاياتتا تۇرىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇ ھاياتتا تۇرغاندىلا ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەرنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(دوزاختىن مەڭگۈ چىقمايدىغان بولۇپ) دوزاخقا كىرگەنلەر دوزاختا ئۆلمەيدۇ ۋە (باشقا بىر ھاياتتا) ياشىمايدۇ. الله تائالا مەرھەمەت قىلماقچى بولغان دوزىخلەر بولسا، الله تائالا ئۇلارنى دوزاختا ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا شاپائەتچىلار كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن (شاپائەت قىلماقچى بولۇپ كىرگەن) بىر كىشى ئۇلاردىن بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۆستۈرىدۇ. ئۇلار ”ھايا“ ياكى ”ھايات“ ياكى ”ھەيەۋان“ دەپ ئاتىلىدىغان ئۆستەڭدە ۋە ياكى جەننەتنىڭ ئۆستىڭىدە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇلار خۇددى ئېرىقنىڭ قىرغىقىدا ئۈنگەن مايسىدەك (ناھايىتى) جانىسىز ئۈسىدۇ». ئەبۇ سەئىد خۇدرى مۇنداق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر دەرەخنىڭ يېشىل، ئاندىن سېرىق، ئاندىن يەنە يېشىل

www.munber.org

بولىدىغانلىقىنى كۆرمىگەنمۇ؟ »[1] دېدى. بەزى كىشىلەر: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام (بۇ ھالەتنى) خۇددى ئۆزى سەھرادا ياشىغان ئادەمدەكلا تەسۋىرلەپ بەردى، دېدى.

ئىمام ئەھمەد يەنە ئەبۇ سەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « (دوزاختىن مەڭگۈ چىقمايدىغان بولۇپ) دوزاخقا كىرگەنلەر دوزاختا ئۆلمەيدۇ ۋە (باشقا بىر ھاياتتا) ياشمايدۇ. لېكىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تۈگەپ بولغۇچە دوزاختا قالىدىغانلار بولسا، اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ھەتتا ئۇلار (كۆيۈپ) كۆمۈرگە ئايلانغاندا، ئۇلارغا شاپائەت قىلىنىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توپ ـ توپ قىلىنىپ كەلتۈرۈلۈپ، جەننەتلەرنىڭ ئۈستەڭلىرىگە تاشلىنىدۇ. جەننەتى بولغانلارغا: ئى جەننەتىلەر! ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇ تۆكۈڭلار، دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى ئېرىقنىڭ قىرغىقىدا ئۈنگەن مايسىدەك (ناھايىتى) جانسىز ئۈسىدۇ » دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام (بۇ ھالەتنى) خۇددى سەھرادا ياشىغان ئادەمدەك تەسۋىرلەپ بەردى، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

قَدۡ أَفۡلَحَ مَن تَزَكَّىٰ ﴿١٤﴾ وَذَكَرَ ٱسۡمَ رَبِّهِۦ فَصَلَّىٰ ﴿١٥﴾ بَلۡ تُؤۡثِرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ﴿١٦﴾ وَٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ ﴿١٧﴾ إِنَّ هَٰذَا لَفِي ٱلصُّحُفِ ٱلۡأُولَىٰ ﴿١٨﴾ صُحُفِ إِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ ﴿١٩﴾

***(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى﴿14﴾. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى﴿15﴾. سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر﴿16﴾. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴿17﴾. بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ـ ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر﴿19 ـ 18﴾.***

## نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى**﴾ يەنى ناچار ئەخلاقلاردىن ئۆزىنى پاكلىغان ۋە اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كىشى نىجاتلىققا ئېرىشتى.

﴿**ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى**﴾ يەنى ئۇ كىشى بولسا اللّٰه تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزلەپ، اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىپ نامازلارنى ئۆزۋاقتىدا ئوقۇدى. مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ كىشىلەرنى پىترە سەدىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇپ، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى.

ئەبۇئەھۋەز: ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلار ناماز ئوقىماي دەپ تۇرغاندا بىر يوقسۇل (زاكات ياكى سەدىقە سوراپ) كەلسە، ئۇ ئۇنىڭ سوراپ كەلگەن نەرسىسىنى بېرىپ بولۇپ ئاندىن ناماز ئوقۇسۇن. چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ**

---

[1] يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق دەسلەپتە دوزاخقا كىرىپ ئاندىن جەننەتكە چىقىرىلغان ئادەمنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى .

www.munber.org

نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى﴾[1] قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بەرگەن ۋە ياراتقۇچىسى بولغان اللە تائالانى رازى قىلغان كىشى مەقسىتىگە يەتتى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

## ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ قەدىرسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر﴾ يەنى سىلەر دۇنيا ئىشلىرىنى ھەقىقىي پايدىسى بولغان ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ ئالدىغا قويىسىلەر. ﴿ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾ يەنى ئاخىرەتتىكى اللە تائالانىڭ مۇكاپاتى دۇنيادىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈ قالغۇچىدۇر. چۈنكى، دۇنيا يوقاپ تۈگەيدۇ، ئاخىرەت بولسا ئۇلۇغدۇر ۋە مەڭگۈ قالغۇچىدۇر. ئەقلى بار ئىنسان قانداقمۇ يوقاپ تۈگەيدىغان نەرسىنى مەڭگۈ قالىدىغان نەرسىدىن ئارتۇق كۆرسۇن؟ ۋە پاتلا يوقاپ تۈگەيدىغان نەرسىگە كۆڭۈل بېرىپ، مەڭگۈ قېلىپ قالىدىغان ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمىسۇن؟

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزىنىڭ دۇنيالىقىغا كۆڭۈل بەرگەن ئادەم ئاخىرەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە كۆڭۈل بەرگەن ئادەم دۇنيالىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مەڭگۈ قېلىپ قالىدىغاننى يوقاپ تۈگەيدىغان نەرسىدىن ئەلا بىلىڭلار».

## ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سەھىپىلىرى توغرىسىدا

﴿بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ـ ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەۋەردار بولمىدىمۇ؟ ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ). ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ). ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ. ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴾[2].

ئەبۇئالىيە اللە تائالانىڭ: ﴿بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ـ ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: بۇ سۈرىدە بار قىسسىلەر بۇرۇنقى كىتابلاردا باردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئىبنى جەرىر: ئايەتتىكى "بۇ" دېگەن سۆزدىن اللە تائالانىڭ: ﴿(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى. سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾ دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ـ ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر﴾ دېگەنلىك

---

[1] اللە تائالانىڭ: ﴿(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى﴾ دېگەن ئايىتى ماللىرىنىڭ زاكات ۋە سەدىقىلىرىنى بەرگەن ئادەم مەقسىتىگە يەتتى، دېگەن مەنانىمۇ بېرىدۇ. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ۋە ئەبۇ ئەھۋەزلەر: ئەگەر ناماز ئوقۇش بىلەن زاكات ۋە يا سەدىقە بېرىش بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىپ بولۇپ ئاندىن ناماز ئوقۇيدۇ دەپ بايان قىلدى.
[2] سۈرە نەجم 36 ـــ 42 ـ ئايەتكىچە

www.munber.org

بولىدۇ، دېدى. ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ سۆزى كۈچلۈك، ئورۇنلۇق بىر سۆزدۇر. بۇ ھەقتە قەتادە ۋە ئىبنى زەيدلەردىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. اللە تائالا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئەئلانىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە غاشىيە | 26 ئايەت

## جۈمە نامىزىدا ئەئلا ۋە غاشىيە سۈرىلىرىنى ئوقۇش توغرىسىدا

يۇقىرىدا نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت ۋە جۈمە نامىزىدا سۈرە ئەئلا بىلەن سۈرە غاشىيەنى ئوقۇيتتى، دېگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.
بۇ ھەقتە ئىمام مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: زەھھاك ئىبنى قەيس نۇئمان ئىبنى بەشىردىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىدا جۈمە سۈرىسى بىلەن قايسى سۈرىنى ئوقۇيتتى؟ دەپ سورىدى. ئۇ: غاشىيە سۈرىسىنى دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئەسەرنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡغَٰشِيَةِ ﴿١﴾ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ خَٰشِعَةٌ ﴿٢﴾ عَامِلَةٞ نَّاصِبَةٞ ﴿٣﴾ تَصۡلَىٰ نَارًا
حَامِيَةٗ ﴿٤﴾ تُسۡقَىٰ مِنۡ عَيۡنٍ ءَانِيَةٖ ﴿٥﴾ لَّيۡسَ لَهُمۡ طَعَامٌ إِلَّا مِن ضَرِيعٖ ﴿٦﴾ لَّا يُسۡمِنُ وَلَا يُغۡنِي مِن
جُوعٖ ﴿٧﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدى*** (1)***. بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر*** (2)***. ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر*** (3)***. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ*** (4)***. (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ*** (5)***. ئۇلار ئۇچۇن زەرىدىن (يەنى بەد - بۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ*** (6)***. زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ*** (7)

## قىيامەت كۈنىنىڭ بايانى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ بۇ كۈندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس، قەتادە، ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: ”غاشىيە“ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر، دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈن ھەممە ئىنسانلارنى ئۆز قورشاۋىغا ئالىدىغان بولۇپ ھەممىگە ئومۇمىيۈزلۈك كېلىدۇ. قەتادە اللہ تائالانىڭ: ﴿**بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئۇ

www.munber.org

كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر خاردۇر دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: (ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر) قورقىدۇ، ئۇلارغا ئەمەللىرى ئەسقاتمايدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى.

﴿**ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆزلىرىنى چارچاتقان بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى يەنىلا قىزىق ئوتقا كىرىدۇ. ھاپىز ئەبۇبەكرى بەرقانى ئەبۇئىمران جونىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر راھىبنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ئى راھىب! دەپ چاقىرىغان، راھىب ئىبادەتخانىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ راھىبقا قاراپ يىغلاپ سالغان. ئۇ راھىب: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! نېمىگە يىغلايسەن؟ دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن اللە تائالانىڭ كىتابىدىكى: ﴿**ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئەسلەپ قالدىم ـ دە، شۇنىڭغا يىغلىدىم دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر**﴾ دېگەن ئايىتىدىن خرىستىئانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىكرىمە ۋە سۇددىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار دۇنيادا گۇناھ ئىشلارنى قىلغۇچىلاردۇر، ئاخىرەتتە بولسا ئازاب ۋە ھالاكەتكە ئۇچراپ، دوزاختا چارچىغۇچىلاردۇر دېگەنلىكتۇر، دېدى.

﴿**ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، ھەسەنبەسرى ۋە قەتادە قاتارلىقلار: ئۇلار ئوتى ناھايىتى قاتتىق قىزىق بولغان دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى.

﴿**(سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ھەسەن بەسرى ۋە سۇددى قاتارلىقلار: ئۇلار قىزىقلىقى ۋە ھارارىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولاقنىڭ سۈيىدىن سۇغىرىلىدۇ، دېدى.

﴿**ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى بەد ـ بۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇ ئوتتىن ياسالغان بىر دەرەختۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەبۇ جەۋزائى ۋە قاتادە قاتارلىقلار: ئۇ "شۇبرۇق" دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ دەل ئۆزىدۇر، دېدى. قەتادە: قۇرەيش قەۋمى بۇ دەرەخنى ئەتىياز پەسلىدە "شۇبرۇق" ياز پەسلىدە "زەرى" دەپ ئاتايدۇ، دېدى. ئىكرىمە: ئۇ بولسا تىكەنلىك، يەرگە چاپلىشىپ ئۆسىدىغان بىر ئۆسۈملۈكتۇر، دېدى.

ئىمام بۇخارى مۇجاھىدنىڭ: "زەرى" بولسا "شۇبرۇق" دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىجازلىقلار ئۇنى قۇرىغان چاغدا "زەرى" دەپ ئاتايدۇ، ئۇ زەھەرلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مۇئەممەر قەتادەنىڭ: ئۇ بولسا ئەسلىدە "شۇبرۇق" دەرىخى بولۇپ قۇرىغان ۋاقتىدا "زەرى" دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. سەئىد قەتادەنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى بەد ـ بۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئۇلارغا بېرىلىدىغان تاماقلاردەك ئەڭ ناچار، ئەڭ پاسكىنا تاماق يوقتۇر دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

---

[1] يەنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللە تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىمەن دەپ ئىبادەت قىلىپ ئۆزىنى چارچاتقان، لېكىن قىلغان ئىبادىتى اللە تائالانىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە بولمىغاچقا، دوزاخقا كىرىدىغان راھىبنىڭ ھالىغا قاراپ اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئەسلەپ يىغلىغان.

www.munber.org

﴿زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ﴾ يەنى ئۇ تاماق بىلەن قورساق تويمايدۇ ۋە ئاچلىق يوقالمايدۇ.

* * * * * * *

**وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاعِمَةٌ ﴿٨﴾ لِّسَعْيِهَا رَاضِيَةٌ ﴿٩﴾ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ﴿١٠﴾ لَّا تَسْمَعُ فِيهَا لَاغِيَةً ﴿١١﴾ فِيهَا عَيْنٌ جَارِيَةٌ ﴿١٢﴾ فِيهَا سُرُرٌ مَّرْفُوعَةٌ ﴿١٣﴾ وَأَكْوَابٌ مَّوْضُوعَةٌ ﴿١٤﴾ وَنَمَارِقُ مَصْفُوفَةٌ ﴿١٥﴾ وَزَرَابِيُّ مَبْثُوثَةٌ ﴿١٦﴾**

***بۇ كۈنده نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمەت بىلەن خۇشالدۇر*** ﴿8﴾. ***بۇ دۇنيادا قىلغان (سەئيى ـ ئەمەللىرىدىن) مەمنۇندۇر*** ﴿9﴾. ***ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر*** ﴿10﴾. ***ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ*** ﴿11﴾. ***ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ*** ﴿12﴾. ***ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت ـ رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار*** ﴿13 ـ 16﴾.

## جەننەت ئەھلىنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە دوزاخ ئەھلىنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە جەننەت ئەھلىنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىشكە باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ كۈنده نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمەت بىلەن خۇشالدۇر**﴾ يەنى نۇرغۇن يۈزلەر قىيامەت كۈنىدە نېمەتتىن خۇشال بولغان قىياپەتتە بولىدۇ. بۇ نېمەتلەر ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق قولغا كەلگەندۇر.

﴿**بۇ دۇنيادا قىلغان (سەئيى ـ ئەمەللىرىدىن) مەمنۇندۇر**﴾ سۇفيان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن رازى بولغان ھالدا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى.

﴿**ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر**﴾ يەنى دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان جەننەتنىڭ نۇرلۇق قەسىرلىرىدە خاتىرجەم ھالدا بولىدۇ.

﴿**ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە پايدىسى يوق سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ، پەقەت (پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) سالامىنىلا ئاڭلايدۇ﴾[1] ﴿بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ﴾[2].

﴿**ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭدا ئېقىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن دەريالار بار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتنىڭ دەريالىرى تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىن (يەنە بىر رىۋايەتتە مىسك تېغىنىڭ ئاستىدىن) ئېتىلىپ چىقىدۇ».

﴿**ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر (بار)**﴾ يەنى جەننەتتە ھۆر ـ پەرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقان، يۇمشاق ۋە قاتمۇ ـ قات سېلىنغان كۆرپىلىرى بار ئېگىز كارىۋاتلار باردۇر. ئالىملار: اللّٰه تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر) بۇ كارىۋاتلاردا ئولتۇرماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىشى ئۈچۈن كارىۋاتلار پەسلىتىلىپ بېرىلىدۇ، دېدى.

---

[1] سۈرە مەريەم 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ۋاقىئە 25ـ 26 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿**قاتار تىزىلغان قەدەھلەر (بار)**﴾ يەنى ئىچىملىك ئىچىلىدىغان قەدەھلەر بار بولۇپ، جەننەت ئەھلىدىن قايسى بىرى ئىچىملىك ئىچمەكچى بولسا، ئۇ قەدەھلەر شۇ كىشىگە تەييار قىلىنىپ تۇرۇلىدۇ.

﴿**رەت - رەت قويۇلغان ياستۇقلار (بار)**﴾

﴿**سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار**﴾ يەنى ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە سېلىنغان سېلىنچىلار بار بولۇپ، خالىغانلار ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ.

* * * * * * *

أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى ٱلْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ ﴿١٧﴾ وَإِلَى ٱلسَّمَآءِ كَيْفَ رُفِعَتْ ﴿١٨﴾ وَإِلَى ٱلْجِبَالِ
كَيْفَ نُصِبَتْ ﴿١٩﴾ وَإِلَى ٱلْأَرْضِ كَيْفَ سُطِحَتْ ﴿٢٠﴾ فَذَكِّرْ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٌ ﴿٢١﴾ لَّسْتَ عَلَيْهِم
بِمُصَيْطِرٍ ﴿٢٢﴾ إِلَّا مَن تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ﴿٢٣﴾ فَيُعَذِّبُهُ ٱللَّهُ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَكْبَرَ ﴿٢٤﴾ إِنَّ إِلَيْنَآ إِيَابَهُمْ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ إِنَّ
عَلَيْنَا حِسَابَهُم ﴿٢٦﴾

*ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى﴿17﴾. ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى﴿18﴾. تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى﴿19﴾. زېمىن قانداق يېيىتىلدى﴿20﴾. سەن (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن﴿21﴾. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴿22﴾. لېكىن كىمكى (ۋەز - نەسىھەتتىن) يۈز ئۆرۈپ (اللەنى) ئىنكار قىلىدىكەن﴿23﴾. اللە ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ﴿24﴾. ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ﴿25﴾. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز﴿26﴾.*

## تۆگىلەرنىڭ، تاغلارنىڭ ۋە ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە ۋە كاتتىلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مەخلۇقاتلىرىغا قاراپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى**﴾ چۈنكى، تۆگە ئاجايىب بىر ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىچىدۇر. گەرچە ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك، تەن قۇرۇلۇشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولغىنىغا قارىماي ئۈستىگە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتقىلى قويىدۇ ۋە (بۇ يۈكلەرنى يىراق - يىراقلارغا توشۇشتا) ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ئاجىز بىر ئادەمگە بويسۇنىدۇ. تۆگىنىڭ يۈڭىدىن پايدىلىنىلىدۇ، سۈتى ئىچىلىدۇ، گۆشى يېيىلىدۇ. الله تائالانىڭ بەندىلىرىنى تۆگىگە قاراشقا بۇيرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەينى دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ چارۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۆگە ئىدى. قازى شۇرەي: يۈرۈڭلار! بىز چىقىپ ئاسماننىڭ قانداق قىلىپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنلىكىگە، تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى! دەيتتى. يەنى الله تائالانىڭ ئاسماننى قانداق قىلىپ شۇنچە ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟﴾[1].

---

(1) سۈرە قاف 6 - ئايەت.

www.munber.org

﴿تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى﴾ يەنى تاغلارنىڭ قانداق تىكلەنگەنلىكىگە قاراشمامدۇ؟ زېمىن ئۈستىدىكى ئادەملەر بىلەن بىرگە تەۋرەپ كەتمەي مۇقىم تۇرسۇن دەپ تاغلار زېمىنغا مۇستەھكەم ھالەتتە بېكىتىلدى. الله تائالا يەنە ئۇ تاغلاردا ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ۋە كان بايلىقلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

﴿زېمىن قانداق يېيىتىلدى﴾ يەنى زېمىن قانداق قىلىپ مۇشۇنداق يېيىلغان؟ الله تائالا نادان، بىلىمسىز ئەرەبلەرگە ئۇلارنىڭ مىنىۋاتقان تۆگىسى، ئۈستىدىكى ئاسمان، كۆز ئالدىدىكى تاغ، ئاياغ ئاستىدىكى زېمىندىن ئىبارەت تۇرمۇشىدا دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ نەرسىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇ نەرسىلەرنى ياراتقان زاتنىڭ شەكسىز بارلىقىغا ئىشارەت قىلغان. شۇنداقلا ئۇ زاتنىڭ ھەممىنى ياراتقان، ھەممىنى تەسەررۇپ قىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىگە ئىگە بولغان، ئىبادەت قىلىش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاس بولغان، ئۇلۇغ بىر زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

## زامام ئىبنى سۆئلەبەنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

زامام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىغاندا، مانا مۇشۇنداق قەسەم ئىچكەن ئىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر. ئىمام ئەھمەد سابىتتىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە توغرۇلۇق سۇئال سوراشتىن چەكلەنگەن ئىدۇق. شۇڭا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىشىنى، شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئۇلار سورىغان نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىمىزنى ئارزۇ قىلاتتۇق. بىر كۈنى بىر سەھرالىق ئەرەب كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ بىر ئەلچىڭ بىز تەرەپكە كېلىپ، سېنىڭ «مېنى الله تائالا ئەۋەتتى» دېگەنلىكىڭنى يەتكۈزدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ راست ئېيتىپتۇ» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: ئۇنداقتا ئاسماننى كىم ياراتتى؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: زېمىننىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: ئۇنداقتا كىم بۇ تاغلارنى بۇنداق تىكلەپ، ئۇنىڭدا شۇنچە بايلىقلارنى قىلدى؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: ئاسمان بىلەن زېمىننى ياراتقان، تاغلارنى تىكلىگەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنى الله تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: سېنىڭ ئەلچىڭ بىز بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشىمىز كېرەك دەيدىغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ راست ئېيتىپتۇ» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: سېنى ئەۋەتكەن الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا بۇ ئىشلارنى الله تائالا بۇيرىغانمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: سېنىڭ ئەلچىڭ بىزنىڭ ماللىرىمىزغا زاكات بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست ئېيتىپتۇ» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: سېنى ئەۋەتكەن الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا بۇنى الله تائالا بۇيرىغانمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: سېنىڭ ئەلچىڭ يەنە بىزنىڭ ھەر يىلدا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئۇ راست دەپتۇ» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: ئۇنداقتا سېنى ئەۋەتكەن الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا بۇ ئىشنى الله تائالا بۇيرىدىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. سەھرالىق ئەرەب: سېنىڭ ئەلچىڭ بىزدىن كۈچى يەتكەن كىشىلەرنىڭ كەئبىگە بېرىپ ھەج قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست دەپتۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ

www.munber.org

سەھرالىق ئەرەب: سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىن قىلچە ئاشۇرۇۋەتمەيمەن ۋە قىلچە كېمەيتىۋەتمەيمەن، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دېگەن سۆزىگە راست ئەمەل قىلسا، چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى. بۇنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

## پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزەڭنىڭ ئەۋەتىلىشتىكى ۋەزىپەڭ بويىچە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغىن. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[1] شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىماننى زورلاپ بەرپا قىلغۇچى ئەمەسسەن دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلايدىغان كىشى ئەمەسسەن دېگەنلىكتۇر، دېدى.

ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلار قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھېسابلىرى اللە غىدۇر»[2] دەپ، ئاندىن اللە تائالانىڭ: **﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس يەنە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىملارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

## ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە قىلىنغان تەھدىد توغرىسىدا

**﴿لېكىن كىمكى (ۋەز ـ نەسىھەتتىن) يۈز ئۆرۈپ (اللەنى) ئىنكار قىلىدىكەن.﴾** يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، دىلى ۋە تىلى بىلەن ھەقنى ئىنكار، قىلىدىكەن. **﴿اللە ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ﴾** بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿(كاپىر قۇرئانغا)ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى﴾[3] شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿اللە ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ﴾**.

**﴿ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. **﴿ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان

---

[1] سۈرە رەئد 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] يەنى ئىسلامدا قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.
[3] سۈرە قىيامەت 31 ـ 32 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىشلىرىدىن، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدىن ھېسابىنى بىز ئالىمىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىش، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىمىز.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە غاشىيەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە فەجر — 30 ئايەت

## سۈرە فەجرنى نامازدا قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

نەسائى جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاز نامازغا تۇردى. بىر كىشى كېلىپ مۇئازغا ئىقتىدا قىلدى. مۇئاز نامازنى بەك ئۇزارتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ، نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ قايتىپ كەتتى. بۇ خەۋەر مۇئازغا يەتتى. مۇئاز: مۇناپىق، دېدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى كىشىدىن (ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى) سورىدى. ئۇ كىشى: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغاي دەپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن، ئۇ نامازنى بەكمۇ ئۇزارتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ نامازنى ئۆزەم يالغۇز ئوقۇپ قايتىپ كېتىپ، تۆگەمگە ھەلەپ ئېتىپ بەردىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازغا: «ئى مۇئاز! سەن كىشىلەرنى پىتنىگە سالامسەن؟ (نامازدا) ئەئلا، شەمس، فەجر ۋە لەيل سۈرىلىرىدەك (قىسقا سۈرىلەرنى) ئوقۇساڭ بولماسمىدى؟» دېدى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلْفَجْرِ ﴿١﴾ وَلَيَالٍ عَشْرٍ ﴿٢﴾ وَٱلشَّفْعِ وَٱلْوَتْرِ ﴿٣﴾ وَٱلَّيْلِ إِذَا يَسْرِ ﴿٤﴾ هَلْ فِى ذَٰلِكَ قَسَمٌ لِّذِى
حِجْرٍ ﴿٥﴾ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ ﴿٦﴾ إِرَمَ ذَاتِ ٱلْعِمَادِ ﴿٧﴾ ٱلَّتِى لَمْ يُخْلَقْ مِثْلُهَا فِى ٱلْبِلَٰدِ ﴿٨﴾
وَثَمُودَ ٱلَّذِينَ جَابُوا۟ ٱلصَّخْرَ بِٱلْوَادِ ﴿٩﴾ وَفِرْعَوْنَ ذِى ٱلْأَوْتَادِ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ طَغَوْا۟ فِى ٱلْبِلَٰدِ ﴿١١﴾ فَأَكْثَرُوا۟
فِيهَا ٱلْفَسَادَ ﴿١٢﴾ فَصَبَّ عَلَيْهِمْ رَبُّكَ سَوْطَ عَذَابٍ ﴿١٣﴾ إِنَّ رَبَّكَ لَبِٱلْمِرْصَادِ ﴿١٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

*سۈبھى بىلەن، (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن، قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن، (كائىناتنىڭ ئاجايىپ ھەرىكىتى بىلەن) ئۆتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى، (كاپىرلارغا چوقۇم ئازاب قىلىمىز)[1-4]. ئەقىل ئىگىسىگە بۇنىڭدا (يەنى يۇقىرىقى نەرسىلەردە قانائەتلىنەرلىك) قەسەم بارمۇ؟[5]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ـ كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟[6-7]. بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى[8]. شۇنىڭدەك ۋادىقورادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى اللە قانداق جازالىدى[9]. شۇنىڭدەك قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىدى[10]. ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى[11]. ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى[12].*

www.munber.org

***پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى نازىل قىلدى﴿13﴾. پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴿14﴾.***

## ”سۇبھى“ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

﴿**سۇبھى بىلەن، (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن، قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن، (كائىناتنىڭ ئاجايىپ ھەرىكىتى بىلەن) ئۆتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى، (كاپىرلارغا چوقۇم ئازاب قىلىمىز)**﴾ مەسرۇق ۋە مۇھەممەد ئىبنى كەئب: (ئايەتتىكى اللە تائالا قەسەم ئىچكەن) سۇبھىدىن قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ سۇبھىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير، مۇجاھىد ۋە نۇرغۇنلىغان سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرى: ئايەتتىكى ئون كېچىدىن زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كېچىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

ئىمام بۇخارى (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كېچىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مۇشۇ كۈنلەردە (يەنى زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنلىرىدە) قىلىنغان ياخشى ئەمەل ئىبادەتلاردەك اللە تائالاغا سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەر يوقتۇر» دېدى. ساھابىلار: اللە تائالانىڭ يولىدا قىلغان جىھادچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «اللە تائالانىڭ يولىدا قىلغان جىھادمۇ (ئۇ كۈنلەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردەك سۆيۈملۈك) ئەمەستۇر» دېدى. پەقەتلا جېنى ۋە مېلىنى ئاتاپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمىسى قايتىپ كەلمىگەن كىشىنىڭ ئەمەلىلا ئۇ كۈنلەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىن سۆيۈملۈكتۇر.

ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايەتتىكى ”ئون كېچىسى“ دېگەن سۆزدىن قۇربان ھېيت بار بولغان (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كۈنى، ”ھارپا كۈنى“ دېگەن سۆزدىن ئەرەپات كۈنى ۋە ”قۇربانلىق كۈنى“ دېگەن سۆزدىن قۇربانلىق كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ». بۇ ھەدىسنى نەسەئى رىۋايەت قىلدى. مېنىڭچە (يەنى ئاپتور ئۆزىنى دېمەكچىدۇر) بۇ ھەدىسنىڭ تېكىستىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا تەۋە قىلىشتا ئازراق مەسىلە بار. توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿**قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن (قەسەمكى)**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

## ”كېچە“ دېگەن سۆزنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**ئۆتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى، (كاپىرلارغا چوقۇم ئازاب قىلىمىز)**﴾ ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىر قىسمى كېلىپ، يەنە بىر قىسمى كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى. مۇجاھىد، ئەبۇ ئالىيە، قەتادە، مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يۈرۈگەن كېچە بىلەن قەسەمكى، دېگەنلىكتۇر دېدى.

﴿**ئەقىل ئىگىسىگە بۇنىڭدا (يەنى يۇقىرىقى نەرسىلەردە قانائەتلىنەرلىك) قەسەم بارمۇ؟**﴾ يەنى بۇ ئايەتلەردە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن قىلىنغان قەسەم باردۇر.

www.munber.org

بۇ ئىبادەتنىڭ ۋاقىتلىرى ۋە چىن دىلىدىن الله تائالاغا بويسۇنىدىغان، الله تائالادىن قورقىدىغان، الله تائالانىڭ ئالدىدا كەمتەرلىك قىلىدىغان ۋە الله تائالاغا باش ئېگىدىغان تەقۋادار بەندىلەر الله تائالاغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان ھەج ۋە نامازلارغا ئوخشاش ئىبادەتلەر بىلەن قىلىنىغان بىر قەسەمدۇر.

## الله تائالانىڭ ئاد قەۋمىنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ بايانى توغرىسىدا

الله تائالا يۇقىرىدا مۆمىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئاد قەۋمىنى قانداق قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ـ كۇچلۇك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟**﴾ يەنى بۇلار الله تائالاغا بويسۇنۇشتىن چىققان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن تېنىپ، ھەددىدىن ئاشقان زالىم كىشىلەردۇر.

الله تائالا ئۇلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ـ كۇچلۇك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟**﴾ ئىبنى ئىسھاقنىڭ كۆز قارىشىچە، بۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنىڭ نەرۋىسى ئىرەمنىڭ بالىلىرى بولغان قەدىمكى ئاد قەۋمىدۇر. الله تائالا ئۇلارغا پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئاد قەۋمىنى ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن (بىرىنىمۇ قويماي) ھالاك قىلدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. اللە ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟﴾[1].

الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ قىسسىسىنى قۇرئاننىڭ بىر نەچچە يېرىدە بايان قىلدى.

الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ـ كۇچلۇك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟**﴾ دېگەن ئايىتىدە "كۈچلۈك" دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى، ئۇلار تۈۋرۈكلەر بىلەن ئېگىز قىلىپ قوپۇرۇلغان يۇڭ ئۆيلەردە ياشايتتى. ئۇلار ئۆز زامانىدا قاۋۇل، گەۋدىلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا الله تائالانىڭ بەرگەن بۇ نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەن، ھەمدە ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن بۇ نېمەتلىرىنى ئۆزلىرىنى شۇنداق ياراتقان پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش يولىدا ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلغان. الله تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟ » ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، الله نىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭلارنى قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار، سىلەر بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار﴾[2] ﴿ئاد بولسا زېمىندا (اللەنىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز

[1] سۈرە ھاققە 6 ـــ 8 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەئراف 69 ـ ئايەت.

www.munber.org

رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى﴾[1] الله تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾ يەنى كۈچتۈڭگۈرلىكتە، جىسمانىي قاۋۇللۇقتا ئۇلاردەك بىر قەۋم ئەزەلدىن يارىتىلىپ باقمىغان. مۇجاھىد: "ئىرەم" بولسا قەدىمكى بىر قەۋم بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى ئاد قەۋمى دەپ ئاتالغان، دېدى. قەتادە ئىبنى دەئامە ۋە سۇددى: "ئىرەم" بولسا ئاد قەۋمىنىڭ دۆلىتىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ نامىدۇر، دېدى. بۇ خىلى كۈچكە ئىگە بىر قاراشتۇر.

﴿بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾ ئىبنى زەيد بۇ ئايەتتىكى ئالماشنى باشقا يەرگە قاراتتى ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار ئەھقاف دېگەن يەردە باشقا شەھەرلەردە پەيدا قىلىنمىغان ئېگىز تۈۋرۈكلۈك ئۆيلەرنى سالدى دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئەمما قەتادە ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار بۇ ئايەتتىكى ئالماشنى قەۋمنىڭ ئۆزىگە قاراتتى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇنداق كىشىلەر ئۆز زامانىدا يارىتىلمىغان ئىدى دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇ قاراش توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. ئەمما ئىبنى زەيد ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرى بولسا، ئاجىز دەپ قارالغان قاراشتۇر. چۈنكى، ئەگەر ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلار دېگەندەك بولسا، الله تائالا: باشقا شەھەرلەردە پەيدا قىلىنمىغان ئېگىز تۈۋرۈكلۈك ئۆيلەر سېلىندى، دەيتتى. لېكىن ئۇنداق دېمەستىن، بەلكى ﴿بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾ دېدى.

﴿شۇنىڭدەك ۋادىقورادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى الله قانداق جازالىدى﴾ يەنى ۋادىقۇرادا قۇرام تاشلارنى كېسىپ ئۆيلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمىنى الله تائالا قانداق جازالىدى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ۋادىقۇرادا قۇرام تاشلارنى ئويۇپ، تېشىپ، ئۆيلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمىنى الله تائالا قانداق جازالىدى دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر﴾[2].

## پىرئەۋن توغرىسىدا

﴿شۇنىڭدەك قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىدى﴾ ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: شۇنىڭدەك قول ئاستىدا ئۇنى كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بار پىرئەۋننى قانداق جازالىدى دېگەنلىكتۇر دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىرئەۋن ئەسكەرلەرنى جازالىماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ قول ـ پۇتلىرىغا تۆمۈر قوزۇقلارنى قېقىپ، ئۇلارنى قوزۇق بىلەن ئېسىپ قوياتتى. مۇجاھىد: پىرئەۋن كىشىلەرنى قوزۇقلارغا باغلاپ قوياتتى، دېدى. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

﴿ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى. ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى﴾ يەنى ئۇلار شەھەرلەردە ھەددىدىن ئېشىپ، كىشىلەرگە ئازار بېرىپ، بۇزۇقچىلىق قىلدى.

﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى نازىل قىلدى﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ۋە جازا چۈشۈرۈپ جازالىدى. بۇ جازانىڭ جىنايەتچى قەۋمگە چۈشۈشىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمىدى.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇئەرا 149 ـ ئايەت.

www.munber.org

## پەرۋەردىگارنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: اللە تائالا ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى. يەنى اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆزىتىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر بىر كىشىنىڭ قىلمىشىغا قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ. بارلىق مەخلۇقاتلار اللە تائالانىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ. اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەر بىرىگە لايىق بولغان جازا ياكى مۇكاپاتنى بېرىدۇ. اللە تائالا كىشىلەرگە زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق قىلىشتىن پاكتۇر.

* * * * * * *

فَأَمَّا ٱلۡإِنسَٰنُ إِذَا مَا ٱبۡتَلَىٰهُ رَبُّهُۥ فَأَكۡرَمَهُۥ وَنَعَّمَهُۥ فَيَقُولُ رَبِّيٓ أَكۡرَمَنِ ﴿١٥﴾ وَأَمَّآ إِذَا مَا
ٱبۡتَلَىٰهُ فَقَدَرَ عَلَيۡهِ رِزۡقَهُۥ فَيَقُولُ رَبِّيٓ أَهَٰنَنِ ﴿١٦﴾ كَلَّاۖ بَل لَّا تُكۡرِمُونَ ٱلۡيَتِيمَ ﴿١٧﴾ وَلَا تَحَٰٓضُّونَ
عَلَىٰ طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ﴿١٨﴾ وَتَأۡكُلُونَ ٱلتُّرَاثَ أَكۡلٗا لَّمّٗا ﴿١٩﴾ وَتُحِبُّونَ ٱلۡمَالَ حُبّٗا جَمّٗا ﴿٢٠﴾

*پەرۋەردىگارى ئىنسانىنى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ﴿15﴾. پەرۋەردىگارى ئىنسانىنى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ﴿16﴾. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر﴿17﴾. بىر ـ بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر﴿18﴾. مىراسنى (ھالال ـ ھارام دېمەستىن) ھە دەپ يەيسىلەر﴿19﴾. مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر﴿20﴾.*

## بەندىنىڭ باي ياكى پېقىر قىلىنىشى اللە تائالانىڭ ئىززەتلىشى ياكى خار قىلىشى ئەمەس، بەلكى بەندىسىگە قىلغان سىنىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ يەردە بەزى بەندىلەرنىڭ: ئۆزلىرىنىڭ سىناق ئۈچۈن باي قىلىنىشىنى "اللە تائالانىڭ بىزنى ئىززەتلىشى" دەپ چۈشۈنگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. چۈنكى، باي قىلىنىش ھەرگىزمۇ ئىززەتلەش بولماستىن بەلكى، ئۇ بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[1].

شۇنداقلا بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل قىلىنىشىنى "اللە تائالانىڭ ئاھانەت قىلىشى" دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا اللە تائالا: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس﴾ دېيىش ئارقىلىق ئىككىلا خىل ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. چۈنكى، اللە تائالا مال ـ دۇنيانى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەن ھەرقانداق بەندىسىگە بېرىۋېرىدۇ. شۇنداقلا ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەننىڭ ھەممىسىنىڭ رىزقىنى ئوخشاشلا تار قىلىدۇ. ھەر ئىككىلا ئەھۋالدا مۇھىم بولغىنى اللە تائالاغا تائەت قىلىشتۇر. باي كىشى اللە تائالاغا شۈكۈر ئېيتىشى، نامرات كىشى سەۋر قىلىشى لازىمدۇر.

---

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 55 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.

## بەندىنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەققىدە يامانلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئىبنى سەئدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مەن يېتىمگە كېپىل بولغۇچى بىلەن مۇشۇنداق تۇرىمەن» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى چاپلاپ كۆرسەتتى.

﴿بىر ـ بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر﴾ يەنى ئۇلار پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە خەير ـ ئېھسان قىلىشقا بۇيرىمايدۇ.

﴿مىراسنى (ھالال ـ ھارام دېمەستىن) ھە دەپ يەيسىلەر. مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر﴾.

* * * * * * *

كَلَّآ إِذَا دُكَّتِ ٱلۡأَرۡضُ دَكّٗا دَكّٗا ﴿٢١﴾ وَجَآءَ رَبُّكَ وَٱلۡمَلَكُ صَفّٗا صَفّٗا ﴿٢٢﴾ وَجِاْيٓءَ يَوۡمَئِذِۭ بِجَهَنَّمَۚ يَوۡمَئِذٖ يَتَذَكَّرُ ٱلۡإِنسَٰنُ وَأَنَّىٰ لَهُ ٱلذِّكۡرَىٰ ﴿٢٣﴾ يَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي قَدَّمۡتُ لِحَيَاتِي ﴿٢٤﴾ فَيَوۡمَئِذٖ لَّا يُعَذِّبُ عَذَابَهُۥٓ أَحَدٞ ﴿٢٥﴾ وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُۥٓ أَحَدٞ ﴿٢٦﴾ يَٰٓأَيَّتُهَا ٱلنَّفۡسُ ٱلۡمُطۡمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾ ٱرۡجِعِيٓ إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةٗ مَّرۡضِيَّةٗ ﴿٢٨﴾ فَٱدۡخُلِي فِي عِبَٰدِي ﴿٢٩﴾ وَٱدۡخُلِي جَنَّتِي ﴿٣٠﴾

*(ئى غاپىللار!) بۇنىڭدىن يېنىڭلار، زېمىن ئارقىمۇ ئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا*﴿21﴾. *پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا*﴿22﴾. *(گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەنىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن*﴿23﴾. *ئۇ ئېيتىدۇ: «كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!»* ﴿24﴾. *شۇ كۈندە ھەر ئەھەدى (اللّٰه غا ئاسىيلىق قىلغانلارنى) اللّٰه جازالىغاندەك جازالىمايدۇ*﴿25﴾. *ھەمدە ھېچ ئەھەدى اللّٰه باغلىغاندەك باغلىمايدۇ*﴿26﴾. *ئى ئارام تاپقۇچى جان!* ﴿27﴾. *سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن*﴿28﴾. *سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن*﴿29﴾. *مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن*﴿30﴾.

## ھەر بىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۇ ئايەتتە اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى غاپىللار!) بۇنىڭدىن يېنىڭلار، زېمىن ئارقىمۇ ئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا**﴾ يەنى ھەقىقەتەن تاغ ۋە زېمىنلار تۈپتۈز قىلىنىپ، مەخلۇقاتلار قەبرىلىرىدىن قوپۇرۇلۇپ اللّٰه تائالانىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلغاندا، ﴿**پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن**﴾ يەنى اللّٰه تائالا مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن تۇرغاندا، كىشىلەر ئىرادىلىك كاتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ھەر بىر پەيغەمبەر: «مەن (بۈگۈن) شاپائەت قىلالمايمەن» دەپ ئۆزرىلىرىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىشكىنىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «مەن شاپائەت

www.munber.org

قىلاي » دەپ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىغا بېرىپ (ئۆزىگە) بەندىلەرگە شاپائەت قىلىش ئىمتىيازىنىڭ بېرىلىشنى پەرۋەردىگارىدىن سورايدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازىنى بېرىدۇ.

بۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىلىدىغان شاپائەتنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، خۇددى سۈرە ئىسرادا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ بۇ شاپائەت قىلىشى مەرتىۋىسى "ماختىلىدىغان ئورۇن" دەپ ئاتىلىدۇ. الله تائالا بەندىلىرى ئارىسىدا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ ئالدىدا سەپ - سەپ بولۇپ كېلىدۇ.

**﴿(گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا﴾** ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « قىيامەت كۈنى جەھەننەم ھەر بىرىنى 70 مىڭ پەرىشتە تۇتقان 70 مىڭ ئارغامچا بىلەن سۆرەپ كېلىنىدۇ » بۇ ھەدىسنى تىرمىزىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

**﴿شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ﴾** يەنى ئۇ ئىلگىرى كېيىن قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ.

**﴿(بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن. ئۇ ئېيتىدۇ: «كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ! »﴾** يەنى ئۇ كىشى ئەگەر گۇناھكارلاردىن بولسا، ئۆزىنىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ئەمەل - ئىبادەت قىلغان ئادەم بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇئۇمەيرىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ناۋادا بىر ئىنسان تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ تاكى قېرىپ ئۆلگىچە يۈزىنى يەرگە يېقىپ الله تائالاغا (تائەت قىلىپ) سەجدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قىلغان بۇ ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى قىيامەت كۈنى يەنىلا ئاز سانايدۇ. ئۇ دۇنياغا قايتا قايتۇرۇلۇپ تېخىمۇ كۆپرەك ياخشى ئەمەل ئىبادەتلەرنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ».

**﴿شۇ كۈندە ھەر ئەھەدى (الله غا ئاسىيلىق قىلغانلارنى) الله جازالىغاندەك جازالىمايدۇ﴾** يەنى ھېچكىم ھېچكىمنى الله تائالا ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئازابلىغاندەك ئازابلىمايدۇ.

**﴿ھەمدە ھېچ ئەھەدى الله باغلىغاندەك باغلىمايدۇ﴾** يەنى ھېچكىم ھېچكىمنى الله تائالاغا تانغانلارنى الله تائالانىڭ جەھەننەمگە مۇئەككەل پەرىشتىلىرى باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ. بۇ ئايەتلەر گۇناھكارلار ۋە زالىملار توغرىسىدىكى ئايەتلەردۇر.

ئەمما ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان، پاك مۆمىنلەرگە مۇنداق دېيىلىدۇ: **﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن﴾** يەنى سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ۋە بەندىلىرى ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلىغان نازۇ - نېمەتلەر بار تەرەپكە قايتقىن.

**﴿سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن﴾** يەنى بۇ سۆز ئۇ ياخشى كىشىلەرگە سەكراتتىكى چېغىدا بىر قېتىم، قىيامەت كۈنىدە يەنە بىر قېتىم دېيىلىدۇ. پەرىشتىلەر سەكراتتىكى چاغدا ۋە قىيامەت كۈنىدە بۇ سۆز بىلەن ئۇلارغا خۇش - بېشارەت بېرىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ **﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان!. سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن﴾** دېگەن ئايىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار بولغان بىر سورۇندا چۈشكەن بولۇپ

www.munber.org

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ نېمە دېگەن ياخشى خۇش ـ بېشارەت ھە! دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ سۆز بىلەن ساڭىمۇ خۇش ـ بېشارەت بېرىلىدۇ» دېگەن.

اللّٰه تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە فەجرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە بەلەد 20 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

لَآ أُقْسِمُ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ﴿١﴾ وَأَنتَ حِلٌّۢ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ﴿٢﴾ وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ ﴿٣﴾ لَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ
فِى كَبَدٍ ﴿٤﴾ أَيَحْسَبُ أَن لَّن يَقْدِرَ عَلَيْهِ أَحَدٌ ﴿٥﴾ يَقُولُ أَهْلَكْتُ مَالًا لُّبَدًا ﴿٦﴾ أَيَحْسَبُ أَن لَّمْ يَرَهُۥٓ
أَحَدٌ ﴿٧﴾ أَلَمْ نَجْعَل لَّهُۥ عَيْنَيْنِ ﴿٨﴾ وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ ﴿٩﴾ وَهَدَيْنَٰهُ ٱلنَّجْدَيْنِ ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿1﴾. (ئى مۇھەممەد!) بۇ شەھەردە (ئۇرۇش قىلىش ساڭا ھالالدۇر﴿2﴾. ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ۋە (ئۇنىڭ ياخشى) پەرزەنتلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴿3﴾. بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق﴿4﴾. ئۇ (يەنى فاجىر، شەقى ئادەم) ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟﴿5﴾. ئۇ: «كۆپ مال سەرپ قىلدىم» دەيدۇ﴿6﴾. ئۇ ئۆزىنىڭ (مال) سەرپ قىلغانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى دەپ ئويلامدۇ؟﴿7﴾. ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴿8 - 10﴾***

### اللە تائالا ئىنساننى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتقانلىقىغا مەككىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

بۇ قەسەم اللە تائالانىڭ بۇ شەھەر كىشىلىرى ئېھرام باغلىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن (ئېھرام باغلايدىغان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا) بۇ شەھەردە تۇرغانلارنىڭ ئېھرام تېشىدا تۇرىدىغانلىقىغا بارلىق شەھەرلەرنىڭ كاتتىسى بولغان مەككە بىلەن قىلغان قەسىمىدۇر.

﴿بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ خۇسەيف مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتنىڭ ئەرەبچىسىدە كەلگەن: ”لا“ دېگەن سۆز اللە تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن رەددىيەسى بولۇپ، اللە تائالا بۇ شەھەر بىلەن قەسەم قىلدى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. شەبىب ئىبنى بەشەر ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن. (ئى مۇھەممەد!) بۇ شەھەردە (ئۇرۇش قىلىش) ساڭا ھالالدۇر دېگەنلىكتۇر دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇسالىھ، ئەتىيە، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. بۇ ھەقتە ھەسەنبەسەرى: اللە تائالا پەيغەمبىرىگە مەككىدە كۈندۈزدى پەقەت بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن ئىدى، دېدى.

www.munber.org

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى يۇقىرىقى تەپسىرلەرنىڭ توغرىلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اﷲ تائالا بۇ يۇرتنى ئاسمان - زېمىننى ياراتقان كۈنىلا ھارام قىلغان، شۇڭا ئۇ اﷲ تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن تاكى قىيامەتكىچە ھارامدۇر. بۇ يۇرتنىڭ دەل - دەرەخلىرى قومۇرۇلمايدۇ، ئوت - چۆپلىرى يولۇنمايدۇ. مېنىڭ بۇ يۇرتتا پەقەت كۈندۈزى بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىشىم، ھالال قىلىندى. ئەمدى ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك ھارامىلىق ھالىتىگە قايتتى. بۇنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن». «ناۋادا بىرسى پەيغەمبەرنىڭ بۇ يۇرتتا ئۇرۇش قىلغانلىقىنى دەستەك قىلىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنىڭغا: اﷲ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگىلا رۇخسەت قىلغان، باشقىلارغا رۇخسەت قىلمىغان دەڭلار».

﴿**ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ۋە (ئۇنىڭ ياخشى) پەرزەنتلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن**﴾ مۇجاھىد ۋە باشقا ئالىملار: بۇ ئايەتتىكى "ئادەم" دېگەن سۆزدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى، "پەرزەنتلىرى" دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ باللىرى بولغان ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇ ئايەتكە بېرىلگەن بۇ تەپسىر توغرا دەپ قارالغان تەپسىردۇر. چۈنكى، اﷲ تائالا كىشىلەر ياشايدىغان ماكان بولغان مەككە بىلەن قەسەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ياشىغان ۋە ياشايدىغان، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن قەسەم قىلغان. ئەبۇ ئىمران جۇنى: بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىدۇر، دېگەن. بۇ ئەسەرنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى بارلىق ئاتا ۋە باللاردۇر، دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مۇشۇنداق مەنا بېرىش ئېھتىماللىقى باردۇر.

﴿**بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق**﴾ ئىبنى ئەبۇنۇجەيھ، جۇرەيج ۋە ئەتا قاتارلىقلار ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز ئىنساننى جاپا - مۇشەققەتتە چوڭ بولىدىغان قىلىپ ياراتتۇق. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ناھايىتى تەس بولىدىغانلىقىنى، چىشىنىڭ ناھايىتى تەستە چىقىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ دېگەنلىكتۇر؟ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بىز ئىنساننى بىر تامچە مەنىدىن بىر پارچە قان، كېيىن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىپ قىيىنچىلىق تارتىدىغان قىلىپ ياراتتۇق دېگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى اﷲ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى﴾[1] يەنى ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈردى. بالا ياشاشتا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا مۇشەققەت چېكىدۇ.

﴿**بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق**﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنى: بىز ئىنساننى قاتتىقچىلىقتا، تەستە تىرىكچىلىك قىلىدىغان قىلىپ ياراتتۇق، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىكرىمە: بىز ئىنساننى قاتتىقچىلىقتا ۋە ئىقتىدارى بار قىلىپ ياراتتۇق، دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە: بىز ئىنساننى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق، دەپ تەپسىر قىلغان. ھەسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز ئىنساننى دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى، شۇنداقلا ئاخىرەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تارتىدىغان قىلىپ ياراتتۇق دېگەنلىكتۇر، دېدى.

---

(1) سۈرە ئەھقاف 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## ئىنساننىڭ ﷲ تائالانىڭ قورشاۋىدا ۋە نېمىتى ئىچىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۇ (يەنى فاجىر، شەقى ئادەم) ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟**﴾ ھەسەن بەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ مېنىڭ مېلىمنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنسان قولىدىكى مېلىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىدىن ۋە قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكىدىن سورالمايمەن، دەپ ئويلامدۇ؟ دېگەنلىكتۇر دېدى.

﴿**ئۇ: «كۆپ مال سەرپ قىلدىم» دەيدۇ**﴾ مۇجاھىد، ھەسەن، سۇددى ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئىنسان مەن ناھايىتى كۆپ مالنى سەرپ قىلىۋەتتىم، دەيدۇ دېدى.

﴿**ئۇ ئۆزىنىڭ (مال) سەرپ قىلغانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى دەپ ئويلامدۇ؟**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ مېنى ﷲ تائالا كۆرمىدى دەپ ئويلامدۇ؟ دېگەنلىكتۇر دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان سەلەپ ئالىملىرىمۇ شۇنداق دېدى.

﴿**ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا كۆرىدىغان ئىككى كۆزنى، سۆزلەپ كۆڭلىدىكىنى ئىپادە قىلىدىغان تىلنى، تاماق يېيىشتە ۋە سۆزلەشتە مەقسىتىنى ئىپادىلەيدىغان، يۈزىگە ۋە ئېغىزىغا زىننەت ۋە ھۆسن قوشىدىغان ئىككى كالپۇكنى ياراتمىدۇقمۇ؟

## ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر نېمەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا ئىككى يولدىن بىرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرمىدۇقمۇ؟ سۇفيان سەۋرى ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى كۆرسەتمىدۇقمۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەبۇۋائىل، ئەبۇسالىھ، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، زەھھاك ۋە ئەتا خۇراسانى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (اللەنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

فَلَا ٱقْتَحَمَ ٱلْعَقَبَةَ ﴿١١﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْعَقَبَةُ ﴿١٢﴾ فَكُّ رَقَبَةٍ ﴿١٣﴾ أَوْ إِطْعَـٰمٌ فِى يَوْمٍ ذِى
مَسْغَبَةٍ ﴿١٤﴾ يَتِيمًا ذَا مَقْرَبَةٍ ﴿١٥﴾ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ ﴿١٦﴾ ثُمَّ كَانَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ

[1] سۈرە ئىنسان 2 ـــ 3 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

وَتَوَاصَوْاْ بِٱلْمَرْحَمَةِ ﴿١٧﴾ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿١٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا هُمْ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ
﴿١٩﴾ عَلَيْهِمْ نَارٌ مُّؤْصَدَةٌۢ ﴿٢٠﴾

*ئۇ داۋان ئاشمىدى﴿11﴾. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟﴿12﴾. (داۋان ئېشىش دېگەن قۇل ئازاد قىلماقتۇر﴿13﴾. ياكى ئاچارچىلىق كۈنىدە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى تۇپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل)گە تاماق بەرمەكتۇر﴿14 –16﴾. شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر﴿17﴾. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر﴿18﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بەتبەختلەردۇر﴿19﴾. ئۇلار دوزاختا سولىنىدۇ﴿20﴾.*

## ياخشىلىق يولىغا قىلىنغان تەرغىپ توغرىسىدا

﴿ئۇ داۋان ئاشمىدى﴾ ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ ياخشىلىق ۋە نىجاتلىق يولىغا ماڭسا بولمامدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى. الله تائالا نىجاتلىق يولىنىڭ قانداق يول ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر﴾**

ئىمام ئەھمەد سەئىد ئىبنى مىرجانەدىن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى مۆمىن بىر قۇلنى ئازات قىلسا، الله تائالا قۇل ئازات قىلغان ئادەمنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى ئۇ ئازات قىلغان قۇلنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئورنى ئۈچۈن دوزاخنىڭ ئازابىدىن ئازات قىلىدۇ. يەنى قولىنىڭ ئورنىغا قولىنى، پۇتىنىڭ ئورنىغا پۇتىنى، ئەۋرىتىنىڭ ئورنىغا ئەۋرىتىنى ئازات قىلىدۇ» دېدى.

ئەلى ئىبنى ھەسەن سەئىد مىرجانەگە: سەن راستىنلا بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ دېدى. ئۇ: شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئىبنى ھەسەن دەرھاللا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق قۇلى بولغان مۇتەررافنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: سەن الله تائالا رازىلىقى ئۈچۈن ئازاد (دەپ ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەن). بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ سەئىد ئىبنى مىرجانەدىن رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى بالاغەتكە يەتمەستىن ئۆلۈپ كەتسە، بالىلىرىغا تارتقان ئىچ ئاغرىقى سەۋەبى بىلەن الله تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. كىمكى الله يولىدا يۇرۇپ چېچى ئاقىرىپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئاق چاچلىرى نۇر بولىدۇ. كىمكى دۈشمەنگە قارىتىپ بىر ياي ئوق ئاتسا، ئۇ ئوق مەيلى تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن، ئاتقۇچىغا گويا بىر قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. كىمكى بىر مۆمىن قولنى ئازاد قىلىۋەتسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇ قولنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۈچۈن ئازاد قىلغۇچىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى ئوتتىن ئازاد قىلىۋېتىدۇ. كىمكى الله يولىدا بىرەر نەرسىنى جۈپى بىلەن سەدىقە قىلسا، الله تائالا ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ خالىغىنىدىن كىرگۈزىدۇ»

www.munber.org

﴿**ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل) گە تاماق بەرمەكتۇر**﴾ بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد سۇلايمان ئىبنى ئامىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مىسكىنگە قىلىنغان سەدىقە سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. مىسكىن تۇغقانغا قىلىنغان سەدىقە ھەم سەدىقە ھەم ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىق بولىدۇ»

ئىبنى ئابباس اللە تائالانىڭ: ﴿**توپىدا ياتقان مىسكىنگە**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ بولسا يولدا قالغان، يېتىپ قوپىدىغان ئۆيي ياكى باشقا ھېچ نەرسىسى يوق نامرات ئادەمدۇر، دېدى.

﴿**شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن**﴾ يەنى ئۇ يۇقىرىقى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە اللە تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن مۆمىن ۋە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى پەقەت اللە تائالادىنلا كۆزلىگەن ئادەمدۇر. بۇ ھەققتە اللە تائالا باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اللەنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴾[1] ﴿ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن﴾[2].

﴿**ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر**﴾ يەنى ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى، قىلىپ بىر - بىرىگە باشقىلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە ئۇلارغا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىشىدىغان مۆمىنلەردىندۇر. بۇ ھەققتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «رەھىم قىلغۇچىلارغا رەھمان تەئالا رەھىم قىلىدۇ. زېمىندىكىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىن رەھمەت قىلىنىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «كىشىلەرگە رەھىم قىلمىغانغا اللە تائالامۇ رەھمەت قىلمايدۇ».

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «كىم كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھەق - ھۆرمىتىنى قىلمىسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس».

﴿**ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر**﴾ يەنى مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

## بەتبەختلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى توغرىسىدا

﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بەتبەختلەردۇر**﴾ يەنى بەختسىزلەردۇر.
﴿**ئۇلار دوزاخقا سولىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدىغان ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئازابنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھەققتە ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەيزى، ئەتىيە ئەۋفى، ھەسەن، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار: ئۇ بولسا، كاپىرلارنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ، دۈملەپ تۇرىدىغان ئوتتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس ئۇ ئايەتنى: دەرۋازىلىرى تاقالغان ئوت ئازابىنىڭ ئىچىگە سولىنىدۇ دەپ، تەپسىر قىلغان. بۇ

---

[1] سۈرە ئىسرا 19 - ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 97 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھەقتە زەھھاك: ئۇ قۇرشاپ تۇرىدىغان ئوت ئازابى بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان دەرۋازا يوقتۇر، دېگەن.
قەتادە: ئۇ دۈملەنگەن ئوت ئازابى بولۇپ، ئۇ يەردە يورۇقلۇق ياكى چىقىش ئېغىزى يوق. ئۇنىڭدىن مەڭگۈ چىقالمايدۇ، دېگەن.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە بەلەدنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە شەمس 15 ئايەت

## سۈرە شەمس بىلەن سۈرە زۇھانىڭ خۇپتەن نامىزىدا ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە بىز ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «سەن خۇپتەن نامىزىدا، ئەئالا، شەمس، لەيل سۈرىلىرىنى ئوقۇساڭ بولمامتى؟» دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَٱلشَّمْسِ وَضُحَىٰهَا ﴿١﴾ وَٱلْقَمَرِ إِذَا تَلَىٰهَا ﴿٢﴾ وَٱلنَّهَارِ إِذَا جَلَّىٰهَا ﴿٣﴾ وَٱلَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰهَا ﴿٤﴾
وَٱلسَّمَآءِ وَمَا بَنَىٰهَا ﴿٥﴾ وَٱلْأَرْضِ وَمَا طَحَىٰهَا ﴿٦﴾ وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّىٰهَا ﴿٧﴾ فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَىٰهَا
﴿٨﴾ قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ﴿٩﴾ وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى[1]. قۇياشقا ئەگەشكەن چاغدىكى ئاي بىلەن قەسەمكى[2]. قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى[3]. قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى[4]. ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى[5]. زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى[6]. روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى[8-7]. روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ[9]. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ[10].***

## اللە تائالانىڭ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى بىلەن ئۆزىنى تائەت بىلەن پاكلىغانلارنىڭ چوقۇم نىجات تاپىدىغانلىقىغا، ئۆزىنى كۇپۇر بىلەن رەسۋا قىلغان كىشىلەرنىڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى﴾ قەتادە ”ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى“ دېگەن ئايەتنى كۈندۈزنىڭ ھەممىسى بىلەن قەسەمكى، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى جەرىر: توغرىسى شۇكى، اللە تائالا قۇياش ۋە كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلغان. چۈنكى، كۈندۈز بولسا دەل قۇياش نۇرىنىڭ ئۆزىدۇر، دېگەن.

www.munber.org

**﴿قۇياشقا ئەگەشكەن چاغدىكى ئاي بىلەن قەسەمكى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئاي بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كۈندۈزدىن كېيىن كەلگەن ئاي بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كۈندۈزگە ئەگىشىپ كەلگەن چاغدىكى ئاي تۇغقان كېچە بىلەن قەسەمكى، دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، كۈن پاتقاندىن كېيىن ئاي كۆرۈلىدۇ، دېدى.

**﴿قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يورۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن كۈندۈزبىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى. يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى﴾[1] دېدى، دەيدۇ.

**﴿قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى﴾** يەنى كۈن پاتسا، قاراڭغۇلۇقى ھەممە يەرنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى.

**﴿ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى﴾** قەتادە: بۇ ئايەتتىن ئاسمان ۋە ئۇنىڭ بىنا قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مۇجاھىد: بۇ ئايەتتىن ئاسمان ۋە ئۇنى بىنا قىلغۇچى زات كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ بۇ ئىككى خىل مەنىنى بېرىش ئېھتىماللىقى باردۇر. چۈنكى، بىنا قىلىش دېگەن، ئۈستىگە كۆتۈرۈش دېگەن مەنىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق﴾[2] يەنى ئاسماننى كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز بىلەن كۆتۈردۇق. ﴿ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز. زېمىننى يايدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى يايغۇچىمىز؟﴾[3].

شۇنىڭدەك الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى يايغان زات بىلەن قەسەمكى، دېگەنلىكتۇر دېدى. ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: زېمىن بىلەن ۋە ئۇنىڭدا مەخلۇقاتلارنى ياراتقان زات بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى بۆلگەن زات بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك، سۇددى، سەۋرى، ئەبۇ سالىھ، ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى يايغان زات بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى.

**﴿روھ بىلەن ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان (زات بىلەن قەسەمكى)﴾** يەنى ئىنساننى توغرا، تۈز، ساغلام تەبىئەت بىلەن ياراتقان زات بىلەن قەسەمكى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾[4] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر بالا توغۇلغاندا ساغلام تەبىئەت بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، يا خرىستىئان قىلىدۇ ياكى ئاتەشپەرەس قىلىدۇ، بۇ خۇددى ھايۋان بالىسىنىڭ پۈتۈن تۇغۇلغاندا ھەممە ئەزالىرى ساق تۇغۇلغانغا ئوخشاش، ئۇلار تۇغۇلغاندا ئۇلارنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ نوقسانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان.

---

[1] سۈرە لەيلىنىڭ 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە زارىيات 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە زارىيات 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە رۇم 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئىمام مۇسلىم ئىياد ئىبنى ھىمار نەجەشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىم اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمنى ساغلام دىنىي ئەقىدە بىلەن ياراتتىم، شەيتان كېلىپ ئۇلارنى دىنلىرىدىن ئازدۇرۋەتتى».

﴿ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى﴾ يەنى ئۇنىڭغا تەقۋادارلارنىڭ يولى بىلەن پاسىقلارنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايسى يول پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى شۇ يولغا مۇيەسسەر قىلغان زات بىلەن قەسەمكى.

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ بەرگەن زات بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد، قەتادە، سۇددى، زەھھاك ۋە سەۋرى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. سەئىد ئىبنى زۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭدا پاسىقلىق ۋە تەقۋادارلىق قىلىش خۇسۇسىيىتىنى قىلغان زات بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇئەسۋەد دەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئىمران ئىبنى ھۇسەين ماڭا: كىشىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشىشى، تەقدىردە ئۇلارغا پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشمۇ ياكى پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن دىندا ئۇلار شۇنى تاللاپ قىلغانمۇ؟ دېدى. مەن: بۇ ئۇلارغا پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىش، دەپ جاۋاپ بەردىم. ئىمران ئىبنى ھۇسەين: ئۇنداقتا بۇ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولمامدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا: ھەر قانداق بىر نەرسىنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان زات اللّٰه تائالادۇر. اللّٰه قىلغان ئىشتىن سورالمايدۇ، مەخلۇقاتلىرى بولسا سورۇلىدۇ دېدىم. ئىمران: اللّٰه سېنى توغرا يولدا مېڭىشقا ئۇتۇقلۇق قىلسۇن. مەن سېنىڭ دانالىقىڭنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بۇ سۆزنى دېگەن ئىدىم، دېدى.

مەزىنە ياكى جەھىنە قەبىلىسىدىن بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەت تارتىپ قىينىلىشى تەقدىردە ئۇلارغا پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشمۇ ياكى پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن دىندا ئۇلار شۇنى تاللاپ قىلغانمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئۇلارغا پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ئەمەللەرنى قىلىپ ئاۋارە بولىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه كىمنى ئىككى ئورۇننىڭ (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ) بىرىگە ئاتاپ ياراتقان بولسا، ئۇنى شۇ ئورۇنغا لايىق بولىدىغان ئەمەلگە باشلايدۇ. مانا بۇ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇندۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنىڭ قەتادە، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلارنىڭ دېگىنىدەك: ئۆزىنىڭ نەپسىنى رەزىل پەس ئەخلاقلاردىن اللّٰه تائالانىڭ تائىتى بىلەن پاكلىغان كىشى چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ ۋە اللّٰه تائالانىڭ تائىتىنى تاشلاپ گۇناھلارغا چۆككەن كىشى چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ، دېگەنلىك بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنىڭ ئەۋفى ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغىنىدەك: اللّٰه تائالا روھىنى پاكلىغان كىشى چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. اللّٰه تائالا نەپسىنى كەمسىتكەن كىشى چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ، دېگەنلىك بولۇشىنىڭمۇ ئېھتىمالى باردۇر.

www.munber.org

ئىمام تەبرانى ئىبنى ئاbباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەر قېتىم ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا توختاپ: «ئى اللە! نەپسىمگە تەقۋالىقنى بەرگىن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن، سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىدۇرسەن» دەيتتى.

ئىمام ئەھمەد زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن ۋە قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! نەپسىمگە تەقۋالىقنى بەرگىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ سەندىن قورقمايدىغان قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن، پايدىسىز ئىلىمدىن ۋە ئىجابەت قىلىنمايدىغان دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى ۋە بۇ دۇئانى بىزگە ئۆگىتەتتى. بۇنى بىزمۇ سىلەرگە ئۆگىتىمىز. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ بِطَغۡوَىٰهَآ ﴿١١﴾ إِذِ ٱنۢبَعَثَ أَشۡقَىٰهَا ﴿١٢﴾ فَقَالَ لَهُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ نَاقَةَ ٱللَّهِ وَسُقۡيَٰهَا ﴿١٣﴾ فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا فَدَمۡدَمَ عَلَيۡهِمۡ رَبُّهُم بِذَنۢبِهِمۡ فَسَوَّىٰهَا ﴿١٤﴾ وَلَا يَخَافُ عُقۡبَٰهَا ﴿١٥﴾

*سەمۇد ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى﴿11﴾. ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى﴿12﴾. ئۇلارغا اللەنىڭ پەيغەمبىرى (يەنى سالىھ ئەلەيهىسسالام): «اللەنىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار» دېدى﴿13﴾. ئۇلار پەيغەمبەرنى (يەنى سالىھ ئەلەيهىسسالامنى) يالغانچى قىلدى، تۆگىنى ئۆلتۈردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلدى﴿14﴾. اللە ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقمايدۇ﴿15﴾.*

## سەمۇد قەۋمىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

**﴿سەمۇد ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى﴾** مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەمۇد قەۋمى ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى، دېدى. ئاندىن بۇ قەۋمنىڭ يۈقىرىقىدەك قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتكە ۋە ھەقىقەتكە دىللىرىدىن ئىشەنمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

**﴿ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى﴾** يەنى سەمۇد قەۋمىنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى بولغان قەدار ئىبنى سابىت دېگەن كاپىر يۈگۈرۈپ قوپۇپ تۆگىنى بوغۇزلىماقچى بولدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى. ئۇ قىلىچنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى﴾[1] ئۇ سەمۇد قەۋمى ئىچىدە نەسەبى ئەڭ ئېسىل بولغان، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان كاتتىباش ئىدى. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللا ئىبنى زەمئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خۇتبە سۆزلەپ خۇتبىسىدە تۆگە ۋە تۆگىنى ئۆلتۈرگەن كىشى توغرىسىدا توختىلىپ، اللە تائالانىڭ: «**﴿ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەد ـ**

---

[1] سۈرە قەمەر 29 ـ ئايەت.

www.munber.org

**بەخت ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئاتلاندى﴾** دېگەن ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان كىشى ئەبۇزەمئەدەك ئۆز قەبىلىسىدە ئابرۇيلۇق، كۈچلۈك بىر كىشى تۆگىنى بوغۇزلاشقا ئاتلاندى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

## سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

**﴿ئۇلارغا اللەنىڭ پەيغەمبىرى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام): «اللەنىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار» دېدى﴾** يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: اللە نىڭ تۆگىسىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىۋالماڭلار. چۈنكى، بۇ تۆگە سۇدىن بىر كۈن ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر، دېدى.

**﴿ئۇلار پەيغەمبەرنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى) يالغانچى قىلدى. تۆگىنى ئۆلتۈردى﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمىدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا اللە تائالانىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۆجىزە قىلىپ قۇرام تاشتىن چىقىرىپ بەرگەن تۆگىنى بوغۇزلاشتى.

**﴿گۇناھى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى تەل - تۆكۈس ھالاك قىلدى﴾** يەنى اللە تائالا ئۇلارغا غەزەپلىنىپ ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەمنى قالدۇرماي ھالاك قىلىۋەتتى.

**﴿ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلدى﴾** يەنى ئازابنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىردەك چۈشۈردى. قەتادە: بىزگە يېتىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تۆگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بۇ كىشىنىڭ قىلمىشىغا شۇ قەۋمدىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئاياللارنىڭ قوشۇلغانلىقى ۋە بۇ سۈيىقەستكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارىتا اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىۋەتكەن، دېدى.

**﴿اللە ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقمايدۇ﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: اللە تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ قالمايدۇ، دېگەنلىكتۇر دېدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد، ھەسەن، بەكر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە شەمسنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە لەيل | 21 ئايەت

## لەيل سۈرىسىنى خۇپتەن نامىزىدا ئوقۇش توغرىسىدا

بىز يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئازغا: «سەن (خۇپتەن) نامىزىدا ئەئلا، شەمس، لەيل سۈرىلىرىنى ئوقۇساڭ بولمامتى؟» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰ ﴿١﴾ وَٱلنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ ﴿٢﴾ وَمَا خَلَقَ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّىٰ ﴿٤﴾
فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ﴿٥﴾ وَصَدَّقَ بِٱلْحُسْنَىٰ ﴿٦﴾ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلْيُسْرَىٰ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَنۢ بَخِلَ وَٱسْتَغْنَىٰ ﴿٨﴾
وَكَذَّبَ بِٱلْحُسْنَىٰ ﴿٩﴾ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلْعُسْرَىٰ ﴿١٠﴾ وَمَا يُغْنِى عَنْهُ مَالُهُۥٓ إِذَا تَرَدَّىٰٓ ﴿١١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى[1]. يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى[2]. ئەر ـ ئايالنى ياراتقان زات اللە بىلەن قەسەمكى[3]. سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز خىلمۇخىلدۇر[4]. (پۇل ـ مېلىنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك[5 - 7]. ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز[8]. بېخىللىق قىلىپ (اللەنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك[9]. بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز[10]. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ[11].***

## كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىتا ئېرىشىدىغان نەتىجىسىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا: ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى، يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن ئايەتلىرىدە مەخلۇقاتلارنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن قاپلىغان كېچە ۋە نۇرى بىلەن (ئۇلارنى) يورۇتقان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلدى.

www.munber.org

﴿**ئەر ـ ئايالنى ياراتقان زات اللە بىلەن قەسەمكى**﴾ اللە تائالا ئەر ـ ئايالنى ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنى ئەر ـ ئايال قىلىپ ياراتتۇق﴾[1] ﴿سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴾[2].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە قىلىنغان قەسەملەر بىر ـ بىرىگە زىت بولغان نەرسىلەر بىلەن قىلىنغان قەسەم بولغاچقا، بۇ قەسەملەر ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىشلارمۇ چوقۇم بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىشلاردۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز خىلمۇخىلدۇر**﴾ يەنى بەندىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. يەنى بەزىلەر ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىلەر يامان ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

﴿**پۇل ـ مېلىنى اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان**﴾ يەنى بېرىشكە بۇيرۇلغان زاكاتنى بېرىپ، قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىدە اللە تائالادىن قورققان ئادەمگە ۋە ﴿**(كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك**﴾ قەتادە: بۇ ئايەتتىن قىلغان ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. خۇسەيف: بۇ ئايەتتىن قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

﴿**ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز ئۇنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلىمىز، دېگەنلىكتۇر دېدى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بېخىللىق قىلىپ**﴾ يەنى قولىدىكى مالدا بېخىللىق قىلىپ. ﴿**اللە نىڭ ساۋابىدىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان**﴾ ئىكرىمە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مال ـ مۈلكىنى (كېرەكلىك يەرلەرگە بەرمەي) بېخىللىق قىلىپ، ئۆزىنى اللە تائالانىڭ رازىلىقىغا ھاجىتى يوق دەپ قارىغان دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلدى.

﴿**كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك**﴾ يەنى ئاخىرەتتە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغىنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك. ﴿**بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز**﴾.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[3] اللە تائالانىڭ ياخشىلىقنى مەقسەت قىلغان كىشىنى ياخشىلىققا ئېرىشتۈرۈش بىلەن مۇكاپات بېرىدىغانلىقىغا، يامانلىقنى مەقسەت قىلغان كىشىنى يامانلىققا ئېرىشتۈرۈش بىلەن جازالايدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. بىز تۆۋەندە شۇنىڭغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى بايان قىلىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز تەقدىردە قىلىش پۈتۈۋېتىلگەن ئىشلارنى قىلىۋاتامدۇق ياكى تەقدىردە پۈتۈلمىگەن، ئەمدى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتامدۇق؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكى، پۈتۈلۈپ بولغان ئىشلارنى قىلىسىلەر» دېدى. مەن: ئۇنداقتا بىز نېمە

---

[1] سۈرە نەبە 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات 49 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 110 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۈچۈن ئەمەللەرنى قىلىمىز؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ھەركىم تەقدىردە قىلىشى پۈتۈلگەن ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام بۇخارى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بۇقەيئىل غۇرقەددە بىر جىنازا نامىزىغا قېتىلغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېلىپ ئولتۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قولىدا بىر ھاسىنى تۇتقۇالغان بولۇپ، ئۇ ھاسىسى بىلەن يەرنى جىجاپ سىزىق سىزىشقا باشلىدى. ئاندىن: «سىلەردىن ھەر بىرىڭلاردىن يەنى ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ جەننەتتىكى ياكى دوزاختىكى ئورنى بېكىتىلىپ بولۇنغان، ئۇنىڭ بەختلىك ياكى بەد بەخت بولۇشىمۇ پۈتۈلۈپ بولۇنغان» دېدى. ئارىمىزدىن بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا بىز پۈتۈلۈپ بولغان تەقدىرىمىزگە تايىنىپلا، ياخشى ئەمەل ئىبادەتلەرنى قىلمىساقمۇ بولمامدۇ؟ بىزدىن بەختكە ئېرىشىدۇ، دەپ پۈتۈلگەنلەر بەربىر ”بەختلىك“ بەختسىز دەپ پۈتۈلگەنلەر بەربىر ”بەختسىز“ بولىدىكەنغۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «بەختلىك دەپ پۈتۈلگەنلەر بەختلىك بولىدىغانلارنىڭ ئەمەلىنى، بەد بەخت دەپ پۈتۈلگەنلەر بەد بەختلەرنىڭ ئەمەلىنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ، دەپ ئاندىن الله تائالانىڭ: ﴿(يول ـ مېلىنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (اللەنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولۇنغان ئىشمۇ ياكى يېڭىدىن بولۇنىدىغان ئىشمۇ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «(سەن قىلىۋاتقان ئىشلار) ساڭا پۈتۈلۈپ بولغان ئىشتۇر. ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغىن. چۈنكى، ھەركىم ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مەيەسسەر قىلىنىدۇ. بەختلىكلەر بەختلىك بولۇشنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىنى، بەد بەختلەر بەتبەخت بولۇشنىڭ ئىش ئەمەللىرىنى قىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولغان ئىشنى قىلامدۇق ياكى تېخى پۈتۈلمىگەن ئىشنىمۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «پۈتۈلۈپ بولغان ئىشنى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان سۇراقە: ئۇنداقتا نېمىشقا ئەمەل ئىبادەت قىلىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەر بىر كىشى پەقەت ئۆزىگە پۈتۈلگەن ئەمەللەرنى قىلىشقىلا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىكى ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغان ئاجىز بىچارە قۇللارنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلاتتى ۋە ئىسلامغا كىرگەن ياشانغان ئاياللارنى ئازاد قىلىۋېتەتتى. بىر كۈنى دادىسى ئۇنىڭغا: ئى ئوغلۇم! قارىسام سەن پەقەت ئاجىز ـ بىچارىلەرنىلا ئازاد قىلىۋاتىسەن. ئەگەر سەن كۈچلۈك ـ قاۋۇل كەلگەن كىشىلەرنى ئازاد قىلغان بولساڭ، ئۇلار ساڭا ياردەمدە بولۇپ سېنى قوغدىغان بولاتتى، دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

www.munber.org

دادىسىغا: ئى دادا! مېنىڭ كۆزلەيدىغىنىم پەقەت الله نىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشتۇر، دېدى. ئائىلەمدىكىلەردىن بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە الله تائالانىڭ: ﴿(پۇل ـ مېلىنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك﴾ دېگەن ئايەتلىرى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە چۈشكەنمىش.

﴿ئۇ (دوزاختا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ ئۆلگەن چاغدا، (ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ) دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئەبۇسالىھ ۋە ئىمام مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ ئوتقا تاشلانغان چاغدا، (ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ) دېگەنلىكتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

* * * * * *

إِنَّ عَلَيْنَا لَلْهُدَىٰ ﴿١٢﴾ وَإِنَّ لَنَا لَلْآخِرَةَ وَالْأُولَىٰ ﴿١٣﴾ فَأَنذَرْتُكُمْ نَارًا تَلَظَّىٰ ﴿١٤﴾ لَا يَصْلَاهَا إِلَّا
الْأَشْقَى ﴿١٥﴾ الَّذِي كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٦﴾ وَسَيُجَنَّبُهَا الْأَتْقَى ﴿١٧﴾ الَّذِي يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَمَا لِأَحَدٍ
عِندَهُ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَىٰ ﴿١٩﴾ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَىٰ ﴿٢٠﴾ وَلَسَوْفَ يَرْضَىٰ ﴿٢١﴾

*توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك ـ شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز﴿12﴾. دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك ـ شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر﴿13﴾. سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم﴿14﴾. ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ﴿15 - 16﴾. پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ﴿17-18﴾. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى باراۋىنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر﴿19 - 20﴾. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ﴿21﴾.*

## ھىدايەت تېپىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ الله تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك ـ شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ھالال ـ ھارامنى بىز بايان قىلىپ بېرىمىز دېگەنلىكتۇر، دېدى. باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كىمكى ھىدايەت يولىغا ماڭسا، الله تائالا ئۇنى رازىلىقىغا ئېرىشتۈرگۈچىدۇر دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى الله تائالانىڭ: ﴿توغرا يول كۆرسىتىشنى اللە ئۆز ئۈستىگە ئالغان﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش چۈشەندى. بۇلارنىڭ بۇ رىۋايىتىنى ئىبنى جەرىر بايان قىلدى.

﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك ـ شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر. ئۇنىڭدىكى ئىشلارنى مەن بىر تەرەپ قىلىمەن.

﴿سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يېنىپ تۇرغان ئوتتىن (ئاگاھلاندۇردۇم) دېگەنلىكتۇر، دېدى.

ئىمام ئەھمەد سىماك ئىبنى ھەربتىن نوئمان ئىبنى بەشەرنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبە سۆزلۈۋېتىپ: « مەن سىلەرنى

[1] سۈرە نەھل 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

جەھەننەمدىن ئاگاھلاندۇردۇم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى) ھەتتا بۇ يەردىن بازاردىكىلەر ئاڭلىغىدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دېگەن ئىدى ۋە ھەتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تونى ئوشىقىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئىسھاقتىن نوئمانىنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دوزاخ ئەھلىدىن ئازابى ئەڭ يەڭگىل بولغان كىشى، پۇتلىرىغا ئوتتىن بولغان ئاياق كىيگۈزۈلگەن، ئۇ ئوتنىڭ تەسىرىدە مېڭىسى (قازان قايىنىغاندەك) قايناپ تۇرغان كىشىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇئىسھاقتىن نوئمان ئىبنى بەشىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «دوزاخ ئەھلىدىن ئازابى ئەڭ يەڭگىل بولغان كىشى بولسا، پۇتلىرىغا ئوتتىن بولغان ئاياق كىيگۈزۈلگەن، ئۇ ئوتنىڭ تەسىرىدە مېڭىسى (قازان قايىنىغاندەك) قايناپ تۇرغان كىشىدۇر. ئۇ كىشى ئۆزىدىنمۇ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى يوق، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىل ئازابتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.

﴿ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ﴾ يەنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا دىلىدا (ھەقنى) ئىنكار قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلماي بويۇنتاۋلۇق قىلغان ئەڭ بەتبەخت كىشىلەرلا كىرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممەتلىرىم ئىچىدە بويۇنتاۋلۇق قىلغانلاردىن باشقا ھەممە كىشى قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بويۇنتاۋلۇق قىلغانلار كىملەر؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى، ماڭا ئىتائەت قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، بويۇنتاۋلۇق قىلغان بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿پاكلىنىش ئۈچۈن مال - مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ﴾ يەنى ماللىرىنى ئۆزىنى، مال - دۇنياسىنى ۋە اللە بەرگەن دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىكىنى پاكلاش ئۈچۈن اللە نىڭ يولىدا سەرپ قىلغان تەقۋا، پاك كىشىلا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ.

﴿ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر﴾ يەنى ئۇنىڭ پۇل - مال سەرپ قىلىشى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بولماستىن بەلكى، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ باغۇ - بوستانلىرىغا ئېرىشىپ، اللە نىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن بولغان.

﴿ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ﴾ يەنى بۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر (اللە تائالانىڭ بەرگەن مۇكاپاتلىرىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

نۇرغۇنلىغان تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەت ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان دېگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە: بارلىق ئالىملار بۇ ئايەت ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان دېگەن پىكىردە بىرلىككە كەلگەن. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ

www.munber.org

مەزمۇنى ئىچىگە كىرىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ئۇ بۇ ئايەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇز ئىچىگە ئالغان ئۈممەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشىدۇر. اللہ تائالانىڭ: ﴿**پاكلىنىش ئۈچۈن مالى - مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەتلىرى بولسا مەناسى ھەممە كىشىگە ئومۇمىي بولغان ئايەتلەردىندۇر. ئەبۇبەكرىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىشى ئۇنىڭ مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشتا ھەممىنىڭ ئالدى بولغانلىقى، پەيغەمبەرنىڭ بارلىق سۆزلىرىگە ئىشەنگەن، تەستىقلىغان، تەقۋالىق قىلغان، بارلىق مال - مۈلكىنى اللہ يولىدا سەرپ قىلغان ۋە پەيغەمبەرگە يار - يۆلەكتە بولۇش ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمىغان، اللہ يولىدا ساناقسىز مال - دۇنيا سەرپ قىلغان، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اللہ رازىلىقى ئۈچۈن مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل، مەيلى موھتاج بولسۇن، ھەممىگە ياخشىلىق يەتكۈزگەن زات بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ سەۋەبتىن سەقىف قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى بولغان ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلگەن كۈنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قاتتىق سۆز قىلغاندا، ئۇ: سېنىڭ ماڭا بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقىڭ بولمىغىنىدا ساڭا ئەلۋەتتە گەپ ياندۇرغان بولاتتىم، دېگەن. ئەبۇبەكرىنىڭ قەبىلىلەرنىڭ كاتتىلىرىغا قىلغان ياخشىلىقلىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە بولسا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقى قانچىلىك كۆپتۇر - ھە! شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ**﴾.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى اللہ يولىدا بىرجۈپ نەرسە سەرپ قىلسا، جەننەتنىڭ مۇلازىملىرى: ئى اللہ نىڭ بەندىسى! بۇ (جەننەت) ياخشىدۇر دەپ چاقىرىدۇ» دېگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ بىرەرسىدىن چاقىرىلىش مۇھىم ئەمەس. ئۇ جەننەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىدىغان كىشىمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، شۇنداق، مەن سېنىڭ شۇلاردىن بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن لەيل سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە زۇھا | 11 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلضُّحَىٰ ﴿١﴾ وَٱلَّيۡلِ إِذَا سَجَىٰ ﴿٢﴾ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ﴿٣﴾ وَلَلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لَّكَ مِنَ ٱلۡأُولَىٰ
﴿٤﴾ وَلَسَوۡفَ يُعۡطِيكَ رَبُّكَ فَتَرۡضَىٰٓ ﴿٥﴾ أَلَمۡ يَجِدۡكَ يَتِيمٗا فَـَٔاوَىٰ ﴿٦﴾ وَوَجَدَكَ ضَآلّٗا فَهَدَىٰ ﴿٧﴾
وَوَجَدَكَ عَآئِلٗا فَأَغۡنَىٰ ﴿٨﴾ فَأَمَّا ٱلۡيَتِيمَ فَلَا تَقۡهَرۡ ﴿٩﴾ وَأَمَّا ٱلسَّآئِلَ فَلَا تَنۡهَرۡ ﴿١٠﴾ وَأَمَّا بِنِعۡمَةِ رَبِّكَ
فَحَدِّثۡ ﴿١١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى*** [1]***. قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى*** [2]***. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق*** [3]***. ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر*** [4]***. پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن*** [5]***. ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟*** [6]***. قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟*** [7]***. سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟*** [8]***. يېتىمنى خارلىما*** [9]***. سائىلغا قوپاللىق قىلما*** [10]***. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)*** [11].

## زۇھا سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قېلىپ بىر ياكى ئىككى كېچە نامازغا تۇرالمىدى. بىر ئايال كېلىپ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ شەيتىنىڭ سېنى تاشلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿**چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق**﴾ دېگەن ئايەتلەرنى چۈشۈردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان. يەنە بىر رىۋايەتتە جۇندۇب مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر مەزگىل كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار: مۇھەممەدنىڭ

www.munber.org

پەرۋەردىگارى مۇھەممەدنى تاشلىۋېتىپتۇ، دېيىشتى. دەل شۇ چاغدا الله تائالا پەيغەمبىرىگە: ﴿**چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى. قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق**﴾ دېگەن ئايەتلىرىنى چۈشۈردى.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننىڭ چۈشۈشى باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر قانچە كۈن ۋەھيي ئېلىپ چۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار: مۇھەممەدنى پەرۋەردىگارى تاشلىۋېتىپتۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ﴿**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق**﴾ دېگەن ئايەتلىرىنى چۈشۈردى.

﴿**چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى**﴾ يەنى بۇ الله تائالانىڭ تاڭ يورۇغان ۋاقىت ۋە ئۇنىڭدىكى يورۇقلۇق بىلەن قىلغان قەسىمىدۇر.

﴿**قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى**﴾ مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: تىنجىپ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئەتراپنى قاپلىغان ۋاقىتتىكى كېچە بىلەن قەسەمكى دېگەنلىكتۇر، دېدى. مانا بۇ، بۇنى ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق دەلىلدۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، الله كېچىنى (سىلەر ئۇچۇن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾[1].

﴿**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق. يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق**﴾.

## ئاخىرەتنىڭ دۇنيادىن ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر**﴾ يەنى ساڭا ئاخىرەت بۇ دۇنياغا قارىغاندا ياخشىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانى ياخشى كۆرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى" دېگەن كىتابتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ۋاقتىنچە دۇنيادا قېلىپ كېيىن جەننەتكە بېرىش بىلەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ دۇنياغا، بېرىش ئىختىيارلىقىنى بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيادا قېلىشنىڭ ئورنىغا الله تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىشنى تاللىۋالغان.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بورا ئۈستىدە ياتقان ئىدى. بورا ئۇنىڭ مۇبارەك بەدىنىگە پېتىپ ئىز چىقىرىپ قويىدى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلاپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇ بورىنىڭ ئۈستىگە بىرەر نەرسە سېلىپ بەرگەن بولساق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مەن دۇنيانى نېمىمۇ قىلاي، مەن بىلەن دۇنيانىڭ مىسالى سەپەر ئۈستىدىكى بىر ئادەمنىڭ يول ئۈستىدى دەرەخنىڭ سايىسىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنى تاشلاپ قويۇپ يولىغا راۋان بولغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ » دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

---

[1] سۈرە ئەنئام 96 - ئايەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ئاخىرەتتىكى ناھايىتى كۆپ نېمەتلەرنىڭ كۈتۈۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن﴾ يەنى اللہ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا شۇنداق نەرسىلەرنى بېرىدۇركى ھەتتا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام اللہ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۈممىتى ھەققىدە بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىغان مەرھەمەتلەردىن ناھايىتى رازى بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قىيامەت كۈنىدە بېرىلىدىغان نېمەتلەر قاتارىدا قىرغاقلىرى ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتىن، لېيى ئېسىل ئىپاردىن قىلىنغان كەۋسەر ئىسىملىك بىر كۆل باردۇر.

ئىمام ئەۋزائى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئۆزىدىن كېيىنكى ئۈممىتىگە بېرىلىدىغان بايلىقلار بىرمۇ بىر كۆرسىتىلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ كەتتى. ئاندىن اللہ تائالا: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. اللہ تائالا ئاخىرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ھەر بىرىدە يېتەرلىك ئاياللىرى ۋە خىزمەتچىلىرى بولغان مىليونلاپ قەسىر ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەملەر رىۋايەت قىلدى.

## اللہ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بەرگەن بەزى نېمەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا

اللہ تائالا ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا بەرگەن نېمەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟﴾

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى، چېغىدا ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئانىسى ۋەھەبنىڭ قىزى بولغان ئامىنە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئالتە ياشقا كىرگەندە ۋاپات بولىدۇ. ئانىسىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب ئۆز ھامىيلىقىغا ئالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ئۇنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىب ئۆز ھامىيلىقىغا ۋە پەرۋىشىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا ياخشى قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام 40 ياشقا كىرگەندە، اللہ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى بېرىدۇ. ئۇ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلىش يولىدا مۇشرىكلارنىڭ كۆپلەپ ئەزىيەت بېرىشىگە ئۇچرىغاندا تاغىسى گەرچە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنى ھەر تەرەپتىن قوللاپ، قوغداپ تاكى ھىجرەتتىن سەل بۇرۇن ۋاپات تاپقانغا قەدەر ئۇنى ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قوغداش اللہ نىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىندۇر. تاغىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا تېخىمۇ بەك ئەزىيەت بېرىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا ئۇنى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن بولغان ئەنسارىلارنىڭ يۇرتى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغۇزۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغدايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە غازاتلارنى قىلىدۇ. اللہ ئۇلاردىن رازى بولسۇن! بۇلارنىڭ ھەممىسى اللہ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىدىن بولغاندۇر.

www.munber.org

﴿**قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟**﴾ اللە تائالانىڭ بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز﴾[1].

﴿**سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟**﴾ يەنى سەن بالىلىرىڭ بار، نامرات بىر ئىنسان ئىدىڭ، اللە سېنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە موھتاج قىلمىدى. اللە پەيغەمبىرىگە سەۋرچان پېقىرنىڭ مەرتىۋىسى بىلەن شۈكۈر قىلغۇچى باينىڭ مەرتىۋىسىنى بەردى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بايلىق دېگەن مال - دۇنيانىڭ كۆپ بولغانلىقىدا ئەمەس. بەلكى، كۆڭۈلنىڭ توق بولغانلىقىدا».

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان بولۇپ ئېھتىياجىغا چۇشلۇق رىزق بېرىلگەن، ھەم رىزقىغا قانائەت قىلىش ئاتا قىلىنغان كىشى نىجات تاپقان كىشىدۇر».

## بۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە قانداق يېتىش توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يېتىمنى خارلىما**﴾ يەنى سەن يېتىم قالغىنىڭدا اللە سېنى خار قىلماي ساڭا ھامىيلىق ئاتا قىلغىنىدەك سەنمۇ يېتىمنى خارلىما، سىلكىمە، دىلىغا ئازار بەرمە. ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ مېھرى - شەپقەت كۆرسەتكىن. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن يېتىمگە مېھرىبان ئاتىدەك بولغىن، دېگەنلىكتۇر دېدى.

﴿**سائىلغا قوپاللىق قىلما**﴾ يەنى سەن ئىمان ۋە قۇرئان دېگەنلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان چاغدا اللە ساڭا ئىمان بىلەن قۇرئاننى ئاتا قىلغىنىدەك، سەندىن ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن سەندىن سورىغۇچىغا قوپاللىق قىلما، دۈشكەللىمە. ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن اللەنىڭ بەندىلىرىگە زومىگەر، ھاكاۋۇر، ئېغىزى بېزەپ ۋە مۇئامىلىدە قوپال بولۇپ ئازار بەرمە دېگەنلىكتۇر، دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مىسكىن، بىچارىنى يۇمشاقلىق ۋە چىرايلىقچە قايتۇرغىن، دېگەنلىكتۇر دېدى.

﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)**﴾ يەنى سەن نامرات، بالا - چاقىلىق چېغىڭدا، اللەنىڭ سېنى باي قىلغانلىقىدىن ئىبارەت نېمەتلىرىنى سۆزلىگىن.

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى نېمەت بېرىلىپ سىنالغان بولسا، ئۇ نېمەتنى سۆزلىسە شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، سۆزلىمەي ئىچىدە يوشۇرسا، ئۇ نېمەتتىن تانغان بولىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇدلا رىۋايەت قىلغان.

اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە زۇھانىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

[1] سۈرە شۇرا 52 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە ئىنشىراھ — 8 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ ﴿١﴾ وَوَضَعْنَا عَنكَ وِزْرَكَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِىٓ أَنقَضَ ظَهْرَكَ ﴿٣﴾ وَرَفَعْنَا لَكَ
ذِكْرَكَ ﴿٤﴾ فَإِنَّ مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا ﴿٥﴾ إِنَّ مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا ﴿٦﴾ فَإِذَا فَرَغْتَ فَٱنصَبْ ﴿٧﴾ وَإِلَىٰ رَبِّكَ
فَٱرْغَب ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟***﴿1﴾. ***سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق***﴿3-2﴾. ***سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق***﴿4﴾. ***ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار***﴿5﴾. ***ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار***﴿6﴾. ***(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اللەغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن***﴿7﴾. ***پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن***﴿8﴾.

### كۆڭۈلنى كېڭەيتىپ نۇرلاندۇرۇشنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟﴾ يەنى بىز قەلبىڭنى نۇرلاندۇرۇپ ئۇنى كەڭرى، ئازادە، يورۇق قىلدۇق. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللە كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)﴾[1] اللە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كەڭ قىلغاندەك، ئۇنىڭ شەرىئىتىنىمۇ كەڭلىك، قولايلىق ۋە ئاسانلىق بەرگەن. ئۇنىڭدا ھېچبىر قىيىنلىش، تەسلىك ۋە سىقىنچىلىق يوقتۇر.

### اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق﴾ بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ئېلىپ تاشلىۋېتىلگەن ئېغىر يۈكتىن اللە تائالانىڭ: ﴿اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن﴾[2] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بولۇپ كەچۈرۈلۈپ كەتكەن گۇناھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

---

(1) سۈرە ئەنئام 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە فەتھ 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرگەنلىك توغرىسىدا

﴿سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مەن تىلغا ئېلىنسام، سەن مەن بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىسەن، يەنى "بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن" دەپ تىلغا ئېلىنىسەن، دېگەنلىكتۇر دېدى. بۇ ھەقتە قەتادە: الله ئۇنىڭ شۆھرىتىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆتۈرگەن. شۇڭا ھەر قانداق بىر خۇتبە سۆزلىگۈچى ياكى شاھادەت كەلتۈرگۈچى ۋە ياكى نامازدا تۇرغۇچى: "بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن" دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىپ تۇرۇپ سۆز قىلىدۇ، دېدى.

## تەسلىكتىن كېيىن ئاسانلىقنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا: ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾ دېگەن ئايىتىدە بىر قىيىنچىلىقنىڭ قېشىدا بىر ئاسانلىقنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ ئاندىن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن يەنە تەكىتلىدى.

## بىكار قالغاندا زىكىر بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اللەغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن﴾ يەنى سەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ مەشغۇلاتلىرىدىن بىكار بولساڭ ۋە ئالاقىڭنى ئۈزسەڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىبادىتىگە يۈزلەنگىن، دىلىڭ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ئۈزۈلگەن ھالەتتە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرغىن، نىيىتىڭنى ۋە رىغبىتىڭنى پەرۋەردىگارىڭغىلا خاس قىلغىن. ئادەم باشقا نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغاندا ئەمەل - ئىبادەت قىلىشقا تۇرماسلىقنى تەۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ: ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا ۋە تاھارەت قىستاپ قالغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ».

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇپتەن نامىزى بىلەن كەچلىك تاماق بىر ۋاقىتتا كېلىپ قالسا، سىلەر ئالدى بىلەن تاماقنى يەڭلار».

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندا، نامازغا تۇرۇپ پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن، دېگەنلىكتۇر دېدى.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئىنشىراھنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە تىن | 8 ئايەت

## سۈرە تىننى سەپەردىكى نامازلاردا ئوقۇش توغرىسىدا

ئىمام مالىك بىلەن شۇئبە ئەدىيە ئىبنى سابىتتىن بەرا ئىبنى ئازاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىكى نامازنىڭ ئىككى رەكئىتىنىڭ بىرىدە سۈرە تىننى ئوقۇيتتى. مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاۋازى ياكى قىرائىتى چىرايلىقراق بىر كىشىنى كۆرمىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيْتُونِ ﴿١﴾ وَطُورِ سِينِينَ ﴿٢﴾ وَهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ٱلْأَمِينِ ﴿٣﴾ لَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ فِىٓ
أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ ﴿٤﴾ ثُمَّ رَدَدْنَٰهُ أَسْفَلَ سَٰفِلِينَ ﴿٥﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ
غَيْرُ مَمْنُونٍ ﴿٦﴾ فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعْدُ بِٱلدِّينِ ﴿٧﴾ أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِأَحْكَمِ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى*[1]*. سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى*[2]*. بۇ تىنچ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) بىلەن قەسەمكى*[3]*. بىز ئىنسانىنى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق*[4]*. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاختا قايتۇردۇق*[5]*. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ*[6]*. (ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىللەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن) يەنە نېمىشقا قىيامەتنى ئىنكار قىلىسەن؟*[7]*. اللە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟*[8]

## تىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۆزلەرنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

﴿ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى﴾ ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ: ”تىن“ يەنى ”ئەنجۈر“ دېگەن سۆزدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇدى تېغى ئۈستىدىكى مەسجىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مۇجاھىد: ”تىن“ دېگەن بۇ سۆزدىن ئەنجۈر مېۋىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

www.munber.org

كەئب ئەھبار، قەتادە، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار: ئايەتتىكى ”زەيتۇن“ دېگەن سۆزدىن ئەقسا مەسجىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە: ”زەيتۇن“ دېگەن سۆزدىن دەل كىشىلەر سىقىپ يېغىنى چىقىرىۋاتقان زەيتۇن مېۋىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

﴿**سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى**﴾ كەئب ئەھبار ۋە باشقىلار: بۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان تاغدۇر، دېدى.

﴿**بۇ تىنچ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) بىلەن قەسەمكى**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، ئىبراھىم نەخەئى، ئىبنى زەيد، كەئب ئەھبار قاتارلىقلار: بۇ شەھەردىن مەككە مۇكەررەمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولۇشىدا ئالىملار ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوقتۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ ئورۇن بولسا، اللە تائالا ھەر بىرىگە ئالاھىدە شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بىردىن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئورۇندۇر. (ئۇ ئورۇنلارنىڭ) بىرىنچىسى: ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن ماكانى بولغان ئەقسا مەسجىدىنىڭ يۇرتى بولۇپ، اللە تائالا بۇ يەرگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىككىنچىسى: سىنا يېرىم ئارىلىدىكى تۇر تېغى بولۇپ، بۇ تاغدا اللە تائالا ئىمراننىڭ ئوغلى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەن (يەنى اللە تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى شۇ تاغدا بەرگەن). ئۈچىنچىسى: مەككە بولۇپ، ئۇ، كىمكى ئۇنىڭغا كىرسىلا ئامان بولىدىغان ئامانلىق يۇرتىدۇر. اللە تائالا بۇ يەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن.

## ئىنسان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق**﴾ مانا بۇ (اللە تائالا يۇقىرىدىكى نەرسىلەر بىلەن) قەسەم قىلىپ ئىسپاتلىماقچى بولغان مەزمۇندۇر. اللە تائالا ئىنساننىڭ ئەزالىرىنى جايىدا، قامىتىنى تۈز قىلىپ ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى.

﴿**ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق**﴾ مۇجاھىد، ئەبۇ ئالىيە، ھەسەن، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇنى دوزاخ ئوتىغا قايتۇردۇق دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئىنسان شۇنداق چىرايلىق شەكىلدە يارىتىلغاندىن كېيىن اللە تائالاغا ئىشەنمەي، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشمەي، ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخقا كىرىش بولىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**پەقەت ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾

بەزى ئالىملار اللە تائالانىڭ ﴿**ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئاندىن ئۇنى قېرىلىق ھالىتىگە قايتۇردۇق دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس ۋە ئىكرىمىلەرنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ھەتتا ئىكرىمە مۇنداق دېدى: كىمكى قۇرئاننى يادا ئالسا، ئۇ قاتتىق خارلىققا قالىدىغان قېرىلىققا قايتۇرۇلمايدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ تاللىدى.

ناۋادا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ﴿**پەقەت ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ دەپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۆمىنلەرنى ئايرىپ چىقىرىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، بەزى مۆمىنلەرگىمۇ قېرىلىق يېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بىز

www.munber.org

دەسلەپتە بايان قىلغان مەنىلەردۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى خۇددى اللە تائالانىڭ: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى. ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر.

**﴿بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئەجىر ۋە ساۋاب بار.

**﴿(ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىللەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن) يەنە نېمىشقا قىيامەتنى ئىنكار قىلىسەن؟﴾** يەنى ئى ئادەم بالىسى! سەن نېمە ئۈچۈن قىيامەت كۈندىن تانىسەن؟ سەن اللە تائالانىڭ يوق يەردىن بار قىلغانلىقىنى، باشتا يارىلىقا كەلتۈرگۈچى بولغان اللە تائالانىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلدىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە سەۋەپتىن ئۆلگەندىن كېيىنكى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىسەن؟

**﴿اللە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟﴾** يەنى اللە تائالا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ قىيامەتنى بەرپا قىلىپ دۇنيادا زۇلۇم قىلغانلاردىن زۇلۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئۇنىڭ ئادالەتكارلىقىدىندۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: سىلەر سۈرە تىننى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى: ﴿اللە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇساڭلار: شۇنداق (يەنى اللە تائالا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى) مەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىدۇرمەن، دەڭلار.

اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە تىننىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

[1] سۈرە ئەسر 1 ـــ 3 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ئەلەق | 19 ئايەت |
|---|---|---|

## بۇ ئەڭ دەسلەپتە چۈشكەن سۈرىدۇر

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَـٰنَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ ٱقْرَأْ وَرَبُّكَ ٱلْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ ٱلْإِنسَـٰنَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن***﴿1﴾. ***ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى***﴿2﴾. ***ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر***﴿3﴾. ***ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى***﴿4﴾. ***ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى***﴿5﴾

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئەڭ دەسلەپتە چۈشكەن ئايەتلەر توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋەھيي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ئۇخلىغاندا راست چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان ئىدى. ئۇ چۈش كۆرسە، كۆرگەن چۈشى تاڭنىڭ يورۇقىدەك ئېنىق (ئالدىغا) كېلەتتى. كېيىن ئۇ خالى ماكاننى خالايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاكى ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەنگە قەدەر ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىپ، ھىرا غارىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ئىبادەت قىلىپ، خەدىچەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدىغان، (ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن) يەنە ئوزۇقلۇق ئېلىپ، ئۇ غارغا قايتىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ غاردىكى چېغىدا تۇيۇقسىزلا پەرىشتە ۋەھيي ئېلىپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا: ”ئوقۇغىن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ: «مەن ئوقۇيالايدىغان كىشى ئەمەسمەن» دېدىم. شۇنداق دېيىشىمگە ئۇ مېنى تۇتۇپ قاتتىق بىر سىقىپ قويۇۋەتتى ـ دە، ماڭا يەنە: ”ئوقۇ“ دېدى. مەن: «ئوقۇيالايدىغان كىشى ئەمەسمەن» دېدىم. شۇنداق دېيىشىمگە ئۇ مېنى يەنە بىر قېتىم سىقىپ بولۇپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، مېنى ﴿**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**﴾

www.munber.org

دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇشقا بۇيرىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قورققانلىقىدىن تىترىگەن هالدا خەدىچەنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ: «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار» دېدى. پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام يۆگەپ قويۇلدى. بىر هازا ئۆتۈپ قورقۇنچى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ «ئى خەدىچەگە! ماڭا نېمە بولدى» دەپ خەدىچىگە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ: «هەقىقەتەن مەن ئۆزەمدىن ئەنسىرەپ قالدىم» دېدى. خەدىچە ئۇنىڭغا: هەرگىز ئۇنداق دېمە بەلكى، بۇ ئىشتىن خۇش - بېشارەت ئالغىن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله سېنى هەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى، سەن ئۇرۇق تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىسەن، راست سۆزلەيسەن، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىسەن. مېهماننى ياخشى كۈتىسەن. بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە باشپاناھ بولىسەن، دېدى. ئاندىن خەدىچە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا تەرەپتىن تۇغقىنى بولغان تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەينىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن خرىستىئان دىنىدا بولغان، ئەرەبچە خەت يازالايدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئىنجىلدىن بىر مۇنچە يەرنى ئەرەبچە يازغان ئىدى. هازىر قېرىپ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىدى. خەدىچە ئۇنىڭغا: ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سەن بۇ تۇغقىنىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باققىن، دېدى. ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قاراپ: ئى تۇغقىنىمنىڭ ئوغلى! نېمە ئىش بولدى، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ۋەرەقە: بۇ مۇساغىمۇ ۋەهيي ئېلىپ چۈشكەن پەرىشتىدۇر. ۋاي ئىسىت! ياش ۋاقتىم بولسىچۇ، سېنى قەۋمىڭ قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندە، مەن هايات بولسامچۇ! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «قەۋمىم مېنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەمدۇ؟» دەپ سورىدى. ۋەرەقە: ساڭا كەلگەن بۇ پەيغەمبەرلىك مەيلى قايسى بىر كىشىگە كەلمىسۇن، ئۇ چوقۇم دۈشمەنلىككە ئۇچرايدۇ. ناۋادا مەن سېنىڭ شۇ ۋاقتىڭغىچە ياشىسام ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، دېدى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ۋەهيي كېلىشمۇ بىر مەزگىل توختاپ قالدى. ۋەهيىنىڭ كېلىشىنىڭ توختاپ قېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ناهايىتى يېرىم قىلىۋېتىدۇ. ئۇ هەتتا ئۆزىنى تاغدىن پەسكە تاشلىۋېلىش ئۈچۈن قايسى بىر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقسا، الله تائالانىڭ ئەلچىسى جىبرىئىل ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ: ئى مۇهەممەد! سەن هەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ. ئاردىن ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، ئۇ يەنە تاغدىن ئۆزىنى تاشلىۋېلىش ئۈچۈن تاغ چوققىسىغا قاراپ ماڭغاندا، جىبرىئىل ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە كۆرۈنۈپ، ئۇنى نىيىتىدىن قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ هەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ زۆهرىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، هەتتا بۇخارى بۇ هەدىسنى بۇنىڭدىن كەڭرەك مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى هەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ ئايەتلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قەدەمدە چۈشكەن ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ، الله تائالانىڭ (ئىسلام دىنىنى بېرىشتىن ئىبارەت) بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىنىڭ ۋە نېمىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

## ئىنسانىنىڭ ئىززەت ۋە هۆرمىتىنىڭ بىلىم بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۇ ئايەتلەردە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئابى مەنىدىن باشلىنىدىغانلىقىغا ئەسكەرتىش باردۇر. الله تائالا مەرھەمەت قىلىپ ئىنسانغا ئۇ بىلمىگەن نەرسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى شەرەپلىك ۋە هۆرمەتلىك قىلدى. بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم ئەلەيهىسسالامۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇشۇ ئىلىم

www.munber.org

سەۋەبىدىن پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن تۇرغان ئىدى. ئىلىم بەزىدە ئەقىلدە، بەزىدە تىلدا، بەزىدە بارماقلار بىلەن يېزىلىشتا نامايەندە بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**﴾ ئەسەرلەردە : ”ئىلىمنى يېزىش ئارقىلىق ساقلاڭلار“ ھەمدە يەنە: ”كىمكى بىلگىنىگە ئەمەل قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا بىلمىگىنىنى بىلدۈرىدۇ“ دەپ بايان قىلىنىدۇ.

* * * * * * *

كَلَّآ إِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ لَيَطْغَىٰٓ ﴿٦﴾ أَن رَّءَاهُ ٱسْتَغْنَىٰٓ ﴿٧﴾ إِنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلرُّجْعَىٰٓ ﴿٨﴾ أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى
يَنْهَىٰ ﴿٩﴾ عَبْدًا إِذَا صَلَّىٰٓ ﴿١٠﴾ أَرَءَيْتَ إِن كَانَ عَلَى ٱلْهُدَىٰٓ ﴿١١﴾ أَوْ أَمَرَ بِٱلتَّقْوَىٰٓ ﴿١٢﴾ أَرَءَيْتَ إِن
كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰٓ ﴿١٣﴾ أَلَمْ يَعْلَم بِأَنَّ ٱللَّهَ يَرَىٰ ﴿١٤﴾ كَلَّا لَئِن لَّمْ يَنتَهِ لَنَسْفَعًۢا بِٱلنَّاصِيَةِ ﴿١٥﴾ نَاصِيَةٍ كَـٰذِبَةٍ
خَاطِئَةٍ ﴿١٦﴾ فَلْيَدْعُ نَادِيَهُۥ ﴿١٧﴾ سَنَدْعُ ٱلزَّبَانِيَةَ ﴿١٨﴾ كَلَّا لَا تُطِعْهُ وَٱسْجُدْ وَٱقْتَرِب ۩ ﴿١٩﴾

***شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ ( اللەغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ﴿6 - 7﴾. (ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)﴿8﴾. نامازنى ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟﴿9 - 10﴾. ماڭا (ئۇنىڭ ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى) (نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) توغرا يولدا بولغان بولسا﴿11﴾. ياكى تەقۋادارلىققا ئەمىر قىلغان بولسا (بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟) ﴿12﴾. ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلسا، ئىماندىن (يۈز ئۆرۈسە)﴿13﴾. اللەنىڭ (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟﴿14﴾. ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ـ يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز﴿15-16﴾. ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە )چاقىرسۇن!﴿17﴾. بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى) نى چاقىرىمىز﴿18﴾. (بۇ فاجىر گۇمراھلىقتىن) يانسۇن! ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن، (اللەغا) سەجدە قىلغىن (شۇنىڭ بىلەن اللەغا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن﴿19﴾.***

## ئىنساننىڭ مال ئۈچۈن ھەددىن ئاشقانلىقىغا قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا

الله تائالا بۇ يەردە ئىنسان مېلىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ كۆرەڭلەپ، ھاكاۋۇرلىشىپ، چېكىدىن ئاشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ ۋە بۇنداق سۈپەتلىك ئىنسانغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)**﴾ يەنى ئاخىر قايتىدىغان جايىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ سەندىن مېلىڭنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىدىن، ئۇنى نېمىلەرگە سەرپ قىلغانلىقىڭدىن ھېساب ئالىدۇ.

www.munber.org

## ئەبۇ جەھلنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا

اللە تائالانىڭ: ﴿**ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟**﴾ دېگەن ئايەتلىرى بولسا، ئەبۇجەھل ـ اللە تائالا ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن! ـ ھەققىدە چۈشكەن. ئۇ مەلئۇن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: كەئبىنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇما، دەپ تەھدىت سالغان ئىدى. اللە ئۇنىڭغا چىرايلىق رەۋىشتە نەسىھەتنى باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**ماڭا (ئۇنىڭ ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى) (نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) توغرا يولدا بولغان بولسا ياكى تەقۋادارلىققا ئەمىر قىلغان بولسا (بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟)**﴾ يەنى ئويلاپ باق! (ناماز ئوقۇشقا) توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئۇ كىشى ئەگەر ھەقلىق ياكى سۆزلىرىدە ئىشلىرىدا تەقۋادارلاردىن بولۇشقا بۇيرىغان بولغان بولسا، سەن يەنە (شۇنداق بىر ئادەمگە) ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالامسەن؟

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللەنىڭ (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟**﴾ يەنى ھىدايەت يولىدىكى بۇ زاتنى توسقان ئۇ ئادەم اللە تائالانىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ ۋە دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا تولۇق جازا بېرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ اللە تائالا يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن كېيىن رەسمىي يوسۇندا تەھدىد سېلىشقا ئۆتۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ گۇمراھلىقىدىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ ئۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن**﴾ يەنى ئۇ كاجلىقىدىن، قارشىلىق قىلىشىدىن يانمايدىغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پېشانىسىنى قاپقارا قىلىۋېتىمىز.

﴿**يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكولىسىدىن تۇتۇپ جەھەننەمگە سۆرەيمىز**﴾ يەنى ئەبۇ جەھل سۆزلىرىدە يالغانچى، قىلمىشلىرىدا ھەددىدىن ئاشقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن (ئەبۇجەھلنىڭ) كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ جەھەننەمگە سۆرەيمىز.

﴿**ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرسۇن!**﴾ يەنى ئۇ قەۋمىنى، تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ ياردەم تەلەپ قىلسۇن.

﴿**بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى) نى چاقىرىمىز**﴾ يەنى بىز جەھەننەمنىڭ ئازابلاشقا مەسئۇل پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز. ئۇ مۇشۇ چاغدا زادى كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇجەھل، مەن مۇھەممەدنىڭ كەئبىنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، چوقۇم ئۇنىڭ بويىنىغا دەسسەيمەن، دېگەن ئىدى. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەتتى» دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەقامى ئىبراھىمنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئەبۇ جەھل بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! مەن سېنى بۇ يەردە ناماز ئوقۇشتىن توسمىغانمىدىم؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەھدىد سالدى ۋە قاتتىق سۆزلەر بىلەن رەددىيە بەردى. ئۇ: ئى مۇھەممەد! سەن نېمەڭگە تايىنىپ ماڭا تەھدىد سالىسەن؟ مەن دېگەن بۇ يەرنىڭ ئەڭ جەمەتلىك ئادىمى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿**ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە)**

www.munber.org

**چاقىرسۇن! بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى) نى چاقىرىمىز﴾** دېگەن ئايەتلەرنى چۈشۈردى. ئىبنى ئابباس: ئەگەر ئۇ جەمەتىنى چاقىرغان بولسا، ئازاب پەرىشتىلىرى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى، دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇ جەھل: مۇھەممەد سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ناماز ئوقۇمدۇ؟ دېدى. مۇشرىكلار: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇجەھل بۇنى ئاڭلاپ: لات ۋە ئۇززا بۇتلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭ بوينىغا دەسسەۋېتىمەن ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى توپىغا مىلىۋېتىمەن، دېدى ـ دە، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان يەرگە كەلدى. (ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ) ئۇنىڭ بوينىغا دەسسىمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ تۇيۇقسىز كەينىگە داجىپ، خۇددى قولى بىلەن ئۆزىنى بىرەر نەرسىدىن قوغداۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلغىلى تۇردى. مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن: ساڭا نېمە بولدى؟ دەپ سورىشتى. ئۇ: مۇھەممەد بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا ئوتتىن بىر خەندەك ۋە قورقۇنچلۇق قاناتلار بار، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، تېنىدىن يۇلۇپ چىقىرىۋېتەتتى» دېدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بارمۇ ياكى يوقمۇ بۇنى بىلمەيمەن. اللە تائالا **﴿شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (اللەغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)﴾** دېگەن ئايەتتىن باشلاپ تاكى سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئايەتلەرنى شۇ چاغدا چۈشۈرگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش توغرىسىدا

**﴿(بۇ فاجىر گۇمراھلىقتىن) يانسۇن! ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! كىمكى سېنى ئىبادەت قىلىشىڭدىن توسسا، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغىن. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن خالىغان يېرىڭدە ناماز ئوقۇۋەرگىن. چۈنكى، اللە سېنى ھىمايە قىلىپ ۋە قوغداپ، ساڭا ئۇتۇق ئاتا قىلغۇچىدۇر.
**﴿اللە غا سەجدە قىلغىن، (شۇنىڭ بىلەن اللە غا يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن)﴾** ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەندە سەجدىدە پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن بولىدۇ. شۇڭا سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار».

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنشىقاق ۋە ئەلەق سۈرىلىرىنى ئوقۇغاندا سەجدە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق.
اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئەلەقنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە قەدر | 5 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ ﴿١﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ ﴿٢﴾ لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٞ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٖ ﴿٣﴾
تَنَزَّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ فِيهَا بِإِذۡنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمۡرٖ ﴿٤﴾ سَلَٰمٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطۡلَعِ ٱلۡفَجۡرِ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق***﴿1﴾***. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟***﴿2﴾***. شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر***﴿3﴾***. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا اللە تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ***﴿4﴾***. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر***﴿5﴾

## قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ قۇرئاننى قەدىر كېچىسى چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ كېچە اللە تائالانىڭ: ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان مۇبارەك كېچىدۇر. بۇ كېچە رامىزان ئېيىدا كېلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رامىزان ئېيىدا[2] قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى﴾[3].

ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا قۇرئاننى لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىكى بەيتۇل ئىززەتكە (يەنى ئىززەتلىك ئۆيگە) بىرلا قېتىمدا چۈشۈرگەن بولۇپ، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 23 يىل جەريانىدا قۇرئاننىڭ چۈشۈش سەۋەبى ۋە ۋەقەلىكلەرگە قارىتا بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چۈشۈرۈلگەن. اللە تائالا شۇ كېچىدە قۇرئاننى چۈشۈرۈش بىلەن ئالاھىدە پەزىلەتكە ئىگە قىلغان قەدىر كېچىسىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رامىزان كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە مۇبارەك ئاي بولغان رامىزان ئېيى كەلدى. بۇ ئايدا روزا تۇتۇشۇڭلارنى اللە پەرز قىلدى. بۇ ئايدا جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ. دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى

---

(1) سۈرە دۇخان 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يەنى قۇرئاننىڭ چۈشۈشى ئاي ھېسابىدا رامىزان ئېيىدا، كېچە ھېسابىدا قەدىر كېچىسىدە چۈشكەن بولغاچقا، قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز.
(3) سۈرە بەقەر 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئېتىلىدۇ. شەيتانلار باغلىنىدۇ. بۇ ئاي ئىچىدە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇق بىر كېچە بار. كىمكى ئۇ كېچىنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالسا، ھەقىقەتتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ» دەيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

قەدىر كېچىسىدە قىلىنغان ئىبادەت مىڭ ئاينىڭ ئىبادىتىگە باراۋەردۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قەدىر كېچىسى ئىمان بىلەن اللہ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ ئۆتسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ».

## قەدىر كېچىسىدە پەرىشتىلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقى ۋە بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ بېكىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا اللہ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ**﴾ يەنى بۇ كېچىنىڭ بەرىكىتى كۆپ بولغاچقا پەرىشتىلەرمۇ بۇ كېچىدە كۆپ چۈشىدۇ. پەرىشتىلەر خۇددى قۇرئان ئوقۇلغاندا چۈشكەندەكلا رەھمەت ۋە بەرىكەت بىللە چۈشىدۇ. ئۇلار زىكىر قىلىنىۋاتقان سورۇنلارنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى ئۇلۇغلاپ قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ. ئايەتنىڭ ئەرەبچە لەۋزىدە تىلغا ئېلىنغان "روھ" دېگەن سۆزدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا پەرىشتىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسىغا بەزى خاس پەرىشتىلەرنى قېتىپ بايان قىلغانلىق بولىدۇ.

مۇجاھىد: اللہ تائالانىڭ ﴿**پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا اللہ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى ئۇنىڭ: ﴿**بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىن: بۇ كېچە ھەممە تەرەپتىن تىنچتۇر دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. سەئىد ئىبنى مەنسۇر مۇجاھىدنىڭ يەنە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ كېچە شۇنداق بىر خاتىرجەم بىر كېچىدۇركى، شەيتان ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئازار بېرىشكە ياكى بىرەر يامانلىق يەتكۈزۈشكە پېتىنالمايدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

قەتادە ۋە باشقىلار: بۇ كېچىدە بارلىق مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئەجەللەر ۋە رىزقلارنىڭ مىقدارى بەلگىلىنىدۇ، دېدى. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ﴾[1].

﴿**شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ - ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر**﴾ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئىسھاقتىن شۇئەيبنىڭ: بۇ ئايەتتىن قەدىر كېچىسىدە پەرىشتىلەرنىڭ مەسجىددىكىلەرگە ھەتتا تاڭ يورۇغىچە سالام قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. قەتادە ۋە ئىبنى زەيد اللہ تائالانىڭ: ﴿**پۈتۈنلەي تىنچ - ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: بۇ كېچىنىڭ ھەممىسى خەيرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا تاكى تاڭ يورۇغىچىلىك ھېچقانداق بىر يامانلىق بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى.

[1] سۈرە دۇخان 4 - ئايەت.

www.munber.org

## قەدىر كېچىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە بولىدۇ. كىمكى ئۇ ئون كۈننىڭ كېچىسىدە اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇسا، اللہ چوقۇم ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. قەدىر كېچىسى شۇ ئون كۈننىڭ 21، 23، 25، 27 ياكى 29 دەك تاق كېچىلىرىنىڭ بىرىدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېدى: «قەدىر كېچىسىنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇ كېچە خۇددى ئۇنىڭدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي باردەكلا سۈپ ـ سۈزۈك ئايدىڭ بولىدۇ. تىنچ بولۇپ، بەك سوغۇق ياكى بەك ئىسسىقمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ كېچىدىن تاكى تاڭ ئاتقىچە ھەتتا سوقۇلغان يۇلتۇزلارمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالامىتى شۇكى، بۇ كۈندە قۇياش چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرماي خۇددى تولۇن ئاي چىققاندەكلا نۇرسىز چىقىدۇ. ئۇ كۈندە شەيتان ھەرگىز قۇياش بىلەن بىرگە چىقالمايدۇ»

ئىمام ئەبۇداۋۇد كىتابىدىكى بىر بابنى ”قەدىر كېچىسىنىڭ پۈتۈن رامىزان ئىيى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى“ دەپ ئاتىغان. ئاندىن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرسى قەدىر كېچىسى توغرىسىدا سورىغاندا، مەن ئۇنىڭ: «ئۇ پۈتۈن رامىزان ئىيى ئىچىدە» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بىراق ئىمام ئەبۇ داۋۇد شۇئبە ۋە سۇفياندىن ئەبۇ ئىسھاقنىڭ: بۇ جاۋابنى بەرگۈچى بىر ساھابىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئىدى. بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېتىكاپتا ئولتۇردۇق. شۇ چاغدا جىبرىئىل كېلىپ: ”سەن كۈتىۋاتقان كېچە تېخى ئالدىڭدا“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېتىكاپتا ئولتۇردۇق. جىبرىئىل يەنە كېلىپ: ”سەن كۆزلىگەن كېچە تېخى ئالدىڭدا“ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەندە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «مەن بىلەن ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلار ئېتىكاپتا قايتا ئولتۇرسۇن، مەن قەدرى كېچىسىنىڭ (قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى) كۆرگەن ئىدىم. (لېكىن ئۇنى) ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم. ئۇ چوقۇم ئاخىرقى ئون كۈن ئىچىدىكى تاق كېچىلەردە بولىدۇ. مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى خۇددى لاي سۇغا سەجدە قىلغاندەك كۆردۈم»[1] دېدى. مەسجىدنىڭ ئۆگزىسى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلغان بولۇپ بۇ چاغدا ئاسماندا ھېچ بىر بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. تۇيۇقسىز بۇلۇت پەيدا بولۇپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. مەن ھەتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدە ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگىنىدەك لاي سۇنىڭ ئەسىرىنى كۆردۈم. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: بۇ ئىشنىڭ 21 ـ كۈنى ئەتىگەندە بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بەزىلەر: ئىمام مۇسلىمنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيستىن قىلغان رىۋايىتىگە ئاساسەن، ئۇ كېچە رامىزاننىڭ 23 ـ كېچىسىدۇر، دەپ قاراشقان.

بەزىلەر: 25 ـ كېچىسىدۇر، دېگەن. بۇنداق دېگۈچىلەر تۆۋەندىكى ھەدىسكە ئاسانلانغاندۇر: ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنى شۇ ئون كۈن ئىچىدىكى 21 ـ كېچىسى، 23 ـ

[1] يەنى قەدرى كېچىسىدە يامغۇر ياغىدۇ دېمەكچىدۇر.

www.munber.org

كېچىسى، 25 ـ كېچىسىدىن ئىزدەڭلار». لېكىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار: بۇ ھەدىستىن تاق كېچىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قاراشتى. بۇ قاراش جانلىق ۋە مەشھۇر بولغان قاراشتۇر. رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسىنى "قەدرى كېچىسى" دەپ قاراشقانلارمۇ بار بولۇپ، بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئىمام مۇسلىمنىڭ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە: «ئۇ 27 ـ كېچىدە» دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغاندۇر.

ئىمام ئەھمەد زۇررىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى مۇنزىرنىڭ ئاتىسى! قېرىندىشىڭ بولغان ئىبنى مەسئۇد: كىمكى يىلبويى كېچىدە ناماز ئوقۇپ چىقسا، قەدىر كېچىسىگە دۇچ كېلىدۇ، دەيدىغۇ؟ دېدىم. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ 27 ـ كېچىسىدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، دېدى. ئاندىن (ئۇنىڭ بىلىدىغانلىقىنى كۈچلەندۈرۈپ) قەسەم قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن: سىلەر ئۇنى قانداق بىلىسىلەر؟ دەپ سورىدىم. ئۇبەي ئىبنى كەئب: بىز ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە دەپ بەرگەن ئالامەتلەر بىلەن بىلىمىز. ئاشۇ كۈندە كۈن نۇرى چاقنىمىغان ھالدا چىقىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قەدرى كېچىسى رامىزاننىڭ 29 ـ كېچىسىدۇر، دېگەن قاراشمۇ باردۇر. ئىمام ئەھمەد مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇبادە ئىبنى سامىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەدىر كېچىسى ھەققىدە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «(قەدىر كېچىسىنى) رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلار. ئۇ چوقۇم تاق كېچىلەر بولغان 21 ـ، 23 ـ، 25 ـ، 27 ـ، 29 ـ، ياكى ئاخىرقى كېچىدىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر كېچىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ 27 ـ ياكى 29 ـ كېچىسىدىدۇر. بۇ كېچىدە پەرىشتىلەر زېمىندا سايىنىڭ تېشىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ».

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ قۇلابەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قەدىر كېچىسى ئاخىرقى ئون كۈن ئىچىدە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئەبۇ قۇلابەنىڭ دېگەن بۇ سۆزى ئىمام مالىك، سەۋرى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھەۋي، ئەبۇسەۋرى، مۇزەنى، ئەبۇ بەكرى ئىبنى خۇزەيمە ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدۇر. قازىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ ئىمام شافىئىنىڭمۇ قارىشىدۇر. اللّٰه توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

## قەدىر كېچىسى قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ھەممە ۋاقىتتا دۇئانى كۆپ قىلىش، بولۇپمۇ رامىزاندا تېخىمۇ كۆپ دۇئا قىلىش، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، ئۇ ئون كۈننىڭ تاق كېچىلىرىدە تېخىمۇ كۆپ دۇئا قىلىش مۇستەھەبتۇر. بولۇپمۇ: "ئى اللّٰه! سەن كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن، مەغپىرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن"[1] دېگەن دۇئانى قىلىش مۇستەھەبتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مەن قەدرى كېچىسىگە ئۇچراپ قالسام، قانداق قىلىمەن؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللّٰه! سەن كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن، مەغپىرەت قىلىشنى

[1] ئاللاھۇممە ئىننەكە ئەفۇۋۇن تۇھىببۇ لئەفۋە فەئەفۇئەننى.

www.munber.org

ياخشى كۆرىسەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، دەڭ» دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە قەدرىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە بەييىنە | 8 ئايەت

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىنى ئۇبەي ئىبنى كەئبكە ئوقۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئبكە: «اللہ تائالا مېنى ساڭا سۈرە بەييىنەنى ئوقۇپ بېرىشىمنى بۇيرىدى» دېدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب: اللہ تائالا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە» دېگەن جاۋاب بەرگەندە، ئۇبەي يىغلاپ كەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

لَمۡ يَكُنِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ مُنفَكِّينَ حَتَّىٰ تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡبَيِّنَةُ ﴿١﴾ رَسُولٞ
مِّنَ ٱللَّهِ يَتۡلُواْ صُحُفٗا مُّطَهَّرَةٗ ﴿٢﴾ فِيهَا كُتُبٞ قَيِّمَةٞ ﴿٣﴾ وَمَا تَفَرَّقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا
جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَةُ ﴿٤﴾ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ
ٱلزَّكَوٰةَۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى[1]. (ئۇ روشەن دەلىل) پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، اللہ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر[2]. ئۇ سەھىپىلەر توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[3]. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى[4]. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللہغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللہغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر[5].*

www.munber.org

## مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا

ئەھلى كىتابلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردۇر. مۇشرىكلار بولسا ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان ئوت ۋە بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلاردۇر.

﴿**ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار ھەتتا ھەق ئۇلارغا ئېنىق ئىسپاتلانمىغىچە گۇمراھلىقنى تاشلىغۇچى بولمىدى دېگەنلىكتۇر، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادىمۇ شۇنداق دېدى.

الله تائالانىڭ: ﴿**ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە**﴾ دېگەن ئايىتىدىن قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا الله تائالا: ﴿**ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى**﴾ دەپ بايان قىلىپ، ئاندىن ئۇ روشەن دەلىلنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئۇ روشەن دەلىل) پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، اللە تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر**﴾ يەنى ئۇ روشەن دەلىل بولسا، ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغان قۇرئاندۇر ۋە ئۇنى ئوقۇيدىغان كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. قۇرئاننىڭ پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغان ئىكەنلىكى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر. (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴾[1].

﴿**ئۇ سەھىپىلەر توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان**﴾ ئىبنى جەرىر: ئۇ پاك سەھىپىلەردە الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئادىل، دۇرۇست ۋە خاتاسى يوق توغرا ھۆكۈملەر باردۇر. چۈنكى، ئۇ ھۆكۈملەر الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەندۇر، دېدى.

## ئىختىلاپنىڭ روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا

﴿**كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2] بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن ئۈممەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا ناھايىتى روشەن پاكىت ـ دەلىللەرنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار الله تائالانىڭ كىتابلىرى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدە ئىختىلاپلىشىپ نەچچە پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىشتى.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «يەھۇدىيلار 71 پىرقىگە، خرىستىئانلار 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئۈممەت 73 پىرقىغە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ 73 پىرقىنىڭ بىرىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ بىر پىرقە كىملەر؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇلار) مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقانلار» دەپ جاۋاب بەردى.

[1] سۈرە ئەبەسە 13ــ 16 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئال ئىمران 105 ـ ئايەت.

www.munber.org

## الله تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش الله تائالانىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا**﴾ يەنى شېرىكتىن الله نى بىر دەپ تونۇش ئەقىدىسىگە يۈزلەنگەن ھالدا. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2].

﴿**نامازنى ئادا قىلىشقا (بۇيرۇلدى)**﴾ ناماز بولسا بەدەن ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەتتۇر.

﴿**زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)**﴾ ئۇ پېقىر ۋە موھتاجلارغا بېرىلىدىغان خەيرى ـ ساخاۋەتتۇر.

﴿**ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر**﴾ يەنى شۇلار بولسا ئادىل، دۇرۇست ۋە توغرا يولدىكى ئۈممەتنىڭ دىنىدۇر.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَـٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ فِى نَارِ جَهَنَّمَ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ هُمۡ شَرُّ
ٱلۡبَرِيَّةِ ﴿٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أُوْلَـٰٓئِكَ هُمۡ خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ ﴿٧﴾ جَزَآؤُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ
جَنَّـٰتُ عَدۡنٍ تَجۡرِى مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ
خَشِىَ رَبَّهُۥ ﴿٨﴾

*ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياماندۇر﴿6﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر﴿7﴾. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ اللهدىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ﴿8﴾.*

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ يامىنى ھەم ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە مۇكاپات توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە الله نىڭ كىتابىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغان يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە دوزاخ ئازابىغا مەڭگۈ قالدۇرۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار الله ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۆزىگە (الله تائالاغا) چىن دىلى بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ياخشى كىشىلەرنىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر**﴾ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە بىر تۈركۈم ئالىملار بۇ ئايەت بىلەن مۆمىن كىشىلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت كەلتۈردى. چۈنكى، بۇ ئايەتتە الله تائالا: ﴿**ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر**﴾ دېدى.

﴿**ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى جەننەت بېرىلىدۇ ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ.

﴿**الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ الله دىن مەمنۇن بولىدۇ**﴾ ئۇلارغا بولىدىغان الله نىڭ رازىلىقى بولسا، ئۇلارغا بېرىلگەن تۈگىمەس نېمەتلەردىنمۇ ياخشىدۇر.

﴿**ئۇلارمۇ الله دىن مەمنۇن بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئىنئاملىرىدىن ۋە ئىززەتلىرىدىن خۇرسەن بولىدۇ.

﴿**بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ**﴾ يەنى بۇ مۇكاپاتلار الله دىن ھەقىقىي قورققان، الله غا خۇددى ئۇ الله نى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك (گەرچە ئۇ الله نى كۆرەلمىسىمۇ الله نىڭ ئۇنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىپ) ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىل، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، الله تائالانىڭ يولىدا بىر ئاتنى تەييارلىغان، قاچانكى، (جەڭگە ئاتلىنىشقا چاقىرغان) ئاۋاز چىققان ھامان ئاتقا مىنىپ ئاتلانغان ئادەمدۇر. سىلەرگە ياخشىلىقتا ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىل، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ، ئازغىنا قويلىرى بار بولۇپ، (ئۇلارنى باققاچ) ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بېرىدىغان ئادەمدۇر. سىلەرگە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامىنىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىل، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، الله نىڭ نامى بىلەن بىر نەرسە سورالغان بولسىمۇ (ئۇ نەرسىنى) بەرمىگەن ئادەمدۇر» دېدى.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە بەييىنەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە زەلزەلە | 8 ئايەت

## سۈرە زەلزەلەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا (دائىم ئوقۇيدىغان) سۈرىنى دەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلىف، لام، را بىلەن باشلانغان سۈرىلەردىن ئۈچ سۈرە ئوقۇغىن» دېدى. ئۇ ئادەم: يېشىم چوڭىيىپ، يۈرىكىم ئاجىزلىشىپ كەتتى ۋە تىلىم ئېغىرلىشىپ قالدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ھا، مىم بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنى ئوقۇغىن» دېدى. ئۇ ئادەم يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى. پەيغەمبەر ئەلەسھىسسالام: «ئۇنداقتا سەبىبھەسمە بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنى ئوقۇغىن» دېدى. ئۇ ئادەم يەنە يۇقىرىقىدەك دەپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سۈرىنى كۆرسىتىپ قويغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: سۈرە زەلزەلەنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەردى. ھېلىقى ئادەم: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەرگىزمۇ بۇنىڭدىن باشقا بىر سۈرىنى ئوقۇمايمەن دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشتى، بۇ ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشتى، ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېدى. ھېلىقى ئادەم كېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا قۇربانلىق كۈنىنى بۇ ئۈممەت ئۈچۈن ھېيت قىلىپ بەردى. مەن ئۇ كۈندە (قۇربانلىق قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم» دېدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەگەر مەندە (سۈتىنى سېغىپ ئىچىش ئۈچۈن) ئارىيەتكە ئالغان چىشى مالدىن باشقىسى بولمىسا، مېنىڭ شۇنى قۇربانلىق قىلىشىم توغرا بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇنداق بولسا سەن چېچىڭنى ياسىغىن، تىرناقلىرىڭنى ئالغىن، بۇرۇتىڭنى قىسقارتقىن، قولتۇق ۋە ئەۋرەتلىرىڭنىڭ تۈكلىرىنى تازىلىغىن. مانا بۇ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قوربانلىقىڭنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِذَا زُلْزِلَتِ ٱلْأَرْضُ زِلْزَالَهَا ﴿١﴾ وَأَخْرَجَتِ ٱلْأَرْضُ أَثْقَالَهَا ﴿٢﴾ وَقَالَ ٱلْإِنسَٰنُ مَا لَهَا ﴿٣﴾
يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا ﴿٤﴾ بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَىٰ لَهَا ﴿٥﴾ يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ ٱلنَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا۟ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٦﴾
فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُۥ ﴿٧﴾ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُۥ ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

www.munber.org

***زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە﴿1﴾. زېمىن (قويىنىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئۆتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا﴿2﴾. ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە بولدى؟» دېگەندە﴿3﴾. بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ﴿4﴾. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر﴿5﴾. بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ﴿6﴾. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ﴿7﴾. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴿8﴾.***

## قىيامەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندە زېمىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:زېمىن ئاستى تەرەپتىن ھەركەتلىنىپ كەتكەندە.

**﴿زېمىن (قويىنىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئۆتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا﴾** يەنى زېمىن ئۆز قويىنىدىكى ئۆلۈكلەرنى چىقارغاندا. كۆپلىگەن تەپسىر شۇناس ئالىملار بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر﴾[1] ﴿زېمىن سوزۇلغان، قويىنىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىنىپ قالغان﴾[2].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(قىيامەت يېقىنلاشقاندا) زېمىن قويىنىدىكى چوكىدەك - چوكىدەك ئالتۇن - كۈمۈش پارچىلىرىنى چىقىرىدۇ. ئاندىن قاتىل كېلىپ: مەن مۇشۇ نەرسە ئۈچۈن قاتىللىق قىلغان ئىدىم، دەيدۇ. ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ئادەم كېلىپ: مەن مۇشۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ئىدىم، دەيدۇ. ئوغرى كېلىپ: مېنىڭ مۇشۇ نەرسە ئۈچۈن قولۇم كېسىلگەن ئىدى، دەيدۇ. ئۇلار ئۇ نەرسىلەردىن كىچىككىنىمۇ ئالماي تاشلاپ قويىدۇ».

**﴿ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە بولدى؟» دېگەندە﴾** يەنى ئىنسان زېمىننىڭ (ئۇنىڭ ئۈستىدە) خاتىرجەم تۇرۇپ ياشىغىلى بولىدىغان ھالىتىدىن ھەرىكەت قىلىپ، ياشىغىلى بولمايدىغان ھالىتىگە كېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالغاندا. (يەنى) زېمىنغا بولۇشى شەكسىز بولغان، اللە تائالا زېمىنغا تەييارلىغان تەۋرەشتىن ئىبارەت اللە تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلگەندە، زېمىن ئۆز قويىنىدىكى ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ تاشلىغاندا. ئىنسانلار زېمىننىڭ بۇ ئىشىغا ۋە زېمىننىڭ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارنىڭمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. ئۇلار يېگانە، قۇدرەتلىك اللە نىڭ دەرگاھىدا ھازىر بولىدۇ.

**﴿بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ﴾** ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ

---

[1] سۈرە ھەج 1 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىنشىقاق 3 ـــ 4 - ئايەتلەر.

www.munber.org

**خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: «ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ خەۋەرلىرى بولسا، زېمىن پۈتكۈل ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلغان قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىپ: بۇ مۇنداق ـ مۇنداق كۈنلەردە مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئىدى، دېيىشىدۇ. مانا بۇ زېمىنىنىڭ خەۋەرلىرىدۇر» دېدى.

**﴿(ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر﴾** يەنى اللّٰه تائالا زېمىنغا شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. شەيب ئىبنى بەشىر ئىكرىمەدىن ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالا زېمىنغا سۆزلىگىن! دېدى. شۇنىڭ بىلەن زېمىن سۆزلىدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىمام قەرەزى: اللّٰه تائالا زېمىننى (ئۆلۈكلەرنى چىقىرىشقا بۇيرىدى) ئېچىلىشقا بۇيرىدى، دېدى.

**﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ﴾** يەنى كىشىلەر بەزىسى بەختلىك بولغانلاردىن بولۇپ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن، بەزىلىرى بەتبەخت بولۇپ دوزاخقا كىرىش ئۈچۈن ئايرىلىپ، ھېساب مەيدانىدىن تۈر ـ تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ قايتىپ كېلىدۇ.

## زەررىچىلىك ئەمەلىڭمۇ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾** ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئات ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ. ئات بېقىش بىر ئادەمگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىر ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يەنە بىر ئادەمگە بولسا گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. ئات بېقىپ ئەجرىگە ئېرىشىدىغان ئادەم ئېتىنى اللّٰه يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئاتاپ، ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قىلىپ ئوتلاق ياكى چىملىقتا باغلاپ قويىدۇ. ئات ئارغامچىسى يەتكەن يەرگىچە شۇ ئوتلاقتا ياكى چىملىقتا ئوتلىسا، بۇنىڭ بىلەن ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئات ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ دۆڭدىن دۆڭگە چېپىپ يۈرسە، ئۇنىڭ چاپقان ئىزلىرى ۋە تېزەكلىرى ئۈچۈنمۇ ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئات بىرەر ئۆستەڭنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن سۇ ئىچسە، ئات ئىگىسى ئۇنى ئۆستەڭ بويىغا سۇغىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئات ئىگىسىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئادەم ئاتنى ئۆز ھاجىتىنى قامداش ۋە موھتاجلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باقىدۇ. ئۇ ئات ئۈستىدىكى اللّٰه تائالانىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالماي ئادا قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش، ئۇ ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئادەم ئاتنى رىيا قىلىش، پەخىرلىنىش ۋە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئات ئۆز ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ».

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېشەك توغرۇلۇق سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه ماڭا ئۇ ھەقتە پۈتۈن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1] دېگەن تەڭداشسىز بۇ ئايەتتىن باشقا ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى» دېدى.

---

[1] سۈرە زەلزەلە 7 ـــ 8 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر تال خورمىنىڭ پارچىسىنى (سەدىقە قىلىش) ۋە بىر ئېغىز ياخشى سۆز قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆزەڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار!»

ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن قاچاڭدىن سۇ سوراپ كەلگەن ئادەمنىڭ قاچىسىغا سۇ تۆكۈپ بەرگەن ۋە قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇچراشقانچىلىك بىر ياخشى ئىشنى ئاددىي كۆرمىگىن».

ئىمام بوخارى مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى مۆمىن ئاياللار جاماسى! قوشنىلىرىڭلارغا قوينىڭ شاخشىقىنى سۇنۇشنى كىچىك چاغلىماڭلار». يەنى بۇ يەردە تاشلىۋېتىلىدىغان شاخشىقنى دېمەكچىدۇر. يەنە بىر ھەدىستە: «تىلەمچىگە شىراقنىڭ كۆيۈك شاخشىخىنى بەرسەڭلارمۇ بېرىڭلار. (لېكىن) قۇرۇق قايتۇرماڭلار» دەپ كەلگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر تال ئۈزۈمنى سەدىقە قىلىپ: بۇنىڭدا قانچىلىغان زەررىنىڭ ئېغىرلىقى بار، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد ئەۋفى ئىبنى ھارىستىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! كىچىك گۇناھلاردىن (ئۇلارنى كىچىك كۆرمەي) ساقلىنىڭ. چۈنكى، ئۇلار (توپلىنىپ - توپلىنىپ) اللہ تائالا تەرىپىدىن سورىلىدىغان دەرىجىدىكى نەرسىگە بېرىپ قالىدۇ، دەيتتى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىچىك گۇناھلاردىن (ئۇلارنى كىچىك كۆرمەي) ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئۇلار (ئۇلارنى قىلىشنى داۋام قىلغان) ئادەم ئۈستىدە توپلىنىدۇ - دە، ھەتتا ئۇ ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «(كىچىك گۇناھلارنىڭ مىسالى خۇددى) بىر تۈزلەڭلىككە چۈشۈپ تاماق قىلىدىغان نەرسىلەرنى چىقارغان، بىرى - بىر تەرەپكە يەنە بىر تەرەپكە ئوتۇن تېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋە ئاخىرىدا بىر دۆۋە ئوتۇن تېرىپ، شۇ ئوتۇنلار بىلەن گۆركىرىتىپ ئوت قالاپ تاماقلىرىنى پىشۇرغان بىر توپ ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە زەلزەلەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئادىيات 11 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلۡعَٰدِيَٰتِ ضَبۡحٗا ﴿١﴾ فَٱلۡمُورِيَٰتِ قَدۡحٗا ﴿٢﴾ فَٱلۡمُغِيرَٰتِ صُبۡحٗا ﴿٣﴾ فَأَثَرۡنَ بِهِۦ نَقۡعٗا ﴿٤﴾
فَوَسَطۡنَ بِهِۦ جَمۡعًا ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٞ ﴿٦﴾ وَإِنَّهُۥ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٞ ﴿٧﴾ وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ ٱلۡخَيۡرِ
لَشَدِيدٌ ﴿٨﴾ ۞ أَفَلَا يَعۡلَمُ إِذَا بُعۡثِرَ مَا فِي ٱلۡقُبُورِ ﴿٩﴾ وَحُصِّلَ مَا فِي ٱلصُّدُورِ ﴿١٠﴾ إِنَّ رَبَّهُم بِهِمۡ يَوۡمَئِذٖ
لَّخَبِيرُۢ ﴿١١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى*﴿1 - 5﴾. *ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر*﴿6﴾. *ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى اﷲنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر*﴿7﴾. *ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر*﴿8﴾. *قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟*﴿9 - 11﴾.

## اﷲ تائالانىڭ ئىنسانىنىڭ بېرىلگەن نېمەتلەرگە كۇپۇرلۇق قىلغۇچى ۋە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىگە جەڭ ئاتلىرى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

اﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جەڭ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر تۈرلۈك جەڭ ئاتلىرى بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى﴾ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلاردا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، ئەتىگەنلىك ئەزانغا قۇلاق سالاتتى. ئەگەر ئەزان ئوقۇلغانلىقىنى ئاڭلىسا، ھۇجۇمغا ئۆتمەيتتى. ناۋادا ئەزان ئوقۇلغانلىقىنى ئاڭلىمىسا، ھۇجۇم قىلىشنى باشلايتتى.

﴿(قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى، ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز

www.munber.org

**ئىنكار قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى اللە تائالانىڭ يۇقىرىدىكى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىپ بايان قىلماقچى بولغىنى ئۆزىنىڭ: ﴿**ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر**﴾ دېگەن سۆزىدۇر. ھەسەن بەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ساناپ، اللە تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئۇنۇتقۇچىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى اللەنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرىنچى خىل مەنىسى: ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە بايان قىلىنغاندەكتۇر.

ئىككىنچى خىل مەنىسى: اللە تائالا ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿**ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرىنچى خىل مەنىسى: ئىنسان پۇل ـ مالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگۈچىدۇر دېگەنلىك، بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل مەنىسى: ئىنسان پۇل ـ مالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇنىڭغا خۇددى بېخىلدەك ناھايىتى ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرىدۇر.

## قىيامەت كۈندىن قورقۇتۇش توغرىسىدا

اللە تائالا (بەندىلەرنى) بۇ دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇپ، ئاخىرەتكە رىغبەتلەندۈرۈپ، (ئۇلارغا) دۇنيا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ۋە ئىنسانلار (ئاخىرەتتە) دۇچ كېلىدىغان قىيىن قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟**﴾ يەنى اللە تائالا ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ (زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلماستىن) مۇكاپات ياكى جازانى تولۇق بەرگۈچىدۇر.

اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئادىيات سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاياغلاشتى.

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە قارىئە | 11 ئايەت |
|---|---|---|

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلۡقَارِعَةُ ﴿١﴾ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ﴿٢﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ﴿٣﴾ يَوۡمَ يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلۡفَرَاشِ
ٱلۡمَبۡثُوثِ ﴿٤﴾ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ٱلۡمَنفُوشِ ﴿٥﴾ فَأَمَّا مَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٦﴾ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ
رَّاضِيَةٖ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٨﴾ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٞ ﴿٩﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا هِيَهۡ ﴿١٠﴾ نَارٌ حَامِيَةُۢ ﴿١١﴾

**ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قىيامەت[1]. قىيامەت نېمىدۇر[2]. قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[3]. شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ[4]. تاغلار ئىتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ[5]. تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ[6 - 7]. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى هاۋىيە بولىدۇ[8 - 9]. هاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟[10]. هاۋىيە قىزىق ئوتتۇر[11].***

اﷲ تائالا: ﴿**قىيامەت. قىيامەت نېمىدۇر**﴾ دەپ قىيامەت ھەققىدە گەپ ئاچقاندىن كېيىن، قىيامەتنىڭ ئىشىنىڭ ناهايىتى چوڭ ۋە ئەھۋالىنىڭ ناهايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟**﴾ ئاندىن اﷲ تائالا قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى شۇ كۈندە ئىنسانلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئىشلاردىن گاڭگىراپ قېلىپ تارىلىش، ئايرىلىش ۋە ئۇياق - بۇياققا بېرىپ كېلىشلىرىدە خۇددى تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان هالدا گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ﴾[1].

﴿**تاغلار ئىتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى تاغلار ئىتىلىشقا ۋە تىتىلىشقا باشلىغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

ئاندىن اﷲ تائالا ياخشى ئەمەل - ئىبادەت قىلغۇچىلار، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە قارىتا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىدىن ۋە يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قارىتا

[1] سۈرە قەمەر 7 - ئايەت.

www.munber.org

جازالىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى هاۋىيە بولىدۇ**﴾ يەنى يامانلىقلىرى بېسىپ كەتكەن ئادەم جەھەننەمگە بېشىچىلاپ چۈشكۈچىدۇر. ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، ئەبۇسالىھ ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھاۋىيە يامانلىقلىرى بېسىپ كەتكەن ئادەملەر كىرىدىغان بىر دوزاخنىڭ ئىسمىدۇر، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى زەيد: شۇنداق خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئاخىرى بارىدىغان ۋە ئورۇنلىشىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، دېدى. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم قەتادەنىڭ: ”ھاۋىيە“ بولسا، يامانلىقلىرى بېسىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كىرىدىغان دوزىخى ۋە ئورۇنلىشىدىغان جايىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

الله تائالا ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر**﴾ يەنى يالقۇنى ۋە تەپتى ناھايىتى قىزىق بولغان ئوتتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «(دۇنيادا) ئىنسانلار يېقىۋاتقان ئوت دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر ھەسسىسىدۇر» دېدى. ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مۇشۇ بىر ھەسسىسىمۇ يېتەرلىك بولاركەنغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ بىر ھەسسىگە يەنە ئاتمىش توققۇز ھەسسە قېتىلدى» دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ئۇ بىر ھەسسىگە (ھەر بىر ھەسسە شۇ بىر ھەسسىنىڭ قىزىقلىقىدا بولغان) ئاتمىش توققۇز ھەسسە قېتىلدى».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازاب بېرىلگەن كىشى (ئوتتىن) ئىككى كەش كەيدۈرۈلگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئىككى كەشنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دوزاخ پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىپ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر بىرىمىزنى يەپ بولدۇق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئۇنىڭغا قىشتا بىر قېتىم ۋە يازدا بىر قېتىم (بولۇپ ئىككى قېتىم) تىنىۋېلىشقا رۇخسەت بەردى. قىشتا سىلەر ئۇچرايدىغان ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولسا، ئۇنىڭ تىنىغىدىن كەلگەن سوغۇقتۇر. يازدا سىلەر ئۇچرايدىغان ئەڭ قاتتىق ئىسسىقمۇ ئۇنىڭ تىنىقىدىن كەلگەن ئىسسىقتۇر».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھاۋا بەك قىزىپ كەتسە، سىلەر نامازنى (ھاۋانى) سوۋۇتۇپ ئوقۇڭلار. چۈنكى، ھاۋانىڭ بەك قىزىپ كەتكەنلىكى دوزاخنىڭ قىزىقلىقىنىڭ تاشقانلىقىدىندۇر».

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن قارىئە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاياغلاشتى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە تەكاسۇر — 8 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلۡهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ ﴿١﴾ حَتَّىٰ زُرۡتُمُ ٱلۡمَقَابِرَ ﴿٢﴾ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٣﴾ ثُمَّ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٤﴾ كَلَّا
لَوۡ تَعۡلَمُونَ عِلۡمَ ٱلۡيَقِينِ ﴿٥﴾ لَتَرَوُنَّ ٱلۡجَحِيمَ ﴿٦﴾ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيۡنَ ٱلۡيَقِينِ ﴿٧﴾ ثُمَّ لَتُسۡـَٔلُنَّ يَوۡمَئِذٍ
عَنِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل ـ مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنەمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى[1 - 2]. راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر[3]. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر[4]. ئەگەر سىلەر راستلا ھەقىقىي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار)[5]. سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر[6]. ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر[7]. ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سۇئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر[8].*

## ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قېلىش بولسا دۇنيانى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل ـ مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنەمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى**﴾ يەنى تاكى سىلەرگە ئۆلۈم كېلىپ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا ۋە قەبرىلەرنىڭ ئادەملىرىگە ئايلانغىنىڭلارغا قەدەر، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ رەڭگا ـ رەڭ، نازۇنېمەتلىرى سىلەرنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى ئىزلەشتىن غەپلەتتە قالدۇردى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز تاكى ﴿**تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل ـ مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنەمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى**﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەنگە قەدەر «ئەگەر ئىنسانىنىڭ بىر جىلغا ئالتۇنى بولسا...» دېگەن ھەدىسنى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىنمىكىن دەپ قارايتتۇق.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارسام، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «اللە تائالا ﴿**تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل ـ مال، بالىلار بىلەن)**

www.munber.org

**پەخىرلەنمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى﴾** دەۋاتىدۇ، (ئەمما) ئادەمنىڭ بالىسى: مېنىڭ مېلىم، مېنىڭ مېلىم، دەيدۇ. ئى ئىنسان! پەقەت ئۇ ماللىرىڭنىڭ ئىچىدىن يەپ تۈگەتكىنىڭ ياكى كىيىپ چىرىتكىنىڭ ۋە ياكى سەدىقە بېرىپ (ئاخىرەت ئۈچۈن) ئەۋەتىۋالغىنىڭلا سېنىڭكىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيە الله ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «ئادەمنىڭ بالىسى: مېنىڭ مېلىم، مېنىڭ مېلىم، دەيدۇ. ئۇ ماللىرىڭنىڭ ئىچىدىن پەقەت يەپ تۈگەتكىنى ياكى كىيىپ چىرىتكىنى ۋە ياكى سەدىقە بېرىپ (ئاخىرەت ئۈچۈن) ئەۋەتىۋالغىنىلا ئۇنىڭكىدۇر. قالغانلىرى (باشقىلارنىڭ ئىلكىگە) ئۆتۈپ كەتكەن ۋە باشقىلارغا قالدۇرۇلغان بولىدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆلگەن كىشىگە ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرى، پۇل ـ ماللىرى ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە (تاكى ئۇنىڭ قەبرىسىگىچە) ئەگىشىپ بارىدۇ. (بۇ ئۈچ نەرسىدىن) ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە پۇل ـ ماللىرىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە قايتىپ كېلىدۇ. ۋە ئۇنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىلا ئۇنىڭ بىلەن قېلىپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىق ئىماملارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان قېرىپ كەتسىمۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھېرىسمەنلىك ۋە (ئۇنى قىلسام، بۇنى قىلسام دېگەن) ئارزۇلاردىن ئىبارەت ئىككى نەرسە قېلىپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

## دوزاخنى كۆرۈش ۋە ئىنسانغا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەردىن سورىلىدىغانلىقى بىلەن قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا

﴿**راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر**﴾ ھەسەنبەسرى: الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى قايتا ـ قايتا قىلىنغان بىر تەھدىتتۇر، دېدى. زەھھاك: الله تائالانىڭ ﴿**راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر**﴾ دېگەن ئايىتى: ئى كاپىرلار! سىلەر راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر دەپ كاپىرلارغا قارىتىلغان ۋە ئۇنىڭ: ﴿**ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر**﴾ دېگەن ئايىتى: ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر دەپ مۆمىنلەرگە قارىتىلغان سۆزدۇر، دېدى.

﴿**ئەگەر سىلەر راستلا ھەقىقىي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار)**﴾ يەنى مۇبادا سىلەر ھەقىقىي بىلسەڭلار، تاكى سىلەر ئۆلۈپ قەبرىلەرگە كۆمۈلگەنگە قەدەر، (پۇل ـ مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنىش سىلەرنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايتتى.

﴿**سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر. ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر**﴾ الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى ئۇنىڭ: ﴿**راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر**﴾ دېگەن ئايىتىدە كەلگەن تەھدىدنىڭ قانداق تەھدىد ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ كەلدى. يەنى ئۇ تەھدىت (ئېشەكتەك) بىر ھاڭرىسا، ھەيۋىتىدىن ۋە قورقۇنچلۇقلىقىدىن الله تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرمۇ تىزىچە ئولتۇرۇپ قالىدىغان دوزاخنى ئۇنىڭغا كىرىشكە ھەقلىق بولغان كىشىلەرنىڭ كۆرىشىدۇر. دوزاخ شۇنداق ھاڭراپ قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقارغاندا، الله تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەرنىڭمۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ تىزىچە ئولتۇرۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەر رىۋايەت قىلىنىدى.

www.munber.org

**﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾** يەنى سىلەر قىيامەت كۈنىدە اللہ تائالا (دۇنيادا) سىلەرگە بەرگەن سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، رىزقلاردەك اللہ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسى ۋە ئۇ نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىڭلار ھەققىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر.

ئىبنى جەرىر ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىللە ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كېلىپ: «سىلەر نېمە سەۋەبتىن بۇ يەردە ئولتۇردۇڭلار؟» دېدى. ئۇ ئىككىسى: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىزنى پەقەت قورساقنىڭ ئاچلىقىلا ئۆيلىمىزدىن چىقاردى، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىمۇ شۇ ئاچلىق چىقاردى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەنسارلىق بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئايال چىققان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «پالانى قەيەردە؟» دېدى. ئۇ ئايال: ئۇ بىزگە تاتلىق سۇ ئېلىپ كەلگىلى كەتكەن ئىدى، دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كىشىمۇ تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە: قارشى ئالىمىز، بۈگۈن بىر كىشىنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكى پەيغەمبەرنىڭ يوقلاپ كەلگىنىدىن ئارتۇق بولماس، دەپ تۇلۇمنى خورمىنىڭ قۇرىغان بىر ئاچىسىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇلارغا بىر شاخ ھۆل خورما سۇندۇرۇپ كەلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «خورمىلارنى ئۈزۈپ ئېلىپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟» دېدى. ئۇ: سىلەرنى خورمىلارنى ئۆزلىرى تاللاپ ئۈزۈپ يېسۇن دەپ شېخى بىلەن سۇندۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم، دېدى. ئاندىن ئۇ قولىغا پىچاق ئالغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېغىلىدىغانقوينى ئۆلتۈرۈشتىن ساقلانغىن» دېدى.

ئۇ شۇ كۈنى ئۇلار ئۈچۈن مال بوغۇزلىدى. ئۇلار (گۆشلەردىن تويغۇچە) يېيىشتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى سىلەر ئەلۋەتتە بۇ نېمەتلەردىن سوراق قىلىنىسىلەر. سىلەرنى ئاچلىق ئۆيۈڭلاردىن چىقارغان ئىدى. سىلەر تاكى ماۋۇ ـ ماۋۇ نېمەتلەرگە ئېرىشمىگىچە ئۆيۈڭلارغا قايتمىدىڭلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ساقلىق ۋە بوش ۋاقتى بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل نېمەت بار. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ئىككى نېمەتتىن تولۇق پايدىلانمايدۇ» يەنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر شۇ ئىككى خىل نېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشتا بىخۇتلۇق قىلىپ، ئۇ نېمەتنىڭ بېرىلگىنىگە قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا ـ (ئەففاننىڭ رىۋايىتىدە قىيامەت كۈنى) ـ ئى ئىنسان! مەن سېنىڭ ئۈچۈن ئات ۋە تۆگىنى يارىتىپ بەرمىدىممۇ؟ ئاياللارنى سېنىڭ جۈپتىڭ قىلىپ بەرمىدىممۇ، سېنى (باشقا نەرسىلەرگە) باشلىق ۋە قەدىرلىكنى ئۈستۈن قىلمىدىممۇ؟ بۇلارنىڭ شۈكرانىسى قېنى؟ دەيدۇ».

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە تەكاسۇرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە ئەسر — 3 ئايەت

## ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇشۇ سۈرە ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى توغرىسىدا

ئالىملار مۇنداق بايان قىلىشقان: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە ئەمرى ئىبنى ئاس تېخى ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇ (پەيغەمبەرلىكنى داۋا قىلغان) مۇسەيلىمە كاززابنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. مۇسەيلىمە ئۇنىڭغا: مۇشۇ ئارىلىقتا ھەمراھىڭلارغا (يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) نېمە چۈشۈرۈلدى؟ دەيدۇ. ئەمرى ئىبنى ئاس مۇسەيلىمەگە: ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا قىسقا (لېكىن) ناھايىتى بالاغەتلىك بىر سۈرە چۈشۈرۈلدى، دەيدۇ. مۇسەيلىمە: ئۇ قايسى سۈرە؟ دەيدۇ. ئەمرى ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا سۈرە ئەسرنى ئوقۇپ بېرىدۇ. مۇسەيلىمە بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ماڭىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە چۈشۈرۈلدى، دەپ: ئى ۋەبرى! ئى ۋەبرى![1] سەن پەقەت ئىككى قۇلاق ۋە كۆكسىدىن ئىبارەتدۇرسەن، قالغان يەرلىرىڭ تۆشۈك - تۆشۈك ۋە چوقۇلغاندۇر، دەپ بولۇپ، ئى ئەمرى! بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ دەيدۇ. ئەمرى ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا: اللّٰه تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەك - شۈبھىسىزكى، سەن مېنىڭ ئۆزەڭنىڭ بىر يالغانچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلىسەن، دەيدۇ.

مەن ئەبۇ بەكرى خەرائىتىنىڭ ”ئەخلاقلارنىڭ ناچار تەرەپلىرى“ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان كىتابىنىڭ ئىككىنچى تومىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسسىنى بايان قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

مۇسەيلىمە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەخمىقانە سۆزلىرىدىن قۇرئانغا قارشى تۇرغۇدەك بىر نەرسە توقۇماقچى بولدىيۇ، (لېكىن) ئۇ توقۇغان ئۇ سۆزىنى ھەتتا شۇ زاماندىكى بۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ ئالدىدىمۇ ئاقتۇرالمىدى.

تەبرانى، ئابدۇللاھ ئىنى ھەفس ئەبۇ مەدىنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇبادا ئىككى ساھابە ئۇچرىشىپ قالسا، بىرى يەنە بىرىگە سۈرە ئەسرنى تاكى ئاخىرىغىچە ئوقۇمىغىچە، ئاندىن بىر - بىرىگە سالام قىلمىغىچە ئايرىلمايتتى.

ئىمام شافئىي - اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن - ئەگەر كىشىلەر بۇ سۈرىنىڭ (مەنىسىنى ياخشى چۈشەنسە ۋە بۇ ھەقتە ياخشى ئويلانسا، بۇ سۈرە ئۇلارغا ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىدى، دېدى.

---

[1] ۋەبرى ھايۋاننىڭ ئىسمىدۇر.

www.munber.org

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلۡعَصۡرِ ١ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ
بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ ٣

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***زامان بىلەن قەسەمكى[1]. ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر[2 - 3].***

﴿زامان بىلەن قەسەمكى﴾ مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى يۈز بېرىدىغان زامان بىلەن قەسەمكى.

مالىك زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ: ئايەتتىكى زاماندىن كۈن ئېگىلگەندىن باشلاپ كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن، ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى مەناسى كۈچلۈكرەكتۇر.

يەنى اللّٰه تائالا دىللىرى بىلەن ئىمان ئېيتقان، ئىبادەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى ئادا قىلغان، ھارام ئىشلارنى تاشلىغان، مۇسىبەتلەرگە ۋە كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش جەريانىدا ئۇلاردىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئىنساننىڭ ھەقىقەتەن ھالاكەت ۋە زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىگە زامان بىلەن قەسەم قىلدى.

اللّٰه تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئەسرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ھۇمەزە | 9 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَيۡلٞ لِّكُلِّ هُمَزَةٖ لُّمَزَةٍ ﴿١﴾ ٱلَّذِي جَمَعَ مَالٗا وَعَدَّدَهُۥ ﴿٢﴾ يَحۡسَبُ أَنَّ مَالَهُۥٓ أَخۡلَدَهُۥ ﴿٣﴾ كَلَّاۖ
لَيُنۢبَذَنَّ فِي ٱلۡحُطَمَةِ ﴿٤﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحُطَمَةُ ﴿٥﴾ نَارُ ٱللَّهِ ٱلۡمُوقَدَةُ ﴿٦﴾ ٱلَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى ٱلۡأَفۡـِٔدَةِ
﴿٧﴾ إِنَّهَا عَلَيۡهِم مُّؤۡصَدَةٞ ﴿٨﴾ فِي عَمَدٖ مُّمَدَّدَةِۭ ﴿٩﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي!*** [1]***. ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناپ قويدى*** [2]***. ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ)*** [3]***. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ*** [4]***. ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟*** [5]***. ئۇ، اللەنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ*** [6 - 7]***. ئۇلار چوقۇم دوزاختا سولىنىدۇ*** [8]***. ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ*** [9]***.***

﴿(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي!﴾ يەنى كىشىلەرنى سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن كەمسىتكەن كىشىگە ۋاي!

**﴿ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناپ قويدى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار: مال ـ دۇنيانى توپلىدى ۋە ئۇنى سانىنى سانىدى، بۇ ھەقتە اللە تائالا: ﴿ئۇ (ھەقتىن) يۈز ئۆرۈپ بۇرالغان ۋە پۇل ـ مال يىغىپ ساقلىغان (ئۇنىڭدىن اللەنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان)لارنى چاقىرىدۇ﴾[1] دېدى، دەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناپ قويدى﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كۈندۈزدە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇنى ھەلەكچىلىككە سېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن كېچىدە ئۇ خۇددى ئۆلۈكتەك ئۇخلىدى، دېدى.

**﴿ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ)﴾** يەنى ئۇ توپلىغان مال ـ دۇنياسى ئۆزىنى مۇشۇ دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. **﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس﴾** يەنى ئىش ئۇ ئويلىغان ۋە گۇمان قىلغاندەك ئەمەس.

---

[1] سۈرە مەئارىج 17 ـــ 18 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

**﴿ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ﴾** يەنى مال - دۇنيا توپلاپ ئۇنىڭ سانىنى سانىغان ئۇ كىشى، كىرگەن كىشىنى پارچىلاپ تاشلىغۇچى دوزاخ بولغان ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ، اللەنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلەمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ﴾** سابىت بەنانىي: ئوت ئۇلارنى ئۇلار تىرىك ھالىتىدە تۆرغاندا كۆيدۈرۈپ تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگىچە بارىدۇ، بۇ ئۇلارغا بولغان ئازابنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقتىدۇر، دەپ (بۇ ئازابتىن قورقۇپ) يىغلاپ كەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب: ئوت ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەممە ئەزالىرىنى يالمايدۇ، ئوت ھەتتا ئۇنىڭ يۈرىكىگە تۇتۇشۇپ (ئۇنىڭ) گېلىغا يەتكەندە، ئۇنىڭ تېنىگە يەنە قايتىدۇ، دېدى.

**﴿ئۇلار چوقۇم دوزاخقا سولىنىدۇ﴾ ﴿ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ﴾** ئەتىيە ئەۋفي: بۇ تۆمۈردىن بولغان تۈۋرۈكلەر، دېدى. سۇددىي: بۇ ئوتتىن بولغان تۈۋرۈكلەر، دېدى. ئەۋفي ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇلار بويۇنلىرىغا زەنجىرلەر بىلەن تاقاق سېلىنغان ھالىتىدە ئىچى كاۋاك تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېتىۋېتىلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە ھۇمەزەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە فىل — 5 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصۡحَٰبِ ٱلۡفِيلِ ﴿١﴾ أَلَمۡ يَجۡعَلۡ كَيۡدَهُمۡ فِي تَضۡلِيلٖ ﴿٢﴾ وَأَرۡسَلَ عَلَيۡهِمۡ
طَيۡرًا أَبَابِيلَ ﴿٣﴾ تَرۡمِيهِم بِحِجَارَةٖ مِّن سِجِّيلٖ ﴿٤﴾ فَجَعَلَهُمۡ كَعَصۡفٖ مَّأۡكُولِۭ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟* ﴿1﴾*. ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ*
*مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟* ﴿2﴾*. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى* ﴿3﴾*. قۇشلار ئۇلارغا*
*ساپال تاشلارنى ئېتىپ* ﴿4﴾*. ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەك قىلىۋەتتى* ﴿5﴾.

كەبىنى ئۆرۈۋەتمەكچى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى بارلىقتىن يوقاتماقچى بولۇپ كەلگەن فىل ئىگىلىرىنى توسۇپ قىلىش بولسا، اللہ تائالانىڭ قۇرەيشلىكلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. اللہ تائالا فىل ئىگىلىرىنى يوقاتتى. ئۇلارنى باش ئەگدۈردى. ئۇلارنىڭ كەبىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بەربات قىلدى ۋە ئۇلارنى قاتتىق رەسۋا قىلىپ كەينىگە قايتۇردى.

فىل ئىگىلىرى خرىستىئان دىنىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي ئەھۋالى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئەھۋالىغا يېقىن ئىدى. لېكىن، (ھەر ئىككى مىللەت دىن جەھەتتە بىرسى بىرسىدىن جىق پەرقلىق بولمىسىمۇ)، اللہ تائالانىڭ فىل ئىگىلىرىگە قارشى قۇرەيشلىكلەرگە ياردەم بېرىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقىغا ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. چۈنكى، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇ يىلى تۇغۇلغان. يەنى بۇ خۇددى: ئى قۇرەيش گۇرۇھى! بىزنىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىشىمىز سىلەرنىڭ ھەبەشلەردىن ياخشى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەمەستۇر. (بىزنىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىشىمىز) پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن ئۇلۇغلىماقچى ۋە كاتتىلىماقچى بولغان كەبىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر، دېگەنلىكتۇر.

## فىل ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسىنى قىسقىلا قىلىپ بايان قىلىش توغرىسىدا

تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغىنىمىز فىل ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسىنىڭ قىسقىچە بايانىدۇر. بىز يۇقىرىدا خەندەك ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغاندا، مۇشرىك ۋە ھىميەرنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغان زۇنۇۋاسنىڭ 20 مىڭغا يېقىن خرىستىئانلارنى ئورەك كولاپ، ئوت يېقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت دوس زوسۆئلەبان دېگەن ئادەمنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىپ،

www.munber.org

خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شامنىڭ پادىشاھى قەيسەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى، ھەبەشىستان يەمەنگە ئەڭ يېقىن يەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھى نەجاشىنىڭ دوس زو سۆئىلەبانغا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن قەيسەرنىڭ (نەجاشىغا قارىتىپ) دوس زو سۆئىلەبانغا خەت يېزىپ بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن نەجاشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن بىللە ئەريات ۋە ئەبرەھە ئىبنى ساباھ ئەبۈيەكسۇم دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قوماندانى نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن (يەمەنگە) ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ يەمەنگە كىرىپ (بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇرغانلىقىنى، ھىميەرنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغانلىقىنى ۋە زۇنۇۋاسنىڭ دېڭىزدا سۇنىڭ ئاستىدا قىلىپ ھالاك بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

(ھەبەشلەر ھىميەرنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن) يەمەننىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يەمەنگە ھېلىقى ئەريات ۋە ئەبرەھە دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قوماندان باشلىق بولدى. كېيىنچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، بىر بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ (ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى) سەپ تۈزۈشكەندە، بىرى يەنە بىرىگە: ئارىمىزدا مۇنداق ئەسكەر تارتىپ بىر بىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھاجەتسىز، مەنمۇ مەيدانغا چىقاي، سەنمۇ مەيدانغا چىق، قايسىمىز يەنە بىرىمىزنى ئۆلتۈرسە، شۇ باشلىقلىققا ئۆتكۈچە ئېرىشىدۇ، دېدى. بۇ سۆزگە يەنە بىرسىمۇ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىلىسى نەيزىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ (قىلىچ بىلەنلا) مەيدانغا چۈشۈشتى. ئەريات ئەبرەھەگە بىر ھۇجۇم قىلىپ قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى، ئېغىزىنى ۋە يۈزىنىڭ بىر تەرىپىنى كېسىۋەتتى. ئەبرەھەنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى ئەرياتقا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەبرەھە (مەيداندىن) يارىدار ھالەتتە قايتىپ كەلدى. يارىسىنى داۋالىتىپ ساقايتتى ۋە يەمەندىكى ھەبەش ئەسكەرلىرىگە ئۆزى يالغۇز باش بولدى.

كېيىنچە نەجاشى ئەبرەھەنىڭ قىلمىشلىرىغا ئاچچىغلاپ ئۇنىڭغا خەت يازدى. خېتىدە ئۆزىنىڭ (يەمەن شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ) ئۇنىڭ تۇپرىقىغا دەسسەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ كوكۇلا چېچىنى قىرقىيدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ قەسەم ئىچكەن ئىدى. ئەبرەھە نەجاشىغا، (ئۇنىڭ ئۆزىگە) رەھمى قىلىشنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى بىلەن بىللە نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملار، بىر قاچىدا يەمەننىڭ توپىسى ۋە ئۆزىنىڭ قىرقىلغان كوكۇلا چېچىدىن ئەۋەتتى. ئۇ ئەلچى بىلەن يەنە بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن بولۇپ خەتتە: (مانا بۇ يەمەن شەھرىنىڭ توپىسى) پادىشاھ مۇشۇ قاچىدىكى توپىغا دەسسەپ قەسىمىدىن چىقسۇن ۋە مانا ماۋۇ مېنىڭ كوكۇلا چېچىم، مەن بۇنى سىلىگە ئەۋەتتىم، دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇلار نەجاشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ ئەبرەھەنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا ھەيران قالدى، ئۇنىڭدىن رازى بولدى ۋە ئۇنىڭ (باشلىقلىقىنى) ئېتىراپ قىلدى.

(كېيىنچە) ئەبرەھە: مەن پات ئارىدا يەمەن زېمىنىدا سىلىگە ئاتاپ تەڭدىشى يوق بىر چىركاۋ سالدۇرىمەن، دەپ نەجاشىغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە سەنئا شەھرىگە ناھايىتى كاتتا، ئېگىز ۋە تۆت ئەتراپى نەقىشلىنىپ زىننەتلەنگەن بىر چىركاۋ سېلىشقا باشلىدى. ئەرەبلەر بۇ چىركاۋنىڭ ناھايىتى ئېگىزلىكىدىن ئۇنى: ”ئەلقۇلەييەس“ دەپ ئاتاشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئېگىزلىكىدىن ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالاتتى.

ئەبرەھە بۇ چىركاۋنى خۇددى مەككىدىكى كەبىگە ئوخشاش ھەج قىلىنىدىغان بىر ئورۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ ھەج قىلماقچى بولغانلىرىنى بۇ چىركاۋغا يۈزلەندۈرمەكچى بولدى ۋە شۇنداق قىلىشنى قول ئاستىدىكى يەرلەردە ئېلان قىلدى. بۇ ئىشنى ئەدنان ۋە قەھتان قەبىلىلىرىنىڭ

www.munber.org

ئەرەبلىرى يامان كۆردى ۋە بۇ ئىش ئۇچۇن قۇرەيشلىكلەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ بىرى بېرىپ، كېچىدە ئۇ چىركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاھارەت قىلىپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ تاھارەتنى چىركاۋنىڭ خىزمەتكارلىرى كۆرۈپ قىلىپ ئەبرەھەگە يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: بۇ ئىشنى چوقۇم بۇ چىركاۋ كەبىسىگە ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقى كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ بىرسى قىلغان، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە مەككىگە (ئەسكەر تارتىپ بېرىپ) كەبىنىڭ تېشىنى بىرمۇ بىر چىقىرىپ، ئۇنى خانى - ۋەيران قىلىۋېتىشكە قەسەم قىلىدۇ.

مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: قۇرەيشلىك بىر قانچە ياشلار ئۇ چىركاۋغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئوت قويۇۋېتىدۇ. بۇ، شامال قاتتىق چىققان بىر كۈن بولۇپ، چىركاۋنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە (كەبىنى يىقىۋېتىش ئۈچۈن) قاتتىق تەييارلىق قىلىپ، ئۆزىنى كەبىنى ئۆرۈۋېتىشتىن ھېچكىمنىڭ توسۇپ قالالماسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى جىق ئەسكەر بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئۆزى بىلەن بىللە ”مەھمۇد“ دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر فىلنىمۇ ئېلىۋالىدۇ. ئۇ فىلنى ئۇنىڭغا ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى شۇ ئىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ فىلدىن باشقا سەككىز دانە فىلنى ئېلىۋالغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئېلىۋالغان فىل 12 دانە ئىدى دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. الله تائالا توغرىسىنى بىلىدۇ.

ئۇنىڭ فىلنى ئېلىۋېلىشتىكى مەقسىدى بولسا، كەبىنىڭ ئەتراپىنى زەنجىر بىلەن ئوراپ، زەنجىرلەرنىڭ ئۇچىنى بىر ياغاچقا باغلاپ، ياغاچنى فىلنىڭ گەردىنىگە قويۇپ، فىلنى ماڭدۇرۇپ كەبىنىڭ تېمىنى بىر قېتىمدىلا ئۆرۈۋېتىش ئىدى.

ئەبرەھەنىڭ شۇ مەقسەت بىلەن يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ئەرەبلەر ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى قورقۇنچلۇق بىر ئىش دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قېلىشنى ۋە كەبىگە يامانلىق قىلماقچى بولغان (ئۇ) كىشىنى كەينىگە قايتۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بىر مەسئۇلىيەت دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن (ئۇنىڭ ئالدىنى توسقىلى) يەمەنلىكلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرى ۋە باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان زۇنەفەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى (مەيدانغا چىقىپ) قەۋمىنى ۋە باشقا قەبىلىلەرنى ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ۋە الله تائالانىڭ ئۆيى بولغان كەبىنى قوغداپ جىھاد قىلىشقا، ئەبرەھەنى كەبىنى ئۆرۈۋەتمەكچى ۋە ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولغانلىقىدىن توسۇشقا چاقىردى. ئۇلار ئۇنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇپ ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇش قىلدى. الله تائالا (ئەبرەھەنى ئۆزى ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلىپ) كەبىنىڭ ئىززىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى (كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماقچى) بولغانلىقىدىن ئىبارەت ھېكمىتى ئۈچۈن، ئەبرەھە بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارنى يېڭىدۇ ۋە زۇنەفەر دېگەن كىشىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەبرەھە ”خەسئەم“ دېگەن يەرگە كەلگەندە، نۇفەيل ئىبنى ھەبىب خەسئەمى، شەھران ۋە ناھىس دەپ ئاتىلىدىغان خەسئەمنىڭ ئىككى قەبىلىسى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەبرەھە ئۇلارنىمۇ يەڭدى ۋە نۇفەيل ئىبنى ھەبىبنى ئەسىرگە ئالدى. ئەبرەھە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى، ئەمما ئۆلتۈرمەي مەككىگە باشلاپ ئاپىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى.

ئەبرەھە تائىپقا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئادەملىرى بولغان سەقىف قەبىلىسى ئەبرەھەنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ”لات“ دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيىنى (يەنى ئىبادەتخانىسى ئۆرۈۋېتىشىدىن) قورقۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئۇلارنى ئىززەتلىدى ۋە ئۇلار ئەبۇرىغال دېگەن ئادەمنى يول باشلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئەبرەھەگە قوشتى.

www.munber.org

ئەبرەھە مەككىگە يېقىن يەر بولغان ”مۇغەممەس“ كە كېلىپ چۈشتى ۋە ئەسكەرلىرىنى مەيلى تۆگە بولسۇن ياكى باشقا ماللار بولسۇن، مەككىلىكلەرنىڭ ئوتلاش ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئىچىدە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئىككى يۈز دانە تۆگىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چارلىغۇچى قوشۇننىڭ باشلىقى بولغان ئەسۋەد ئىبنى مەقسۇد (ئەبرەھەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن) تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەزى ئەرەبلەر ھەتتا ئۇنى تىللاپ شېئىرمۇ ئوقۇغان.

ئەبرەھە ھىميەرىلىك ھەناتە دېگەن كىشىنى مەككىگە بېرىپ قۇرەيشلىكلەرنىڭ كاتتىبېشىغا ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ كەبىنى (ئۆرۈۋېتىشكە) قارشىلىق كۆرسەتمىسىلا، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى. ھەناتە (مەككىگە كىرگەندە كىشىلەر ئۇنى) ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپاردى ۋە ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبكە ئەبرەھەنىڭ دېگەن گەپلىرىنى يەتكۈزدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا: اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز، بىزدىمۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك كۈچ يوق، بۇ اللہ تائالانىڭ ئۆيى ۋە اللہ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۆي، ئەگەر اللہ تائالا ئۇ ئۆيىنى قوغدىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدۇر ۋە ھەرەمىدۇر، ئەگەر اللہ تائالا ئۇنى قوغدىمىسا، اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىزدە ئۇنى قوغدىغىدەك كۈچ يوق، دېدى. ھەناتە ئۇنىڭغا: سەن مەن بىلەن ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بارغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭ بىلەن ئەبرەھەنىڭ قېشىغا ماڭدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئەبرەھە ئۇنى ھۆرمەتلىدى. ئابدۇلمۇتەللىب سېمىز ۋە چىرايلىق ئادەم ئىدى. ئەبرەھە تەختىدىن چۈشۈپ ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن بىللە پالاس ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە تەرجىمانىغا: سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار؟ دەپ سورىغىن، دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب تەرجىمانىغا: (مېنىڭ ھاجىتىم) ئۇ يېغىپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى يۈز دانە تۆگەمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن، دېدى. ئەبرەھە تەرجىمانىغا: ئۇنىڭغا مەن سېنى دەسلەپ كۆرگەندە كۆزۈمگە ناھايىتى ئېسىل كۆرۈنگەن ئىدىڭ، كېيىن ماڭا سۆزلىگەن ۋاقتىڭدا نەزىرىمدىن چۈشتۈڭ، مەن سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەجدادلىرىڭنىڭ كەبىسى بولغان ئۆيىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كەلسەم، سەن ماڭا ئۇ توغرىسىدا سۆز ئاچماي، ئەكسىچە ئېلىپ كەلگەن ئىككى يۈز تۆگە توغرىسىدا سۆز ئاچامسەن؟ دېگىن، دېدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا: مەن تۆگىنىڭ ئىگىسى، كەبىنىڭمۇ ئۇنى قوغدايدىغان ئىگىسى بار، دېدى. ئەبرەھە: ئۇ مەندىن كەبىنى قوغدىيالمايدۇ، دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب: ئۇنداق بولسا ئالدىڭدا كەبە تۇرۇپتۇ، دېدى.

بەزى رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن بىللە (ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بېرىپ) ئەگەر ئۇ كەبىگە چېقىلماي قايتىپ كەتسە، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ”تىھامە“ دېگەن يەرنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى (بىلدۈردى). ئەبرەھە ئۇنىمىدى ۋە ئابدۇلمۇتەللىبكە تۆگىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئابدۇلمۇتەللىب قۇرەيشلىكلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئەسكەرلەردىن ئەزىيەت كېلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارنى مەككىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆزلىرىنى تاغلارنىڭ ئۈستىدە دالدىغا ئېلىشقا بۇيرىدى. ئابدۇلمۇتەللىب كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن بىللە ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ياردەم تىلەپ اللہ تائالاغا دۇئا قىلدى. ئۇ كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

يوقتۇر ھېچبىر ئەندىشە زادى بىزدە،
ھەر كىم قوغدار ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى.
ئى رەب! قوغدا سەنمۇ ئۆز ئۆيۈڭنى،
غالىب بولمىسۇن كرېست ئىگىسى تاڭلا كۈنى.

ئىبنى ئىسھاق: ئابدۇلمۇتەللىب ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى قويۇپ بېرىپ كىشىلەر بىلەن بىللە تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى، دېدى.

مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ تۆگىلەرگە يولسۇزلۇق بىلەن چېقىلىپ قويۇشى بىلەن الله تائالانىڭ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كەبىنىڭ قېشىدا 100 دانە تۆگىنى قۇربانلىققا ئاتاپ قويۇپ قويىدى. ئەبرەھە ئەتىسى تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن مەككىگە كىرىشكە تەييارلاندى. مەھمۇد ئىسىملىك فىلنى ۋە ئەسكەرلىرىنى تەييارلىدى.

ئۇلار پىلنى مەككە تەرىپىگە قاراتقاندا، نۇفەيل ئىبنى ھەبىب پىلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ (ئۇنىڭغا): سەن الله تائالانىڭ ھەرەمىدە، سەن ياكى يېتىۋال ياكى كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت دەپ بولۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پىل يېتىۋالدى.

نۇفەيل ئىبنى ھەبىب يۈگۈرۈپ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالدى. ئۇلار پىلنى قوپتۇرۇش ئۈچۈن (ئۇنى) ئۇردى، پىل قوپقىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا پالتا بىلەن ئۇردى ۋە تۆمشۇقىغا ئىلمەكلەرنى كىرگۈزۈپ تۆمشۇقىنى تىتىۋەتتى، يەنە قوپقىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۇنى يەمەن تەرەپكە قاراتسا، ئۇ قوپۇپ يۈگۈردى. شام ۋە كۈن چىقىش تەرەپلەرگە قاراتسىمۇ شۇنداق قىلدى. (ئەمما) مەككە تەرەپكە قاراتسا يېتىۋالدى.

الله تائالا دېڭىز تەرەپتىن قارچۇغا ۋە قارا قۇشقاچتەك قۇشلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ھەربىر قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا بىر، پۇتلىرىدا ئىككى داندىن نوقۇت ۋە يېسىمۇقتەك چوڭلۇقتا تاشلار بار ئىدى. ئۇ تاشلار تەككەن ھەرقانداق كىشى ئۆلدى. تاش ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەگمىدى. ئۇلار يول تەرەپكە قاراپ قاچتى ۋە نۇفەيل ئىبنى ھەبىبنىڭ يول باشلاپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئىزلەشتى. بۇ چاغدا، نۇفەيل ئىبنى ھەبىب قۇرەيش ۋە ھىجازنىڭ ئەرەبلىرى بىلەن تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ الله تائالانىڭ ئۇلارغا چۈشۈرگەن ئازابىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

نۇفەيل ئىبنى ھەبىب مۇنداق شېئىر ئوقۇدى:

قەيەرگە قاچىسىلەر، الله تائالا (سىلەرنى) ئىزدىگۈچىدۇر. ئەبرەھە غەلىبە قىلغۇچى ئەمەس، ئەكسىچە مەغلۇب بولغۇچىدۇر

ئىبنى ئىسھاق: نۇفەيل ئىبنى ھەبىب يەنە مۇنداق شېئىر ئوقۇدى، دېدى.

سالاملار بولسۇن سىزگە ئى رۇدەينە![1]
سىز بىلەن خۇرسەنمىز تاڭنىڭ ئېتىشىدىن،
ـ كۆرەلمەيسىز ـ گەرچە كۆرگەن بولسىڭىز،
مۇھەسسەبنىڭ [2] يېنىدا بىز كۆرگەن كەچمىشتىن.
خۇرسەن بولاتتىڭىز ئۇ چاغدا ھەم،

[1] ”رۇدەينە“ نى بەزىلەر: بىر ئايالنىڭ ئىسمى دېسە، بەزىلەر: بىر يەرنىڭ ئىسمى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇ نەيزە ياسىلىدىغان بىر ئۆينىڭ ئىسمى دەپ قارىشىدۇ.
[2] مۇھەسسەب ـ مەككىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمىدۇر.

www.munber.org

كەچۈرەتتىڭىز مېنى بۇ ئىشتىن.
پەرىشان بولماستى كۆڭلىڭىزمۇ ھەم،
ئېچىنمايتتى يوقاتقىنىمىزدىن.
قۇشلارنى كۆرۈپ ئېيتتىم ھەمدى اللّٰه غا،
قورقتۇم قوشنىڭ باشلارغا تاش ئېتىشىدىن.
ھەممە ئەسكەرگە گويا مەن قەرزدارەدەكلا،
ھەيرانمەن ”نۇفەيلە قېنى“ دەپ مېنى سورىشىدىن.

ئەتا ئىبنى يەسار ۋە باشقىلار: شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلگەنلەر بار. قېچىپ كېتىۋاتقاندا سۆڭەكلىرى بىر ـ بىرلەپ ئاجراپ چۈشۈپ ئۆلگەنلەرمۇ بار. ئەبرەھە بولسا قېچىپ كېتىۋاتقاندا سۆڭەكلىرى بىر ـ بىرلەپ ئاجراپ چۈشۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قېچىپ چىقىپ خەسئەم دېگەن شەھەرگە بېرىپ ئۆلدى، دېدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېدى: ئۇلار قېچىپ چىقىپ يول ئۈستىدە ۋە دوقمۇشلاردا يىقىلىپ چۈشۈپ ھالاك بولدى. ئەبرەھە يارىلاندى. ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ تاكى سەنئاغا يېتىپ كېلىپ بولغىچە بىر بارماق بىر بارماقتىن چۈشۈپ تۈگەپ، خۇددى باچكىدەك بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەبرەھە ھەتتا كۆكرىكى يېرىلىپ چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلگەن.

ئىبنى ئىسھاق يەنە مۇنداق دېدى: اللّٰه تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، قۇرەيشلەرنىڭ دۇنيادىكى ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەبەشلەردىن قوغدىغانلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرەيشلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتى ۋە قىلغان مەرھەمەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چايىنىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى**﴾ ﴿قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن. ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللە) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى﴾[1] يەنى اللّٰه تائالانىڭ شۇنداق قىلىشى، اللّٰه تائالا ئۇلارغا بىر ياخشىلىقنى (يەنى ئىسلام دىنىنى بېرىشنى) كۆزلەپ ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن ئازراقمۇ بىر نەرسە ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن، دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

﴿**ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ: ئۇ قۇشلار توپ ـ توپ قىلىنغان تۈگىلەردەك توپ ـ توپ ئىدى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببااس: ئۇ، قۇشلارنىڭكىدەك تۇمشۇقلىرى ۋە ئىتلارنىڭكىدەك تىرناقلىرى بار قۇشلاردۇر، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە: ئۇ دېڭىزدىن چىققان قۇشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭكىدەكتۇر، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۇبەيدە ئىبنى ئۆمەيرە: ئۇ، تۇمشۇقلىرىدا ۋە تىرناقلىرىدا تاش ئالغان، رەڭگى قارا كەلگەن دېڭىز قوشلىرىدۇر، دېدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر.

ئۇبەيدە ئىبنى ئۆمەيرە يەنە مۇنداق دېدى: اللّٰه تائالا پىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلماقچى بولغاندا دېڭىزدىن قارچۇغا ۋە قارا قۇشقاچتەك قۇشلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ھەربىر قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا

---

[1] سۈرە قۇرەيش 1 ـــ 4 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

بىر، پۈتلىرىدا ئىككى بولۇپ جەمئىي ئۈچ دانە تاش بار ئىدى. قۇشلار كېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى ئاندىن ئۇلار قاتتىق بىر سايرىدى - دە، ئۆزلىرىنىڭ تۇمشۇقلىرىدىكى ۋە پۈتلىرىدىكى تاشلارنى تاشلىدى. ئۇ تاش ئادەمنىڭ بېشىغا تەگسە، ئۇنىڭ ئارقا مەقئەتىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئەگەر يان تەرەپكە تەگسە، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە الله تائالا قاتتىق بىر شامالنى ئەۋەتتى. شامال تاشلارنى ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاشلارنىڭ بېسىمى تېخىمۇ ئاشتى - دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ كەتتى.

﴿**ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك ۋە بەربات قىلدى. الله تائالا ئۇلارنى ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىگە ئازراقمۇ يەتكۈزمەي، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە ئاچچىقلىرى بىلەن قايتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەردە ھالاك بولدى. (ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنى ئۆز قەۋمىگە) خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بىرەرسى (ئۆز شەھىرىگە قايتقان بولسا) ئۇ خۇددى ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەبرەھەدەك يارىدار ھالەتتە قايتتى. ئەبرەھەمۇ شەھرى سەنئاغا يېتىپ بارغاندا، كۆكرىكى يېرىلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇلارغا بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ، بولۇپ ئۆلگەن. ئەبرەھەدىن كېيىن ئۇنىڭ بالىسى يەكسۇم ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. يەكسۇمدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى پادىشاھ بولدى.

كېيىن ھۇمەيرىلىك زۇيەزىننىڭ ئوغلى سەيف كىسرانىڭ قېشىغا بېرىپ ھەبەشلەرگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى. كىسرا ئۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتتى. ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا سەيفكە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنى تەبرىكلىگىلى ئەرەبلەردىن ئەلچىلەر كەلدى.

بىز سۈرە پەتھدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈرۈپ مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان داۋانغا يېقىن كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ چۆكۈۋالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ (تۆگىنى قوپۇرۇش ئۈچۈن) ئۇنى سىلكىگەنلىكىنى، تۆگىنىڭ يەنىلا مىدىرلىماي تۇرۇۋالغانلىقىنى، ئاندىن كىشىلەرنىڭ: قەسۋا[1] تۇرۇۋالدى، قەسۋا تۇرۇۋالدى، دېيىشكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قەسۋا تۇرۇۋالمىدى، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇنى پىلنى توسقۇچى الله تائالا توسۇۋالدى» دېگەنلىكىنى، ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن قۇرەيشلەر مەندىن الله تائالا ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت ھۆكمىنى ئۇلۇغلايدىغان بىرەر پىلان - لايىھەنى سوراپلا قالسا، ئۇنى ئۇلارغا بېرىۋېتىمەن» دېگەنلىكىنى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىنى بىر سىلكىشى بىلەنلا تۆگىنىڭ سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا فىلنىڭ مەككىگە (كىرىشىنى) توختىتىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى ئىگە قىلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقى خۇددى ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى ھاراملىق ھالىتىگە قايتتى. بىلىڭلاركى، (بۇ سۆزۈمنى) بۇ يەردە بار كىشىلەر يوق كىشىلەرگە يەتكۈزسۇن».

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن فىل سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاياغلاشتى.

---

[1] قەسۋا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى

www.munber.org

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە قۇرەيش — 4 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

لِإِيلَٰفِ قُرَيۡشٍ ١ إِۦلَٰفِهِمۡ رِحۡلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيۡفِ ٢ فَلۡيَعۡبُدُواْ رَبَّ هَٰذَا ٱلۡبَيۡتِ ٣

ٱلَّذِيٓ أَطۡعَمَهُم مِّن جُوعٖ وَءَامَنَهُم مِّنۡ خَوۡفِۭ ٤

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن*** [1]***. ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن*** [2]***. بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى*** [3 - 4].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەملەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى بىلەن بۇنىڭ ئالدىدىكى فىل سۈرىسىنىڭ مەنىسى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولسىمۇ، (لېكىن) بۇ سۈرە (ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپەيتىپ تارقاتقان) قۇرئاندا ئۇنىڭ بىلەن فىل سۈرىسىنىڭ ئارىلىقى ﴿ḼĖgÀ_ä dþÀä ! ä ḼÊä﴾ بىلەن ئايرىلىپ يېزىلغاندۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەملەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى: قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەھرىدە خاتىرجەم ھالدا توپلىنىشى ئۈچۈن بىز پىلنىڭ مەككىگە (كىرىشىنى) توختاتتۇق ۋە پىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلدۇق، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ مەنىسىدىن قۇرەيشلىكلەرنىڭ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن قىشتا يەمەنگە، يازدا شامغا قىلغان سەپەرلىرىدە (ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىماي) ئۆزلىرىنىڭ شەھەرلىرىگە خاتىرجەم ھالدا قايتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. (قۇرەيشلىكلەرنىڭ شۇنداق قوغدىلىشىنىڭ سەۋەبى) ئۇلار ھەرەمدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەر دەپ قارالغانلىقىدۇر. كىمكى ئۇلارنىڭ (قۇرەيشلەر ئىكەنلىكىنى) بىلسە، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلاتتى. ھەتتا كىمكى ئۇلارغا سەپەرلەردە قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭسا، ئۇ كىشىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە خاتىرجەملىككە ئېرىشەتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىقلىرىدىكى سەپەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدۇر.

اﷲ تائالا ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرەمدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، اﷲ نىڭ نېمىتىنى ئىنكار

قىلامدۇ؟﴾[1] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن**﴾ لېكىن، ئىبنى جەرىر بەزى گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە ئاساسەن بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى: سىلەر قۇرەيشلىكلەرنىڭ قوغدالغانلىقىدىن ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلىرىمدىن ھەيران قالامسىلەر؟ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ سۈرىنىڭ شۇنداق مەنا بېرىشىنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرە بىلەن فىل سۈرىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم سۈرە ئىكەنلىكىگە ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر[2].

الله تائالا ئۇلارنى مۇشۇ كاتتا نېمەتكە شۈكرى ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە خاتىرجەم ماكان بولغان ھەرەمنى ۋە كەبىنى قىلىپ بەرگەن، ئۇلارغا ئاچ قالغاندا رىزىق بەرگەن ۋە ئۇلارغا خاتىرجەملىكنى ئاتا قىلغان كەبىنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلسۇن. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) «مەن پەقەت الله ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴾[3].

شۇڭا، كىمكى الله تائالاغا ئىبادەت قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى بېرىدۇ. كىمكى الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلسا، الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ - خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ - تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) اللەنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، الله ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى. ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى، ئۇنى ئۇلار ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا ئازاب (يەنى قاتتىقچىلىق ۋە ئوقۇبەت) يۈزلەندى، ئۇلار (گۇناھلارغا چۆمگەنلىك تۈپەيلىدىن) زالىم ئىدى﴾[4].

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 67 - ئايەت.
[2] ئەگەر بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى ھازىرقىدەك بولسا، بۇ سۈرە ئىلگىرىكى سۈرىگە مەنا جەھەتتە بىر - بىرىگە ھېچقانداق باغلانمىغان بولىدۇ. بۇچاغدا بۇ سۈرە بىلەن فىل سۈرىسى ئايرىم - ئايرىم سۈرە بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى: "قۇرەيشلەرنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىدە تۇيلىنىشى ئۈچۈن بىز فىلنىڭ مەككىگە (كىرىشىنى) توختاتتۇق ۋە فىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلدۇق" دېگەندەك بولسا، بۇ سۈرە ئىلگىرىكى سۈرە بىلەن مەنا جەھەتتە باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. بۇچاغدا، بۇ سۈرە فىل سۈرىسى بىلەن خۇددى بىر سۈرىدەك ھېسابلىنىدۇ.
[3] سۈرە نەمله 91 - ئايەت ۋە 92 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 112 — 113 - ئايەتلەر.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە مائۇن | 7 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ﴿١﴾ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِى يَدُعُّ ٱلْيَتِيمَ ﴿٢﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ
ٱلْمِسْكِينِ ﴿٣﴾ فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ﴿٤﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ ﴿٥﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ يُرَآءُونَ ﴿٦﴾
وَيَمْنَعُونَ ٱلْمَاعُونَ ﴿٧﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردىڭمۇ؟ [1]. ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر [2 - 3]. شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ [4 - 5]. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ [6]. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ [7].***

## قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

﴿**دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردىڭمۇ؟**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! (قىيامەت كۈنى) قايتا تىرىلىشكە، جازا ۋە مۇكاپاتلارنىڭ بارلىقىغا تانغان ئادەمنى كۆردىڭمۇ؟

﴿**ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر**﴾ يەنى ئۇ يېتىمنى بوزەك قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، ئۇنىڭغا يەيدىغان بىر نەرسە بەرمەيدىغان، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلمايدىغان ۋە پېقىر - مىسكىنلەرگە تاماق بېرىشنى تەۋسىيە قىلمايدىغان ئادەمدۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر. بىر - بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر﴾[1].

﴿**شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غە پلەت بىلەن ئوقۇيدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتىن (كىشىلەرنىڭ) كۆزىگە چېلىقىدىغان يەردە ناماز ئوقۇيدىغان، خالى قالغاندا ناماز ئوقۇمايدىغان مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى**﴾ يەنى ئۇلار ئەسلىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان ئادەملەر بولۇپ، لېكىن ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىچە ئۇلار نامازنى پەقەتلا ئوقۇماي

---

[1] سۈرە فەجر 17 ـــ 18 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

غەپلەتتە يۈرگەن ئادەملەردۇر، مەسرۇق ۋە ئەبۇزۇھانىڭ قارىشىچە ئۇلار نامازنى شەرىئەت كۆرسەتكەن ۋاقىتتا ئوقۇماي، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ كېچىكىپ ئوقۇغان ئادەملەردۇر.

ئەتا ئىبنى دىنار: ئۇلار نامازلىرىنى غەپلەتتە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ دېمەي ﴿**ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ**﴾ دېگەن الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن، دېدى.[1]

الله تائالانىڭ: ﴿**شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غە پلەت بىلەن ئوقۇيدۇ**﴾ ئايەتتىكى غەپلەتتىن نامازنى داۋاملىق ياكى كۆپىنچە ھالەتتە ئۇز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇپ، نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدىن غەپلەتتە يۈرۈش ياكى نامازنىڭ پەرز، ۋاجىب ۋە شەرتلىرىنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلماي، بۇ ئىشلاردا غەپلەتتە (يەنى ئىرەڭسىز ھالدا) تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، كىمدە مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسى تېپىلىپ قالسا، ئۇ بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. كىمدە مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، ئۇ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئەمەلدىكى مۇناپىقلىق كۆرۈلگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مانا بۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر. مانا بۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر. مانا بۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر. ئۇ كۈنگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. (كۈن كىرىپ كېتىش ئۈچۈن) شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقىدا بولغاندا قوپۇپ الله تائالانى ناھايىتى ئازلا ياد ئەتكەن ھالدا، يەرگە تۆتنى چوقۇپ قويىدۇ».

بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان ناماز ئەسىر نامىزى بولۇپ، ئۇ ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇماي ئۇنى ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرىدۇ. ئاندىن قوپۇپ نامازنى نامازدا تۇرغاندا كەمتەرلىك بىلەن ۋە الله تائالادىن قورققان ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقىدەك نامازنىڭ پەرزلىرىگە رىئايە قىلمايلا قارغىدەك تۆتنى چوقۇپلا ئوقۇيدۇ، دېمەكچىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالانى ناھايىتى ئازلا ياد ئەتكەن ھالدا تۆتنى چوقۇپ قويىدۇ». ئۇ كىشىنىڭ نامازنى شۇنداق ئوقۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ نامازنى الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەمەس بەلكى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ نامازنى شۇنداق مەقسەد بىلەن ئوقۇغانلا بولسا، ئۇ پەقەت ناماز ئوقۇمىغان ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ نامازنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) الله نى پەقەت ئازغىنا يادئېتىدۇ﴾[2] الله تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿**نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ**﴾.

ئىمام ئەھمەد ئەمرى ئىبنى مەررەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئەبۇئۇبەيدەنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. كىشىلەر رىيا ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئاندىن "ئەبۇ يەزىد" دېگەن تەخەللۇسى بىلەن

---

[1] ئەگەر الله تەئالا: ئۇلار نامازلىرىنى غەپلەتتە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، دېگەن بولسا، بۇ غەپلەتتىن نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندا پەيدا بولىدىغان غەپلەت كۆزدە تۇتۇلغان بولاتتى. بۇنداق بولغاندا، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئادەم نامازدا تۇرغاندا شەيتاننىڭ ھەرخىل ۋەسۋەسىلىرى بىلەن نامازدا تۇرۇپ باشقا بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ قېلىپ، نامازدا ئازراق بولسىمۇ غەپلەتتە تۇرۇپ قېلىش تېپىلىپ قالىدۇ.

ئەگەر ﴿**ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ**﴾ دېگەندە، بۇغەپلەتتىن نامازغا تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە بولىدىغان غەپلەت ئەمەس، ئەكسىچە بىز يۇقىرىدا بايان قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ بىرسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[2] سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت.

www.munber.org

چاقىرىلىدىغان بىر كىشى قوپۇپ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى باشقىلارغا ئاڭلاتماقچى بولىدىكەن، اللہ تائالا ئۇنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى مەخلۇقاتلىرىغا ئاڭلىتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئاددىي كۆرستىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.

(ئەمما) بىر كىشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى اللہ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلغان، لېكىن، اللہ تائالا ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىدە سۆيۈنۈش پەيدا بولغان بولسا، ئۇ كىشى بۇ ئايەتتە دېيىلگەن رىيا قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

﴿**ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلمايدۇ ۋە اللہ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغىمۇ ياخشىلىق قىلمايدۇ، ھەتتا ئەڭ ئاددىيسى ئۇلاردىن كىچىككىنە بىرەر نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان كىشىلەرگە ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگىمۇ بەرمەيدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار زاكات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سەدىقىلەرنى بولسا ھەرگىز بەرمەيدۇ.

مەسئۇدىي سەلەمە ئىبنى كۇھەيلدىن ئەبۇئۇبەيدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى مەسئۇددىن بۇ ئايەتتىكى (ئۇلار بەرمەيدىغان نەرسىنىڭ) قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە سۇئال سورالدى. ئىبنى مەسئۇد: ئۇ نەرسە بولسا كىشىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئۆتنە بېرىشىدىغان پالتا، قازان ۋە چېلەككە ئوخشايدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىدۇر، دېدى.

(يەنى ئۇلار مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئاددىي نەرسىلەرنى ئۆتنىگە سوراپ كىرگەن كىشىلەرگە ئۇ نەرسىلەرنى بەرمەيدۇ).

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە مائۇننىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە كەۋسەر — 3 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِنَّآ أَعْطَيْنَٰكَ ٱلْكَوْثَرَ ﴿١﴾ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ ﴿٢﴾ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلْأَبْتَرُ ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق[1]. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن[2]. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ[3].***

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، (بىر كۈنى) بىز بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇراتتى. ئۇ توساتتىنلا ئازراقلا مۈگدەپ، ئاندىن ئويغىنىپ، كۈلگەن ھالدا بېشىنى كۆتەردى. بىز: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىگە كۈلىسەن؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ماڭا بايا بىر سۈرە چۈشۈرۈلدى» دەپ، ئۇ سۈرىنى ئوقۇشقا باشلىدى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ﴿**بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ**﴾.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۈرىنى ئوقۇپ بىرىپ بولۇپ: «كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟»[1] دېدى. بىز: ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدۇق. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كەۋسەر بولسا پەرۋەردىگارىم ماڭا (بېرىشنى) ۋەدە قىلغان بىر ئۆستەڭدۇر. ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار باردۇر. ئۇ قىيامەت كۈنى ئۈممەتلىرىم كېلىپ (سۇ ئىچىدىغان) بىر كۆلدۇر. ئۇنىڭدىكى قاچىلارنىڭ (سانى) ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆپ. ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن بىر بەندە ئايرىپ ئېلىپ قېلىنىدۇ. ئاندىن مەن: ئى پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن بۇمۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدۇر، دەيمەن. پەرۋەردىگارىم: سەن ئۇنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقلىرىنى بىلمەيسەن، دەيدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد يەنە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جەننەتكە كىرگەندە، ئىككى ئەتراپى قۇلۇلە قېپىدىن بولغان بىر ئۆستەڭنى (كۆردۈم) قولۇمنى سۇ ئاقىدىغان يېرىگە (يەنى ئۆستەڭنىڭ تېگىگە) تەگكۈزسەم، (ئۇنىڭ تېگى) ناھايىتى ئېسىل ئىپاردىن ئىكەن. مەن: ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟ دېدىم. ئۇ: بۇ ﷲ تائالا ساڭا بەرگەن كەۋسەر (ئۆستىڭىدۇر) دېدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

---

[1] ئەسلىدە ﴿بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق﴾ دېگەن ئايەتتىدىكى: ﴿نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزدىن كەۋسەرنى ئاتا قىلدۇق دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن كەۋسەرنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى سورىغان.

www.munber.org

تۆۋەندىكى شەكىلدە رىۋايەت قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان ۋاقىتتا (كۆرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ) مۇنداق دېدى: «مەن ئىككى ئەتراپى قۇلۇلە قېپىدىن بولغان بىر ئۆستەڭنىڭ قېشىغا كەلدىم ۋە (جىبرىئىلغا): ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟ دېدىم. ئۇ: بۇ كەۋسەردۇر، دېدى».

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! كەۋسەر دېگەن قانداق نەرسە؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بەرگەن جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭدۇر. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق ۋە ھەسەلدىن تاتلىقتۇر. ئۇنىڭدا بوينى خۇددى تۆگىنىڭ بوينىدەك قۇشلار باردۇر» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ سېمىز، يېقىملىق بىر قۇش ئىكەن، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! ئۇنى يېگەن ئادەم بەك ھۇزۇرلىنىدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئىبنى ئابباسنىڭ كەۋسەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ئۇ، اللە تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بىر ياخشى نەرسىدۇر. ئەبۇبەشەر: مەن سەئىد ئىبنى جۇبەيرگە: كىشىلەر ئۇنى جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭ دەپ قارايدىكەن، دېدىم. سەئىد ئىبنى جۇبەير: جەننەتتىكى ئۆستەڭ بولسا، اللە تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ياخشىلىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر، دېدى.

ئەبۇبەشەر يەنە سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ”كەۋسەر“ دىن نۇرغۇنلىغان ياخشىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

(ئەگەر ئايەتتىكى ”كەۋسەر“ دېگەن سۆزدىن نۇرغۇنلىغان ياخشىلىق كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا) ئۇ ياخشىلىقلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۆستەڭ شۇ نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «كەۋسەر جەننەتتىكى ئىككى قىرغىقى ئالتۇندىن بولغان بىر ئۆستەڭدۇر. سۇ مەرۋايىتنىڭ ئۈستىدە ئاقىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق ۋە ھەسەلدىن تاتلىقتۇر» بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن**﴾ يەنى بىز ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى بەردۇق. ئۇلارنىڭ بىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆستەڭدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن پەرز ۋە نەپلە نامازلىرىڭنى اللە تائالا ئۈچۈنلا ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىقنى اللە تائالا ئۈچۈن قىلغىن. يەنى سەن ئىبادەتنى شېرىكى يوق بىر اللە تائالا ئۈچۈنلا قىلغىن ۋە قۇربانلىقنى شېرىكى يوق بىر اللە تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغىن. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللە غىلاخالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنئام 162 ــ 163 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىبنى ئابباس، ئەتا، مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە ھەسەن قاتارلىقلار: بۇنىڭدىن قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان ماللارنى بوغۇزلاش ۋە باشقا ماللارنى بوغۇزلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.[1] بۇ ھەقتە قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، زەھھاك، رەبىئە، ئەتا خۇراسانى، ھەكەم، ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇ خالىد ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان سەلەف ئالىملىرىمۇ شۇنداق دېدى.

بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب ئىبادەتنى الله تائالادىن باشقا بىرسىگە قىلىدىغان ۋە ماللارنى الله تائالانىڭ نامىنى ئەمەس، باشقا بىرسىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلايدىغان مۇشرىكلارغا ئوخشىشىپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ نامى ئاتالماي بوغۇزلانغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۆمىنلەر) الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾[2].

## پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنىنىڭ نام - نىشانى قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ساڭا ئاچچىقى كەلگەن ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت، ھەقىقەت، كەسكىن پاكىت ۋە ئوچۇق دەلىلگە ئاچچىقى كەلگەنلەرنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قەتادە قاتارلىقلار: بۇ ئايەت ئاس ئىبنى ۋائىل ھەققىدە چۈشكەن، دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق يەزىد ئىبنى رۇماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ گېپى چىقسا، ئاس ئىبنى ۋائىل: بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى قويۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ئورۇنباسارى يوق بىر ئادەمدۇر. ئۇ ئۆلگەن ھامان ئۇنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ سۈرىنى چۈشۈردى. شەمرى ئىبنى ئەتىيە: بۇ سۈرە ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ ئەتىيە ھەققىدە چۈشتى، دېدى.

ئىبنى ئابباس ۋە ئىكرىمە: بۇ سۈرە كەئب ئىبنى ئەشرەف ۋە بىر تۈركۈم قۇرەيش كاپىرلىرى ھەققىدە چۈشتى، دېدى.

بەززار ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كەئب ئىبنى ئەشرەف (مەدىنىدىن) مەككىگە كەلدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا: سەن ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) كاتتىسى. نام ـ نىشانى ئۆز قەۋمىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ شاخچىغا (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) قارىمامسەن؟ ئۇ ئۆزىنى بىزدىن ياخشى دەپ ئويلايدۇ. بىز بولساق ھاجىلارغا مەسئۇل بولغان، كىشىلەر بىزگە تايىنىدىغان ۋە ھاجىلارنى سۇغىرىشنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان كىشىلەردۇرمىز (ئۇنداق بولغان ئىكەن زادى بىز ياخشىمۇ ياكى ئۇ ياخشىمۇ) دېدى. كەئب ئىبنى ئەشرەف: سىلەر ئۇنىڭدىن ياخشى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿**ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

ئەتا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ قالغاندا، ئەبۇلەھەب مۇشرىكلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: كېچىدىن مۇھەممەدنىڭ نام ـ نىشانى يوقالدى، دېدى.[1] شۇنىڭ بىلەن الله تائالا

---

[1] يەنى مەيلى قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان ماللارنى بوغۇزلىسۇن ۋە ياكى باشقا ماللارنى بوغۇزلىسۇن، بوغۇزلىغاندا پەقەت **الله** تەئالانىڭ ئىسمىنىلا ئاتاپ بوغۇزلاش لازىمدۇر.
[2] سۈرە ئەنئام 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئەبۇلەھەبنىڭ ھەققىدە: ﴿ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

سۇددى مۇنداق دېدى: قۇرەيشلەر بىر ئادەمنىڭ ئوغۇل باللىرى ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ نام ـ نىشانى قالمىدى، دەيتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇل باللىرى ئۆلۈپ قالغاندا، ئۇلار: مۇھەممەدنىڭ نام ـ نىشانى قالمىدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اﷲ تائالا: ﴿ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

يەنى ئۇلار نادانلىقىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى بىلەن ئەمدى ئۇنىڭ نام ـ نىشانى قالمىدى دەپ گۇمان قىلدى. ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. اﷲ تائالا ئۇنىڭ نام ـ نىشانىنى بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ باشلىرىدا تا ئەبەتكىچە قالدۇردى ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىنى بەندىلەرنىڭ زىممىسىگە تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان قىلىپ يۈكلىدى. ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر اﷲ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى بولسۇن!

اﷲ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە كەۋسەرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

(1) يەنى ئەبۇلەھەب: مۇھەممەدنىڭ بالىسى ئۆلۈپ قالدى، ئەمدى شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە كافىرۇن | 6 ئايەت |
|---|---|---|

## بۇ سۈرىنىڭ سۈننەت ۋە نەپلە نامازلاردا ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئىمام مۇسلىم جابىرنىڭ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۈرە بىلەن سۈرە ئىخلاسنى (كەبىنى) تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نامازدا ئوقۇيتتى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۈرە كافىرۇن بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە ئوقۇيتتى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەرنىڭ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۈرە كافىرۇن بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ناماز بامدات ۋە ناماز شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەتلىرىدە يىگىرمە نەچچە قېتىم ئوقۇغان، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد يەنە ئىبنى ئۆمەرنىڭ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى يىگىرمە تۆت قېتىم ياكى يىگىرمە بەش قېتىم كۆزەتتىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بامدات ۋە ناماز شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەتلىرىدە سۈرە كافىرۇن بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇدى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەرنىڭ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى بىر ئاي كۆزەتتىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە سۈرە كافىرۇن بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇغان ئىدى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

بىز يۇقىرىدا كافىرۇن سۈرىسىنىڭ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە ۋە زەلزەلە سۈرىسىنىڭمۇ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿١﴾ لَآ أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ ﴿٢﴾ وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ﴿٣﴾ وَلَآ
أَنَا۠ عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ ﴿٤﴾ وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ﴿٥﴾ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِىَ دِينِ ﴿٦﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار!﴿1﴾.***
***سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن﴿2﴾. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللەغا ئىبادەت***
***قىلمايسىلەر﴿3﴾. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق﴿4﴾. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان***

www.munber.org

*اللەغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق*﴿5﴾. *سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن»*﴿6﴾.

## شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش توغرىسىدا

بۇ سۈرە مۇشرىكلار قىلىدىغان ھەممە ئىشلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى اللە تائالاغىلا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن سۈرىدۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار!**﴾ ئەسلىدە بۇ ئايەت قۇرەيش كاپىرلىرىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئايەت يەر يۈزىدىكى بارلىق كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە) قۇرەيش كاپىرلىرى نادانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىغا بىر يىل ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋە (ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھى بولغان) اللە تائالاغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر يىل ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدى، اللە تائالا بۇ سۈرىنى چۈشۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولۇشقا بۇيرۇدى، دېگەن كۆز قاراش باردۇر.

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللەغا ئىبادەت قىلمايسىلەر**﴾ يەنى سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان شېرىكى يوق بىر اللە غا ئىبادەت قىلمايسىلەر.

﴿**سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق**﴾ يەنى مەن سىلەر قىلغان ئىبادەتنى قىلمايمەن ۋە مەن سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىش يوللىرىغا كىرمەيمەن. مەن پەقەت اللە تائالا خۇرسەن ۋە رازى بولىدىغان يول بىلەن اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىمەن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان اللەغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق**﴾ يەنى سىلەرمۇ اللە تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشتا كۆرسەتكەن يوللىرىغا بويسۇنمايسىلەر. ئەكسىچە سىلەر ئۆزەڭلارچىلا بىر يولنى پەيدا قىلىۋالدىڭلار. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، اللە بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك ـ شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى. چۈنكى، ئىبادەت قىلىدىغان بىر كىشىگە بىر ئىلاھ ۋە ئىبادەت قىلىدىغان بىر يول لازىم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلار بولسا، اللە تائالاغا ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىبادەت قىلىدى. شۇڭا ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: اللە تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچقانداق بىر ئىلاھ يوقتۇر ۋە اللە تائالاغا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن يول بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشرىكلار بولسا اللە تائالادىن باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلىپ، اللە تائالا يولغا قويمىغان بىر ئىبادەتنى قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن»**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە نەجم 23 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴾[1] ﴿«بىز بىلەن اللە توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز اللە غا سادىقمىز» دېگىن﴾[2].

ئىمام بۇخارى اللە تائالانىڭ: ﴿**سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن»**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ ئىسلامىم ئۆزەم ئۈچۈن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

اللە تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە كافىرۇننىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

[1] سۈرە يۇنۇس 41 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەر 139 ـ ئايەت.

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە نەسر | 3 ئايەت

## سۈرە نەسرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

يۇقىرىدا سۈرە نەسرنىڭ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقى ۋە سۈرە زەلزەلەنىڭمۇ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقىنىڭ بايانى سۆزلەندى.

ئىمام نەسەئى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس ماڭا: ئى ئىبنى ئۇتبە! سەن قۇرئاننىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن سۈرىنى بىلەمسەن؟ دېدى. مەن: ھەئە، بىلىمەن. ئۇ ﴿اللہ تائالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن﴾ دېگەن سۈرىدۇر (يەنى نەسر سۈرىسىدۇر) دېدىم. ئىبنى ئابباس: توغرا ئېيتتىڭ، دېدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

إِذَا جَآءَ نَصْرُ ٱللَّهِ وَٱلْفَتْحُ ﴿١﴾ وَرَأَيْتَ ٱلنَّاسَ يَدْخُلُونَ فِى دِينِ ٱللَّهِ أَفْوَاجًا ﴿٢﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَٱسْتَغْفِرْهُ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ تَوَّابًۢا ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***اللہنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللہنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە﴿1 - 2﴾. رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. اللہ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴿3﴾.***

## بۇ سۈرىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر مېنى قېشىغا بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان چوڭ - چوڭ ساھابىلەر بىلەن بىللە كىرگۈزەتتى. بۇ ئىشتىن بەزى ساھابىلەرنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ: بىزنىڭ بۇنىڭ يېشىدا بالىلىرىمىز تۇرسا، (بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى كىرگۈزمەي) نېمە ئۈچۈن بۇنى بىز بىلەن بىللە كىرگۈزىدۇ؟ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ بولسا سىلەر كىملىكىنى بىلىدىغان كىشىلەردىندۇر، دېدى. بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى چاقىرتىپ مېنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كىرىشكە بۇيرىدى. بۈگۈن ئۆمەرنىڭ مېنى چاقىرىشىدىكى مەقسىتى، مېنىڭ قانداقلىقىمنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۆمەر ئۇلارغا: سىلەر اللہ

www.munber.org

تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن﴾ دېگەن سۈرىسىنى قانداق چۈشىنىسىلەر؟ دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى: الله تائالا بىزگە غەلىبە ئاتا قىلغان ۋاقىتتا، بىزنى ئۆزىگە ھەمدى ئېيتىشقا ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇدى، دېدى. بەزىلىرى ھېچنەرسە دېمەي شۈك تۇردى. ئاندىن ئۆمەر ماڭا: ئى ئىبنى ئابباس! سەنمۇ (بۇ سۈرىنى) شۇنداق چۈشىنەمسەن؟ دېدى. مەن: ياق، دېدىم. ئۆمەر: (ئۇنداق بولسا) سەن قانداق چۈشىنىسەن؟ دېدى. مەن: الله تائالا بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويدى دەپ قارايمەن ۋە مەن بۇ الله تائالانىڭ: ﴿**اللەنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللەنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە**﴾ دېگەن ئايىتى بولسا، مانا بۇ سېنىڭ ئەجىلىڭنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. (شۇڭلاشقا سەن) ﴿**رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر**﴾ دېگەنلىك بولىدۇ دەپ چۈشىنىمەن)، دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەنمۇ بۇ سۈرىنى سەن چۈشەنگەندەك چۈشىنىمەن، دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن﴾ دېگەن سۈرە چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ يىل جېنىمنىڭ ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننىڭ بۇيرۇغىنىغا ئەمەل قىلىپ رۇكۇ ۋە سەجدىسىدە: «ئى پەرۋەردىگارىمىز الله! سېنى بارلىق كەمچىلىكتىن پاك دەپ بىلىمىز ۋە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ئى الله! ماڭا مەغپىرەت ئاتا قىلساڭ»[1] دېگەن دۇئالارنى كۆپ قىلاتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ماجە، نەسەئى ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد مەسرۇقتىن ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە: «سېنى بارلىق كەمچىلىكتىن پاك دەپ بىلىمىز ۋە ساڭا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز. مەن الله تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن[2]» دېگەننى كۆپ دەيتتى ۋە «پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدە بىر ئالامەتنى كۆرىدىغانلىقىمنى ماڭا خەۋەر بەردى ۋە مېنى مەن شۇ ئالامەتنى كۆرگەن ۋاقتىمدا تەسبىھ ئېيتىشىمغا ھەمدى ئېيتىشىمغا ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىشىمگە بۇيرۇدى. اللە ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر. مەن ئۇ ئالامەتنى كۆردۈم. ئۇ ئالامەت بولسىمۇ الله تائالانىڭ: ﴿**اللەنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللەنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە. رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر**﴾ (دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان ئالامەتتۇر) دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ھەممە ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئايەتتە بايان قىلىنغان الله تائالانىڭ غەلىبىسىدىن مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن ئەگەر مۇھەممەد ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسا، ئۆز قەۋمىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دەپ مەككىنىڭ پەتھى بولۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنى پەتھى قىلىپ بەرگىنىدە، ئۇلار اللەنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى. ئىككى يىل ئىچىدە ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممە يېرىگە

(1) سۇبھانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە ئەللاھۇممەغفىر لى.
(2) سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە. ئەستەغفىرۇللاھە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھى.

www.munber.org

ئۇمۇملىشىپ بولدى ۋە ئەرەبلەرنىڭ باشقا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئادەم قالمىدى. اﷲ تائالاغا كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن!

ئىمام بۇخارى ئەمرى ئىبنى سەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككە پەتھى بولغان ئىدى، ھەر بىر قەبىلە ئىسلام دىنىغا كىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئالدىراشتى. (چۈنكى،) ئەرەب قەبىلىلىرى: مۇھەممەد بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلار. ئەگەر مۇھەممەد ھەقىقي پەيغەمبەر بولسا، ئۆز قەۋمىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىدۇ، دەپ ئىسلام دىنىغا كىرىش ئۈچۈن مەككىنىڭ پەتھى بولۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بىز مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ھەققىدە ”تارىخ كىتابلىرىمىزدا“ توختالدۇق. بۇ ھەقتە ئىزدىنىشنى خالىغۇچىلار ئاشۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسۇن. اﷲ تائالاغا كۆپ ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئەمماردىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قوشنىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدىم. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مەندىن ھاردۇق سوراپ قېشىمغا كىرىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا: كىشىلەرنىڭ گۇرۇھ ـ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان ئىشلاردىن سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ يىغلاپ كەتتى ۋە ئازدىن كېيىن: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن كىشىلەر اللەنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىدۇ ۋە ئاز زاماندىن كېيىن ئۇنىڭدىن توپ ـ توپ بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.

اﷲ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە نەسرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

| 5 ئايەت | سۈرە مەسەد | مەككىدە نازىل بولغان |
| --- | --- | --- |

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

تَبَّتْ يَدَآ أَبِى لَهَبٍ وَتَبَّ ﴿١﴾ مَآ أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُۥ وَمَا كَسَبَ ﴿٢﴾ سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ﴿٣﴾
وَٱمْرَأَتُهُۥ حَمَّالَةَ ٱلْحَطَبِ ﴿٤﴾ فِى جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى[1]. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى[2]. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ[3]. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ[4]. ئۇنىڭ بويىنىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ[5].*

## بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ۋە ئەبۇلەھەبنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغانلىقى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقتى، ئاندىن: «ئى خالايىق!» دەپ ۋاقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يىغىلدى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئېيتىڭلارچۇ ناۋادا مەن سىلەرگە بىر دۈشمەن قوشۇنى ئەتىگەن ياكى ئاخشام تەرەپتە سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى، دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «(ئۇنداقتا) ھەقىقەتەن مەن قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇرمەن» دېدى. ئەبۇلەھەب قوپۇپ: سەن بۇگۈندىن باشلاپ ھالاك بول، سەن بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرغانمىدىڭ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئەبۇلەھەپ ھەققىدە تەببەت سۈرىسىنى چۈشۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەبۇلەھەب قولىنى قاققىنىچە قوپۇپ: سەن بۈگۈندىن باشلاپ ھالاك بول، سەن بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرغانمىدىڭ؟، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئەبۇلەھەب ھەققىدە تەببەت سۈرىسىنى چۈشۈردى، دەپ بايان قىلىنىدى.

ئەبۇلەھەب پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇلئۇززا ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبدۇر. تەخەللۇسى ئەبۇئۇتەيبىدۇر. ئۇ چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان كىشى بولغاچقا ئەبۇلەھەب

www.munber.org

(يەنى لاۋۇلداپ تۇرغۇچى) دەپ ئاتالدى. ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا كۆپ ئەزىيەت بېرەتتى، ئۇنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى، كۆپ مەسخىرە قىلاتتى. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ناھايىتى بەك كەمسىتەتتى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزىنادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا دەيل جەمەتىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن رەبىئە ئىبنى ئۇبادە مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەردى. تېخى ئىسلام ھەممە كىشىلەرگە تارىمىغان بىر چاغدا مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلمەجازنىڭ بازىرىدا تۇرۇپ ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە: ئى ئىنسانلار! ”لا ئىلاھە ئىللاھۇ“ دەپ (ئىمان ئېيتىڭلار) نىجات تاپىسىلەر » دەيدىغانلىقىنى ۋە چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان، كۆزى ئالغاي، چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە بېرىپ: ئۇ ھەقىقەتەن دىنىدىن چىققان بىر يالغانچىدۇر، دەيدىغانلىقىنى كۆردۈم، مەن (كىشىلەردىن): ئۇ كىشى كىم؟ دەپ سورىسام. ئۇلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇلەھەب ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىمام ئەھمەد سۈرەيجدىن ئەبۇ زىنادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مەن رەبىئەگە: سەن ئۇ كۈنلەردە كىچىك بالا ئىدىڭمۇ؟ دېدىم. رەبىئە: ياق، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىسمىدە بار مەن ئۇ كۈنلەردە تولۇم كۆتۈرەلەيتتىم، دېدى.

﴿**ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى**﴾ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار: الله تائالانىڭ ﴿**ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى**﴾ دېگەن ئايىتىدىن ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئەسقاتمىدى دېگەنلىك بولىدۇ)، دېدى. بۇ ھەقتە ئائىشە، مۇجاھىد، ئەتا، ھەسەن ۋە ئىبنى سىرىين قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغان ئىدى، ئەبۇلەھەب: ئەگەر قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنىڭ دېگەن سۆزلىرى راست بولىدىغان بولسا، مەن قىيامەت كۈنى مال ـ مۈلكىم ۋە بالا ـ چاقىلىرىمنى بېرىپ، ئۆزەمنى (ئۇ قورقۇتىدىغان) قاتتىق ئازابتىن قوتۇلدۇرىۋالىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿**ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

﴿**ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ**﴾ يەنى ئۇ لاۋۇلداپ تۇرىدىغان، ئۇچقۇن چىقىرىدىغان ۋە قاتتىق كۆيدۈرىدىغان دوزاخقا كىرىدۇ.

## ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿**ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ**﴾ ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەرۋە بىنتى ھەرب ئىبنى ئۇمەييە ئىدى. ئۇ ئەبۇسۇفيانىنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئېرىنىڭ كاپىرلىق، (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىش ۋە تەرسالىق قىلىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىيامەت كۈنىمۇ ئېرىنىڭ دوزاخنىڭ ئوتىدا ئازابلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بويىنىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ ئېرىنىڭ (ئوتتا) تېخىمۇ بەكرەك كۆيۈشى ئۈچۈن ئېرى بار دوزاخقا تاشلاشقا ئوتۇن توشۇيدۇ. ئۇ شۇ ئىشقا تەييار تۇرىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنىڭ بويىنىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ**﴾ مۇجاھىد ۋە ئۇرۋە: ئۇ ئوتتىن بولغان ئاغامچىدۇر، دېدى.

ئەۋفى ئىبنى ئابباس، ئەتىيە جەدەلى، زاھھاك ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇ جەمىلە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭىدىغان يولغا تىكەن قويۇپ قوياتتى.
مۇجاھىد ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭ بويىنىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: (ئۇنىڭ بويىنىدا) تۆمۈردىن بىر تاقاق بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى.

## ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەنلىكى توغرىسىدا

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەببەت سۈرىسى چۈشكەندە، ئالغاي ئۇممۇ جەمىل قولىدا تاش كۆتەرگىنىچە: ساڭا ۋاي! ئەيىبلەنگۈچىنىڭ (گېپىگە كىرمىدۇق، دىنىنى تاشلىدۇق، بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلدۇق، دەپ ۋاقىراپ كەلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇۋاتقان ئىدى. ئەبۇبەكرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىللە ئولتۇراتتى ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ خوتۇن كەلدى، مەن ئۇنىڭ سېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، مېنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيدۇ» دەپ، بىر نەچچە ئايەتلەرنى ئوقۇپ، شۇ ئايەتلەر بىلەن ئۆزىنى ساقلىدى.

بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان (مۇشرىكلارغا) قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىدۇر. ئۇ خوتۇن ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىدى. ئەبۇبەكرىگە: ئى ئەبۇبەكرى! ھەمراھىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) مېنى سۆكۈپتىمىش، دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق، بۇ ئۆيىنىڭ (يەنى كەبىنىڭ) پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سېنى سۆكمىدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن: قۇرەيشلىكلەر مېنىڭ قۇرەيشنىڭ كاتتىسىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، دېگەچ قايتىپ كەتتى.

ۋەلىد ۋە باشقىلار: ئۇممۇجەمىل كەبىنى تاۋاپ قىلىپ كېتىۋېتىپ كىيىمىگە پۇتلىشىپ كېتىپ: ئەيىبلەنگۈچى ھالاك بولسۇن، دېدى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى ئۇممۇھەكىم: مەن ھەققەتەن تۇرمۇش قۇرۇپ بولغان، شۇڭا بۇ ھەقتە مەن توغرىلىق سۆز ئېچىلمايدۇ. مەن بىلىملىك، ماڭا بىلىم ئۆگىتىلمەيدۇ. ھەممىمىز بىر تاغىنىڭ بالىلىرىمىز، قۇرەيشلىك بۇنى ئوبدان بىلىدۇ، دېدى.

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە مەسەدنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

[1] سۈرە ئىسرا 45 - ئايەت.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئىخلاس 4 ئايەت

## بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنىڭ ۋە پەزىلىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئۇبەي ئىبنى كەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە پەرۋەردىگارىڭنى سۈپەتلەپ بەرگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ﷲ تائالا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ الله بىردۇر. ھەممە اللەغا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ**﴾ دېگەن سۈرىنى چۈشۈردى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىر ۋە تىرمىزىلارمۇ رىۋايەت قىلدى. لېكىن بۇلار بۇ ھەدىسنى مۇنداق رىۋايەت قىلدى: ﴿**ھەممە اللەغا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس**﴾ چۈنكى، تۇغۇلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئۆلىدۇ. ئۆلىدىغان ھەرقانداق نەرسىگە باشقىلار مىراسخورلۇق قىلىدۇ. ئەمما ﷲ تەئالا ئۆلمەيدۇ ۋە باشقىلا ئۇنىڭغا مىراسخور قىلىنمايدۇ. ﴿**ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ**﴾ يەنى ﷲ تەئالانىڭ تەڭدىشى يوقتۇر. ھېچ نەرسە الله تائالاغا ئوخشاش ئەمەستۇر.

## سۈرە ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئابدۇراھماننىڭ قىزى ئۇرۋەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى بىر قوشۇنغا باش قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ كىشى ھەمراھلىرىغا ئوقۇپ بەرگەن ھەر نامازدا سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ ئاندىن نامازنى تۈگىتىدىكەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئىشنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلار. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىپتۇ؟» دېدى. ئۇلار ئۇ كىشىدىن (ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى) سورىغان ئىدى. ئۇ كىشى: سۈرە ئىخلاس بولسا، ﷲ تائالانى سۈپەتلەپ كەلگەن سۈرىدۇر. شۇڭا مەن ئۇنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭلار. ﷲ تائالا ھەققەتەن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇبا مەسجىتىدە كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىدىغان ئەنسارىلىق بىر ئادەم بارئىدى. ئۇ نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە سۈرە ئىخلاسقا يەنە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: سەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيسەن، يەنە تېخى ئۇ يېتەرلىك ئەمەستەك ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بىر سۈرە ئوقۇيسەن، سەن سۈرە ئىخلاسنىلا ئوقۇ ياكى بۇنى ئوقۇماي باشقا سۈرە ئوقۇ، دېدى. ئۇ كىشى: مەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشنى تاشلاپ قويالمايمەن. ئەگەر سىلەر مېنىڭ مۇشۇنداق ئىمام بولۇپ بېرىشىمنى خالىساڭلار، مەن ئىمام بولۇپ بېرىمەن، ئەگەر خالىمىساڭلار، مەن سىلەرگە ئىمام بولۇپ بەرمەيمەن، دېدى. ئۇلار ئۇ كىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ

www.munber.org

ياخشى كىشى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇزلىرىگە ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىنىڭ ئىمام بولۇپ بېرىشىنى خالىمايتتى. كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى كىشى! سەن نېمىشقا ھەمراھلىرىڭ سەندىن تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلمىدىڭ؟ سېنىڭ ھەر بىر رەكئەتتە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشۇڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدى. ئۇ كىشى: مەن بۇ سۈرىنى (ئوقۇشنى) ياخشى كۆرىمەن، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ بۇ سۈرىنى (ئوقۇشنى) ياخشى كۆرگەنلىكىڭ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى.

## سۈرە ئىخلاسنىڭ قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ سۈرە ئىخلاسنى قايتا قايتا ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇ كىشى بۇ سۈرىنى ئاددىي كۆرگەندەك قىلىپ سەھەردىلا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «جېنىم قولىدا بولغان زات اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟» دېدى. بۇ ئىش ساھابىلارغا ئېغىر كېلىپ ئۇلار: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! بىزدىن كىممۇ بۇنىڭغا قادىر بولالىسۇن؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ اللہ بىردۇر. ھەممە اللہغا موھتاجدۇر دېگەن سۈرە (يەنى سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭدۇر» دېدى.

## سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشنىڭ جەننەتكە كىرىشنى ۋاجىپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس ئۇبەيدە ئىبنى ھۇنەيندىن ئەبۇھۇرەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئىدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «ۋاجىپ بولدى» دېدى. مەن: نېمە ۋاجىپ بولدى؟ دېدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «جەننەت ۋاجىپ بولدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەقتە يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «سېنىڭ بۇ سۈرىنى (ئوقۇشنى) ياخشى كۆرگەنلىكىڭ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەن ھەدىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

## سۈرە ئىخلاسنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد مۇئاز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خەبىبتىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بىر كۈنى) ئازراق يامغۇر ياغدى ۋە ھاۋا قاراڭغۇلاشتى. بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىپ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئىدۇق. بىر ئازدىن

www.munber.org

كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چىقىپ قولۇمنى تۇتۇپ: «ئېيتقىنكى» دېدى. مەن شۈك تۇردۇم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئېيتقىنكى» دېدى. مەن: نېمىنى ئېيتىمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سەن ئىخلاسنى، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇساڭ، بۇلار ساڭا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم يېتەرلىك بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى. ئەمما نەسەئى بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: «بۇلار ساڭا ھەممە نەرسە ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدۇ».

## ﷲ تائالانىڭ ئىسملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە بىلەن دۇئا قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسنىڭ بايانى

نەسەئى ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدەدىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ (يەنى دادىسى) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەسجىتكە كىردى. (مەسچىتتە) بىر ئادەم ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ دۇئاسىدا: ئى ﷲ! سەن ﷲ دۇرسەن. ھەممە ﷲغا موھتاجدۇر. ﷲ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان سۈپەتلىك ﷲ دۇرسەن. مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن مەن سەندىن تىلەكلىرىمنى سورايمەن، دەۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «جېنىم قولىدا بولغان زات ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن ئۇ ئادەم، ﷲ تائالا شۇ ئىسىم بىلەن بىر نەرسە سورالسا، بېرىدىغان ۋە دۇئا قىلىنسا ئىجابەت قىلىدىغان ئۇنىڭ كاتتا ئىسمى بىلەن ﷲ تائالادىن تىلىكىنى تىلىدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

## شىپالىق ئۈچۈن يۈرۈلىدىغان سۈرىلەرنىڭ بايانى

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى يېتىپ بولۇپ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ، ئۇنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن ئىككى ئالقىنىغا ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ قولى يەتكەن يەرگىچە سىلايتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلاتتى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ﴿١﴾ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ﷲ بىردۇر[1]. ھەممە ﷲغا مۇھتاجدۇر[2]. ﷲ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس[3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ[4].***

بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئىكرىمە يەھۇدىيلار: بىز ﷲ تائالانىڭ ئوغلى ئۈزەيرىگە ئىبادەت قىلىمىز، دېدى. خرىستىئانلار: بىز ﷲ تائالانىڭ ئوغلى ئىساغا ئىبادەت قىلىمىز، دېدى. ئوتپەرەسلەر: بىز قوياش بىلەن ئايغا ئىبادەت

www.munber.org

قىلىمىز، دېدى. مۇشرىكلار: بىز بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا پەيغەمبىرىگە بۇ سۈرىنى چۈشۈردى، دېدى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ الله بىردۇر﴾ يەنى ئۇ تەڭدىشى، ۋەزىرى، ئوخشىشى ۋە تەڭتۇشى يوق بولغان بىر الله دۇر. ئايەتتىكى: ﴿Ếǵḯ (يەنى بىردۇر)﴾ دېگەن سۆز پەقەت الله تائالا ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز الله تائالادىن باشقا بىرسىگە قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۆزىنىڭ بارلىق سۈپەت ۋە ئىشلىرىدا كامالەتكە يەتكەن زاتتۇر.

﴿ھەممە اللەغا موھتاجدۇر﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ، بارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىدە ۋە تىلەكلىرىدە مۇھتاج بولىدىغان زاتتۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بولسا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا، ھۆرمەتلىكلىكىدە، كاتتىلىقىدا، (گۇناھكارلارنى جازالاشتا) ئالدىرىماسلىقىدا، ئىلمىدە ۋە ھېكمىتىدە كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك، كاتتا، ئالدىرىمايدىغان، ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان زاتتۇر.

ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە كامالەتكە يەتكەن زات بولسا، ھەممە كەمچىلىكتىن پاك بولغان الله دۇر. مانا بۇلار ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىگە لايىق بولمايدىغان سۈپەتلەردۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەستۇر. ھېچ نەرسە اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر. بىر بولغان قۇدرەتلىك الله ھەممە كەمچىلىكتىن پاكتۇر.

ئەئمەش شەقىقتىن ئەبۇۋائىلنىڭ الله تائالانىڭ: ﴿ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائالا ئۇلۇغلۇقتا كامالەتكە يەتكەن زاتتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

## الله تائالانىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى ۋە تەڭدىشى بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾ يەنى الله تائالانىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئايالى يوقتۇر. مۇجاھىد الله تائالانىڭ: ﴿ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ ئايالى يوق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، الله نىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى الله ياراتقان، ھەممە نەرسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾[1] يەنى الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن تەڭتۇشى ياكى يېقىنى بولسۇن! الله تائالا مۇنداق بولۇشتىن پاكتۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «اللەنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللەنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. بالىسى بولۇش اللەغا لايىق ئەمەستۇر. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اللەغا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[2] ﴿ئۇلار (يەنى

[1] سۈرە ئەنئام 101 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم 88 ـــ 95 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

مۇشرىكلار): «اللەنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. اللە (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللەنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللەغا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ﴾[1] ﴿ئۇلار: «اللە بىلەن جىنلارنىڭ ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق بار» دەپ جۆيلۈدى. جىنلار شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇكى، ئۇلار (يەنى شۇ سۆزنى قىلغۇچىلار) (دوزاخقا) چوقۇم ھازىر قىلىنىپ (شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ). اللە ئۇلارنىڭ (اللەنىڭ بالىسى بار دەپ) سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[2].

ئىمام بۇخارى مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلدى: «ئاڭلىغان ئەزىيەتكە الله تائالادىن بەك سەۋر قىلىدىغان بىر كىشى يوقتۇر. الله تائالا ئىنسانلارغا رىزىق ۋە سالامەتلىك ئاتا قىلىدۇ، ئۇلار الله تائالانىڭ بالىسى بار دەيدۇ».

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرەدىن ھەدىسى قۇددىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دېدى: ئىنسان مېنى ئىنكار قىلدى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنى تىللىدى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ: الله تائالا مېنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، مېنى شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە ھەرگىز قايتۇرالمايدۇ، دېگەن سۆزى ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. ماڭا ئۇنى دەسلەپتە يارىتىش ئۇنى شۇ ھالىتىگە قايتۇرۇشتىن ئاسان ئەمەستۇر. ئۇنىڭ: الله تائالانىڭ بالىسى بار، دېگەنلىكى بولسا، ئۇنىڭ مېنى تىللىغانلىقىدۇر. مەن بولسام بىر اللە دۇرمەن. ھەممىسى ماڭا موھتاجدۇر. مەن بالا تاپمىدىم ۋە (باشقا بىرسىدىن) تۇغۇلمىدىم. ھېچ كىشى ماڭا تەڭداش بولالمايدۇ».

الله تائالاغا شۈكۈرلار بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئىخلاسنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 26 ــ 27 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە سەففات 158 ــ 159 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە فەلەق 5 ئايەت

سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنىڭ تەپسىرى

## فەلەق بىلەن ناس سۈرىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇدنىڭ كۆزقارىشى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد زەر ئىبنى ھەبەشنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇبەي ئىبنى كەئبكە: ئىبنى مەسئۇد فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئۆز ئالدىغا يازغان قۇرئانغا يازماپتۇ، دېدىم. ئۇبەي ئىبنى كەئب: مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى خەۋەر بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئوقۇغاننى (يەنى ئۇ ئوقۇغان سۈرىلەرنى) ئوقۇيمىز، دېدى.

## بۇ ئىككى سۈرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام مۇسلىم ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ كېچە ئوخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئايەتلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ئۇ بولسىمۇ) فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىدۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنى بىر ئۆڭكۈردە يېتىلىۋالغان ئىدىم. توساتتىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇقبە سەنمۇ مىنمەمسەن؟» دېدى. مەن: گۇناھ بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام (ئۇلاغدىن) چۈشۈپ بەردى. مەن (ئۇلاغقا) ئازراققىنا مىندىم. ئاندىن يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مىندى. بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇقبە! مەن ساڭا كىشىلەر ئوقۇغان سۈرىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى بولغان ئىككى سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىل، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن نامازنىڭ ۋاقتى كېلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى ۋە نامازدا بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يېنىمدىن ئۆتۈۋېتىپ: «ئى ئۇقبە! قانداقراق ئىكەن. سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قېتىم ئوخلىماقچى بولغان چېغىڭدا ۋە ئۇيقىدىن ئويغانغان چېغىڭدا ئوقۇغىن» دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلدى.

www.munber.org

نەسائى ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن كىشىلەر سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناس بىلەن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەندەك بىرەر نەرسە بىلەن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەپ باقمىدى».

نەسەئى ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇقبە! ئوقۇ» دېدى. مەن: نېمىنى ئوقۇيمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن يەنە: «ئوقۇ» دېدى. مەن ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىنى ئوقۇيمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «”سۈرە فەلەقنى“ ئوقۇ» دېدى. مەن ئۇنى تاكى ئاخىرىغىچە ئوقۇدۇم. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئوقۇ» دېدى. مەن: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىنى ئوقۇيمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «”سۈرە ناسنى“ ئوقۇ» دېدى. مەن ئۇنىمۇ تاكى ئاخىرىغىچە ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش (بىر نەرسە بىلەن ئاللاھ تائالادىن) بىرەر نەرسە سوراپ باقمىغان ۋە بىر كىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش (بىر نەرسە بىلەن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ) پاناھ تىلەپ باقمىغان» دېدى.

نەسەئى ئىبنى ئابىس جۇھەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئىبنى ئابىس مەن سېنى ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەرسىگە باشلاپ قويمايمۇ؟» دېدى. ئۇ: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىل، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناستىن ئىبارەت ئىككى سۈرە (ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەرسىدۇر)» دېدى.

ئىمام مالىك ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالسا، بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ ئۆزىگە يۈرەتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ قالغاندا، بۇلارنى مەن ئوقۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىگە يۈرۈپ قوياتتىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇ سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرى تېگىپ قېلىشتىن (باشقا دۇئالار بىلەن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ) پاناھ تىلەيتتى. سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس چۈشكەن ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى سۈرە بىلەن پاناھ تىلەپ بۇ ئىككى سۈرىدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن پاناھ تىلەشنى تاشلىدى. بۇ ئەسەرنى تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ﴿١﴾ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ﴿٢﴾ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ﴿٣﴾ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ
فِى ٱلْعُقَدِ ﴿٤﴾ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

www.munber.org

***«مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (اللە)غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن*** [5 - 1].

**﴿مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن (سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (اللە)غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن)﴾**
يەنى ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن اللە تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. سابىت بانانى ۋە ھەسەن بەسرى: جەھەننەم، ئىبلىس، شەيتان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى شۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دېدى.

**﴿قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن (سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (اللە)غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن)﴾** مۇجاھىد: بۇ قاراڭغۇلۇقتىن كۈن كىرىپ كەتكەندە پەيدا بولىدىغان كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇ قاراشنى ئىمام بۇخارى مۇجاھىددىن رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئەبۇنۇجەيھمۇ مۇجاھىدنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، زاھھاك، خۇسەيف، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار: بۇ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىدۇر، دېدى.

زۆھرى: بۇ، كۈن كىرىپ كەتكەندە پەيدا بولىدىغان قاراڭغۇلۇقتۇر، دېدى. ئەبۇلمەھزەم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ: بۇ، يۇلتۇز كىرىپ كەتكەندە پەيدا بولىدىغان قاراڭغۇلۇقتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى زەيد: ئەرەبلەر ئۈركەر يۇلتۇز ئولتۇرسا قاراڭغۇ چۈشتى دەيتتى، (چۈنكى) كېسەل ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر بۇ يۇلتۇز ئولتۇرغاندا كۆپ بولۇپ، چىققاندا بولمايتتى، دېدى.

ئىبنى جەرىر باشقا ئالىملار: بۇ، ئاي كىرىپ كەتكەندە پەيدا بولىدىغان قاراڭغۇلۇقتۇر دەيدۇ، دېدى.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس بۇلارنىڭ دەلىلىدۇر. ئىمام ئەھمەد ھارىس ئىبنى ئەبۇسەلەمەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، ئاي چىققاندا ماڭا ئاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سىز بۇ ئاي كىرىپ كەتكەندە پەيدا بولىدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ يامانلىقلىرىدىن اللە تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭ» دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

**﴿تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (اللە)غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾** مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: بۇنىڭدىن سېھىرگەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مۇجاھىد: بۇنىڭدىن تۈگۈنلەرگە دەم سالغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: مەن ساڭا ئەزىيەت بەرگەن ھەرقانداق كېسەلدىن، بارلىق ھەسەتخورنىڭ ھەسىتىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە كۆزى يامانىنىڭ (كۆزنىڭ) يامانلىقلىرىدىن اللە تائالانىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا دەمدە سالىمەن، (لېكىن) شىپا اللە تائالادىندۇر، دېدى.

www.munber.org

## پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سېھىر قىلىنغاندا، ھەتتا ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلمىسىمۇ ئۆزىنى ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدىم دەپ گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. سۇفيان: ئەگەر ئىش شۇنداق بولغان بولسا، بۇ ئەڭ قاتتىق سېھىر قىلىنغانلىقتىندۇر، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! سىز الله تائالانىڭ ماڭا مەن الله تائالادىن سورىغان نەرسىنى بەرگەنلىكىنى بىلمىدىڭىزمۇ؟[1] قېشىمغا ئىككى كىشى كېلىپ، بىرى بېشىمدا، يەنە بىرى ئايىغىمدا ئولتۇردى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى ئايىغىمدا ئولتۇرغىنىغا: بۇ ئادەمنىڭ ھالى قانداق؟ دېدى. ئايىغىمدا ئولتۇرغىنى: بۇ سېھىر قىلىنىپتۇ، دېدى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى: ئۇنىڭغا كىم سېھىر قىلىپتۇ؟ دېدى. ئايىغىمدا ئولتۇرغىنى: لەبىد ئىبنى ئەئسەم، دېدى. ئۇ زۇرەيق جەمەتىدىن بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بىر مۇناپىق ئىدى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى: سېھىرنى نېمىگە قىلىپتۇ؟ دېدى. ئايىغىمدا ئولتۇرغىنى: تاغاق بىلەن (باش تارىغاندا چۈشكەن) چاچقا، دېدى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى: ئۇ (يەنى تاغاق بىلەن چاچ) قەيەردە؟ دېدى. ئايىغىمدا ئولتۇرغىنى: ئۇ خورمىنىڭ ئەركەك چېچىكىنىڭ بەرگىسىگە يۆگەپ زەرۋان قۇدۇقىدىكى تاشنىڭ ئاستىدا قويۇلغان، دېدى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇ قودۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى چىقىرىپ: «مەن كۆرسىتىلگەن قۇدۇق مانا مۇشۇ، ئۇنىڭ سۈيى خۇددى خېنە ئارىلاشتۇرۇلغاندەكتۇر ۋە ئۇنىڭ خورمىلىرى (يەنى ئۇ قۇدۇقنىڭ سۇلىرىدا سۇغىرىلغان خورمىلار) خۇددى شەيتانلارنىڭ بېشىدەك» دېدى. ئۇ نەرسىلەر (قۇدۇقتىن) چىقىرىپ ئېلىندى. مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: (بۇنىڭغا ئوقۇلغان سېھىرنى) قايتۇرمامسەن؟ دېدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «الله ماڭا شىپالىق بەردى. مەن بىرەر كىشىنىڭ ئۈستىدىن (پالانى ماڭا سېھىر قىلىپتۇ دەپ) يامانلىق تارقىتىشنى يامان كۆرىمەن» دېدى.

الله تائالاغا شۈكۈرلار بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۇرە فەلەقنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

[1] پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام الله تەئالا دىن ئۆزىگە كىمنىڭ سېھىر قىلغانلىقىنى ۋە سېھىرنى نېمىگە قىلغانلىقىنى بىلىشنى سورىغان.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ناس | 6 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ﴿١﴾ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ﴿٢﴾ إِلَـٰهِ ٱلنَّاسِ ﴿٣﴾ مِن شَرِّ ٱلْوَسْوَاسِ ٱلْخَنَّاسِ ﴿٤﴾
ٱلَّذِى يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ ٱلنَّاسِ ﴿٥﴾ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴿٦﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰﻪ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (اللّٰﻪ) غا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن***[1 - 6].

پەرۋەردىگارلىق، پادىشاھلىق ۋە ئىلاھلىق بولسا، اللّٰﻪ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ سۈپەتتۇر. اللّٰﻪ تائالا ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھىدۇر ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ئىلاھىدۇر. بارلىق نەرسىلەر اللّٰﻪ تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر، اللّٰﻪ تائالانىڭ مۈلكىدۇر ۋە ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلغۇچىدۇر.

اللّٰﻪ تائالا (بۇ سۈرىدە) پاناھ تىلىگۈچىلەرنى مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن اللّٰﻪ تائالاغا سېغىنىپ ئىنسلارغا ۋەكىل قىلىنغان شەيتاننىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىدى. چۈنكى، ھەر بىر ئىنساننىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان (شەيتاندىن) ئۇنىڭ بىر يېقىنى بولىدۇ. ئۇ ئىنساننى ھالاكەتكە تاشلاشتا بوش تۇرمايدۇ. اللّٰﻪ تائالا ساقلاپ قالغان كىشىلا ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئىمام مۇسلىم مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر شەيتان ۋەكىل قىلىندى» دېدى. ساھابىلار: ئى اللّٰﻪ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭىمۇ شۇنداق قىلىندىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەئە، لېكىن اللّٰﻪ تائالا ئۇ شەيتانغا قارشى ماڭا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەيتان مۇسۇلمان بولدى. ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەفىيەنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىتىكاپ قىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنى يوقلاپ كەلگەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن چىققاندا، ئەنسارلىق ئىككى كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئۇچراپ قېلىپ (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە) ئالدىراپ ماڭغان چاغدىكى قىسسىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالدىرىماڭلار، بۇ ئايالىم (ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىيە) بولىدۇ» دېدى. ئۇ ئىككىسى: سۇبھانالللا، ئى اللّٰﻪ نىڭ پەيغەمبىرى! سەندىنمۇ گۇمان قىلامدۇق؟

www.munber.org

دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ قېنى ماڭىدىغان يەردىن ماڭىدۇ. مەن شەيتاننىڭ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا يامان خىيال تاشلىشىدىن قورقتۇم» دېدى.

﴿**يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتان ئىنساننىڭ دىلىدا مەھكەم ئورۇن ئالغۇچىدۇر. ئەگەر ئىنسان شۇنداق غەپلەتتە قالسا، شەيتان ۋەسۋەسە قىلىشنى باشلايدۇ. ئەگەر ئىنسان الله تائالانى ياد ئەتسە، شەيتان يوشۇرۇنىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

مۇئتەمەر ئىبنى سۇلايمان دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ۋەسۋەسە سالغۇچى شەيتان ئىنسان غەمكىن ياكى خۇشال بولغاندا ئۇنىڭ دىلىغا پۈۋلەيدۇ. ئەگەر ئىنسان الله تائالانى ياد ئەتسە، ئۇ يوشۇرۇنىۋالىدۇ. ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ (يامانلىققا) بۇيرۇيدىغان شەيتاندۇر. (كىشىلەر ئۇنىڭغا) بويسۇنسا، ئۇ يوشۇرۇنىۋالىدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿**كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش باردۇر.

بىرىنچى خىل كۆزقاراش: بۇ كىشىلەردىن پەقەت ئىنسانلارلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

ئىككىنچى كۆزقاراش بولسا: ئايەتتىكى ”كىشىلەر“ دېگەن سۆز جىن ۋە ئىنسانلارغا ئومۇمىيدۇر، جىنلار شۇ كىشىلەر دېگەن سۆزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، دېگەن كۆزقاراشتۇر.

ئىبنى جەرىر: جىنلارغا (ۋەسۋەسە سېلىش ئۈچۈن) بەزى جىنلار ۋەكىل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولغاندا جىنلارنى ئايەتتىكى ”كىشىلەر“ دېگەن سۆزنىڭ ئىچىدە بار دېيىش خاتالىق بولمايدۇ، دېدى.

الله تائالانىڭ: ﴿**جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل كۆزقاراش باردۇر.

بىرىنچى خىل كۆزقاراش: ئۇ ئايەت الله تائالانىڭ: ﴿**كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى دىللىرىغا (شەيتان تەرىپىدىن) ۋەسۋەسە سېلىنغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتۇر، دېگەن كۆزقاراشتۇر. (بۇ قاراشقا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن، دېگەنلىك بولىدۇ). بۇ قاراش بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئايەتتىكى ”كىشىلەر“ دېگەن سۆز جىن ۋە ئىنسانلارغا ئومۇمىيدۇر، جىنلار ”كىشىلەر“ دېگەن شۇ سۆزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، دېگەن ئىككىنچى قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى كۆزقاراش: الله تائالانىڭ: ﴿**جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان**﴾ دېگەن ئايىتى ئۇنىڭ: ﴿**كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى ۋەسۋەسە سالغۇچى شەيتاننىڭ كىملەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلدى، دېگەن كۆزقاراشتۇر. (بۇ قاراشقا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن، دېگەنلىك بولىدۇ) بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىگە ۋەسۋەسە

www.munber.org

قىلىدۇ﴾[1] (يەنى اﷲ تائالا مانا بۇ ئايەتتە شەيتانلارنىڭ ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى).

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن كۆڭلۈمدە بىر نەرسىنى ئويلايمەن، مېنىڭ ئۇ سۆزنى سۆزلىگىنىمدىن ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكىنىم (مەن ئۈچۈن) ياخشىراق، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «اﷲ تائالا كاتتىدۇر، اﷲ تائالا كاتتىدۇر، شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ۋەسۋەسىگە قايتۇرغان اﷲ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

اﷲ تائالاغا يۈز مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. اﷲ تائالا قىلغان ئىشىمىزغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خەيرلىك نەتىجىلەرنى ئاتا قىلغاي ـ ئامىن!

---

[1] سۈرە ئەنئام 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# تەپسىردىكى بەزى شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەجىمىھالى تونۇشتۇرۇلۇشى

## ئا

### ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ــ âÀG3 ¢bã !ãÆG3

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىب ئەلقۇرەشى ئەلھاشىمى، (ئەبۇل ئابباس)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، (قۇرئاننىڭ تەرجىمانى) ۋە (ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالىمى) دەپ نام ئالغان كاتتا ساھابە، مەككىدە تۇغۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن داۋاملىق بىللە بولۇپ دىن ئەھكاملىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، سەھىھ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان، كېيىن تائىفقا جايلىشىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە جەمەل ۋە سىففىين جەڭلىرىگە قاتناشقان، ھەدىس كىتابلىرىدا 1660 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، بىر كۈن فىقھى، بىر كۈن تەپسىر، بىر كۈن تارىخ بىر كۈن شېئىر، بىر كۈن غازاتلار تارىخى قىلىپ دەرس بەرگەن، ھەزرىتى ئۆمەرگە بىرەر قىيىن مەسىلە دۇچ كەلسە ئىبنى ئابباسنى چاقىرىپ بۇنداق مەسىلىلەرنى سەن بىر تەرەپ قىلىسەن دەپ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى، ئەستە تۇتۇشتا ئىنتايىن تالانتلىق بولۇپ 80 بېيتلىق بىر قەسىدىنى بىر ئاڭلاپ يادلىۋالغان، ئۆلۈكلىرىگە قوشاق قېتىپ يىغلىغان ئاياللارنى كۆرسە قوشاقلىرى ماڭا يادا بولۇپ قالمىسۇن دەپ قۇلىقىنى ئېتىۋالاتتى، تەپسىردە ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنىپ بىر كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ ئۇنى بەزى ئەھلى ئىلىملەر مۇپەسسىرلەرنىڭ ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان قاراشلىرىنى توپلاپ تۈزگەن، قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا (مەككە مەدرىسىسى) نىڭ ئاساسچىسى. ھىجرەتتىن 3 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 619 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ ھىجرىيەنىڭ 68 ـ يىلى (مىلادىيە 687 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ــ ãzĤÊŋ ¢bã !ãÆG3

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئىبنى غافىل ئىبنى ھەبىيب ئەلھۇزەلى، (ئەبۇئابدۇرراھمان)، دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان مەككىلىك كاتتا ساھابە، مەككىدە بىرىنچى بولۇپ قۇرئاننى ئۈنلۈك تىۋلاپ ئوقۇغان زات، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە، سەپەرىدە ۋە غازاتلىرىدا خىزمىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتلىك ۋە سىرلىرىنى ئامانەتلىك بىلەن ساقلىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرەلەيتتى، داۋاملىق بىللە يۈرەتتى، ھەزرىتى ئۆمەر بىر كۈنى ئۇنىڭغا قاراپ: ”ئىلىم بىلەن توشقان كۈپ“ دېگەن. ئاتاقلىق قارىي ۋە كاتتا مۇپەسسىر فەقىھ، فىقھىدا ئىمام ئەبۇھەنىيفە ۋەكىللىك قىلغان (كۇفە مەدرىسىسى) نىڭ ئاساسچىسى، تەپسىردىمۇ كۇفە مەدرىسىسىنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. 848 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيە 32 ـ يىلى (مىلادىيە653 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ــ Àtb3 ¢bã !ãÆG3

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب ئەلئەدەۋى، (ئەبۇئابدۇرراھمان)، ساھابە، ئىسلام تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، ئاتىسى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، 60 يىل پەتىۋا بەرگەن، ھەدىس ۋە

www.munber.org

فىقھىدا يېتىلگەن ئالىم، زاھىدلىق بىلەن تونۇلغان، مىڭدىن كۆپرەك قۇلنى ئازاد قىلغان، 2630 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندە بەزىلەر ئۇنى خەلىپىلىككە سايلايلى دېگەندە رەت قىلغان، ئافرىقىغا ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلغان، مەككىدە ۋاپات بولغان ئاخىرقى ساھابە. ھىجرەتتىن 10 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 613 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيەنىڭ 73 ـ يىلى (مىلادىيە 692 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ــــ ŞÀŧ3 ɷæ ! åÆG3

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەلئاس ئەسسەھمى ئەلقۇرەشى، ساھابىلار ئىچىدە يېتىشكەن ئالىملاردىن بىرى، ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن تونۇلغان، (تۆت ئابدۇللاھ) نىڭ بىرى، جاھىلىيەتتە يېزىشنى ۋە سىريانى تىلىنى بىلەتتى، ئاتىسىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۆزلىرىنى يېزىشقا رۇخسەت سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ رۇخسەت قىلغان، ئۇ ئىبادەتنى قاتتىق قىلاتتى، ئۇرۇش ـ جەڭلەرگە كۆپ قاتنىشاتتى، ئىككى قىلىچ ئوينىتاتتى، ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن كۇفەگە قىسقا بىر مۇددەت ۋالىي بولغان، يەزىد خەلىپە بولغاندا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشنى رەت قىلىپ ئەسقەلان دېگەن جايدا ئىستىقامەت قىلغان، 700 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرەتتىن 7 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 616 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيەنىڭ 65 ـ يىلى (مىلادىيە 684 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ــــ KæÂöä ɷæ ! åÆG3 (ھىجرىيە 1 ــــ 73 مىلادىيە 622 ــــ 692)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئەلقۇرەشى، (ئەبۇبەكرى)، قەھرىمان ساھابىلارنىڭ بىرى، زامانىدىكى قۇرەيش پەھلىۋانى، ھىجرەتتىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ مەدىنىدە تۇغۇلغان پەرزەنت، خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە ئافرىقىنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان، ھىجرىيەنىڭ 64 ـ يىلى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھىجازدا خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغان، 9 يىل خەلىپە بولۇپ مىسىر، ھىجاز، يەمەن، خۇراسان، ئىراق ۋە شامنىڭ كۆپ يەرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مەدىنىنى پايتەخت قىلغان، ئۇمەۋىيلار دۆلىتى بىلەن كۆپ جەڭ قىلغان، ئاخىرى ھەججاج تەرىپىدىن مەككىدە ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇ قۇرەيشىنىڭ پاساھەتلىك سۆزمەنلىرىدىن ئىدى، بىرىنچى بولۇپ يۇمۇلاق تەڭگە پۇل سوقتۇرغان، ھەدىس كىتابلىرىدا 33 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ــــ Ì HÙDZ ɷæ ! å ÆG3

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئىبنى رىئاب ئىبنى يەئمۇر ئەلئەسەدىي، دەسلەپتە مۇسۇلمان بولغان ساھابىلاردىن، باشتا ھەبەشكە كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، قوشۇنلارغا قوماندان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇل مۇئمىنىن زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر تۇغقىنى، ئوھۇد جېڭىدە (يەنى ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى) شېھىت بولغان، ھەزرىتى ھەمزە بىلەن بىر قەبرىگە دەفنە قىلىنغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىير ــــ KǰÕ ɷæ ! åÆG3 (ھىجرىيە 45 ــــ 120 مىلادىيە 665 ــــ 738)

ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىير ئەددارى ئەلمەككى، (ئەبۇسەئىد)، مەشھۇر يەتتە قارىلارنىڭ بىرى، مەككىدە قازى بولغان، ئەسلى پارستىن، مەككىدە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان ــــ JÀ3ÆDZ ɷæ ! åÆG3

www.munber.org

ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان ئەتتەيمى، جاھىلىيەت دەۋرىدە تونۇلغان سېخىلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن كۆرگەن.

### ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە — Ĝǵäşø ǿǿ ! ăǼǴ3

ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئىبنى سەئلەبە ئەلئەنسارى ئەلخەزرەجى، (ئەبۇمۇھەممەد)، كاتتا شائىر ۋە قوماندان ساھابە، جاھىلىيەت دەۋرىدە خەت يېزىشنى بىلەتتى، ئەقەبە بەيئىتىدە 12 ۋەكىلنىڭ بىرى، بەدر ۋە ئۇھۇد قاتارلىق كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر غازاتقا چىققاندا ئۇنى مەدىنىدە ئورنىدا قويغان، قازا قىلغان ئۆمرىگە ئۇنى بىللە ئېلىپ بارغان، ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى مۇئتە غازىتىدا ھەزرىتى زەيد ۋە ھەزرىتى جەئفەردىن كېيىن شېھىت بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە — gǼΛÄæ ǿǿ ! ă ǼǴ3 (ھىجرىيە 14 — 115 مىلادىيە 635 — 733)

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە ئىبنى ئەلھەسىيب ئەلئەسلەمىي، (ئەبۇ سەھل)، قازى، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى كۇفەدە تۇغۇلۇپ مەرۋىگە قازى بولغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك — ÖøÄǴţă ǿǿ ! ăǼǴ3 (ھىجرىيە 118 — 181 مىلادىيە 736 — 797)

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىبنى ۋازىھ ئەلھەنزەلى ئەلمەرۋەزى، (ئەبۇئابدۇرراھمان)، خۇراسانلىق، شەيخۇل ئىسلام، ھۆججەت نامىنى ئالغان ھەدىسشۇناس ئالىم، دىيانەتتى ۋە پەزىلەتتى بىلەن تونۇلغان كاتتا زات، تىجارەتچى مۇجاھىد، ئۆمرىنى ھەج، جىھاد ۋە ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن سەپەر قىلىپ ئۆتكۈزگەن، سېخىلىق ۋە شىجائەتتى بىلەن تونۇلغان، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ شاگىرتى، بىرىنچى بولۇپ ”ئەلجىھاد“ كىتابىنى يازغان كىشى، يەنە ”ئەررەقائىق“ نى يازغان.

### ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل — ÖÄ8ŋ ǿǿ ! ăǼǴ3

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل ئەلمۇزەنى، ساھابە، ھەزرىتى ئۆمەر تەرىپىدىن بەسرە شەھىرىگە دىننى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئون ئالىمنىڭ بىرى، ھەدىس كىتابلىرىدا 43 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيە 57 ـ ياكى 60 ـ يىلى (مىلادىيە677 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئابدۇ شەمس — È5 ǼǴ3

قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئابدۇ شەمس جەمەتى.

### ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف — 8ʐ3 ǿǿ ǿþÄöăǼǴ3

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئىبنى ئابدۇ ئەۋف ئىبنى ئابدۇلھارىس ئەززۇھرى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇمۇھەممەد)، كاتتا ساھابە، بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان ئاقىل، قەيسەر ۋە سېخى زات، جەننەت بىلەن بېشارەتلەنگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى، ھەزرىتى ئۆمەر تاللىغان ئالتە كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بىرى، ئىسمى ئابدۇل كەئبە ياكى ئەبدۇ ئەمرۇ بولۇپ ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئابدۇرراھمان دەپ ئاتىغان، مۇسۇلمان بولۇپ بەدر، ئۇھۇد ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، ئۇھۇد كۈنى يارىلانغان،

www.munber.org

ئاللاھ يولىدا كۆپ پۇل خەجلىگەن باي تىجارەتچى بولۇپ بىر كۈندە ئوتتۇز قۇلنى ئازاد قىلىۋەتكەن، بىر قېتىم 700 تۆگىلىك بۇغداي ۋە ئوزۇق-تۈلۈك يۈتكىگەن پۈتۈن بىر كارۋاننى سەدىقە قىلغان، تەبۇك غازىتىغا قاتنىشىدىغان قوشۇننىڭ يېرىمىنى تەييارلىغان، ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئاللاھ يولىدا 50 مىڭ ئات ۋە 50 مىڭ تىللا سەدىقە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان، 65 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرەتتىن 44 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 58 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ مەدىنىدە ھىجرىيە 32 ـ يىلى (مىلادىيە 652 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ــ ĵäŜÄņ ďŇ ŎŸţĭ ÆĞ3 (ھىجرىيە 26 ــ 86 مىلادىيە 646 ــ 705)

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەم ئەلئۇمەۋىي ئەلقۇرەشىي، (ئەبۇل ۋەلىيد). سىياسەتچى شۇنداقلا مەشھۇر خەلىپىلەرنىڭ بىرى، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ بىلىملىك، ئىبادەتگۈي چوڭ بولغان، 16 يېشىدا خەلىپە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەدىنىگە ئەمىر بولغان، ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلىپىلىك 65 ـ يىلى ئۇنىڭغا يۆتكەلگەن. قابىلىيەتلىك، كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك ۋە كەسكىن بولغاچقا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغان ئۇنىڭ دەۋرىدە بارلىق دۆلەت پۈتۈكلىرىنى پارسچە ۋە رىمچىدىن ئەرەبچىگە يۆتكىگەن، ھەرپلەر چېكىت ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن مۇقىملالغان، ئۇ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى بولۇپ تىللا سوقتۇرغان، تەڭگىگە ئەرەبچە نەقىش ئويدۇرغان خەلىپە ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا: مۇئاۋىيە كەڭ قورساق، ئابدۇلمەلىك كەسكىن دېيىلگەن، ئىمام شەئبىي مۇنداق دەيدۇ: "قايسىبىر كىشى بىلەن سۆھبەتلەشسەم مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم ئۇنى بېسىپ چۈشىدۇ، پەقەت ئابدۇلمەلىك بىلەن سۆھبەتلەشسەملا مەيلى ھەدىس مەيلى شېئىر بولسۇن ھەرقانداق تېمىدا ئۇ مەندىن ئارتۇق بىلىدۇ". ئۇ ئۈزۈكىگە: "ئىخلاسىم بىلەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۈم" دەپ نەقىش ئويدۇرغان، دەمەشقتە ۋاپات بولغان.

## ئاسىيە ــ ĞŧèŬ

پىرئەۋننىڭ ئايالى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن پىرئەۋن تەرىپىدىن قىيناپ شېھىت قىلىنغان.

## ئاممار ئىبنى ياسىر ــ øÅŧ3

ئاممار ئىبنى ياسىر ئىبنى ئامىر ئەلكىنانى، (ئەبۇل يەقزان)، كاتتا ساھابە، بۇرۇن ئىسلامغا كىرىپ ئىسلامنى ئېلان قىلىپ ئازابلانغانلاردىن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، بەدرى ۋە باشقا نۇرغۇن غازاتلارغا قاتناشقان مۇشاۋىر ۋە قەيسەر زات، بىرىنچى بولۇپ ئىسلامدا قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلغان كىشى، خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن كۇفەگە ۋالىي بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەتتەييىب ئەلمۇتەييەب» دەپ نام بەرگەن، سىففىين جېڭىگە ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە قاتنىشىپ 93 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن، 62 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرەتتىن 57 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 567 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيە 37 ـ يىلى (مىلادىيە 657 ـ يىلى) سىففىين جېڭىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئامىر ئەششەئبىي ــ ƑȞÎöä ÀņÅ3 (ھىجرىيە 19 ــ 103 مىلادىيە 640 ــ 721)

ئامىر ئىبنى شەراھىيل ئىبنى ئابدۇ زى كىبار ئەلھەمەدانى ئەششەئبى، (ئەبۇئەمرۇ)، تابىئىيلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئالىملىرىدىن ئىدى، 48 ساھابىدىن ئىلىم ئالغان، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئىنتايىن

www.munber.org

يۇقىرى بولۇپ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان، كۇفەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، خەلىپە ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئەلچى بولۇپ رىمغا بارغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن قازىلىققا تەيىنلەنگەن. كۇفەدە ۋاپات بولغان.

## ئائىشە ـ ĞÎǝÅʒ

ئائىشە: ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى، ئۇممۇل مۇئمىنىين، ئىسلام ئۇممىتىدىن چىققان دىن ۋە ئەدەبىيات جەھەتتە ئەڭ بىلىملىك ئايال، پاساھەت ۋە بىلىم بىلەن تونۇلغان، خۇتبە ۋە سۆزلىرى مەشھۇر، ھەرقانداق بىر ئەھۋالدا مۇناسىپ شېئىر ئوقۇيالايتتى، ساھابىلار ئۇنىڭدىن دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىنەتتى، (ئۇممۇ ئابدۇللاھ) دەپ كۇنىيە قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى توي قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى خەدىجەدىن كېيىنكى ئەڭ ئامراق ئايالى، **2210** ھەدىس رىۋايەت قىلغان، خەلىپە ئوسماننى سىياسىي جەھەتتىن تەنقىد قىلغان، كېيىن ھەزرىتى ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان، تۆگە مەۋقەسى دەپ ئاتالغان جەڭگە قوماندانلىق قىلغان، ھىجرەتتىن **9** يىل ئىلگىرى (مىلادىيە **613** ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيە **58** ـ يىلى (مىلادىيە **678** ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

## ئە

## ئىمام ئەبۇھەنىيفە ــ ĞÀĦÁǵ ʐæÜ (ھىجرىيە 80 ــ 150 مىلادىيە 699 ــ 767)

ئىمام ئەبۇھەنىيفە: نۇئمان ئىبنى سابىت ئەتتەيمى ئەلكۇفى، مۇجتەھىد فەقىھ، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھەب ئىمامى، كۇفە شەھىرىدە ياشىغان، ئەسلى پارس دەپ قارالغان، ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا گەزمال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن ئوقۇتۇش ۋە پەتىۋا بېرىش بىلەن بولغان، سۆز قابىلىيىتى كۈچلۈك، سېخى ۋە كېلىشكەن كىشى ئىدى، شاگىرتلىرى ”ئەلمۇسنەد“ دېگەن كىتابتا ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى توپلىغان، ”ئەلمەخارىج“ دېگەن كىتابنى شاگىرتى ئەبۇيۇسۇف ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلغان، ”ئەلفىقھۇل ئەكبەر“ ناملىق كىتاب ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان، ئىراق ۋالىيسى ئۇنى قازىلىققا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، تەقۋادارلىقىدىن قازىلىق مەنسەپىنى رەت قىلغان، كېيىن يەنە خەلىپە مەنسۇر تەرىپىدىن قازى بولۇشقا زورلانغان بولسىمۇ رەت قىلىپ تۇرىۋالغاچقا ۋاپاتىغىچە تۈرمىگە سولانغان. باغدادتا ۋاپات بولغان.

## ئىمام ئەبۇداۋۇد ــ ášäá ʐæÜ (ھىجرىيە 202 ــ 275 مىلادىيە 817 ــ 889)

ئىمام ئەبۇداۋۇد: سۇلايمان ئىبنى ئەل ئەشئەس ئىبنى ئىسھاق ئىبنى بەشىير ئەلئەزدى ئەسسىجىستانى، (ئەبۇداۋۇد)، مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن، تونۇلغان ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ بىرى بولغان ”سۇنەنى ئەبۇداۋۇد“ تا **4800** ھەدىس توپلىغان. يەنە ”ئەلمەراسىل“، ”كىتابۇززۇھد“، ”ئەلبەئس“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

## ئەبۇ كۇرەيب ــ ÆĒΛȀŌ ʐæÜ

www.munber.org

ئەبۇ كۇرەيب، ئىسمى: جەمىل ئىبنى كۇرەيب ئەلمۇئافىري، (ئەبۇ كۇرەيب)، پەزىلەتلىك قازىلارنىڭ بىرى، تۇنىستا ياشىغان، قايراۋاندا شەھىرىگە قازىلىق قىلغان.

ئەبۇنەسر ـــ ɃKÎŐöä ÀÔφ ʐǟǕ

ئەبۇنەسىر ئەلقۇشەيرى، ئابدۇرەھىيم ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ھاۋازەن ئەلقۇشەيرى، نىيشاپۇر ئالىملىرىدىن، ۋەز ـ نەسىھەتلىرى بىلەن داڭق چىقارغان، ”ئەلماقامات ۋەلئاداب“ نى يازغان، ھىجرىيە 514 ـ يىلى (مىلادىيە 1120 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ئەبۇھەججاج ئەلمىززى ـــ ɃÂʈä ǮǺDzΣä ʐǟǕ (ھىجرىيە 654 ـــ 742 مىلادىيە 1256 ـــ 341)

ئەبۇل ھەججاج ئەلمىززى، يۇسۇف ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى يۇسۇف، جامالۇددىن، ئۆز زامانىدىكى شام مۇھەددىسى، لۇغەت ۋە ھەدىس ئىلمىدە يېتىشكەن ئالىم، 34 تومدا بېسىلغان ”تەھزىيبۇلكامال في ئەسمائىررىجال“، يەنە ”تۇھفەتۇل ئەشراف“، ”ئەلمەنھەجۇل ئەھمەد“ قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

ئەبۇئۇبەيدە ئىبنۇل جەرراھ ـــ dzäÀƨä ȸæ gÆɆǤɜ ʐǟǕ

ئەبۇئۇبەيدە ئىبنۇل جەرراھ، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنۇل جەرراھ ئىبنى ھىلال ئەلفەھرى ئەلقۇرەشى، ساھابە، شام دىيارىنى فەتھى قىلغان ھەربى قوماندان، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، (ئەمىينۇل ئۇممە) دەپ نام ئالغان، بۇرۇن ئىسلامغا كىرىپ بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىشانىسگە تەككەن ئوقنى چىشى بىلەن چىشلەپ چىقارغاندا ئالدى ئىككى چىشى چۇشۇپ كوماك بولۇپ قالغان، ھىجرىيەنىڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 639 ـ يىلى) ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەبۇبۇردە ـــ gǻÀæ ʐǟǕ

ئەبۇبۇردە، ئامىر ئىبنى ئەبى مۇسا ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس ئەلئەشئەرى، تابىئى، كۇفەنىڭ قازىسى، ھىجرىيە 103 ـ يىلى (مىلادىيە 721 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ئەبۇ جەئفەر ئەررازىي ـــ ɃäȁÀöä ÀȦȞDZ ʐǟǕ

مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىيم ئىبنى مۇھەممەد، ئەبۇ جەئفەر ئەررازىي، ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ كاتتىسى، ئەسلى رەي شەھىرىدىن بولۇپ مەۋسىل شەھرىدە تۇرۇپ نام چىقارغان، فىقھىدا بىرقانچە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئەبۇشۇرەيھ ـــ ɃşǼȞöä ǴɅÀȉ ʐǟǕ

ئەبۇشۇرەيھ ئەلخۇزائىي ئەلئەدەۋى، ئىسمى خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرۇ، مەككە فەتھىدە بايراق كۆتەرگەن ساھابە، ھىجرىيە 68 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئەبۇمۇسا ـــ ʔȅʐɳ ʐǟǕ

www.munber.org

ئەبۇ مۇسا ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس ئىبنى سەلىيم ئەلئەشئەرى، كاتتا ساھابە. ھىجرىيەنىڭ 42 ـ ياكى 44 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## ئەبۇرىغال ــ öÀdø zäü

ئەبۇرىغال: قىسىي ئىبنى مۇنەببىھ ئىبنى ئەننۇبەيت ئىبنى يەقدۇم، (ئەبۇرىغال)، جاھىلىيەتتە ئۆتكەن بىر شەخس، ئىسمى ۋە نەسەبى ھەققىدە خىلمۇخىل سۆزلەر بولغان، بەزىلەر ئۇنى ئەپسانىۋي شەخس بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك دەپ قارىغان، ھەبەشلەر مەككىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇ ھەبەشلەر قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى بولغان ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە ھالاك بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتكەندە قەبرىسىگە تاش ئاتقان بولغاچقا ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتكەندە تاش ئېتىش سۈننەت بولۇپ قالغان دېيىلگەن، ھىجرەتتىن 50 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 575 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئەبۇئەمرۇ ئەددانى ــ ÒäÆöä Àtʒ zäü (ھىجرىيە 371 ــ 444 مىلادىيە 981 ــ 1053)

ئەبۇئەمرۇ ئەددانى، ئوسمان ئىبنى سەئىيد ئىبنى ئوسمان، ئەندەلۇستىكى دانىيەدىن، تەپسىر، قىرائەتلەر ۋە ھەدىس ئىلمىدە يېتىشكەن كاتتا ئالىم، يازغان ئەسەرلىرى يۈزدىن ئاشىدۇ، يەتتە خىل قىرائەتتە (ئەتتەيسىير) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار.

## ئەبۇئەسۋەد ــ áʐè j ä zäü

ئەبۇل ئەسۋەد ئەددۇئەلى: ئىسمى زالىم ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى سۇفيان ئىبنى جەندەل ئەددۇئەلى، تابىئىي، لۇغەتشۇناس، ھازىر جاۋاب ئەدەبىياتچى فۇقەھالاردىن، بەزىلەر ئۇنى نەھۋى ئىلمىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارىغان، خەلىپە ئۆمەر زامانىدا بەسرىگە جايلاشقان، خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب تەرىپىدىن بەسرىگە ئەمىر بولغان ۋە خاۋارىجلارغا قارشى قوشۇن تارتقان، قۇرئاننى قوغداش ئۈچۈن زىۋەر، زىر ، پەش ۋە دوپىش قاتارلىق بەلگىلەرنى قويغان، بەزىلەر ئۇنى بىرىنچى بولۇپ قۇرئانغا چېكىت قويغان ئالىم دەپ قارىغان، ئۇنىڭ شېئىر دىۋانى نەشر قىلىنغان، ھىجرەتتىن بىر يىل بۇرۇن (مىلادىيە 605 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ ھىجرىيە 69 ـ يىلى (مىلادىيە 688 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئەبۇئۇمامە ئەلباھىلى ــ ȖŸȽÀGöä ĞŋÀŋǗ zäü

ئەبۇئۇمامە ئەلباھىلى، ئىسمى سادا ئىبنى ئەجلان ئىبنى ۋەھب، ساھابە، ھەزرىتى ئەلى بىلەن سىففىيندە بىللە بولغان، سەھىھەيندە 250 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيە 81 ـ يىلى (مىلادىيە 700 ـ يىلى) ۋاپات بولغان بولۇپ، شامدا ئەڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان ساھابە ھېسابلىنىدۇ..

## ئەبۇششەئسائ ــ ŏÀǯȞ Î öä zäü (ھىجرىيە 21 ــ 93 مىلادىيە 642 ــ 712)

ئەبۇششەئسائ، جابىر ئىبنى زەيد ئەلئەزدى ئەلبەسرى، تابىئى ۋە كاتتا فەقىھ، ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتى، ۋاپات بولغان كۈنى قاتادە: بۈگۈن ئىراق ئەھلىنىڭ ئەڭ بىلىملىكى ئۆلدى دېگەن.

## ئىمام ئەبۇشامە ــ ȳÀŋǗ zäü ĞŋÀ Î öä

www.munber.org

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلمەقدىسى، ھەدىسشۇناس، كاتتا فەقىھ. ھىجرىيەنىڭ 665 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئەبۇنەسر ـــ ȻÀȽȤƨä åÀƥ ȸȁ ŌɆɜÀƧǗ ÀÔɸ Ȥǣǚ

ئەبۇنەسر ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد ئەلجەۋھەرى، تىلشۇناس ئالىم، مەشھۇر ‹‹ئەسسىھاھ›› دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، بىرىنچى بولۇپ ئۇچۇشقا ئۇرۇنغان كىشى بولۇپ ھىجرىيەنىڭ 293 ـ يىلى (مىلادىيە 1003 ـ يىلى) ياغاچتىن ياسىغان ئىككى قانىتى بىلەن سەكرەپ ئۆلگەن.

ئەبۇئەلى ـــ ɄȅøÀÀöä ɄŸʒ Ȥǣǚ (ھىجرىيە 288 ـــ 377 مىلادىيە 900 ـــ 987)

ئەلھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلغاففار ئەلفارىسى، (ئەبۇئەلى)، كاتتا تىلشۇناس، ئىراندا تۇغۇلغان، كېيىن بەغداد ۋە باشقا كۆپ يۇرتلارنى كەزگەن، يەتتە قىرائەتتە ‹‹ئەلھۆججە››، ‹‹جەۋاھىرۇننەھۋى››، ‹‹ئەلئەۋامىل›› ۋە ‹‹ئەتتەزكىرە›› قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

ئەبۇ جەئفەر ئەررازىي ـــ ȻäåÀöä ÀÀȞǱ Ȥǣǚ

مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد، ئەبۇ جەئفەر ئەررازىي، ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ كاتتىسى، ئەسلى رەي شەھىرىدىن بولۇپ مەۋسىل شەھىرىدە تۇرۇپ نام چىقارغان. فىقھىدا بىرقانچە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئەبۇ ۋائىل ـــ Ōəäʂ Ȥǣǚ

ئەبۇ ۋائىل بەكىر ئىبنى بەتاھ، شائىر.

ئەبۇتەلھە ئەلئەنسارى ـــ ȻøÀÔɸɟä ǦHɄŸȕ Ȥǣǚ

ئەبۇتالھە ئەلئەنسارى، زەيد ئىبنى سەھل ئىبنى ئەلئەسۋەد ئەننىجارى، ساھابە، جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن قەيسەر مەرگەنلەرنىڭ بىرى، ئەقەبە بەيئىتىگە ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان. ئاۋازى بەك ئۇنلۇك بولغاچقا ھەدىستە: «ئەبۇتالھەنىڭ قوشۇندىكى ئاۋازى مىڭ ئەسكەردىن ياخشىراق» دېيىلگەن. ھىجرەتتىن بۇرۇن 36 يىل (مىلادىيە 585 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيە 34 ـ يىلى (مىلادىيە 654 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ئەبۇززىناد ـــ åÀɸÂöä Ȥǣǚ

ئەبۇززىناد، ئابدۇللاھ ئىبنى زەكۋان ئەلقۇرەشى ئەلمەدەنى، مەدىنە ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى، كاتتا ھەدىس ئالىمى، سۇفيان ئۇنى ھەدىستە ئەمىرىلمۇئمىنىين دەپ ئاتىغان. ھىجرىيە 131 ـ يىلى (مىلادىيە 748 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ئەبۇيەئلا ـــ ɄŸȍȤʈä Ɩ ǯʈä ȸȁ ɄŸʒ ȸȁ ÆƥǗ ɁŸȞʌ Ȥǣǚ

www.munber.org

ئەبۇيەئلا، ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلمۇسەننە ئەتتەمىيمى ئەلمەۋسىلى، ھەدىسشۇناس ئالىم، (ئەلمۇئجەم) ۋە چوڭ ـ كىچىك ئىككى (ئەلمۇسنەد) كىتابى بار. ھىجرىيە 307 ـ يىلى (مىلادىيە 919 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئەبۇقىلابە ـــ Ǧ₤Ɏę ʐ₤

ئەبۇقىلابە: ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمر ئەلجىرمى، مەشھۇر تابىئىي ئالىم، زاھىد، ھەدىسشۇناس، قازىلىققا تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شامغا قاچقان، ھىجرىيە 104 ـ يىلى (مىلادىيە 722 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئەبۇئىسھاق ـــ ƱĤǂÊ₤ ǡǺHèǉ₤ (ھىجرىيە 33 ـ 127 مىلادىيە 653 ـ 745)

ئەبۇئىسھاق: ئەمرۇ ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەبىيئىي ئەلھەندانىي ئەلكۇفىي، (ئەبۇئىسھاق) ھىجرىيە 33 ـ يىلى (مىلادىيە 653 ـ يىلى) تۇغۇلغان. كاتتا تابىئىي ئالىم، زامانىدىكى كۇفە ئەللامىسى، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن بولۇپ 40 قا يېقىن ساھابىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، شۇنداقلا فۇتۇھاتلارغا قاتناشقان مۇجاھىد. ھىجرىيەنىڭ 127 ـ يىلى (مىلادىيە 745 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئەبۇددۇھا ـــ ʔĤȒ₤ ʐ₤

ئەبۇددۇھا: مۇسلىم ئىبنى سۇبەيھ ئەلكۇفى، تابىئىي. ھىجرىيە 100 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## ئەبۇبەكرى سىددىق ـــ ĘǺÆÔ₤ ȀÒ₤ ʐ₤

ئەبۇبەكرى سىددىق، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى قۇھافە ئۇسمان ئىبنى ئامىر ئىبنى كەئب ئەتتەيمى ئەلقۇرەشى، (مىلادىيە 569 ـ يىلى) مەككىدە تۇغۇلغان، ئەرلەردىن تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى ھەمراھى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنكى خەلىپىسى. جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ تۇنجىسى، ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ كاتتا زاتلارنىڭ يەنى قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ نەسەبلىرى، قەبىلىلىرى، تارىخى ۋە قائىدە يوسۇنلىرىنى بىلىشتە يېتىشكەن ئالىم ھېسابلىنىدۇ. ئەينى زاماندا ئەرەبلەر ئۇنى قۇرەيش ئالىمى دەپ ئاتىشاتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىلا ھاراقنى ھارام قىلىپ ئىچمىگەن، ئىسلامدىن كېيىنمۇ تۆھپىسى زور بولغان، نۇرغۇنلىغان چوڭ ئىشلارنى قىلغان، كۆپ جىھادلارغا قاتناشقان، ئەڭ قىيىن كۈنلەرگىمۇ سەۋر قىلىپ بەرداشلىق بەرگەن، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئىسلام ئۈچۈن سەرپ قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈنى خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغان، خەلىپە بولغاندىن كېيىن زاكات بەرمەي تۇرۇۋالغان مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، ئۇنىڭ دەۋرىدە شام يۇرتلىرى ۋە ئىراقنىڭ كۆپ قىسمى پەتھ قىلىنغان، ئەپۇچان، رەھىمدىللىقى بىلەن تونۇلغان پاساھەتلىك قەيسەر باتۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائ ۋەقەسىدە ۋە باشقا ھەرقانداق ئەھۋاللاردا تەستىقلاپ سۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ”ئەسسىددىق“ دەپ نام ئالغان. ئىككى يىل ئۈچ يېرىم ئاي خەلىپە بولغان ھەدىس كىتابلىرىدا 142 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيەنىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 633 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

www.munber.org

### ئەبۇزەر — ǿǽ ǻǼ

ئەبۇزەر ئەلغىفارىي، جۇندۇب ئىبنى جەنادە ئىبنى سۇفيان ئىبنى ئۇبەيد، (ئەبۇزەر)، (ئۆزىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئىسمىدا ئىختىلاپ بار) بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن زاھىد ساھابە، بىرىنچى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام سالىمىنى قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شامغا كۆچۈپ كەتكەن، سەھىھەيندە 281 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە نامراتلارنى بايلارنىڭ مېلىنى تەڭ خەجلەشكە چاقىرىپ خەلىپە ئوسمانغا شىكايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەدىنە سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن، ئۇ ئىنتايىن سېخى بولۇپ ۋاپات قىلغاندا ئۆيىدە كەپەنگە ئىشلەتكۈدەكمۇ بىر نەرسە تېپىلمىغان، ھىجرىيە 32 - يىلى (مىلادىيە 652 - يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئەبۇسەئىد ئەلخۇدەرى — ɃǿǼ˥ǻ ǼǂȞè ǻǼ

ئەبۇسەئىد ئەلخۇدەرى، سەئد ئىبنى مالىك ئىبنى سىنان ئەلخەزرەجى ئەلئەنسارى، (ئەبۇسەئىد)، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ بىرى بولۇپ 1170 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ئۇ داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە يۈرەتتى، 12 غازاتقا قاتناشقان، ھىجرىيە 74 - يىلى (مىلادىيە 693 - يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### ئەبۇددەرداڭ — ŏǟǻǿǼöǟ ǻǼ

ئەبۇددەرداڭ، ئۇۋەيمىر ئىبنى مالىك ئىبنى قەيس ئىبنى ئۇمەييە ئەلئەنسارى ئەلخەزرەجى، (ئەبۇددەرداڭ)، مەشھۇر زاھىد ۋە قەيسەر ساھابە، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەدىنىدە تىجارەتچى ئىدى، كېيىن ئىبادەت بىلەن بولغان، ئىسلامىيەتتىن كېيىن قەيسەرلىكى ۋە ئىبادەتگۆيلىقى بىلەن تونۇلغان دانىشمەن ئالىم، ھەدىستە : «ئۇۋەيمىر ئۇممىتىمنىڭ ھەكىيمى» دېيىلگەن، خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن دەمەشىقكە قازى بولغان، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قۇرئاننى يادلىغان قارى ساھابىلارنىڭ بىرى، ھەدىس كىتابلىرىدا 179 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيە 32 - يىلى (مىلادىيە 652 - يىلى) شامدا ۋاپات بولغان.

### ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىي — ɃǿǞÔφɏǟ āǻǃ ǻǼ

ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىي: ئىسمى خالىد ئىبنى زەيد ئىبنى كۇلەيب ئىبنى سەئلەبە، ئەبۇئەييۇب ئەلئەنسارىي دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ساھابە، ئەقەبە بەيئىتى، بەدر، ئۇھۇد، خەندەك ۋە باشقا بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان. قەيسەر، شىجائەتلىك، تەقۋادار، جىھاد ۋە غازاتقا ئامراق زات ئىدى، ئۇمەۋىيلەر دەۋرىگىچە ياشىغان، مەدىنىدىن شامغا بارغان، كېيىن خەلىپە مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى يەزىد زامانىدا قۇستانتىينىييە (ھازىرقى ئىستانبۇل) گە يۈرۈش قىلغاندا ئەبۇئەييۇب ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتلانغان، بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان، كېيىن ئاغرىپ قالغاندا جەسىتىنى دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ ئەكىرىپ دەفنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان، شۇڭا ھىجرىيە 52 - يىلى (مىلادىيە 672 - يىلى) ۋاپات بولغاندا قۇستانتىينىييە قەلئەسىنىڭ ئاستىدا بىر جايغا كۆمۈلگەن، ھازىر ئۇنىڭ قەبرىسى ئىستانبۇلدا مەشھۇر. ھەدىس كىتابلىرىدا 155 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

### ئەبۇھۇرەيرە ــ gÀÀĿ ζǽǚ

ئـەبۇھۇرەيرە، دەۋس قەبىلىـسـىدىن، كۈنيىـتى بىلـەن تونۇلغان، ئىـسمى ئابدۇراھمـان ئىـبنى ساخر دېيىلگەن، ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان، ئەڭ كۆپ ھەدىس يادلىغان ۋە رىۋايەت قىلغان ساھابە، ئۇنىڭ ھەدىس كىتابلىرىدا جەمئى 5374 ھەدىسى بـار، بـۇ ھەدىسـلەرنى ھـەزرىتى ئـەبۇھۇرەيرەدىن 800 گـە يېقىـن سـاھابە ۋە تـابىئىي رىۋايـەت قىلغـان، مەدىنىگـە بىـر مـۇددەت ئـەمىر بولغان، خەلىپە ئۆمـەر ئۇنى بەھرەينگـە ۋالـىي قىلغـان، پـەتىۋامۇ بەرگـەن، ھىجرىيەنىڭ 59 ــ يىلى (مىلادىيە 679 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### ئەبۇ مۇسا ــ ʔèζɲ ζǽǚ

ئەبۇ مۇسا: ئابدۇللاھ ئىبنى قايس ئىبنى سەلىيم ئەلئەشئەرى، كاتتا ساھابە. ھىجرىيە 42 ــ ياكى 44 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

### ئەتا ــ ǒÀÛʒ ȸǽ ŸǗ ʣÀǽǿ (ھىجرىيە 27 ــ 114 مىلادىيە 647 ــ 732)

ئەتا ئىبنى ئەبى راباھ: ئەتا ئىبنى ئەسلەم ئىبنى سافۋان، قارا تەنلىك قۇل، مەشھۇر تابىئىي، فىقھى ۋە زاھىدلىق بىلەن تونۇلغان كاتتا ئالىم، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان، يەمەندە تۇغۇلۇپ مەككىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇز ۋاقتىدا مەككىدە پەتىۋا بېرىش ئەتا بىلەن مۇجاھىد ئىككىيلەنگە قالغان.

### ئەتىيىيە ــ ǒÀÛʒ ŽζĦöä

ئەتىيىيە ئەلئۇفى: ئەتىيىيە ئىبنى سەئىد ئىبنى جانادە ئەلئۇفى ئەلجەدەلى ئەلقايسى ئەلكۇفى، (ئەبۇل ھەسـەن)، ھـەدىس راۋىيلـىرىنىڭ بىـرى، ھـەججاج دەۋرىـدە ھـەزرىتى ئـەلى رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇغا تىـل تەككۈزۈشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قىچىپ كېتىپ خۇراسانغا جايلاشقان، كېيىن باشقا ۋالىي دەۋرىدە كۇفىگە قايتىپ كەلگەن، مۇھەددىسلار ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنى (زەئىپ) دەپ قارىغان. ھىجرىيە 111 ـ يىلى (مىلادىيە 729 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئەتا ئەلخۇراسانى ــ ǒÀÛʒ ȴä ƆÀëäÀ (ھىجرىيە 50 ــ 135 مىلادىيە 670 ــ 752)

ئەتا ئەلخۇراسانى، ئەتا ئىبنى مۇسلىم ئىبنى مەيسەرە ئەلخۇراسانى، كاتتا مۇپەسسىر، ھەدىس رىۋايەت قىلغان، بەيتۇل مەقدىسكە جايلىشىپ قالغان، ئۇ غازاتقا قاتنىشىپ كېچىدە كۆپ تەھەججۇد ئوقۇيتى، ”ئەتتەپسىر“، ”ئەنناسىخ ۋەلمەنسۇخ“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

### ئەجەم ــ ȴjʒǲɭ

ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەر، خۇسۇسەن پارسلار.

### ئەدىي ئىبنى نەجار ــ ɃÆʒ ȸǽ øÀǱÀöä

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ چوڭ دادىسى.

www.munber.org

## ئەدىي ئىبنى ھاتەم ــ ŹĺĝǷ ďĕ ƁĹƷ

ئەدىي ئىبنى ھاتەم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەلھەشرەج ئەتتائى، (ئەبۇۋەھب)، قوماندان ساھابىلەرنىڭ بىرى، ئېسىل، سېخى بەگزادە، تاي قەبىلىسىنىڭ جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدىكى باشلىقى، سېخىلىقتا داڭق چىقارغان ھاتەم تائىنىڭ ئوغلى، دەسلەپتە خرىستىئان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغان، ئىراقنى فەتھى قىلىشقا ۋە شام تەرەپتىكى كۆپلىگەن غازاتلارغا قاتناشقان، 66 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، 100 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن. ھىجرىيەنىڭ 68 ـ يىلى (مىلادىيە 687 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئەرەفات ــ ğĺzÀƷ

ئەرەفات مەككىگە ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تاغنىڭ ئىسمى، ھاجىلار ھىجرىيە يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى شۇ تاغ ئۈستىدە ۋە ئەتراپىدا تۇرىدۇ.

## ئەزرائىل ــ ŌɆəäǿÂƷ

ئەزرائىل: ئۆلۈمگە مۇۋەككەل پەرىشتە بولۇپ بەندىلەرنىڭ جېنىنى قەبزى قىلىش ۋەزىپىسى بار.

## ئەزل قىلىش ــ ȯÂȞöä

ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن مەنىينى سىرتقا چىقىرىۋېتىش دېمەك.

## ئەسرام ــ ȳÀǭɉ ȁ

ئەلئەسرام: ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھانىئ ئەتتائىي ئەلئەسرام، (ئەبۇ بەكرى)، ھەدىسشۇناس ئالىم، ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتى، ”ئىلەلۇل ھەدىس“، ”ئەسسۇنەن“ ۋە ”ناسىخۇل ھەدىس ۋە مەنسۇخى“ دېگەن كىتابلىرى بار.

## ئەسۋەد ــ ƷʌÀȅ ďĕ åʐȅɉ ȁ

ئەسۋەد ئىبنى سەرىيئ، ساھابە.

## ئەسمائ بىنتى يەزىد ئىبنى ئەسسەكەن ــ ȸȮÊöä ďĕ ǼʌÂʌ ǨǺĕ ǒÀƧǕ

ئەسمائ بىنتى يەزىد ئىبنى ئەسسەكەن ئەلئەنسارىييە ئەلئەۋسىييە، (ئۇممۇسەلەمە)، ئەرەب ئاياللىرى ئىچىدىن چىققان قەيسەر، شىجائەتلىك ناتىق ئايال، ”ئاياللارنىڭ خەتىبى“ دەپمۇ نام ئالغان، ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ ھەدىس ئاڭلىغان، 13 ـ يىلى يەرمۇك غازىتىغا قاتناشقان، مۇجاھىدلارغا ئوزۇق يەتكۈزۈپ، يارىدارلارنى تېڭىپ تۇھپە قوشقان، جەڭ قاتتىق كەسكىنلىشىپ كەتكەندە قولىغا چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىنى ئېلىپ رىملىقلاردىن توققۇزنى ئۇرۇپ يىقىتقان، سەھىھۇل بۇخارىيدا ئىككى ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## ئەسمائ بىنتى ئەبۇ بەكرــ ÀÖ ŸÌ ĶÅ ŏÅƧÌ

ئەسمائ بىنتى ئەبۇ بەكر ئەسسىددىيق، ھەزرىتى ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى، پەزىلەتلىك ساھابە، ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئاتا بىر تۇغقان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەززۇبەير روزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى، زۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەھۇنىڭ ئايالى، ئۇنىڭ ئۆزى، ئوغلى، ئېرى، ئاتىسى ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ھەممىسى ساھابە، يەرمۇك غازىتىغا ئوغلى ۋە ئېرى بىلەن بىللە قاتناشقان، ئوغلى ئابدۇللاھ مەككىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەما بولۇپ قالغان. ئۇ ھازىر جاۋاب، فاساھەتلىك شائىرە بولۇپ، ئۇنىڭ زالىم ھەججاج بىلەن قىلىشقان سۆزلىرى مەشھۇردۇر. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا 100 يىل ياشىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلغاندا رومىلىنى يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىپ تاماق توشىغانلىقى ئۈچۈن ”زاتۇننىتاقەين“ (يەنى ئىككى رومالىلىق) دەپ ئاتالغان، 56 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

## ئەلى ـ ÆÈÅü ŸÌ ȸ ɄŸʒ

ئەلى: ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىب ئەلھاشىمى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇل ھەسەن)، (ئەبۇتۇراب)، ئەمىرىلمۇئمىنىين، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، راشىد خەلىپىلەرنىڭ تۆتىنچىسى، ھەزرىتى ئوسماندىن كېيىن خەلىپە بولغان، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى، پاساھەتى، بىلىمى ۋە باتۇرلىقى بىلەن تونۇلغان، ھېكمەتلىك سۆزلىرى توپلىنىپ ”نەھجۇلبەلاغە“ دېگەن ئىسىم بىلەن نەشر قىلىنغان بولسىمۇ بەزىلەر بۇ كىتابنىڭ ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنىشىغا گۇمان بىلەن قارىغان، شۇنداقلا ”دىۋانى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب“ دەپ نەشر قىلىنغان شېئىرلار توپلىمىغىمۇ گۇمان بىلەن قارالغان، 576 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 40 ـ يىلى (مىلادىيە 661 ـ يىلى) ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم دېگەن خاۋارىج تەرىپىدىن ياربدار قىلىنىپ بىر كۈندىن كېيىن كۇفەدە شېھىت بولغان، قەبرىسى نامەلۇم.

## ئەلقەمە ــ ǦȾÖŸʒ

ئەلقەمە ئىبنى قايس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك ئەننەخائىي ئەلھەمەدانىي، (ئەبۇ شىبل)، تابىئىي، زامانىدىكى ئىراق فەقىھى، چىرايى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە پەزىلىتى جەھەتتىن ھەزرىتى ئابدۇلبلاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەكمۇ ئوخشايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلۇپ ساھابىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، سىففىين جېڭىگە قاتناشقان، خوراسانغا فۇتۇھاتقا بارغان، خارەزمدە ۋە مەرۋىدە بىر مۇددەت تۇرغان، كېيىن كۇفەدە جايلىشىپ ھىجرىيەنىڭ 62 ـ يىلى (مىلادىيە 681 ـ يىلى) شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

## ئەمرى ئىبنى ئەلھەزرامىي ــ ɄŋÀȒΣå ȸ ȘÀȾʒ

ئەمرى ئىبنى ئەلھەزرامىي، جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ بىرى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئەمرۇ ئىبنى سەئىد ــ ȘÀȾʒ ȸ ÆɆĤè (ھىجرىيە 3 ــ 70 مىلادىيە 624 ــ 690)

www.munber.org

ئـەمرۇ ئىبـنى سـەئىيد ئىبـنى ئـەلئاس ئىبـنى ئۇمەييـە ئەلقۇرەشـى، (ئەبۇئۇمەييـە)، پاسـاھەتلىك بەگلەرنىڭ بىرى، پاساھەتلىكىدىن ئەلئەشدەق دەپ تونۇلغان. خەلىپە مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى دەۋرىدە مەككىگە ۋالىي بولغان، خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئەمرۇ ئىبنى دىنار ـــ ØÀÌÑá Ìbä ŞÀtʒ (ھىجرىيە 46 ـــ 126 مىلادىيە 666 ـــ 743)

ئـەمرۇ ئىبـنى دىنـار ئەلجۇمـەھى ئەلمـەككى، (ئەبۇمۇھەممـەد)، كاتتـا تـابىئىي ۋە زامـانىدىكى مەككىلىكلەرنىڭ مۇپتىسى. ئەسلى پارس، سانئادا تۇغۇلۇپ مەككىدە ۋاپات بولغان، **500** ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك ھەدىس ئالىمى.

## ئەمر ئىبنى مەيمۇن ـــ Jʐŧ Ìbä ŞÀtʒ

ئەمر ئىبنى مەيمۇن ئەلكۇفى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا ئىسلامغا كىرگەن، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، ئىشەنچلىك تابىئىيلارنىڭ بىرى. ھىجرىيەنىڭ **74** ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## ئەمرۇ ئىبنى ئەلئاس ـــ Î ÀŸöä Ìbä ŞÀtʒ

ئەمرۇ ئىبنى ئەلئاس ئىبنى ۋائىل ئەسسەھمى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، مىسىرنى فەتھى قىلغان ساھابە، ئەرەبلەردىن چىققان كاتتا قوماندان، ئۇلۇغ سىياسىئون ۋە دىپلومات، بۇرۇن ئىسلامغا قاتتىق قارشىـلىق كۆرسـەتكەن ئـىدى، ھۇدەيبىييـە توختامنامىسـى زامـانىدا مۇسـۇلمان بولغـان، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زاتۇسسالاسىل غازىتىغا قوماندان قىلىپ ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن، كېيىن ئۇمانغا ۋالىي قىلغان، خەلىپە ئۆمەر زامانىدا شامدىكى جىھات قوشۇنلىرىغا قوماندان بولغان، خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن فەلەستىنگە ۋالىي بولغان، كېيىن مىسىرنى فەتھى قىلغان ۋە مىسىرغا ۋالىي بوغان، خەلىپە ئوسمان ئۇنى ۋالىيلىقتىن ئېلىۋەتكەن، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى مۇئاۋىيە توقۇنۇشى بولغاندا ئۇ ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدە ئىدى، كېيىن ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن ھىجرىيە **38** ـ يىلى مىسىرغا ۋالىي بولغان، ھەدىس كىتابلىرىدا **38** ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرەتتىن **50** يىل بۇرۇن مىسىر ـ قاھىرەدە (مىلادىيە **574** ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيە **43** ـ يىلى (مىلادىيە **664** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئىمام ئەھمەد ـــ ÖĜÁǵ Ìbä Æþů (ھىجرىيە 164 ـــ 241 مىلادىيە 780 ـــ 855)

ئىمام ئەھمەد: ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھەب ئىمامى، مۇھەددىسلەرنىڭ كاتتىسى، ”ئەززۇھد“ كىتابىنى ۋە مەشھۇر ”ئەلمۇسنەد“ ناملىق ھەدىسلەر توپلىمىنى يېزىپ قالدۇرغان، قۇرئان كەرىم مەخلۇق دېمىگەنلىكى ئۈچۈن خەلىپە ئەلمۇئتەسىم تەرىپىدىن تۈرمىگە سولانغان، ھىجرىيە **241** ـ يىلى (مىلادىيە **855** ـ يىلى) باغدادتا ۋاپات بولغان.

## ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابدۇرراھمان ـــ JÀþÀöä ÆĜʒ Ìbä ÈÁøáů Ìbä Æþů

www.munber.org

ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلقارافى، ئاتاقلىق شەرىئەتشۇناس ۋە مالىكىي مەزھەب كاتتا فەقىھلىرىنىڭ بىرى. ھجرىيەنىڭ **684** ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## ئەۋس ــ âşjí

ئەۋس: خەزرەج قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە ياشاپ كەلگەن ئەرەب قەبىلىسىنىڭ نامى، بۇ ئىككى قەبىلە ئىسلام دىنىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئەنسارىلار دەپ ئاتالغان.

## ئەۋزائى ــ Ʉʒäâşjí

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەمر، فىقھى ئىماملىرىنىڭ بىرى. ھجرىيەنىڭ **157** ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئامىر ئىبنى ئۇسامە، تابىئىي. ھجرىيە **112** ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## ئەييۇب ــــ āʐ₼ (ھجرىيە 66 ــ 131 مىلادىيە 685 ــ 748)

ئەييۇب ئىبنى ئەبۇتەمىيمە كيسان ئەسسەختىيانى ئەلبەسرى، (ئەبۇبەكىر)، تابىئىي، زامانىدىكى كاتتا فەقىھلەردىن، ئىبادەتگۈي زاھىد، **800** گە يېقىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك مۇھەددىس.

## ئەئمەش ــ Ì ʦʒjí (ھجرىيە 61 ــ 148 مىلادىيە 681 ــ 765)

ئەئمەش، سۇلايمان ئىبنى مەھران ئەلئەسەدى، (ئەبۇمۇھەممەد)، ئەلئەئمەش دەپ تونۇلغان، مەشھۇر تابىئىي، قۇرئان ھەدىس بىلىملىرىدە يېتىشكەن ئالىم، كۇفەدە ياشاپ ۋاپات بولغان، **1300** ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

## ئەنەس ئىبنى مالىك ــ ÕöÀŋ ꝺǣ Ȅφ̈

ھەزرىتى ئەنەس: ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئەننەزر ئىبنى زامزام ئەننەجارى ئەلخەزرەجى ئەلئەنسارى، (ئەبۇسۇمامە)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى، **2286** ھەدىس رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. مەدىنىدە تۇغۇلغان، كېيىن شامغا، ئۇندىن كېيىن بەسرىگە كۆچۈپ ھجرىيەنىڭ **93** ـ يىلى (مىلادىيە **712** ـ يىلى) بەسرىدە ۋاپات بولغان، ئۇ بەسرىدە ئەڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان ساھابە ھېسابلىنىدۇ.

## ئەنسارىلار ــ øÀÔφjí

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مەككىدىن ھجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى كۈتىۋېلىپ ئۇلارنى قوغدىغان پىداكار مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ئىككى قەبىلە ئىسلام دىنىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئەنسارلار يەنى (ئىسلامغا نۇسرەت بەرگۈچىلەر) دەپ ئاتالغان.

ب

www.munber.org

### ئىمام بۇخارى ــ ǳøİÅĜöä ÕẸ̇ǯİƧǖ ȸæ ǼŧŢ ! äǼĜǯ ʐäǖ

ئىمام بۇخارى: مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەلمۇغىيرە ئەلبۇخارى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ئاتاقلىق ھەدىس ئالىمى، ”سەھىھۇل بۇخارى“ دەپ ئاتالغان مەشھۇر ”ئەلجامىئۇسسەھىھ“، ”ئەتتارىيخ“، ”ئەززۇئەفائ“، ”خالقۇ ئەفئالىل ئىباد“ ۋە ”ئەلئەدەبۇل مۇفراد“ قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، بۇخارادا تۇغۇلغان، يېتىم چوڭ بولغان، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ سەپەر قىلىپ خۇراسان، ئىراق، مىسىر ۋە شامنى زىيارەت قىلغان، مىڭغا يېقىن ئۇستازدىن تەلىم ئالغان، ئۇ توپلىغان 600 مىڭ ھەدىستىن 3000 گە يېقىن ھەدىسنى تاللاپ ”سەھىھ“ نى تۈزگەن. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇخاردا تۇرغان بولسىمۇ مۇتەئەسسىپ گۇرۇھلارنىڭ تۆھمەت قىلىش بىلەن بۇخارادىن چىقىرىلىپ، ھىجرىيە 256 ـ يىلى (مىلادىيە 870 ـ يىلى). بۇخارا سىرتىدىكى خارتەڭ دېگەن يېزىدا ۋاپات بولغان،

### باقىللانى ــ ϽⱯȩİĜöä (ھىجرىيە 338 ــ 403 مىلادىيە 950 ــ 1013)

ئەلباقىللانى، مۇھەممەد ئىبنى ئەتەييىب ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئەلباقىللانى، (ئەبۇبەكرى)، قازى، ئىلمى كالام ئالىملىرىدىن، زاماندا ئەشائىرە ئېقىمىغا باش بولغان، ھازىر جاۋاب بولغاچقا خەلىپە تەرىپىدىن رىمغا ئەلچى قىلىپ بارغاندا، رىم پادىشاسى ئالدىدا خرىستىئان ئالىملار بىلەن مۇنازىرە قىلغان، ”ئىئجاز ئەلقۇرئان“، ”ئەلئىنساف“، ”دەقائىقۇل كالام“، ”ئەلمىلەل ۋەننىھەل“، ”ئەتتەمھىيد“ قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

### بەرائ ئىبنى ئازىب ــ āäİǯ ȸæ ŏäƎöä

ئەلبەرائ ئىبنى ئازىب ئىبنى ئەلھارىس ئەلئەنسارى ئەلخەزرەجى، (ئەبۇئۇمارە)، ساھابە، فۇتۇھاتلارغا قاتناشقان كاتتا قوماندان، كىچىك ۋاقتىدىلا مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن 15 غازاتقا قاتناشقان، خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن راي شەھرىگە ئەمىر بولغان، قەزۋىين دېڭىزىنىڭ غەربىنى كېيىن قەزۋىيننى فەتھى قىلغان، ئۇندىن كېيىن زەنجاننى فەتھى قىلغان، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇنىڭدىن 305 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيە 71 ـ يىلى (مىلادىيە 690 ـ يىلى) كۇفەدە ۋاپات قىلغان.

### بەرزەخي ھايات ــ ĞẸ̇ǵäƎöä gİẸ̇Σä

بەرزەخي ھايات: ئۆلۈم بىلەن قايتا تىرىلىش ئارىلىقىدىكى ھايات. كىشى ئۆلسە ئۇنىڭ بەرزەخي ھاياتى باشلانغان بولىدۇ، بۇ قۇرئاندا بايان قىلىنغان.

### براخمانىزم ـ

ھىندىستاندا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى چەكلەيدىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتكىنىگە ئىشەنمەيدىغان بىر تائىپە.

### بەدر ــ øǼĜöä (ɹİȮɳ ȴèä)

www.munber.org

بەدر: مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىغا جايلاشقان بىر ۋادىنىڭ نامى، ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر بەدر غازىتى شۇ جايدا بولغان.

بەززار ـــ ÀÒæ ⱬæÚ øåÂÀGöå

ئەلبەززار، ئەھمەد ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئابدۇل خالىق ئەلبەززار، (ئەبۇبەكرى) ، چوڭ ھەدىسشۇنالارنىڭ بىرى، ھەدىس كىتابىدىن ئىككىنى يازغان، چوڭىنىڭ نامى "ئەلبەھرۇز زاخىر"، ھىجرىيە **291** ـ يىلى (مىلادىيە **905** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

بىلال ئىبنى راباھ ـــ ȺÎGΣå ȯ¥æ

بىلال ئىبنى راباھ ئەلھەبەشىي، (ئەبۇ ئابدۇللاھ)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ۋە بەيتۇل مالىنىڭ ئامبارچىسى، ئۇنىڭ ئانىسى دىبەدەك ئىدى، ئىسلامنى دەسلەپكى دەۋرىدە قوبۇل قىلغانلاردىن بولۇپ، ھەدىستە: «ھەبەشلەردىن ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغىنى بىلال» دېيىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەقەت ئەزان توۋلىمىغان، كېيىنكى زامانلاردا شام تەرەپكە بېرىپ ھىجرىيەنىڭ **20** ـ يىلى (مىلادىيە **641** ـ يىلى) دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇنىڭدىن **44** ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

بىسر ئىبنى ئەرتا ـــ gÅÙøÚ dbæ ÀÊæ

بىسر ئىبنى ئەرتا ياكى ئىبنى ئەبى ئەرتا ئەلئامىرىي ئەلقۇرەشىي، (ئەبۇ ئابدۇرراھمان)، پەھلىۋان قوماندانلاردىن بىرى، ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىدىلا مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى ھەدىس رىۋايەت قىلغان، مىسىرنى پەتھى قىلىشقا قاتناشقان، مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەككە بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتىلىپ ئىككى ھەرەمنى بويسۇندۇرغان، يەمەنگىمۇ كىرگەن، ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىنى ئۆلتۈرگەن، ھەزرىتى ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇئاۋىيە ئۇنى بۇسرا شەھىرىگە ۋالىي قىلغان. كېيىن يەنى ھىجرىيەنىڭ **50** ـ يىلى رىمغا يۈرۈش قىلىپ قۇستانتىنىيىگە قەدەر بارغان، كېيىن ئەقلىدىن سەل ئېزىپ **90** يېشىدا ھىجرىيە **86** ـ يىلى (مىلادىيە **705** ـ يىلى) دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ھەدىس ئالىملىرى ئۇنىڭغا ياخشى باھا بەرمىگەن، بەزى ئالىملار ھەتتا ئۇنى ساھابە ھېسابلىمىغان.

بەيھەقى ـــ ȺÖȾɆGöå (ھىجرىيە 384 ـــ 358 مىلادىيە 994 ـــ 1066).

بەيھەقى، ئەھمەد ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى ئەلى، (ئەبۇبەكرى)، نىيشاپۇر ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ بەيھەقتە چوڭ بولغان، كاتتا ھەدىس ئالىمى، (ئەسسۇنەن ئەلكۇبرا)، (ئەسسۇنەن ئەسسوغرا) (دالائىل ئەننۇبۇۋۋە) (مەئرىفەتۇسسۇنەن ۋەلئاسار) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

بەغەۋي ـــ Ƀⱬ8Göå ȴèÅę ⱬæÚ (ھىجرىيە 213 ـــ 317 مىلادىيە 828 ـــ 929)

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەلمەرزابان ئەلباغدادىي ئەلبەغەۋي (ئەبۇلقاسىم) ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئالىم، بەغشۇر دېگەن جايدىن بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندا ئىراقتىكى

www.munber.org

ھەدىسشۇناسلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ”مۇئجەمۇسساھابە“ ”ئەلجەئدىيات“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ باغدادتا ۋاپات بولغان.

### بۇرەيدە ـــ gÆ\Ä

بۇرەيدە ئىبنى ئەلھەسىيب ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئەسلەمى، كاتتا ساھابە، بەدردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، 167 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيە 63 ـ يىلى (مىلادىيە 683 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### بۇختۇنەسر ـــ ÀÔ/ĄN

بۇختۇنەسر: قەدىمقى بابىل پادىشاھى، شۇنداقلا دۇنيادىكى مەشھۇر ئىككى چوڭ كاپىر پادىشاھنىڭ بىرى (ئۇنىڭ يەنى بىرى نەمرۇد) پەلەستىنگە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 596 ـ ۋە 586 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلارنى بابىلغا ئېلىپ كەتكەن يەھۇدىيلار ئۇيەردە 50 يىل ئاسارەتتە ياشىغان، بۇ دەۋر يەھۇدىيلار تارىخىدا (بابىل ئاسارىتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

### بەنۇ قاينۇقائ ـــ ţÄÖ/Æę ζ/Äæ

بەنۇ قاينۇقائ، مەدىنىگە جايلاشقان يەھۇد قەبىلىلىرىدىن بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئۇلارغا دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئامانلىق بەرگەن ئىدى، كېيىن ئۇلار كېلىشىمنى بۇزدى.

### بەنۇجۇمەھ ـــ ǴP ζ/Äæ

بەنۇجۇمەھ، قۇرەيش قەبىلىسىدىكى بىر جەمەتنىڭ نامى.

### بەنۇئابدۇددار ـــ øäÆöäÆG3 ζ/Äæ

بەنۇئابدۇددار، قۇرەيش قەبىلىسىدىكى بىر جەمەتنىڭ نامى.

### بەھزۇ ئىبنى ئەلھەكىم ـــ ĮĿÖΣä ꝏæ Âŏ

بەھزۇ ئىبنى ئەلھەكىم: ھەدىس رىۋايەت قىلغان تابىئىيلاردىن.

## پ

### پاپا ياكى پوپ ـــ äøİÔ/öä ÄæÄæ āζæ

پاپا ياكى پوپ: خرىستىئانلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەنسەپ ئۇنۋانى، بۇرۇن كاتولىك مەزھىبىدىكى بىرىنچى رەئىس شۇنداق ئاتىلاتتى، كېيىن ئارتودوكس مەزھىبىدىكى بىرىنچى رەئىسمۇ شۇنداق ئاتىلىدىغان بولدى.

## ت

www.munber.org

ئىمام تەبەرى ــ ÀÀǞDZ ȸä ǼŁŢ ÀÀȞDZ ȥäŮ (ھىجرىيە 224 ــ 310 مىلادىيە 839 ــ 923)

ئىمام تەبەرى: مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئىبنى يەزىد ئەتتەبەرى (ئەبۇجەئفەر)، مۇھەددىس، ئىشەنچلىك تارىخشۇناس، مۇجتەھىد، مۇپەسسىرلەرنىڭ كاتتىسى. قازىلىق مەنسەپىنى رەت قىلغان، دىنىي ئەھكاملاردا ئۆز ئالدىغا ئىجتىھاد قىلغان، بەزىلەر ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئەگەشكەن، مەشھۇر "تارىخى تەبەرى" 11 توم، تەپسىرى تەبەرى دەپ تونۇلغان "جامىئۇل بايان فى تەپسىرى ئەلقۇرئان" 30 توم، "ئىختىلافۇل فۇقەھائ"، قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

ئىمام تەھاۋى ــ ȻşÀĤıÛöä ÿÀŋŮ

ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سالامە، (ئەبۇ جەئفەر) مەشھۇر مۇھەددىس ۋە فەقىھ، ئۆز زامانىدىكى ھەنەفىي مەزھەب كاتتىبىشى. ھىجرىيەنىڭ 321 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

تالۇت ــ ğȥöÀŭ

تالۇت مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى دەۋردىكى بەنى ئىسرائىل پادىشاھلىرىدىن بىرى، جالۇت قوشۇنىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

تابىئىي ــ ɄĤäÀçöä

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۇچراشقان، مۇسۇلمان ھالەتتە دۇنيادىن كەتكەن كىشى.

تائۇس ــ âşŮÀŭ (ھىجرىيە 33 ــ 106 مىلادىيە 653 ــ 724)

تائۇس: زەكۋان ئىبنى كەيسان ئەلخەۋلانى ئەليەمانى، (ئەبۇئابدۇرراھمان)، تاۋۇس لەقىمى ئەمەس ئىسمى دېگەنلەرمۇ بار، تابىئىي ۋە كاتتا ئالىم. ئەسلى پارس بولۇپ يەمەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دىندا يېتىشكەن ئالىم بولغان، ھەدىس رىۋايەت قىلغان، تۇرمۇشىدا ئاددىي ـ ساددا ياشىغان، پادىشاھ ۋە بەگلەرگە جۈرئەت بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان، مۇزدەلىفە ياكى مىنادا ۋاپات بولغان.

تائىف ــ ȤəÀÛöä

تائىف: ھىجازدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى، ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستاندا، مەككە مۇكەررەمەدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېگىزلىكتە جايلاشقان، باغ ـ بوستانلىرى بىلەن مەشھۇر.

تەبەرانىي ــ ǅäƎÛöä ȴèÀÖöä ȥäŮ (ھىجرىيە 260 ــ 360 مىلادىيە 873 ــ 971)

ئەبۇلقاسىم ئەتتەبەرانى، سۇلايمان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب ئەللەخمى ئەششامى، كاتتا ھەدىسشۇناس، ھەدىستە "ئەلمۇئجەم ئەلكەبىير"، "ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسات" ۋە "ئەلمۇئجەمۇسساغىير" نى، يەنە "ئەلئەۋائىل"، "دەلائىل ئەننۇبۇۋۋە" قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

تەۋرات ــ ģäøȥöä

www.munber.org

تەۋرات، ئىبرىي تىلدا "قانۇن ياكى تەلىمات" دېگەن مەنىدە بولۇپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا اللہ نازىل قىلغان كىتابنىڭ نامى، ئەھلى كىتابلاردا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: دۇنيانىڭ يارىتىلىشى، چىقىش، لاۋىيلار، تەسنىيە، سانلار قاتارلىق بەش كىتابى ۋە ئۆلارنىڭ قوشۇمچىلىرى تەۋراتنى تەشكىللەيدۇ، خىرىستىئانلار ئۇنى (كونا ئەھدە) دەپ ئاتىشىدۇ.

تىيە چۆلى ــ ȼɆQöä ŏäȀHUȍ

تىيە چۆلى بەنى ئىسرائىل قورقۇنچاقلىق قىلىپ پەيغەمبىرىنىڭ بەيتۇل مۇقەددەسكە ھۇجۇم قىلىش بۇيرىقىغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن 40 يىل ئېزىپ يۈرگەن سىينا يېرىم ئارىلىدىكى بىر چۆل.

ج

جابىر ــ ȀäȦDZ dbä äÆG3 !

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ھەرام ئەلخەزرەجى ئەلئەنسارى، ساھابىلەرنىڭ ئالىملىرىدىن، ئاتىسىمۇ ساھابە ئىدى، ھەدىس كىتابلىرىدا 1540 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، 19 غازاتقا قاتناشقان، كېيىنكى ئۆمرىدە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە سورۇن تۈزەپ دەرس بەرگەن، ھىجرىيەنىڭ 78- يىلى (مىلادىيە607 - يىلى) ۋاپات بولغان.

جابىر ئىبنى زەيد ــ ȀäȦDZ dbä ÆɅȁ (ھىجرىيە 21 ــ 93 مىلادىيە 642 ــ 712)

جابىر ئىبنى زەيد ئەلئەزدى ئەلبەسرى، (ئەبۇئەششەئسائ)، ئەشەنچلىك تابىئىي ۋە تونۇلغان مۇجتەھىد فەقىھ، ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتى، ۋاپات بولغاندا قاتادە: بۈگۈن ئىراقنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئادىمى ئۆلدى دېگەن.

جەرىر ئىبنى ئەتىييە ــ ȀɅȀDZ dbä ǦɆÛ3 ä ʅ ȾȦÛ (ھىجرىيە 28 ــ 110 مىلادىيە 640 ــ 728)

جەرىر ئىبنى ئەتىييە ئىبنى ھۇزەيفە ئەلخاتافى، تەمىيم قەبىلىسىدىن، زامانىدىكى ئاتاقلىق شائىر، پۈتۈن ئۆمرىنى شائىرلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆتكۈزگەن، شېئىرلىرى ھەجۋىي تۈس ئالغان، فەرازدەق بىلەن قىلىشقان مۇشائىرەلىرى ئۈچ تومدا، شېئىرلار توپلىمى ئىككى تومدا نەشر قىلىنغان.

جەئفەر سادىق ــ ȀȦĤDZ áäȦÔöä (ھىجرىيە 80 ــ 148 مىلادىيە 699 ــ 765)

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئەلباقىر ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەيىن ئىبنى ئەبۇتالىب ئەلھاشىمى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ئەھلى بەيتتىن، پەقەت يالغان سۆزلەپ باقمىغاچقا سادىق دەپ نام ئالغان، ئىلىم ۋە پەزىلەتتە تەڭداشسىز كاتتا تابىئىي، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مالىكلارنىڭ ئۇستازى، ئابباسىي خەلىپىلەر بىلەن سىياسىي كۆرەشلىرى بولغان، ھەقنى سۆزلەشتە قورقمايدىغان جۈرئەتلىك ئىدى، رىسالىلىرى بىر كىتاب قىلىپ توپلانغان، شىئەلەردىكى ئىمامىيە مەزھىبى ئېتىقاد قىلىدىغان 12 ئىمامنىڭ ئالتىنچىسى ھېسابلىنىدۇ، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان.

جىددە ــ gÆDZ

www.munber.org

جىددە: ھىجازدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاندا، قىزىل دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان.

### جىبرىئىل ــ ŎΛƎDZ

جىبرىئىل ۋەھيىگە مۇۋەككەل پەرىشتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئېلىپ كېلەتتى، قۇرئاندا ئىسمى بايان قىلىنغان ھەمدە ”ئەمىين روھ“ دەپ سۈپەتلەنگەن (شۇئەرا سۈرىسى 193 ـ ئايەت). چۈنكى ئۇ قەلبلەرنىڭ روھى بولغان ۋەھيىنى ئەمىنلىك بىلەن پەيغەمبەرلەرگە ئېلىپ كەلگۈچىدۇ.

### جۇۋەيرىييە ــ ϘøÅΣå ǨÅæ ǴÅÀǅDZ

جۇۋەيرىييە بىنتى ھارىس ئىبنى ئەبى زارار، خۇزائە قەبىلىسىدىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئىلگىرى مۇسافىئ ئىبنى سافۋاننىڭ ئايالى ئىدى. مۇسافىئ مۇرەيسىئ غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئاتىسى قەبىلە باشلىقى ئىدى. جۇۋەيرىييە بەنى ئەلمۇستەلەق ئەسىرلىرى قاتارىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە ئاتىسى ئۇنى تۆلەم تۆلەپ قايتۇرۇۋالغان، كېيىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بەرگەن. ئەسلى ئىسمى بەررە بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى جۇۋەيرىييەگە ئۆزگەرتكەن. ئۇ ئەدەب ۋە فاساھەتتە پەزىلەتلىك ئاياللاردىن ئىدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم قاتارلىق ئالىملار ئۇنىڭدىن يەتتە ھەدىس رىۋايەت قىلغان، 65 يېشىدا مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### جۇۋەيبىر ــ ƎΛǅDZ

جۇۋەيبىر ئىبنى سەئىيد ئەلبەلخى، (ئەبۇلقاسىم)، ھەزرىتى ئەنەس ۋە باشقا ساھابىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، لېكىن ھەدىس ئالىملىرى: ئۇنىڭ رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەن.

### جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ــ ȴȞÛŋ ȸæ ǨǴDZ

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئابدۇمانىاف، (ئەبۇئەدىي)، ساھابە، قۇرەيشنىڭ ئالىملىرىدىن ئىدى، جاھىز ئۇنى نەسەبشۇناسلارنىڭ كاتتىسى دەپ قارىغان، 60 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيە 59 ـ يىلى (مىلادىيە 679 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

## خ

### ئىمام خەتتابى ــ ŸÅÛ‌ɭå ÿÅŋ

مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم، كاتتا فەقىھ، مۇھەددىس، لۇغەتشۇناس، ھىجرىيە 388 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

### خالىد ئىبنى مەئدان ــ ȷåÆȞŋ ȸæ ÆëÅǹ

خالىد ئىبنى مەئدان ئىبنى ئەبى كەرب ئەلكىلائىي، (ئەبۇئابدۇللاھ)، تابىئىي، ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن تونۇلغان، يەزىيد ئىبنى مۇئاۋىيە دەۋرىدە ساقچى باشلىقى بولغان، كۆپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان بولۇپ

www.munber.org

ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بارمىقى تەسبىھ ئېيتىۋاتقاندەك مىدىرلاپ تۇرغان. ھىجرىيە 104 ـ يىلى (مىلادىيە 722 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### خەزرەج ــ ǮǿÂ٩ȁ

ئەۋس قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە ياشاپ كەلگەن ئەرەب قەبىلىسىنىڭ نامى، بۇ ئىككى قەبىلە ئىسلام دىنىنىڭ قەد كۆتۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئەنسارلار دەپ ئاتالغان.

### خەتىيب ــ ÆĒÛ٩ȁ (ھىجرىيە 392 ــ 463 مىلادىيە 1002 ــ 1072)

خەتىيب ئەلبەغدادى دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى سابىت ئەلبەغدادى، (ئەبۇبەكىر)، زامانىدىكى ھەدىسشۇناس ۋە تارىخچى ئالىم، بەغدادتا ئۆسۈپ يېتىلىپ بەغدادتا ۋاپات بولغان، كۆپلىگەن يۇرتلارغا ئىلىم تەھسىل قىلىپ سەپەر قىلغان، 14 تومدا "تارىخى بەغداد" دېگەن مەشھۇر كىتابى نەشر قىلىنغان، يەنە "ئەلبۇخەلائ"، "ئەلكىفايە فى ئىلمى ئەررىۋايە"، "ئەلفەۋائىدۇل مۇنتەخەبە"، "تەقيىدۇل ئىلىم"، "ئەلفەقىيھۇ ۋەلمۇتەفەققىھۇ"، "ئەتتەتفىيل"، "ئىقتىزائۇل ئىلمى ۋەلئەمەلى" قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، يازغان ئەسەرلىرى 56 گە يېتىدۇ. ۋاپات قىلىش ئالدىدا بارلىق كىتابلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى ۋەقفە قىلىپ ئىلىم ئەھلىگە تارقىتىۋەتكەن.

### خۇبەيب ـ ÆĒGǹ

خۇبەيب ئىبنى ئەدىي ئەلئەنسارىي: كاتتا ساھابىلاردىن بىرى، بەدىر غازىتىغا قاتناشقان، مۇشرىكلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا ئۇقبە ئىبنى ئەلھارىس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى دەسلەپ قىلىپ يولغا قويغان ساھابە، ئۇ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا: ئى ئاللاھ!، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي جاجىسىنى بەرگىن! دەپ دۇئا قىلغان ۋە مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇغان:

ئىلاھىم ماڭا بەرداشلىق ئاتا قىلغىنكى، دۈشمەنلەر!
ئازابلاشلار بىلەن تىلدى شىلىپ گۆشۈمنى ئۈستىخاندىن.
ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلدۈم ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز،
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن.
مېنى قىستاشتى يېنىشقا ئىماندىن، يىغلىمايمەن ھېچ،
ئۆلۈشكە رازىمەنكى، يوق يېنىش ھەرگىزمۇ ئىماندىن.
ئۆلۈمدىن زادى قورقمايمەن، ياشامتىم مەڭگۈ ئۆلمەستىن،
ئۆلۈم مىڭ ياخشى ئاسىيلىق قىلىپ دەۋزەختە يانغاندىن.
ئاللاھ دەرگاھىغا قايتىمەن، پىسەنت قىلمايمەن دۈشمەنگە،
ئىگىپ باش ياۋغا قىلمايمەن خۇشامەت قىلچە يالغاندىن.
پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم،
شېھىت بولۇپ يىقىلسام سول ياكى ئوڭ ياندىن.

www.munber.org

دارىمىي ــ ǗɳǿǻǼǚ

دارىمىي، ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەددارىمىي، ئەسسەمەرقەندىي، ”ئەبۇمۇھەممەد“، مەشھۇر ”سۈنەنۇددارىمىي“ دەپ تونۇلغان ”ئەلمۇسنەد“ دېگەن ھەدىس توپلىمىنى توپلىغان كاتتا ھەدىسشۇناس ئالىم، ھىجرىيە 255 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

داۋۇد ئىبنى ئەلى ئىبنى خالەف ــ ƵǖȂǹ ȸ ǗǞȝ ȸ ǻȘǻǻ

داۋۇد ئىبنى ئەلى ئىبنى خالەف، فىقھى ئىماملىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا يەنە زاھىرىي مەزھەبنىڭ ئاساسچىسى. ھىجرىيەنىڭ 270 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

دۇرزىييە

چېكىدىن ئاشقان شىيئەلەرنىڭ ئىسمائىلىييە تائىپىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ھاكىم ”بىئەمرىللاھ ئەلفاتىمى“ دېگەن كىشىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھازىر شامدا ياشايدۇ.

داۋۇد ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف ــ ƵǛȁǹ ȸ ǗǛȝ ȸ ǻȘǻǻ

داۋۇد ئىبنى ئەلى ئىبنى خالەف، فىقھى ئىماملىرىنىڭ بىرى، زاھىرىي مەزھەبنىڭ ئاساسچىسى. ھىجرىيە 270 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

دارقۇتنى ــ ǂǛȩǿǻǼǚ (ھىجرىيە 306 ــ 385 مىلادىيە 919 ــ 995)

ئەلى ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەھمەد ئەددارقۇتنى ئەلبەغدادى ئەششافىئى، (ئەبۇل ھەسەن)، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، ئۆز زامانىدىكى تەڭداشسىز ھەدىس ئالىمى، بەغدادتا تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان، ”ئەسسۇنەن“، ”ئەلئىلەل ئەلۋارىدە فىل ئەھادىيس ئەننەبەۋىييە“، ”ئەلمۇجتەبە“، ”ئەلمۇختەلەفۇ ۋەلمۇئتەلەفۇ“ ۋە ”ئەززۇئەفائۇ“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان،

## ر

راھبانىيەت ــ ǦɆǿȂǦȽǿ

راھبانىيەت: ”راھىب بولۇپ ياشاش“ يەنى: جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ يالغۇز ياكى گۇرۇپ بولۇپ سەھرا ياكى ئادەمسىزات يوق جايلاردىكى ئىبادەتخانىلاردا قاتتىق ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى تەرك قىلىش. دۇنيا ئەھلىدىن، دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، غىزالىنىش ۋە كىيىنىشتە قاتتىقچىلىق ۋە قاششاقلىق بىلەن ياشاشتىن ئىبارەت بولغان دىنىي ھايات. مۇشۇنداق ھاياتتا ياشايدىغان كىشى ”راھىب“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خرىستىئانلار پەيدا قىلغان ئادەت بولۇپ ئىسلام بۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، قۇرئان كەرىم سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەتكە قاراڭ. ھەدىستە: «جىھاد قىل! ئۇ ئىسلامنىڭ راھبانىيلىكىدۇر» دېيىلگەن. (ئىمام ئەھمەد مۇسنەدتە رىۋايەت قىلغان)

راھمان ــ ȸȵǍǚ

www.munber.org

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ”ناھايىتى مېھرىبان“ دېگەن مەنىدە.

### رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ــ Ȅɸǖ ȸǣ ȝɆǣÀöä

ئەرەبىيئ ئىبنى ئەنەس ئەلبەكرى ئەلبەسرى ئەلخۇراسانى، ئەلهەنەفىيمۇ دېيىلىدۇ، ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭغا (راستچىل) دەپ باھا بەرگەن. ھىجرىيەنىڭ 139 ـ ياكى 140 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

### رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفراﺋ ـــ ţÀęɟä ȸǣ æzȞŋ ǨÆǣ ȝɆǣÀöä

رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفراﺋ ئەننجارىييە ئەلئەنسارىييە، ئىسلامىيەتتە كاتتا ئورۇن ئالغان ئايال ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەرەخ ئاستىدا رىزۋان بەيئىتى قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتلارغا چىققان ئايال. ئۇ مۇنداق دېگەن: ”بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتقا چىققىنىمىزدا مۇجاھىدلارغا ئۇسسۇلۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارغا خىزمەت قىلاتتۇق، يارىدارلارنى داۋالايتتۇق، ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنى مەدىنىگە قايتۇرۇپ كېتەتتۇق“. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ غىزالىنىپ كېلەتتى، ئۇ ھەزرىتى مۇئاۋىيە دەۋرىگىچە ياشىغان.

## ز

### زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەين ــ ƙÊǵ ȸǣä ȢŸʒ ȸǣä ǼɅȁ

زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كاتتا ئالىم ۋە زەيدىييە مەزھىبىنىڭ ئىمامى، ھىجرىيە 120 ـ ياكى 121 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

### زەيد ئىبنى سابىت ــ ǨǣȦǭ ȸǣ ǼɅȁ

زەيد ئىبنى سابىت ئىبنى ئەززەھھاك ئەلئەنسارى، (ئەبۇخارىجە)، ئىلىمدە يېتىشكەن كاتتا ساھابە، ۋەھيي يازغۇچىلاردىن بىرى، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ مەككىدە چوڭ بولغان، ئالتە يېشىدا ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەن، 11 يېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىجرەت قىلغان، دىننى ئۆگىنىپ ئالىم بولغان، مەدىنىدە قازىلىقتا، پەتىۋا بېرىشتە، قىرائەتتە ۋە فەرائىز ئىلمىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى، خەلىپە ئۆمەر بىر يەرگە بارسا ئۇنى ئورنىغا قويۇپ كېتەتتى، ھەزرىتى ئىبنى ئاببار شۇنداق كاتتىلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: ئىلىمنىڭ ئالدىغا بارمايدۇ دەپ ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا قۇرئاننى توپلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن ئىدى، كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرنىڭ تاپشۇرىقى بىلەن قۇرئاننى توپلىغان، ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ تاپشۇرىقى بىلەن ئوسمانىي قۇرئاننى ئۆز قولى بىلەن يازغان، ۋاپات بولغان كۈن ھەزرىتى ئەبۇھۇرەيرە: بۈگۈن بۇ ئۈممەتنىڭ ئالىمى ۋاپات بولدى، ئاللاھ تائالا ئىبنى ئاببارسنى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلار دېگەن ئىدى. ھەدىس كىتابلىرىدا 92 ھەدىسى بار، ھىجرەتتىن 11 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 611 ـ يىلى) تۇغۇلغان. ھىجرىيە 45 ـ يىلى (مىلادىيە 665 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

www.munber.org

## زەمەخشەرى ــ ƁÀÎƯÂöä (ھىجرىيە 467 ــ 538 مىلادىيە 1075 ــ 1144)

زەمەخشەرى: مەھمۇد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلخارەزمى ئەززەمەخشەرى جارۇللاھ (ئەبۇلقاسىم) ئاتاقلىق تەپسىرشۇناس، تىلشۇناس ۋە فەھىشۇناس. ئۇ ھىجرىيەنىڭ **467** ـ يىلى (مىلادىيە **1075** ـ يىلى) خارەزمىدىكى زەمەخشەردە تۇغۇلغان. مەككىگە بىرىپ ئۇزۇن مۇددەت ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن "جارۇللاھ" دەپ نام ئالغان. تەپسىرىدە "ئەلكەششاف"، ئىستىلىستىكىدا "ئەساسۇل بەلاغە"، "ئەلمۇفەسسال"، "ئەلمەقامات"، "ئەلجىبال ۋەلئەمكىنە ۋەلمىياھ"، "ئەلمۇقەددىمە" ئەرەبچە پارسچە ئىككى توم قامۇس، لۇغەتتە "مۇقەددىمەتۇل ئەدەب"، ھەدىس سۆزلۈكلىرىدە "ئەلفائىق"، ماقال ـ تەمسىلدە "ئەلمۇستەقسا" ۋە سىلىشتۇرما فىقھىدا "رۇئۇسۇل مەسائىل" قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، مۇئتەزىلە مەزھىبىدە بولۇپ سوپىزم ئېقىمىغا ئاشكارە ۋە قاتتىق رەددىيە بەرگەن.

## زەھھاك ــ Ɉģäȃŋ ȡǣ ŎÀHƲȒöä

زەھھاك: ئەززاھھاك ئىبنى مۇزاھىم ئەلھىلالى ئەلخۇراسانى، (ئەبۇلقاسىم)، تابىئىي، مەشھۇر مۇپەسسىر، مۇئەللىملىك قىلغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەكتىپىدە 3 مىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئۇلارنى ئىشەككە مىنىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر بىرلەپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى، تەپسىر ھەققىدە بىر كىتاب يازغان. ھىجرىيەنىڭ **105** ـ ياكى **106** ـ يىلى خۇراساندا ۋاپات بولغان.

## زەيد ئىبنى ئەسلەم ــ ɈŸèǛ ȡǣ ǼɅä

زەيد ئىبنى ئەسلەم ئىبنى سەئلەبە ئىبنى ئەدىي، بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ساھابە، ھىجرىيەنىڭ **136** ـ يىلى (مىلادىيە **753** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## زەھھاك ــ äşƘƶ ȡǣ ŎÀHƲȒöä

زەھھاك ئىبنى فەيرۇز ئەددەيلەمى، ساھابە.

## زەججاج ــ ƷÀDZÂöä (ھىجرىيە 241 ــ 311 مىلادىيە 855 ــ 923)

ئەززەججاج، ئىبراھىم ئىبنى ئەسسەرىي ئىبنى سەھل، ئەبۇئىسھاق ئەززەججاج، لۇغەتشۇناس، ئەلمۇبەررىدنىڭ شاگىرتى، خەلىپىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىگەن، "مائانى ئەلقۇرئان"، "ئەلئىشتىقاق"، "ئىئرابۇل قۇرئان" ۋە "ئەلئەمالى" قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

## زەيد ئىبنى ئەمرو ئىبنى نۇفەيل ــ ŐɆȦɱ ȡǣ ȘÀŧʒ ȡǣ ǼɅä

زەيد ئىبنى ئەمرو ئىبنى نۇفەيل ئىبنى ئابدۇل ئۇززا ئەلقۇرەشى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ھەققىنى قوغدىغان ھەكىم، ئىسلام دەۋرىگىچە ياشىمىغان، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى يامان كۆرۈپ، بۇتلارغا بوغۇزلانغان قۇربانلىقلارنى يېمىگەن، شامغا بېرىپ يەھۇدىزم ۋە خىرىستىئانىزمنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان بولسىمۇ ھېچبىرىگە مايىل بولماي مەككىگە قايتىپ كېلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن ياشىغان، بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا قارشى چىققان، تىرىك

www.munber.org

كۆمۈلدىغان قىزلارنىڭ ئاتىلىرىغا پۇل بېرىپ ئۇلارنى قۇرتۇلدۇرىۋالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى كۆرگەن. كېيىن ئۇ توغرىسىدا سورالغاندا: «قىيامەت كۈنى ئۆزى يالغۇز ئايرىم ئۈممەت بولۇپ قوپىدۇ» دېگەن. ھىجرەتتىن 17 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 606 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### زەيد ئىبنى ئەرقەم ــ ḻęøǘ dbæ ǼΛä

زەيد ئىبنى ئەرقەم ئەلخەزرەجى، ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن 17 غازاتقا قاتناشقان، 70 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيەنىڭ 68 ـ يىلى (مىلادىيە 687 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### زەبۇر ــ øʐæÂöä

زەبۇرنىڭ مەنىسى ”پۈتتا يېزىلغان كىتاب“ دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان بارلىق كىتابلار ”زەبۇر“ دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىممۇ بۇنىڭ ئىچىدە، سۈرە ئەنبىيانىڭ 105 ـ ئايىتى شۇنى كۆرسىتىدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابمۇ زەبۇر ئىسمى بىلەن تونۇلغان.

### زۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ــ ӯäʐȞöä dbæ ƘæÂöä

ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئىبنى خۇۋەيلىد ئەلقۇرەشى، (ئەبۇئابدۇللاھ). كاتتا ساھابە ۋە قەيسەر قوماندان، جەننەت بىلەن بېشارەتلەنگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى، بىرىنچى بولۇپ ئىسلام يولىدا قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغان زات، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدرى ۋە ئۇھۇد قاتارلىق بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، كېيىن ئىسكەندەرىييەنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان، مەيدىسىدە قىلىچ ۋە ئوق ئىزلىرى كۆپ ئىدى، خەلىپە ئۆمەر ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن خەلىپە بولۇشقا لايىق كىشىلەر قاتارىدا قويغان، ئۇ باي تىجارەتچى بولۇپ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكى قىرىق مىليون تەڭگىگە يېتىلغان، جەمەل جېڭى بولغاندا ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشقاندا تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈلگەن، 38 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرەتتىن 28 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 594 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيە 36 ـ يىلى (مىلادىيە 656 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### زۇبائە بىنتى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ــ ǢΫÛʈä ǼƓʒ dbæ ƘæÂöä ǨǺæ ǦʒȦǦȉ

زۇبائە بىنتى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئايال ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى.

## س

### سافۋان ئىبنى ئۇمەييە ــ ǦɆɳǗ dbæ ɹäʐȦȌ

سافۋان ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئىبنى ۋەھب ئەلجۇمەھى، (ئەبۇۋەھب)، سۆزمەن ۋە سېخى ساھابە، جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدە قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان، ئۇ دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىنىش ئۈچۈن ئۇلجىدىن بېرىلگەنلەرنىڭ بىرى

www.munber.org

ئىدى، كېيىن يەرمۇك جېڭىغا قاتناشقان 13 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 661 ـ يىلى) مەككىدە ۋاپات قىلغان.

### سالام ئىبنى مىشكەم ــ ȴÒÎŋ ȡȅ ÿŸè

سالام ئىبنى مىشكەم، يەھۇدىي، ئۇنىڭ ئايالى زەينەب بىنتۇل ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قوينى زەھەرلەپ ئەكىلىپ سۇيىقەست قىلغان.

### سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ــ !ǻ ÆĜʒ ȡȅ ƁÅè

سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب ئەلقۇرەشىي ئەلئەدەۋىي، مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى، شۇنداقلا تابىئىيلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ۋە ئالىملىرىدىن بىرى، ھىجرىيەنىڭ 106 ـ يىلى (مىلادىيە 725 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### سابىت ئىبنى قايس ئىبنى شەمماس ــ âÅƽ ȡȅ ÈȡȨ ȡȅ ǨȅÅǭ

سابىت ئىبنى قايس ئىبنى شەمماس ئەلخەزرەجىي ئەنسارىي، ساھابە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باياناتچىسى ئىدى. ئوھۇد ۋە ئۇندىن كېيىنكى بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، ھەدىستە: «سابىت ئىنتايىن ياخشى ئادەم» دېيىلگەن. ئۇ ئاغرىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ بارغان ۋە: «ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، سابىت ئىبنى قايسقا شىپالىق بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 633 ـ يىلى) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

### سابىئە ــ ǦÅȅÅÔǟ

سابىئە: دىنسىز ياكى يۇلتۇزلارغا ياكى پەرىشتىلەرگە چوقۇنىدىغان تائىپە ياكى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان، لېكىن يا پەيغەمبەر ياكى كىتاب، ياكى مۇئەييەن ئىبادەتتىمۇ بولمىغان بىر تائىپە، سۈرە بەقەرە 62 ـ ئايىتى بۇنى تەكىتلەيدۇ.

### ساھابە ــ ǦȅÅHƲÔǟ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ھالدا ئۇچراشقان، مۇسۇلمان ھالەتتە دۇنيادىن كەتكەن كىشى.

### سىددىيقلار ــ ȷȤŎŃÉÔǟ

سۆزدە ۋە ئېتىقادىدا راستچىل بولغانلاردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلەتلىك ساھابىلىرى شۇنداقلاردىن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راستچىللىقتا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ئىشىنىشتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولغاچقا "سىددىق" دەپ نام ئالغان.

### سەلمان ئەلفارىسى ــ ȗèøÅÅǟ ȷÅŧŸè

www.munber.org

سەلمان ئەلفارىسى: ئۇلۇغ ساھابە، تېگى پارس مىللىتىدىن، ئۇ ئەسفاھان مەجۇسلىرىدىن بولۇپ ھەقىقەت ئىزدەپ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ پارس، رىم ۋە يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان، كېيىن ئەرەب يۇرتلىرىغا قاراپ ماڭغاندا يولدا ئۇچرىغان ئەرەبلەر ئۇنى خىزمىتىگە سالغان، كېيىنچە ئۇنى قۇل قىلىۋېلىپ ساتقان، بەنى قۇرەيزە جەمەتىدىن بىرى سېتىۋېلىپ مەدىنىگە ئەكەلگەن، سەلمان ئىسلامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇبادا زىيارەت قىلغان ۋە قىشىدا بىر مۇددەت تۇرغان، ساھابىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىپ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئىسلام ئوغلى سەلمان دەپ ئاتىغان، ئۇ كۈچلۈك، تەدبىرلىك ۋە دىنلارغا دائىر مەلۇماتلىق ئىدى، خەندەك كولاشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەلمان مەسلىھەت بەرگەن ئىدى، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار سەلماننى تالىشىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەلمان بىزنىڭ جەمەتىمىزدىن» دەپ ئۇنى پەيغەمبەر جەمەتىگە مەنسۇپ قىلغان، كېيىنكى چاغلاردا ئەلمەدائىنگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ مائاشى چىقسا سەدىقە قىلىۋېتىپ بورا ياساپ ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن ئارپا نېنى يەپ ياشىغان، ھەدىس كىتابلىرىدا 60 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 36 ـ يىلى (مىلادىيە 656 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

سەلەپ ـــ Ƶẏȅ

سەلەپ: دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ، ۋەھيى چۈشكەن زامانلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە دىننى چۈشەنگەن، قۇرئان كۆرسەتمىسىنى ھايات يولى قىلغان ۋە ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان ساھابىلار سەلەپ سالىھ دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن كېيىن كېلىپ ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا ئەگەشكەن تابىئىيلار ۋە تابىئىيلارنىڭ تابىئىيلىرىمۇ سەلەپ ئاتالغۇسى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئومۇمەن ھىجرىيە 3 ـ ئەسىرگە قەدەر ياشىغان كاتتىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سەلەپ ئاتالغۇسى ئىچىگە كىرىدۇ.

سەلەمە ئىبنى ھىشام ـــ ȳȦȊȽ ȸȧ ǴȶŸȅ

سەلەمە ئىبنى ھىشام ئىبنى ئەلمۇغىيرە ئەلمەخزۇمى، (ئەبۇھاشىم)، ئەبۇجەھلنىڭ بىر تۇغقىنى، بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ساھابە، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنى ھىجرەت قىلغىلى قويماي ئازار بېرىپ سولاپ قويغاندا قېچىپ كەتكەن، كېيىن ھىجرىيە 14 ـ يىلى (مىلادىيە 635 ـ يىلى) شامدا شېھىت بولغان.

سەفا ۋە مەرۋە ـــ ǥȿȦţȁȿ ȦȦÔȍȁ

كەئبە يېنىدىكى ئىككى تاغنىڭ نامى بولۇپ، ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيىتىدە بۇ ئىككى تاغ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم يۈرۈش ۋاجىپتۇر. ھازىر ھەر ئىككىسى ھەرەم مەسجىدىنىڭ ئىچىدە.

سەھل ئىبنى سەئد ـــ ɃǼȝȦÊȍȁ ǼȞȅ ȸȧ ŌȥȅЀ

سەھل ئىبنى سەئد ئەسسائىدى ئەلخەزرەجى، مەشھۇر ساھابە، 100 يىل ياشىغان، 188 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيەنىڭ 91 ـ يىلى (مىلادىيە 710 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ـــ ȿȦȶȝ ȸȧ ŌɆȥȅ

www.munber.org

سۇھەيل ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئابدۇ شەمس ئەلئامىرى، قۇرەيشنىڭ سۆزچىسى، جاھىلىيەتتىكى چوڭلارنىڭ بىرى، ھۇدەيبىييە سۈلھىسىنى تۈزگەن، بۇ سۈلھىنامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان، بەدر كۈنى مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشۈپ تۆلەم بىلەن قويۇپ بېرىلگەن، مەككە فەتھى قىلىنغان كۈندە مۇسۇلمان بولغان، ھىجرىيە 18 ـ يىلى (مىلادىيە 639 ـ يىلى) شامدا ۋاباda ئۆلۈپ كەتكەن.

سۇھەيلى ــ ÙŸ£7Êöä (ھىجرىيە 508 ــ 581 مىلادىيە 1114 ــ 1185)

سۇھەيلى، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئەلخاسئەمى، ئەسسۇھەيلى، ھەدىسشۇناس، لۇغەت ۋە تارىختا يېتىشكەن ئالىم، ئەما، ئىبنى ھىشام سىيرىسىنى ”ئەرراۋزۇل ئۇنۇف“ دەپ شەرھلىگەن، ”ئەلئىيزاھ ۋەتتەبيىين“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

سۇھەيب ئىبنى سىنان ــ Ùn§Àöä jÄè ðä Æ£7ò (ھىجرەتتىن بۇرۇن 32 ــ 38 مىلادىيە 592 ــ 659)

سۇھەيب ئىبنى سىنان ئىبنى مالىك، ساھابە، ئەرەبلەردىن چىققان ئەڭ مەرگەن پەھلىۋان، ئىسلامغا دەسلەپكى دەۋردە كىرگەن زاتلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئۇبۇللازادىلەردىن ئىدى ئۇ ھەم كىسرا، ئەنۇشىرۋان تەرىپىدىن بەسرىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئەسلى تۇغۇلغان جايى مۇۋسۇل بولۇپ رىملار ئۇ جايغا ھۇجۇم قىلغاندا سۇھەيبنى ئەسىر ئالغان. ئۇ كىچىكىدىن رىملىقلار ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا ئەرەبچىسى ياخشى ئەمەستى. ئەرەبلەردىن بىرى ئۇنى رىملىقلاردىن سېتىۋېلىپ مەككىگە ئېلىپ كەلگەندە ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەككىدە تىجارەت قىلغان. ئىسلامىيەت كەلگەندىن كېيىن 30 نەچچە كىشىدىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولغان، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا سۇھەيبمۇ ھىجرەت قىلىشقا تەييارلانغان، ئۇ تىجارەت قىلىپ كۆپ پۇل تاپقاچقا مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنى توسقان ھەمدە: سەن بىزنىڭ قېشىمىزغا پەس، قەلەندەر ھالەتتە كەلگەن ئىدىڭ، ئەمدىلىكتە كۆپ پۇل تېپىپ كەتمەكچى بولىۋاتامسەن؟ دەپ تۇرىۋالغاندا، سۇھەيب: مال ـ مۈلكىمنى تاشلاپ كەتسەم مېنى كەتكىلى قويامسىلەر؟ دېگەن. ئۇلار: ماقۇل، بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇلارغا بارلىق مال ـ مۈلكىنى تاشلاپ بېرىپ ۋە ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سودا كېلىشىمى ۋەقەلىكىنى ئاڭلىغاندا: «سۇھەيب پايدا ئاپتۇ، سۇھەيب پايدا ئاپتۇ» دېگەن. ئۇ بەدر، ئۇھۇد ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، 307 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، مەدىنىدە ۋاپات بولغان، كىشىلەر ئارىسىدا سۇھەيب ئەررۇمىي دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

سۇلايمان ئىبنى سۇراد ــ åÀò ðä jÄt£Ÿè (ھىجرەتتىن بۇرۇن 28 ــ 65 مىلادىيە 595 ــ 684)

سۇلايمان ئىبنى سۇراد ئىبنى ئەلجۇن ئەسسەلۇلىي ئەلخۇزائىي، (ئەبۇ مۇتراف)، ساھابە، ھەم ئىسلامدىكى رەھبەر قوماندانلارنىڭ بىرى، ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە جەمەل ۋە سىففىين جەڭلىرىگە قاتناشقان، ھەزرىتى ھۈسەين بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن. لېكىن، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پۇشمان قىلىپ قىساسىنى تەلەپ قىلىپ چىققان، ئەھلى بەيتكە خىلافەتنىڭ تاپشۇرۇلۇشىنى تەلەپ

www.munber.org

قىلغان (تەۋۋابىين) جامائەتكە باش بولغان. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى زىياد قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ 15 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

### سەۋبان ـ ǰÅǽǬ

سەۋبان ئىبنى بۇجدۇد، (ئەبۇئابدۇللاھ)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر خىزمىتىدە بولغان، كېيىن شامغا چىقىپ پەلەستىندىكى رەملە دېگەن جايغا چۈشكەن، كېيىن ھىمس شەھرىگە چۈشۈپ ھىجرىيەنىڭ 54 ـ يىلى شۇ جايدا (ملادىيە 674 ـ يىلى) ۋاپات بولغان. 128 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

### سەئد ئىبنى مۇئاز ـــ æÅĤŋ ŒÈ ÆĤè

سەئد ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەننوئمان ئىبنى ئىمرىئۇلقايس ئەلئەنسارى، ساھابە، قەھرىمان باتۇرلارنىڭ بىرى، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ بەدرى كۈنى ئەۋسنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن، خەندەك جېڭىدە ئوق تېگىپ شۇنىڭ تەسىرى بىلەن 37 يېشىدا ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلمى ئۈچۈن راھماننىڭ ئەرشى تىترىدى» دېگەن. ھىجرىيەنىڭ 14 ـ يىلى (ملادىيە 635 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### سەئىيد ئىبنى زەيد ـــ ÆΛà ŒÈ ÆɆĤè

سەئىيد ئىبنى زەيد ئىبن ئەمرو ئىبنى نۇفەيل ئەلقۇرەشى، (ئەبۇل ئەئۋەر)، ساھابە، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى، ئۇ قەيسەر ۋە تەدبىرلىك ئىدى، يەرمۇك ۋە دەمەشىق مۇھاسىرىسىغا قاتناشقان، دەمەشىقكە ۋالىي بولغان، 48 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيەنىڭ 51 ـ يىلى (ملادىيە 671 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### سەئىيد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى شۆئبە ئەلخۇراسانى ـــ ĞGĤȉ ŒÈ øζÔȺŋ ŒÈ ÆɆĤè

سەئىيد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى شۆئبە ئەلخوراسانى، (ئەبۇ ئوسمان) ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى، ”ئەسسۇنەن“، ”ئەتتەپسىر“ قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئىمام ئەھمەد، ئىمام دارىمى، ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىق مۇھەددىس ئالىملار ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ راستچىل، ئىشەنچلىك، ئىلمنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئالىملاردىن ئىدى. ھىجرىيە 227 ـ يىلى مەككىدە ۋاپات بولغان.

### سەئىد ئىبنى جۇبەير ـ ĶGDZ ŒÈ ÆɆĤè (ھىجرىيە 45 ـــ 95 ملادىيە 665 ـــ 714)

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئەلئەسەدى ئەلكۇفى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، كاتتا تابىئىي ۋە تابىئىيلارنىڭ ئەڭ بىلىملىكى، ئەسلى ھەبەشىستانلىق بولۇپ بەنى ۋالىبە جەمەتىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى، ھەزرىتى ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى ئۆمەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن كۇفىلىك بىرەر كىشى كېلىپ بىر نەرسە سورىسا: ئاراڭلاردا سەئىيد تۇرۇقلۇق ماڭا كېلىپ سورامسىلەر؟ دەيتتى، خەلىپە ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋانغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ھەججاج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. دۇئاسى

www.munber.org

ئىجابەت بولىدىغان زاتلاردىن ئىدى. ئاز كۈنگە قالماي زالىم ھەججاج سەئىدنىڭ دۇئاسى بىلەن ھالاك بولغان.

### سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب ــ ÆĒɆÊţä ȸä ÆɆȞè (ھىجرىيە 13 ــ 94 مىلادىيە 634 ــ 713)

سەئىيد ئىبنى ئەلمۇسەييىب ئىبنى ھەزەن ئىبنى ئەبۇۋەھب ئەلمەخزۇمى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇمۇھەممەد)، تابىئىيلارنىڭ پىشۋاسى، مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى، ئىبادەتگۈيلىقى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھاياتىدا ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلىپىلەردىن ياردەم ئالمىغان.

### سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس ــ Î Äęş ŸÜ ȸä ÆȞè

سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس مالىك ئىبنى ئۇھەيب ئىبنى ئابدۇ مەناف ئەلقۇرەشى ئەززۇھرى، (ئەبۇئىسھاق)، پېشقەدەم ساھابە، تالانتلىق ھەربىي قوماندان، جەننەت بىلەن خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، 17 يېشىدا مۇسۇلمان بولغان، بىرىنچى بولۇپ ئاللاھ يولىدا ئوق ئاتقان، بەدر غازىتىغا قاتناشقان، قادىسىيە جېڭىگە قوماندانلىق قىلغان، كۇفە شەھىرىنى لاھىيىلىگەن، ئىراقنى فەتھى قىلغان زات، خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن كۇفەگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن، خەلىپە ئوسمان زامانىدىمۇ بىر مۇددەت ۋالىي بولۇپ تۇرغان، كېيىن ۋالىيلىقتىن ئېلىنىپ مەدىنىگە قايتىپ شۇ يەردە ۋاپات قىلغان، 271 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرەتتىن 23 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 600 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھىجرىيە 55 ـ يىلى (مىلادىيە 675 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### سەئد ئىبنى ئەررەبىئ ــ ȜɆäÀöä ȸä ÆȞè

سەئد ئىبنى ئەررەبىئ ئىبنى ئەمرۇ ئەلئەنسارى، كاتتا ساھابە، ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ بىرى، بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 625 ـ يىلى) ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغان.

### سۇددى ــ ɃÆÊöä ȸƥÀöäÆǤȜ ȸä ŌɆȜÀƧŰ

ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇرراھمان سۇددى ئەلكۇفى، ئەسلى ھىجازلىق بولۇپ كۇفەگە جايلاشقان، چوڭ سۇددى دەپ ئاتىلىدۇ، مۇپەسسىر، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 128 ـ يىلى (مىلادىيە 745 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### سۇفيان سەۋرىي ــ ɃøȤöä ȷɆÀè (ھىجرىيە 97 ــ 161 مىلادىيە 716 ــ 778)

سۇفيان ئىبنى سەئىيد ئىبنى مەسرۇق ئەسسەۋرى ئەلكۇفى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ھەدىستە ئەمىرىلمۇئمىنىن نامىنى ئالغان، فەقىھ، ئىبادەتتە ۋە تەقۋادارلىقتا تونۇلغان زات، كۇفەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، خەلىپە مەنسۇر ئۇنى ھوقۇق تۇتۇشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ تەكلىۋىنى رەت قىلىپ كۇفەدىن چىقىپ مەككە ۋە مەدىنىگە جايلاشقان، كېيىن خەلىپە مەھدى ئۇنى تۇتماقچى بولغاندا بەسرىگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنغان ھالەتتە ۋاپات بولغان، "ئەلجامىئۇل كەبىير"، "ئەلجامىئۇسسەغىير" قاتارلىق ھەدىس

www.munber.org

كىتابلىرىنى قالدۇرغان، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بەك يۇقىرى بولۇپ ئۇ: يادا ئالغان بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، دېگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ــ ĞÆŁʒ ȸǽ ȷȦŁÀè (ھىجرىيە 107 ــ 198 مىلادىيە 725 ــ 814)

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئىبنى مەيمۇن ئەلھىلالى ئەلكۇفى، (ئەبۇمۇھەممەد)، ئىشەنچلىك چوڭ ھەدىس ئالىملىرىنىڭ بىرى، ھەرەم مەككىنىڭ زامانىدىكى مۇھەددىسى، ئەسلى قول بولۇپ كۇفەدە تۇغۇلغان، مەككىگە جايلىشىپ مەككىدە ۋاپات قىلغان، ئىلىم ـ مەرىپەتتە كاتتا مەنزىلىگە يەتكەن، 70 قېتىم ھەج قىلغان، ھەدىستە (ئەلجامىئ) دېگەن كىتابنى يەنە تەپسىردە بىر كىتابنى قالدۇرغان، ئىمام شافىئىي: مالىك بىلەن سۇفيان بولمىغان بولسا ھىجازدىكى ئىلىم زايا بولغان بولاتتى، دېگەن.

سىيبەۋەيھ ــ ȻʌʐǤŁè (ھىجرىيە 148 ــ 180 مىلادىيە 765 ــ 796)

ئەمرۇ ئىبنى ئوسمان ئىبنى قۇنبۇر ئەلھارىسى، (ئەبۇبىشر)، سىيبەۋەيھ (فارسچە ئالما پۇرىقى دېگەن مەنىدە )دەپ تونۇلغان، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنىڭ ئەللامىسى، نەھۋدە بەسرە مەدرىسىسىنىڭ ئىمامى، نەھۋى ئىلمىدە ئاتاقلىق (ئەلكىتاب) نىڭ مۇئەللىپى، شىراز يېزىلىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان، كېيىن بەسرىگە جايلاشقان، ئەلخەلىل ئىبنى ئەھمەدنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىشىپ چۈشكەن، بەغدادقا بېرىپ مەشھۇر نەھۋى ئالىمى ئەلكىسائى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، خەلىپە ھارۇن ئەررەشىد ئۇنى 10 مىڭ تەڭگە بىلەن مۇكاپاتلىغان، ناھايىتى ياش ئالەمدىن ئۆتكەن.

ش

ئىمام شافىئىي ـ ɄȞʐȦȊöä (ھىجرىيە 150 ــ 204 مىلادىيە 767 ــ 820)

ئىمام شافىئىي: مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئەلئاببااس ئىبنى ئەششافىئ ئەلھاشىمى ئەلقۇرەشى ئەلمۇتتەلەبى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ئەھلى سۈننەت ئىچىدىكى مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان شافىئىي مەزھەب ئىمامى، پەلەستىندىكى غاززەدە تۇغۇلغان، ئىككى يېشىدا مەككىگە ئېلىپ بېرىلغان، ئۇن يىل بەدەۋىي ئەرەبلەر ئارىسىدا ئەرەبچە ئۆگىنىپ مەرگەنلىك بىلەن ئەرەب تىلى ۋە شېئىرىيىتىدە يېتىشكەن، مەدىنىدە ئىمام مالىكتىن ھەدىس ئۆگەنگەن، كېيىن فىقھى ۋە ھەدىس بىلىملىرىگە يۈزلەنگەن، باغدادنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغان، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ نەۋرە شاگىرتى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئەششەيبانىدىن فىقھى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، 20 يېشىدا پەتۋا بېرىشكە باشلىغان، فىقھىدا يەتتە تومدا بېسىلغان "ئەلئۇم"، ھەدىستە بىر تومدا بېسىلغان "ئەلمۇسنەد"، "ئىختىلافۇل ھەدىس"، "ئەھكامۇل قۇرئان"، "ئەسسۇنەن"، ئۇسۇلى فىقھى ئىلمىدا مەشھۇر "ئەررىسالە" يەنە "ئەسسەبقۇ ۋەررامىيۇ"، "فەزائىلۇل قۇرەيش"، "ئەدەبۇل قازى" ۋە "ئەلمەۋارىيس" قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمىدە دەسلەپ كىتاب يازغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 199 ـ يىلى مىسىرغا بارغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ــ ȳɎÊöä ȻŁŸʒ ǢŁȞȉ

www.munber.org

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام: ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادىن چىققان پەيغەمبەر بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ۋە بەنى مەديەن جەمەتىدىن. ئۇ ھۇد ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالاملاردىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سەل بۇرۇن پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن. ھازىرقى ئىئوردانىيەدە ياشىغان. نەسەبشۇناسلار ئاتىسىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئىختىلاپى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغان قويغان. بەزىلەر ئۇنى شۇئەيب ئىبنى نەۋفەل دېيىشكەن. ئۇنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى ئەما ئىدى دېيىشكەن. قەبرىسى پەلەستىندە مەشھۇر. ئۇ قىزى سافۇرائنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلغان، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئان كەرىمدە 10 يەردە زىكىر قىلىنغان، ئۇنىڭ قەۋمى بولغان بەنى مەديەن ئاللاھ تائالاغا تېنىپ، تارازا ـ مىزاندا كەم بېرىپ بۇزۇقچىلىقلارنى كۆپ قىلغان، ئىلگىرى ئۇلارغا بىرقانچە پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمىگەن، ئۇلار بىر دەرەخكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ”ئەسھابۇل ئەيكە“ دەپمۇ ئاتالغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بىر اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىشقا، بۇزۇق قىلمىشلىرىنى تاشلاشقا چاقىرغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن، ئەگەشمىگەنلەر ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم مۇنازىرە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ”پەيغەمبەرلەرنىڭ خەتىبى“ دەپ ئاتالغان، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىر بۇلۇت بىلەن سايىداپ تۇرغاندا ئوتلۇق بوران چىقىپ ئۇلارنى ئۇكلىۋەتكەن، يەر قاتتىق تەۋرەپ ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى ھالاك بولغان. اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەر بىلەن بىللە سالامەت قۇتۇلغان.

شەيخۇل ئىسلام ــ ÿŸèqá ÑẸ̈Ì

ئىسلام داھىسى ۋە كاتتا ئالىملارغا بېرىلىدىغان دىنىي ئۇنۋان.

غ

ئىمام غازالى ــ ƃäÂ8öä ÿÄŋǚ

مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغازالى، (ئەبۇ ھامىد) ھۆججەتۇل ئىسلام، ئاتاقلىق ئالىم، كاتتا فەقىھ (ھجرىيە 450 ــ 505).

غەيلان ئىبنى سەلەمە ــ ɄÀÖǯöä ǴŧŸè ȸä ȷŸẸq

غەيلان ئىبن سەلەمە ئەسسەقافى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئابرۇيلۇق شائىر ۋە ھەكىم، كىسرا بىلەن كۆرۈشۈشكە بارغان، كىسراغا ئۇنىڭ سۆزلىرى ياراپ كەتكەن، تائىف جېڭىدە مۇسۇلمان بولغان، ئۇنىڭ ئون خوتۇنى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۆتنى ئېلىپ قېلىپ باشقىلارنى قويۇۋېتىشكە بۇيرىغان، ھجرىيەنىڭ 23 ـ يىلى (مىلادىيە 644 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ف

فەخرۇددىن رازى ـ ȻäáÀöä ȸÆöä ÀÅz (ھجرىيە 544 ــ 606 مىلادىيە 1150 ــ 1210)

www.munber.org

ئىمام رازىي: مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ئەلھۇسەين ئەتتەيمى ئەلبەكرى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، فەخرۇددىن ئەررازىي، زامانىدىكى ئاتاقلىق مۇپەسسىر ۋە كاتتا شەرىئەتشۇناس ئالىم. نەسەبى قۇرەيشكە تۇتىشىدۇ، راي شەھرىدە تۇغۇلغان، خارەزم، ماۋەرائۇننەھرى ۋە خۇراسانلارغا سەپەر قىلغان، ھىراتتا ۋاپات بولغان، ھايات ۋاقتىدىلا كىتابلىرى يۇرتلارغا تارقالغان، مەشھۇر ”مەفاتىھۇل غەيب“ دېگەن تەپسىرى، ”لەۋامىئۇل بەييىنات“، ”ئاساسۇتتەقدىيس“، ”ئەلمەھسۇل“، ”مەئالىمۇ ئۇسۇلىددىين“، پارسچە ”تەئجىيزۇل فەلاسفە“ قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

### فەرراڭ ــ ÕåÀÄöå (ھىجرىيە 144 ــ 207 مىلادىيە 761 ــ 822)

فەرراڭ: يەھيا ئىبنى زىياد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەنزۇر ئەددەيلەمى، (ئەبۇزەكەرىيا)، ئەلفەرراڭ دەپ تونۇلغان، كاتتا لۇغەتشۇناس، كۇفەدە توغۇلۇپ بەغدادقا جايلاشقان، خەلىپە ئەلمەئمۇننىڭ ئىككى ئوغلىنى تەربىيىلىگەن، لۇغەتشۇناس بولۇش بىلەن بىللە فەقىھ ۋە تارىخچى ئاسترونوم مۇتەكەللىم ئالىم بولۇپ مۆئتەزىلىلىككە مايىل بولغان، نەھۋدە كۇفە ئېقىمىنىڭ بېشى بولغان، سەئلەب مۇنداق دېگەن: ”ئەلفەرراڭ بولمىغان بولسا لۇغەت بولمىغان بولاتتى“، ”ئەمەقسۇرۇ ۋەلمەمدۇد“، ”مەئانى ئەلقۇرئان“، ”ئەللۇغات“، ”ئەلھۇدۇد“، ”ئەلۋەقف“، ”ئەلئىبتىدائ“، ”مۇشكەلۇللۇغە“ ۋە ”ئەلجەمئۇ ۋەتتەسنىيە“ قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان.

### فەزل ئىبنى شازان ــ ÕŘÀöå ďbå JåæÀ`

فەزل ئىبنى شازان ئىبنى ئەلخەلىل، ئەلئەزدى ئەننىيشاپۇرى، (ئەبۇمۇھەممەد) ئىلمى كالام ئالىملىرىدىن، ئىمامىييە مەزھىبى فەقىھلىرىنىڭ بىرى، ”ئەرراددۇ ئەلە ئىبنى كىرام“، ”ئەلئىيمان“، (مىھنەتۇل ئىسلام) قاتارلىق **180** دانە كىتابى بار، ھىجرىيەنىڭ **260** ـ يىلى (مىلادىيە **874** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ــ ĞöÀŘz ďbå ÆǂĢʒ

فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى نافىز ئىبنى قەيس ئەلئەنسارى، (ئەبۇمۇھەممەد)، ساھابە، ئۇھۇد ۋە ئۇندىن كېيىنكى غازاتلارغا، شۇنداقلا مىسىر ۋە شام فەتھىسىگە قاتناشقان، خەلىپە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن دەمەشىقكە قازى بولغان، **50** ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ **53** ـ يىلى (مىلادىيە**673** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### فۇزايل ئىبن ئايياز ــ ÕǂŘÀöå ďbå Àǂʒ ô (ھىجرىيە 105 ــ 187 مىلادىيە 723 ــ 803)

ئەلفۇزايل ئىبن ئايياز ئىبنى مەسئۇد ئەتتەمىيمى، (ئەبۇئەلى)، مەككە ھەرەم شەيخى، سالىھ ۋە ئىبادەتگۈي كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى، ئىمام شافىئىي ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن، سەمەرقەندتە تۇغۇلغان، كېيىن مەككىدە ياشىغان.

## ق

### قارافىي ــ ŽåøÀÖöå

www.munber.org

ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلقارافى، ئاتاقلىق شەرىئەتشۇناس ۋە مالىكىي مەزھەبىنىڭ كاتتا فەقىھلىرىنىڭ بىرى. ھىجرىيە 684 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

قازى ئەيياز ــ ãÂ£ʒ ?ř Âę

ئەيياز ئىبنى مۇسا ئەل يەھسۇبى، مەغرىبتە ئۆتكەن ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھەب فەقىھلىرىدىن. ماراكەشتە ھىجرىيە 544 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

قەتادە ــ ģåÂǫę ȸǣ ĞɳÂʒá ȹèşÆÊöä (ھىجرىيە 61 ــ 118 مىلادىيە 680 ــ 737)

قەتادە: قاتادە ئىبنى دىئامە ئىبنى قاتادە ئىبنى ئەزىز ئەسسەدۇسى ئەلبەسرى، (ئەبۇل خەتتاب)، تابىئىي، كاتتا مۇپەسسىر، مۇھەددىس ۋە فەقىھ. ئەرەب تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە نەسەب ئىلمىدە يېتىشكەن ئالىم، ئىمام ئەھمەد: قەتادە بەسرە ئەھلىنىڭ ئەڭ بىلىملىكى دېگەن.

قەيسەر: رىم ۋە رۇس پادىشاھلىرىغا بېرىلىدىغان ئومۇمىي نام.

قۇستانتىينىييە ــ ĞÆÆÛÂÛÊÖöä

قۇستانتىينىييە: ئىستانبۇلنىڭ قەدىمكى ئىسمى.

قۇرتۇبى ــ ƑüÅÖöä

ئىمام قۇرتۇبى: مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبى بەكىر ئىبنى فەراھ ئەل ئەنسارى ئەلخەزرەجى ئەلئەندەلۇسى ئەلقۇرتۇبى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، كاتتا ۋە ئاتاقلىق مۇپەسسىر، ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھەب فەقىھى، ئەسلى قۇرتۇبەدىن بولۇپ مىسىرغا جايلىشىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، (تەپسىرى قۇرتۇبى) دەپ نام ئالغان ”ئەلجامىئۇ لىئەھكامىل قۇرئان“ دېگەن تەپسىرنى يازغان، يەنە ”قامئۇل ھىرسى بىززۇھدى ۋەلقانائە“، ”ئەلئەسنە فى شەرھى ئەسمائۇللاھى ئەلھۇسنە“، ”ئەتتەزكىرە“ ۋە ”ئەتتىزكار فى ئەفزالىل ئەزكار“ قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، ئىبادەتگۇي ۋە ئاددى ـ ساددا ياشايدىغان ئالىم ئىدى. ھىجرىيە 671 ـ يىلى (مىلادىيە 1273 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

قەيس ئىبنى ئۇباد ــ ȄȾę ȸǣ áÂǤʒ

قەيس ئىبنى ئۇباد ئەززابىئىي، تابىئىيلاردىن چىققان كاتتا ئالىم ۋە سالىھ زات. ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھىجرىيەنىڭ 85 ـ يىلى (مىلادىيە 704 ـ يىلى) ھەججاج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

قىبت ــ ȖǤę

قىبت: قەدىمكى گېرىكچە سۆز بولۇپ ”مىسىر ئاھالىسى“ دېگەن مەنىدە، بۇگۈنكى كۈندە بولسا مىسىردىكى خرىستىئانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قىيرات ــ řäKÖöä

0.2125 گرامغا باراۋەر كېلىدىغان ئېغىرلىق بىرلىكى.

www.munber.org

## ك

### كەئب ئىبنى مالىك ــ ŌöȦņ ȸǣ ÆĒȞŌ

كەئب ئىبنى مالىك ئىبنى ئەمرۇ ئەلئەنسارىي ئەسسەلەمىي ئەلخازرەجىي، ساھابە، كاتتا شائىرلارنىڭ بىرى. جاھىلىيەت دەۋرىدە شائىرلىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان، ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرلىرىدىن بولغان ۋە خېلى كۆپ غازاتلارغا قاتناشقان. كېيىن توپىلاڭ ۋاقتىدا ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوغدىغان، ئاخىرقى ھاياتىدا ئەما بولۇپ قالغان، 77 يىل ياشىغان، 80 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

### كەئبۇل ئەھبار ــ øȦǤǵɉǟ ÆĒȞŌ

كەئبۇل ئەھبار، كەئب ئىبن ماتىئ ئىبنى زى ھەجەن ئەلھىميەرى، (ئەبۇئىسھاق) تابىئىي، جاھىلىيەت دەۋرىدە يەمەندىكى يەھۇدىيلارنىڭ كاتتا ئالىمى ئىدى، ھەزرىتى ئەبۇبەكىر خىلاپىتى دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان، خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدە مەدىنىگە كەلگەن، ساھابىلار ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئاڭلىغان، ھىجرىيە 32 ـ يىلى (مىلادىيە 652 ـ يىلى) 104 يېشىدا شامدا ۋاپات بولغان.

### كەئب ئىبنۇل ئەشرەف ــ 8ȀȉɉǟȸǣÆĒȞŌ

كەئب ئىبنۇل ئەشرەف، كەئب ئىبن ئەشرەف ئەتتائى، جاھىلىيەت دەۋرى شائىرلىرىدىن، ئانىسى يەھۇدىي بولغاچقا يەھۇدىيزمغا كىرگەن، ئىسلام كەلگەندە مۇسۇلمان بولمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارغا قارشى ھەجۋىي شېئىرلارنى ئېيتقان، كاپىرلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قۇترىتاتقان، بەدرى غازىتىدىن كېيىن قۇرەيشنى مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئۈندىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەندە ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 624 ـ يىلى) ئەنسارلاردىن بەش نەپەر كىشى ئۇنى قەلئەسىدە ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەن.

### كىسائىي ــ ȾǝȦÊȮöǟ

كىسائىي: ئەلى ئىبنى ھەمزە ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئەسەدى ئەلكىسائىي ئەلكۇفى، (ئەبۇل ھەسەن)، ئەرەب تىلى ۋە گراماتىكىسى ئالىمى، ئاتاقلىق قىرائەتشۇناس، كۇفە يېزىلىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان، يېشى چوڭ بولغاندىن كېيىن نەھۋى ئىلمى ئوقۇغان، ئەرەب سەھرالىرىدا كېزىپ يۈرۈپ كېيىن بەغدادقا جايلاشقان، رەي شەھرىدە ۋاپات بولغان. ھارۇن ئەررەشىيد، ئەلئەمىين ۋە ئەلمەئمۇن قاتارلىق خەلىپىلەرنى تەربىيىلىگەن، نەھۋىدە كۇفە ئېقىمىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئىمامى بولغان، مەشھۇر يەتتە قىرائەتنىڭ بىرى ئۇنىڭغا مەنسۇپ، سىيبەۋەيھ بىلەن قىلغان مۇنازىرىلىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ۋەقەلىكلىرى مەشھۇر، ”مائانى ئەلقۇرئان“، ”ئەلھۇرۇف“، ”ئەلمەسادىر“، ”ئەلقىرائات“، ”ئەننەۋادىر“، ”ئەلمۇتەشابىھۇ فىلقۇرئان“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرىيەنىڭ 189 ـ يىلى (مىلادىيە 805 ـ يىلى) 70 يېشىدا ۋاپات بولغان.

www.munber.org

## ل

### لات ــ ğY̋öä

لات: جاھىلىيەتتە تائىف شەھرىدىكى سەقىيف قەبىلىسى ياكى قۇرەيش قەبىلىسى چوقۇنىدىغان بۇت.

### لەيس ــ Q̄ȻŸöä (ھىجرىيە 94 ــ 175 مىلادىيە 713 ــ 791)

لەيس ئىبنى سەئىد ئابدۇرراھمان ئەلفەھمى ئەلمىسرى، (ئەبۇل ھارىس)، تالانتلىق مۇجتەھىد، زامانىدىكى مىسىرنىڭ فەقىھى ۋە ھەدىسشۇناس ئەللامىسى، ئېگى خۇراساندىن. ئىمام شافىئىي لەيس مالىكتىنمۇ كاتتىراق فەقىھ يوق، لېكىن شاگىرتلىرى ئۇنىڭ قاراشلىرىنى تارقاتمىغان دېگەن. ئۇ بەزى ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. ھىجرىيەنىڭ **175** ـ يىلى (مىلادىيە **791** ـ يىلى) قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

## م

### ئىمام مالىك ــ ŌöÅŋ (ھىجرىيە 93 ــ 179 مىلادىيە 712 ــ 795)

ئىمام مالىك: مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلئەسبەھى ئەلھىمىيەرى، (ئەبۇئابدۇللاھ) ھىجرىيەنىڭ **93** ـ يىلى (مىلادىيە **712** ـ يىلى) مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇغۇلغان. مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئىمامى شۇنداقلا تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان مالىكى مەزھىبىنىڭ ئىمامى ۋە قۇرغۇچىسى. مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقمىغان، دىندا چىڭ تۇرۇپ، پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە يېقىنلاشمىغان، خەلىپە مەنسۇرنىڭ تەلىپى بىلەن مەشھۇر ”ئەلمۇۋەتتا“ دېگەن سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇ كىتاب بەزى ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن سەھىھ بۇخارىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا بولىدىغان ھەدىس توپلىمى دەپ قارالغان، ئۇ يەنە ”ئەلمەسائىل“، ”ۋەئىز رىسالىسى“، ”ئەررەددۇ ئەلەلقەدرىيە“، ”تەپسىر غەرىيبۇل قۇرئان“ ۋە ”ئەننۇجۇم قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، ھىجرىيەنىڭ **179** ـ يىلى (مىلادىيە **795** ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### ماۋەردى ــ ɃǻǿşǺţä (ھىجرىيە 364 ــ 450 مىلادىيە 974 ــ 1058)

ماۋەردى: ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىيب ئەلماۋەردى، ئۆز زامانىدىكى ئەڭ داڭلىق قازى، نۇرغۇن پايدىلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، بەسرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىن باغدادقا كۆچكەن، كۆپلىگەن جايلاردا قازىلىق قىلغان. كېيىن ئاbbاسىي خەلىفە ئەلقائىم بىئەمرىللاھ دەۋرىدە ”ئەقزا ئەلقۇزا“ يەنى باش قازىي قىلىپ تەيىنلەنگەن، خەلىپىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، ”ئەدەبۇددۇنيا ۋەددىين“، سىياسەت ۋە دۆلەت تۈزۈمىدە داڭق چىقارغان ”ئەلئەھكامۇسسۇلتانىييە“، تەپسىردە تۆت تومدا بېسىلغان ”ئەننۇكەت ۋەلئۇيۇن“، فىقھدا **20** نەچچە تومدا بېسىلغان ”ئەلھاۋىي“، ”ئەلئىقنائۇ“، دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ”نەسىيھەتۇل مۇلۇك“، ”تەسھىيلۇننەزار“، ”قانۇنۇل ۋەزەرا“، يەنە ”ئەلئەمسالۇ ۋەلھىكەم“ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۆتىۋەر كىتابلارنى يازغان. شافىئىي مەزھەب فىقھىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇجتەھىد

www.munber.org

ئالىملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، دۆلەت تۈزۈمى، سوت ۋە قازىلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە قاراشلىرى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

مەرۋەزى ــ Bäş̀Àţă

مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئەلمەرۋەزى، فىقھىدا ۋە ھەدىستە يېتىشكەن ئىمام، ھىجرىيەنىڭ 294 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مەسرۇق ــ ţÆDZĵă ȸæ àşÀÊŋ

مەسرۇق: مەسرۇق ئىبنى ئەلئەجدەئ ئىبنى مالىك ئەلھەمەدانى ئەلۋادىئى ئەلكۇفى، (ئەبۇئائىشە)، تابىئىي ۋە فەقىھ، ئەسلى يەمەنلىك بولۇپ مەدىنىگە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى زامانىدا كەلگەن، كۇفە شەھرىدە تۇرغان، پەتىۋاغا ئۇستىلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. ھىجرىيەنىڭ 63 ـ يىلى (مىلادىيە 683 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ئىمام مۇسلىم ــ ȴŸÊţă ÿÀŋǗ

مۇسلىم ئىبنى ئەلھەججاج ئىبنى مۇسلىم ئەل نىيشاپۇرى، ھەدىس ئىماملىرىدىن بىرى، مەشھۇر ”سەھىھۇ مۇسلىم“ قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، ھىجرىيە 261 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب ــ ɄşÀÖöă ÆĔȞŌ ȸæ ÆȾȚ

مۇھەممەد ئىبنى كەئب ئەلقۇرەزى، قۇرئان ئىلمىدە يېتىشكەن ئىشەنچلىك ئالىم، مەدىنىلىكلەر ئارىسىدا پەزىلەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن تونۇلغان، ھىجرىيە 108 ـ يىلى ياكى 120 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇتەكەللىملەر ــ ȷȤȾŸÖǪţă

مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا تەۋھىد، ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ئىسلام كۆز قارىشىنى ئاساسلىنىپ ئىزدىنىدىغان، بەھس ـ مۇنازىرە قىلىشىدىغان ئالىملار.

مۇرتەد ــ ÆǩÀţă

ئىسلام دىنىدىن باشقا ئېتىقادقا يېنىپ كەتكەن كىشى.

مۇجاھىد ــ ƎDZ ȸæ ÆȽÀƒ (ھىجرىيە 21 ــ 104 مىلادىيە 642 ــ 722)

مۇجاھىد ئىبنى جەبر ئەلمەككى، (ئەبۇل ھەججاج)، تابىئىي، قارىلارنىڭ ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ چوڭى، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتى، ئۇنىڭ: قۇرئاننى ئىبنى ئابباسقا 30 قېتىم ئوقۇپ ئالدىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەر بىر ئايەتتە توختاپ ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن نېمە ھەققىدە نازىل بولغان؟ قانداق بولغان دەپ سورىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان، كۆپ يۇرتلارنى كېزىپ ئاخىرى كۇفەگە جايلاشقان، ساھابىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. يەھۇد ۋە ناسارالاردىن كۆپ سوراپ مەلۇمات ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەپسىرىدە يېزىپ قالدۇرغان كىتابىغا مۇپەسسىرلەر دىققەت بىلەن قارىغان.

www.munber.org

### مۇئاز ئىبنى جەبەل ــ ÕĠDZ ȸǚ ǽǺȟȠ

مۇئاز ئىبنى جەبەل ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئەۋس ئەلئەنسارى ئەلخەزرەجى، (ئەبۇئابدۇرراھمان)، ساھابىلاردىن فىقھدا تونۇلغان زات، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا قۇرئاننى توپلىغان ئالتە قارىنىڭ بىرى، ياش ۋاقتىدىلا مۇسۇلمان بولغان، ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدر ۋە بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە: «ئۇ قىيامەت كۈنى ئالىملارنىڭ ئىمامى» دېگەن ۋە ئۇنى يەمەنگە قازى ۋە يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتكەن ھەمدە مەكتۇبىدا: (مەن سىلەرگە ئائىلەمنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئەۋەتتىم) دېگەن، خەلىپە ئەبۇبەكرى دەۋرىدە مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋە شامغا غازاتقا بارغان، ئەبۇئۇبەيدە ئىبنۇلجەرراھ ۋابادا ۋاپات بولغاندا ئورنىغا قوماندان بولغان، 157 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 18 - يىلى (مىلادىيە 639 - يىلى) ئىئوردانىيەدە ۋاپات بولغان.

### مۇئاۋىيە ــ ĞΛŞǺȞȠ

مۇئاۋىيە: ئىبنى ئەبۇسۇفيان سەخر ئىبنى ھەرب ئىبنى ھۇمەييە ئىبنى ئابدۇششەمس ئىبنى ئابدۇماناف ئەلقۇرەشى ئەلئۇمەۋىي تالانتلىق سىياسىيونلارنىڭ بىرى، ئۇ مەككە فەتھى بولغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان بولۇپ ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ۋە ھېساب بىلىمىدىن خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ۋەھىي يازىدىغان كاتىبلىرىدىن قىلغان، خەلىپە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە پەلەستىننى فەتھى قىلىشقا ماڭدۇرۇلغان قوشۇنغا قوماندان بولغان، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن دەسلەپتە ئىئوردانىيەگە كېيىن پۈتۈن شامغا ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇنى ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. نەتىجىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقان، ئەلى خاۋارىجلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغان بولسىمۇ خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تارىخچىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ ئىسلام ئاچقۇچىلارنىڭ بىر سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىسلام تارقاتقان زېمىنلىرى ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە كېڭەيگەن. شۇنداقلا، ئۇنىڭ مىسىردىكى قوماندانى سۇدانىنى فەتھى قىلغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە گىرىتسىيەنىڭ كۆپلىگەن ئاراللىرى فەتھى قىلىنغان. قۇستانتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل) نى ھىجرىيەنىڭ 48 - يىلى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن مۇھاسىرىگە ئالغان. ئۇ دەمەشقنى تۇنجى قېتىم خىلاپەت مەركىزى (پايتەخت) قىلغان، تۇنجى بولۇپ مۇھاپىزەتچى تۇرغۇزغان. ئۆز زامانىدا تىللا پۇل سوقتۇرغان. ھىجرىيەنىڭ 60 - يىلى (مىلادىيە 680 - يىلى) دەمەشقتە ۋاپات بولغان.

### مەكھۇل ــ ȯȤȞȔȮȠ

مەكھۇل ئىبنى ئەبى مۇسلىم شەھراب ئىبنى شازىل ئەششامى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، تابىئىي ۋە كاتتا فەقىھ، زامانىدىكى شام ئەللامىسى، ھەدىسشۇناس، ئەسلى پارس بولۇپ كابۇلدا تۇغۇلغان، ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل قىلىنغاندا، مىسىرلىق بىر ئايال خوجايىنىنىڭ قولىغا چۈشكەن ۋە ئازاد قىلىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا يۈزلەنگەن، ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن باشتا ئىراق، مەدىنە قاتارلىق كۆپلىگەن يۇرتلارنى

www.munber.org

كەزگەن، كېيىن دەمەشىقكە جايلىشىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، ئىمام زۇھرى: زامانىدا ئۇنىڭدەك پەتىۋا بېرەلەيدىغان بىرسى يوق ئىدى دېگەن. ھىجرىيە 112 ـ يىلى (مىلادىيە 730 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## مۇجتەھىدلار ــ JŞǼⱷŎǐ

مۇجتەھىدلار: شەرئىي دەلىللەردىن پايدىلىنىپ ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئىجتىھاد سالاھىيىتى بار ئالىملار.

## مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھەسەن ــ ǼȶṬ ȸǽ ȗŸɜ ȸǽ ȸÊΣǐ

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى بىشر، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ئەلھەكىيم ئەتتىرمىزى، مۇتەسەۋۋىپ تەتقىقاتچى ئالىم، ”خەتمۇل ۋىلايە ۋە ئىلەلۇش شەرىيئە“ دېگەن كىتابىنى يازغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرقى ھاياتىدا تىرمىزى ئاھالىسى ئۇنى قوغلىۋەتكەن، كېيىن بەلخ شەھىرىگە كېلىپ ياشىغان، ”ناۋادىر ئەلئۇسۇل في ئەھادىيس ئەررەسۇل“، ”ئەلفۇرۇق“، ”ئەررىيازە ۋە ئەدەبۇننەفس“ قاتارلىق يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى 50 دىن ئاشىدۇ. ھىجرىيە 285 ـ يىلى ياكى ئۇندىن كېيىن ۋاپات قىلغان دەپ قارالماقتا.

## مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ــ ǼȶṬ ȸǽ ȧȦΗȗȅǓ

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار ئەلمۇتتەلىبى ئەلمەدەنى، ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ پىشقەدەم تارىخچىسى، ئۇنىڭ ”ئەسسىيرە ئەننەبەۋىييە“ دېگەن كىتابىنى ئىبنى ھىشام رەتلىگەن، يەنە ”كىتابۇل خۇلەفەئ“، ”كىتابۇل مەبدەئ“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، قەدەرىييە مەزھىبىدە بولۇپ، ھەدىسشۇناس ئالىم، 119 ـ يىلى ئىسكەندەرىييە شەھىرىنى زىيارەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 151 ـ يىلى (مىلادىيە 768 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ــ ȵÆĒȞÔ ȸʌ Ktɜ

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇ مانىاف ئەلقۇرەشى، ئابدۇددار جەمەتىدىن، قەيسەر ساھابە، ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن، مەككىدە مۇسۇلمان بولغان، ئىسلامنى يوشۇرغان بولسىمۇ ئائىلىسى بىلىپ قېلىپ ئۇنى باغلاپ سولاپ قويغان، سولاقتىن قېچىپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان، كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، قولىدا كۆپلىگەن مەدىنىلىكلەر مۇسۇلمان بولغان، بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ئۇھۇد غازىتىدا تۇغ كۆتۈرگەن ۋە شېھىت بولغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە مەككىنىڭ ھۆزۈر ـ ھالاۋەتكە چۆمگەن ۋە كىيىنىشكەن ياش يىگىت ئىدى، ئىسلام قەدەر كۆتۈرگەندىن كېيىن قاتتىق تۇرمۇش كەچۈرگەن، جانابى ئاللاھنىڭ «مۆمىنلەردىن ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىدە راستچىللىق بىلەن تۇرغانلار بار» دېگەن سۆزى مۇسئەب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەققىدە نازىل بولغان دېيىلگەن. ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 625 ـ يىلى) شېھىت بولغان.

## مۇسا ئىبنى ئۇقبە ــ ȵȥèʔ ȸǽ ǦGǑɜ

www.munber.org

مۇسا ئىبنى ئۇقبە ئىبنى ئەبى ئەييىاش ئەلئەسەدى، (ئەبۇمۇھەممەد)، زۇبەير جەمەتىنىڭ خىزمەتچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلىدىغان ھەدىسشۇناس ئالىم، (كىتابۇل مەغازى) نى يازغان. ھىجرىيەنىڭ **114** ـ يىلى (مىلادىيە **758** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە ــ ĞĜĤĬ ؿ ğĶ8ţ (ھىجرەتتىن بۇرۇن 20 ــ 50 مىلادىيە 603 ــ 670)

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە ئىبنى ئەبى ئامىر ئىبنى مەسئۇد ئەسسەقافىي، (ئەبۇ ئابدۇللاھ)، ئەرەبلەردىن چىققان سىياسەتچى رەھبەر ـ قوماندانلاردىن بىرى، ساھابە، ”رەيى ئېلىنىدىغان مۇغىيرە“ دەپ نام ئالغان. تائىفتا تۇغۇلغان، كېيىن مىسىر پادىشاھى مۇقاۋقىسنى بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن ئىسكەندەرىييەدە زىيارەت قىلىپ ھىجازغا قايتقان، ھىجرىيەنىڭ **5** ـ يىلى مۇسۇلمان بولغان، ھۇدەيبىيە سۇلھىسىگە يەمامە غازىتىغا ۋە شام فۇتۇھاتلىرىغا قاتناشقان. يەرمۇك جېڭىدە بىر كۆزىدىن ئايرىلغان، ئەلقادىسىييە، ناھاۋەند، ھەمەدان ۋە باشقا جەڭلەرگىمۇ قاتناشقان. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تەرىپىدىن بەسرىگە ۋالىي بولغان، بىر قانچە يۇرتلارنى پەتھى قىلغان. كېيىن كۇفەگە ۋالىي بولغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرىپىدىن كۇفەگە ۋالىي تەيىنلىنىپ كېيىن قالدۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن پىتنىگە قاتناشمىغان. لېكىن ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئوتتۇرىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تۈزۈلگەن ھۆكۈم قىلىش سورۇنىغا قاتناشقان. كېيىن ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن تاكى ۋاپاتىغا قەدەر كۇفەگە ۋالىي بولغان، ئەششەئبىي: «ئەرەبلەردىن: مۇئاۋىيە سالماقلىقتا، ئەمرۇ ئىبنى ئەلئاس قىيىن مەسىلىلەرگە، مۇغىيرە دەرھال بىر تەرەپ قىلىشقا، زىياد ئىبنى ئەبىيھ چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق مەسىلىگە قادىر تۆت سىياسەتچىدۇر» دېگەن. **136** ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ تۇنجى بولۇپ بەسرە دىۋانىنى تۈرغۈزغان ۋالىيدۇر، ھەمدە ئىسلامدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ”ئەمىر“ دەپ سالام قىلىنغان زاتتۇر.

مۇقاتىل ــ ÕķĂÖţ

مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان ئەلبەلخى، كاتتا مۇپەسسىر. ھىجرىيە **150** ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇنزىر ئىبنى ئەمرى ــ şĂŧ3 ؿ ŏØĄţ

مۇنزىر ئىبنى ئەمرى ئىبنى خۇنەيس ئەلئەنسارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان **12** ۋەكىلنىڭ بىرى، بەدرى غازىتىغا قاتناشقان، ھىجرىيە **4** ـ يىلى (مىلادىيە **625** ـ يىلى) بىئرى مەئۇنە ۋەقەسىدە شېھىت بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئەلمۇنكەدىر ــ ŏÆÖĄţ ؿ ÆŧŢ (ھىجرىيە 54 ــ 130 مىلادىيە 674 ــ 748)

مۇھەممەد ئىبنى ئەلمۇنكەدىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلھۇدەير ئىبنى ئابدۇل ئۇززا ئەلقۇرەشى ئەلمەدەنى، كاتتا ئىبادەتگۆي تابىئىيلاردىن، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تاغىسى، بەزى ساھابىلارنى كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن **200** گە يېقىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئەلمەرۋەزى ــ ĐäşĂţ ÃÔŀ ؿ ÆŧŢ

www.munber.org

مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئەلمەرۋەزى، فىقھىدا ۋە ھەدىستە يېتىشكەن ئىمام، ھىجرىيە 294 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## مەنسۇر ئىبنى ئەلمۇئتەمىر — ÀŧǪḦţå ǳǂ ǿƶÔʎŋ

مەنسۇر ئىبنى ئەلمۇئتەمىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەلەمى، (ئەبۇئىتاب)، ھەدىسشۇناس ئالىم، ھىجرىيە 132 ـ يىلى (مىلادىيە 750 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## مىقداد ئىبنى ئەلئەسۋەد — áƶèĵå ǳǂ ååÆÔţå

مىقداد ئىبنى ئەلئەسۋەد، ئەلمىقداد ئىبنى ئەمرى (ئەبۇمەئبەد) ئەلكىندى، بىقۇالغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن ئىبنى ئەلئەسۋەد دەپ تونۇلغان، كېيىن ئىسلام كۆرسەتمىسى بىلەن ئەلمىقداد ئىبنى ئەمرى دەپ ئاتالغان، ساھابە، قەھرىمان باتۇرلارنىڭ بىرى، دەسلەپتە ئىسلامنى ئاشكارا ئېلان قىلغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى، بىرىنچى بولۇپ ئات ئۈستىدە ئۇرۇش قىلغان مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. بەدر ۋە باشقا غازاتلارغا قاتناشقان، 48 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيە 33 ـ يىلى (مىلادىيە 653 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## مەيمۇنە بىنت ھارىس — ǪǿÅΣå ǨÆ ǦƶŧÉŋ

مەيمۇنە بىنت ھارىس ئىبنى ھەزەن ئەلھىلالىييە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان ئاخىرقى ئايال ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئەڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان ئايالى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ”بەررە“ بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەيمۇنە دەپ ئۆزگەرتكەن. ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدىكى چاغدىلا بەيئەت قىلغان بولۇپ ئەسلىدە ئەبى رەھىم ئىبنى ئابدۇل ئۇززا ئامىرىنىڭ ئايالى ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەمرىگە ئالغان. ئۇ 80 يىل ياشىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 76 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 51 ـ يىلى (مىلادىيە 671 ـ يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توي قىلغان مەككىگە يېقىن سەرەف دېگەن جايدا ۋاپات بولغان ۋە شۇ جايغا دەفنە قىلىنغان. پەزىلەتلىكى ۋە سالىھلىقى بىلەن تونۇلغان.

## مەيمۇن ئىبنى مەھران — ĵåÅ7ŋ ǳǂ ĵƶŧÉŋ (ھىجرىيە 37 — 117 مىلادىيە 657 — 735)

مەيمۇن ئىبنى مەھران ئەررىققى ئەلجەزەرى، (ئەبۇئەييۇب)، فەقىھ ۋە قازى، تەقۋادار تابىئىيلاردىن، ئۇ ئەسلى بىر ئايالنىڭ قولى بولۇپ كېيىن ئازاد قىلىنغان ۋە كۇففەدە چوڭ بولغان، كېيىن رىققا شەھىرىگە جايلاشقان ۋە ئۇ يەرنىڭ كاتتا ئالىمى بولغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن رىققىگە قازىلىققا تەيىنلەنگەن، قىبرىسقا يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئالدى سېپىدە دېڭىزدىن ئۆتكەن، ھەدىس رىۋايىتىدە ئىشەنچلىك ۋە ئىبادەتگۈي ئىدى، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ باللىرىغا مۇئەللىم بولغان.

## مەئقەل ئىبنى يەسار — øÅÊʌ ǳǂ ÕÔḦŋ

www.munber.org

مەئقەل ئىبنى يەسار ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنىي، ساھابە، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان، بەسرىگە جايلىشىپ شۇ يەردە ھىجرىيەنىڭ 65 ـ يىلى (مىلادىيە 685 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### مەرۋان ــ J ǻ§Ằ ŋ (ھىجرىيە 2 ــ 65 مىلادىيە 623 ــ 685)

مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەم ئىبنى ئەبىل ئاس ئىبنى ئۇمەييە ئەلقۇرەشى، (ئەبۇئابدۇلمەلىك)، ئۇمەۋىي خەلىپىلەرنىڭ بىرى، مەككىدە تۇغۇلۇپ تائىفتا چوڭ بولغان، كېيىن مەدىنىگە جايلاشقان، كىچىك ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن، خەلىپە ئۇسمان ئىبنى ئاففان ئۇنى ئۆزىگە كاتىپ قىلغان، خەلىپە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەدىنىگە ۋالى قىلىنىپ تەيىنلەنگەن، كېيىن خەلىپە بولۇپ 9 ئاي 18 كۈن ھۆكۈم سۈرگەن، بىرىنچى بولۇپ شامدا تىللا سوقتۇرغان خەلىپە ھېسابلىنىدۇ، شامدا ۋابادا ئۆلگەن، بەزى بىر رىۋايەتلەردە ئايالى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەپمۇ قارىلىدۇ.

### مۇسەيلەمە ــ āǻØÒǟ ǦŧŸɆÊŋ

مۇسەيلەمە ئىبنى سۇمامە ئىبنى كەبىير ئىبنى ھەبىيب ئەلھەنەفى ئەلۋائىلى، (ئەبۇسۇمامە)، مۇسەيلەمە ئەلكاززاب دەپ تونۇلغان، يامامە دېگەن جايدىكى يەنى ھەنىفە جەمەتىدىن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىققان كاززاب، ھىجرىيە 9 ـ يىلى (ئۆمەكلەر يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قەۋمى بىلەن بىللە ئۆمەك بولۇپ كەلگەن، تەرەددۇتتە مۇسۇلمان بولغان، يۇرتىغا قايتىپلا مۇرتەد بولۇپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زېمىننى تەڭ بۆلۈشەيلى دەپ مەكتۇپ يازغان، گەپدانلىق قىلىپ قۇرئاننى دوراپ باققان، ھاراق بىلەن زىنانى ھالال دېگەن، نامازنى توسقان، ھىجرىيەنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 633 ـ يىلى) خەلىپە ئەبۇبەكرى مۇرتەدلەرگە قارشى ئەۋەتكەن خالىد ئىبنى ۋەلىيد قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

### مۇبەررىد ــ ǻƎƫǻ (ھىجرىيە 210 ــ 286 مىلادىيە 826 ــ 899)

ئەلمۇبەررىد، ئەلمۇبەررەدمۇ دېيىلگەن: مۇھەممەد ئىبنى يەزىيد ئىبنى ئابدۇل ئەكبەر ئەلبەسرى، (ئەبۇل ئابباس)، ئۆز زامانىدىكى ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى ئەللامىسى، پاساھەتى ۋە سۆزمەنلىكى بىلەن تونۇلغان، بەسرىدە تۇغۇلۇپ بەغدادتا ۋاپات بولغان، "ئەلكامىل"، "ئەررەۋزا"، "ئەلمۇقتەزاب"، "شەرھى لامىييەتۇل ئەرەب"، "ئىئرابۇل قۇرئان" ۋە "نەسەبۇ ئەدنان ۋە قەھتان" قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

### مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەنەفىييە ــ ǦɆȦȺΣǻ ȸǣ ǼŧŢ (ھىجرىيە 21 ــ 81 مىلادىيە 642 ــ 700)

مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەنەفىييە: مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئەلھاشىمى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇل قاسىم)، ئانىسى خەۋلە بىنتى جەئفەر ئەلھەنەفىييە بەنى ھەنىفە جەمەتىدىن بولغاچقا ئانىسىغا مەنسۇپ قىلىنغان، ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بىلەن ئاتا بىلەك بىر تۇغقان، ئۇ: "ھەسەن بىلەن ھۈسەين مەندىن ئەۋزەلرەك، لېكىن مەن ئۇلاردىن بىلىملىكرەك" دەيتتى، دەسلەپكى ئىسلام دەۋرىدە تونۇلغان قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىلىمى، تەقۋادارلىقى ۋە تىنچلىق سۆيەرلىكى بىلەن تونۇلغان، شۇڭا بىرتۇغقانلىرى ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھۈسەيىندىن كېيىن خەلىپىلىك تالاشمىغان، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان.

www.munber.org

مەئمەر ـ ÀŁĤŊ ( ھىجرىيە 95 ـــ 153 مىلادىيە 713 ـــ 770).

مەئمەر ئىبنى راشد ئىبنى ئەبى ئەمرۇ ئەلئەزدى، (ئەبۇئۇرۋە)، ئىمام زۆھرىينىڭ شاگىرتى، ئاتاقلىق مۇھەددىس ۋە فەقىھ، بەسرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ نام چىقارغان، كېيىن يەمەنگە جايلاشقان، (ئەلجامىئ) نى يازغان.

مۇئتەزىلە ـــ ĞöÂǪȞţä

مۇئتەزىلە: ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلامىي ئېقىم بولۇپ، قۇرغۇچىسى ۋاسىل ئىبنى ئەتا ئۇستازى ھەسەن ئەلبەسرى بىلەن چوڭ گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمى ھەققىدە باشقىچە قاراشتا بولۇپ دەرس سورۇننى ئايرىپ يەكرىنى تارقىتىشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ سورۇنىغا قاتناشقانلار ئەلمۇئتەزىلە (يەنى ئايرىلىپ چىققۇچىلار) دەپ ئاتالغان، بۇ ئېقىم پىكىر ئەركىنلىكى، ئەقلىنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە، بۇ ئېقىمنىڭ ئىككى تارمىقى بولۇپ بىرى بەسرە شەھرىدە يەنە بىرى بەغدادتا. مۇئتەزىلىلەرنىڭ بەش ئاساسىي پرىنسىپى بار:

1 ـ ئادالەت يەنى ئاللاھ ئادىلدۇر، پۈتۈن ئىشلاردا بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ.
2 ـ تەۋھىد، يەنى ئاللاھنىڭ زاتىدا تەئەددۇد ياكى زاتىدىن باشقا ئارتۇق سۈپەتلەر يوق.
3 ـ چوڭ گۇناھ قىلغۇچى يا جەننەتتە يا دوزاختا ئەمەس، بەلكى ئىككى مەنزىل ئارىلىقىدا.
4 ـ ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان جازا ۋە ساۋابنى بېرىشى كېرەك.
5 ـ ئەمر ـ مەرۇپ نەھيى ـ مۇنكەر، يەنى ھەربىر مۇسۇلمان يامانلىقتىن توسۇپ ياخشىلىققا بۇيرۇشى كېرەك. مۇئتەزىلە ئېقىمى يۇقىرىقى قاراشلىرى بىلەن پائال مۇنازىرە ۋە تەشۋىق قىلىپ نۇرغۇن بۇزۇق ئېقىملارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. مۇئتەزىلە قاراشلىرى ھەققىدە قازى ئابدۇلجاببارنىڭ "ئەلكىتاب ئەلمۇغنى" دېگەن ئەسىرى تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ.

مىكائىل ـــ ŐȾəȦȮȾŋ

مىكائىل يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەرنىڭ بىرى، ئۇ زېمىننىڭ، ئۆسۈملۈكنىڭ ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتىغا مۇئەككەل.

مۇئەييەد بىللاھ ئەھمەد ئىبنى ئەلھۇسەين ـــ ƘÊΣä ȸä ǼƥǛ !Ȧæ ǼɅúţä

ئەلمۇئەييەد بىللاھ ئەھمەد ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى ھارۇن، ئەھلى بەيتكە مەنسۇپ، زەيدىييە مەزھىبى ئالىملىرىدىن. ھىجرىيەنىڭ 411 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ن

نابىغە ـــ Ğ8æȦȺöä

نابىغە: زىياد ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى زاباب ئەلغەتفانى ئەززىبيانى، (ئەبۇئۇمامە)، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك شائىرلاردىن، ئۇكاز بازىرىدا ئۇنىڭغا مەخسۇس قىزىل تېرىدىن چېدىر

www.munber.org

تىكلىپ شائىرلار ئۇنىڭغا شېئىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدۇرغۇزاتتى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئابرۇيلۇق ئېسىل كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى، شېئىرلىرى بىر توپلۇمدا نەشىر قىلىنغان، شېئىرلىرى تەكەللۇپسىز تەبىئىي كەلگەن. ھىجرەتتىن 18 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 604 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

ئىمام نەۋەۋىي ــ ȸşƶΆӦӓ ӱΆῆ

يەھيا ئىبنى شەرەف، لەقىمى: شەيخۇل ئىسلام ۋە مۇھيىددىن، كاتتا مۇھەددىس ۋە فەقىھ، سەھىھۇ مۇسلىمنى شەرھىلىگەن. ھىجرىيەنىڭ 676 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

نەخەئى ــ ȖΉȦӦӓ ȴȾŁăȦӫ (ھىجرىيە 46 ــ 96 مىلادىيە 666 ــ 815)

نەخەئى: ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئىبنى قايس ئەننەخەئى، (ئەبۇئىمران)، كاتتا تابىئىي، ئىبادەتگۆي مۇجتەھىد فەقىھ ۋە مۇھەددىس، زالىم ھەججاجدىن قېچىپ يوشۇرۇنغان ھالەتتە ۋاپات بولغان.

نەردەشىر

ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ ”شىر“ دېگەن قوشۇمچە يەنە ”شىرە ۋە تاتلىق“ دېگەن مەنىدە.

نەسەئى ــ ȖǝȦÊΆӦӓ (ھىجرىيە 215 ــ 303 مىلادىيە 830 ــ 915)

ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى شۇئەيب ئىبنى ئەلى ئەننەسائىي، (ئەبۇ ئابدۇرراھمان) مەشھۇر سۈنەن كىتابىنىڭ مۇئەللىپى، ئۇ يەنە ھەدىسشۇناس، قازى، شەيخۇل ئىسلام، ئۇنىڭ تېگى خۇراساندىكى نەسا دېگەن جايدىن، جاھان كېزىپ ئاخىرى مىسىرغا يەرلەشكەن. ئۇ يەردىكى ئالىملار ئۇنى چەتكە قاققان، شۇنىڭ بىلەن پەلەستىندىكى رەملە شەھىرىگە چىقىپ كەتكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە سورىغاندا ئۇ جاۋاب بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى مەسچىتتىلا ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئاغرىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بەيتۇل مۇقەددەستە دەپنە قىلىنغان. ھەدىستە: ”ئەسسۇنەن ئەلكۇبرا“، ”ئەلمۇجتەبە“، ھەدىس راۋىيلىرى ھەققىدە ”ئەززۇئەفائۇ ۋەلمۇترۇكون“، يەنە ”خاسائىسۇ ئەلى“، ”مۇسنەدۇ ئەلى“ ۋە ”مۇسنەدۇ مالىك“ قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

نوئمان ئىبنى بەشىر ــ ΚΊȁ ȸǽ ȷȦȾΉΆӦӓ (ھىجرىيە 2 ــ 65 مىلادىيە 623 ــ 684)

ئەننوئمان ئىبنى بەشىر ئىبنى سەئد ئىبنى سەئلەبە ئەلخازرەجىي ئەلئەنسارىي، (ئەبۇ ئابدۇللاھ)، ئەمىر، خەتىيب، شائىر، ساھابىلارنىڭ كاتتىلىرىدىن. ئۇ 124 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، سىففىين جېڭىگە ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن بىللە قاتناشقان، دىمەشىققە قازى بولغان. ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن باشتا يەمەنگە كېيىن كۇفەگە ئاندىن كېيىن ھىمسقا ۋالىي بولغان، كېيىنچە نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەززۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلغاندا ھىمس ئاھالىسى توپىلاڭ كۆتۈرگەچكە ھىمستىن قېچىپ چىققاندا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ھىجرەتتىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ئەنسارىلار ئىچىدە تۇغۇلغان بوۋاق ئىدى. پاساھەتلىك سۆزمەن خەتىيب بولۇپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر توم كىتاب قىلىنىپ نەشىر قىلىنغان.

ناسىخ ۋە مەنسۇخ ــ ȡƶÊΆţȘ ŇèΆӦӓ

www.munber.org

ناسىخ ۋە مەنسۇخ "نەسخ قىلىش" دېگىنىمىز: بىر شەرئى ھۆكۈمنى كېيىن كەلگەن يەنە بىر شەرئىي ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان كونا ھۆكۈم "مەنسۇخ" دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭىدىن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم "ناسىخ" دەپ ئاتىلىدۇ. شەرىئەتتە نەسخ قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ھېكمەتلىرى بار، چۈنكى كىشىلەر جاھىلىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىسلامىيەت نۇرىغا يۆتكەلگەندە ئاخىرى بېكىتىلىدىغان نۇرغا بىر قېتىمدىلا يۆتكەلسە كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى بۇنى قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دەسلەپتىكى ئەھۋالغا مۇناسىپراق بىر باسقۇچقا يۆتكەپ ئاندىن ئۇلار بۇنىڭغا تەييار بولغاندىن كېيىن باشقا ھۆكۈم بەلگىلىگەن. شۇڭا، بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىك جەھەتتىن ھۆكۈم بەزىدە يېڭىلىدىن قاتتىقراققا يۆتكەلسە، بەزىدە قاتتىقراقتىن يېڭىلراككە ئۆزگەرگەن، ئومۇمەن بىر ھۆكۈمنىڭ بىر ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە قىلغان رەھمىتى ۋە كەڭچىلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بىر ھۆكۈمنى يەنە بىر ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش "جائىز" بولۇپ بۇ ئەمەلىيەتتە قۇرئان ۋە ھەدىستە سادىر بولغان ئىشتۇر. مەسىلەن قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەدە 240 ـ ئايەتتە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنى بىر يىل ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىغان. كېيىن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ سۈرە بەقەرە 234 ـ ئايەتتە تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇغان، يەنى كېيىنكى ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتنى مەنسۇخ قىلىۋەتكەن. ھەدىستىمۇ دەسلەپكى دەۋرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان، كېيىن مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ئېتىقادى سىڭىپ قەبرىلەرگە چوقۇنمايدىغان بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىڭلار» دەپ رۇخسەت قىلغان ۋە زىيارەت قىلىشقا بۇيرىغان [سەھىھ مۇسلىم]. لېكىن بەزى ئالىملار مەنسۇخ قىلىش ۋەقەسى قۇرئاندا كەلمىگەن، ھەدىستە كەلگەن دەپمۇ قاراشقان.

## نافىئ ئىبنى ئابدۇرراھمان ــ Àŧ3 ŵ Бζŋ 3zÀφ

نافىئ ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى نەئىيم ئەللەيسى، مەشھۇر يەتتە قارىينىڭ بىرى، كىشىلەرگە 70 نەچچە يىل قىرائەت ئۆگەتكەن، ھىجرىيەنىڭ 169 ـ يىلى (مىلادىيە 785 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

## نەۋۋاس ئىبنى سەمئان ــ ɹÀȞƧ ŵ ȁäζÁöä

ئەننەۋۋاس ئىبنى سەمئان، ساھابە.

## نۇسەيرىييە ــ ĞʌKÔÁöä

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنگەن دەپ قارايدىغان بۇزۇق ئەقىدىلىك بىر شىيئە مەزھىبىنىڭ بىر تائىپىسى بولۇپ ئەگەشكۈچىلىرى ھازىر شامدا ياشايدۇ.

## ھ

## ھارىس ئىبنى ئابدۇللاھ ــ !ä ÆG3 ŵ QøÀΣä

www.munber.org

ھارىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئەننەمرىي ئەددەۋسىي، ساھابە. شۇنداقلا رەيى ئىلىنىدىغان مۇشاۋىرلاردىن بىرى، ئۇ ھەزرىتى خالىد ئىبنى ئەلۋەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇشاۋىر بولغان. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەرمۇك جىڭىگە قاتناشقان. كېيىن ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن سىففىيگە قاتناشقان، ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن قىسقىغىنە بىر مۇددەت بەسرىگە ۋالىي بولغان، ھىجرىيە 50 ـ يىلى (مىلادىيە 670 ـ يىلى) ھەزرىتى مۇئاۋىيە دەۋرىدە ۋاپات بولغان.

## ھارۇت ــ ğşøÅŁ

ھارۇت: سېھىر ئەۋج ئىلىپ كەتكەن زامانلاردا ئاللاھ تەرىپىدىن كىشىلەرگە سېھىردىن ساقلىنىش يولىنى ئۆگىتىشكە ئەۋەتىلگەن پەرىشتىنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مارۇت كەلگەن. بۇ ئىككىسى پەرىشتە بولماي سالىھ بولغان كىشىلەردىن بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار. سۈرە بەقەرە 102 ـ ئايەتتە بۇلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

## ھافىز ئىبنى ئەساكىر ــ ÀÕÅÊʒ ȸ ŞƶÅΣå (ھىجرىيە 499 ــ 571 مىلادىيە 1105 ــ 1176)

ھافىز ئىبنى ئەساكىر، ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى ھىبەتۇللاھ، (ئەبۇل قاسىم)، سىقاتۇددىين ئەلدەمەشقىي، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، سەيياھ، تارىخشۇناس، شام دىيارىنىڭ ھەدىسشۇناس ئالىمى ئىدى، مەشھۇر ”تارىخى دەمەشىق ئەلكەبىير“ نى، يەنە ”ئەلئىشراف ئەلە مەئرىفەتۇل ئەتراف“ قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

## ھاكىم ــ ȴÕÅΣå (ھىجرىيە 321 ــ 405 مىلادىيە 933 ــ 1014)

ئەلھاكىم، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەمدۇۋەيھ ئىبنى نەئىيم ئەززابىي ئەلنىيشاپۇرى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ئەلھاكىم دەپ تونۇلغان، كاتتا ھەدىسشۇناس، توغرا ھەدىسنى ئايرىشتا ئەڭ بىلىملىك ئالىم، نىيشاپۇرغا قازى بولغان، سامانىيلار دۆلىتىگە ئەلچى بولغان، ھەدىس ئىلمىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، ”تارىخى نىيشاپۇر“، ”ئەلمۇستەدرەك ئەلەسسەھىھەين“، ”ئەلئىكلىيل“، ”ئەلمەدخال“ ۋە ”مەئرىفەتۇ ئۇلۇمىل ھەدىس“ قاتارلىق ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغان.

## ھەدىس قۇددۇسىي ــ ȖèÆÖöä ǬΛÉΣå

ھەدىس قۇددۇسىي: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەپزىنى ئۆزى قۇراشتۇرۇپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى دەپ ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىپ ئېيتقان سۆزى. بۇنىڭ مىسالى: ھەزرىتى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان: «ئى بەندىلىرىم! مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، سىلەرگىمۇ ھارام قىلدىم، شۇڭا بىر بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلىشماڭلار» دىگەن ھەدىستۇر. دىمەك ھەدىس قۇدۇسىينىڭ لەۋزى قۇرئانغا ئوخشاش مۆجىزە خاراكتېرلىك ئەمەس، يەنى ئۇنىڭ لەۋزىنى ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئارقىلىق پەيغەمبىرىگە ۋەھىي قىلغان بولماستىن پەقەت مەزمۇننى بىۋاستە بىلدۈرگەن.

## ھەجەر ئىبنى ئەدىي ــ ɃÆʒ ȸ ÀǲǵǴ

www.munber.org

ھەجەر ئىبنى ئەدىي ئىبنى ئەلجەبەللە ئەلكىندى، قەھرىمان ساھابە، ئەلقادىسىييە ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئۇمەۋىيلەر دۆلىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن ھىجرىيەنىڭ **51** ـ يىلى (مىلادىيە **671** ـ يىلى) ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

ھەجەر ـــ ÀDzǵ

جاي ئىسمى بولۇپ، ھازىرقى كۇۋەيتنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

ھەججاج ـــ ƷÀDzΣå (ھىجرىيە 40 ـ 95 مىلادىيە 660 ـ 714)

ھەججاج ئىبنى يۈسۈف ئىبنى ئەلھەكەم ئەسسەقافى، (ئەبۇمۇھەممەد)، قانخور پاسىھەتلىك قوماندانلارنىڭ بىرى، تائىفتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېيىن شامغا بېرىپ ساقچى بولغان، كېيىن خەلىپە ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن قوشۇنغا ھەربىي قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەن، ھىجازغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەززۇبەيرنى ئۆلتۈرگەن، خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن مەككە، مەدىنە ۋە تائىفقا ۋالىي بولغان، كېيىن توپىلاڭ بىلەن قايناپ تۇرغان ئىراقنىمۇ ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان، ئۇ توققۇز ئادەم بىلەن تۆگىگە مىنىپ ئىراققا بېرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ ئىراققا **20** يىل ئەمىر بولغان، كۇفە ۋە بەسرە ئارىلىقىدىكى ۋاسىت شەھرىنى بىنا قىلغان، بىرىنچى بولۇپ (لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) دەپ يېزىلغان تەڭگە سوقتۇرغان، فاساھەتى ۋە مەردلىكى بىلەن تونۇلغان، قىلغان ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىمۇ كۆپ، ۋاسىت شەھرىدە ۋاپات بولغان.

ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە ـــ ǦǤƢȜ ȸǼƥ ȡǰƷ

ئەلھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە ئەلكىندى، (ئەبۇمۇھەممەد)، كۇفەدىكى كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى، ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ **115** ـ يىلى ۋاپات قىلغان.

ھەسەنبەسرى ـــ ȬǂǐƦǳơ ȸǈūơ (ھىجرىيە 21 ـــ 110 مىلادىيە 642 ـــ 728)

ئەلھەسەن ئىبنى ئەبۇل ھەسەن يەسار ئەلبەسرى، (ئەبۇسەئىد)، ھەزرىتى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ خىزمەتچىسى، تابىئىي، زامانىدىكى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئالىمى، ئىلىم ۋە جىھادنى بىللە ئېلىپ بارغان كاتتا قەھرىمان ئالىملارنىڭ بىرى، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەرۋىشىدە چوڭ بولغان، ھەزرىتى مۇئاۋىيە زامانىدا خۇراسان ۋالىيسىغا كاتىب بولغان، كېيىن بەسرىگە جايلاشقان، ئۇ سۇرلۇك ئالىملاردىن بولۇپ ھەقنى سۆزلەشتە ھېچكىمدىن قورقمىغان، ۋالىيلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇپ نەسىھەت قىلغان، ئۇ پاساھەت ۋە ھېكمەتتە تونۇلغان زات ئىدى، مۇئتەزىلەنىڭ بېشى ۋاسىل ئىبنى ئەتا ئۇنىڭ شاگىرتى ئىدى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلىرى كەڭ تارقالغان. ”فەزائىلۇ مەككە“ دېگەن ئەسەرنى قالدۇرغان.

ھەسەن ئىبنى سالىھ ـــ ƶǳƢǏ ȸƥ ȸǈƷ (ھىجرىيە 100 ـــ 168 مىلادىيە 718 ـــ 785)

ھەسەن ئىبنى سالىھ ئىبنى ھەي ئەلھەمەدانى ئەسسەۋرى ئەلكۇفى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، زەيدىييە مەزھىبىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى، مۇجتەھىد فەقىھ ئىدى، ئىشەنچلىك ھەدىس ئالىملىرىنىڭ بىرى، تەقۋادار

www.munber.org

زاتلاردىن. خەلىپىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن كۇفەدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ”ئەتتەۋھىد“، ”ئىمامەتۇ ۋەلەدى ئەلى مىن فاتىمە“، يەنە فىقھدا ”ئەلجامىئ“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

## ھەفس ـــ ÒÁǵ (ھىجرىيە 90 ـــ 180 مىلادىيە 709 ـــ 796)

ھەفس ئىبنى سۇلايمان ئىبنى ئەلمۇغىيرە ئەلئەسەدى، (ئەبۇئەمرۇ)، قىرائەت ئىلمىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، قىرائىتى مەشھۇر، ئاتاقلىق قارى ئاسىمنىڭ ئايالىنىڭ ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭدىن قىرائەت ئۆگەنگەن، ھازىرغا قەدەر پۈتۈن مەشرىقتىكى مۇسۇلمانلار ھەفسنىڭ ئاسىمدىن ئۆگەنگەن قىرائىتى بويىچە قۇرئان ئوقۇيدۇ.

## ھىشام ئىبنى ئاممار ـــ ǿÁŧʒ ȸǟ ȳÁ Î Ŀ (ھىجرىيە 153 ـــ 245 مىلادىيە 770 ـــ 859)

ھىشام ئىبنى ئاممار ئىبنى نۇسەير ئەسسەلەمى، (ئەبۇل ۋەلىيد)، قازى، مەشھۇر قارىيلارنىڭ بىرى، دەمەشقنىڭ ھەدىسشۇناس ئالىمى، ”فازائىل ئەلقۇرئان“ نى يازغان.

## ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ـ ǥȘÀʒ ȸǟ ȳÁ Î Ŀ (ھىجرىيە 61 ـــ 146 مىلادىيە 680 ـــ 763)

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئىبنى ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئەلقۇرەشى، (ئەبۇل مۇنزىر)، تابىئىي، مەدىنىنىڭ كاتتا ھەدىسشۇناس فەقىھلىرىنىڭ بىرى، **400** گە يېقىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ باغدادتا ۋاپات بولغان.

## ھىند ـــ ȷǞȺÀȅ ŸǗ ǦDZȘȁ ǼȺȽ

ھىند: ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە قىزى، مەشھۇر ساھابە، ئۇمەۋىي خەلىپە ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ ئانىسى، ھەزرىتى ئەبۇسۇفياننىڭ ئايالى، كەسكىنلىكى ۋە پاساھىتى بىلەن تونۇلغان، مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى بەدر غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن قورەيش مۇشرىكلىرىغا مەرسىيە ئوقىغان، ئۇھۇد غازىتىدا مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلارغا قۇترىتقان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى پارچىلاپ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى كەسكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندا كەئبىنىڭ پەردىسى ئاستىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغانلارنىڭ بىرى بولۇپ بىرقانچە ئايال بىلەن بىللە كېلىپ مۇسۇلمان بولۇپ بەيئەت قىلغان، بىر كۈنى ئوغلى مۇئاۋىيە بىلەن كېتىۋاتقاندا كىشىلەر: بۇ بالا ياشاپ قالسا مىللىتىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ دېيىشكەندە ھىند: مىللىتىدىن باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلمىسا ئانىسى ئۇنىڭدىن رازى ئەمەس دېگەن. خەلىپە ئۆمەر زامانىدا تىجارەت قىلغان، يەرمۇك جېڭىگە قاتنىشىپ مۇسۇلمانلارنى رىمغا قارشى ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلغان، ھىجرىيەنىڭ **14** ـ يىلى (مىلادىيە **635** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ھىشام ئىبنى مۇغىيرە ـــ ǥƘ8ţȁ ȸǟ ȳÁ Î Ŀ

ھىشام ئىبنى مۇغىيرە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئەلمەخزۇمىي، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب كاتتىلىرىدىن بىرى. مەككىلىك، قورەيش، كەنانە ۋە ئۇلارغا ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر: كەئبىنىڭ بىنا قىلىنىشى، فىل ۋەقەسى ۋە ھىشامنىڭ ئۆلۈمى قاتارلىق مۇنداق ئۈچ ۋەقەلىككە ئاساسلىنىپ تارىخ

www.munber.org

قالدۇراتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىگە يېقىن چاغلارغىچە ياشىغان، ئەلفىجار ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئۇنىڭ ئايالى زىبائە بىنتى ئامىر ئىسلام كەلگەن دەۋرىگىچە قەدەر ياشىغان، يېشى بەك چوڭ بولمىغان بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ئۇنى ئالماقچىمۇ بولغان ئىدى، ھىشامنىڭ ئوغلى ئەلھارىس ئىبنى ھىشام ساھابىلەردىن ئىدى.

## ھەمرائۇل ئەسەد ــ Ǽèǰǻ ǿǻÀþ

ھەمرائۇل ئەسەد، بىر جاينىڭ ئىسمى.

## ھەمزە ــ ǧÂþ (ھىجرەتتىن بۇرۇن 54 ــ 3 مىلادىيە 556 ــ 625)

ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمەتتەلىب ئىبنى ھىشام، (ئەبۇ ئۇمارە)، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى، جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدە قۇرەيشتىن چىققان مەشھۇر قەھرىمان پەھلىۋان ۋە كاتتا زات. ئۇ مەككىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. قۇرەيشلىكلەر ئىچىدە ئەڭ ئىززەتلىك، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىدىغان، باشقىلارنى بوّزەك قىلغانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان ھەققانىيەتچى ئىدى، ئىسلامىيەت تەشۋىقاتى تارقىغاندا سەل ئىككىلەنگەندەك قىلغان، كېيىن ئەبۇ جەھلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرۇپ ئازار بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەبۇ جەھلنى پۈتۈن قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شۇ كۈنى كىشىلەر: ئەمدى مۇھەممەدنىڭ ئىززىتى بولىدىغان بولدى، ھەمزە ئۇنى قوغدايدۇ، دېيىشكەن. مەككە مۇشرىكلىرىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارىتا قىلىۋاتقان بەزى ئەزىيەتلىرىنى توختاتقان. ھەزرىتى ھەمزە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، بەدر قاتارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى قىلىپ تۇتقۇزغان تۇغنى ھەمزىگە تۇتقۇزغان ئىدى. ھەزرىتى ھەمزە جەڭدە توّگە قۇشى پېيىنى مەيدىسىگە بەلگە قىلىپ تاقىۋالاتتى، بەدر غازىتىدا قوّش قىلىچ ئىشلەتكەن ۋە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ راۋرۇس ئەدىبىنى بەرگەن. ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغان، مۇسۇلمانلار ئۇنى مەدىنىگە دەپنە قىلغان.

## ھۇبەل ــ ÕǤŁ

ھۇبەل: جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ بوت، قىزىل ھېقىقتا ئادەم سۈرىتىدە ياسالغان بولۇپ كەئبىنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئۇنى دەسلەپتە تىكلىگەن كىشى خۇزەيمە ئىبنى مۇدرىكە ئىبنى ئىلياس ئىبنى مۇزەر.

## ھۇزەيفە ئىبنى ئەليەمان ــ ǰÀŧǢǻ ȸǽ ǦÁΛØǵ

ھۇزەيفە ئىبنى ئەليەمان، ھۇزەيفە ئىبنى ھەسەل ئىبنى جابىر ئەلئەبسى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، ئەليەمان دېگەن ئاتىسى ھەسەلنىڭ لەقىبى، ساھابە، قەيسەر ۋە قەھرىمان فاتىھلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلار ھەققىدىكى مەخپىيەتلىكىنى باشقا ھېچبىر ساھابىگە تاپشۇرماي ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، شۇڭا ھەزرىتى ئۆمەر بىر ۋالىي تەيىنلىمەكچى بولسا ياكى بىر كىشى ۋاپات قىلسا ھۇزەيفىدىن ئۇ كىشى ھەققىدە سورايتتى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى مەدائىنغا ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن، ھىجرىيەنىڭ 22 ـ يىلى ناھاۋەندىگە ھۇجۇم قىلغان، بىرقانچە شەھەرلەرنى فەتھى قىلغان، 225 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيە 36 ـ يىلى (مىلادىيە 656 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

www.munber.org

## ھۇيەي ئىبنى ئەختاب ــ ÆÛñÌ ȸǟ ȾƗǵ

ھۇيەي ئىبنى ئەختاب ئەننەزرى، يەھۇدىي، جاھىلىيەت دەۋرىدە تونۇلغان پەھلىۋانلاردىن، ئىسلام كەلگەندە مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرگەن، بەنى قۇرەيزە جېڭىدە مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنچە ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالغان سەفىييە خېنىمنىڭ ئاتىسى.

ئۇ

## ئۇسمان ئىبنى ئەففان ــ ȷÄȦȝ ȸǟ ȷÄȶǯȝ

ئۇسمان ئىبنى ئەففان ئىبنى ئەبىل ئاس ئىبنى ئۇمەييە ئەلقۇرەشى، ئەمىرىلمۇئمىنىين، زۇننۇرەين ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى، ۋە رۇقەييە ۋە ئۇممۇكۇلسۇمدىن ئىبارەت ئىككى قىزنى ئالغان كۈيئوغلى، جەننەت بىلەن خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، مەككىدە توغۇلغان، جاھىلىيەت دەۋرىدە كاتتا بايلارنىڭ بىرى ئىدى، ئىسلامدىن كېيىنمۇ كاتتا باي بولغان ۋە ئىسلام ئۈچۈن كۆپ مال سەرپ قىلغان، ھجرىيەنىڭ 23 ـ يىلى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە بولغان، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئەرمەنىستان، كافكاز، خوراسان ۋە ئافرىقىنىڭ بىرقانچە ئۆلكىلىرى قاتارلىق نۇرغۇن يۇرتلار فەتھى قىلىنغان، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە قۇرئان توپلانغان بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا يېزىلغان قۇرئان پارچىلىرى قالغان ئىدى، خەلىپە ئۇسمان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى توپلىغان قۇرئاننى قالدۇرۇپ باشقا بارلىق پارچىلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، مەككە ۋە مەدىنە مەسجىدىنى بىرىنچى بولۇپ كېڭەيتكەن خەلىپە، ھىيت خۇتبىسىنى ھىيت نامىزىدىن بۇرۇن ئوقۇتقان، جۈمە نامىزىغا بىرىنچى ئەزاننى پەيدا قىلغان، ساقچى بېكىتكەن، سوت مەھكىمىسى تۇرغۇزغان، 146 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، خەلق ئۇنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنى مەنسەپلەرگە ئولتۇرغۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نارازى بولغان، كۇفە، بەسرە ۋە مىسىر قاتارلىق شەھەرلەردىن كەلگەن نامايىشچىلار ئۇنىڭدىن تۇغقانلىرىنى مەنسەپلەردىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ بۇ تەلەپنى رەت قىلغاچقا توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغان ۋە خەلىپىلىكتىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ بۇنىمۇ رەت قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيى 40 كۈن مۇھاسىرە قىلىنغان، بەزى توپىلاڭچىلار تامدىن ئارتىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قۇربان ھىيت ئەتىگىنىدە ئۇنى قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا شېھىت قىلىۋەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرەتتىن 47 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 577 ـ يىلى) تۇغۇلغان، ھجرىيەنىڭ 35 ـ يىلى (مىلادىيە 656 ـ يىلى) شېھىت بولغان.

ئۇ

## ئۇبەي ئىبنى كەئب ــ ÆĚȞŌ ȸǟ ŸÜ

ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىبنى قايس ئىبنى ئۇبەيد ئەلئەنسارى ئەلخەزرەجى، (ئەبۇل مۇنزىر)، كاتتا ساھابە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قەدىمىي كىتابلارنى تەتقىق قىلىدىغان يەھۇد ئالىملىرىدىن ئىدى، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ۋەھىي يازىدىغان كاتىپلاردىن بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدرى، ئۇھۇد،

www.munber.org

خەندەك ۋە باشقا بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، قىرائەتتە ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئۈستىسى، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا پەتىۋا بېرىشكە باشلىغان، ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا قۇرئاننى توپلاشقا قاتناشقان، ھەدىس كىتابلىرىدا 164 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھەدىستە: «ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ئۇستا قارىسى ئۇبەي ئىبنى كەئب» دېيىلگەن، ھىجرىيەنىڭ 21 ـ يىلى (مىلادىيە 642 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت ــ ǨņǺÔöä ȸ ǵǻǺĞ3

ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت ئەلئەنسارى ئەلخەزرەجى ئەلمەدەنى، (ئەبۇل ۋەلىيد)، ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ۋەكىللەردىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا قۇرئاننى توپلىغان ساھابىلارنىڭ بىرى، بەدرى غازىتىغا ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان كاتتا ساھابە، كېيىن مىسىرنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان، پەلەستىندە قازى بولغان، 181 ھەدىس رىۋايەت قىلغان . ھىجرىيە 34 ـ يىلى (مىلادىيە 654 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئۇبباد ئىبنى بىشر ــ ÀÎä ȸ ǻǺĞ3 (ھىجرەتتىن بۇرۇن 33 ــ 12 مىلادىيە 591 ــ 633)

ئۇبباد ئىبنى بىشر ئىبنى ۋەقش ئەشھەلىي خازرەجىي ئەنسارىي، باتۇر ساھابە، مەدىنىدە مۇسۇلمان بولغان، بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قەبىلىلەرگە زاكات توپلاشقا ئەۋەتەتتى. ئۇنى يەنى تەبۇك چېگرا رايونىنى قوغداشقىمۇ تەيىنلىگەن. ئۇ يەمامە جېڭىدە شېھىت بولغان.

### ئۇبەيدە ئەسسالمانى ــ ƆǺŀŸÊöä ǵǼǼĞ3

ئۇبەيدە ئەسسالمانى، ئۇبەيدە ئىبنى ئەمرۇ ئەسسالمانى ئەلمۇرادى، تابىئىي، مەككە فەتھى بولغاندا يەمەندە تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتناشقان، بىلىم ئۆگىنىپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان، قازىلىقتا ئاتاقلىق شۇرەيھ قازى بىلەن تەڭ تۇرىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 72 ـ يىلى (مىلادىيە 691 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئۇرۋە ــ KäÂöä ȸ ǵŞÀ3 (ھىجرىيە 22 ــ 93 مىلادىيە 643 ــ 712)

ئۇرۋە: ئۇرۋە ئىبنى ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام ئەلئەسەدى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، كاتتا تابىئىي، مەدىنىنىڭ يەتتە چوڭ فەقىھلىرىنىڭ بىرى، سىياسىي جېدەلگە ئارىلاشماي مىسىرغا كېتىپ ئۈيلىنىپ بىرقانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋە مەدىنىدە ۋاپات قىلغان.

### ئۇزەير ــ ÿŸÊöä ǿŸ3 ÀǺǼ

بەنى ئىسرائىلغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەۋالغان.

### ئۇززا ــ ɁÂŇöä

www.munber.org

قۇرەيش بۇتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى، ئۇززانىڭ بۇتخانىسى مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان زىيارەتگاھ ئىدى، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدكە بۇيرۇق قىلىپ ئۇنى چاقتۇرىۋەتكەن.

## ئۇسامە ئىبنى زەيد ـــ ÆÑä ﾀ ĞŋÅèÙ (ھىجرەتتىن 7 ـــ 54 مىلادىيە 615 ـــ 674)

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىسە، (ئەبۇ مۇھەممەد)، كاتتا ساھابە، مەككىدە تۇغۇلغان ئاتىسى زەيد دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلاردىن بولغاچقا ئۇ ئىسلام تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا نەۋرىسى ھەسەن بىلەن ھۇسەينگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، 20 ياشقا كىرمەستىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوماندان قىلغان ۋە ئۇرۇشتا زەپەر قازانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن "ۋادىلقۇرا" دېگەن جايغا بېرىپ تۇرغان. كېيىن دىمەشىققە بېرىپ ئاخىرى مەدىنىگە قايتقان، ھەدىس كىتابلىرىدا 128 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

## ئۇسەيد ئىبنى ئەلھۇزەير ـــ KŔΣä ﾀ ÆɆèÙ

ئۇسەيد ئىبنى ئەلھۇزەير ئىبنى سەمماك ئىبنى ئۇتەيك ئەلئەۋسى، (ئەبۇيەھيا)، ساھابە، جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدىكى يۇزلۇك، دانىشمەن، ئىسىل زات، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى، ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە ئون ئىككى ۋەكىلنىڭ بىرى، ئۇھۇد غازىتىدا يەتتە يېرىدىن يارىلانغان بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەۋرىمەي تۇرغان. ھىجرىيەنىڭ 20 - يىلى (مىلادىيە 641 - يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئۇقبە ئىبنى ئامىر ـــ ÀŋÀʒ ﾀ ĞGÖʒ

ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئىبنى ئەبس ئىبنى مالىك جۇھەنىي، قوماندان ساھابە، ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن بىللە سىففىين جېڭىغا قاتناشقان، كېيىن ھەزرىتى ئەمرۇ ئىبنى ئاس بىلەن مىسىر فەتھىگە قاتناشقان، ھىجرىيەنىڭ 44 - يىلى مىسىرغا ۋالىي بولغان، 47 - يىلى دېڭىز فۇتۇھاتىغا قوماندانلىق قىلغان. قەيسەر، باتۇر، مەرگەن، قارى ھەم شائىر ساھابە ئىدى. ئۇ قۇرئاننى توپلىغان ساھابىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ توپلىغان قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا: (بۇنى ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئۆز قولى بىلەن يازدى) دەپ يېزىلغان. 55 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. قاھىرەدە قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئوقبە ئىبنى ئامىر مەسچىتى بار.

## ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى ـــ ĞΛʐŋʂɉä ĞöʂÆöä

(ھىجرىيە 40 ـــ 132) دەۋر سۈرگەن خەلىپىلىك.

## ئۇممىيلەر ـــ ĞɆŋɉä

ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ساۋاتسىز دېگەن مەنىدە بولۇپ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ يا مۇقەددەس كىتابى ياكى ئىلىم - مەرىپىتى بولمىغاچقا شۇنداق ئاتالغان ساماۋىي كىتابى يوق باشقا مىللەتلەرمۇ ئۇممىيلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

www.munber.org

### ئۇكاشە ــ ßÆèjä ȸÔ‡ä ȸä GïÌǺÒȝ

ئۇكاشە ئىبنى ئەلمىھسان ئىبنى ھەرسان ئەلئەسەدى، ساھابە، ھەربىي قوماندان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، ھىجرىيەنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 633 ـ يىلى) رىددەت ئۇرۇشلىرىدا تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەلئەسەدىينىڭ قولىدا شېھىت بولغان.

## ئۆ

### ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ــ āÅÛʅä ȸä Àŧȝ

ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب ئىبنى نۇفەيل ئەلقۇرەشى ئەلئەدەۋى، (ئەبۇھەفس)، كاتتا ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى، بىرىنچى بولۇپ ئەمىرلمۇئمىنىن دەپ ئاتالغان خەلىپە، جەننەت بىلەن خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، تالانتلىق، ھەققانىيەتچى، كەسكىن ۋە باتۇر زات، چوڭ فۇتۇھاتلار ئۇنىڭ زامانىدا بولغان، ئادالەتلى ماقال ـ تەمسىلگە ئايلانغان، جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇرەيشنىڭ قەھرىمان ئېسىلزادىلىرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ قۇرەيشتە ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئىككى ئۆمەرنىڭ بىرى بىلەن ئىسلامنى كۈچلەندۈرگىن» دەپ دۇئا قىلغان ئىككى ئۆمەرنىڭ بىرى، ھىجرەتتىن 5 يىل بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد: "ئۆمەر مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيالمايتتۇق" دېگەن. ئۆمەر مۇسۇلمان بولغىچە ئىسلام پائالىيەتلىرى مەخپىي ھالدا ئېلىپ بېرىلغان، ھىجرىيەنىڭ 13 ـ يىلى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغان كۈنى خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغان، دەۋرىدە شام، ئىراق ۋە مىسىر قاتارلىق نۇرغۇن يۇرتلار فەتھى قىلىنغان، مۇسۇلمانلار ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ تارىخلاشتۇراتتى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ھىجرىي تارىخنى ئىشلىتىشنى يولغا قويدى، بىرىنچى بولۇپ بەيتۇل مالنى ۋە دىۋانىنى قۇردى، كوچىلاردا يالغۇز ئايلىنىپ يۈرەتتى، پاساھەتلىك سۆزلىرى ۋە مەكتۇبلىرى مەشھۇر، ھەدىس كىتابلىرىدا 537 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھەدىستە: «ئۆمەرنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ غەزىپى ئۈچۈن غەزەپلىنىدۇ» دېيىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا (ئەلفارۇق) دەپ لەقەم بەرگەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىمۇ دەۋالاردا ھۆكۈم قىلاتتى، ئاق پىشماق، ئېگىز، ساقاللىق ئىدى، ساقىلىنى خىنە ۋە ئۇسما بىلەن بويىۋالاتتى، بامدات نامىزىدا تۇرغاندا ئاتەشپەرەست ئەبۇلۇئلۇئەنىڭ تۇيۇقسىز بىلىگە تىققان خەنجىرى بىلەن ئېغىر يارىلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 23 ـ يىلى شېھىت بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىغا دەپنە قىلىنغان، ھىجرەتتىن 40 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 584 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ ھىجرىيەنىڭ 23 ـ يىلى (مىلادىيە 664 ـ يىلى) شېھىت بولغان.

### ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ــ ÂΛÂĤöäÆĢȝ ȸä Àŧȝ (ھىجرىيە 61 ــ 101 مىلادىيە 781 ــ 720)

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئىبنى مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەم ئەلئۇمەۋى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇھەفس)، ئەمىرلمۇئمىنىن، ئۇمەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىرىدىن بىرى، ئادالەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى دەپ نام ئالغان سالىھ خەلىپە، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، خەلىپە ۋەلىد تەرىپىدىن مەدىنىگە ۋالىي بولغان، كېيىن خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىككە ۋەزىر بولغان، ھىجرىيە 99 ـ يىلى

www.munber.org

خەلىپە سۇلايماننىڭ ۋەسىيىتى بىلەن خەلىپە بولغان، ئىلمى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان، ئادالەتلىك ۋە ياخشى سىياسەتلىرى مەشھۇر، بىرىنچى يۈز يىلدا ئىسلامنى گۈللەندۈرگەن زات دەپ قارالغان.

ۋ

## ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ـــ Õzzŋ dǂ Ĝęǿş

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇل ئۇززا ئەلقۇرەشى، ھەزرىتى خەدىيجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، جاھىلىيەتتىكى دانىشمەنلەرنىڭ بىرى، بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلاپ خرىستىئان بولۇپ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى تەتقىق قىلغان، ئەرەب تىلىنى ئىبرانىي ھەرپ بىلەن يازغان، شېئىرلىرى ھېكمەت تۈسىنى ئالغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلىپىگىچە ياشىغان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە بىشارەت بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي كېلىپ 3 ـ يىلى ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلمايلا ئۆلۈپ كەتكەن دەپ قارالغان بولسىمۇ بەزى تارىخچىلار ئۇنى ساھابە دەپ قارىغان، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما خېنىمدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەرەقە ھەققىدە سورالغاندا: «قىيامەت كۈنى ئۇزى يالغۇز بىر ئۈممەت بولۇپ قوپىدۇ» دېگەن. ئىمام بەقائى ۋەرەقەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرىشى ھەققىدە مەخسۇس بىر كىتاب يازغان. تەخمىنەن ھىجرەتتىن 12 يىل بۇرۇن (مىلادىيە 611 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ۋەكىيئ ـ 3ǂÕş (ھىجرىيە 129 ـــ 197 مىلادىيە 746 ـــ 812)

ۋەكىيئ ئىبنى ئەلجەرراھ ئىبنى ئەلمۇلەيھ ئەررۇئاسى ئەلكۇفى، (ئەبۇسۇفيان)، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى، زامانىدىكى ئىراق مۇھەددىسى، كۇفەدە تۇغۇلغان، خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنى قازىيلىققا تەيىنلىمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۇ رەت قىلغان، تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان، ھەركۈنى ئارا بەرمەي روزا تۇتقان، پەتىۋامۇ بەرگەن، ”تەپسىرۇل قۇرئان“، ”ئەسسۇنەن“، ”ئەلمەئرىفە ۋەتتارىخ“، ”ئەززۇھد“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

## ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ ـــ Æŧŀş dǂ ȼĜĄŋ (ھىجرىيە 34 ـــ 114 مىلادىيە 654 ـــ 732)

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ ئەلئەبناۋى ئەسسەنئانى ئەززىمارى، (ئەبۇئابدۇللاھ)، تابىئىيلاردىن سانىلىدۇ، تارىخچى، قەدىمى كىتابلاردىن ۋە كونا ئەپسانىلەردىن بولۇپمۇ ئىسرائىلىياتلاردىن كۆپ سۆزلەيدۇ، ئەسلى يەمەندىكى پارس ئەۋلادلىرىدىن، سانئادا تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز تەرىپىدىن سانئاغا قازىلىققا تەيىنلەنگەن، كىتابلىرىدا قەدىمكى ئەپسانە ۋە ئىسرائىلىياتى كۆپ، ھەزرىتى ئىبنى ئابباسقا 13 يىل شاگىرت بولغان، ”زىكرۇل مۇلۇك ئەلمۇتەۋۋەجە“، ”قاساسۇل ئەنبىيائ“ ۋە ”قاساسۇل ئەخبار“ قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، قەدەرىييە قارىشىدا بولۇپ كېيىن يانغان دەپ قارالغان.

## ۋائىل ئىبنى ھەجەر ـــ ÀDzǵ dǂ Ōəäş

ۋائىل ئىبنى ھەجەر ئەلھەزرەمى، (ئەبۇھۇنەيدە)، يەمەن پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ شاھزادىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا تونىنى كۆرپە قىلىپ سېلىپ بېرىپ بىللە ئولتۇرغۇزغان ۋە: «ئى ئاللاھ! ۋائىلغا ۋە باللىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا

www.munber.org

زىمىن بىرىپ، ھەزرىتى مۇئاۋىيەنى ئۇنىڭغا بىللە قېتىپ يەمەنگە ئەۋەتكەن، ئۇلار قەبىلىلىرىگە قۇرئان ۋە ھەدىس ئۆگەتكەن، كېيىن ئۇ فۇتۇھاتلارغا قاتناشقان، ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 50 ـ يىلى (مىلادىيە 670 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ۋەلىيد ئىبنى ئەلۋەلىيد ـــ ÆĖözöä ðæ ÆĖözöä

ئەلۋەلىيد ئىبنى ئەلۋەلىيد ئىبنى ئەلمۇغىيرە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى، قۇرەيشنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كاتتىلىرىنىڭ ۋە سېخىلىرىنىڭ بىرى، ھەزرىتى خالىد ئىبنى ئەلۋەلىيدنىڭ بىر تۇغقىنى، مۇسۇلمان بولماي بەدرى كۈنى مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەندە بىر تۇغقانلىرى ئۇنى تۆلەم بېرىپ قۇتۇلدۇرغان، قۇتۇلۇپ بولۇپ ئاندىن مۇسۇلمان بولغان، تۇغقانلىرى ئۇنى مەككىدە سولاپ قويغان بولسىمۇ قېچىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قېتىلغان، ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 629 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

### ۋەلىيد ئىبنى ئۇقبە ـــ ĞGÖʒ ðæ ÆĖözöä

ئەلۋەلىيد ئىبنى ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئىيت، (ئەبۇۋەھب)، ئەلئۇمەۋى ئەلقۇرەشى، جاھىلىيەتتە قۇرەيشتە تونۇلغان شائىر ۋە سېخىلارنىڭ بىرى ئىدى، ھەزرىتى ئوسمانغا ئانا بىر تۇغقان كېلىدۇ، مەككە فەتھى كۈنى مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىن زاكات ئېلىشقا تەيىنلىگەن، خەلىپە ئۆمەرمۇ ئۇنى بەنى تەغلىب قەبىلىسىدىن زاكات يىغىشقا تەيىنلىگەن، خەلىپە ئوسمان تەرىپىدىن كۇفەگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن هاراق ئىچكەنلىكىگە گۇۋاھ بېرىلگەنلىكتىن ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ مەدىنىگە كەلتۈرۈلۈپ دەررە ئۇرۇلۇپ سولانغان. ھىجرىيە 61 ـ يىلى (مىلادىيە 680 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### ۋۇھەيب ئىبنى ۋەرد ـــ Fööʒöä ååʂ ðæ ÆĖŁʂ

ۋۇھەيب ئىبنى ۋەرد ئەلۋالىبى، (ئەبۇئۇمەييە)، مەككىلىك ئىبادەتگۈي ھەكىملەرنىڭ بىرى، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن ئىدى، ئىسمى ئابدۇلۋاھھاب بولۇپ ۋۇھەيب دەپ كىچىكلىتىلگەن. ھېكمەتلىك سۆزلىرى كۆپ، ھىجرىيە 153 ـ يىلى (مىلادىيە 770 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئي

### ئېتىكاف ـــ 8ÅÖʒä

ئېتىكاف: ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ روزا تۇتقان ھالەتتە مەسچىتتە ياكى ئۆي ۋە باشقا جايدىكى ئىبادەتخانا قىلىنىۋالغان جايدا تۇرۇۋېتىن ئىبارەت. بۇ سۈننەت ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ بۇنىڭدىن بوش ۋاقىتلاردا ئىبادەتكە يۈزلىنىش، ئاللاھ تائالا مېنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دېگەن تۇيغۇنى ھېس قىلىش، نەتىجىدە ئىخلاس پەيدا قىلىپ قەلبنى پاكلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئېتىكاف قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى بەلگىلەنمىگەن، شۇڭا ئېتىكاف قىلماقچى بولغان كىشى بىر سائەت بولامدۇ ياكى بىر كۈن بولامدۇ قانچىلىك ۋاقىت ئېتىكاف قىلىشنى نىيەت قىلسا شۇنچىلىك قىلسا بولاۋېرىدۇ. يىل بويى

www.munber.org

قىلىش بولسا مۇستەھەب. لېكىن، رامىزان ئېيىدا بولۇپمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىنغىنى ئەۋزەل.

## ئى

### ئىبنى ئابدۇلبەر ــ ƎöäÆĞȝ ȸǝ ÀŁȝ ǭäǁ (ھىجرىيە 368 ــ 463 مىلادىيە 978 ــ 1071).

ئەبۇئۆمەر: يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلبەر ئەننەمرى ئەلقۇرتۇبى ئەلمالىكى، مەغرىبنىڭ كاتتا ھەدىسشۇناسلىرىدىن بىرى، مۆتىۋەر فەقىھ، تارىخشۇناس، ئەدىب، مەغرىبنىڭ مۇھەددىسى دەپ ئاتالغان، ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) قۇرتۇبەدە تۇغۇلغان، لىشبونە ۋە سەنتەرىن شەھەرلىرىگە قازى بولغان، ”ئەددۇرەر فى ئىختىسارىل مەغازى ۋەسسىيەر“، ”ئەلئەقىل ۋەلئۇقەلائ“، ”جامىئۇ بايانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى“، ”ئەلمەدخال“، ”بۇھجەتۇل مەجالىس“، ”ئەلئىنتىقائۇ فى فەزائىل ئەسسەلاسە ئەلفۇقەھائ“، ”ئەتتەمھىد“ 20 تومدا نەشر قىلىنغان، ”ئەلئىستىزكار“، ”ئەلئىنساف“، ”ئەلكافى“، ”ئەلئىستىيئاب“ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

### ئىبنى جەۋزى ــ ɃǎǭƧǻ ȸǟǟ

ئىبنى جەۋزى، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلى، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، تارىخچى، فەقىھ، ھەنبەلى مەزھەب ئالىملىرىدىن. ھىجرىيە 597 - يىلى ۋاپات بولغان.

### ئىبنى ئەبى ھاتەم ــ ŹȦǵ ŸǕ ȸǟǟ (ھىجرىيە 240 ــ 327 مىلادىيە 854 ــ 938)

ئىبنى ئەبى ھاتەم، ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىيس ئەتتەمىيمى ئەلھەنزالىي ئەررازىي، (ئەبۇ مۇھەممەد)، چوڭ ھەدىسشۇناسلارنىڭ بىرى، سەككىز تومدا بېسىلغان ”ئەلجەرھۇ ۋەتتەئدىيلۇ“ ۋە بىرقانچە تومدا بېسىلغان ”ئەتتەپسىر“، ئىككى تومدا بېسىلغان ”ئىلەلۇل ھەدىس“، ”ئەلمەراسىيل“، ”ئەلمۇسنەد“، قاتارلىق كۆپ كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

### ئىنجىل ــ ŌɆƱǓ

ئىنجىل: ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن نازىل بولغان كىتابنىڭ ئىسمى. الله دىن نازىل بولغان ئەسلى نۇسخىسى ھازىر كىشىلەر قولىدا مەۋجۇت ئەمەس بەلكى خرىستىئانلاردا ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن خېلىلا كېيىنكى دەۋرلەردە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان نۇرغۇن ئىنجىللار بار بولۇپ بۇلاردىن تۆۋەندىكى تۆت ئىنجىل مەشھۇردۇر: ”ئىنجىل مەتتا“، ”ئىنجىل مورقۇس“، ”ئىنجىل لوقا“، ”ئىنجىل يۇھەننا“. ھازىر يۇقىرىقى تۆت ئىنجىل بىلەن بىللە جەمئىي 27 ئىنجىيل ”يېڭى ئەھدە“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن بىرىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ئىنجىل ئىكەنلىكى ئىلمىي يول بىلەن سابىت بولمىغان.

### ئىسرافىل ــ ŌɆǭäÀèǓ

قىيامەت كۈنى سۇر چېلىشقا مۇۋەككەل پەرىشتىنىڭ نامى.

www.munber.org

ئىبنى ئەرەبى ــ ŸÀĦöä ضäë

ئىبنى ئەرەبى: مۇھەممەد ئىبنى ئىبدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەل ئەندولىسى، قازى ئەبۇ بەكىر ئىبنۇل ئەرەبى دەپ تونۇلغان، مالىكىي مەزھەبتىكى مۇجتەھىد ئالىملاردىن، ھىجرىيەنىڭ **543** ــ يىلى ۋاپات بولغان.

ئىبنى ئەبى لەيلا ــ ?ŸĘö ŸÛ ضäë

ئىبنى ئەبى لەيلا، ئۆز زامانىدىكى كۇفە قازىسى ۋە كاتتا فەقىھ. ھىجرىيەنىڭ **148** - يىلى ۋاپات بولغان.

ئىبنى سالام ــــ ȳŸè ضë ⱢèÀÖä ÆĘG3 ȤäÜ (ھىجرىيە 157 ــ 224 مىلادىيە 774 ــ 838)

ئەبۇئۇبەيد ئەلقاسىم ئىبنى سالام ئەلھىرەۋى ئەلخۇراسانى ئەلبەغدادى، (ئەبۇئۇبەيد)، ھەدىس، فىقھى ۋە تىل - ئەدەبىياتتا يېتىشكەن مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ بىرى، ھىراتتا تۇغۇلغان، كېيىن بەغدادقا جايلاشقان، **18** يىل تارسۇس دېگەن جايغا قازى بولغان، ھىجرىيەنىڭ **213** - يىلى مىسىرغا بېرىپ ئاندىن بەغدادقا قايتقان، يازغان كىتابلىرى ھايات ۋاقتىدىلا كىشىلەرگە كەڭ تارقالغان، ھەدىستە ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەر ھەققىدە **40** يىلدا يازغان ''ئەلغەرىيب ئەلمۇسەننەف'' دېگەن كىتابى **4** تومدا نەشر قىلىنغان، ئۇ دەسلەپ قىلىپ بۇ ساھەدە ئەسەر يازغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ، يەنە ھەدىستە ''ئەتتەھۇر''، ''ئەلئەجناسۇ مىن كالامىل ئەرەب''، ''ئەدەبۇل قازى''، ''فەزائىلۇل قۇرئان''، ''ئەلئەمسال''، ''ئەلمۇزەككەر ۋەلمۇئەننەس''، قىرائەت ئىلمىدە ''ئەلمەقسۇرۇ ۋەلمەمدۇد''، مال - مۈلك ئەھكاملىرى ھەققىدە مەشھۇر ''ئەلئەمۋال''، ''ئەلئىمان'' قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، جاھىز: ھېچكىم ئۇنىڭكىدەك سەھىھ ۋە پايدىلىق كىتاب يېزىپ باقمىغان دېگەن.

ئىبنى زىياد ئەننىيشاپۇرىي ــ ȻøȤäÀÊĘÀöä åÀʌä ضë ÀÖë ȤäÜ (ھىجرىيە 238 ــ 324 مىلادىيە 852 ــ 936)

ئەبۇ بەكىر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى زىياد ئەننىيشاپۇرىي، (ئەبۇ بەكىر)، ھەدىسشۇناس ئالىم، ئۆز دەۋرىدە ئىراقتا شافىئىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ كاتتىسى ئىدى، بىرقانچە ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.

ئىبنى ئەبى شەيبە ــ ĞGĘÌ ŸÛ ضë ÀÖë ȤäÜ

ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەبى شەيبە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى شەيبە ئەلئەبسىي ئەلكۇفىي، (ئەبۇ بەكىر)، مەشھۇر ئىماملارنىڭ بىرى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ كاتتىسى، ئىشەنچلىك، ''ئەلمۇسنەد''، **12** تومدا بېسىلغان ''ئەلمۇسەننەف''، ۋە ''ئەتتەپسىر'' قاتارلىق چوڭ ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپى، ئوسمان ئىبنى ئەبى شەيبە ۋە ئەلقاسىم ئىبنى ئەبى شەيبە قاتارلىق ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ بىر تۇغقىنى، ھىجرىيەنىڭ **235** - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ۋاپات بولغان.

ئىمام ئىبنى ھەزم ــ ȳÂǵ ضë ÆŁŢ ضë ÀÖë ȤäÜ (ھىجرىيە 384 ــ 456 مىلادىيە 994 ــ 1064)

www.munber.org

ئىمام ئىبنى ھەزىم: ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەئىيد ئىبنى ھەزىم ئەززاھىرى ئەلقۇرتۇبى، ”ئەبۇمۇھەممەد“، كاتتا مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىد، زامانىدىكى ئەندەلۇس ئەللامىسى، تۆرلۈك ئىلىملەردە ”ئەلمۇھەللا“، ”تاۋقۇل ھامامە“ ”ئەلئەھكام لىئۇسۇل ئەلئەھكام“، ”ئەلفەسلۇ فىلمىلەل ۋەلئەھۋائى ۋەننىھەل“، ”جەمھەرەتۇل ئەنساب“ قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، باشقا ئالىملارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، فىقھىدا زاھىرىي مەزھەبكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ زاھىرىي مەزھىبى: قۇرئان ۋە ھەدىسكە تايانمىغان ھەرقانداق قىياس باتىلدۇر دەپ قاراپ قۇرئان ۋە ھەدىس لەپزىلىرىنىڭ تاشقى مەنىسىنى ئېلىشقا تايىنىدۇ.

## ئىبنى ئەۋن ــ ʝʐʒ ȸȁ

ئىبنى ئەۋن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن ئىبنى ئارتابان ئەلمۇزەنى، كاتتا ھەدىسشۇناس ئالىم، ھەدىستە بەسرە ئەھلىنىڭ شەيخى، ئاتقا مىنىپ جىھاد قىلغان. ھىجرىيە **151** ـ يىلى (مىلادىيە **768** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ئىبنى ئەيياش ــ êȦɇʒ ȸȁ ȀȮȁ ʐȁȕ (ھىجرىيە 95 ــ 193 مىلادىيە 714 ــ 809)

ئەبۇ بەكىر شۇئبە ئىبنى ئەيياش ئىبنى سالىم ئەلئەدىي ئەلكۇفىي، (ئەبۇ بەكىر)، مەشھۇر قىرائەتشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى، كۇفەدە ياشىغان.

## ئىبنى تەيمىيە ــ ĞɆŧɆǨ ȸȁ ȃȦĢȞȍȁ ʐȁȕ (ھىجرىيە 661 ــ 728 مىلادىيە 1263 ــ 1328)

ئىبنى تەيمىيە: ئەھمەد ئىبنى ئابدۇل ھەلىم ئىبنى ئابدۇسسالام ئەلھەررانى ئەددەمەشقى ئەلھەنبەلى، تەقىييۇددىن، شەيخۇل ئىسلام، كاتتا مۇجتەھىد ۋە مۇجاھىد، دىنىي ئىسلاھاتقا چاقىرغان، تىلى ۋە قەلىمى راۋان ئاتاقلىق ئالىم، 30 يېشىدىلا ”مۇھىيىسسۇننە“ ”ئىماموال مۇجتەھىدىين“ دەپ نام ئالغان، تەقۋادارلىقىدىن دۇنياغا نەزىرىنى سالمىغان، جۈرئەتلىك ۋە ھەققانىيەتچى بولغانلىقىدىن خوشامەتچىلىك قىلمىغان، نەتىجىدە تۈرمىغا تاشلىنىپ تۈرمىدا ۋاپات قىلغان، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەقلىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە، ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مۇھاكىمە قىلىش ۋە دەلىل بىلەن مات قىلىش ئىقتىدارىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، پەتۋالىرى 25 توم قىلىپ بېسىلغان، يەنە ”ئەررادۇ ئەلەلمەنتىقىيىين“، ”ئەلفۇرقان“، ”ئەسسىياسەتۇششەرئىييە“، ”ئەلئىيمان“، ”مىنھاجۇسسۇننە“، ”ئەلۋاسىتە بەينەل ھەق ۋەلخەلق“، ”ئەسسارىمۇل مەسلۇل“، ”رافئۇل مەلام ئەنىل ئەئىممە ئەلئەئلام“، ”ئەلقاۋائىدۇننۇرانىيە ئەلفىقھىييە“، ”نەقزۇل مەنتىق“ قاتارلىق كىتابلىرىمۇ نەشر قىلىنغان، ئىبنى ئەرەبى ۋە ھەللاجەك ئاللاھ بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئازغۇن سوپىزم ئېقىمىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن، ھىجرىيەنىڭ **728** ـ يىلى (مىلادىيە **1328** ـ يىلى) دەمەشىق قەلئەسىدە تۈرمىدا ۋاپات بولغان.

## ئىكرىمە ـ ȃȦĢʒ ȸȁ Бʐɳ ĞɳȀȮʒ (ھىجرىيە 25 ــ 105 مىلادىيە 645 ـ 723)

ئىكرىمە مەۋلا ئىبنى ئابباس: ئىكرىمە ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەربەرى ئەلمەدەنى، (ئەبۇئابدۇللاھ) تابىئىي، ئىبنى ئابباسنىڭ خىزمەتچىسى ۋە شاگىرتى، مەككىدىكى فىقھشۇناسلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلىكلەرنىڭ ۋاقتىنى ۋە غازاتلار تارىخىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلاردىن

www.munber.org

ئىدى. ئۇنىڭدىن **300** گە يېقىن كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ **105** - يىلى (مىلادىيە **723** - يىلى) ۋاپات بولغان.

### ئىبنى سىرىين ــ ʈÆŧÉ ǳǳ èǨʌǳ (ھىجرىيە 33 ــ 110 مىلادىيە 653 ــ 729)

ئىبنى سىيرىين: مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين ئەلبەسرى ئەلئەنسارى، (ئەبۇبەكرى)، تابىئىي ۋە كاتتا ئالىم، زامانىدىكى بەسرە ئەللامىسى، بەسرەدە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، گەزماللىق بىلەن شۇغۇللانغان، فىقھى بىلىملىرىدە يېتىشىپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان، تەقۋادارلىقى ۋە چۈشكە تەبىر بېرىشى بىلەن تونۇلغان، "چۈش تەبىرى" دېگەن كىتاب ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان، يەنە ئۇنىڭغا "مۇنتەخابۇل كالام في تەپسىرىل ئەھلام" دېگەن كىتابمۇ مەنسۇپ قىلىنغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ كىتابنى ئۇ يازمىغان.

### ئىسھاق ئىبنى راھۇيە ــ ǚèǚHǺȧ ǳǳ øäŁʐʌȼ (ھىجرىيە 161 ــ 238 مىلادىيە 778 ــ 853)

ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇخلەد ئەلھەنزالى ئەلمەرۋەزى، "ئەبۇيەئقۇب"، ئاتىسى مەككە يولىدا تۇغۇلغاچقا ئىبنى راھۇيە (يولدا تۇغۇلغان كىشىنىڭ ئوغلى) دەپ ئاتالغان، ھەدىس، فىقھى ۋە تەقۋادارلىقتا كاتتا ئىماملارنىڭ بىرى، زامانىدىكى خۇراسان ئەللامىسى، ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ئۇستازى. ھەدىس توپلاش ئۇچۇن يۇرتمۇيۇرت كەزگەن، ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا راستچىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان، نىيشاپۇرغا جايلىشىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. "ئەلمۇسنەد" قاتارلىق بىرقانچە ئەسەر قالدۇرغان.

### ئىبنى خۇزەيمە ــ ǳǳǟ ǹÂƐǦ (ھىجرىيە 223 ــ 331 مىلادىيە 838 ــ 924)

ئىبنى خۇزەيمە: مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى خۇزەيمە ئەسسەلەمى، (ئەبۇبەكرى)، ئىبنى خۇزەيمە دەپ تونۇلغان، كاتتا ھەدىسشۇناس ئالىم ۋە ئۆز زامانىدىكى نىيشاپۇرنىڭ ئىمامى، ھەدىس ئىلمىدە يېتىشكەن مۇجتەھىد فەقىھ ئىدى، ئىراق، شام، ھىجاز ۋە مىسىر قاتارلىق يۇرتلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىمام سۇبكى ئۇنىڭغا (ئىماملارنىڭ ئىمامى) دەپ لەقەم قويغان، قالدۇرغان ئەسەرلىرى **140** تىن ئاشىدۇ، مەسىلەن: "ئەتتەۋھىيد ۋە ئىسباتۇ سىفەتۇررەب"، سەھىھۇ ئىبنى خۇزەيمە دەپ ئاتالغان "مۇختەسەرۇل مۇختەسەر" قاتارلىقلار.

### ئىبنى رەزىين ــ ǳǳǟ øǟ̏ʌǳ

ئىبنى رەزىين: مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئىبنى ئىبراھىيم ئىبنى رازىين ئەتتەيمي ئەلئەسفاھانىي، (ئەبۇ ئابدۇللاھ)، قىرائەتشۇناش ۋە تىلشۇناس ئالىم، قىرائەتلەردە "ئەلجامىئۇ" ۋە "رەسمۇل قۇرئان" دېگەن كىتابلارنى يازغان،

### ئىسرائىل ــ ǟqȅǞǟǞŌ

ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ مەنىسى "ئاللاھنىڭ بەندىسى" دېمەكتۇر، ئۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنچە ئاتالغان ئىسمى ياكى لەقىمىدۇر.

www.munber.org

ئىسرائىل ئەۋلادى ــ ÖäÀël Ɨä

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى ۋە كېيىنكى نەسلىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭدىن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى مۇنزىر ــ ỊĿŁÄäl ɑä ÁŁⲦ (ھىجرىيە 242 ــ 319 مىلادىيە 856 ــ 931)

ئىبنى مۇنزىر: مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنۇل مۇنزىر ئەننىيشاپۇرى، (ئەبۇبەكىر)، مۇجتەھىد فەقىھ، ھەدىسشۇناس، مەككە شەيخى ئىدى، مىسلىسىز ئىسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، مەسىلەن: "ئەلمەبسۇت"، "ئەلئەۋسات فىسسۇنەن ۋەلئىجمائى ۋەلئىختىلاف"، "ئەلئىشراف ئەلە مەزاھىبۇ ئەھلىل ئىلىم"، "ئىختىلافۇل ئۇلەمائ"، "تەپسىرۇل قۇرئان" قاتارلىقلار. مەككىدە ۋاپات بولغان.

ئىمران ئىبنى ھۇساين ــ ƙÔǵ ɑä ɉÄŁ3

ئىمران ئىبنى ھۇساين ئىبنى ئۇبەيد ئەلخۇزائى، (ئەبۇنۇجەيد)، تونۇلغان ئالىم ساھابە، ھىجرەتنىڭ 7 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغان، خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن بەسرىگە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن فەقىھ ساھابىلارنىڭ بىرى، كېيىن بەسرىگە قازى بولغان، 130 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيە 52 ـ يىلى (مىلادىيە 672 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

## ي

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ــ ỹŸÊä ȼŸ3 āȥÔĦ

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولسا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ھەمدە پەيغەمبەر. ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بولۇپ "ئىسرائىل" دەپمۇ ئاتالغان. بەنى ئىسرائىل مۇشۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ، كەنئان (ھازىرقى پەلەستىن) دە ياشىغان، كېيىنكى چاغلاردا مىسىرغا بېرىپ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇرغان.

يەھۇدىي ــ ƁáȥƬËä

يەھۇدىي: يەھۇدىيزم دىيانىتىگە ئېتىقاد قىلىدىغان كىشى. يەھۇدىيلار ئەجدادى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 ئوغلىنىڭ بىرى بولغان يەھۇزاغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ.

يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىير ــ Ǩǯō ȥäl ɑä Ɨ3

يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىير دەپ تونۇلغان، ئىسمى يەھيا ئىبنى سالىھ ئەتتائى ئەلىيەمامى، (ئەبۇنەسر)، زامانىدىكى ئاتاقلىق ئالىم، مەدىنىدە ئون يىل كاتتا تابىئىيلارغا شاگىرت بولۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، بەنى ئۇمەييە جەمەتىنى تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇلۇپ سولانغان، ئىشەنچلىك ھەدىس ئالىمى، ھىجرىيەنىڭ 129 ـ يىلى (مىلادىيە 747 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

يەزىيد ئىبنى زۇرەيئ ــ 3ʎǿā ɑä ÆɅÂʎ (ھىجرىيە 101 ــ 182 مىلادىيە 720 ــ 798)

www.munber.org

يەزىيد ئىبنى زۇرەيئ، (ئەبۇمۇئاۋىيە) ئەلبەسرى، زامانىدىكى بەسرىنىڭ ئاتاقلىق ھەدىس ئالىمى، ئىمام ئەھمەد ئۇنى ماختىغان.

### يەھيا ئىبنى يەئمۇر ــ 13 ÀtbȞΛ ȸǣ Ɨ

يەھيا ئىبنى يەئمۇر ئەلۋەشقى ئەلئۇدۋانى، (ئەبۇسۇلايمان)، قۇرئانغا بىرىنچى بولۇپ چېكىت قويغان ئالىم، تابىئىلاردىن، يەزىيد ئىبنى ئەلمۇھەللەبكە خۇراساندا كاتىب بولغان، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم تەرىپىدىن رەي شەھرىگە قازى بولغان. ھىجرىيە **129** ـيىلى (مىلادىيە **746** ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

### يەزىيد ئىبنى ئەبۇھەبىيب ÆĒĦĝ ŸǙ ȸǣ ÆΛÂΛ (ھىجرىيە 53 ــ 128 مىلادىيە 673 ــ 745)

يەزىيد ئىبنى ئەبۇھەبىيب، ئىسمى يەزىيد ئىبنى سۇۋەيد ئەلئەزدى.

www.munber.org

# دىنى ئاتالغۇلار

### بەيئەت ــــ ĞĦÆĢöä

ئىككى شەخس ئوتتۇرىدا بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپكە دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىتائەت قىلىشىنى تەقەززا قىلىدىغان كېلىشىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن مەيلى راھەت ـ پاراغەت، مەيلى جاپا ـ مۇشەققەتتە بولسۇن، ئىتائەت قىلىشقا كېلىشىپ بەيئەتلەشكەن. (سەھىھۇل بۇخارى). پۇقرا بىلەن دۆلەت رەئىسى ئوتتۇرىسىدىكى سايلاش كېلىشىمىمۇ بەيئەتنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

### بىدئەت ــ Ğ3ÆĢöä

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دىندا يېڭىدىن پەيدا قىلىنىۋېلىنغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما دىندا ئەسلى بار بىر ئىشنىڭ مىقدارى ۋە قانداق ئورۇندىلىشى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راشىد خەلىپىلىرى پەيدا قىلغان جۈمەنىڭ بىرىنچى ئەزىنىنى پەيدا قىلىش، تاراۋىيە نامىزىنى بىر ئىمام بىلەن جامائەت بولۇپ ئوقۇش، تاراۋىھ نامىزىنى 20 رەكئەت ئوقۇش قاتارلىق يېڭىلىقلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « مېنىڭ سۈننىتىمنى، توغرا يولغا مېڭىشقا مۇيەسسەر بولغان راشىد خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار » دېگەن بۇيرىقى دائىرىسىگە كىرىدىغان بولغاچقا بۇنداق ئىشلار چەكلەنگەن بىدئەت ئىشلار قاتارىغا كىرمەيدۇ.

### تاراۋىيە ــ ĜΛŞäÀϙöä

تاراۋىيە رامىزاندا خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان، ھەر تۆت رەكئەت ئارىلىقىدا بىر ئىستىراھەت قىلىنىدىغان نەفلە نامازنىڭ ئىسمى.

### ئەسەر ــ Àϙĵä

بەزى ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىدا ”ئەسەر“ دېگەن ”ئىستىلاھ ھەدىس“ دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە خاس قىلىپ، ئەسەر ئىستىلاھىنى ساھابە ۋە تابىئىيلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قوللىنىدۇ.

### پەرز ــــ ôÀȦöä

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى قىلىشقا بۇيرىغان بۇيرۇق بولۇپ بەندە ئۇنى قىلسا ساۋاب بېرىلىدۇ، قىلمىسا جازالىنىدۇ، پەرز ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ: بىرىنچىسى: پەرز ئەين، يەنى ھەر بىر بەندىنىڭ ئۆزى قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، قىلمىسا بويىندىن ساقىت بولمايدىغان پەرزدۇر. مەسىلەن نامازغا ئوخشاش. ئىككىنچىسى: پەرز كىفايە يەنى: قىلىش تەلەپ قىلىنغان، لېكىن كىم قىلىشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ئىش قىلىنسىلا ھەممەيلەننىڭ بويىندىن ساقىت بولىدىغان، قىلىنمىسا ھەممە كىشى گۇناھكار بولىدىغان ئىشتۇر، ئۇنى بەزىلەر قىلىپ بەزىلەر قىلمىغان تەقدىردە قىلغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قىلمىغانلار جازادىن قۇتۇلىدۇ، بۇنىڭغا جىنازا نامىزى، ئەمرى مەرۇپ، نەھيي مۇنكەر قاتارلىق ئىشلار كىرىدۇ. پەرز ئەين پەرز كىفايىگە ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەر بىر بەندىنىڭ ئۆزىگە باغلىنىشلىق

www.munber.org

پەرزدۇر، ئەمما پەرز كىفايە بەزىدە بىر كىشىنىڭ قىلىشى مۇئەييەنلىشىپ قالسا پەرز ئەينىگە ئۆزگىرىپمۇ قالىدۇ، مەسىلەن: بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەن جايدا هايات بىر مۇسۇلمان كىشىلا بولسا مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش شۇ بىر كىشىگە پەرز ئەين بولۇپ قالىدۇ.

جىزيە ــ ĞΛÂƨå

ئىسلام دۆلىتىدىكى كاپىر گىراجدانلارنىڭ ساغلام ئەرلىرىدىن ئېلىنىدىغان يىللىق باج.

خىراج ــ ǯåÀʅå

هەر يىلى بىر قېتىم بېرىلىدىغان تېرىلغۇ زېمىن بېجى. بۇ باجنىڭ ئۆلچىمى خەلىپە بىلەن يەر ئىگىلىرىنىڭ كېلىشىمى ياكى خەلىپىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

دىيەت ــ ĞΛÆöå

دىيەت ـ جان تۆلىمىدىن ئىبارەت، يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىغا قاتىل تەرىپىدىن تۆلىنىدىغان مالنىڭ ئىسمى، قىممىتى يۈز تۆگە ياكى 4 كىلو 250 گرام 85 پىرسەنتلىك ئالتۇنغا باراۋەر.

زىممىي ــ ɄŋØöå

ئىسلام دۆلىتىدە مۇقىم ياشايدىغان كاپىر گىراجدان.

زىممە ــ ĞŋØöå

زىممە دېگەن سۆز: ئەهدە ۋە ئامانلىقنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئىسلام دۆلىتى ئامانلىق ۋە ئەهدە بەرگەن غەيرى مۇسۇلمان زىممىي دەپ ئاتىلىدۇ.

زىندىق ــ ĘΛÆɸÂöå

زارادەشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كاپىرلار كېيىنچە بۇزۇق ئېتىقادقا تەشۋىق قىلىدىغان كىشىلەرمۇ زىندىق دەپ ئاتالغان.

سۈننەت ــ ĞΛÊöå

يول، يەنى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۇتقان يولى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تاشلىسا ئۇ مەندىن ئەمەس» دېگەن هەدىسىدىكى سۈننەت سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش ـ هەرىكەتلىرى ۋە ماقۇل كۆرگەن ئىش ـ هەرىكەتلەرىمۇ سۈننەت دەپ ئاتىلىدۇ. فىقهىي ئىستىلاهتا بىر ئىشنىڭ تەلەپ قىلىنىش دەرىجىسى ئېتىبارى بىلەن سۈننەت ئاتالغۇسى پەرز ۋە ۋاجىبتىن باشقا قىلىش ماختالغان ۋە ئەۋزەل كۆرۈلگەن مۇستەهەب ۋە مەندۇب ئىشلارنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئۇنى قىلسا ساۋاب بېرىلىدۇ، قىلمىسا جازالانمايدۇ.

شەرئىي هۆكۈم ــ ɄʒÀÎöå ĻÒΣå

www.munber.org

شەرئىي ھۆكۈم: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەردىن بىر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ياكى قىلىشنى توسقان ۋە ياكى قىلىش قىلماسلىق ئىختىياردا قويغان سۆزىدىن ئىبارەتتۇر. فىقھشۇناس ۋە ئۇسۇلشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قارىشىدا شەرئى ھۆكۈم بەش قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

1 ـ كەسكىن تەلەپ قىلىنغان ئىش، بۇ پەرز ياكى ۋاجىب بولىدۇ.
2 ـ كەسكىن ئەمەس شەكىلدە تەلەپ قىلىنغان ئىش، بۇ مەندۇب ياكى مۇستەھەب دەپ ئاتىلىدۇ.
3 ـ كەسكىن مەنئىي قىلىنغان ئىش، بۇ ھارام بولىدۇ.
4 ـ كەسكىن ئەمەس شەكىلدە مەنئى قىلىنغان ئىش، بۇ مەكرۇھ دەپ ئاتىلىدۇ.
5 ـ قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارىنى بەرگەن ئىش، بۇ مۇباھ دەپ ئاتىلىدۇ.

### فىدىيە ــ ĞΛÆz

فىدىيە: ئەسىرنى قۇرتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان تۆلەم، بەزىدە قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىلىدىغان تۆلەمگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

### كەففارەت ــ gøİÀÒöä

شەرئەتتە گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدىغان ناماز، سەدىقە قاتارلىق ياخشى ئىشلاردىن باشقا، يەنە بەزى بىر گۇناھلارنىڭ يۇيۇلۇشى ئۈچۈن مەلۇم كەففارەتلەرمۇ بەلگىلەنگەن، مەسىلەن: روزىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنىڭ كەففارىتى، قەسەمنى بۇزۇۋەتكەنىنىڭ كەففارىتى، مۇسۇلمان ئادەمنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ كەففارىتى دېگەندەك. كەففارەتلەر مەلۇم ساندىكى كەمبەغەللەرگە تاماق يېگۈزۈش، ياكى ئۇلارنى كىيىندۈرۈش، ياكى ئىككى ئاي ئارقا ـ ئارقىدىن روزا تۇتۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئادا بولىدۇ.

### مۇستەھەب ــ ÆĒHŲĘţä

شەرئەتتە قىلىش تەرغىب قىلىنغان، لېكىن ۋاجىب قىلىنمىغان ياخشى ۋە ئەۋزەل ئىشلاردۇر، ئۇنى قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ، مەندۇب، ئەۋزەل، سۈننەت دېگەندەك سۆزلەرمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

### مەكرۇھ ــ ȻşȀÒţä

ئاللاھ تەرىپىدىن كەسكىن ھالدا چەكلەنمىگەن نەرسىدۇر، بۇ ھارامدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولۇپ، مەكرۇھ ئىشنى قىلغانلارغا ھارامنى قىلغانلارغا بېرىلىدىغان دەرىجىدە ئېغىر جازا بېرىلمەيدۇ، ئەمما مەكرۇھ ئىشنى داۋاملىق قىلىۋېرىش ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش كىشىنى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلىپ قويىدۇ. جۇرجانى ئۇنى مۇنداق تەرىپلىگەن: مەكرۇھ دېگەن: چەكلىنىش تەرىپى كۈچلۈك بولغان ئىشتۇر، بۇ ئىش ھارامغا يېقىنراق بولسا ”تەھرىيمى مەكرۇھ“ بولىدۇ. ھالاللىققا يېقىنراق بولسا ”تەنزىيھى مەكرۇھ“ بولىدۇ. ئۇنى قىلغۇچى جازالانمايدۇ. ”ئەتتەئرىفات“ قا قارالسۇن.

### قىياس ــ âÀⱢÖöä

مۇجتەھىدنىڭ نەزىرىدە ھۆكمى مەلۇم بولمىغان بىر مەسىلىگە ھۆكۈم ئىللىتى ئوخشاش بولغان باشقا بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ تەرىقىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىسلام شەرئەت

www.munber.org

ئــەھكاملىرىدىكى تــۆت ئاساســىنىڭ تۆتىنچىســىدۇر. بــۇ تــۆت ئاســاس: قۇرئــان كــەرىم، پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئىجمائ (يــەنى بىــر ئەســىردىكى بــارلىق مۇجتەھىد ئــالىملارنىڭ مــەلۇم مەسىلىنىڭ شەرئىي ھۆكمىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىشى)، ۋە قىياس قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

### ھالال ــ ȯŸΣȁ

ئاللاھ تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان، قىلىش رۇخسەت قىلىنغان نەرسىدۇر.

### ھارام ــ ÿȁÀΣȁ

قىلىش ئاللاھ تەرىپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەن نەرسە بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازالىشىغا دۇچار بولىدۇ، بەلكى دۇنيادىمۇ شەرئىي جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن.

### ۋاجىب ــ ÆĐƷȁźöȁ

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا پەرز بىلەن ۋاجىب ئوخشاش، ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا ئەمەل ۋە ئېتىقاد قىلىش كېرەكلىكى ئېنىق دەلىل بىلەن مەلۇم بولغان ھۆكۈم پەرز، كەسكىن ئەمەس دەلىل بىلەن مەلۇم بولغان ھۆكۈم ۋاجىب دېيىلىدۇ. بۇنداق ئايرىشنىڭ كۆپلىگەن مەسىلىلەردە پايدىسى بار، لېكىن، قىلىش كېرەكلىكى جەھەتتىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش.

### ئىينە مۇئامىلىسى ــ ĞǼŸöȁ ĞŸŋÀĤŋ

بىر كىشىگە بىر تاۋارنى مەلۇم باھادا مەلۇم مۇددەتكىچە نىسىي سېتىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ساتقان ھېلىقى تاۋارنى ھېلىقى سېتىۋالغۇچىدىن بۇرۇنقىدىن تۆۋەنرەك باھادا نەق سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت سودىدۇر. مال ساتقۇچى بۇ سودىدا دەرھال نەق پۇلغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. شەكىل جەھەتتە بىر سودىدىن ئىبارەتتەك كۆرۈنسىمۇ ھىيلە ئىشلىتىلگەن جازانە خارەكتېرىدىكى پايدىغا ئىگە بولغانلىقتىن ھارام قىلىنغاندۇر.

### ئىجمائ ــ ţÅPqȁ

بىر ئەسىردىكى بارلىق مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ مەلۇم مەسىلىنىڭ شەرئىي ھۆكمىدە بىرلىككە كېلىش.

### ئىجتىھاد ــ ȁÀ7ϙDZqȁ

ئىسلام فىقھى ئىستىلاھىدا ئىجتىھاد قىلىش: فەقىھنىڭ پۈتۈن دەلىل كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ شەرئىي ھۆكۈمنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىدىن ئىبارەت.

### ئىستىخارە ــ gǿÀÅϙèqȁ

www.munber.org

ئىنسان تەرەددۇت قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر ئىشتىن ئەڭ خەيرلىك بولغىنىغا يول كۆرسىتىشنى اللە تائالادىن تىلەش، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ مەخسۇس دۇئاسى ۋە نامىزى بار. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىستىخارە ۋە مەسلىھەت سېلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ”ئىستىخارە سالغان ئالدانماس، مەسلىھەت سالغان پۇشمان يېمەس“ دەيدىغان سۆز بار.

www.munber.org

## سۈرە زارىيات

قىيامەت ۋە ھېساب بېرىش ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكىتلەش توغرىسىدا ........ 1
مۇشرىكلارنىڭ خىلمۇ خىل سۆزلىرى توغرىسىدا ........ 2
تەقۋادارلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ........ 4
ﷲ تائالانىڭ زېمىندىكى ۋە ئىنساندىكى ئالامەتلىرى توغرىسىدا ........ 6
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنى توغرىسىدا ........ 7
پەرىشتىلەرنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئىشى بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا ........ 9
پىرئەۋن، ئاد، سەمۇد ۋە نۇھ قەۋمىنىڭ قىسسىلىرىدىكى ئىبرەتلەر توغرىسىدا ........ 10
ﷲ تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى يارىتىشى ۋە ھەر نەرسىنى جۈپ يارىتىشى ﷲ تائالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر
ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 12
ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش يولىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 13
ئىنسان بىلەن جىننىڭ پەقەت ﷲ تائالا غىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا ........ 13

## سۈرە تۇر

سۈرە تۇرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 15
ﷲ نىڭ ئازابىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ قەسەم قىلىشى توغرىسىدا ........ 16
ئازاب كۈنى بولغان قىيامەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ........ 17
بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا ........ 18
مۆمىنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەرىجىدە ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 19
ﷲ نىڭ گۇناھكارلارغا بولغان ئادالىتى توغرىسىدا ........ 21
جەننەتنىڭ شارابىنىڭ ۋە جەننەت ئىگىلىرىنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ........ 21
پەيغەمبەرنى مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ئاقلاش، ئۇلارغا تەھدىد سېلىش ۋە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىش توغرىسىدا ........ 22
ﷲ نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى يوققا چىقىرىدىغان سوئاللار توغرىسىدا ........ 24
مۇشرىكلارنىڭ ھەققە قارشى چىققانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلىقىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 26
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا ۋە تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 27

## سۈرە نەجم

بۇ سۈرىنىڭ، سەجدە ئايىتى نازىل بولغان تۇنجى سۈرە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 29
ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ پەقەت ۋەھيىنىلا سۆزلەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلىشى توغرىسىدا ........ 29
پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 30
پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ تەلىم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 31
﴿ئۇ ئىككى ياچاق مىقدارى يېقىنلاشتى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا ........ 32
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا كېچىسى پەرۋەردىگارىنى كۆرگەنمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ........ 33
پەرىشتىلەرنىڭ، نۇرنىڭ ۋە ھەر خىل رەڭلەرنىڭ سىدرە دەرىخىنى ئورىۋالغانلىقى توغرىسىدا ........ 35
بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ۋە لات، ئۇززا، مانات بۇتلىرى توغرىسىدا ........ 37
مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرىنى ئەركەك، پەرىشتىلەرنى چىشى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا ........ 39
ياخشىلىقنىڭ ئارزۇ قىلىش بىلەنلا قولغا كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 39
ھېچبىر شاپائەتنىڭ ﷲ نىڭ رۇخسىتىسىز قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 40

www.munber.org

پەرىشتىلەرنى ﷲ نىڭ قىزلىرى دەۋالغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا.......... 40
باتىل يولدىكىلەردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 41
ﷲ نىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقى، ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 42
ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتى ۋە چوڭ گۇناھلاردىن باشقا كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 42
تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۆزىنى پاك ھېسابلاشتىن توسۇش توغرىسىدا.......... 43
ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە پۇل ـ مالغا ئاچكۆزلۈك قىلغان كىشىنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش توغرىسىدا.......... 44
مۇسا ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 45
قىيامەت كۈنى بىراۋنىڭ گۇناھىنى يەنە بىراۋنىڭ ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 45
پەرۋەردىگارنىڭ ئىنساننى دەسلەپتە يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگىنىدەك، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بەزى
سۈپەتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بەندىلەردە ياراتقان بەزى نەرسىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 47
ئاگاھلاندۇرۇش، تەنبىھ بېرىش ۋە سەجدە قىلىشقا، باش ئېگىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 49

## سۈرە قەمەر

قىيامەتنىڭ يېقىنلىششى ۋە ئاينىڭ يېرىلىشى توغرىسىدا.......... 51
بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر توغرىسىدا.......... 53
مۇشرىكلارنىڭ سەركەشلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسال پوزىتسىيىسى توغرىسىدا.......... 54
ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يامان ئەھۋالى توغرىسىدا.......... 55
نۇھنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى، بۇ قىسسىدىن ۋە باشقا قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت توغرىسىدا.......... 56
ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 57
سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 58
لۇت قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 60
پىرئەۋن جامائەسىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 62
قۇرەيشلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە تەھدىت سېلىش توغرىسىدا.......... 62
گۇناھكارلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا.......... 63
ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىنئالا ئۆلچەملىك قىلىپ يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا.......... 64
ﷲ تائالانىڭ ئۇلار توغرىسىدىكى ئەمر ـ پەرمانىنى ئىجرا قىلىش بىلەن قورقىتىشى توغرىسىدا.......... 66
تەقۋادارلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا.......... 66

## سۈرە رەھمان

سۈرە رەھمان توغرىسىدا.......... 69
مېھرىبان ﷲ تائالانىڭ قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم بەرگەنلىكى توغرىسىدا.......... 70
ﷲ تائالانىڭ كۈن، ئاي، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئالامەتلىرى توغرىسىدا.......... 70
ئىنسانىنىڭ ﷲ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 72
ئادەم بىلەن جىننىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 72
ﷲ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى مەشرىق بىلەن ئىككى مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقى توغرىسىدا.......... 73
ﷲ تائالانىڭ ئىككى خىل دېڭىزنى ۋە كېمىلەرنى ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى توغرىسىدا.......... 73
ﷲ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس ھالىتى، ئۇنىڭ زاتىنىڭ مەڭگۈ قېلىشى ۋە ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 74
ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسىنى قورقۇتۇش ۋە ئۇلار دۇچ كېلىدىغان قورقۇنۇچلۇق ئازاب توغرىسىدا.......... 76
قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىرى ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا.......... 77

www.munber.org

تەقۋادارلارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى ۋە نازۇنېمەتلىرى توغرىسىدا ........ 80

## سۈرە ۋاقىئە

سۈرە ۋاقىئەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 87
قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ........ 88
قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 89
ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا ........ 91
سائادەتمەنلەر ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار توغرىسىدا ........ 94
بەختسىزلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدا ........ 99
قىيامەتنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى توغرىسىدا ........ 101
زىرائەت ئۆستۈرۈش، يامغۇر ياغدۇرۇش، ئوت پەيدا قىلىش قاتارلىق ئىنسان ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى پەقەت ياللاھ ئۇلۇغ ﷲ نىڭلا
قىلغانلىقىغا دىققەتنى بۇراش توغرىسىدا ........ 103
قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى ئۈچۈن ﷲ تائالانىڭ قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ........ 105
جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ بولماسلىقى (بولمايدىغانلىقى) ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 107
ئىنسانلارنىڭ سەكراتتىكى ئەھۋاللىرى ۋە ئۇلاردىن ھەر بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ........ 108

## سۈرە ھەدىد

سۈرەھەدىدنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 111
بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىشى ۋە ﷲ نىڭ بەزى سۈپەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 112
ﷲ تائالانىڭ بىلىشى، قۇدرىتى ۋە پادشاھلىقىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 114
ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇش ۋە پۇل ـ مالنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ........ 116
مەككە پەتھى بولۇشتىن ئىلگىرى ﷲ يولىدا سەرپ قىلغان پۇل- مالنىڭ، جىھادنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 118
ﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ........ 120
قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا نۇر بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 122
مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ........ 122
مۆمىنلەرنى ﷲ دىن قورقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئەھلى كىتابلاردەك بولۇپ قېلىشتىن توسۇش توغرىسىدا ........ 124
سەدىقە بەرگۈچىلەرگە، راستچىل ۋە شېھىتلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە كاپىرلارنىڭ بارار جايى توغرىسىدا ........ 126
دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئويۇن ـ تاماشا، ئەرزىمەس مەشغۇلات ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 128
ئىنسانغا يېتىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 130
سەۋر ۋە شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 131
بېخىلنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ........ 132
پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلەر، ئادالەت ۋە ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا ........ 132
تۆمۈرنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا ........ 133
ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن كۆپىنچىسىنىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 134
ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلارغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 136

## سۈرە مۇجادەلە

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ........ 139
زىھار ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان كەففارەت توغرىسىدا ........ 140

www.munber.org

دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش توغرىسىدا 144
ﷲ نىڭ بىلىشىنىڭ ھەممە مەخلۇقلارنى ئوراپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا 144
يەھۇدىيلارنىڭ پەسكەشلىكىنى بايان قىلىش توغرىسىدا 146
يىغىلىشنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى توغرىسىدا 147
يىغىلىشنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى توغرىسىدا 148
بىلىم ۋە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا 149
پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا 150
مۇناپىقلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا 152
ﷲ بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى، غەلىبىنىڭ ﷲ تائالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا 154
مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدىغانلىقى توغرىسىدا 155

## سۈرە ھەشر

ھەر نەرسىنىڭ ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا 160
بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مالامەتلەرنى بايان قىلىش توغرىسىدا 160
بەنى نەزىر غازىتىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا 162
خورما دەرەخلىرىنىڭ كېسىلىشىنىڭ ﷲ نىڭ رۇخستى بىلەن بولغانلىقى توغرىسىدا 165
ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەر ۋە ئۇنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا 166
پەيغەمبەر بۇيرۇغان ۋە توسقان ھەر قانداق ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا 169
ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرگە تېگىشلىك بولغان باشقا بىر تۈركۈم كىشلەر ۋە مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى توغرىسىدا
170
ئەنسارىلارنىڭ مۇھاجىرلارغا ھەسەت قىلمىغانلىقى توغرىسىدا 172
ئەنسارىلارنىڭ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلگەنلىكى توغرىسىدا 172
مۇناپىقلارنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسىگە يالغان ۋەدە بەرگەنلىكى توغرىسىدا 175
مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ۋەقەدىكى مىسالى توغرىسىدا 176
تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە قىيامەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا 177
جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا 178
قۇرئاننىڭ كاتتىلىقىنى بايان قىلىش توغرىسىدا 179
ﷲ تائالانى ﷲ تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئۇلۇغلاش توغرىسىدا 180
ئەڭ چىرايلىق ئىسىملار توغرىسىدا 182
ھەر نەرسىنىڭ ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا 182

## سۈرە مۇمتەھىنە

سۈرە مۇمتەھىنەنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا 184
كاپىرلارنى دوست تۇتماي دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا 185
ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كاپىر قەۋمىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئۈلگىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا 187
ﷲ نىڭ مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى توغرىسىدا 190
مۇسۇلمانلار بىلەن دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمىغان كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا 191
مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشتىن توسۇش توغرىسىدا 191

www.munber.org

ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان ئاياللارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ھەققىدىكى خۇسۇسىي ھۆكۈم توغرىسىدا ..... 192
مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇشرىك ئەرلەرگە، مۇشرىك ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلەرگە ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 193
ئاياللار بەيئەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا ..... 196

## سۈرە سەف

سۈرە سەفنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 201
قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېگۈچىلەرنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ..... 201
مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ ئۆزىگە ئازار بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشى ۋە ﷲ نىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ..... 203
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھمەد دېگەن ئىسمى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى توغرىسىدا ..... 204
ئەڭ زالىم ئىنساننىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئىسلام نۇرىنىڭ مۇكەممەل قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن خۇش خەۋەر توغرىسىدا ..... 207
قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان تىجارەت توغرىسىدا ..... 208
مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا دىنىنىڭ ياردەمچىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 209
ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كاپىر بولغانلىقى توغرىسىدا ..... 210
ئىمان ئېيتقان تائىپىگە ﷲ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 210

## سۈرە جۇمۇئە

سۈرە جۇمۇئەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 213
ھەممە نەرسىنىڭ ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 214
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا ..... 214
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرگىمۇ ۋە ئەرەب بولمىغان بارلىق مىللەتلەرگىمۇ ئەلچى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ..... 215
يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشقا چاقىرىش توغرىسىدا ..... 217
جۇمە نامىزى، جۇمە كۈنىدىكى ئىشلار ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلار توغرىسىدا ..... 218
ﷲ تائالانى ياد ئېتىشكە ئالدىراشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 219
جۇمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 220
ئەزاندىن خۇتبىگە چىقىدىغان ئەزان كۆزدە تۇتۇلغانلىقى توغرىسىدا ..... 221
جۇمە نامىزىغا چىققان ئىككىنچى قېتىملىق ئەزاندىن كېيىن ئېلىم ـ سېتىم قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە جۇمە نامىزىدىن كېيىن رىزىق تەلەپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا ..... 222
ئىمام خۇتبىگە چىققاندا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشتىن توسقانلىقى توغرىسىدا ..... 223

## سۈرە مۇنافىقۇن

مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ قىياپىتى توغرىسىدا ..... 225
مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرنىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىدىن ۋە پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلەشتىن يۈز ئۆرۈشى توغرىسىدا ..... 228
دۇنيا تىرىكچىلىكىگە بېرىلىپ كېتىپ غەپلەتتە قالماسلىققا ۋە ئۆلۈشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ..... 231

## سۈرە تەغابۇن

ﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىلىدىغانلىقى، ﷲ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 233

www.munber.org

ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش توغرىسىدا.......... 234
ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 235
زىيان تارتىدىغان كۈننىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 236
كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەتنىڭ پەقەت ﷲ تائالانىڭ ئىزنى بىلەنلا يېتىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 237
ﷲ غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 238
تەۋھىد توغرىسىدا.......... 238
ئاياللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ پىتنىسىدىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا.......... 239
كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 240
سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا.......... 241

## سۈرە تالاق

ئايالنى پاكلىق ھالىتىدە تالاق قىلىش، ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ۋە ئىددىتىنى ساناش توغرىسىدا.......... 243
تالاق قىلىنغان ئەمما يېنىۋېلىشقا بولىدىغان ئايالغا ئىددەت جەريانىدا نەپىقە بېرىش ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 245
تالاق قىلىنغۇچى ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشىنىڭ پايدىسى توغرىسىدا.......... 245
يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 245
تالاق قىلىنغان ئايالنى مەيلى قايسى خىلدىكى ئۇسۇلدا تالاق قىلسۇن ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا.......... 247
يېنىشقاندا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 247
ﷲ تائالانىڭ تەقۋادارلارغا چىقىش يولى ۋە رىزىق بېرىدىغانلىقى ۋە ﷲ تائالانىڭ كاپالىتىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 248
ياشنىپ قالغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغان ۋە تېخى ھەيز كەلمىگەن كىچىك ئايالالارنىڭ ئىددىتى توغرىسىدا.......... 249
ھامىلدار ئايالالارنىڭ ئىددىتى توغرىسىدا.......... 250
تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئۆي بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 252
تالاق قىلىنغان ئايالنى تەڭلىكتە قالدۇرۇشتىن توسۇش توغرىسىدا.......... 252
قايتا نىكاھ ئوقۇماستىن يېنىشىۋېلىشقا بولمايدىغان ھامىلدار ئايالنى تاكى ئۇ يەڭگىپ بولغىچە تەمىنلەشنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 252
قويۇۋېتىلگەن ئايال بالىنى ئېمىتىپ بەرسە ئېمىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 253
تەقۋادار بىر ئايالنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 253
پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتقانلارنىڭ جازالىنىشى توغرىسىدا.......... 255
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا.......... 255
ﷲ تائالانىڭ مۇكەممەل قۇدرىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 256

## سۈرە تەھرىم

پەيغەمبەرنىڭ ھالال نەرسىنى ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈن ﷲ نىڭ تاپا قىلىشى، بۇ گۇناھنىڭ كەففارىتىنىڭ بايانى ۋە ئايالالارنىڭ پەيغەمبەرنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويغانلىقى توغرىسىدا.......... 260
بالا ـ چاقىلارنى ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە دىن تەربىيىسى بىلەن تەربىيلەش توغرىسىدا.......... 266
دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرى ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر توغرىسىدا.......... 267
سەمىمىي تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا.......... 267
كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغانلىق توغرىسىدا.......... 268

www.munber.org

ﷲ نىڭ دەرگاھىدا مۆمىن كاپىرغا قانچىلىك يېقىن تۇغقان بولسىمۇ لېكىن ﷲ نىڭ دەرگاھىدا بۇ تۇغقاندارچىلىقنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 268

ﷲ نىڭ دەرگاھىدا كاپىرنىڭ مۆمىنگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 270

## سۈرە مۈلك

سۈرە مۈلكنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 273

ﷲ نى ئۇلۇغلاش، ﷲ نىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى، ئاسمانلار بىلەن يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىشى توغرىسىدا ..... 274

جەھەننەم ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ..... 276

پەرۋەردىگارىدىن كىشىلەر كۆرمەيدىغان ۋاقىتتا قورققان ئادەمنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا ..... 277

ﷲ تائالا نىڭ زېمىننى بەندىلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت نېمىتى توغرىسىدا ..... 278

ﷲ تائالانىڭ سىلەرنى قانداق جازالىماقچى بولسا شۇنداق جازالاشقا قادىر ئىكەنلىكى ۋە ﷲ نىڭ "ئازابىدىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولسىلەر" دېگەنلىكى توغرىسىدا ..... 279

ﷲ نىڭ قۇدرىتى بىلەن قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى ﷲ نىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 280

مەخلۇقاتلارغا ﷲ دىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردەم قىلالمايدىغانلىقى ۋە رىزىق بېرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 281

كاپىر بىلەن مۆمىننىڭ مىسالى توغرىسىدا ..... 281

مەخلۇقاتلارنى يارىتىشقا قادىر ﷲ نىڭ قىيامەتنى قايىم قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 282

مۆمىنلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ كاپىرلارنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 283

ﷲ نىڭ بۇلاقلاردىن چىقىدىغان سۇدىن ئىبارەت نېمىتىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇتقانلىقى توغرىسىدا ..... 284

## سۈرە قەلەم

قەلەمنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا ..... 285

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قەلەم بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 286

﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا ..... 286

ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ بېسىمىنى، پىكىر تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن توسۇش ۋە ئۇلارنىڭ يېرىم يولدا ئۇچرىشىشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 288

كاپىرلارنىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ مىسالى توغرىسىدا ..... 291

تەقۋادارلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇلارغا گۇناھكارلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 294

قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى توغرىسىدا ..... 295

قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ..... 295

سەۋر قىلىشقا، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك ئالدىراپ كەتمەسلىككە بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 297

كۆز تېگىشنىڭ راست ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 297

كاپىرلارنىڭ قىلغان تۆھمىتى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب توغرىسىدا ..... 300

## سۈرە ھاققە

قىيامەتنىڭ چوڭلۇقىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا ..... 301

ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىش توغرىسىدا ..... 302

كېيىمدىن بەھرىمەن قىلغان نېمىتىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا ..... 303

قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ..... 304

www.munber.org

ئادەم ئەۋلادىنىڭ ﷲ غا توغرىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 305
نامازـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغانلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا.......... 306
نامـ ئەماللىرى سول قولىغا بېرىلىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ يامان بولۇشى توغرىسىدا.......... 307
قۇرئاننىڭ ﷲ نىڭ سۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 309
ئەگەر پەيغەمبەر ﷲ نىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا ﷲ نىڭ ئۇنى ئەلۋەتتە ئازاپ بىلەن جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 310

## سۈرە مەئارىج

قىيامەت كۈنىنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىك توغرىسىدا.......... 313
"ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى" دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا.......... 314
ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈندىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 314
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا.......... 316
قىيامەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرى توغرىسىدا.......... 317
ئىنساننىڭ چىدامسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 319
يۇقىرىدىكى سۈپەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ قاتارىغا ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرمەيدىغانلىقى، بۇلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە نامازلىرى توغرىسىدا.......... 319
كاپىرلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش توغرىسىدا.......... 322

## سۈرە نۇھ

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى دەۋەت قىلغانلىقى توغرىسىدا.......... 325
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەر ھەققىدە ﷲ غا شىكايەت قىلغانلىقى توغرىسىدا.......... 327
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارىتا ئېيتقان سۆزلىرى توغرىسىدا.......... 328
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابىدىن كېيىن ﷲ تائالاغا قىلغان ئىلتىجاسى توغرىسىدا.......... 330
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلىرى ۋە بۇ بۇتلارنىڭ ئورنى توغرىسىدا.......... 330
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەددۇئا قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارغا ياخشى دۇئا قىلغانلىقى توغرىسىدا.......... 331

## سۈرە جىن

جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا.......... 335
جىنلارنىڭ ﷲ نىڭ خوتۇنى ۋە باللىرى بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى توغرىسىدا.......... 336
ئىنسانلارنىڭ جىنلارغا سېغىنىپ ئۇلاردىن پاناھ تىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن جىنلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 336
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى جىنلارنىڭ ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلايدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 338
جىنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىن، كاپىر، ئازغۇن ۋە توغرا يول تاپقۇچى قاتارلىق ھەر قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقى ۋە
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەر قىسىم جىنلارنىڭ ئاقىۋەتتە بارار جايىنى بىلىپ يەتكەنلىكى توغرىسىدا.......... 340
جىنلارنىڭ ﷲ نىڭ كامالى قۇدرىتىنى ئىقرار قىلغانلىقى توغرىسىدا.......... 341
ﷲ تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 343
جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشاش ئۈچۈن قىستىلىشىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا.......... 343
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پايداـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسلىكى توغرىسىدا.......... 344
پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ پەقەت دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 344
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى بىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 345

## سۈرە مۇززەممىل

www.munber.org

مۇزەممىل ۋە مۇددەسسىر سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ..... 349
كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 350
قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا ..... 350
قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى توغرىسىدا ..... 351
كېچىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 352
كاپىرلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا بېرىلگەن جازا توغرىسىدا ..... 356
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە ئوخشايدىغانلىقى، پىرئەۋننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى
بىلدىغانلىقىنى تەكتىلەش توغرىسىدا ..... 357
قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن قورقۇتۇش توغرىسىدا ..... 357
بۇ سۈرىنىڭ ساغلام دىل ئىگىلىرىگە ۋەز - نەسىھەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 358
كېچىدە ئوقۇلىدىغان پەرز نامىزىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزرىلىرى توغرىسىدا ..... 359
سەدىقە بېرىشكە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 360

## سۈرە مۇددەسسىر

ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ نازىل بولغان ئايەتلەر توغرىسىدا ..... 361
قىيامەت كۈنىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا ..... 363
قۇرئان سېھىردۇر دېگەن ئادەمنى قورقۇتۇش توغرىسىدا ..... 364
جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ سانى ۋە بۇ ھەقتە كاپىرلارنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىسىدا ..... 367
ﷲ تائالانىڭ قوشۇننى پەقەت ﷲ تائالانىڭ ئۆزىلا بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 368
جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان سۆھبەت توغرىسىدا ..... 369
كاپىرلارنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ..... 370
قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 371

## سۈرە قىيامەت

قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلىش ۋە ھىيلە قىلغۇچىلارنىڭ ھىيلىسىگە بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا ..... 374
قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 376
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى ئۆگىتىش توغرىسىدا ..... 377
قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ياشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 379
ئاخىرەتتە ﷲ تائالانى كۆرۈش توغرىسىدا ..... 379
قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قارىداپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 380
سەكراتقا چۈشكەندە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 381
ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ھالىنى بايان قىلىش توغرىسىدا ..... 382
ئىنساننىڭ بىكار قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 383
بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا ..... 384

## سۈرە ئىنسان

سۈرە ئىنسان بىلەن سۈرە سەجدىنى جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا ئوقۇش توغرىسىدا ..... 385
ﷲ تائالانىڭ ئىنساننى يوقتىن بار قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 385
ﷲ تائالانىڭ ئىنساننى ھىدايەتكە باشلايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بولسا يا شۈكۈر قىلغۇچى يا تانغۇچى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 386

www.munber.org

كاپىرلارغا جازا ۋە مۆمىنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 387
ياخشى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى توغرىسىدا ..... 388
جەننەت ئەھلىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە نېمەتلەرنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى توغرىسىدا ..... 389
جەننەتتىكى ئازادە تەختلەر ۋە سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس يېقىملىق ھاۋا توغرىسىدا ..... 390
دەرەخ شاخلىرىنىڭ ۋە مېۋىلىرىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 391
كۈمۈش تەخسە ۋە قەدەھلەر توغرىسىدا ..... 391
زەنجىبىل ۋە سەلسەبىلنىڭ شارابى توغرىسىدا ..... 391
جەننەتتىكى خىزمەتچىلەر توغرىسىدا ..... 392
كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەر توغرىسىدا ..... 392
قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكى، سەۋر قىلىشقا ۋە ﷲ تائالانى زىكىر قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى توغرىسىدا ..... 394
دۇنياغا بېرىلىشنى ئەيىبلەش ۋە قىيامەت كۈننى ئەسلىتىش توغرىسىدا ..... 394
ﷲ نىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇرئاننىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ھىدايەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 395
بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈشىنىڭ ۋە ئۇنى ناماز شامدا ئوقۇشنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 397

## سۈرە مۇرسەلات

ﷲ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم مەخلۇقاتلىرى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 398
قىيامەت بولغاندا يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلارنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 399
ﷲ تائالانىڭ ھەرتۈرلۈك قۇدرەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىش توغرىسىدا ..... 401
گۇناھكارلارنى جەھەننەمدىكى جايلىرىغا ھەيدەش ۋە ئۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 403
قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ سۆزلەشكە، ئۆزرە ئېيتىشقا ۋە شۇنداق قىلىشقا پېتىنىشقا ئاجىز كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 403
تەقۋادار بەندىلەرنىڭ جايىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 405
قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا ..... 405

## سۈرە نەبە

قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا رەددىيە بېرىش توغرىسىدا ..... 407
ﷲ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بايانلار توغرىسىدا ..... 408
قىيامەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 410
تەقۋادارلار ئۈچۈن چوڭ بىر نىجاتلىقنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ..... 413
ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ، ھەتتا پەرىشتەلەرنىڭمۇ ﷲ تائالانىڭ ئالدىدا ئىزنىسىز سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 414
قىيامەت بولۇشىنىڭ ئاز قالغانلىقى توغرىسىدا ..... 415

## سۈرە نازىئات

ﷲ تائالانىڭ بەش تۈرلۈك پەرىشتىلەر بىلەن قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 418
قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق بىر كۈن ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھەققىدە دېيىشىدىغان سۆزلىرى توغرىسىدا ..... 418
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭ ﷲ تائالادىن قورققانلار ئۈچۈن ئىبرەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 420
ئاسمان ۋە زېمىنلارنى يارىتىشنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتىن قىيىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 422
قىيامەت كۈنى، ئۇ كۈننىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى ۋە ئۇ كۈندە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازالار توغرىسىدا ..... 424

www.munber.org

## سۈرە ئەبەسە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (كۆزى) ئاجىز كىشى ئۇممۇ مەكتۇمغا چىرايىنى تۇرگەنلىكى ئۈچۈن ﷲ تائالانىڭ ئۇنىڭغا كايىغانلىقى توغرىسىدا 427
قۇرئاننىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا 428
ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا 430
گىياھلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ (زېمىندىن) ئۈندۈرۈلگەنلىكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا 431
كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە (ھەتتا) ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىنمۇ قاچىدىغانلىقى توغرىسىدا 433
جەننەتلىكلەر بىلەن دوزىخىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە يۈزلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا 433

## سۈرە تەكۋىر

بۇ سۈرە ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا 435
قىيامەت كۈنى كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىدىغانلىقى توغرىسىدا 435
يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلۈشى توغرىسىدا 436
تاغلارنىڭ گۇمران قىلىنىشى، بوغاز تۆگىلەرنىڭ تاشلىۋېتىلىشى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ توپلىنىشى توغرىسىدا 436
دېڭىزلارنىڭ ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ ياندىغانلىقى توغرىسىدا 437
جانلارنىڭ قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا 437
تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالىدىن سوئال سورىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 438
كۆمۈۋېتىلگەن قىز ئۈچۈن بېرىلىدىغان كەففارەت توغرىسىدا 438
نامە ـ ئەمەللەرنىڭ ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 439
ئاسماننىڭ ئېچىلىشى، جەھەننەمنىڭ قىزىتىلىشى ۋە جەننەتنىڭ يېقىنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا 439
قىيامەت كۈنى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قىيامەت ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 439
قۇرئان ھەرگىزمۇ ساراڭلىقنىڭ نەتىجىسى بولماستىن بەلكى ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكى توغرىسىدا 441
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە بېخىللىق قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا 442
قۇرئاننىڭ شەيتاننىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن نەسىھەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا 443

## سۈرە ئىنفىتار

بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 445
قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان ئىشلار توغرىسىدا 446
ﷲ تائالانى ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ ئىنسانغا لايىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا 446
ئالدىنىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا 447
ياخشى كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە يامان كىشىلەرنى جازالاش توغرىسىدا 448

## سۈرە مۇتەففىفىن

ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇش توغرىسىدا 452
يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا 453
ياخشىلارنىڭ نامە ـ ئەمالى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا 456
كاپىرلارنىڭ (مۆمىنلەرگە) يامانلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى مازاق قىلىشى توغرىسىدا 458

www.munber.org

## سۈرە ئىنشىقاق

سۈرە ئىنشىقاقتا سەجدە ئايىتىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ..... 461
قىيامەت كۈنى ئاسمانىنىڭ يېرىلىدىغانلىقى ۋە زېمىنىنىڭ سوزۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 462
دۇنيادا قىلغان قىلمىشلارنىڭ (ھەقىقەتەن) مۇكاپات ياكى جازاسىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ..... 462
سوراش ۋە ھېساب بېرىش توغرىسىدا ..... 463
ئىنسانلارنىڭ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا قىلىنغان قەسەم توغرىسىدا ..... 464
ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى تەنقىدلەش، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب ۋە مۆمىنلەرگە بېرىلىدىغان ئۈزۈلمەس ئەجىردىن خەۋەر بېرىش
توغرىسىدا ..... 465

## سۈرە بۇرۇج

ئايەتتىكى "بۇرۇج" دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا ..... 467
ﷲ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى، جۈمە كۈنى ۋە ھارپا كۈنى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 468
ئورەك ئىگىلىرىنىڭ ﷲ تائالاغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 468
سېھىرگەر، راھىب، كىچىك بىر بالا ۋە ئورەككە تاشلانغانلارنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا ..... 469
ئورەك ئىگىلىرىنىڭ جازاسى توغرىسىدا ..... 472
ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى ۋە ﷲ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 472

## سۈرە تارىق

سۈرە تارىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 475
ﷲ تائالانىڭ (ئىنسانىنىڭ ﷲ تائالانىڭ يولىغا قويغان تۈزۈملىرى بىلەن قورشالغانلىقى بىلەن) قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 475
ئىنسانىنىڭ يارىتىلغان ماددىسى بولسا، ﷲ تائالانىڭ ئۇنى قايتا يارىتىشقا قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىر پاكىت ئىكەنلىكى
توغرىسىدا ..... 476
ئىنسانىنىڭ قىيامەت كۈنى ھېچنېمىگە قادىر ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا (ھېچبىر) ياردەمچى قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 477
قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارنىڭ مات بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 477

## سۈرە ئەئلا

سۈرە ئەئلانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 479
ﷲ تائالانىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 480
ﷲ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بېكىتكەنلىكى ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئۈندۈرگەنلىكى توغرىسىدا ..... 481
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 481
ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 482
نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 483
ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ قەدىرسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 484
ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سەھىپىلىرى توغرىسىدا ..... 484

## سۈرە غاشىيە

جۈمە نامىزىدا ئەئلا ۋە غاشىيە سۈرىلىرىنى ئوقۇش توغرىسىدا ..... 487
قىيامەت كۈنىنىڭ بايانى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ بۇ كۈندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ..... 487
جەننەت ئەھلىنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ..... 489

www.munber.org

تۆگىلەرنىڭ، تاغلارنىڭ ۋە ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەرغىپ قىلىش توغرىسىدا 490
زامام ئىبنى سۆئلەبەنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا 491
پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا 492
ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە قىلىنىغان تەھدىد توغرىسىدا 492

## سۈرە فەجر

سۈرە فەجرنى نامازدا قىرائەت قىلىش توغرىسىدا 495
"سۇبھى" ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا 496
"كېچە" دېگەن سۆزنىڭ بايانى توغرىسىدا 496
ﷲ تائالانىڭ ئاد قەۋمىنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ بايانى توغرىسىدا 497
ئىرەم توغرىسىدا 498
پەرۋەردىگارنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا 499
بەندىنىڭ باي ياكى پېقىر قىلىنىشى ﷲ تائالانىڭ ئىززەتلىشى ياكى خار قىلىشى ئەمەس، بەلكى بەندىسىگە قىلغان سىنىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا 499
بەندىنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەققىدە يامانلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 500
ھەر بىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا 500

## سۈرە بەلەد

ﷲ تائالا ئىنساننى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتقانلىقىغا مەككىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا 503
ئىنساننىڭ ﷲ تائالانىڭ قورشاۋىدا ۋە نېمىتى ئىچىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا 505
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر نېمەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا 505
ياخشىلىق يولىغا قىلىنىغان تەرغىپ توغرىسىدا 506
بەتبەختلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى توغرىسىدا 507
سۈرە شەمس بىلەن سۈرە زۇھانىڭ خۇپتەن نامىزىدا ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا 509

## سۈرە شەمس

ﷲ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى بىلەن ئۆزىنى تائەت بىلەن پاكلىغانلارنىڭ چوقۇم نىجات تاپىدىغانلىقىغا، ئۆزىنى كۇپۇر بىلەن رەسۋە قىلغان كىشىلەرنىڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا 509
سەمۇد قەۋمىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىغانلىقى توغرىسىدا 512
سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا 513

## سۈرە لەيل

لەيل سۈرىسىنى خۇپتەن نامىزىدا ئوقۇش توغرىسىدا 515
كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىتا ئېرىشىدىغان نەتىجىسىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا 515
ھىدايەت تېپىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا 518
بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 519

## سۈرە زۇھا

زۇھا سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا 521

www.munber.org

ئاخىرەتنىڭ دۇنيادىن ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 522
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرەتتىكى ناھايىتى كۆپ نېمەتلەرنىڭ كۈتۈۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 523
ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بەزى نېمەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 523
بۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە قانداق يېتىش توغرىسىدا ........ 524

## سۈرە ئىنشىراھ

كۆڭۈلنى كېڭەيتىپ نۇرلاندۇرشنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ........ 525
ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 525
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرگەنلىك توغرىسىدا ........ 526
تەسلىكتىن كېيىن ئاسانلىقنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 526
بىكار قالغاندا زىكىر بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدا ........ 526

## سۈرە تىن

سۈرە تىننى سەپەردىكى نامازلاردا ئوقۇش توغرىسىدا ........ 527
تىن ۋە ئۈنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۆزلەرنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا ........ 527
ئىنسان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ دوزاختا تاشلىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 528
بۇ ئەڭ دەسلەپتە چۈشكەن سۈرىدۇر ........ 531

## سۈرە ئەلەق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئەڭ دەسلەپتە چۈشكەن ئايەتلەر توغرىسىدا ........ 531
ئىنساننىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنىڭ بىلىم بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 532
ئىنساننىڭ مال ئۈچۈن ھەددىن ئاشقانلىقىغا قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا ........ 533
ئەبۇ جەھلنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا ........ 534
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش توغرىسىدا ........ 535

## سۈرە قەدر

قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 537
قەدىر كېچىسىدە پەرىشتىلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقى ۋە بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ بېكىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 538
قەدىر كېچىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا ........ 539
قەدىر كېچىسى قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا ........ 540

## سۈرە بەييىنە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىنى ئۇبەيي ئىبنى كەئبكە ئوقۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ........ 543
مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ........ 544
ئىختىلاپنىڭ روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا ........ 544
ﷲ تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش ﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 545
مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ يامىنى ھەم ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە مۇكاپات توغرىسىدا ........ 546

## سۈرە زەلزەلە

سۈرە زەلزەلەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 547
قىيامەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندە زېمىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 548

www.munber.org

زەررىچىلىك ئەمەلنىڭمۇ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 549

## سۈرە ئادىيات

ﷲ تائالانىڭ ئىنسانىنىڭ بېرىلگەن نېمەتلەرگە كۇپۇرلۇق قىلغۇچى ۋە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىگە جەڭ ئاتلىرى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا ........ 551
قىيامەت كۈنىدىن قورقۇتۇش توغرىسىدا ........ 552

## سۈرە قارىئە

## سۈرە تەكاسۇر

ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قېلىش بولسا دۇنيانى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 555
دوزاخنى كۆرۈش ۋە ئىنسانغا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەردىن سورىلىدىغانلىقى بىلەن قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا ........ 556

## سۈرە ئەسر

ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇشۇ سۈرە ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى توغرىسىدا ........ 559

## سۈرە ھۇمەزە

## سۈرە فىل

فىل ئىگىلىرىنىڭ قەستىسىنى قەستلا قىلىپ بايان قىلىش توغرىسىدا ........ 563

## سۈرە قۇرەيش

## سۈرە مائۇن

قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ........ 573

## سۈرە كەۋسەر

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنىنىڭ نام - نىشانى قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 579

## سۈرە كافىرۇن

بۇ سۈرىنىڭ سۈننەت ۋە نەپلە نامازلاردا ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 581
شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش توغرىسىدا ........ 582

## سۈرە نەسر

سۈرە نەسرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 585
بۇ سۈرىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى توغرىسىدا ........ 585

## سۈرە مەسەد

بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ۋە ئەبۇلەھەبنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغانلىقى توغرىسىدا ........ 589
ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 590
ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەنلىكى توغرىسىدا ........ 591

## سۈرە ئىخلاس

بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنىڭ ۋە پەزىلىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 593

www.munber.org

سۈرە ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 593
سۈرە ئىخلاسنىڭ قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 594
سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشنىڭ جەننەتكە كىرىشنى ۋاجىپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 594
سۈرە ئىخلاسنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 594
ﷲ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە بىلەن دۇئا قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسنىڭ بايانى ..... 595
شىپالىق ئۈچۈن يۇرۇلىدىغان سۈرىلەرنىڭ بايانى ..... 595
ﷲ تائالانىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى ۋە تەڭدىشى بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 596

## سۈرە فەلەق

سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنىڭ تەپسىرى ..... 599
فەلەق بىلەن ناس سۈرىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇدنىڭ كۆزقارىشى توغرىسىدا ..... 599
بۇ ئىككى سۈرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 599
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 602

## سۈرە ناس

تەپسىردىكى بەزى شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلۇشى ..... 607

www.munber.org